








# ئۇيغۇر مىللىي بىناكارلىقى






















مەھمۇت قەشقەرى
قەبرىسى






# ئۇيغۇرلارنىڭ
# باغۋەنچىلىكى











ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندارچىلىقى







# ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندارچىلىقى











يغۇرلارنىڭ تو تۈكۈن مەرىكە ئادەتل














ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسسۇل ـ سەنئىتى









# ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى












ئۇيغۇرلارنىڭ قو
ھۈنەرۋەنچىلىكى




















ئۇيغۇرلارنىڭ نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى










## ئۇيغۇرلارنىڭ نەپس سەنئەت بۇيۇملرى





油石




ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم- يېتىم مۇراسىم ئادەتلىرى















ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق سەنئىتى












ئۇيغۇرلارنىڭ ھېيت- بايرام ۋە دىنىي پائالىيەتلىرى












## ئۇيغۇرلارنىڭ ھېيت- بايرام ۋە دىنىي پائالىيەتلىرى













ۇيغۇرلارنىڭ
تۇرمۇش
ئادەتلىرى










ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى















ئۇيغۇرلارنىڭ ئەل نەغمە بەزمىلىرى














ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى














ئۇيغۇرلارنىڭ
ئۇزۇن ئۆمۈر
كۆرۈش
چولپانلىرى

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلار ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە دۇنيانىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي ۋە تەبىئىي شارائىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتلار جەريانىدا شەكىللەندۇرگەن ئۆزىگە خاس ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى بولغان ئۆرپ ـ ئادەتنى تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۆرپ ـ ئادەت ــ ئېتىقادنى يادرو قىلغان بىر خىل پسىخىك ئامىل. ئۇ دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولغان بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. يېقىنقى زامان ئىجتىمائىي پەنلىرىنىڭ ئاساسىنى سالغان مەشھۇر پەيلاسوپ ۋىكو ئۆزىنىڭ 1725 ـ يىلى ئېلان قىلغان دەۋر بۆلگۈچ مۇھىم ئەسىرى «يېڭى پەن» دە، بارلىق مىللەتلەردە، مەيلى ئۇ ياۋايى ياكى مەدەنىيەتلىك بولسۇن، ئۈچ تۈرلۈك «ئەبەدىيلىك ئومۇملاشقان ئۆرپ ـ ئادەت» ① مەۋجۇت، ئۇ بولسىمۇ ھەممىدە مەلۇم بىر خىل دىن بار، ھەممىسى ئوخشاشلا تەنتەنىلىك توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ، ھەممىسى بىردەك ئۆلگەن كىشىنى دەپنە قىلىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. دەرۋەقە، دۇنيادا ئۆرپ ـ ئادەتسىز مىللەت يوق. ھەممىمىز ئۆزىمىز تەۋە مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت تورى ئىچىدە ياشايمىز. بىزنىڭ پائالىيىتىمىز باشتىن ـ ئاخىر مۇئەييەن ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ ھەيدەكچىلىكى ۋە چەكلىمىسى ئىچىدە بولىدۇ. مەلۇم بىر مىللەت ياكى ئىجتىمائىي كوللېكتىپقا نىسبەتەن، ئۆزلىرى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئىجرا قىلىۋاتقان خاس ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، گويا ھاياتنىڭ قانۇنىيىتىدەك، تەبىئىي شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك تۇيۇلىدۇ. لېكىن بۇنىڭغا ئىنچىكىلەپ دىققەت قىلغاندا، ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ھەرگىزمۇ تۇغما، تەبىئىي ۋە ئۆزگەرمەس نەرسە ئەمەس، بەلكى شۇ مىللەتنىڭ باللىق دەۋرىدىن شەكىللىنىشكە باشلاپ تەدرىجىي پىشىپ يېتىلگەن ئىجتىمائىي ھادىسىدىن ئىبارەت. خۇددى مەشھۇر فولكلورشۇناس ئېدۋارد تەيلور كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «بىز بىر ئۆمۈر ئاشۇ مۇھىتنىڭ قۇچىقىدا ياشىغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ خىل پاكىتلارغا ناھايىتى ئاز دىققەت قىلىمىز»②. بىراق، ئۆزىمىزگە ناھايىتى تەبىئىي تۇيۇلىدىغان ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىز، دەل بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان خاس ئالاھىدىلىكى ۋە بەلگىسىدۇر.

ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى شۇ مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ جانلىق ۋە كونكرېت كارتىنىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ مىللەتلەرنى ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بەلگىلەرنىڭ بىرى. شۇڭا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى بىلىش، شۇ مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىيات تارىخى، ئوخشاشمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي ـ سىياسىي قۇرۇلمىسى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلى، قۇرۇلۇش سەنئىتى شۇنداقلا كىيىنىش، يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرى، قائىدە ـ مۇراسىملىرى، دىنىي ئېتىقادى، مىللىي خاراكتېر ۋە پسىخىكىسىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى قاتارلىقلارنى بىلىشتە ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدا، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر يالغۇز فولكلور تەتقىقاتىدا مۇھىم قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئىنسانشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، ئېتنوگرافىيە، سوتسىئولوگىيە، پسىخولوگىيە، تارىخ، دىنشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەر تەتقىقاتىدىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا ئۆرپ ـ ئادەتكە ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتى ئىنتايىن مۇھىم، مۇرەككەپ ۋە ئىنچىكە خىزمەت.

① ۋىكو (ئىتالىيە): «يېڭى پەن». خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى 1986 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 135 ـ بەت.
② ئېدۋارد تەيلور (ئەنگلىيە): «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت»، شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1992 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى 12 ـ بەت

ئۆرپ ـ ئادەت ئاساسلىرى ئۇزاق ئۆتمۈشنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇ روشەن تارىخىيلىككە ئىگە. شۇڭا ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بەلگىلىك دەرىجىدىكى دىنىي ئەقىدە ۋە خۇراپاتلىق تۈسىدىن خالىي بولالمايدۇ. بولۇپمۇ مەنىۋى تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ كۆپچىلىكى بىر خىل ئېتىقاد ھادىسىسى سۈپىتىدە مۇئەييەن بىر دىنىي قاراشنىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت. بۇ يەردىكى دىن تەبىئىي خاراكتېر ئالغان ئىپتىدائىي دىن ۋە كېيىنكى ئىجتىمائىي خاراكتېر ئالغان ھازىرقى زامان دىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۆرپ ـ ئادەتلەر مەيلى قايسى خاراكتېردىكى دىنلار بىلەن باغلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، «دىن دۇنياسى پەقەت رېئال دۇنيانىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر» ①.

دىن بىر خىل تارىخىي ھادىسە بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىيات تارىخىنىڭ بەلگىلىك باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى. دىن ئۆزگەرمەيدىغان، مۇتلەق قېتىپ قالغان نەرسە ئەمەس، ئەكسىچە ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا كىشىلىك تۇرمۇشتىكى كۆپلىگەن دىنىي پائالىيەتلەر تەدرىجىي ھالدا ئۆزگىرىپ، خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت كاتېگورىيىسىگە سىڭىپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇنداق ھادىسىلەرگە نوقۇل دىنىي نۇقتىدىن باھا بەرگىلى بولمايدۇ. ئالايلۇق، خەنزۇلارنىڭ «باھار بايرىمى» (چاغان)، مۇسۇلمانلارنىڭ «روزا ھېيت»، «قۇربان ھېيت» لىرى، خرىستىئانلارنىڭ «روژدېستۋو» بايرىمى پەيدا بولۇش جەھەتتىن مۇئەييەن بىر دىننىڭ پائالىيەت شەكلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇزاق تارىخىي جەريانلار نەتىجىسىدە خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە سىڭىپ، ئەنئەنىۋى مىللىي بايراملارغا ئايلانغان.

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشتىكى بىرقەدەر قەدىمىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە كەلسەك، ئۇلاردىمۇ ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ روشەن ئىزنالىرى بايقىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بالىلىق دەۋرىدە پەيدا بولغان ئىپتىدائىي دىنلار ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن بىر خىل تەبىئىي خاراكتېرگە ئىگە ئومۇمىي خەلق پائالىيىتى ۋە «خەلقنىڭ پوئېزىيىسى» ② ئىدى. كېيىنچە مۇئەييەن تەرەققىياتلارغا ئەگىشىپ، ئىپتىدائىي دىنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئومۇمىي خەلق خاراكتېردىكى مۇھىم دىنىي خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى يوقالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بەزى مۇراسىملىرى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەر خەلق ئۆرپ ـ ئادەت ئەنئەنىسى سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلدى..

دەرۋەقە، دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئىجتىمائىي، تارىخىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، پىسخىك ئامىلغا ئايلانغان ئومۇمىي خەلق ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ تەركىبىگە كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، يەنە بىر قىسىملىرىنىڭ دىنىي خۇراپاتلىقتا ياتىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلالمايمىز، ئەلۋەتتە. دىنىي خۇراپاتلىق، تەبىئىيكى ھەر خىل ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىنتايىن سىرلىق ئۇسۇللار بىلەن بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بىخۇدلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا ئادەت تۈسىدە شەكىللەنگەن بۇ خىل ھادىسىلەرگە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر ۋە ئاتېئىزملىق قاراش بويىچە توغرا مۇئامىلە قىلىش لازىم.

شۇنىسى ئېنىقكى، جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىشى، ئىلىم ـ پەننىڭ يۈكسىلىشى ۋە ئومۇمىي خەلق مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، بەزى خۇراپىي ئادەتلەر تارقىلىش جەريانىدا ئەسلىدىكى سىرلىق تۈسىنى ئاستا ـ ئاستا يوقىتىدۇ. كىشىلەر ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا بەزى مۇۋاپىق ئۇسۇللارنى تېپىپ چىقىپ، خۇراپاتلىق كىشىنىدىن ئازاد بولىدۇ ھەمدە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولىدىغان بىر خىل ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ئەنئەنىۋى ئادەتلەر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش مەقسىتىگە بىۋاسىتە خىزمەت

① ماركس، ئېنگېلس: «دىن توغرىسىدا»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1960 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 109 ـ بەت.
② گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، تاشكەنت، 1957 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، I توم 376 ـ بەت.

قىلىدۇ.

ئۆرپ - ئادەت ئالدى بىلەن روشەن مىللىيلىككە ئىگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئومۇمىيلىققا ئىگە بولىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق بىر مىللەت جەمئىيەتتىن تاشقىرى بولغان يېگانە بوشلۇقتا ياشىماستىن، بەلكى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان ئىجتىمائىي مۇھىتتا ئورتاق ھايات كەچۈرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى ئۆزئارا بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. بۇنداق تەسىر تارىخىي ھالدا شەكىللەنگەن ھەمدە سۇبيېكتىپ ئاڭغا باغلىق بولمىغان بىر خىل تەبىئىي ھادىسە. خۇددى چىڭگىز ئايتماتوۋ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «بىر مىللەت پەقەت بەزى نەرسىلەرنى يوقىتىش ھېسابىغا يېڭى نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ» ①. مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە بەزى ئادەتلەر ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان بولۇپ، مىللەت چېگرىسىدىن ھالقىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر تۇرمۇشىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ ئىنتېرناتسىئوناللىق دىئالېكتىكىسىنى يېشىپ بېرىش فولكلور تەتقىقاتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ۋەزىپىسى.

بىزنىڭ بۇ كىتابىمىزدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى نۇقتىلىق ۋە سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلىدۇ. مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار مەملىكىتىمىزدە ياشىغۇچى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن خەلقلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا كۆپ خىل دىنلار، كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا مۇرەككەپ ۋە قويۇق مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭا مۇشۇنداق بىر قەدىمىي مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىش، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشتە كەم بولسا بولمايدىغان خىزمەتلەرنىڭ بىرى. بۇ خىزمەت ئۆز نۆۋىتىدە يەنە، بۈگۈنكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش مەركەز قىلىنغان زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەپسۇسكى، ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى سىستېمىلىق بايان قىلغان بىرەر ئىلمىي ئەسەر يورۇقلۇققا چىقمىدى. شۇڭا بۇ خىل بوشلۇقنى دەسلەپكى قەدەمدە تولدۇرۇش مەقسىتىدە، قولىڭىزدىكى كىتابنى تۈزۈپ چىقتۇق. ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلارغا خاس بولغان تىپىك ئۆرپ - ئادەتلەردىن ئىككى يۈز يىگىرمە تۆت ماددا كىرگۈزۈلدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى ھەققىدىكى دەسلەپكى ئەمگەك بولغاچقا، تامامەن مۇكەممەل ۋە سىستېمىلىق تۈزۈلگەن بولۇشى ناتايىن. ھېچ بولمىغاندا كەلگۈسىدىكى تەتقىقاتلارغا دەسلەپكى ئاساس بولغۇسى دېگەن ئۈمىدتىمىز. بۇ كىتابنى تۈزۈشكە شىنجاڭ داشۆسى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى، مۇتەخەسسىس ئابدۇكېرىم راخمان، پېشقەدەم دوتسېنت رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا ۋە شېرىپ خۇشتار قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى. ھەربىر ماددىنىڭ ئاخىرىغا ئۇنى تەييارلىغان ئاپتور ئىسمىنىڭ باش ھەرپى بېرىلىپ ئەسكەرتىلدى.

**ئابدۇكېرىم راخمان**

1995 - يىل 2 - ئاي

① چىڭگىز ئايتماتوۋ: «ئەدەبىيات - سەنئەت ھەققىدە مۇلاھىزە»، شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى 1987 - يىل خەنزۇچە نەشرى، بەت.

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم ئىقتىسادىي ئادەتلەر

## I ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرى


دېھقانچىلىق ........ 3
تېرىم ۋە يىغىم ئادەتلىرى ........ 4
خامان ناخشىسى ........ 4
كۆكتاتچىلىق ........ 5
باغۋەنچىلىك ........ 6
ئۈزۈمچىلىك ........ 7
هوڭ قوغۇنى ........ 8
چۈنچە ........ 9
تۈگمەن ........ 9
ئىدىقۇت باغرىدىكى كەشپىياتلار ........ 11
ئەر قانتى — ئات ........ 12
قاتناش – ترانسپورت ئادەتلىرى ........ 13
چار بازار ........ 14
ئائىلە باقمىچىلىقى ........ 14
ئەنئەنىۋى زىرائەت پەرۋىشى ۋە ئاشلىق ساقلاش ........ 15
بېدىك ........ 16


## II ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرى


كىيىم – كېچەك ئالاھىدىلىكلىرى ........ 18
باش كىيىم ........ 19
تەلپەك ........ 20
ئاياغ كىيىم ........ 21
پوتا باغلاش ۋە چۇمبەل تارتىش ........ 23
ئەرلەر كىيىملىرى ........ 24
قەدىمكى سەنئەت كىيىملىرى ........ 24


## III ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك – ئىچمەك ئادەتلىرى


ئۇزۇقلىنىش ئادەتلىرى ........ 26
ئائىلە تاماقى ........ 28
مېھمان تاماقى ........ 28
ھېيت – ئايەم يېمەكلىكلىرى ........ 29
تاماق بىلەن كېسەل داۋالاش ........ 30
پەرھىزلىك تاماقلار ........ 30
نان ........ 31
سامسا ........ 33
پەرمۇدە ........ 34
پولۇ ........ 34
كاۋاپ ........ 35
ئۆپكە – ھېسىپ ........ 37
دۇمبەجىگەر ........ 37
چەينەك شورپىسى ........ 38
لەگمەن ........ 38
مانتا ........ 39
شويلا ........ 40
شوۋىگۈرۈچ ........ 40
ئۈگرە ........ 40
چۆچۈرە ........ 41
كۆك چۆچۈرىسى ........ 41
جۇۋاۋا ........ 41
چۆپ ........ 41
قورداق ........ 42
ھالۋا ........ 43
ياپما ........ 43
پوشكال ........ 43
تۇخۇم پوشكىلى ........ 43
قۇيماق ........ 44
قېيىقچە ........ 44
پۆرە ........ 44
تۇرمەل ........ 44
سامبۇسا ........ 44
ھۇمەلچاي ........ 45
زاڭ ........ 45

كوچە ..... 45
سىقماق ..... 46
ساڭزا ..... 46
تالقان ..... 47
مۇرابىا ..... 47
ئىچىملىك ۋە چېكىملىك ..... 48
تاماق سايمانلىرى ..... 48
چاي خۇمار ئۇيغۇرلار ..... 49

## IV ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئادەتلىرى

ئولتۇراق ئۆي ئادەتلىرى ..... 51
ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئۆلگىلىرى ..... 52
ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىدىكى نەقىش ۋە كاھىش ..... 54
مېھرابچە نەقىشلەر ..... 5 5
مۇنار ..... 56
مورا ئوچاق ..... 57
چېدىر ئۆي ..... 57
كېمىر ئۆي ..... 58
كاڭ ..... 59
ئابىدە تىكلەش ..... 59

## V ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر - كەسىپ ئادەتلىرى

بۆشۈك ..... 61
خوتەن قاشتېشى ..... 62
ئەتلەس ..... 63
خوتەن گىلىمى ..... 65
يېڭىسار پىچىقى ..... 66
خوتەن قەغىزى ..... 67
ئېلمەتچىلىك ..... 68
چاق ۋە چاق ئېگىرىش ..... 68
كەندىر توقۇمىچىلىقى ..... 69
پۇل ۋە پۇلچىلىق ..... 69
توقۇمىچىلىق ۋە بوياقچىلىق ..... 69
سەرگەزچىلىك ۋە گۈل بېسىش ..... 70
پىلىچىلىك ..... 71
جۇۋىچىلىق ..... 72
تۇماقچىلىق ..... 73
كۆنچىلىك ..... 74
توقۇمىچىلىق ..... 74
مەشۈتچىلىك ..... 75
دوپپىچىلىق ..... 76
كىگىزچىلىك ..... 77
شامچىلىق ..... 77
سوپۇنچىلىق ..... 78
قاسساپلىق ..... 79
ساتىراشلىق ..... 80
موزدۇزلۇق ..... 81
ھەيكەلتىراشلىق ..... 82
سىرچىلىق ..... 82
باققاللىق ..... 83
تۇنىكىسازلىق ۋە قۇلۇپسازلىق ..... 84
مىسكەرلىك ..... 84
تاقىچىلىق ..... 85
قۇيمىچىلىق ..... 86
سەرراچلىق ..... 87
كۇلالچىلىق ..... 87
زەرگەرلىك ..... 88
ساندۇقچىلىق ..... 89
تۆمۈرچىلىك ..... 89
رىسالىچىلىك ..... 90
دوغاپ ۋە جۇلاپ ..... 90
قەندالەتچىلىك ..... 91
«سەكسەنخالتا» ..... 92
چالغۇ ئەسۋابلار ..... 93
سەندەل ..... 100
تونۇر ..... 100
جۇۋاز چىلىق ..... 101
مېۋە قۇرۇتۇش ..... 102
رەڭچىلىك ..... 103
سەرراپلىق ..... 104
ھامام ..... 104

## ئىككىنچى قىسىم ئىجتىمائىي ئادەتلەر

### VI ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە، كىشىلىك مۇناسىۋەت ئادەتلىرى


ئائىلە ۋە قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت ........ 109
ئائىلە ئىستىلى ۋە ئائىلە تەربىيىسى ........ 110
يۇرتداشلىق مۇناسىۋەت ........ 111
قوشنىدارچىلىق ........ 112
ئىتتىپاقلىق ـ ئىناقلىق ........ 113
مېھماندوستلۇق ........ 113
داستىخان ئۈستىدە ........ 114
ئىسىم قويۇش ........ 115
چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ........ 117
بوۋاقلارنى بېقىش ........ 119
سالاملىشىش ئادەتلىرى ........ 119
ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا ........ 121
لەقەم ........ 121
تامغا ........ 122
مەھكىمە شەرئى ........ 123
خەير ـ ساخاۋەت ........ 124
ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلار ........ 124
بالا تەشنالىقى ........ 125
مىراسخورلۇق ........ 126


### VII ئۇيغۇرلارنىڭ تۆي ـ تۆكۈن ۋە ئۆلۈم ـ يېتىم ئادەتلىرى


بۆشۈك توي ........ 127
سۈننەت توي ........ 127
قىز ـ يىگىت تويى ........ 127
توي مۇراسىمىدىكى سەنئەت پائالىيەتلىرى ........ 130
جۇۋان تويى ۋە جۇۋانچە كۆڭلەك ........ 131
بالىغا ئات قويۇش ........ 132
ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىغا دائىر ئادەتلەر ........ 133
ھازا قوشاقلىرى ........ 135


### VIII ئۇيغۇرلارنىڭ ھېيت ـ بايرام ۋە مۇراسىم ئادەتلىرى


نورۇز بايرىمى ........ 137
ھېيت ........ 138
قارلىق ئويۇنى ........ 139
مايسا بايرىمى ........ 140
ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى ........ 141
مەشرەپ ئويۇنلىرى ........ 143
ئۇرۇق سېلىش مۇراسىمى ........ 147


## ئۈچىنچى قىسىم مەنىۋى ئادەتلەر

### IX ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىك ئادەتلىرى


شەخسىي تازىلىق ئادەتلىرى ........ 151
گۈل خۇمار ئۇيغۇرلار ........ 152
قۇش سۆيەر ئۇيغۇرلار ........ 154
كەپتەر بېقىش ........ 155
سۇمبۇل چاچلىق قىزلار ........ 156
ئاياللارنىڭ گىرىم قىلىش ئادىتى ........ 156
تازىلىق ۋە ساغلاملىق ئادەتلىرى ........ 158
سىمۋوللۇق رەڭ چۈشەنچىلىرى ........ 159
قىزىل رەڭ ۋە سېرىق رەڭ چۈشەنچىسى ........ 161


### X ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد ئادەتلىرى


يېزىقسىز ۋاقىت كالېندارى ........ 162
ئەنئەنىۋى ئۆلچەم بىرلىكلىرى ........ 164
تاق سان ........ 165
مۇقەددەس سان — «توققۇز» ........ 166
خاسىيەتلىك سان — «يەتتە» ۋە «قىرىق» ........ 167
تەبىئەت قاراشلىرى ........ 168
ئۇيغۇرلاردا «قۇش باخشى» ........ 169
ئەنئەنىۋى داۋالاش ئادەتلىرى (ئەم ـ ئېرىم) ........ 171
تۇپراققا بولغان ئېتىقاد ........ 172

سۇنى ئۇلۇغلاش ...... 173
ئوتنى ئۇلۇغلاش ...... 174
دەل ـ دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش ...... 174
تۇزنى ئۇلۇغلاش ...... 175
ناننى ئۇلۇغلاش ...... 176
تۇمارغا ئەقىدە ...... 177
«ئوك» ۋە «سول» ...... 177
«قىبلە» نى ئۇلۇغلاش ...... 178
جۇمە ...... 179
تۇغۇتنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئىشلار ...... 179
ھەرقايسى دىن ۋە ئۇنىڭغا دائىر ئادەتلەر ...... 180
«ئوردام» ۋە ئۇنى تاۋاپ قىلىش ...... 181
مەۋلۇت ئوقۇش ...... 182
بارات كېچىسى ...... 183
ئىددەت ...... 183
غوسۇل ...... 183
تۆنەك كېچىسى ...... 184
چۇش ۋە چۇشكە تەبىر بېرىش ...... 184
سېھرىي ئادەتلەر ...... 185
پەرھىز تۇتۇش ئادەتلىرى ...... 186

## ئۈچىنچى قىسىم تىل سەنئىتى ، تەنتەربىيە ۋە ئويۇنلار

### XI ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئەت ۋە ئاغزاكى تىل ئادەتلىرى

ئۇيغۇر سەنئەت ئادىتىنىڭ مۇجەسسەمى — « ئون ئىككى مۇقام » ...... 191
دولان مەشرىپى ۋە دولان ئۇسسۇلى ...... 192
ھېيتكاھدىكى ساما ئۇسسۇلى ...... 194
ئەنئەنىۋى تەسۋىرىي ۋاسىتىلەر ...... 195
ئىرسالنامە ...... 196
مەدداھلىق ...... 197
چاقچاق ...... 198
خەتتاتلىق ...... 200

### XII ئۇيغۇرلارنىڭ تەنتەربىيە ۋە ئويۇنلىرى

پۇتبول ...... 201
دارۋازلىق ...... 202
چېلىشىش ...... 203
ئوغلاق تارتىشىش ...... 204
جانبازلىق ، چەۋەندازلىق ...... 205
ئوردىكام ئويۇنى ...... 205
«قاچ ـ قاچ » (كويلا توپ ) ئويۇنى ...... 206
سارغايدى (چاغىپەلەك) ...... 207
ياڭاق ئويۇنى ...... 208
«قوشماق ئاداش» ۋە توپۇق ئويۇنى ...... 209
توپ ئويۇنى ...... 210
تاشتەرمەك ...... 211
ۋاللەي ئويۇنى ...... 212
« قارا ـ قارا قۇشلارىم » ئويۇنى ...... 213
«ئاق تېرەك ـ كۆك تېرەك» ئويۇنى ...... 213
تەپكۈچ ...... 214
قوچقار سوقۇشتۇرۇش ...... 214
توخۇ سوقۇشتۇرۇش ...... 215

قوشۇمچە

ئۇيغۇرلاردا يەر ـ جاي ناملىرى ...... 216
ئۇيغۇرلاردا كىشى ئىسىملىرى ...... 222
ھەرقايسى يۇرت ئادەملىرىنىڭ مىجەز ـ خۇلقى توغرىسىدا
227......

# بىرىنچى قىسىم

# ئىقتىسادىي ئادەتلەر

# I ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرى

## دېھقانچىلىق

ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنلا شەھەرلىشىپ ، ئۇۋچىلىق ، چارۋىچىلىقتىن تەدرىجىي دېھقانچىلىق ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپىگە يۈزلەنگەن ۋە ئىپتىدائىي تېرىقچىلىقتىن تەدرىجىي ھالدا ئۆزىگە خاس ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بەرپا قىلىپ ، بۇغداي ، قوناق ، ئارپا ، گۈرۈچ ، تېرىق ، ماش قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەرنى تېرىغان ۋە تېرىقچىلىق سايمانلىرىنى ئىختىرا قىلغان .

دېھقانچىلىق سايمانلىرى : قوش ، بوقۇسا ، يالغۇزئۇغۇل ، سۆرەتمەتاختاي ، تارماق ، تۇلۇق ، كەتمەن ، ئورغاق ، ئوتىغۇچ ، ئارا ، كۈرەك ، غەلۋىر ، ئۆتكەمە ، موماياغاچ ، شامالدۇرغۇچ ، سوقا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

تېرىقچىلىق ئۇسۇلى : ئۇيغۇرلار يەرلىك ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىدۇ ، كۈزگى بۇغداينى قوناق يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن يەرنى تاختىلاپ (تۈزلەپ ) ئۇغۇتلاپ ، ئوسا قىلىپ ئاغدۇرۇپ ئاپتاپقا سالىدۇ . نەملىك تەڭشەلگەندە قايتا ئاغدۇرۇپ ، ئۇرۇق سالىدۇ . ئۇرۇق ئۈستىنى دەسسەپ ياكى سۆرەم سېلىپ چىڭدايدۇ (ئۇرۇقنى باسۇرىدۇ) . بۇغداي ئۈنگەندە بەزىلەر مالغا يېگۈزۈلىدۇ ، بەزىلەر مايسا ئۈستىدىن تۇلۇق سۆرەپ مايسىنىڭ قەرەلسىز ئۆسۈشىنى چەكلەيدۇ . ئەتىيازدا ، يەرگە تارماق سېلىپ بوشىتىدۇ . ئەخلەت ـ چاۋارلارنى تازىلايدۇ . مايسا بىخ سۈرۈپ ئون ـ ئون بەش سانتىمېتىر ئۆسكەندە ، سېپىل ياكى كونا تام توپىسى بىلەن توپىلايدۇ . ياۋا ئوت ـ چۆپلەر ئوتىغۇچ بىلەن ئېلىپ تاشلىنىدۇ .

يازغى بۇغداي 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن تېرىلىدۇ . كۈزگى بۇغداي ئالدىدا ، يازغى بۇغداي ئارقىدىن پىشىدۇ .

ئاشلىق يىغىش : دەل ۋاقتىدا ئورغاق بىلەن ئورۇپ باغ قىلىپ باغلايدۇ ، مەخسۇس خامان راسلايدۇ . خامان ئورنى تۈزلىنىپ چىڭدىلىدۇ . ئوتتۇرىغا موما ياغاچ قاداپ يەرگە ئەنجۈ (باغلانغان بۇغداي ) نى چۇۋۇپ سېلىپ ، ئۇلاغقا تۇلۇق سۆرىتىپ مومىنى ئايلاندۇرۇپ ، بۇغداينى باشاقتىن ئاجرىتىدۇ . بىر ئادەم ئۇلاغ ھەيدەشكە ، يەنە بىر ئادەم ئەنجۈنى ئۆرۈپ ئۇلاغ ۋە تۇلۇق ئاستىغا تاشلاپ بېرىشكە مەسئۇل بولىدۇ . باشاقتىن ئايرىلغان بۇغداي ئاستىدا قالىدۇ . ساماننى ئېلىپ تاشلاپ ياغاچ گۈرجەك بىلەن شامالغا قاراپ سورۇيدۇ ، شامال بولمىسا ئەديال بىلەن گۈپپاك ئېتىپ شامال چىقىرىدۇ .

قوناق : بۇغداي ئورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن تېرىلىدۇ . تېرىش جىددىي بولىدۇكى ، ئەتىگەندە سالغان ئۇرۇق بىلەن چۈشتىن كېيىن سالغان ئۇرۇقنىڭ پىشىشىدا پەرق بولىدۇ . ئوتاش ، سۇغىرىش ۋاقتىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ . قوناق پىشقاندا ئۈزۈۋېلىپ ، پالىكىنى سويۇپ تاشلاپ ، كالتەك بىلەن سوقۇپ مەدەكتىن ئاجرىتىدۇ .

قائىدە ـ يوسۇنلار : خامان ئېلىنغاندا شۇ مەيداندا بولغان ، قارىشىپ بەرگەن كىشىلەرگە ھوسۇل خۇشاللىقى بىلەن كەپسەن بېرىلىدۇ . ئومۇمىي مەھسۇلات سادىغىسى ئۈچۈن مەدرىس ، مەسچىت ، ئىمام ، مەزىن ، خاتىپلارنىڭ راسخوتىنى مەقسەت قىلىپ ، مەھسۇلاتنىڭ ئوندىن بىرىنى ئۆشرە بېرىدۇ . بۇغداي ، قوناقلار ئورۇلۇپ ، خامانغا توشۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئېگىزلىكتا يوقسۇللارنىڭ باشاق تېرىۋېلىشىغا يول قويىدۇ . جان ـ جانىۋارلار ھەققى دەپ توپانلارنى ئېتىزغا چېچىپ قويىدۇ .

دېھقانچىلىقنىڭ پەسىل خاراكتېرى ناھايىتى
كۈچلۈك بولغاچقا، يىغىم ـ تېرىم مەزگىلىدە ئۇيغۇر
دېھقانلىرى ئۆزئارا ھەمكارلىق لاپقۇتلىشىش تۈزۈمىنى
يولغا قويغان. (ش)

## تېرىم ۋە يىغىم ئادەتلىرى

ئۇيغۇر دېھقانلىرى دېھقانچىلىق ۋاقتىنىڭ
يېتىپ كېلىش ۋاقتى، قايسى خىل ئۇرۇقنى قايسى
ۋاقىتتا سالسا (تېرىسا) ياخشى بولىدىغانلىقىنى
ھېسابلاپ تۇرىدۇ ۋە شۇ يىلقى قىشلىق قار، جۈملە-
دىن ئەتىياز ۋە يازدا بولىدىغان يامغۇرلارنى
مۆلچەرلەپ تۇرىدۇ. مۇبادا، ھۆل ـ يېغىن ئاز بو-
لۇپ قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىش شەپىسى بولىدىغان
بولسا، كونا قائىدىسى بويىچە، پۈتۈن يۇرت خەلقى
ئۇلۇغ مازارلار ياكى قەدىمكى جايلارغا يىغىلىپ كالا،
قوي ئۆلتۈرۈپ ھەربىر ئادەم خالىغان نەرسە ئېلىپ
چىقىدۇ، قان قىلىپ، ياغ پۇرىتىپ سۇ تەلەپ قى-
لىپ دۇئا ـ تەكبىر قىلىپ تەڭرىگە سېغىنىدۇ، بۇ
مۇراسىمنى «زاراخەتمە» دەپ ئاتايدۇ.
زاراخەتمىدىن كېيىن، ھەربىر دېھقان ئۆز
ئېتىزلىرىنى تۈزەپ سۇ كېلىشىنى كۈتىدۇ ۋە ئۆزىگە
تۇشلۇق ئېتىز بېشىدا قوي، كالا دېگەندەك جان-
لىقلارنى سويۇپ «قان قىلىپ» نەزىر قىلىدۇ.
جامائەت يىغىلىدۇ. بۇ يىغىلىشتا دېھقانچىلىق رىسا-
لىسى ئوقۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ ئېتىز ـ ئېرىق
ئىشلىرىدا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان قائىدىلەر
تەشۋىق قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ، رىسالىدىكى بەدەننى
پاكىز، پاك تۇتۇش، تېرىقچىلىق ۋاقتىدا، پىرلارغا
سېغىنىش، شەرىئەت ئەمرىنى بەجا قىلىش،
ئېتىقادىنى پاك قىلىش، ئاللانى ياد ئېتىش، ئۇرۇقنى
ئوڭ قول بىلەن سېلىش، خاپىلىق ـ ئاچچىقلىنىشتىن
خالىي بولۇش، كەڭ قورساق بولۇش، ئالىملارنى
دوست تۇتۇش، قوش قېتىش، تاپ بېشىدىن يېنىش
ئۇسۇلى، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئاسراش ۋە
قەدىرلەش، ئۆشرە، كەپسەن بېرىش، يالغۇز
بۇغداي، قوناق تېرىماي، قوغۇن ـ تاۋۇز، ماش،
پۇرچاق، كۆكتات قاتارلىق ھەر خىل زىرائەتلەرنىمۇ
تېرىش، باغ بىنا قىلىش ۋە ئاسراش قاتارلىق
قائىدىلەر تەشۋىق قىلىنىدۇ.
يىغىم ۋاقتىدا، خامان بېشىدا بەرىكەت تىلەپ
يەنە بىر قېتىم قان قىلىپ دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇلىدۇ.
خامان چەشلىنىپ بولغاندا، ئالدى بىلەن
«چەش بۇرنى» دەپ بىر غەلۋىر ئاشلىقنى ئايرىم قو-
يىدۇ، ئاندىن ھەر ئون غەلۋىردىن بىرىنى ئۆشرە
دەپ ئايرىپ قويۇپ، مەسچىت، مەدرىسلەرگە بې-
رىدۇ.
ئائىلە باشلىقى كەپسەن دەپ ئائىلە ئەزالىرى
ۋە يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا، خامان ئۈستىگە
كەلگەن يوقسۇللارغا مۇۋاپىق ئۆلچەمدە ئاشلىق بۆلۈپ
بېرىدۇ. جان ـ جانىۋارلار ھەققى دەپ خاماندا
قالغان چار بۇغداينى ئەتراپقا چېچىپ قويىدۇ. يوق-
سۇللارنىڭ باشاق تېرىۋېلىشىغا يول قويىدۇ. بۇلارنى
سادىقىغا، ئەلگە نەپ دەپ بىلىدۇ.
قوغۇن تېرىغان دېھقانلار ئۇرۇق سېلىش
ۋاقتىدا نەزىر (قان) قىلىپ ئۇرۇق سالىدۇ.
باغۋەنلەرمۇ مېۋىلەر بىخ ئۇرۇش ۋاقتىدا، دۇئا-
تەكبىر ئۆتكۈزىدۇ. مېۋە پىشقاندا ھەرقانداق كىشى
باغقا كىرسە خالىغانچە يېيىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ.
بېغى يوق قولۇم ـ قوشنا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ
ئائىلىسىگە داۋاملىق مېۋە كىرگۈزۈپ تۇرىدۇ. (ش)

## خامان ناخشىسى

خامان تېپىش ــ دېھقانچىلىق ئەمگىكىنىڭ
ئەڭ جىددىي ۋە ئەڭ ئۈمىدلىك مەزگىلى بولغاچقا،
دېھقانلار خاماننىڭ مول ھوسۇللۇق بولۇشىنى تىلەپ
ھەر خىل ئېرەملىك ئادەتلەرگە ئەمەل قىلىدۇ. ئەنە
شۇنداق ئېرەملىك ئادەتلەرنىڭ بىرى ئۇيغۇرلارنىڭ
خامان قاتقاندا ئېيتىدىغان «خامان ناخشىسى» دىن
ئىبارەت. «خامان ناخشىسى» نى ھەممە دېھقان ئېيت-
مايدۇ ۋە ئېيتالمايدۇ. يۇرت ۋە مەھەللە ئىچىدە

«خامان ناخشىسى» نى ئېيتىدىغان بىرنەچچە تەجرىبىلىك پىشقەدەم دېھقانلار بولۇپ ئۇلار تەكلىپ بىلەن ياكى ئۆز ئىختىيارىيلىقى بىلەن يۇرت ـ مەھەللىدىكى خامانلىقلارنى ئارىلاپ قەرەللىك هالدا « خامان ناخشىسى » نى ئېيتىش بىر خىل ئەنئەنىگە ئايلانغان .

«خامان ناخشىسى» ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «لاي ـ لاي» دېگەن مەخسۇس نام بىلەن ئاتالغان . «لاي ـ لايچىلار» ئادەتتە ئۇلۇغ دولىسىغا ئارنى ئېلىپ ، قولى بىلەن سول قۇلىقىنى تۇتۇپ ، خامانغا قاتقان ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ مومىنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىشىغا ئەگەشىپ ، مەھەللە ـ كويغا ئاڭلانغۇدەك يۇقىرى ئاۋاز بىلەن «لاي ـ لاي» سالىدۇ . «لاي ـ لاي» ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق كىشى قىلىۋاتقان ئىشنى توختىتىپ ، دىققەت بىلەن تىڭشايدۇ . دېھقانلار ئارىسىدا «لاي ـ لايچىلار» يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە . دېھقانلارنىڭ قارىشىچە ، «لاي ـ لاي» سېلىنمىغان خاماندا بەرىكەت بولمايدۇ . «لاي ـ لاي» جىن ـ شەيتانلارنى قوغلاپ ، ئەرۋاھلارنى خامانغا چاقىرىش ئۈچۈنمىش . «خامان ناخشىسى» نىڭ رىتىمى خامانغا قاتقان ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ مېڭىشىغا ماسلاشقان بولۇپ ، ئاھاڭى ناھايىتى سۇرلۇك ۋە جۇشقۇنلۇق بولۇپ ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلبىنى تىترىتىدۇ . ناخشىدا دېھقاننىڭ ھوسۇلنى تېزرەك يىغىۋېلىش ئارزۇسى ۋە مول ھوسۇل ئېلىش ئۈمىدى ، تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىنىڭ دېھقانلار ھاياتىدا ناھايىتى چوڭ ئورۇن تۇتىدىغانلىقى ۋە دېھقانلارنىڭ بۇ ھايۋانلارغا بولغان مۇھەببىتى قاتارلىق مەزمۇنلار كۆيلىنىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ قوشاقلار خامان تېپىش ئەمگىكىنىڭ ئېھتىياجىغا بىۋاستە ماسلاشقان بولۇپ ، ھارغىنلىقنى ئازايتىش ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈپ ئەمگەك مەيدانىغا جۇشقۇن كەيپىيات بېغىشلاش قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ . مەسىلەن :

لاي ـ لاي
دەسسەڭلار ، يانجىڭلار ، جانىۋارلىرىم
مەيدە بولسۇن .
داننى ئايرىپ چەشلەڭلار ، جانىۋارلىرىم
خامان تولسۇن
لاي ـ لاي ـ لاي ...
نەقرات :
دەسسەڭلارەي ـ يانجىڭلار، جانىۋارلىرىم
خامان تولسۇن .
لاي ـ لاي ـ لاي ...

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى «لاي ـ لاي » دەپ ئاتالغان «خامان ناخشىلىرى» نىڭ تېكىستى ھەممە رايونلاردا بىردەك ، مۇقىم بولۇۋەرمەيدۇ . ئەمما ئاھاڭ رىتىملىرى بىرقەدەر ئوخشاشلىققا ئىگە .(ئا)

## كۆكتاتچىلىق

ئۇيغۇرلاردا كۆكتاتنىڭ تۈرى كۆپ ، تارىخى ئۇزۇن . ئۇلار كەسپىي كۆكتاتچىلىق بىلەن قوشۇمچە كۆكتاتچىلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل كۆكتاتچىلىقنى تەڭ ئېلىپ بارغان . كەسپىي كۆكتاتچىلار مەخسۇس كۆكتات تېرىش ، كۆكتاتلارنى پارچە ، توپ سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . قوشۇمچە كۆكتاتچىلار ئاساسەن ئۆزلىرىگە لازىملىق يازلىق كۆكتاتلارنى تېرىشتىن باشقا ، كۈزلۈك كۆكتات تېرىپ بازارنى قىشلىق كۆكتات بىلەن تەمىنلەيدۇ . يەنى بازار كۆنلىرى دېھقاننىڭ سەۋزە ، پىياز ، چامغۇر ، تۇرۇپ ، يېسىۋىلەكلىرى بازارغا كىرىدۇ .

كەسپىي كۆكتاتچىلار ئاساسەن بازارغا يۈزلەنگەن بولغاچقا ، 2 ـ ئايدىلا قىزىل مۇچ ، كۆك مۇچ ، شوخلا ، يېسىۋىلەك ، پېدىگەن ، كاللەكبەسەي قاتارلىق كۆكتاتلارنى ساندۇقلارغا تېرىپ ئائىلىسىدە ئۆستۈرۈپ ، 4 ـ ئايغا كەلگەندە كۆچۈرۈپ پەرۋىش قىلىدۇ . ئۇلار يېڭى سەي ـ كۆكتات بىلەن بازارنى بۇرۇنراق ئىگىلەش جەھەتتە ئۆزئارا بەسلىشىدۇ .

كۆكتاتچىلىق بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىدىغان كەڭ دېھقانلار ، ئورمىدا بۇغداي ئورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئورنىغا سەۋزە ، پىياز ، كۆك تۇرۇپ ، چامغۇر ، يېسىۋىلەك ، كاللەكبەسەي قاتارلىق قىشلىق كۆكتاتلارنى تېرىيدۇ . بۇ خىل كۆكتات تېرىش ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا ئومۇملاشقان .

ئۇيغۇر دېھقانلىرى 10 ـ ئايدىن باشلاپ 11 ـ ئايغىچە كۆكتاتلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ، سەۋزە ، چامغۇر ، تۇرۇپلىرىنى تېرىغان ئېتىزىغا كۆمۈپ ، باشقا كۆكتاتلارنى گەمىدە ساقلايدۇ .

دېھقانلار كۈزدىن باشلاپ ئەتىيازغىچە ھەر بىر بازارغا ئۆزلىرى تېرىغان كۆكتاتلىرىنى ئەكىلىپ توپ ۋە پارچە ساتىدۇ . بازار كۈنلىرى ھەممە بازاردا قىشلىق كۆكتات سېتىلىدۇ . مۇشۇ قوشۇمچە كىرىم بىلەن دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىنى قامدايدۇ .

ئادەتتە شەھەرلەردە ھەربىر كوچا ياكى مەخسۇس ئورۇنلاردا كۆكتات دۇكانلىرى بولىدۇ . بۇ دۇكانلار يىل بويى كۆكتاتلارنى توپ ئېلىپ پارچە سېتىش تىجارىتى قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ سودا قىلىش ئۇسۇلى يەرلىك ئۆرپ ـ ئادەتكە ماسلاشقان . ئۇلار خېرىدارلارنىڭ پۇلىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قارىماي ، بار كۆكتاتلارنىڭ ھەممە تۈرىدىن ئاز ـ ئازدىن بېرىپ ، خېرىدارغا ئىللىق مۇئامىلە قىلىدۇ . توپ ئېلىپ پارچە ساتىدىغان مۇنداق كەسپىي كۆكتاتچىلار كۆكتاتنىڭ پاكىزلىكى ۋە كۆركەملىكىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ .(ش)

## باغۋەنچىلىك

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «بېغى يوقنىڭ جېنى يوق» دېگەن تەمسىل بار . دەرۋەقە ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە كۆكەرتىشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ . ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا ، بىرەر تۈپ دەرەخ تىكىپ پەرۋىش قىلىش ناھايىتى چوڭ ساۋابلىق ئىش ، دەپ قارىلىدۇ . بوستانلىق ئۇيغۇر تەبىئىتىنى خاراكتېرلەيدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى . ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان ھەرقانداق يېزا ـ مەھەللىدە بۈك ـ باراقسانلىق باغ بولىدۇ . بۇ ھال ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە دېھقانچىلىقتىن قالسىلا باغۋەنچىلىك ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مۇھىم ئىگىلىك شەكلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ . شۇنداق بولغاچقا ، شىنجاڭ مېۋە ـ چېۋىنىڭ ماكانى دەپ قارىلىدۇ .

شىنجاڭنىڭ باغۋەنچىلىك ئىگىلىكى ئاساسەن ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا مەركەزلەشكەن بولۇپ ، مېۋە تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكى ، سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر . شىنجاڭنىڭ باغۋەنچىلىك ئىگىلىكىگە دائىر مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ، بۇ جايدىن چىقىدىغان يەرلىك مېۋىلەرنىڭ تۈرلىرى يۈز خىلدىن ئاشىدۇ . بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقانلىرى ئۆرۈك (سورتلىرى خۇۋەينى ئۆرۈك ، ئەنجان ئۆرۈك ، مايسەن ئۆرۈك ، ياغلىق ئۆرۈك ، خەششەك ئۆرۈك ، سەمەت ئۆرۈك ، كىشمىش ئۆرۈك ، كۆك پىشار ، گۈل ئۆرۈك قاتارلىقلار) ، شاپتۇل ، توغاچ ، ئۈزۈم ، ئانار ، ئەنجۈر ، ئالما ، ئامۇت ، چىلان ، جىگدە ، ئۈجمە ، بېھى ، ئەينۇلا ، پىستە ، بادام ، ياڭاق ، ئالىگرات ، جىنەستە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . ھەربىر مېۋە تۈرلىرىنىڭ يەنە خىلمۇ خىل سورتلىرى بار . خوتەن شاپتۇلى ، قاغىلىق ياڭىقى ، پەيزاۋات قوغۇنى ، قەشقەر ئانارى ، ئاتۇش ئەنجۈرى ، كۇچا ئۆرۈكى ، كورلا ئامۇتى ، تۇرپان ئۈزۈمى ، قۇمۇل چىلىنى ، ئىلى ئالمىسى قاتارلىق داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلار خەلقئارا مېۋە بازىرىدا ئالاھىدە نام چىقارغان . 6 ـ ئايدا ئۈجمە پىشقان مەزگىلدىن تارتىپ تاكى 10 ـ ئايغىچە بولغان ئۈچ ـ تۆت ئاي شىنجاڭدا ھەر خىل مېۋىلەر بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ مەي باغلىغان «ئالتۇن پەسىل» . بۇ ئايلاردا ئۇيغۇرلار ئۆيىگە كىرگەن مېھماننىڭ ئالدىغا ئالدى بىلەن مۇرادىغا يېتىپ پىشقان ھەر خىل مېۋىلەرنى قويىدۇ ياكى بېغىغا باشلاپ ئۆز قولى بىلەن ئۈزۈپ يېيىشكە تەكلىپ قىلىدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىدە باغقا كىرىپ يېگەن

مېۋە ئۈچۈن ھەق تەلەپ قىلمايدۇ . ئادەتتە شەھەر ئىچىدە باغ بىنا قىلىش شارائىتى بولمىغاچقا، شەھەر ئاھالىلىرى مېۋە- چېۋە راسا مەي باغلىغان مەزگىلنى تاللاپ ، شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارغا چىقىپ «باغ سەيلىسى» ئۆتكۈزىدۇ . بۇرۇن قەشقەردە كەڭ قانات يايغان «ھەزرەت سەيلىسى» ، «ئاتۇش سەيلىسى» ، «بەشكېرەم سەيلىسى» قاتارلىقلار ماھىيەتتە مېۋە سەيلىسى بولۇپ ، بۇ ۋاقىتلاردا باغ - ۋارانلار يىراق - يېقىندىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ سەيلىگاھىغا ئايلىنىدۇ .

مۇشۇ خىل مېۋە - چېۋە قاتارىدا يەنە شىنجاڭنىڭ قوغۇن - تاۋۇزىنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ . بولۇپمۇ قوغۇن شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولۇپ ، ئۇيغۇرلار قوغۇن تېرىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ . قوغۇننىڭ تۈرى ۋە تەمى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ . قوغۇننىڭ سورتلىرى ئىچىدە قۇمۇل قوغۇنى ، قاراكۆسەي ، كۆكچى ، بىشەكشىرىن ، شېكەرسۈيى ، سەۋزىنازۇك ، قارىقاش ، خامانچى ، چىلگە قاتارلىقلار مەشھۇر بولۇپ ، يازلىق قوغۇن ۋە قىشلىق قوغۇن دەپ ئايرىلىدۇ . يېزىلاردا ھەربىر ئائىلە دېگۈدەك ئۆزىگە يەتكۈدەك بىرەر ئېتىز قوغۇن - تاۋۇز تېرىشقا ئادەتلەنگەن . ئۇيغۇرلار قوغۇن - تاۋۇز تېرىشتا ئۇرۇق تاللاشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ . قوغۇنچىلار ئۇرۇقى بۇزۇلمىغان سورتلۇق ۋە تەملىك قوغۇنلارنىڭ ئۇرۇقىنى شۇ قوغۇننىڭ شاپىقىغا ئېلىپ ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ مەخسۇس ساقلايدۇ . شۇ ئارقىلىق قوغۇنلارنىڭ يەرلىك سورتىنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ساقلاپ كەلگەن . ئۇلارنىڭ ئادىتىدە ۋايىغا يەتمىگەن (پىشمىغان) قوغۇنلارنى ھەرگىز ئۈزمەيدۇ .

شىنجاڭدا مېۋە - چېۋىلەرنىڭ ھەم كۆپ ، ھەم تەملىك بولۇشى بۇ رايوننىڭ ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك شارائىتقا ئىگە بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . شىنجاڭ ، بولۇپمۇ مېۋە - چېۋە ئەڭ كۆپ چىقىدىغان جەنۇبىي شىنجاڭ ئىقلىم جەھەتتىن قۇرغاق رايون بولۇپ ، بۇ جايلارغا كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن ، تۇپرىقى مېۋە - چېۋە ئۆستۈرۈشكە تولىمۇ ماس كېلىدۇ . لېكىن ئەڭ مۇھىمى ، ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مېۋە - چېۋە ئۆستۈرۈشكە ماھىرلىقى ھەمدە يېشىللىقنى سۆيۈشتەك گۈزەللىك تەبىئىتى ئاساسىي تەرەپ .

ئۇيغۇرلار ھۆل مېۋىلەردىن قۇرۇق يېمىش ياكى مېۋە قېقى تەييارلاشتىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە . شۇڭا ھەرقانداق ئائىلىدە يىلنىڭ ھەممە پەسىللىرىدە دېگۈدەك ھەر خىل قۇرۇق يېمىشلەر بولىدۇ . قۇرۇق يېمىشتىن باشقا ، مېۋىلەرنىڭ ھەممە تۈرىدىن دېگۈدەك يەرلىك ئۇسۇلدا مۇراببا تەييارلىنىدۇ . بولۇپمۇ خوتەن خەلقى مۇراببا تەييارلاشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ ، ئۇنى ھەم ئوزۇقلۇق ، ھەم مىللىي دورا ئورنىدا ئىشلىتىدۇ . ھەرقانداق ئائىلىدە مېھماننىڭ ئالدىغا قەنت - گېزەك ئورنىدا ئۆزى تەييارلىغان مۇشۇ خىل مۇراببالارنى تىزىدۇ . مېۋىلەردىن ھەر خىل پايدىلىق ئىچىملىكلەرنى تەييارلاشمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى قەدىمكى ئادەتلىرىدىن بىرى . مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانى قاتارلىق نوپۇزلۇق ئەسەرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ مېۋە - چېۋىدىن تەييارلىغان ھەر خىل ئىچىملىكلىرى ھەققىدە خېلى كۆپ مەلۇماتلار بار . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «بېغى يوقنىڭ جېنى يوق» دېگەن تەمسىلنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ .(ئا)

## ئۈزۈمچىلىك

مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ، تۇرپان «ئۈزۈم ماكانى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر . دەرۋەقە ئۈزۈم ھەققەتەن بۇ ۋادىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە مەھسۇلاتى . تۇرپان ۋادىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ئۆزگىچە ھاۋا ئىقلىمى ئۈزۈم ئۆستۈرۈشكە ناھايىتى باب كېلىدۇ .

ئۈزۈم ھەققىدە گەپ بولغاندا ئىدىقۇت خەلقى ئۇنى تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن «يەتتە قىز رىۋايىتى» بىلەن باغلايدۇ. بۇ رىۋايەتتە: «يەتتە قىز تاشقا ئايلىنىش ۋاقتىدا بويۇنلىرىدىكى ئۈنچە ـ مارجانلىرىنى چېچىپ بۇ ۋادىدا ئۈزۈمنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شۇ سەۋەبتىن قىزىل سايىۋا قىزىل ياقۇتتەك يالتىراق، كىشمىشلىرى ئۈنچە ـ مارجانلاردەك كۆركەم. ئۈزۈمنىڭ ھەر ساپىقى يەتتە قىزنىڭ بويىنىغا ئېسىلغان ئۈنچىلەردەك غۇژمەك» دەپ ھېكايە قىلىدۇ. يۇقىرىقىلار ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان ئۇقۇملار بولسىمۇ، بۇ ۋادىدا زامان ـ زامانلاردىن بۇيان ئۈزۈم ئۆستۈرۈلۈپ كەلگەنلىكى ھەممىگە ئايان.

تۇرپاندا «ئۈزۈمى يوق كىشىنىڭ جېنى يوق» دېگەن نەقىل بار. دېمىسىمۇ، تارىختىن بۇيان بۇ مۇنبەت تۇپراقتا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ئاساسىي ئىقتىسادىي ئىگىلىكى ئۈزۈمچىلىك بولۇپ كەلگەن.

تۇرپان ئۈزۈمى تەمىنىڭ شېرىنلىكى (قەنت تەركىبى يىگىرمە بەش پىرسەنتكە يېتىدۇ)، سورتىنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە مەھسۇلاتدارلىقى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرپان كىشمىش ئۈزۈمى شىنجاڭ بويىچە ھەممىدىن بۇرۇن پىشىپ، بازارنى ئىگىلەيدۇ.

بۇ ماكاندا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقان ئۈزۈم سورتلىرى كىشمىش، ئۇزۇن كىشمىش، يوغان كىشمىش، ئۇرۇقلۇق كىشمىش، قىزىل سايىۋا، سايىۋا ئۈزۈم، ئاق ئۈزۈم، قارا ئۈزۈم، غۇنچە ئۈزۈم، بىجاقىي ئۈزۈم، قىزىل بېلىقى ئۈزۈم، ئاق بېلىقى ئۈزۈم، قاشقىر ئۈزۈم، بوغۇم سايىۋا، ھىمرىك سايىۋا، يۇملاق سايىۋا، قاپاق سايىۋا، كەنجى ئۈزۈم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

تۇرپاننىڭ ياز پەسلى ئۇزۇن، تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى، ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئاز بولغاچقا، بۇ رايون قۇرۇتۇلغان ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىشقا ناھايىتى باب كېلىدۇ. شۇڭا تۇرپان ۋادىسىدىكى ھەربىر ئائىلىنىڭ ئۆگزىسىدە، شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئوچۇقچىلىقتا قەد كۆتۈرگەن ئۈزۈم قۇرۇتۇش چۈنچىلىرى بولىدۇ. ئەمگەكچان تۇرپان خەلقى ئۈزۈم قۇرۇتۇش تېخنىكىسىغا ماھىر. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇرپاننىڭ قۇرۇتۇلغان كىشمىش ئۈزۈمى يېشىل مەرۋايىتتەك كۆركەم بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتى سۈپىتىدە خەلقئارا بازاردا سېتىلىدۇ.

(ئا)

## ھوڭ قوغۇنى

ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ قوغۇنلىرى ھازىر خەلقئارا بازارلاردا «خامىگۇا» (مەنىسى قۇمۇل قوغۇنى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. ئەمەلىيەتتە، «خامىگۇا» دەپ ئاتالغان بۇ قوغۇن ئىدىقۇت باغرىدىكى پىچان ناھىيىسىنىڭ گۈزەل مەھەللىلىرىدىن بىرى بولغان ھوڭ دېگەن جايدىن چىققان ئالاھىدە سورتلۇق «ھوڭ قوغۇنى» نىڭ تارىخىي نامىدىن كەلگەن.

دەرۋەقە، ھوڭ قەدىمدىن تارتىپ قوغۇن ئۆستۈرۈلۈپ كەلگەن جاي. ھوڭنىڭ تۇپىسى قارا چىلان تۇپراق بولۇپ، بىر قىسىم جايلىرى نەم تارتىپ تۇرىدىغان شورلۇقتىن ئىبارەت. ھوڭ خەلقى قەدىمدىن باشلاپ مۇشۇ ئەۋزەل تۇپراق شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، نەم يەرنىڭ ئۈستىگە ئۆرلەپ قالغان شورنى قېزىپ تاشلاپ قوغۇن تېرىپ كەلگەن. بۇ جايدا باشقا رايونلارغا ئوخشاشمىغان ھالدا، قوغۇن چۈنەك تارتىلماي تېرىلىدۇ ھەمدە سۇغىرىلمايدۇ. چۈنكى يەرنىڭ ئەسلىدىكى نەمى قوغۇن پەلەكلىرىنىڭ ئۆسۈشىگە يېتەرلىك شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. قوغۇن پەلەك تارتىشقا باشلىغاندا، ھەربىر تۈپ قوغۇننىڭ تۈۋىگە ياۋا بۇيا، بېدە، يانتاق پاكى مۇۋاپىق مىقداردا يەرلىك ئوغۇت (ئاساسەن قوي ۋە قۇش ماياقلىرى) كۆمۈلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھوڭنىڭ قوغۇنى بەكمۇ شېرىن، تاشقى كۆرۈنۈشمۇ كىشى زوقلانغۇدەك چىرايلىق، تورلىنىشى تەكشى، گۆشى قېلىن، شاپىقى نېپىز، يېيىشلىك، چوڭ ـ كىچىكلىكى بىر خىل، تۈرى كۆپ، ساقلاشقا چىداملىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

قوغۇننىڭ سورتى ئاسان بۇزۇلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ ۋادىدىكى قوغۇنچىلار قوغۇن سورتىنى ساقلاپ قېلىشتا ئۇرۇق ئېلىشقا ۋە ئۇنى ساقلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ئۇلار قوغۇن ئۇرۇقى ئېلىشنىڭ بىر يۈرۈش ئەنئەنىۋى ئۇسۇللىرىنى ياراتقان. مەسىلەن،

قوغۇنچىلارنىڭ تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، ئەگەر قوغۇننىڭ ئۇرۇقى تۇمشۇق تەرەپتىن ئېلىنسا، قوغۇننىڭ ئەسلى سورتى بۇزۇلۇپ شالغۇتلىشىپ كېتىدىكەن؛ ئەگەر ئۇرۇق ساپاق تۈۋىدىن ئېلىنسا، قوغۇن ئۇششاق چۈشىدىكەن؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇق تاللاشتا قوغۇننىڭ تۇمشۇقى ۋە ساپىقى تەرەپتىكى ئۇرۇقلار چۈشۈرۈۋېتىلىپ، ئوتتۇرىدىكى ئۇرۇق ئېلىنىدىكەن، ئېلىنغان بۇ ئۇرۇق يۇيۇلماستىن تېلىپى بىلەن قوشۇپ شاپاققا ئىلىنىپ ئۆز پېتى قۇرۇتۇلىدىكەن. قۇرۇغان ئۇرۇقنى ئۆز تۈرى بويىچە تېمپېراتۇرىسى مۇۋاپىق تەڭشەلگەن ئۆيدە يۈز يىلغىچە ساقلىسىمۇ بۇزۇلمايدىكەن. مۇشۇ ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە ھوڭ خەلقى ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان قوغۇنچىلىق كەسپىنى ئەتىۋار بىلىپ، «ھوڭ قوغۇنى» نىڭ ئەسلى سورتلىرىنى ساقلاپ قالغان.

ھوڭدا ئۇزۇندىن بۇيان تېرىلىپ كەلگەن يەرلىك قوغۇن تۈرلىرىنىڭ نامى تۆۋەندىكىچە:

كۆكچى قوغۇن (بۇنىڭ قارا كۆكچى، ئاق كۆكچى، ھۆر كۆكچى، ئايسخان كۆكچى، سېرىق كۆكچى دېگەن تۈرلىرى بار)؛ بىشەكشىرىن (ئەسلى بىشەكشىرىن، بۇنىڭ ئۇزۇن بىشەكشىرىن، قارا بىشەكشىرىن، سېرىق بىشەكشىرىن دېگەن تۈرلىرى بار)؛ مىجىگەن (بۇنىڭ مىجىگەن، قاراقاش مىجىگەن، سېرىق مىجىگەن دېگەن تۈرلىرى بار)؛ ئالا قوغۇن (بۇنىڭ سېرىق ئالا، كۆك ئالا، ئاق ئالا دېگەن تۈرلىرى بار)؛ بەگزادە، پوستىپىياز، ناشىبەر، ئاقناۋات، شېكەرسۈيى، خامانچى، ئوينىغۇچ (چىلگە) قاتارلىقلار.

ھوڭ قوغۇنلىرى ئىچىدە مىجىگەن، قارا مىجىگەن ۋە ھۆركۆكچى دۇنيا بازارلىرىدا ھەممىدىن ئەتىۋارلىق قوغۇن سورتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، ھوڭ — ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئەسىرلەردىن بۇيان ئېسىل قوغۇن تۈرلىرىنى يارىتىپ دۇنياغا تونۇتقان ئىدىقۇت باغرىدىكى مەشھۇر جايلارنىڭ بىرى. (ئا)

## چۈنچە

تۇرپاننىڭ كىشمىش ئۈزۈمى ئۆزىنىڭ شېرىن تەمى، پوستىنىڭ نېپىزلىكى، مەھسۇلاتىنىڭ يۇقىرىلىقى، ھەممىدىن بۇرۇن پىشقانلىقى، بولۇپمۇ قۇرۇتۇلۇپ ئۇزۇن مۇددەت ساقلاشقا بولىدىغانلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر.

تۇرپاندا شەھەر سىرتىدىكى ئېگىز يەرلەرگە، ئۆگزىلەرگە سېلىنغان تۆت تېمى كۆنگۈرىلىك ئۆيلەر كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ ئۆيلەر ئۈزۈم قۇرۇتۇش ئۈچۈن ياسالغان بولۇپ «چۈنچە» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنچە ئومۇمەن شامال ئۇرۇپ تۇرىدىغان يەرلەرگە سېلىنىدۇ. چۈنچىنىڭ تۆت تېمى مەلۇم ئۆلچەمدە تۆشۈك بولۇپ، تېمىنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ ــ تۆت مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، ئۈستى يالپما بولىدۇ. چۈنچىنىڭ ئىچىگە كۆن نۇرى چۈشمەيدۇ، چۈنچىنىڭ ئىچىگە بويىدىن بويىغا بادرا ئورنىتىلىدۇ. بادرىلارغا تۆشۈك تېشىلىپ قوزۇق قېقىلىدۇ. بۇ قوزۇق «تىكەن» دەپ ئاتىلىدۇ (تۇرپاننىڭ بەزى يەرلىرىدە بولسا «چاقچا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ). ئۈزۈم پىشقاندا (8 ــ ئاينىڭ 15 ــ كۈنلىرىدىن باشلاپ) مەخسۇس ئۇستىلار تەرىپىدىن ئۈزۈم ساپىقى بىلەن ئاشۇ تىكەنگە ئېسىلىدۇ. ئۈزۈم قىرىق ــ ئەللىك كۈندە قۇرۇيدۇ. ئۈزۈم قۇرۇغاندا تىكەننى سىلكىگەندە ئۈزۈم يەرگە تۆكۈلىدۇ. ئۈزۈم سايە يەردە، شامالدا قۇرۇيدىغانلىقى ئۈچۈن رەڭگى يېشىل، سۆسۈن بولىدۇ. بۇ خىل ئۈزۈمنى ئۇزاق ۋاقىت ساقلىغىلى بولىدۇ. بىر چۈنچىدە بىرەر يۈز، ئىككى يۈز، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئارتۇق تىكەن بولىدۇ. تىكەنگە قاراپ بىر چۈنچىدىن قانچىلىك ھوسۇل ئالغىلى بولىدىغانلىقنى مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ. دېمەك، «چۈنچە» تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك ئەمگىكىنىڭ مېۋىسى. (ر)

## تۆگمەن

تارىخ تەتقىقاتچىلىرى تارىم بوستانلىقى ئەتراپلىرى دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئانا ماكانلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھەممىگە ئايانكى، تارىم بوستانلىقىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا شەھەرلىشىپ، كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن ئولتۇراق دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپىگە قاراپ يۈزلىنىشكە باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن

دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تۈرى كۆپەيگەن. بۇ ھالدان ئايرىش ۋە يانجىش قۇراللىرىنى تەقەززا قىلغان. بۇنىڭ بىلەن دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى يانجىپ ئۇن قىلىپ، نان، ئۇنلۇق تاماق قاتارلىق پىششىق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلانغان. مۇشۇ ئېھتىياج ئاساسىدا ئۇيغۇرلار ئەڭ دەسلەپ سۇ تۈگمىنىنى كەشىپ قىلغان. تۈگمەن ئىنسانلارنىڭ ئوزۇقلىنىش مەدەنىيىتىنى بېيىتىپ، ماددىي تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە كۆپ خىللىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۈگمەننىڭ قاچان، قەيەردە ۋە كىم تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغانلىقى ھەققىدە قولىمىزدا مۇكەممەل تارىخىي ماتېرىيال بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نامى خېلى بۇرۇنقى تارىخىي ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنىدۇ؛ كېرىيە ناھىيە بازىرىنىڭ تەخمىنەن ئىككى يۈز ئوتتۇز كىلومېتىر جەنۇبىدىكى كېرىيە دەرياسى بويىغا جايلاشقان مارجانلىق خارابىسى (بۇ شەھەر مىلادى IV — VI ئەسىرلەردە خارابىلىككە ئايلانغان) دىن تۆت پاي تۈگمەن تېشى تېپىلغان. تۇرپان ئاستانە ۋە قاراغوجىدىكى IV — IX ئەسىرلەرگە تەئەللۇق قەبرىلەردىن بۇغداي، بۇغداي ئۇنىدىن تەييارلانغان نان، چۆچۈرە قاتارلىق پىششىق يېمەكلىكلەر تېپىلغان.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە «ئۆگىتچى» (ئۇن تارتقۇچى، تۈگمەنچى)، «ئىتەگۈ» (تۈگمەندە ئۈستىگە ئايلانغۇچى تاش ئورنىتىلغان ياغاچ قولاق)، «قوغۇش» (قوش، نور)، «تەگىرمەن قوغۇشى» (تۈگمەن نورى)، «سىبەك» (سۆۋەك)، «سۈكەن»، «چىغرى» (تۈگمەن چاقى)، «تۈشۈرگۈ» (چۈشۈرگە)، «يارماش ئۇن» (يۇمشاق تارتىلغان ئۇن)، «تەگىرمەن تىشەدى» (تۈگمەن تېشىنى چەكتى) (مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى، I توم، 72 -، 184 -، 478 -، 505 -، 549 -، 637 - بەتلەر ۋە III توم، 54 -، 364 - بەتلەرگە قاراڭ) قاتارلىق سۆزلەر ئۇچرايدۇ. بۇ ھال بىزگە قاراخانىلار دەۋرىدە تارىم ۋادىسىدا تۈگمەننىڭ كەڭ دەرىجىدە ئومۇملىشىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئوزۇقلۇق ئادىتىدە ئۇندىن ياسالغان تاماقلارنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ ئەنئەنە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇ ئەھۋالمۇ سۇ تۈگمىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كەشپىياتلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۈگمەنچىلىك مەخسۇسلاشقان ھۈنەر - كەسىپ بولۇپ، سۇ تۈگمىنى ئەمەلىيەتتە، سۇ ئىلمى، مېخانىكا ئىلمى، بىناكارلىق، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، ئىقتىساد قاتارلىق ئىلىم - پەنگە ئالاقىدار بولغان مۇرەككەپ تېخنىكىلىق قۇرۇلما ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئېرىق - ئۆستەڭ شارقىراتمىلىرىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. سۇنىڭ كۆپ - ئازلىقىغا قاراپ بىر تاشلىق تۈگمەن، ئىككى تاشلىق تۈگمەن ... دەپ ئايرىلىدۇ. بىر تاشلىق تۈگمەن ئېھتىياجلىق بولغان سۇنىڭ مىقدارى بەلگىلىك بولغاچقا، ئەگەر ئۆستەڭدە ئارتۇق سۇ بولسا تۈگمەن نورىنىڭ يېنىدىكى چۈشۈرگە ئارقىلىق تەڭشەيدۇ. ئادەتتىكى تۈگمەن تۈگمەنخانا (ئۆگۈت تازىلاپ تەييارلانغان دان قويۇش ئۆيى، ئۇن تارتىشقا كەلگەنلەر ياتىدىغان ئۆي ۋە ئۇن تارتىش ئۆيى قاتارلىق بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدۇ)، نور، تاقاق، چاق، تاش، سۈكەن، چاناق، چېقىلدۇرۇق، خامپا، ئەلگەك، قوپارغۇ ... قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. تۈگمەنچى بەلگىلىك ھۈنەر - تېخنىكىغا ئىگە بولغان كىشى بولۇپ، ئۇ بەلگىلىك قەرەلدە تاشنى چۈشۈرۈپ چېكىپ تۇرىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ سۈپەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان يېزا - كەنتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىدە سۇ تۈگمىنى بولۇپ، زامانىۋى ئۇن زاۋۇتلىرى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن خەلقىمىز ئاساسەن تۈگمەنگە تايىنىپ ئوزۇقلىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلغان. جەنۇبىي شىنجاڭدا «تۈگمەنبېشى»، «تۈگمەنلىك»، «ياقتۈگمەن»، «تۈگمەنئېرىق»، «قوشتۈگمەن»، «سايتۈگمەن»، «يارتۈگمەن»، «بەشتۈگمەن»، «جاڭگالتۈگمەن»، «قىرىقتۈگمەن» قاتارلىق تۈگمەنگە ئالاقىدار نام بىلەن ئاتىلىدىغان يېزا - كەنتلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ بولۇشمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ماد-

دىي ئادەتلىرى ئىچىدە تۆگمەنچىلىكنىڭ ئالاھىدە رول ئوينىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ، يەرلىك تۆگمەنلەرنىڭ سانى بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئازلاپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن خەلق ئاممىسى زاۋۇت ئۇنىغا قارىغاندا تۆگمەن ئۇنىنى ئەتىۋارلىق بىلىدۇ . (ئا)

## ئىدىقۇت باغرىدىكى كەشپىياتلار

ئىدىقۇت — قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ ، مەنىسى «بەخت (قۇت) بەرگۈچى تەڭرى» دېمەكتۇر . بۇ جاي ھازىرقى تۇرپان ئويمانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . تۇرپان ئويمانلىقى دېڭىز يۈزىدىن بىر يۈز ئەللىك تۆت مېتىر چوڭقۇر بولۇپ ، قۇرغاق ھاۋا كىلىماتىغا ئىگە .

ئىدىقۇت — ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئانا يۇرتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، بۇ جاينىڭ نەچچە مىڭ يىللىق پارلاق مەدەنىيەت تارىخى بار . ھازىرغىچە ئىزى ئۆچمىگەن يارغول قەدىمكى شەھىرى ، ئىدىقۇت خارابىلىكى ، بېزەكلىك مىڭ ئۆيى قاتارلىق ئاسار ئەتىقە ئورۇنلىرى ئىدىقۇت مەدەنىيىتىگە گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرىدۇ .

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى قەيسەر ۋە ئەمگەكچان خەلق بولۇپ ، ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك شارائىتقا ئىگە بۇ مۇنبەت زېمىننى گۈللەندۈرۈش يولىدا نۇرغۇن كەشپىياتلارنى ياراتقان ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقارغان . مەسىلەن :

### كارىز

كارىز — ئىدىقۇت خەلقلىرىنىڭ پەم - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى ۋە ئۆزىگە خاس كەشپىياتى . ئىدىقۇت تېغى باغرىدىكى ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان مۇشۇ كارىزغا تايىنىپ بۇ ۋادىنى بۈگۈنكىدەك مۇنبەت بوستانلىققا ، دۇنياغا مەشھۇر «ئۈزۈم شەھىرى»گە ئايلاندۇرغان . شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىقۇت خەلقى كارىزنى «ھاياتلىق مەنبەسى» دەپ تەرىپلەيدۇ .

تېخى يېقىنقى يىللارغىچە تۇرپان ۋادىسىنىڭ ئاساسلىق سۇ مەنبەسى كارىز ئىدى . كارىز خۇددى ئادەم بەدىنىدىكى قان تومۇرلاردەك تۇرپان ، پىچان ، توقسۇن رايونلىرىغا مەركەزلەشكەن .

كارىز ، ئۇنلىغان ، يۈزلىگەن يەر ئاستى سۇ قۇدۇقلىرىنىڭ ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلۇشىدىن ياسالغان يەر ئاستى سۈيىنى يەر ئۈستىگە باشلايدىغان ئاجايىپ مۆجىزىلىك بىر خىل ئېرىق بولۇپ ، ئۇ پەقەت ئىدىقۇت باغرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشىگە ماسلاشقان .

ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى ئىدىقۇت تاغ باغرىدا سۇلۇق بۇلاق بولغان ، ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇلاق سۈيى يەر ئۈستىگە ئېتىلىپ چىقالماي ، سۇ قاتلىمى پەسلەپ كەتكەن ، كىشىلەر سۇنى چىقىرىش مەقسىتىدە يەرنى چوڭقۇر كولاپ ، بۇلاق سۈيىنىڭ راۋان ئېقىشىغا كاپالەتلىك قىلغان . بۇنىڭ بىلەن ئەڭ دەسلەپكى بىر قۇدۇقلۇق كارىز بارلىققا كەلگەن . كېيىن سۇنى كۆپەيتىش ئۈچۈن قۇدۇق بىلەن قۇدۇقنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان يەر ئاستى ئېرىق چېپىپ ، ئېرىق ئىچىدىكى توپىلارنى سىرتقا يۆتكەش ئۈچۈن «تۆگۈلۈك» ئاچقان . مۇشۇ تۆگۈلۈك ئارقىلىق قۇدۇقنى تۇتاشتۇرىدىغان يەر ئاستى قانالنىڭ توپىلىرىنى ياغاچ چىغرىق ياكى قول كۈچى بىلەن يەر ئۈستىگە تارتىپ چىقارغان : ھازىرغىچە «يەتتە قىز» نىڭ تاش ھەيكىلى بار تاغ باغرىدىكى قۇرۇپ كەتكەن بىر قۇدۇقلۇق ، ئىككى قۇدۇقلۇق كارىز ئىزلىرى بۇنى ئىسپاتلايدۇ . كارىزلار يەر تەكشىلىكىگە ئاساسەن ، ئېگىزلىكتىن پەسلىككىچە قاراپ كولىنىدۇ . باش تەرىپى چوڭقۇر بولۇپ ، بارغانسېرى تېيىزلىشىپ ئاخىرى يەر ئۈستىگە ئۇلىنىدۇ . ھازىرغىچە بۇ يۇرتتا قېزىلغان كارىزلارنىڭ ئەڭ ئۇزۇنى ئون كىلومېتىر ئەتراپىدا بولۇپ ، ئىككى يۈزگە يېقىن قۇدۇقى بار . پىچان ناھىيىسىنىڭ چىقتىم يېزىسىدىكى كىچىك كارىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى يەتتە يېرىم كىلومېتىر بولۇپ ، بىر يۈز ئاتمىش بەش قۇدۇق بار . پىچان لەمجىنىدىكى «سەپتە گور» كارىزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7.75 كىلومېتىر بولۇپ ، بىريۈز سەكسەن قۇدۇق بار . پىچان دالانكارىزىدىكى «ھۇلۇك» كارىزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى سەككىز كىلومېتىر بولۇپ ، بىر يۈز توقسان بەش قۇدۇق بار . مۇشۇنداق

كارىزلاردىن تۇرپان ۋادىسىدا نەچچىسى بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى بەش مىڭ كىلومېتىردىن ئاشىدۇ.

كارىز سۈيى ھەم سوغۇق، ھەم سۈزۈك بولغاچقا، تۇرپاننىڭ قىرىق گىرادۇستىن ئاشىدىغان يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە كارىز ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرۇش ۋە سۇ ئىچىش، كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ.

گەرچە ھازىر سۇ قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا ئەگىشىپ، تۇرپان ۋادىسىنىڭ سۇ مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولغان بولسىمۇ، كارىز ئىدىقۇت باغرىدا يەنىلا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە.

قىسقىسى، خۇددى روسىيە ئالىمى گرۇم گىرژىمايلوپ ئېيتقاندەك: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئاجايىپ پاراسەتلىك بىلەن تۇرپاندا ئىجاد قىلىپ چىققان ھەيۋەتلىك قەدىمىي كارىز سۇ ئىنشائاتى — ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ناھايىتى بۇرۇنقى زامانلاردىلا يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كارىزى مىسىرلىقلارنىڭ پىرامىداسىدىن قېلىشمايدىغان، قايىل قىلارلىق كۆچكە ئىگە سۇ ئىنشائاتىدۇر» ①. (ئا)

## ئەر قانىتى — ئات

ئات — ئىنسانلار تەرىپىدىن ئەڭ دەسلەپ قولغا ئۆگىتىلگەن ھايۋانلارنىڭ بىرى. ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈشى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ئېنىق. كۆپلىگەن ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاتلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن تارقالغان. ئاتنى كۆندۈرۈشمۇ ئەڭ ئاۋۋال مۇشۇ رايوندىن باشلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ رايوندا تارىختىكى «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» دەپ ئاتالغان مەدەنىيەت دەۋرى بارلىققا كەلگەن.

ئات يالغۇز چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە كەم بولسا بولمايدىغان بىردىنبىر ئىشلەپچىقىرىش قورالى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە دېھقانچىلىق ئىگىلىكىدىمۇ ئەڭ مۇھىم ئاساسلىق قورالدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار قەدىمدىن باشلاپ ئاتنى ئىنتايىن ئۇلۇغلاپ كەلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر ئېپوسلىرىدا ئاتنىڭ ئوبرازى ھەممىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ. «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا ئاتمۇ خۇددى «كۆك يايلىق بۆرە» گە ئوخشاش مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن ۋە ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى پالچىلىق كىتابى «ئىرق پۈتۈك» تە ئات ئومۇمەن ياخشىلىق، بەختنىڭ بەلگىسى قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقىرى خەلقىمىز ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ بۈگۈنگىچە «دۇلدۇل» ھەققىدە ناھايىتى كۆپ قىزىقارلىق ئەپسانە - رىۋايەت ۋە چۆچەكلەر ئېيتىپ يۈرمەكتە. دۇلدۇل چۈشەنچىسى ۋە ئېتىقادى ماھىيەتتە ئاتنىڭ ئىلاھىيلاشتۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ. ئات ھەقىقەتەن ھەممە ھايۋانلاردىن كۈچلۈك ۋە ئەقىللىك. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز قەدىمدىلا ئاتنىڭ ئاشۇ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ قانىتى دەپ ھېسابلىغان. قەدىمكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا ئاتنى ئۇلۇغلاش ئېتىقادى تۈپەيلىدىن تەڭرىقۇت ياكى سەركەردىلەر ئۆلسە، ئۇلارنىڭ مىنىدىغان ئېتىنىمۇ قوشۇپ بىرگە دەپنە قىلىش ئادىتى بولغان. كۆپلىگەن ئۇيغۇر قەبرىستانلىقلىرىدا ئاتنىڭ باش سۆڭىكىنى مەڭگۈ تاش ئورنىدا بېكىتىپ قويۇش ئادىتى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. قەدىمكى دەۋرلەردە يەنە خەلقىمىز ئاتنى مۇقىم پۇل بىرلىكى ئورنىدا ئىشلەتكەن.

ئۇيغۇرلار ئاتنى ھەقىقەتەن قەدىرلەيدۇ. ئاتنى ئۇرۇش ياكى خارلاشنى ئەڭ چوڭ گۇناھ دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئاتنى مەخسۇس ئېغىلدا ئەتىۋارلاپ باقىدۇ. ئات ئېغىلىغا پات - پات ئىسرىق سېلىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ مىنىدىغان ئاتنى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇنداق ئاتلارنى داۋاملىق ئۈستەڭلەرگە ئاپىرىپ يۇيۇپ - تاراپ تۇرىدۇ. يۈگەن، ئېگەر جابدۇقلىرىنىمۇ خىللاپ، ئاتقا تېخىمۇ سالاپەت كىرگۈزىدۇ. ھارۋىغا قاتىدىغان ئاتلارنى ئالاھىدە بېزەيدۇ. ئات گۆشى يېيىش ئۇيغۇرلارنىڭ

① «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ ئۇيغۇرچە 29 - تومىغا قاراڭ.

ئىقتىسادىدا گەرچە مەنئى قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاتنى ئۆلتۈرۈپ يېيىش ئومۇملاشمىغان. بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئات گۆشىنى ئاساسەن يېمەيدۇ.

دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بۈگۈنكى كۈندە قاتناش ئىشلىرى ئاساسەن ماشىنىلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئات ئۆزىنىڭ رولىنى يوقاتقىنى يوق. بەلكى يېزا – قىشلاقلاردا ھەتتا شەھەرلەردە ئات ھارۋىلىرى ئاساسلىق قاتناش قورالى سۈپىتىدە خىزمەت قىلماقتا. خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، تۇرپان قاتارلىق ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شەھەرلەردە كىرا ماشىنىلىرى بىلەن بەس – بەستە قاتناۋاتقان كۆركەم ئات ھارۋىلىرى ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكى بىلەن چەت ئەللىك ساياھەتچى دوستلارنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا. (ئا)

## قاتناش– ترانسپورت ئادەتلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قاتناش – ترانسپورتىدا تۆگە كارۋىنى بىلەن ئات – ئېشەك كارۋانلىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەينى مەزگىللەردىكى «يىپەك يولى» سودىسىدا ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ تۆگە كارۋانلىرى ئايىغى ئۈزۈلمەستىن نەچچە ئايلاپ يۈرۈپ، خەلقئارالىق قۇرۇقلۇق قاتنىشىدا ئۈلگە ياراتقانلىقى ھەققىدە ھەممىگە مەلۇم بولغان قىزىقارلىق خاتىرىلەر بار.

تۆگە ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، ياۋاش ئەمما كۈچتۈگۈر ھايۋان بولۇپ، ئۇ شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتىغا ناھايىتى ماسلاشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتمۈشتە شىنجاڭنىڭ ئۇزۇن يوللۇق قاتنىشىدا تۆگە ئاساسلىق رول ئوينىغان. ھەرقايسى يۇرتلاردا ئۇيغۇرلاردىن ئاتاقلىق تۆگىچىلەر (كارۋان بېشى) بولغان. بولۇپمۇ كەلپىن ناھىيىسى، قەشقەر كوناشەھەرنىڭ ئوپال، تاشمىلىق رايونلىرى تۆگە قاتنىشىدا مەشھۇر بولۇپ، بۇ جايلاردا تۆگە بېقىش ۋە ئۆستۈرۈشنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش ئادەتلىرى شەكىللەنگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قاتناش ئادىتى ئۈستىدە سۆز ئاچقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئېپوسى «ئوغۇزنامە» ئىچىدىكى تۆۋەندىكى ئابزاسلار بىزنىڭ دىققەت – ئېتىبارىمىزنى قوزغايدۇ: ئوغۇزخاننىڭ لەشكەرلىرى ئىچىدە بارماقلىق يوسۇن بىللىگ دېگەن چېۋەر بىر ئادەم بولۇپ، ئوغۇزخاننىڭ ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى توشۇشقا ئېگىز بىر ھارۋا ياسىغان، ھارۋىغا جانسىز غەنىيمەتلەرنى قاچىلاپ، ھارۋىنى جانلىق غەنىيمەتلەرگە تارتقۇزغان، نۆكەرلەر ۋە ئەل – جامائەت بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشقان، ئۇلارمۇ ھارۋا ياسىغان، ئېگىز ھارۋا ماڭغاندا، «قانغا، قانغا» دېگەندەك ئاۋاز چىقارغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «قانغا» دەپ نام قويۇشقان، ئوغۇزخاقان بۇ ھارۋىنى كۆرۈپ كۈلىدۇ، ئېيتتىكى؛ «قانغا بىلەن جانسىز غەنىيمەتنى جانلىق غەنىيمەت سۆرەپ ماڭىدىكەن. ئېگىز ھارۋىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن «قانغۇلۇق ساڭا ئات بولسۇن» يۇقىرىقى پارچە ئارقىلىق ئوغۇزخاقان دەۋرىدىلا ئېگىز چاقلىق ھارۋا قاتناش ئىشلىرىدا خىزمەت قىلدۇرۇلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. مۇشۇ خىل ھارۋىنىڭ كەشپ قىلىنىشىمۇ مۇقەررەركى، ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك، جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان «يار – يار ھارۋا» شەكىل جەھەتتىن «قانغا» بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە.

«يار – يار ھارۋا» بەزىدە «پەيزاۋات ھارۋىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنداق ھارۋىغا ئات ياكى ئۆكۈز قېتىلىدۇ. چاقنىڭ دىئامېترى بىر يېرىم مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، چەمبىرى سېرىق سۆگەتنىڭ ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. ھارۋا ئوقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ھارۋىنىڭ جازىسى شۇ ئوق ئۈستىگە ئورنىتىلىدۇ. بۇنداق ھارۋا توپىلىق يوللارغا ماس كەلگەچكە، يېزا قاتنىشىدا ئاساسلىق رول ئوينىغان.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھارۋىنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، شەھەر قاتنىشىدا مەپە ھارۋا كەڭ ئومۇملاشقان. مەپە «يار – يار ھارۋا» نىڭ ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن يېڭى نۇسخىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسەن ئادەم توشۇيدۇ. مەپە ھارۋىمۇ ئىككى چاقلىق بولۇپ، چاقنىڭ «دىئامېترى بىر مېتىر ئەتراپىدا. ئۈستى كىمىر ئۆي شەكلىدە ياسىلىپ، يان تەرىپىگە ئىككى كۆزنەك قويۇلغان. ئالدى تەرىپىگە رەختتىن پەردە تارتىلغان بولۇپ، ئادەتتە تۆت

ئادەم ئولتۇرۇشقا بولىدۇ . مەيە ھارۋا ھۆنەر ــ سەنئەت جەھەتتە كۆركەم ۋە نەپىس ياسىلىدۇ . مەيىگە قاتىدىغان ئاتمۇ ئالاھىدە خىللىنىدۇ . ئاتنىڭ بېشىدىن تارتىپ قۇيرۇقىغىچە رەڭلىك ھالدا ياڭاقتەك مىس كولدۇرمىلار ئېسىلىدۇ .

مەيىدىن باشقا يەنە «خادەك ھارۋا» مۇ كەڭ ئومۇملاشقان . خادەك ھارۋا ئىلى ، ئۈرۈمچى ، ئالتاي ، چۆچەك قاتارلىق شەھەرلەرگە كەڭ تارقالغان . خادەك ھارۋىنىڭ چاقى تۆت بولۇپ ، ئالدى چاقى كىچىك ، كەينى چاقى چوڭراق بولىدۇ . جازىسى پەسرەك بولۇپ ، ئىشلىتىشكە قولاي ، ئۇنىڭغا ئادەتتە بىر ياكى ئىككى ئات قېتىلىدۇ . ئون كىشى ئولتۇرۇشقا بولىدۇ . ئۇ شەھەر قاتنىشىدا «ئاپتوبۇس» نىڭ رولىنى ئويناپ كەلگەن . ھازىرمۇ تۇرپان ، قەشقەر ، يەكەن ، خوتەن قاتارلىق شەھەرلەردە خادەك ھارۋىنىڭ ئۆزگەرتىلگەن شەكلى ــ ئىككى چاقلىق يەڭگىل ھارۋا قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە بولۇپ ، تۇرمۇشتا قوللىنىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ . بۈگۈنكى كۈندە بۇ يەرلىك ھارۋىلار «تويوتا» ، «خۇاڭگۇەن» « سانتانا» قاتارلىق زامانىۋى قاتناش ۋاسىتىلىرى بىلەن بەس ــ بەستە كۆپلىگەن چەت ئەل ساياھەتچىلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا . (ئا)

## چار بازار

چار بازار ــ ھەپتىنىڭ ھەرقايسى كۈنلىرىدە باشقا ــ باشقا يەرلەردە بولۇپ تۇرىدىغان سودا ــ سېتىق بازىرىنىڭ نامى . بىر يۇرتتا ھەرقايسى كۈنلەرنىڭ نامى بىلەن بازار بولۇپ تۇرىدۇ . مۇشۇنداق بازارلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ تىجارەت قىلغۇچى «چار بازارچى» دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇلار ئۇلاغ ياكى باشقا قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ ياردىمىدە ، ھەرقايسى بازارلاردا سەييارە تىجارەت قىلىدۇ .

بازار كۈنى ئايرىم ــ ئايرىم بەلگىلەنگەن ئورۇنلاردا چارۋا مال بازىرى ، جۇۋا (ئاشلىق بازىرى) ، گەزمال بازىرى ، چەرچىن مال بازىرى ، كۆكتات بازىرى ، ئاياغ كىيىم بازىرى ، باش كىيىم بازىرى ، ئوتۇن بازىرى ، سامان بازىرى ، ياغ بازىرى قاتارلىقلار بولۇشتىن تاشقىرى ، يەنە ئاشخانا ، ناۋايخانا ، قاسساپ دۇكانلىرى بولىدۇ . ئەتراپتىكى دېھقانلار ئۆزى ئىشلەپ چىقارغان نەرسىلەرنى بازار كۈنى ساتىدۇ ۋە ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋالىدۇ . بەزىلەر سودا ــ سېتىق ئۈچۈن بازارغا كېلىدۇ . بەزىلەر بولسا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان سامسا ، گۆش گىردە ، كاۋاپ قاتارلىقلارنى يېيىش ئۈچۈن كېلىدۇ .

چار بازاردا تۇرمۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بولىدۇ . شۇڭا بەزىلەر چاربازار كۈنى يەنە بىر بازار كۈنى بولغۇچە يەتكۈدەك نەرسە ــ كېرەكلەرنى سېتىۋېلىپ قايتىدۇ .

چار بازار ناھايىتى قىزىپ كېتىدۇ ، مەدداھلار ئالاھىدە سورۇن تۈزۈپ داستان ۋە جەڭنامىلەرنى سۆزلەپ كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ . بەزىلەر باشقا سورۇن تۈزۈپ قوشقار سوقۇشتۇرىدۇ ، توخۇ سوقۇشتۇرىدۇ ،يەنە بەزىلەر تېكە ئوينىتىدۇ ، دارۋازلار دارغا چىقىدۇ ، ۋەھاكازالار . (ئا)

## ئائىلە باقمىچىلىقى

ئۇيغۇرلاردا ئائىلە باقمىچىلىقى ۋە مال بورداش ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ ، ئۇ ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان .

ئۇيغۇرلار شەھەرلىشىپ دېھقانچىلىق ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا ــ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغاندىن تارتىپ ، ئائىلىۋى باقمىچىلىقنى يولغا قويۇپ ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ، ئوزۇقلىنىش ۋە سودا ــ تىجارەت ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان .

ئۇيغۇرلار ئاساسەن كالا ، قوتاز ، قوي ، توخۇ ، ئۆردەك قاتارلىقلارنى مەخسۇس بورداپدۇ . كالا ، قوي بورداش ۋاقتى 11 ــ ئايدىن 4 ــ ئايغىچە بولىدۇ ، مال بورداش ئۈچۈن پاكىز ، شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئۆي تەييارلىنىدۇ . مال ئوقۇرى ياغاچتىن ياسىلىدۇ . مال تۇرىدىغان جاينىڭ ئالدى ئېگىز ، ئارقىسى پەس بولىدۇ . مال بوردىغۇچىلار بوردىلىدىغان مالنىڭ بويى ، ئۇستىخان چوڭلۇقى ، يېشى قاتارلىقلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ . بوردىلىدىغان مالغا ياۋا ئوت ــ چۆپ ، سېسىغان ، قاقشال بولۇپ قالغان يەم ــ خەشەك بەرمەيدۇ . قۇرۇق ئوت ،

بېدە، سامان بېرىلگەندە ئۇلارنى يۇيۇپ قاتمال بولسا ئىسسىق سۇغا بېسىپ يۇمشىتىپ بېرىدۇ. بورىدالغان قوي، كالىغا هەلەپ ئەتكەندە كېپەك بىلەن قوناق ئۇنىنى ئارىلاشتۇرىدۇ. چۈنكى، يالغۇز كېپەكلا بەرسە ئۇنىڭ كۈچى بولمىغاچقا مال ئەت ئالمايدۇ. ئەكسىچە يالغۇز ئۇن بەرسە مالنىڭ ئىچىنى سۈرۈۋېتىدۇ. قويغا قوناق بېرىشكە توغرا كەلگەندە يارما قىلىپ ياكى قاينىتىپ بېرىدۇ، ئادەتتە هۆل شاپاق شالتاقنى بەرمەيدۇ. بېرىشكە توغرا كەلسە ئالدى بىلەن شاپاقنى سايىدە قۇرۇتۇپ سۇ تەركىبى تۈگەپ شىرشىم بولغاندا بېرىدۇ.

قوي سەمرىشكە باشلىغاندىن كېيىن ئالدىدىن يەم ئۈزمەيدۇ. يەم - خەشەكنىڭ كۆپ خىل بولۇشىغا ئەهمىيەت بېرىدۇ. مەسىلەن، هازىر بېدە بېرىلسە ئارقىدىن ئاداپ، ئۇنىڭدىن كېيىن هەلەپ بېرىپ ئارقىدىن سۇغىرىدۇ. يەم بېرىش جەريانىدا يەملەرگە تۇز سالىدۇ ياكى يالاش ئۈچۈن شور تۇز قويۇپ قويىدۇ. قوي سەمرىپ يېتىلىشكە باشلىغاندا ئۇخلاتمايدۇ. بەلكى ئىككى تەرىپىگىچە تاختا قويۇپ، قويىنىڭ ئېغىرلىقنى كۆتۈرەلمەي يىقىلىپ چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. مالنىڭ ئاستىنى داۋاملىق قۇرۇتۇپ تۇرۇشتىن تاشقىرى، بۇرۇن، قۇلاق، تۇياقلىرىنى تەكشۈرۈپ مالدا پەيدا بولىدىغان هەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. مالنىڭ ئىشتىهاسى تۇتۇلسا، بۇرنىغا سۇ مېيى سۈركەپ ياكى پىياز يېگۈزۈپ ئىشتىهاسىنى ئاچىدۇ. كالا بورداشمۇ ئاشۇ خىلدا بولۇپ، يەم - خەشەكلىرىگە قوناق شېخى، مېۋىلىك دەرەخ يوپۇرماقلىرى قوشۇپ بېرىلىدۇ. بورىدىلىدىغان قوي كۈنىگە ئوتتۇرا هېساب بىلەن بەش يۈز گرامدىن سەككىز يۈز گرامغىچە، كالا بىر يېرىم كىلوگرامدىن ئىككى كىلوگرامغىچە يەم يېيىشى لازىم. مۇشۇ خىلدا باققان قويلارنىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقى بىر يۈز ئوندىن بىر يۈز يىگىرمە كىلوگرام، گۆش ئېغىرلىقى يەتمىشتىن سەكسەن كىلوگرامغىچە، كالىنىڭ گۆش ئېغىرلىقى ئىككى يۈز ئەللىك كىلوگرامدىن ئۈچ يۈز كىلوگرامغىچە بولۇپ يېتىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئادەتتە، توخۇ، ئۆردەكنى مەخسۇس كاتەك ياساپ، هەربىرىنى بىر كاتەككە سولاپ ئايلانماي دىغان قىلىپ تۇرغۇزۇپ قوناق خېمىرىنى ئېچىتىپ بېرىپ بوردايدۇ. مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن بىرەر هەپتە ئىچىدە توخۇغا سەككىز يۈز گرامدىن بىر كىلوگرامغىچە، بىر ئۆردەككە بىر كىلوگرامدىن بىر يېرىم كىلوگرامغىچە ئەت قوندۇرىدۇ. بۇ خىل بورداش قىش كۈنلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. هەرقايسى جايلاردا مال بورداشنى كەسىپ قىلغان مەخسۇس كىشىلەر بولۇپ، ئۇ سودا - تىجارەتنىڭ بىر خىل شەكلى هېسابلىنىدۇ.
(ش)

## ئەنئەنىۋى زىرائەت پەرۋىشى ۋە ئاشلىق ساقلاش

ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا دېهقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ مۇهىم ئورۇننى تۇتۇپ كەلگەن. بۇ جەرياندا ئۇلار دېهقانچىلىقنىڭ بىر يۈرۈش ئەنئەنىۋى ئۇسۇللىرىنى يارىتىپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يەنە زىرائەتلەرنى پەرۋىش قىلىش ۋە ئاشلىق ساقلاشنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسۇلى ۋە چارە - تەدبىرلىرىنى ئىختىرا قىلغان.

زىرائەت پەرۋىشى — شىنجاڭ چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ مەركىزىگە جايلاشقانلىقى، دېڭىز - ئوكيانلاردىن يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ رايوندا ئىچكى قۇرۇقلۇققا خاس تىپىك قۇرغاق ئىقلىم شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆت پەسىلنىڭ پەرقى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، تارىم بوستانلىقى، ئىلى ۋادىسى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقلىرى ئېلىمىزدىكى مەشهۇر ئاشلىق ماكانلىرى هېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر دېهقانلىرى ئۆز رايونىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ئىقلىم شارائىتىغا ئاساسەن، زىرائەتلەرنى پەرۋىش قىلىش ۋە ئۇنى زىيانداش هاشاراتلاردىن ساقلاشنىڭ بىر يۈرۈش ئەنئەنىۋى يەرلىك ئۇسۇللىرىنى تاپقان.

دېهقانلار زىرائەتلەر يۇمران مايسا مەزگىلىدە ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى ۋە غولىدا زىيانداش هاشارات ئاسان پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، زىرائەتلەرگە مۇۋاپىق مىقداردا كۈل چاچىدۇ ياكى ئېتىز بېشىغا كۈلنى دۆۋىلەپ، ئۇنى شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ سورۇيدۇ. نەتىجىدە كۈل زىرائەتكە تەكشى قونۇپ، ئۇنىڭدىكى هاشاراتلارنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا زىرائەتنىكى

«دات» چۈشۈش كېسەللىكىمۇ كۆل چېچىش ئۇسۇلى بىلەن تاقابىل تۇرىدۇ.

يەنە ھاۋانىڭ تاسادىپىي تىنچىق بولۇشى بىلەن زىرائەتلەر ئۈستىدە قاناتلىق ھاشاراتلار پەيدا بولغاندا، شامال يۆنىلىشىدە تۇرۇپ ئادراسمان چاكاندىسىنى كۆيدۈرۈپ شامال كۈچى بىلەن ئېتىزلىقنى ئىسلاپ قۇرتنى يوقىتىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا ياز ئايلىرى كۆپ چىقىدىغان ئىسسىق شامال دەستىدىن زىرائەتلەردە ئاسانلا «ھال كېسىلى» پەيدا بولىدۇ. بۇنداق پەيتتە تېرەك شاخلىرىنى كېسىپ ئېتىزلىقنىڭ شامال كېلىش يولىغا قاداپ قويىدۇ. بۇ ئىسسىق شامالنىڭ ھال كېلىش يولىنى توسىدۇ ھەمدە بۇ شاخلار ئىسسىق شامالنى ئۆزىگە سۈمۈرۈۋالىدۇ. دېھقانلار ئارىسىدا يەنە ئوخشىغان زىرائەتلەرگە «كۆز تەگمىسۇن» (ماھىيەت ھال چۈشمەسلىك ئۈچۈن) تېرەك شاخلىرىنىڭ ئۇچىغا قۇراق لاتىلاردىن تىكىلگەن قورچاق ئېسىپ قويۇش ئۇدۇمىمۇ بار.

چېكەتكە زىرائەتلەرنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى بولغاچقا، دېھقانلار چېكەتكە يوقىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، چېكەتكىنىڭ پەيدا بولۇش، كۆپىيىش ۋاقىتلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. دېھقانلار چېكەتكىنىڭ كۆپىيىش ۋاقتىنى 9 ـــ 10 ئايلار دەپ بېكىتىدۇ. ئۇنىڭ تۇغۇش ئورنى ئوتلاق ياكى يۇمشاق توپا ئارىلىرى بولغاچقا، چېكەتكە تۇغۇش مەزگىلىدىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئۇۋىسىنى قېزىپ يوقىتىدۇ. يوقالمىغان چېكەتكىلەر 4 ـ، 5 ـ ئايلاردا ئۇۋىسىدىن چىقىپ زىرائەتكە ھۇجۇم باشلايدۇ. بۇنداق چېكەتكىلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەر يۈز قەدەمگە بىر غۇلاچ كەڭلىكتە، بىر مېتر چوڭقۇرلۇقتا ئورا كولاپ، كىشىلەر ھەر تەرەپتىن چېكەتكىلەرنى قوغلاپ ئورىغا قامايدۇ. ئاندىن ئورىغا ئوت قويۇپ، چېكەتكىلەرنى ئوتتا ئۆرتەپ يوقىتىدۇ.

ئاشلىق ساقلاش

ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئاشلىقنى تاغار، خانىبا (ياغاچ ساندۇق)، باداڭ (چىۋىق توقۇلما سېۋەت) قاتارلىقلاردا ساقلايدۇ. يۆتكەش ئىمكانىيىتى بولمىغان كۆپرەك يېرىك ئاشلىقنى ئۇزاق مۇددەت ساقلاشقا توغرا كەلگەندە مەخسۇس ئورا ياساپ ساقلايدۇ. ئاشلىق ئورىسى ئۈچۈن قۇرۇق يەر تاللىنىدۇ. ئاشلىق ئورىسى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، ئۈستى ئوچۇق تۈز كولانغان ئورا، يەنە بىرى، ئىچ گۈر قازغانغا ئوخشاش ياسالغان گەمە. ھەر ئىككىسىنىڭ ئىچ تەرىپى ھاك، تۈز ئارىلاشتۇرۇلغان سامانلىق لاي بىلەن سۇۋۇلىدۇ. بۇنداق سۇۋاقتىن چاشقان، ئاغمىخان قاتارلىق ئاشلىق «ئوغرى»لىرى ئۆتەلمەيدۇ ۋە ئاشلىق بۇزۇلمايدۇ. ئورىنىڭ ئاغزى توپا چۈشمەيدىغان ۋە ھاۋا كىرمەيدىغان قىلىپ مەھكەم ئېتىلىدۇ. تارىم ئەتراپىدىكى قۇملۇق كەنتلەردە دېھقانلار ئارتۇق ئېشىنچا ئاشلىقلىرىنى تال ياكى توغراق چىۋىقلىرىدىن ياسالغان چوڭ باداڭ (گۈمبەز شەكلىدە توقۇلغان سېۋەت) غا قاچىلاپ ئاغزىنى مەھكەم بېكىتىپ، ئۇنى قۇم ئاستىغا كۆمۈپ ساقلايدۇ. بۇنداق ساقلانغان ئاشلىق نەچچە يىللار تۇرسىمۇ بۇزۇلمايدۇ. (ش)

## بېدىك

ھەرقايسى رايونلاردىكى قويۇق يەرلىك ۋە مىللىي تۈسكە ئىگە چاربازار سودىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، سودا ئىشىدا ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈرگۈچى بېدىك (دەللال دەپمۇ ئاتىلىدۇ) لەر پەيدا بولدى. بېدىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ دەسلەپكى بىۋاستە شەكلى (سودىلاشقۇچى A ۋە B تەرەپ) ۋاستىلىك شەكىلگە ئۆزگەردى. يەنى بېدىكلەر چاربازار سودىسىنىڭ مەخسۇس باشقۇرغۇچىسى ۋە تەشكىللىگۈچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ساتقۇچىلار قولىدىكى تاۋارلارنى كېلىشىم باھادا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئىستېمالچىلارغا پۇتۈشكەن باھادا سېتىپ بېرىش ئارقىلىق، دەسمايە سالماي ئارىلىقتىن «تاپان ھەققى» تاپتى. بۇنداق سودا شەكلى بارغانسېرى ئادەتكە ئايلىنىپ، بازار سودىسىغا كەلگەن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ساتماقچى بولغان تاۋارلىرىنى ئالدى بىلەن ئاشۇ بېدىكلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئاندىن كېيىن يەنە ئۆزلىرىگە كېرەكلىك بولغان تاۋارلارنى ئاشۇ بېدىكلەرنىڭ قولىدىن ئالىدىغان بولدى.

ئۇيغۇر رايونلىرىدىكى سودا بازارلىرى تاۋارلارنىڭ تۈرى بويىچە (مەسلەن، ئوتۇن ـ ياغاچ بازىرى، ساندۇق بازىرى، كەتمەن بازىرى، پاختا بازىرى، ئاشلىق

بازىرى، قوي بازىرى، ئېشەك بازىرى، ئات ــ كالا بازىرى، يىپ بازىرى، خام (ماتا) بازىرى، قورۇق مېۋە بازىرى، سەي ــ كۆكتات بازىرى ... دېگەنلەردەك) مەخسۇس ئورۇنغا جەملەنگەن بولۇپ، ھەرقايسى بازارنىڭ ئۆزىگە خاس بېدىكلىرى بولغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۆپرەك چارۋا بازىرىدىكى سودىنى كېلىشتۈرگۈچىلەرنى «بېدىك» دەپ ئاتاش ئومۇملاشقان. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىسمىمۇ «پالانى بېدىك»، «پۇستانى بېدىك» دېيىلىپ، بۇ ئاتالغۇ شۇ خىل كىشىلەرنىڭ سۈپىتىگە ئايلىنىپ قالغان. ئۇلار ناھايىتى تىمەل، سودىدا چېۋەر ھەم سۆزمەن بولۇپ، بازارغا كىرگەن ھەرقانداق چوڭ ــ كىچىك چارۋا شەرتسىز ھالدا «بېدىك» نىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغان.

بېدىكلەرنىڭ سودىنى باشقۇرۇش ئادىتى ئادەتتە ئىككى خىل شەكىلدە بولاتتى: بىرى، مال ئىگىسى (ساتقۇچى) بىلەن «بېدىك» ئوتتۇرىسىدا باھا كېلىشىمى تۈزۈلىدۇ. مال ئىگىسى ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆز مېلىنىڭ تەننەرخىگە ئارىلاشمايدۇ، «بېدىك» ئۇ مالغا ئېھتىياجلىق ئىستېمال قىلغۇچى (ئالغۇچى) نى ئىزدەپ، كۆڭۈلدىكىگە پۈككەن باھاغا كەلتۈرۈپ ساتقاندىن كېيىن، مال ئىگىسى بىلەن تۈزگەن باھا كېلىشىمى بويىچە نەقلەشتۈرۈپ، قالغان پايدىسىنى ئۆزى ئالىدۇ. ئەگەر كېلىشكەن باھادا ساتالمىسا، ساتقۇچى بىلەن يەنە بىر قېتىم كېلىشىپ، باھانى مۇۋاپىق تۆۋەنلىتىدۇ ياكى كېلەر قېتىملىق بازارغىچە سېتىپ قويۇشقا بورۇن (كاپالەت) بولۇپ، مالنى ئۆزى ئېلىپ قالىدۇ. ئىككىنچى خىل شەكىل، مال ئىگىسى بىلەن «بېدىك» باھا كېلىشىمى تۈزمەستىنلا، «بېدىك» ئۇنىڭ مېلىنى ئۆتكۈزۈۋالىدۇ. مال ئالغۇچىنى تاپقاندىن كېيىن، ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچىنى تەننەرخ جەھەتتە نەق مەيداندا ئۆزئارا كېلىشتۈرىدۇ. كېلىشتۈرۈش ئۇسۇلى كۆپىنچە «يەڭ سودىسى» ئارقىلىق بولىدۇ. «بېدىك» بىردەم ساتقۇچى بىلەن يەڭ ئىچىدە مالنىڭ باھاسىنى توختىتىدۇ، بىر دەم ئالغۇچى بىلەن يەنە شۇ ئۇسۇلدا تىلسىز كېلىشىدۇ. ئىشقىلىپ بىر ئامال بىلەن ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈرىدۇ. خەلق ئىچىدە ھەربىر بارماقنىڭ مۇقىملاشقان پۇل قىممىتى بولۇپ، چوڭ ــ كىچىك بارماقلار ئوخشاشمىغان دەرىجىدە مەلۇم پۇل بىرلىكىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. شۇنداق قىلىپ «يەڭ سودىسى» ئارقىلىق «بېدىك» ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈرگەندىن كېيىن، ئادەت بويىچە ساتقۇچى بىلەن سېتىۋالغۇچىنىڭ ئوڭ قولىنى تۇتۇپ، «ياپىرىم، ھەر ئىككىڭلارغا قۇتاتسۇن!» دەپ، ئۇلارنىڭ ئالىقانلىرىنى يەر (تۇپراق) گە سۈرىدۇ. سودىغا تۇپراقنى گۇۋاھچى قىلىش، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تۇپراقنى ئۇلۇغلاش ئېتىقادىنىڭ ئۆرپ ــ ئادەتتىكى ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شۇ بىر قېتىملىق سودا ئاياغلىشىدۇ. «بېدىك» نىڭ ئەجرى ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپ مەلۇم نىسبەتتە «شېرىنكانە» بېرىدۇ. بەزى رايونلاردا «بېدىك» نىڭ «سالاچىلىق ھەققى» شۇ مالنىڭ بېكىتىلگەن باھاسىغا قاراپ مەلۇم نىسبەتكە مۇقىملاشقان. چارباز ار سودىسىدىكى بۇ ئەنئەنىۋى ئادەت ھازىرغىچە يەرلىك بازارلاردا داۋاملىشىپ كەلمەكتە. (ئا)

# II ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرى

## كىيىم ـ كېچەك ئالاھىدىلىكلىرى

ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، شەكلى ھەر خىل ۋە رەڭگارەڭ. ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلار تەبىئىي ئېھتىياج بىلەن ئېستېتىك ئېھتىياجنى بىرلەشتۈرۈپ كىيىنىش جەھەتتە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈشكە باشلىغان دەۋرى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق. مۇندىن مىڭ يىللار بۇرۇنقى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلار ۋە ھەر خىل يازما ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ تۈرلىرىنى، تاش كىيىم، ئىچ كىيىم دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە؛ شەخسنىڭ پائالىيەت ئېھتىياجىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىغان ھالدا، ئۆيئىچىلىك كىيىم، تالالىق كىيىم، ئەمگەك كىيىمى، كەسپىي كىيىم ۋە مۇراسىم كىيىملىرى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئومۇمەن، ماددىي تۇرمۇش شارائىتى يار بەرگە ئەھۋال ئاستىدا ھەر خىل ئېھتىياج تۈپەيلى پەرقلىق كىيىنىش ئادىتى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان بىر خىل ئەنئەنە بولۇپ داۋاملىشىپ كەلگەن.

قاراخانىلار دەۋرىگە تەئەللۇق ئىككى بۈيۈك ئەسەر — «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلىرى ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق مەلۇماتلار بار. مۇشۇ مەنبەگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ مەلۇماتىغا قاراپ، تېرە كىيىم، يۇڭ كىيىم، يىپەك كىيىم ۋە پاختا رەخت كىيىم دەپ تۆت خىلغا بۆلۈنىدۇ. « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا «ئىچۇك» سۆزىنى ئىزاھلاپ «ئىچىك» دەپ ئاتالغان جۇۋا بولۇپ، ئۇنى بۆلغۈن، سۆسەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قىممەتلىك ھايۋان تېرىسىدىن تىكىلگەن «جۇۋا» دېيىلگەن. («تۈركىي تىللار دىۋانى » I توم، 93 ـ بەت). دەرۋەقە، جۇۋا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قىشلىق تاشقى كىيىمى بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرلىرى خىلمۇ خىل. ئاساسەن، كېپىنەك تون شەكىللىك بولۇپ، كۆپرەك قوي، بۆلغۈن، سۆسەر، تۈلكە، ئۆچكە، بۆرە قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرى ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن. ھۈنەر ـ سەنئەت ئەھۋالىغا قاراپ بەزى جۇۋىلار سىدام رەختلەر بىلەن قاپلانغان، بەزىلىرى رەخت بىلەن تاشلانماستىن، تېرىنىڭ يۈڭلۈق تەرىپىنى ئىچىگە ئالغان ياكى تېشىغا چىقىرىپ ئالاھىدە ھۈنەر بىلەن ئىشلەنگەن.

يەنە بىرى، «قارىس» دەپ ئاتالغان يۇڭ چەكمەن چاپان، بۇنى «تۈركىي تىللار دىۋانى » دا تۆگە ياكى قوي يۇڭىدا ئىشلەنگەن «كىيىم» دەپ ئىزاھلىغان. («تۈركىي تىللار دىۋانى » I توم، 453 ـ بەت). دەرۋەقە، شىنجاڭدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك يادىكارلىقلار ئىچىدە يۇڭ توقۇلما كىيىملەر ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەڭ بۇرۇنقى يۇڭ توقۇلما كىيىملەرنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، بىر ئورتاقلىق مەۋجۇت. يەنى ھەممىسى بۆرەكچە ياقىلىق، ئالدى ئوچۇق تون شەكىللىك بولۇپ، ئالدى پەشكە رەڭلىك يۇڭ يىپتىن ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك (ھەرە چىشلىق) كەشتە ئىشلەنگەن. توننىڭ ئىككى كۆكرىكىگە ئۈچ دانىدىن ئۈچ بۇلۇڭ شەكىل كەشتىلەنگەن. بۇ خىل يۇڭ چەكمەنلەر ھەم چىدامىلىق، ھەم كۆركەم بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان تاغلىق چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كەڭ ئومۇملاشقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك ئەنئەنىسىدە، گۈللۈك يىپەك رەخت كىيىملەر چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بولۇپمۇ، ئۇيغۇر ئاياللىرى ھەر خىل گۈللۈك ۋە نەقىشلىك يىپەك رەخت كىيىملەرنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئەتىۋارلايدۇ. بۇ ئەھۋالنى « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا «قىلىقلىناي دېسە قىزىل كىيەر، ياراي دېسە يېشىل

كىيەر» («تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم، 512 ـ بەت) دېگەن تەمسىل بىلەن سۈرەتلىگەن. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس گۈزەللىك قارىشىدا نىسپىي هالدا، قىزىل رەڭ — خۇشاللىق ۋە شادلىقنىڭ، ئاق رەڭ — ساپلىق ۋە قۇتلۇقنىڭ، سېرىق رەڭ — پەرىشانلىق ۋە غەمكىنلىكنىڭ، كۆك رەڭ — ياشلىق ۋە بەخت ـ سائادەتنىڭ، قارا رەڭ — قايغۇ ـ ئەلەم ۋە مۇسىبەتنىڭ سىمۋولى قىلىنغان. مۇشۇ قاراشلارغا ئاساسەن جىنسىي ئايرىملىققا، ياش قۇرامغا، كەسپىي ئالاھىدىلىككە، ئورۇن ـ مەرتىۋىسىگە، پەسىل خاراكتېرىگە ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، پەرقلىق كىيىنىش ئادەتلىرى شەكىللەنگەن.

ئەر ـ ئاياللارغا قارىتا ئىش تەقسىماتى جەھەتتىكى ئوخشاشماسلىق، گۈزەللىك تەلپى ۋە پسىخولوگىيىلىك ھالىتى جەھەتتىكى ئوخشاشماسلىق قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى، قەدىمدىن تارتىپ ئەر ۋە ئاياللىڭ كىيىنىش ئادىتىدىمۇ روشەن پەرق بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، ئادەتتە ئۇيغۇر ئاياللىرى گۈللۈك رەختلەردىن ئۇزۇن كۆڭلەك ۋە ئوشۇقنى يېپىپ تۇرىدىغان ئىشتان، كۆڭلەك ئۈستىگە تىك ياقىلىق جىلىتكە ياكى تاۋار جىلىتكە، ئىزمىلىك كەمزۇل چاپان قاتارلىق گۈللۈك كىيىملەرنى كىيىشكە ئادەتلەنگەن؛ ئەرلەر بولسا، گۈلسىز سىدام رەختلەردىن (كۆپرەك ئاق، قارا، قارا كۆك، كۇل رەڭ) تىزىنى يېپىپ تۇرىدىغان ئالدى ئوچۇق تونچە كۆڭلەك ياكى ئەستەرلىك تونچە چاپان، ئۇزۇن ئىشتان، كاشا (تۆگە يۇڭىدا توقۇلغان بەش ـ ئون سانتىمېتر كەڭلىكتىكى بەلباغ) ياكى رەخت بىلەن بېلىنى باغلاپ، سول يېنىغا غىلاپلىق پىچاق ئاسىدۇ. بالىلار ۋە ياشلار كۆپرەك تىلە ياكى بۆرەك ياقىلىق خالتا كۆڭلەك ۋە كەمزۇل چاپان كىيىدۇ. كۆڭلەكنىڭ ياقىسى ۋە ئالدى پېشىگە مىللىي ئۇسلۇبتا رەڭلىك يىپ بىلەن كانۋا ئىشلىگەن كۆڭلەكلەرنى ياشلار تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

كىيىنىش ئادىتى تارىخىيۋىلىككە ئىگە بولۇپ، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، كىيىم ـ كېچەكتىمۇ نىسپىي هالدا ئۆزگىرىش ھاسىل بولىدۇ. جۈملىدىن، جۇغراپىيىلىك شارائىت ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسى جەھەتتىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن، كىيىم ـ كېچەك جەھەتتىمۇ بەزى پەرقلەر پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى كىيىنىش ئادىتى بىلەن ئۆتمۈشتىكى كىيىنىش ئادىتى، شەھەردىكىلەر بىلەن يېزىدىكىلەرنىڭ كىيىنىش ئادىتى مەلۇم پەرقلەرگە ئىگە. (ئا)

## باش كىيىم

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى، جۇغراپىيىلىك شەرت ـ شارائىتى، دىنىي ئېتىقادى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە گۈزەللىك قارىشى قاتارلىق تەرەپلەرنىڭ ئوخشاشماسلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ كىيىنىش ئادىتىدە روشەن مىللىي پەرق كېلىپ چىقىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىيىنىش ئادىتىدە باش كىيىمنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ. ئۇيغۇر ئەرلىرى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاشمىغان باش كىيىملەرنى كىيىشكە، ئاياللىرى ئومۇمەن بېشىغا ياغلىق سېلىشقا ياكى دوپپا كىيىشكە ئادەتلەنگەن. ئىشقىلىپ باش كىيىمسىز يۈرۈشنى ئۇيغۇرلار يامان كۆرىدۇ. بولۇپمۇ نەزىر ـ چىراغقا بارغاندا مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن چوقۇم باش كىيىم كىيىشى شەرت. خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا ئومۇمەن ئاممىۋى مۇراسىملارغا باش كىيىمسىز بېرىش بىر خىل ھۆرمەتسىزلىك ۋە ئەدەبسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

رايون پەرقى، كەسپىي پەرق ۋە ياش قۇرام پەرقى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىملىرى ناھايىتى كۆپ خىللىشىپ كەتكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن كىيگەن باش كىيىمگە قاراپ شۇ كىشىنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى، قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى ھەمدە ياش قۇرامىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىمى شەكىل جەھەتتىن ئومۇمەن قىشلىق تېرە تۇماق، سىدام دوپپا ۋە گۈللۈك دوپپىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. بۇ باش كىيىملەرنىڭ ھەرقايسى تۈرىدە يەرلىك رايون پەرقى روشەن گەۋدىلەنگەن.

تۇماق ئادەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ قىشلىق باش كىيىمى بولۇپ، ئاساسەن تېرىدىن ئىشلىنىدۇ. نۇسخا

جەھەتتىن ئاق توماق، سالۋا تۇماق، سوغا تۇماق، كۇلا تۇماق، يېگىسار تۇمىقى، كىرىيە تۇمىقى، ساغان تۇمىقى، ھەربىيچە تۇماق، سۆسەر تۇماق، قاما تۇماق قاتارلىق ئون نەچچە خىلدىن ئاشىدۇ. ھەرقايسى خىلدىكى تۇماقنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولۇپ، نەپىس ۋە كۆركەم ئىشلەنگەن. بۇ تۇماقلارنىڭ كۆپچىلىكى ئاشلانغان يۇمشاق تېرىدىن ئىشلىنىپ، ئېغىز گىرۋىكىگە سۇپەتلىك كۆپىدىن چوڭ ـ كىچىك زىغزىق تۇتۇلغان، بەزى تۇماقلارنىڭ ئۈستىگە قارا ياكى باشقا رەڭلىك رەختلەردىن بىر قەۋەت تاشلىق تۇتۇلۇپ ئەستىرىگە تېرە ئېلىنغان. ھەر خىل تۇماقلارنىڭ ئۆزىگە خاس قېلىپى بولۇپ، ئۇنىڭغا تۇماقچىلىقنى كەسىپ قىلغان ھۈنەرۋەنلەرنىڭ يۈكسەك ماھارىتى سىڭدۈرۈلگەن. ئۇيغۇر تۇماقلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئادەتتە يىگىرمە سانتىمېتىردىن قىرىق سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئاياللارنىڭ تۇمىقى پەرقلىق بولۇپ، كۆپىرەك ياشانغان ئاياللار ياكى بىرقەدەر مەرتىۋىلىك ئاياللار ھەر خىل مۇراسىملارغا قاتناشقاندا تۇماق كىيىدۇ. بۇ «قاما تۇماق» دېيىلىپ، ئۈستى قارا مەخمەل ياكى قارا دۇخاۋا بىلەن قاپلىنىدۇ. قاسقىنىغا بۆرەكچە شەكىلدە ئۈچ ـ تۆت سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى ئەتىۋارلىق قامىدىن گىرۋەك ئورنىتىلىدۇ، ئىچىگە يۇمشاق ئەلتىرىدىن ئەستەرلىك ئېلىنىدۇ. بۇ تۇماقنىڭ تەننەرخى خېلى يۇقىرى بولغاچقا، ھاللىق شەھەر ئاياللىرى ئىچىگە كۆپىرەك ئومۇملاشقان.

«قولاقچا» مۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامان قىشلىق باش كىيىملىرىدىن بىرى بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ھەممە شەھەرلەردە كەڭرەك ئومۇملاشقان. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىقى ئەنئەنىۋى تۇماقلىرى يەنىلا ئاساسلىق باش كىيىم ھېسابلىنىدۇ.

دوپپا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىك قارىشىدا ئەكس ئەتكەن تەبىئەت گۈزەللىكىنىڭ ئوبرازى سۈپىتىدە روشەن مىللىيلىككە ئىگە بولغان يازلىق باش كىيىم ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر دوپپىلىرى نۇسخىسىنىڭ كۆپ خىللىقلىقى، ھۈنەر ـ سەنئەت جەھەتتىكى نەپىسلىكى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. قەشقەر شەھىرىنىڭ «دوپپا بازىرى» گوياكى تۈمەن مىڭ خىل رەڭدار گۈللەر بەس ـ بەستە ئېچىلغان گۈزەل باغچىغا ئوخشىشىدۇ. قەشقەر شەھىرىدە دوپپىچىلىق كەسپى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان.

ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ: بادام دوپپا، تاشكەنت دوپپا، گىلەم دوپپا، مەنپۇ دوپپا، تۆگۈچ مەنپۇ دوپپا، ئۈنچە دوپپا، كالۇتۇن دوپپا، ئىلمە گۈللۈك دوپپا، چىمەن دوپپا، تور باسقان دوپپا، مارجان دوپپا، سىدام دۇخاۋا دوپپا، شاپاق دوپپا قاتارلىق يۈز خىلدىن ئاشىدۇ. بۇ دوپپىلار نوقۇل باش كىيىملا بولۇپ قالماستىن، ئۇ يەنە بىر خىل گۈزەل سەنئەت بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر دوپپىلىرى ئىچىدە ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقىنى بادام دوپپا بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ. بادام دوپپىنىڭ تۈرلىرىمۇ بىرقانچە خىل بولۇپ، ھەممىسىگە تۆت دانە بادام شەكىللىك يېرىم ئاي نۇسخىسى ۋە جىيەكنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈلگەن گۈمبەز شەكىللىك گۈل نەقىش قىلىپ جۇلالىق ئاق مەشۈت بىلەن تىكىلگەن. بۇ گوياكى ئاي ئەتراپىدا جىمىرلاپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلارنى ئەسلىتىدۇ. گۈللۈك ۋە زەر باسقان دوپپىلار ئاياللارغا خاس بولۇپ، ئۇنىڭ نۇسخىلىرىمۇ كۆزنى چاقنىتىدۇ.

قىزىل ۋە يېشىل دۇخاۋىدىن تىكىلگەن سىدام دوپپىلار كۆپىرەك شىمالىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىغا ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇ دوپپىلارنىڭ رەڭگى ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى چۈشەنچىلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. (ئا)

## تەلپەك

تەلپەك — ئۇيغۇرلارنىڭ خىلمۇ خىل باش كىيىملىرى ئىچىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان رايون خاراكتېرلىك بىر خىل قول ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇمى.

تەلپەك پەقەت كېرىيە ئاياللىرىغا خاس بىر خىل باش كىيىم بولۇپ، باشقا رايونلارغا ئاساسەن تارقالمىغان.

كېرىيە ناھىيىسى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شەرقىگە، قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىغا، تەكلىماكان چوڭ

قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى «ئۇدۇن دۆلىتى» نىڭ مەدەنىيەت ۋە سىياسىي مەركىزى، قەدىمكى «يىپەك يولى» نىڭ جەنۇبتىكى مۇھىم تۈگۈنى.

كېرىيە ئۇيغۇرلىرى پۈتكۈل ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەندىن سىرت، يەنە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆزگىچە كىيىنىش ئادەتلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كەلمەكتە. بۇنىڭ ئىچىدە «كېرىيە ئاياللىرىنىڭ پەرەنجىسى ۋە تەلپىكى» ھەممىدىن تىپىك كۆرۈنۈشكە ئىگە.

كېرىيە ئاياللىرى ئاق ياغلىقنىڭ ئۈستىگە كىچىك تەلپەكتىن بىرنى قوندۇرۇپ كىيىۋالىدۇ. بۇنداق كىچىك تەلپەكنىڭ تىكىلىش ئۇسۇلى ئۆزگىچە بولۇپ، ئاستىنقى دىئامېتىرى ئون سانتىمېتىر، ئۈستۈنكى دىئامېتىرى ئۈچ ـ تۆت سانتىمېتىردىن ئاشمايدۇ. تەلپەكنىڭ قاسقىنى قارا يۇڭ يىپتىن توقۇلىدۇ. ئاستى گىرۋىكىگە بىر سانتىمېتىر ئەتراپىدا يۇڭ يىپتىن تەكشى قىلىپ كىرپىك تۇتۇلىدۇ. تەلپەكنىڭ ئىچىگە ئاشلانغان يۇمشاق تېرىدىن ئەستەرلىك ئېلىنىدۇ، تەلپەكنىڭ تۆپىلىكى ئۇنىڭ مۇھىم قىسمى بولۇپ، ئادەتتە رەڭلىك خاڭدەن تاۋا ياكى زەر باسقان رەختتىن تىكىلىدۇ. بۇ تەلپەك ئۆزىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي، كۆپ خىل سەنئەت ۋە نەپىس ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق تەلپەك يىڭنە ياكى يىڭنىمىخ ئارقىلىق ئاياللارنىڭ باش ياغلىقىغا قىيپاش ھالدا ئىلىندۇرۇلۇپ قويغاچقا، خۇددى گۈل بەرگىدە ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان غۇنچىدەك، ئاياللارنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدۇ. بۇ كىچىك تەلپەكنىڭ كېرىيە ئاياللىرى ئارىسىدا قاچاندىن باشلاپ ئومۇملاشقانلىقى ۋە قانداق ئېھتىياج ئۈچۈن ئىجاد قىلىنغانلىقى ھەققىدە ئېنىق يازما ماتېرىيال يوق. ئەمما كىچىك تەلپەكنىڭ ئاق ياغلىق ئۈستىگە قوندۇرۇلۇپ، ياغلىقنىڭ بىر ئۇچىدا كۆزدىن باشقا يۈزنىڭ كۆپ قىسمىنى ياپىدىغانلىقى ئۇنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

كېرىيە ئاياللىرى ئەسلىدە بۇ كىچىك تەلپەكنى ئۆزىنىڭ «جۇۋان تويى» بولغان كۈندىن ئېتىبارەن كىيىشكە باشلايدۇ. تېخى ياتلىق بولمىغان قىزلار كىيمەيدۇ. شۇڭا تەلپەكنى «جۇۋانلىق دەۋرىنىڭ ئۆزگىچە بىر خىل بەلگىسى» دېيىش مۇمكىن. تەلپەكنى كېرىيە ئاياللىرى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە كىيىدۇ. بولۇپمۇ، ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراغلاردا، توي ـ تۆكۈن، ھېيت ـ بايرام مۇراسىملىرىدا تەلپەكسىز ئاياللارنى ئۇچرىتىش تەس. ئادەتتە ماتەم مۇراسىملىرىدا كىيىلىدىغان تەلپەك بىلەن توي ـ تۆكۈن مۇراسىملىرىدا كىيىلىدىغان تەلپەك رەڭ جەھەتتىن پەرقلىق بولىدۇ. يەنى، ماتەم مۇراسىملىرىغا ماس تەلپەكنىڭ تۆپىلىكى قارا ياكى قارىغا مايىل خاڭدەندىن تىكىلسە؛ توي ـ تۆكۈنلەردە كىيىلىدىغان تەلپەكنىڭ تۆپىلىكى كۆك، يېشىل، قىزىل قاتارلىق ئوچۇق رەڭلىك خاڭدەنلەردىن تىكىلىدۇ.

كېرىيە ئەرلىرىنىڭ ئومۇملاشقان باش كىيىمى تەلپەك دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن ئەرلەر تەلپىكى ئاياللارنىڭ كىچىك تەلپىكىدىن پەرق قىلىدۇ.

ئەرلەر تەلپىكى تۇغۇلغىنىغا تېخى بىرقانچە كۈن بولمىغان قارا ياكى بوز قوزىنىڭ تېرىسى (كۆرپىسى) دىن تىكىلىدۇ. يەنى قوزىنىڭ يۇمران تېرىسى ئاشلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن قاسقانلىق ئېلىنىدۇ. ئىچىگە يېرىم قىرقىۋېتىلگەن ئاق ياكى بوز قوينىڭ تېرىسىدىن ئەستەرلىك ئېلىنىدۇ. تەلپەكنىڭ ئاستى جىيىكىگە ئىككى سانتىمېتىر ئەتراپىدا تەكشى كىرپىك تۇتۇلىدۇ. تۆپە تەرىپىگە قارا چىبەرقۇتتىن تۆت تالالىق قىلىپ تۆپىلىك تۇتۇلىدۇ. قىشلىقى قېلىنراق (سالۋا تەلپەك دېيىلىدۇ)، يازلىقى نېپىزرەك (يازلىق تەلپەك دېيىلىدۇ) قىلىپ تىكىلىدۇ. كېرىيە ئەرلىرى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق تەلپەكنى كىيىشكە ئادەتلەنگەن. ئۇلار قوي تېرىسىنىڭ قىشتا سوغۇق ئۆتكۈزمەيدىغان، يازدا ئىسسىق ئۆتكۈزمەيدىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. (ئا)

## ئاياغ كىيىم

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاياغ كىيىمى روشەن ئالاھىدىلىككە

ئىگە بولۇپ، ئاساسەن قىشلىق ۋە يازلىق دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ خىلمۇ خىل ئاياغ كىيىملىرى ئىچىدە ئۆتۈك ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۆتۈك ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ «قەھرىمانلىق دەۋرى» دەپ ئاتالغان ئاتلىقلار مەدەنىيەت دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا موزدۇزلۇق قەدىمكى ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر كەسىپلىرى ئىچىدە ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. «موزدۇز» سۆزى ئىران تىللىرىدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، ئۇ موزا — ئۆتۈك، دۇز — تىكمەك دېگەن ئىككى سۆزدىن تەشكىل تاپقان، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئۆتۈكچى دېيىلگەن، ئۇيغۇر تىلىدا، موزدۇزلۇق كەسپىگە ئائىت ئاتالغۇلارنىڭ سانى يۈزگە يېقىن ئىكەنلىكى مەلۇم. ئادەتتە، ئۇيغۇر قول ھۈنەر ـ سەنئىتى كۆپرەك شەھەرلەرگە مەركەزلەشكەن. ئەمما موزدۇزلۇق شەھەرلەردىن تاشقىرى، يېزا ـ قىشلاقلارغىچە كەڭ يېيىلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا پۇتنى ئىسسىق ۋە نەمدىن خالىي قۇرۇق تۇتۇشنى ساغلاملىقنىڭ مۇھىم ئامىلى دەپ ھېسابلايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئەر ـ ئاياللار دېگۈدەك ئۆيدىن تالاغا چىقسىلا تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئۆتۈك ياكى مەسە ـ كالاچ، كېپىش كىيىپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ كالىپچى ئۆتۈك ياكى مەسىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇپ، كۆن (بۇلغار) ياكى خۇرۇمدىن مەخسۇس ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ناھايىتى ماسلاشقان. يەنى ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئۆيىگە گىلەم، شىرداق ياكى كىگىز سېلىپ، ئۈستىگە مېھمان كۆرپىسى سېلىپ قويىدۇ. ئۆيگە كىرگەن ھەرقانداق بىر كىشىنى ھۆرمەت بىلەن كۆرپە ئۈستىگە باشلايدۇ. ئۇيغۇرلاردا مېھمانغا بولسا، ئاياغ كىيىمىنى سېلىپ كۆرپە ئۈستىگە چىقىدىغان ئادەت بولمىسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ رولىنى ئەنە شۇ كالاچ (كېپىش) ئوينىغان. دېمەك، كالاچ (كېپىش) نى سېلىۋېتىپ، پاكىز ئۆتۈك ياكى مەسە بىلەن ئولتۇرىدۇ. نەتىجىدە، ئۆي ئىگىسىنىڭ كىگىز ـ كېچەكلىرى بۇلغانمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ خىل كالاچ ئۆتۈك ياكى مەسىنى ئاسراش رولىنى ئوينايدۇ. ئادەتتە ياشلار مەسە ـ كالاچ كىيمەيدۇ. بۇنداق ئىسكىلاچ مەسىنى ياشانغان مويسىپىتلەر قىش ـ ياز دېگۈدەك پۇتىدىن ئاجراتمايدۇ. ھەرقانداق ئۆتۈك ياكى مەسە كىيگەنلەرنىڭ ھەممىسى يۇمشاق ئاق ماتادا پۇتىغا پايتىما ئورايدۇ. بۇ خىل پايتىما پۇتنى نەملىكتىن ساقلاپ، پۇت تەرلەشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ياشلار ئادەتتە كالاچسىز ئۆتۈك كىيىدۇ. بۇ خىل ئۆتۈك نەپىس ۋە مەزمۇت ئىشلەنگەن بولۇپ، كۆپىنچە كالا خۇرۇمىدا تىكىلىدۇ. قونچى ئۇزۇن بولۇپ، تىزغا چىقىدۇ. رەڭگى قارا ياكى قىزىل بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ پاشنىسى ئېگىز (ئۈچ — تۆت سانتىمېتىر)، بەزىلىرىنىڭ ئارا پاشنا (بىر — ئىككى سانتىمېتىر) بولىدۇ. تۇمشۇقى بۆرەكچە ئارا پاشنىلىق ئۆتۈك خەلق تىلىدا ئورۇسچە ئۆتۈك دېيىلىدۇ. تۇمشۇقى يۇقىرىغا قاراپ تۇرىدىغان قوش تۇمشۇقلۇق ئۆتۈك كافكازچە ئۆتۈك دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر موزدۇزلىرى ئۆتۈكنىڭ چەمنى چاپلىغاندا، قېيىن مىخ قاقىدۇ ياكى موملانغان پىششىق يىپ بىلەن قوش بېخىي قىلىپ تىكىدۇ، بەزى ئۆتۈكلەرنىڭ چەمى بىلەن پېتەكنىڭ ئارىسىغا غاچ ـ غاچ (غاچىلداق) قويىدۇ.

تاغلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئۆتۈك ئورنىدا چورۇق ئاساسلىق ئاياغ كىيىم ھېسابلىنىدۇ. چورۇق ھەم يەڭگىل، ھەم چىداملىق بولۇپ، يول يۈرۈشكە ئەپلىك، بولۇپمۇ تاغلىق رايونلارنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ماسلاشقان. چورۇقنىڭ پاشنىسى بولمايدۇ، چەمى پىششىق ۋە قېلىن بولۇپ، ئات ياكى قوتاز، كالا تېرىلىرىدىن ياسىلىدۇ. قونچى ئەستەرسىز بولۇپ، ئۆزىدىن چىقارغان رەڭلىك بويتاسما بىلەن چىگىپ قويۇلىدۇ. چورۇق نۇسخىسىدا ناھايىتى نەپىس ئىشلەنگەن بوۋاق باللارنىڭ يەنە بىر خىل ئايىغى بولۇپ، ئۇ «پوپۇش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق پوپۇش ناھايىتى يۇمشاق بولۇپ، ئەمدى ئايىغى چىققان بوۋاق باللارغا كىيدۈرۈلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى يازلىق ئايىغى سەندەل كەش دېيىلىدۇ. سەندەل كەش نېپىز خۇرۇم ياكى

شاۋرۇن تىرىدىن ئىشلەنگەچكە، ناھايىتى يەڭگىل بولۇپ، ھازىرقى زامانىنىڭ بەزى سىپتىكىلىك ئاياغلىرىغا ئوخشىشىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەنئەنىۋى ئاياغ كىيىملىرىنى قاراخانىلار دەۋرىدە خاتىرىگە ئېلىنغان ئاياغ كىيىم نۇسخىلىرى بىلەن سېلىشتۇرساق، ئاساسەن ئوخشاشلىق بارلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئالىم مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە «ئوغۇق» سۆزىنى ئىزاھلاپ، «ئوغۇق — ئۆتۈك ياكى مەسىنىڭ ئۈستىدىن كىيىلىدىغان تېرە پايپاق، يەختەردەكتە» دېيىدۇ ( I توم، 91 ـ بەت). بۇ مەلۇمات بىزگە ئۆتۈك، مەسە ھەمدە يۇقىرىقى ئىككى خىل ئاساسلىق ئاياغ كىيىمنى ئاسراش ئۈچۈن ئىشلەنگەن تېرە پايپاق (ئەمەلىيەتتە كالاچ) دىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئاياغ كىيىمنىڭ بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە «تۈركىي تىللاردىۋانى» دا «بۆكۈش» دەپ ئاتىلىدىغان ئايالچە ئۆتۈك، «سامدا» دەپ ئاتىلىدىغان يازلىق سەندەل كەش، «تىزلىق» دەپ ئاتىلىدىغان ھايۋان تېرىسىدىن ئىشلەنگەن چورۇق تونۇشتۇرۇلغان. شۇنداقلا يەنە «تىزىلدۇرۇك — ئۆتۈكنىڭ تۇمشۇقىغا زىننەت ئۈچۈن تاقىلىدىغان تەڭگىلەر» ( I توم، 686 ـ بەت) دېگەن ئىزاھات ئۇچرايدۇ. بۇ مەلۇمات بىزگە ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ، ئۇيغۇرلار ئاياغ كىيىمگە نىسبەتەن يالغۇز پۇتنى مۇھاپىزەت قىلىش مەقسىتى بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئېستېتىك تەلىپىگە ئويغۇنلاشتۇرۇشقا تىرىشقانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر ئۆتۈكى بۈگۈنكى كۈندە يالغۇز ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ئەمەس، يەنە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ئارىسىغىمۇ كەڭ ئومۇملاشماقتا. ھەتتا سەنئەت كىيىمى سۈپىتىدە جاھان سەھنىلىرىدە نامايان بولماقتا. (ئا)

## پوتا باغلاش ۋە چۈمبەل تارتىش

ئۇيغۇر ئەرلىرى بېلىگە پوتا باغلاشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ ھەمدە ئۇنى ئەرلەرگە خاس مەردانىلىك ۋە چەبدەسلىكنىڭ نىشانى، دەپ بىلىدۇ. ئادەتتىكى چاغلاردا ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ پوتىسى ھەر خىل رەڭدىكى يىپ ياكى يىپەك رەختلەردىن ئىشلىنىدۇ. ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى بىردەك بولمايدۇ. تەخمىنەن ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىردىن كۆپرەك، كەڭلىكى ئەللىك سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ياش يىگىتلەر كۆپرەك قىزىل، يېشىل ياكى گۈللۈك، ياشانغانلار قارا رەڭلىك رەختلەردىن پوتا باغلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. پوتا باغلاش ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تاشقى كىيىم ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا پەيدا بولغان. بىزگە مەلۇمكى، ئەرلەرنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىمى ئاساسەن ئۇزۇن بولۇپ، تىزنى يېپىپ تۇرىدىغان ئالدى ئوچۇق تون شەكىللىك كۆڭلەك ياكى تون بولۇپ، ئۇنىڭغا تۈگمە ياكى ئىزما قادىمايدۇ. شۇڭا بۇ كىيىمنى بەلدىن پوتا بىلەن باغلىۋېلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ خىل تون ياكى تونچە كۆڭلەكنىڭ يانچۇقى بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، پوتا يەنە يانچۇق رولىنىمۇ ئوينايدۇ. ئۇيغۇر ئەرلىرى دائىم بېلىدىكى پوتىسىغا نان ياكى باشقا لازىمەتلىك نەرسىلەرنى تۈگۈۋالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ئۇيغۇرلار بەلنى مۇھاپىزەت قىلىشقا بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. بەلگە سوغۇق تېگىپ قېلىشتىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلىدۇ. پوتا باغلاش بەلنى ئاسراشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى بولۇپ، ئۇ بەلگە سوغۇق تېگىش ۋە سوغۇق ئۆتۈپ قېلىشتىن ساقلايدۇ. قورساق سېلىپ كېلەڭسىز سەمرىپ كېتىشنىڭمۇ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يالغۇز ئۇزۇن كۆڭلەك ياكى تون كىيگەن كىشىلەرلا پوتا باغلاپ قالماستىن، كالتە چاپان ياكى خالتا كۆڭلەك كىيىدىغان ياشلارمۇ پوتا باغلايدۇ. ئومۇمەن، پوتا باغلاش ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش ئادىتى ۋە ئېستېتىك تەلىپى بىلەن زىچ باغلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەشرەپلىرىدە مەخسۇس «پوتا ئويۇنى» ئوينىلىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ يۈزىگە چۈمبەل تارتىش ياكى باش ياغلىقى بىلەن يۈزىنى ئوراش ئادىتى ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەسلىدە ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئەرەبلەر ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان. ئېتنىك جەھەتتىن قارىغاندا، يۈزىگە چۈمبەل

تارتىش ياكى ياغلىق بىلەن ئورىۋېلىش ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ تەبىئىي شارائىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئەرەب يېرىم ئارىلى قۇم - بورانلىق قۇرغاق رايون بولۇپ، كۈن نۇرى كۈچلۈك، شۇڭا ئەرەب ئاياللىرى يۈز - كۆزىنى ئاسراش ۋە قۇم - بوراندىن ئۆزىنى ساقلاش مەقسىتىدە يۈزىنى رومال بىلەن ئورىۋېلىشقا ئادەتلەنگەن. كېيىنچە، ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى سىڭىپ كەتكەن. ئىسلام دىنىدا «ئاياللار غەيرىي ئەر كىشىگە يۈزىنى كۆرسەتمەسلىك»، «ئاياللار يۈزىنى ئوچۇق تالا - تۈزگە چىقسا نامەھرەم بولىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش شەرىئەت پەتىۋالىرى بەلگىلەنگەن. ئۆتمۈشتە قازىكالانلار يۈزىنى ياپماي يۈرگەن ئايالنى ئۇچراتسا، تۇتۇۋېلىپ دەررە بىلەن ئۇرغان ياكى سازايى قىلغان. مۇشۇنداق دىنىي ۋاستىلەر بىلەن ئاياللارنى چۈمبەل تارتىشقا مەجبۇرلىغان.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى قويۇق ۋە چوڭقۇر بولغان رايونلار (ئاساسەن قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق شەھەرلەر) دا چۈمبەل تارتىش بىر قەدەر كەڭرەك ئەۋج ئالغان. شەھەردىن چەترەك يېزا - قىشلاقلاردا يۈزىنى ئوراش ئومۇملاشمىغان. يۈزىگە چۈمبەل تارتىش ياكى رومال بىلەن ئورىۋېلىش ئاساسەن ئاياللار تۇرمۇشلۇق بولغاندىن كېيىن باشلىنىدۇ. ئاز ساندىكى خۇراپات ئائىلىلەردە بويىغا يەتكەن (رەسىدە قىزلار) قىزلارنىمۇ يۈزىنى يېپىشقا مەجبۇرلىغان.

چۈمبەل قارا قىل يىپتا توقۇلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى قىرىق سانتىمېتر، كەڭلىكى يىگىرمە بەش — ئوتتۇز سانتىمېتر ئەتراپىدا تۈت چاسا بولۇپ، باش تەرىپىدە باشقا ئىلىپ قويىدىغان ئىلغۇچ يىپى بولىدۇ. ئۇنى كۆپرەك «ئاقپىچا» دەپ ئاتىلىدىغان بەدەننىڭ ھەممە يېرىنى ئوراپ تۇرىدىغان پەرىجە كىيىدىغان ياشقا چوڭراق مۆتىۋەر ئاياللار يۈزىگە بېكىتىدۇ. ئاقپىچىسى يوق ئاياللار يۈزىگە چۈمبەل تارتمايدۇ. چۈمبەل ئورنىغا ئاق داكا رومال ياكى تور رومالنى بېشىغا سېلىپ، شۇ رومالنىڭ بىر تەرىپى بىلەن يۈزىنى ياپىدۇ. چۈمبەل ياكى رومال ئومۇمەن نېپىز توقۇلغاچقا، كۆرۈنۈشكە تەسىر يەتكۈزۈلمەيدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئەر - ئاياللارنىڭ ھوقۇقتا باراۋەرلىكى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ھازىر ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدىكى يۈزىگە چۈمبەل تارتىشتىن ئىبارەت بۇ خۇراپىي ئادەت تەدرىجىي يوقالدى ۋە يوقالماقتا. (ئا)

## ئەرلەر كىيىملىرى

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تېخى ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر ساقال - بۇرۇتىغا تىغ تەگكۈزمەيدۇ. بېلىگە قىزىل ياكى گۈللۈك پوتا باغلاپ، يېنىغا غىلاپلىق پىچاق ئاسىدۇ.

توي قىلغاندىن كېيىن بۇرۇتىنى ياستىپ «چاشقان بۇرۇت» قويىدۇ. ئەمما ساقال قويمايدۇ. ئۆتۈك كىيىدۇ.

خوتۇنىنى قويۇۋەتكەن بويتاق يىگىتلەر بېلىگە سېرىق پوتا باغلايدۇ. بۇ بويتاق ئىكەنلىكىنىڭ ئىشارىتى.

ئادەتتە بالىلىق بولغان ئەرلەر كىچىك «كەكەساقال» (بودەك ساقالمۇ دېيىلىدۇ) قويۇۋالىدۇ. نەۋرىلىك بولغاندا بۇرۇتى بىلەن ساقىلىنى تۇتاشتۇرىدىغان «نۇقتىلىق ساقال» قويىدۇ ھەم داقال (ئاستىن كالپۇك تۈكى) نى قويۇۋېتىدۇ. بېشىغا بادام دوپپا ياكى باشقا خىلدىكى گۈللۈك دوپپا كىيىدۇ.

ياشانغان ئەرلەر چوڭ ساقال قويۇپ، گۈللۈك دوپپا كىيمەي قارا ياكى يېشىل سىدام دوپپا كىيىدۇ. تەقۋادارلىرى بولسا بېشىغا سەللە ئورايدۇ، ئۇزۇن تون چاپان كىيىدۇ.

ئومۇمەن قىرىق ياشتىن ئاشقان ئەرلەر ئۆزىگە لايىق ساقال قويمىسا ئاما ئارىسىدا سۆز - چۆچەككە قالىدۇ. «سۆز كۆركى — ماقال، ئەر كۆركى — ساقال» دېگەن تەمسىل مۇشۇ ھالەتكە قارىتىلغان.

يۇقىرىدىكى بەلگىلەرگە قاراپ ئەرلەرنىڭ ياش ئۆلچىمى، تۇرمۇش ئەھۋالىغا باھا بەرگىلى بولىدۇ. (ئا)

## قەدىمكى سەنئەت كىيىم - كېچەكلىرى

كىيىنىش ئادىتى ھاياتلىق ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ، بەدەننى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئۆزىنى بېزەشتىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم ئېتىنىك ئالاھ-

دىلىككە ئىگە .

كىيىنىش ئادىتى يالغۇز تارىخىي ۋارىسچانلىققا ئىگە بولۇپلا قالماستىن ، شۇنداقلا يەنە دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ . قەدىمكى تارىخىي خاتىرلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى كىيىنىش ئادەتلىرى ، هازىرقىدىن ناھايىتى زور پەرق قىلىدۇ . ئالايلۇق ، سۇي ـ تاڭ دەۋرلىرىدە سەنئەت كىيىملىرى ھەرقايسى رايونلارنىڭ پەرقلىق بولۇپ ، قەشقەر ئاياللىرى ئەشمە چاچ ، يان ماڭلاي ، چېكە ماڭلاي چاچ قويغان ؛ بېشىغا ئالتۇن نەقىشلىك قىسقا گۈللۈك تاج ، گۈللۈك جىغا قادىغان ؛ قولىغا ئۈزۈك ، بىلەزۈك سېلىپ ، بوينىغا مارجان ، زوننار ئاسقان ، گۈللۈك ئۇزۇن كۆڭلەك ئۈستىگە ئالدى پەش ۋە ياقىلىرىغا كالۋۇتۇن يىپ بىلەن نەقىش ئويۇلغان كەمزۇل ـ جىلىتكە كىيگەن ، پۇتىغا گۈل پۇچقاقلىق تامبال ۋە قوش تۇمشۇقلۇق قىزىل ئۆتۈك كىيگەن . ئەرلەر بولسا تون ، پەشمەت ، يەكتەك ، ئالدى پەشلىرى ۋە ياقا ـ يەڭلىرىگە گۈل نەقىشلەنگەن كۆڭلەك ، گۈل پۇچقاقلىق تامبال ، قىزىل ئۆتۈك ، گۈللۈك دوپپا كىيگەن . ساقال ـ بۇرۇت قويغان ، بەللىرىگە پوتا ـ بەلباغ ۋە نەقىشلىك كەمەر باغلىغان ، يېنىغا خەنجەر ئاسقان .

كۇچا ئاياللىرى ئېگىز تۈرمە چاچ ، يان ماڭلاي چاچ ، چېكە ماڭلاي چاچ ، گىجىم (بۇدۇر) چاچ ۋە ئەشمە چاچ قويۇپ ، بېشىغا ئالتۇن جىرغا ، گۈل قاداق ، گۈللۈك تاج قادىغان ، قوللىرىغا ئۈزۈك ، بىلەزۈك سالغان ، بېلىگە نەقىشلىك كەمەر ياكى پوتا باغلىغان ، پۇتىغا قىزىل ، قارا ئۆتۈك ياكى باسماق كىيگەن . ئۈستىگە نىمچە ـ كەمزۇل ، جىلىتكە ، گۈل پۇچقاق تامبال كىيىپ ، ئۈستىگە تور يوپۇق تارتقان ، ئەرلىرى گۈللۈك ئەرەنچە كۆڭلەك ، دوپپا ، گۈل پۇچقاقلىق تامبال ۋە رارا ئۆتۈك كىيگەن . ساقال ـ بۇرۇت قويغان ، ئەر ـ ئايال سەنئەتچىلەر چېكىسىنى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەنئەنىسى بويىچە قارا تاۋار ياغلىق بىلەن تېڭىۋالغان . بۇنداق كىيىنىش ئادىتى قاراخانىلار دەۋرىگە كەلگەندە يەنە مەلۇم ئۆزگىرىشلەر ياسىغان . بۇ ھالنى بىز تارىخىي رومان «سۇتۇق بۇغراخان» دا تەسۋىرلەنگەن شاھزادىنىڭ تۆۋەندىكى تەسۋىرى سۈرىتىدىن كۆرەلەيمىز : «بېشىنىڭ چوققىسىغا تۈرمەكلىۋالغان يىرىك ، قارا ، ئۇزۇن چېچىنى باستۇرۇپ كالۋۇتۇن بىلەن كەشتە بېسىلغان تەيتۇللا بوغمىچا چىگىكەن ، ئۈچىسىغا يېشىل يىپەك تون كىيگەن . توننىڭ تۆز ياقىسىدىن ئېتىكىگىچە ئالتۇن رەڭ مەشۇتتىن كەشتە تىكىلگەن ، خۇددى شۇنداق كەشتە كەڭ يېڭىدىمۇ جۇلالىنىپ تۇرىدۇ . ئالتۇن توقىلىق كەڭلىكى تۆت ئىلىك كېلىدىغان يىپەك بەلبېغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۈچ غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا كۈمۈش قىنلىق ، تۈچ ساپلىق خەنجەر ئېسىلغان . ئۇنىڭ سېپىغا سەدەپ قويۇلغان . جۈپ تىللىق قامچىسىنى ئاتقا ئۇرماي پات ـ پات سىلكىپ قويۇشى ۋە ئۇچلۇق تۇمشۇقىغا مىس قاپلانغان تۈچتىن ئىشلەنگەن دۈڭكۆچى بار ئۆتۈكلۈك ئايىغى ...» مانا بۇ تەسۋىرلەر قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش ئادىتىدىن خەۋەر بېرىدۇ . (ئا)

# Ⅲ ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرى

## ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى

يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى . ئۇ مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە ، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئەكس ئېتىدۇ .

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئۆزلىرى ياشىغان ئىقلىم شارائىتىغا ۋە ئوزۇقلىنىش ئادىتىگە ئاساسەن ، نۇرغۇنلىغان تاماق ئېتىش ھۈنەر ـ سەنئىتىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان نۇرغۇنلىغان ئەنئەنىۋى تاماقلارنى ئىجاد قىلغان .

ئۇيغۇر خەلقى تاماق ئېتىش سەنئىتىگە ، تاماقنىڭ تازىلىقىغا ۋە تەملىك بولۇشىغا ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن .

ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ تۈرى كۆپ . ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىدە گۆش ۋە ئاشلىق بىلەن قىلىنغان تاماق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ .

ئۇيغۇرلارنىڭ بىرقەدەر قەدىمىي ئەنئەنىۋى تاماقلىرى ھەققىدە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بەزى مەلۇماتلار بار . مەسىلەن ، توقۇچ ( Ⅰ توم ، 464 ـ بەت) ، چۆرەك ( Ⅰ توم ، 504 ـ بەت) سۆزلىرىگە «توقاچ» دەپ ئىزاھ بېرىدۇ . كۆۋشەك ( Ⅰ توم ، 628 ـ بەت) دېگەن سۆزنى «بولدۇرغان نان» دېسە ، چوقمىن ( Ⅰ توم ، 578 ـ بەت) دېگەن سۆزنى «ھور نانىنىڭ بىر خىلى» دەپ ئىزاھلىغان . كۆمەچ ( Ⅰ توم ، 567 ـ بەت) سۆزنى «كۈلگە كۆمۈپ پىشۇرۇلىدىغان نان» ، سىنچۇ ( Ⅰ توم ، 544 ـ بەت) ، «گىردە بىلەن ھەمەك ئارىسىدا بولىدىغان بىر خىل نان ، خۇيلىما نان» ، پوسكەچ ( Ⅰ توم ، 590 ـ بەت) «كاكچى» قاتما « Ⅰ توم ، 564 ـ بەت) ۋە يۇغا ( Ⅲ توم ، 34 ـ بەت ) سۆزلىرىگە «قاتلىما» ، «ياغدا پىشۇرۇلىدىغان نېپىز نان» دەپ ئىزاھ بېرىلگەن . ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكىلەرنى

تونۇشتۇرىدۇ :

تۇرمەك ( Ⅰ توم ، 622 ـ بەت) — تۇرمەل .

سارماچۇق ( Ⅰ توم ، 683 ـ بەت) — «قۇشقاچ تىلى ئاش ، سۇيۇقئاشنىڭ بىر تۈرى» .

ئۈگرە ( Ⅰ توم ، 171 ـ بەت) — «سۇيۇقئاشنىڭ بىر تۈرى» .

سوغۇت ( Ⅰ توم ، 462 ـ بەت) — «ھېسىپ ، ئۈچەي ئىچىگە گۈرۈچ ، گۆش ۋە دورا ـ دەرمان سېلىپ قىلىنىدىغان يېمەكلىك » .

سوقتۇ ( Ⅰ توم ، 543 ـ بەت) — «ھېسىپنىڭ بىر خىلى ، جىگەر بىلەن گۆشكە دورا ـ دەرمان ئارىلاشتۇرۇپ ئۈچەيگە تىقىلىدۇ . ئاندىن پىشۇرۇپ يېيىلىدۇ» .

تۇتماچ ( Ⅰ توم ، 590 ـ بەت) — «چۆپ ، تۈركلەرنىڭ ئاتاقلىق تاماقلىرىنىڭ بىرى» .

قوۋۇت ( Ⅲ توم ، 233 ـ بەت) — «قاغۇت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ . تۇغۇتتا خۇنسىراپ كەتكەن ئاياللارغا بېرىلىدىغان تاماق . بۇ تاماق قورۇلغان تېرىق ئۇنىنى ياغ بىلەن شېكەرگە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ » .

توپىق ( Ⅰ توم ، 492 ـ بەت) — «قوينىڭ توپىق سۆڭىكىدىن قىلىنىدىغان غىزا» .

كۆرشەك ( Ⅰ توم ، 625 ـ بەت ) — «سوكنى سۇ ياكى سۈتتە قاينىتىپ ، ئۈستىگە ياغ قويۇپ يېيىلىدىغان بىر خىل تاماق» .

بولدۇنى ( Ⅰ توم ، 625 ـ بەت) — «ئىچىگە قۇرۇق ياكى ھۆل ئۈزۈم سېلىپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل يېمەكلىك» .

سۇرۇش ( Ⅰ توم ، 477 ـ بەت) — «چۈرۈش بۇغداي باشقىنى دېنى قېتىشتىن ئىلگىرى ئۈزۈۋېلىپ ، ئوتتا پۇچۇلاپ يانجىپ يېيىلىدىغان يېمەكلىك » .

بۇلغاما ( Ⅰ توم ، 640 ـ بەت ) — « ياغسىز ۋە

تەمسىز بولماق » .

قوغۇرماچ ( I توم ، 137 ـ بەت) ـــ «قېتىق بىلەن سۈت ئارىلاشمىسى ، ئىچى قېتىپ قالغان ئادەملەرنىڭ ئىچىنى سۈردۈرۈش ئۈچۈنمۇ ئىچكۈزۈلىدۇ» .

بۇخسى ( I توم ، 551 ـ بەت) ـــ «بىر خىل يېمەكلىكنىڭ ئىسمى . بۇ يېمەكلىك مۇنداق تەييارلىنىدۇ : قاينىتىپ ئېلىنغان بۇغداينىڭ ئۈستىگە بادام مېغىزى سېلىنىدۇ . ئاندىن ھەسەل ۋە سۈت بىلەن قىلىنغان بولماقنى قويۇپ ، شۇ پېتى ئىچىلىدۇ » .

ياماتا ( I توم ، 580 ـ بەت) ـــ «قۇيماق خېمىرىغا ئوخشاش سۇيۇق قىلىپ چېلىنىدىغان بىر خىل خېمىر . سېمىز توخۇنى ياكى سېمىز گۆشنى قورۇغاندا ياكى كاۋاپ قىلغاندا ، يېغى ئېقىپ كەتمىسۇن دەپ ، ئۇنىڭغا شۇ خېمىر سۈرتۈلىدۇ »

سىم سىراق ( III توم ، 187 ـ بەت) ـــ «بىر خىل تاماق ، باش پىشۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئۇششاق توغرىلىپ ، دورا ـ دەرمان ئارىلاشتۇرۇپ بىرقاچىغا سېلىنىدۇ ۋە ئۈستىگە ئاچچىق قېتىق قۇيۇلۇپ سىڭىشكەندىن كېيىن يېيىلىدۇ».

يازۇق ( III توم ، 19 ـ بەت) ـــ «كۈزدە ھەر خىل دورا ـ دەرمانلار بىلەن قورۇتۇپ قويۇلۇپ ، ئەتىيازدا يېيىلىدىغان قاق گۆش» .

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك مىللىي ئىچىملىكلىرىدىن قۇملاق ( I توم ، 620ـ بەت) «ھەشقىپېچەككە ئوخشىشىدىغان بىر ئۆسۈملۈك . ئۇنىڭغا ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ شاراب ياسىلىدۇ » . قىبمىز ( I توم ، 474 ـ بەت) ، «تۇلۇمدا ئېچىتىپ ئىچىلىدىغان يىلقا سۈتى» ، بوخسۇم ( I توم ، 631 ـ بەت) «بوزا ، تېرىقتىن ياسىلىدىغان ئىچىملىك» ، ئاغارتقۇ ( III توم، 600ـ بەت) ـــ «بۇغداي يارمىسىدىن ياسالغان بوزىغا ئوخشاش ئىچىملىك» قاتارلىقلارنىڭ نامى ئۇچرايدۇ .

يۇقىرىقىلار «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تىلغا ئېلىنغان X ئەسىردىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر تاماقلىرىنىڭ پەقەت بىر قىسمى . 1985 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر تائاملىرى» دېگەن كىتابتا ئۈچ يۈز خىلغا يېقىن تاماق تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭ تەييارلىنىش ئۇسۇلى ، خۇرۇچى قاتارلىقلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان .

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىدىكى كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى شۇكى ، مەلۇم ئائىلىدە ياخشىراق تاماق ئېتىلسە ، ئۇنىڭدىن نېسىۋە قىلىپ ، يېقىن قولۇم ـ قوشنىلارغا ئۆزئارا تاماق چىقىرىپ تۇرۇش ئادىتى بار . شۇنداقلا بەزى يېڭى تاماقلارنى ، مەسىلەن ، باشقىلاردىن بۇرۇن تەييارلىغان كۆك چۆچۈرىسى ، كۆدە مانتىسى ، قاپاق مانتىسى ، يالپۇز جۇۋاۋىسى قاتارلىق تاماقلارنى تۇغقانلار ياكى يېقىن ئەل ئاغىنىلەرنىڭ ئۆيىگە «يېڭىلىق تۇتىدىغان » ئادەت بولۇپ ، «يېڭىلىق تۇتۇش» ياخشى كۆڭۈل ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنىڭ ئىپادىسى .

ئۇيغۇرلاردا تاماققا قوشۇپ ئېچىتقۇلۇق ئىچىملىكلەرنى ئىچىش ئادىتى ئومۇملاشمىغان . بولۇپمۇ ئىسلام شەرىئىتىدە ھاراققا ئوخشاش مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچىش مەنئى قىلىنغاچقا ، ئىسلامىيەتتىن كېيىن ، ئۇيغۇرلارمۇ بۇ قانۇنىيەتكە ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلگەن . ئەمما ئۇزۇقلۇق سۈپىتىدە يەرلىك ئۇسۇلدا قۇرۇق ياكى ھۆل ئۈزۈمدىن مۇسەللەس ، مەيزاپ ئىشلەش ئەنئەنىسى ھازىرغىچە بەزى رايونلاردا داۋاملىشىپ كەلگەن . بۇ خىل ئىچىملىكلەرگە غەيرىي ئىسپىرتلىق ئېچىتقۇ ئارىلاشتۇرمايدۇ .

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىدىكى بۇنداق ئالاھىدىلىكلەر ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا شەكىللەنگەن بولۇپ ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ نىسپىي ھالدا ئۆزگىرىدۇ ۋە يېڭىلىنىدۇ . مەسىلەن ، ئۇيغۇرلار قەدىمدىن باشلاپ ، قورۇما تاماقلارنى يېيىشكە ئادەتلەنمىگەن . مىللەتلەر ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىگە قورۇلغان سەي تۈرلىرىمۇ خېلى كەڭ سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى . لېكىن قورۇما سەيلەرنىڭ تۈرى ، ماتېرىيالى ۋە تەمى جەھەتتىن يەنە مەلۇم مىللىي ئالاھىدىلىك مەۋجۇت .

تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى تاماق تۈرلىرىدىن بىرقانچىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز . (ئا)

## ئائىلە تاملىقى

ئۇيغۇرلارنىڭ تاماق ئادىتى ئەتىگەن ، چۈش ، كەچتىن ئىبارەت ئۈچ ۋاخ بولىدۇ . يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ . كۈنلۈك ئوزۇقلىنىش ئادىتى ئادەتتە ئىككى ۋاخ نان بىلەن چاي ئىچىدۇ ، كەچتە تاماق ئېتىپ يەيدۇ (ھازىر چۈشتە تاماق ئېتىپ يېيىش ئادىتى ئومۇملاشتى ). ئۇيغۇرلار سەھەر تۇرۇپ يۈز ـ قوللىرىنى يۇيۇپ ساپ ھاۋادىن بەھرىمەن بولىدۇ (چوڭلار تەرەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ ) ، ئاندىن يىغىلىپ چاي ئىچىشكە باشلايدۇ . ئەتىگەنلىك چايدا ئىمكانىيىتى بار ئائىلە سۈتلۈك چاي ياكى قايماقلىق چاي تەييارلايدۇ . ئائىلە ئەزالىرى ھۆرمىتى بويىچە چازا قۇرۇپ ، داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرىدۇ . چاي چوڭ چىنىگە قۇيۇلغان بولسا ناننى چىلاپ ، كىچىك چىنىدە بولسا توغۇرۇپ ئىچىلىدۇ .

چۈشلۈك چاي تارقاق بولۇپ ئېتىزدا چاي بىلەن نان ياكى قېتىق بىلەن نان يېيىلىدۇ. ياز پەسلىدە قوغۇن ـ تاۋۇز بىلەن نان يېيىلىدۇ .

كەچتە ، ئائىلە ئەزالىرى ئەمگەكتىن قايتىپ يىغىلغاندىن كېيىن ، قوللىرىنى يۇيۇپ ، ئائىلە تەرتىپى بويىچە داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرىدۇ . تەييارلانغان تاماق كەلتۈرۈلىدۇ . تاماقتىن كېيىن ، لەگمەن بولسا ئاش سۈيىنى ، پولۇ ، مانتا قاتارلىقلار بولسا سىنچاي ئىچىدۇ .

ياز كۈنلىرى تاماقتىن كېيىن ھەر خىل ھۆل مېۋىلەرنى يەيدۇ .

ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە قوشۇمچە يېمەكلىكلىرىدە ، ئائىلە ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ قۇرۇق ئۈزۈم ، ياڭاق مېغىزى ، ھەر خىل مۇراببا ، قەنت ، ناۋات بىلەن چاي ئىچىش ، ھۆل ئۈزۈم بىلەن يۇمشاق توقاچ نان يېيىش ئادىتى خېلى ئومۇملاشقان .

ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە تاملىقى گۆشلۈك ياكى گۆشسىز بولسۇن ، كۆپ خىل بولۇپ ، ھەر كۈنى مۇمكىن قەدەر ئوخشاشمىغان بىر خىل تاماق ئېتىلىدۇ . سەيلىك قورۇما تاماقلار كۆپ ئىستېمال قىلىنمايدۇ .

## مېھمان تاملىقى

ئۇيغۇر خەلقىدىكى مېھماندوستلۇق قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئېسىل ئەنئەنىلەرنىڭ بىرى . ئۇيغۇر خەلقى مېھمان كەلسە « رىزقىنى ئېلىپ كېلىدۇ » ، مېھمان كەلسە « بەخت كېلىدۇ » دەپ قارايدۇ . شۇڭا ھەرقانداق شارائىت ئاستىدا مېھمان كەلسە قىزغىن قارشى ئالىدۇ . ئۆيدە بارىنى مېھمانغا ئاچىقىدۇ ، يوقنى تەييارلايدۇ .

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا « كۆركەم ، چىرايلىق تونۇگىنى ئۆزۈڭ كىي ، تاتلىق ئېشىگنى باشقىلارغا بەر ، مېھماننى ئىززەتلە ، شۆھرىتىڭنى ھەممىگە يايسۇن » ( I توم ، 64 ـ بەت ) دېسە ، يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ « قۇتادغۇبىلىك » داستانىدا مېھماننى ياخشى كۈتۈش ھەققىدە مۇنداق دېگەن :

6446 . قىچىرماق بولۇرسەن ئەگەر كىشىنى ،
قىچىر ، ياخشى قىلغىن كۈتۈش ئىشىنى .
سېلىپ كۆرپە ، داستىخان ، قاچا تازا قىل ،
يېمەك ـ ئىچمىكىگنى ئوبدان خىللىغىن .

ئۇيغۇر خەلقى چاقىرىلغان مېھمان ياكى تاسادىپىي كېلىپ قالغان مېھمان بولسۇن ، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئوخشاش قەدىرلەپ كۈتىدۇ . مېھماننى ئەڭ ئېسىل ، ياخشى تاماق ، ياتاقلار بىلەن كۈتۈشتىن تاشقىرى ، ئات ـ ئۇلاغلىرى بولسا ئۇنىڭغا ياخشى قارايدۇ .

ھەرقانداق ئائىلە مېھمان كەلگەن ھامان ، ئۇنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ داستىخان سالىدۇ ، ئالدى بىلەن ، سىنچاي بىلەن كاكچا نان ياكى قاتلىما نان قويىدۇ ، چېيىغا قەنت ياكى ناۋات سالىدۇ . ئاندىن ئۆز ھالىغا قاراپ سۈتلۈك چاي ياكى ھالۋا ئېتىپ كىرىدۇ . چايدىن كېيىن ، ياز بولسا ھۆل مېۋە كەلتۈرىدۇ ۋە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مېھماندىن قانداق تاماق يېگۈسى بارلىقىنى سورايدۇ . مېھمان خالىغان تاماقنى ئېتىدۇ . ئەگەر مېھمان تۇزۇت قىلىپ تاماق بۇيرۇمىسا ، ئۆزلىرى

ياخشى كۆرىدىغان تاماقلار، مەسىلەن، كاۋاپ، پىتىر مانتا، بولاق مانتا، پولۇ، ئۈگرە، چۆچۈرە، لەگمەن دېگەندەك تاماقلاردىن بىرىنى ئېتىدۇ (بۇ ئەلۋەتتە ئائىلە ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ). كۆپ ھاللاردا مېھمان تامىقى جۈپ بولۇپ، پولۇ ئەتسە ئارقىدىن ئۈگرە، شورپا سالسا ئارقىدىن چۆچۈرە دېگەندەك تاماقلار قوشۇپ ئېتىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئادىتىدە، ئەگەر مېھمان تۈن يېرىمىدە كېلىپ قالسىمۇ، ھېچقانداق ئېرىنمەي ھاردۇق ئېشى دەپ، ئۈگرە، مەنچىزە قاتارلىق سۇيۇق تاماق ئېتىپ بېرىش ئەنئەنىسى بار. چاقىرىلغان ئايال مېھمانلار بولسا ياخشى كۈتۈشتىن تاشقىرى مېھمانلار قايتىش ۋاقتىدا پولۇ، مانتا قاتارلىق تاماقلاردىن زەللە قىلىدۇ. (ئاش يۈگەيدۇ). ئەر مېھمانلارغا پىششىق گۆش بىلەن نان ئالدۇرۇش، ئەڭ بولمىغاندا ئىككى نان تۇتۇش ئادىتى بار.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنە بىرەر ئۆيگە مېھمان كەلسە بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قولۇم ـ قوشنىلىرى مېھمان ئالدىغا كىرىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، نۆۋەت بىلەن بۇ مېھمانلارنى ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىدىغان ئادەت بار. تەكلىپ قىلغان قوشنىلار مېھمان ھۆرمىتىگە ئاتاپ بىرەر خىل ياخشى تاماق تەييارلايدۇ. بۇ ئادەت بولۇپمۇ يېزىلاردا كەڭ ئومۇملاشقان. قىسقىسى «تاپقىنى قوي ئۆلتۈرۈر، تاپمىغىنى چۆجە ـ خوراز» دېگەندەك، ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ ھالىغا قاراپ، مېھماندىن ھېچ نەرسىسىنى ئايىماي، ساخاۋەت بىلەن داستىخان سالىدۇ. (ش)

## ھېيت ـ ئايەم يېمەكلىكلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئىچىدە ھېيت ـ ئايەم، توي ـ تۆكۈن، مۇراسىملار ۋە سەيلە ـ باراۋەت يېمەك ـ ئىچمەكلىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، روشەن مىللىي تۈسكە ئىگە.

ھەربىر ھېيت ـ ئايەمنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى تاماقلىرى بار. مەسىلەن، «نورۇز» كۈنى بۇغداي يارمىسىدىن قىلىنىغان مەخسۇس «نورۇز كۆجىسى» ئېتىپ، كوللېكتىپ ئېغىز تەگكۈزىدۇ. دېھقانلار كالېندارى بويىچە ھوشۇر ئېيىدا مول ھوسۇل خاتىرىسى ۋە دىنىي ئەقىدە بويىچە كۆكباش يارمىسى بىلەن گۆلە، جىگدە، قاق، گۆش، ھەر خىل قۇرۇق گۆلە ـ قاق سېلىنغان «كۆجە» ئېتىدۇ ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ياغ پۇرىتىپ يېت (پوشكال) سالىدۇ.

مەۋلۇت ئېيىدا ياغ پۇرىتىپ پولۇ ۋە باشقا تاماقلارنى ئېتىپ دۇئا ـ تەكبىر قىلىدۇ.

بارات ئېيىدا ھەر بىر ئائىلە ياغ پۇرىتىپ قۇيماق سالىدۇ ۋە باشقا ئېسىل تاماقلارنى ئېتىپ تۈنەيدۇ.

رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش مۇناسىۋىتى بىلەن زولۇق ۋە ئىپتار ۋاقتىدا خىلمۇ خىل ياخشى تاماقلارنى ئېتىپ، روزا تۇتىدۇ، ئىپتار قىلىدۇ.

روزا ھېيت كۈنى ئەتىگەندە ھەرقانداق ئائىلە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تاماقلىرىنى ئېتىش بىلەن روزىنى ئۇزاتتۇق، دېيىشىدۇ. يەنە، روزا ھېيت ئۈچۈن، ساڭزا، پېچىنە ـ پىرەنىك، پوشكال، سامبۇسا، قەنت ـ گېزەك، ھۆل، قۇرۇق يېمەكلىكلەرنى تەييار قىلىدۇ. ئۆيمۇ ئۆي پەتىلەپ، خىلمۇ خىل نازۇ نېمەتلەرگە ئېغىز تەگكۈزىدۇ. روزا ھېيتتا گەرچە قۇربانلىق قىلىنمىسىمۇ، ھەربىر ئائىلە ئۆزىنىڭ ھالىغا يارىشا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تاماقلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

قۇربان ھېيت ئالاھىدە بولۇپ، قۇربى يەتكەن ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى قۇربانلىق قوي سويىدۇ. بۇ كۈندىكى تۇنجى تاماق قۇربانلىق قىلىنغان قوينىڭ دۈمبە جىگىرى بولۇپ، ئاندىن پىشۇرۇلغان گۆش يېيىلىدۇ. قۇربانلىق قىلغان ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆپكە ـ ھېسىپ قۇيۇلىدۇ. قۇربانلىق قىلىشقا قۇربى يەتمىگەن يوقسۇل ئائىلىلەر بولسا ھەرقايسى قوي سويغان ئائىلىلەر كىرگۈزگەن خامتالاش (خام تارقىتىلغان) گۆشنى پىشۇرۇپ يەيدۇ. ھەرقانداق ئائىلە گۆشسىز قالمايدۇ.

باللارغا ئىسىم قويۇش (ئات) تويىدا، ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن ئۈچۈن لەگمەن قاتارلىق تاماق ئەتسە، قىرىق تويىدا باللار ئۈچۈن مەخسۇس ئاتىلا ئېتىپ كىچىك توقاچلار بىلەن بېرىدۇ.

سۈننەت تويىدا، كۆپ مېھمان چاقىرىپ قوي،

كالا سويۇپ ئاش ( پولۇ ) ئېتىشتىن تاشقىرى ، ئائىلىدە تۇخۇم يېيىش ئەنئەنىسىمۇ بار . قىز ـ يىگىت تويلىرىدا ئاساسىي تاماق پولۇ بولىدۇ . بىر لېگەن ئاش ئۈچ كىشىگە قويۇلىدۇ . توي داستىخىنى ھەر خىل ناز ـ نېمەتلەر بىلەن تولىدۇ . ئاياللار داستىخىنى ئېخىمۇ مولراق بولىدۇ . بەزى جايلار (جەنۇبىي شىنجاڭ ) دا ئاياللارغا ئىشالا قويۇش ، نان قورداق قىلىش ئادەتلىرىمۇ بار .

توي چېيى قاتارلىقلاردا پولۇ ۋە قورداق ئېتىلىدۇ ، دېمەك ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھېيت ـ ئايەم ، توي ـ تۆكۈن تاماقلىرى ئالاھىدە بولۇشتىن تاشقىرى يەنە مول بولىدۇ . (ش )

## تاماق بىلەن كېسەل داۋالاش

ئۇيغۇرلاردىكى تاماق بىلەن كېسەل داۋالاش ، كېسەل ئەھۋالىغا قاراپ ، يېمەك ـ ئىچمەكنى مۇۋاپىق تەڭشەش ، پەرھىز تۇتۇش ئارقىلىق كېسەلگە خىل كەلمەيدىغان تاماقلارنى چەكلەش ئارقىلىق كېسەلنى يەڭگىللىتىش ۋە ھەر خىل شىپالىق يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى بېرىش ئارقىلىق بەدەن قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇپ تېزرەك ساقىيىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان .

ئۇيغۇرلار كېسەلنى تاماق بىلەن داۋالاشتا ، كېسەلگە مۇۋاپىق تاماقنى ئۈچكە بۆلىدۇ : ① غىزايى مۇتلەق : ئوزۇقلۇق رولىنىلا ئوينايدىغان يېمەكلىكلەر . ② داۋائى غىزايى : ئالدى بىلەن داۋالىق رولىنى ، كېيىن ئوزۇقلۇق رولىنى ئوينايدىغان داۋالىق يېمەكلەر . ③ غىزايى داۋائى: ھەم ئوزۇقلۇق ، ھەم داۋالىق رولىنى ئوينايدىغان يېمەكلىكلەر .

غىزايى مۇتلەق : ئوزۇقلۇق رولىنى ئوينايدىغان ۋە قۇۋۋەت بولىدىغان يېمەكلىكلەر غىزايى مۇتلەق دېيىلىدۇ . بۇلار ، سۈيۇق ، يۇمشاق ، ئاسان سىڭىدىغان ، ھەجمى ئاز ، قۇۋۋەتتى كۆپ يېمەكلىكلەر . مەسىلەن ، چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم ، كۆپ خىللىق دورا ـ دەرمان بىلەن تەييارلانغان گۆش شورپىسى ، كەكلىك ، قۇشقاچ ، چۆجە ، مۇجۇلغان ئۈزۈم شەربىتى ، ئانار ، ئالما ، ئامۇت ، نەشپۈت قاتارلىق مېۋە مۇرابباللىرى ، بۇغداي ئۇنى تامىقى ، شوۋىنگۈرۈچ ، سېرىقماي ، كالا سۈتى ، يۇمشاق پىشۇرۇلغان قوي گۆشى ، بېلىق ، پالەك ، يېسۇئىلەك ، شوخلا ، سۆكپياز قاتارلىقلار .

داۋائى غىزايى : قىزىلگۈل ، پىننە ، رەيھان بىلەن ياسالغان گۈلقەنت ، قىيامىلار ، ئەنجۈر ، ئالما ، بېھى ، ئامۇت ، سەۋزە ۋە باشقىلاردىن ياسالغان مۇراببا ، بادام ، نوقۇت ، ياڭاق تالقانلىرى قاتارلىقلار ئالدى بىلەن داۋالىق، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوزۇقلۇق رولىغا ئىگە يېمەكلىكلەردۇر . گۈلقەنت ئاشقازان ، ئۆچەي يوللىرى ، ھەزىم قىلىش تەس ، جىگەر ، بۆرەك ، ئۆپكە سىل ، ئۆپكە ھاۋا يوللىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى ، ئۆپكە يەللىك ئىششىقى ، دەم سىقىلىش كېسەللىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىن ئېتىدۇ .

غىزايى داۋائى : چامغۇر ، تۇرۇپ ، سەۋزە ، شوخلا ، پالەك ، يېسۇئىلەك قاتارلىق كۆكتاتلار ئالدى بىلەن ئوزۇقلۇق ، ئاندىن داۋالىق رولىنى ئوينايدۇ . بۇلار سۈيدۈك ھەيدەش ، قەۋزىيەتنى يوقىتىش ، سەپرانى پەسەيتىش ، ئىشتىھانى ئېچىش رولىغا ئىگە .(ش )

## پەرھىزلىك تاماقلار

ئۇيغۇرلار تارىخىي تەجرىبىسىگە ئاساسەن ، كېسەللەرنى شىپالىق ئوزۇقلۇق تاماق بىلەن داۋالاشتىن تاشقىرى ، پەرھىزلىك تاماق بىلەنمۇ داۋالايدۇ .

پەرھىزلىك تاماقلار دېگىنىمىز ، كېسەللىك خاراكتېرىگە ئاساسەن « زىيان قىلىدۇ » دېيىلىپ ، يېيىش چەكلەنگەن تاماقلارنى كۆرسىتىدۇ . مەسىلەن ، قان بېسىم ، جىگەر ، بۆرەك ، ئۆت ، يۈرەك كېسەللىكلىرى مايلىق گۆشنى پەرھىز قىلىدۇ . ئۇششاق يارا ، تەمرەتكە ، دانىخورەك ، بوۋاسىر قاتارلىق يەرلىك كېسەللەر ئاچچىقسۇ ، لازا ، جاڭيۇلاردىن پەرھىز قىلىدۇ .

يۇقىرى ھارارەتلىك ( ئىسسىق دەپ قارالغان ) كېسەللەر ياغدا قورۇلغان گۆش ، تۇخۇم ، ئۆردەك ، غاز ، كەپتەر گۆشلىرىنى پەرھىز قىلىدۇ .

ئۇيغۇرلار كونا گۆش ، ئورۇق قېرى كالا ، قېرى ئۆچكە ، قېرى ساغلىق ، ئورۇق توخۇ گۆشلىرىنى زىيانلىق دەپ ، ئۇنى يېيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ .

ئاشقازان كېسەللىرى ھۆل مېۋە ـ چېۋە يېيىشتىن

پەرھىز تۇتىدۇ .

قەنت سىيىش كېسىلى ۋە بۆرەك كېسىلىگە تاتلىق تاماق ، بۇغداي ئۇنى بەرمەيدۇ .

زاغۇن يېغى ، قىچا يېغى ۋە شىرىنلىك تاماقنى ، كېزىك ، زاتىل ، سەرسام ، زۇكام ، زىققى ، كېكىردەك ، كاناي ، قىزىتما كېسەللىرىگە بەرمەيدۇ .

كېسەل داۋالاشتا ، قوي يېغى ، قىچا يېغى ، زىغىر يېغىدىن باشقا ياغلارغىمۇ شەرتلىك قارايدۇ .

ئۇيغۇرلار تاماق بىلەن كېسەل داۋالىغاندا ، پەرھىز تۇتۇش بىلەن بىرگە ، يېتەرلىك ۋە مۇۋاپىق ئوزۇقلاندۇرۇش ، تاماقنىڭ سىڭىشى ، مىجەزنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىقلارغىمۇ دىققەت قىلىدۇ ۋە كېسەلنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىش ئۈچۈن ، تاماقنىڭ رەڭگى ، كۆرۈنۈشى ، تۈرى ، پۇرىقى ، تەمى ، تازىلىقى ، تاماق تەييارلىغۇچىنىڭ خۇلق مىجەزى ، دىنىي ئېتىقادى قاتارلىقلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ .

ئۇيغۇرلار ئادەتتىكى تۇرمۇشىدا ، ئۆز - ئۆزىنى تاماق بىلەن داۋالاشقا ئادەتلەنگەن . مەسىلەن ، سوغۇقى ئېشىپ قالسا ئۇستۈن ھارارەتلىك ، ئىسسىق تەبىئەتلىك تاماقلارنى يەپ مىجەزىنى تەڭشەيدۇ . ئىسسىقى ئېشىپ قىزىپ قالسا ، سوغۇق تەبىئەتلىك تاماقلارنى يېيىش ئارقىلىق مىجەزىنى تەڭشەيدۇ .

ئومۇمەن ، تاماقتىن پەرھىز تۇتۇش خەلق ئارىسىدا ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن بىر خىل ئەنئەنە بولۇپ ، ئۇيغۇر تىبابىتىدىكى كېسەل داۋالاشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ . (ش)

## نان

نان — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېمەكلىرى ئىچىدە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇش بىلەن بىللە ، يەنە ئاساسلىق ئەنئەنىۋى يېمەكلىكنىڭ بىرى . ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ناندىن زادىلا ئايرىلالمايدۇ . زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ناننىڭ تۈرىمۇ كۆپەيدى . تۆۋەندە نانىنىڭ ئاساسلىق تۈرلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز .

1 ) ئۆي نېنى — ئۇنغا خېمىرتۇرۇچ سېلىپ خېمىر يۇغۇرۇلۇپ ، ئىسسىق يۆگەپ قويۇپ بولدۇرۇلىدۇ ، خېمىر بولغاندىن كېيىن بىر جىڭ ئېغىرلىقتا زۇۋۇلا ئۇزۇپ قۇرۇق ئۇنلاپ تاۋلاپ قېلىن راسلىنىدۇ . ئوتتۇرىغا چەككۈچ چېكىپ ، ئۈستىگە داستىخان يېپىپ تىندۇرۇلىدۇ . بۇ خىل ئۆي نېنىغا ياغ چەيلىسىمۇ ياكى چىگىردەك ، سىيادان ئارىلاشتۇرسىمۇ بولىدۇ . تونۇر ئادەتتىكىدەك قىزىتىلىدۇ . تونۇرغا تۇز سېپىپ ھاۋاسى تەڭشىلىدۇ . ناننىڭ ئارقىسىنى تۇز سۈيى بىلەن سۈلاپ ، يەڭلىك بىلەن يېقىپ تونۇرنى توشقۇزغاندىن كېيىن ، نانىنىڭ يۈزىگە سۇ ئۇرۇپ تونۇرنىڭ ئاغزى چىڭ ئېتىلىدۇ . ئەگەر ئوت بوش بولسا داپخۇننى ئېچىپ ئوت يېلىنجىتىلىدۇ ، نان قېلىن بولغىنى ئۈچۈن تونۇردا ئۇزاقراق تۇرغۇزۇپ ، سىڭدۇرۇپ پىشۇرۇلىدۇ . بۇنداق يېقىلغان ئۆي نېنى ئۇزاق ساقلاشقا بولىدۇ .

2) بازار نېنى — «ئاق نان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ . بۇ نان مۇنداق ياسىلىدۇ : خېمىرى بوشراق يۇغۇرۇلۇپ ، ئۇزۇنراق تۇرغۇزۇلىدۇ . خېمىر تىنغاندىن كېيىن زۇۋۇلا قىلىنىدۇ . نان ئوتتۇرلۇق ئېچىلىپ تونۇرغا ئوتتۇرلۇق يېقىپ قايسىسى پىشسا شۇ قومۇرۇۋېلىنىدۇ . بۇ ناننىڭ ئوتتۇرىسى نېپىز ، گىرۋىكى توم بولىدۇ . يۈزىگە چەككۈچ چېكىلىدۇ . ناننى ئېچىپ بولغاندىن كېيىن تونۇرغا يېقىش ئالدىدا ، يۈزىگە چانالغان باش پىياز ۋە كۈنجۈت سۈرۈلىدۇ . نان تونۇرغا گەزنە بىلەن يېقىلىدۇ .

بۇ خىل نانىنى يېگۈچىلەر ئوتتۇرلۇق ئەكىرىپ يەيدۇ ، ئۇزۇن ساقلاشقا بولمايدۇ . بۇ ناننى ئىسسىق ۋاقتىدا يېسە ناھايىتى مەززىلىك ، تەملىك بولىدۇ .

3) گىردە — ئۇيغۇر خەلقى ياخشى كۆرۈپ يەيدىغان نان تۈرلىرىنىڭ بىرى . ئۇزاق سەپەرگە چىققۇچىلار بۇ ناندىن ئېلىپ ماڭىدۇ . بۇ ناننىڭ ياسىلىشى مۇنداق : ئۇنغا خېمىرتۇرۇچ سېلىپ ، چىڭ يۇغۇرۇلىدۇ . خېمىرغا ئۇزۇنراق ئىشلەپ باستۇرۇپ قويۇلىدۇ . خېمىر كۆپكەندىن كېيىن ، زۇۋۇلا ئۈزۈلۈپ تاۋلىنىدۇ . ناننىڭ گىرۋىكىنى يۇملاق ، ئوتتۇرىسىنى ئويمان قىلىپ ياساپ ، پەشخۇنغا ئوگدىسىغا تىزىپ ، يۈزىگە سۇ ئۇرۇپ ، كۈنجۈت سېپىپ ، ئىككى ناننىڭ يۈزىنى بىر قىلىپ جۈپلەپ ، داستىخان بىلەن يېپىپ قويۇلىدۇ . قىزىتىلغان تونۇرنىڭ ئوتىنى كۆمۈپ ، داپخۇننى ئېتىپ تونۇرغا تۇز

سېپىپ، تونۇرنىڭ ھاۋاسى پەس تەڭشىلىدۇ. ناننى يېقىپ بولۇپ، يۈزىگە سۇ ئۇرۇپ، تونۇرنىڭ ئاغزىنى يېپىپ، يېرىم سائەتچە خۇيلىنىدۇ. نان قولغا چاپلاشمىسا، خۇي يېگەن بولىدۇ. خۇي يەتكەندە تونۇرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ نان يۈزىگە بوش سۇ چېچىپ داپخۇننى ئېچىپ ئوت يېلىنجىتىلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى يەرلىرىدە جىگدىنى سۇغا چىلاپ، شەربەت چىقىرىپ گىردە يۈزىگە سۈركەيدۇ، بۇ خىل نان «شەربەت نان» دەپ ئاتىلىدۇ.

4) گۆش گىردە — بۇ خىل گىردە ئۇيغۇر خەلقى سۆيۈپ يەيدىغان نان تۈرلىرىنىڭ بىرى. گۆش گىردە مۇنداق ياسىلىدۇ:

بۇنىڭ خېمىرى پېتىر بولىدۇ. لېكىن خېمىرى چىڭ ھەم تۈزلۈقراق يۇغۇرۇلىدۇ ۋە ياخشى ئىشلىنىدۇ. زۇۋۇلا ئۈزۈپ تاۋلاپ بىر ئاز تىندۇرۇلىدۇ. ئاندىن جىلىت ئېچىلىدۇ، قوي ياكى كالىنىڭ لوق گۆشى نېپىز، قوناق چوڭلۇقىدا توغرىلىپ، ئۇنىڭغا ئازراق سۇ يېدۈرۈلىدۇ. ئاندىن پىشىپ توغرالغان باش پىياز، قارىمۇچ، تۇز ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. يەنە قۇيرۇق ياغدىن ئازراق توغراپ ئارىلاشتۇرۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ. جىلىتقا قىيما سېلىپ بولاق مانتا تۈگكەندەك تۈگۈپ، ئۈستىگە سۇ ئۇرۇپ تەيارلىنىدۇ. قىزىتىلغان تونۇرنىڭ چوغلىرىنى تونۇرنىڭ ئوتتۇرىسىغا يىغىپ داپخۇننى ئېتىپ، تونۇرنىڭ يۈزىگە تۈز سۈيى ئۇرۇپ ھاۋاسى تەڭشەلگەندىن كېيىن يېقىلىدۇ. يېقىلىپ بولغان ناننىڭ يۈزىگە يەنە سۇ ئۇرۇلۇپ تونۇرنىڭ ئاغزى ھەم يېپىلىدۇ. گىردە خۇي يېگەندىن كېيىن تونۇرنىڭ ئاغزى ۋە داپخۇن ئېچۋېتىلىپ، ئوتنى يەلپۈپ يېلىنجىتىدۇ. گىردىنىڭ يۈزى قولغا چاپلاشمايدىغان دەرىجىدە قىتىشقاندا خۇي يېگەن بولىدۇ ۋە تونۇردىن قومۇرۇپ داستىخانغا كەلتۈرۈلىدۇ.

5) گۆش نان — گۆشنى ئۇششاق توغراپ، ئۇنىڭغا ئۇششاق توغرالغان باش پىياز، سوققان زىرە، قارىمۇچ ۋە تۇز ئارىلاشتۇرۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ. خېمىرتۇرۇچ سېلىپ خېمىر يۇغۇرۇلۇپ ئازراق تىندۇرغاندىن كېيىن، زۇۋۇلا ئۈزۈپ تاۋلاپ، زۇۋۇلىنىڭ گىرۋىكىنى نېپىز، ئوتتۇرىسىنى بىر ئاز قېلىن قىلىپ، بىر چوڭ، بىر كىچىك جىلىت تەييارلىنىدۇ. چوڭ جىلىتقا قىيما تەكشى يېيىتىلىدۇ. ئۈستىگە كىچىك جىلىت يېپىلىپ، چوڭ جىلىتنىڭ گىرۋىكىنى ئارقىغا ياندۇرۇپ، پۈرۈپ نان تەييارلىنىدۇ. ئاندىن تاۋا ياكى قازانغا ياغ قۇيۇپ نان ئۆرۈپ - چۆرۈپ تەكشى پىشۇرۇلىدۇ. پىشقاندا ھەربىر گۆش ناننى پىچاق بىلەن پارچە - پارچە قىلىپ توغراپ، لېگەنگە ئېلىپ داستىخانغا كەلتۈرىدۇ. بۇ خىل نان شورپىلىق، تەملىك، يۇمشاق بولۇپ، تولىمۇ يېيىشلىك بولىدۇ.

6) ھەمەك نان — بۇ نان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «چوڭ نان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ نان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى نانلىرىدىن بىرى. بۇ نان كۆپىنچە ھېيتلاردا، تويلاردا داستىخانغا دەستىلەپ قويۇلۇپ، ئۈستىگە ئۇششاق ياغلىق توقاچلار قويۇلىدۇ. ئۆزى قاتتىق بولىدۇ، لېكىن چايغا سالسا تېز ئېرىيدۇ، يېيىشلىك بولىدۇ.

ھەمەك مۇنداق ياسىلىدۇ: ناننىڭ خېمىرى چىڭراق يۇغۇرۇلىدۇ. ياخشى ئىشلەپ، زۇۋۇلا ئۈزۈپ تاۋلاپ، چوڭلۇقىنى چوڭراق ئەلگەكتەك قىلىپ تەييارلىنىدۇ، قىزىتىلغان تونۇرغا تۈز سېپىپ ھاۋاسىنى تەڭشەپ، ناننى گەزنىگە تەكشى قويۇپ يېقىپ، سىڭدۈرۈپ پىشۇرۇلىدۇ، كۇچانىڭ «بىچاق نېنى» مۇ ھەمەكنىڭ چوڭايتىلغان شەكلى بولۇپ، ئۇ تېخىمۇ مەززىلىك.

7) توقاچ — توقاچ ئۇيغۇر نېنىنىڭ ئالاھىدە تۈرى. مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ( I توم، 464 - بەت) دا «توقاچ» دېگەن سۆزنى بۇ سۆز «توق ئادەم» دېگەن ئىبارىدىكى «توق» سۆزىدىن ياسالغان. «چۈنكى توقاچ ئادەمنى تويدۇرىدۇ» دەپ چۈشەندۈرگەن.

ئۇيغۇر خەلقى ئائىلىلىرىدە ئۆزلىرى يېيىش ۋە مېھمانلارغا قويۇش ئۈچۈن، سەپەرگە چىققۇچىلارغا يوللۇق تۇتۇش ئۈچۈن ياكى يىراقتىكى يېقىن ئادەملىرىگە خالتا قىلىپ ئەۋەتىش ئۈچۈن توقاچ يېقىلىدۇ، خېمىر بولغاندىن كېيىن، زۇۋۇلا ئۈزۈپ پىيالىنىڭ ئاغزىچىلىك چوڭلۇقتا (ئۇنىڭدىن كىچىك بولسىمۇ بولىدۇ) توقاچ

راسلىنىدۇ، ئوتتۇرىسىغا چەككۈچ چېكىپ، يۈزىگە داستىخان يېپىپ تىندۇرۇلىدۇ. تونۇرنى قىزىتىش، ناننى يېقىش ۋە پىشۇرۇش جەريانى، ئۇسۇلى گىردە ناننىڭكىدەك بولىدۇ. توقاچ پىشقاندىن كېيىن تونۇردىن قومۇرۇپ، قىزىق ۋاقتىدىلا ئېرىمىگەن قوي يېغى سۈرۈلۈپ پارقىرىتىلىدۇ. توقاچنىڭ خېمىرى سۈت، تۇخۇم، قوي يېغى ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇلسا تېخىمۇ تەملىك بولىدۇ، بۇ خىل توقاچنىڭ ئالاھىدىلىكى، قېتىپ كەتسە چايغا چىلىغان ھامان يۇمشايدۇ. ئۇزاق ۋاقىت ساقلاشقا بولىدۇ، ئۇگاي كۆكىرىپ كەتمەيدۇ.

8) جوۋەندە — بۇ نان بەزى يەرلەردە «قوشۇقلۇق نان» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ نان مۇنداق ياسىلىدۇ: مەلۇم نىسبەتتە ئاق ئۇن بىلەن قوناق ئۇنى (مەيلى ئارپا ئۇنى، مەيلى ئاق قوناق ئۇنى ياكى كۆممىقوناق ئۇنى) نى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا خېمىرتۇرۇچ سېلىپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىر بولغاندىن كېيىن زۇۋۇلا ئۈزۈپ تاۋلاپ، نان ئېچىپ يۈزىگە ئۇششاق توغرالغان پىياز سۈركىلىدۇ. قىزىتقان تونۇرنىڭ ھاۋاسىنى تەگشەپ، داپخۇننى ئېتىپ، تونۇرنى دۈملەپ سىڭدۈرۈپ پىشۇرۇلىدۇ.

9) زاغرا — خەس قوناق ئۇنى بىلەن قىلىنغان نان «زاغرا» دەپ ئاتىلىدۇ. زاغرا ئۈچۈن كۆممىقوناق ياكى ئاق قوناق ئۇنى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇن قىزىق سۇ بىلەن يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىر سوۋۇغاندا ئۇنىڭغا خېمىرتۇرۇچ سېلىنىپ بىرەر سائەت بولدۇرۇلىدۇ، ئاندىن زۇۋۇلا ئۈزۈپ ئاق ئۇنغا دومىلىتىپ، گىرۋىكى نېپىز، ئوتتۇرىسى قېلىن قىلىپ نان راسلىنىدۇ. قىزىتىلغان تونۇرغا يېقىپ جوۋەندە نانغا ئوخشاش قىلىپ پىشۇرۇلىدۇ. زاغرا تونۇردا ئۇزۇنراق تۇرغۇزۇلىدۇ. زاغرىنىڭ خېمىرىنى يۇغۇرغاندا ئۇششاق توغرالغان پىياز، مانتا كاۋىسى ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇلسا زاغرا تېخىمۇ يېيىشلىك ۋە مەززىلىك بولىدۇ.

10) قاتلىما — قاتلىما ئۇيغۇر نانلىرىدىن ئالاھىدە بولغان بىر تۈر. مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ( I توم، 672 ـ بەت) دا «قاغۇرغان» دېگەن سۆزنى «ماي بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، تونۇر ياكى ئوچاقتا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل نان» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ قاتلىمىنىڭ ئۇيغۇر نانلىرى ئىچىدە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

قاتلىما مۇنداق ياسىلىدۇ: خېمىر يۇغۇرۇپ، خېمىر تىندۇرۇلغاندىن كېيىن نوغۇچ بىلەن يۇقا يېيىلىدۇ، ئاندىن يېيىلغان خېمىرغا كۆيدۈرۈلگەن قۇيرۇق ماي ياكى ئەبجەش ماي سۈرتۈلىدۇ. ئاندىن خېمىر تۈرۈلۈپ تۈرمە قىلىنىدۇ. تۈرمىنى تولغاپ، زۇۋۇلا ئۈزۈلىدۇ، ھەربىر زۇۋۇلا يۇزا بىلەن ئېچىلىپ نان ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئاندىن قىزىق تونۇرغا يېقىلىدۇ ياكى دوخۇپكىدا پىشۇرۇلىدۇ. كۆپىنچە ئائىلىلەردە قاتلىما قازاندا ياكى تاۋىدا ياغدا ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ پىشۇرۇلىدۇ. تونۇر قاتلىمىسى يېيىشلىك ۋە مەززىلىك بولىدۇ.

قاتلىمىنىڭ يەنە «گۆش قاتلىمىسى» دەپ ئاتىلىدىغان تۈرىمۇ بار. بۇنىڭ خېمىرى يۇقىرىقى قاتلىمىنىڭكىگە ئوخشاش تەييارلىنىدۇ. خېمىر ئۆگرىنىڭ خېمىرىدەك چوڭ ھەم نېپىز يېيىلىدۇ، ئاندىن ئۇششاق توغرالغان گۆش، نېپىز چانالغان پىياز، قارىمۇچ ۋە تۇزلارنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان قىيما سېلىپ تۈرمە تۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن زۇۋۇلا ئۈزۈلۈپ، زۇۋۇلا يۇزا بىلەن ئېچىلىپ نان تەييارلىنىدۇ. بۇ خىل قاتلىمىنى تونۇرغا يېقىپ پىشۇرسىمۇ، قازاندا ياكى تاۋىدا پىشۇرسىمۇ بولىدۇ.

قاتلىمىنىڭ ئالاھىدىلىكى: خېمىرى قاتمۇ قات بولىدۇ. يۇمشاق، يېيىشلىك، سىڭىشلىك بولىدۇ. (ر)

## سامسا

سامسا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى تاماقلىرىدىن بىرى. ئۇ مۇنداق ياسىلىدۇ: گۆش ئۇششاق توغرىلىپ، ئۇنىڭغا ئازراق سۇ قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇششاق توغرالغان قۇيرۇق ياغ، توغرالغان باش پىياز، سوقۇلغان زىرە، قارىمۇچ ۋە تۇز ئارىلاشتۇرۇپ قىيما قىلىنىدۇ.

قوۋۇۋەتسىز تۇز سۈيى بىلەن پېتىر خېمىر يۇغۇرۇپ، ياخشى ئىشلەپ تىندۇرۇلىدۇ. ئاندىن زۇۋۇلا ئۈزۈپ، يۇزا بىلەن جىلىت ئېچىپ جىلىتقا قىيما سېلىپ ئۇزۇنچاق تۆت بۇرجەك قىلىپ سامسا تۈگۈلىدۇ. قىزىتىلغان تونۇرنىڭ داپخۇنىنى ئېتىپ، تونۇرنىڭ يۈزىگە تۇز سۈيى سېپىپ، ئوتىنى ئوتتۇرىغا يىغىپ تونۇرنىڭ ھاۋاسى تەڭشىلىدۇ. تۈگۈلگەن سامسىنىڭ يۈزىگە سۇ ئۇرۇپ، سامسىنىڭ تۈگۈلگەن تەرىپىنى تونۇرغا يېقىپ، ئۈستىگە ئازراق سۇ ئۇرۇپ، تونۇرنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ، ئون مىنۇتقا قەدەر خۇيلىنىدۇ. خۇي يېگەندىن كېيىن تونۇرنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋېتىپ، سامسىنىڭ يۈزى قىزارغان چاغقا قەدەر پىشۇرۇلىدۇ. ئاندىن مەخسۇس چۆمۈچ بىلەن ئاۋايلاپ قومۇرۇلىدۇ. بۇنداق سامسا ناھايىتى مەززىلىك ۋە تەملىك بولىدۇ. چىشلىگەن ھامان شۇررىدە مېيى ئېقىپ تۇرىدۇ. (ر)

## پەرمۇدە

پەرمۇدە ئۇيغۇرلارنىڭ سامسىغا ئوخشاش ئەنئەنىۋى تاماقلىرىدىن بىرى. بۇ تاماق مۇنداق ياسىلىدۇ: سېمىز لوق گۆش قوناق چوڭلۇقىدا توغرىلىپ ئۇنىڭغا بىر دانە تۇخۇم چېقىلىپ سوققان قارىمۇچ، تۇز سېلىپ ئازراق سۇ قۇيۇپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. كېيىن چاناڭغان پىيازنى قوشۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ، ئۇنىڭغا بىر دانە تۇخۇم چېقىپ خېمىرتۇرۇچ، تۇز سېلىپ، خېمىر ئوبدان ئىشلىنىدۇ. خېمىر چالا بولغاندا زۇۋۇلا ئۈزۈپ تاۋلاپ يۇزىدا كەڭلىكى ئالقاندەك چوڭلۇقتا نېپىز جىلىت ئېچىلىدۇ. جىلىتنى سول قولغا قويۇپ ئىچىگە قىيما سېلىپ جۇۋاۋا شەكلىدە تۈگۈلىدۇ. ئاندىن ئوڭ قولنىڭ چوڭ بارمىقى بىلەن خېمىرنىڭ تۈگۈلگەن تەرىپىدىن بېسىپ پەرمۇدە سىقىلىدۇ، ئۈچ قولنىڭ ئارىلىقىدىن خۇددى تۆگىنىڭ لوكىسىدەك خېمىر ئۆسۈپ چىقىدۇ. قىزىتىلغان تونۇرنىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەپ تونۇرغا يېقىپ، يۈزىگە سۇ ئۇرۇپ تونۇرنىڭ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ، ئون — يىگىرمە مىنۇت ئەتراپىدا خۇيلىنىدۇ. خېمىرنىڭ يۈزى قۇرۇغاندا داپخۇننى ئېچىپ، ئون نەچچە مىنۇت قاقلاپ سېرىق رەڭگە كىرگەندە، يۈزىگە قۇيرۇق ياغ سۈركەپ تونۇردىن سويۇۋېلىنىدۇ. بۇ خىل پەرمۇدىنىڭ رەڭگى سېرىق، پارقىراق، چۇرۇك ھەم تەملىك بولىدۇ. پەرمۇدىنى توك دوخۇپكىسىدا پىشۇرسىمۇ بولىدۇ. (ر)

## پولۇ

پولۇ — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر ئەنئەنىۋى تاماقلىرىدىن بىرى. ئەزىز مېھمانلار ئۈچۈن بۇ تاماق قىلىنىدۇ. شۇنداقلا توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم قاتارلىق مەرىكىلەردە مېھمانلار مۇشۇ تاماق بىلەن ئۇزىتىلىدۇ. ئۇيغۇرلار بۇ تاماقنى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىمۇ قىلىپ يەيدۇ.

قەدىمكى زامان جەڭ يۈرۈشلىرىدە كارۋانلار ئۇزۇن سەپەرگە چىققاندا ئوخشاشلا پولۇ قىلىپ يەيتتى. ئۇلار ياغ، گۆرۈچ ۋە قەلەمچە قىلىپ توغراپ قۇرۇتقان سەۋزە ئېلىۋالاتتى. سەۋزىنى ئىسسىق سۇغا چىلىسا يۇمشاپ ئەسلىگە كېلەتتى. پولۇغا گۆش بولسا باساتتى، بولمىسا باسمايتتى، بۇ تاماقنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى، شىپالىق رولىمۇ ناھايىتى كۆپ.

بۇ تاماق لېگەنگە ئۇسۇلۇپ قول بىلەن يېيىلىدۇ، پولۇ يېگەندە قېتىق، تۇرۇپ، پەمىدۇر ۋە لازا بىلەن قىلىنغان سوغۇق سەي بولسا تاماق تېخىمۇ يېيىشلىك بولىدۇ. پولۇ قانچە مايلىق ئېتىلسىمۇ كۆڭۈلگە تەگمەيدۇ.

پولۇنىڭ خۇرۇچى ياغ، گۆش، گۈرۈچ، پىياز، تۇزدىن ئىبارەت. بۇ تاماق مۇنداق قىلىنىدۇ:

سەۋزە قەلەمچە قىلىپ توغرىلىدۇ. پىياز توغرىلىدۇ. پولۇغا بېسىلىدىغان گۆش پارچىلىنىدۇ، گۈرۈچ ئىككى - ئۈچ قېتىم يۇيۇلۇپ، ئىللىق سۇغا چىلاپ قويۇلىدۇ. قازانغا ياغ قۇيۇلۇپ ئوبدان قىزىتىلغاندىن كېيىن، تۇز سۈيى بىلەن داغلىنىدۇ. ئاندىن قازانغا گۆش، پىياز سېلىنىپ قورۇلىدۇ، ئاندىن قەلەمچە قىلىنغان سەۋزە قورۇلىدۇ. سەۋزە قورۇلغاندا مەلۇم نىسبەتتە سۇ قۇيۇپ قاينىتىلىدۇ. ئاندىن گۆشنى سۈزۈپ ئېلىۋېلىپ سۇغا گۈرۈچ سېلىنىدۇ. قازان دۈملىنىش ئالدىدا، ئېلىپ قويۇلغان گۆش بېسىلىپ يىگىرمە — يىگىرمە بەش مىنۇت ئەتراپىدا پولۇ ئاستا ئوتتا دۈملەنسە پىشىدۇ.

پولۇغا ئادەتتە قوي گۆشى، كالا گۆشى، سۆرلەنگەن گۆش، توخۇ گۆشى، غاز گۆشى، قېزا قا-

تارلىقلار بېسىلىدۇ . بەزى يەرلەردە بولسا بېھى ، قوغۇن قېقى ، قۇرۇق كىشمىش ئۈزۈملەرمۇ بېسىلىدۇ.

پولۇ ئۈچۈن كۆپىنچە ئەبجەش ياغ ئىشلىتىلىدۇ . تەملىك بولىدۇ ، دەپ خەس قوي يېغى ئىشلىتىلمەيدۇ،

پولۇنىڭ « بەتتە » دەپ ئاتىلىدىغان تۈرى بار . بۇنىڭ پولۇغا ئوخشاشمايدىغان يېرى ئۇنىڭغا گۆش بېسىلمايدۇ ، گۆش ئورنىغا قورۇلغان سەي قۇيۇپ يېيىلىدۇ ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆرۈك غورا بولغاندا ، قورۇماقچى بولغان سەيگە غورا ئارىلاشتۇرىدۇ . بۇ خىل سەي ئاچچىق ـ چۈچۈك بولىدۇ . بۇ خىل سەي ئارىلاشتۇرغان پولۇ ناھايىتى يېيىشلىك ھەم مەززىلىك بولىدۇ .

پولۇنىڭ يەنە « سىگدۈرمە » دەپ ئاتىلىدىغان تۈرىمۇ بار . « سىگدۈرمە » دېگەنلىك ئاددىي پولۇ دېگەنلىك . بۇنىڭغا كېتىدىغان خۇرۇچ ۋە ياسىلىش ئۇسۇلى پولۇنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاش . ئوخشاشمايدىغان يېرى ، بىرى ، سىگدۈرمە باشقا پولۇ تۈرلىرىگە قارىغاندا ياغسىز بولىدۇ . يەنە بىرى ، بۇنىڭ ئۈستىگە گۆش بېسىلمايدۇ ، گۆش قاق چوگلۇقىدا توغرىلىپ ، قورۇلغاندىن كېيىن سۇدىن ئېلىپ تاشلانماي ، گۇرۇچ بىلەن بىللە دۈملىنىدۇ . (ر)

## كاۋاپ

ئۇزاق زامانلاردىن تارتىپ ( ئوۋچىلىق دەۋرىدىن تارتىپ ) ئىنسانلارنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقى گۆش بولغانلىقى ئۈچۈن ، كاۋاپ خېلى بۇرۇنلا پەيدا بولغان . كاۋاپ ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئالىي دەرىجىلىك تاماقلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلدى . ئىنسانلارنىڭ ئوزۇقلىنىش ئېھتىياجىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىغا ئەگىشىپ ، كاۋاپنىڭ تۈرىمۇ كۆپىيىپ باردى . ھازىر ئۇيغۇرلاردا كاۋاپنىڭ ئون ـ يىگىرمە تۈرى بار . بۇلار ئۈستىدە ئايرىم ـ ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمىز :

1 ) زىخ كاۋاپ — بۇ كاۋاپنىڭ ئەڭ بالدۇرقى تۈرى . بۇنىڭغا يېگى گۆش ئىشلىتىلىدۇ . گۆش ھەم قۇيرۇق ياغ باش بارماق چوگلۇقىدا ياپىلاق توغرىلىدۇ . ئۇنىڭغا تۇخۇم ، يۇمشاق چانالغان پىياز ، بىرئاز ئۇن ئارىلاشتۇرۇپ بىرەر سائەتچە دۈملەپ قويۇلىدۇ . ئاندىن گۆش ھەم ياغ زىخقا ئۆتكۈزۈلىدۇ .

كاۋاپدانغا ئىسسىز كۆمۈر ياكى ئوتۇن كۆمۈرى قالاپ ، چوغ بولغاندا زىخنى كاۋاپدانغا تىزىپ ئۇۋاق لازا ، زىرە ، تۇز سېپىپ پىشۇرۇلىدۇ . بۇ خىل كاۋاپ يۇمشاق بولىدۇ ھەم « قۇۋۋەت دورىسى » سۈپىتىدە رول ئوينايدۇ .

2 ) قېرىن كاۋىپى — بۇ خىل كاۋاپ ئۇيغۇرلاردا چارۋىچىلىق ھاياتىغا كۆچكەندىن كېيىن پەيدا بولغان . ئالدى بىلەن پاكىز قۇم ئۈستىگە سۆكسۆك ، توغراق ئوتۇنى قالىنىپ قۇم قىزدۇرۇلىدۇ. قۇم قىزىغاندىن كېيىن ، قۇمنىڭ ئارىسىغا تەييارلانغان قېرىن كۆمۈلىدۇ .

قېرىن مۇنداق تەييارلىنىدۇ : قوي ( قوزا ياكى ئوغلاق ) ئۆلتۈرۈلۈپ ، گۆش سۆڭەكتىن ئاجرىتىلىدۇ . گۆش پارچىلىنىپ ، ئۇنىڭغا تۇز ، سامساق ، پىياز ، قارىمۇچ ، زىرە قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ . ئۆلتۈرۈلگەن مالنىڭ قورسىقى كىچىكرەك ئېچىلىپ ، يۇيۇپ تازىلانغاندىن كېيىن ، تەييارلانغان گۆش قېرىنغا تىقىلىپ ، قېرىننىڭ ئېچىلغان يېرى تىكىلىدۇ . ئاندىن قۇم ئۈستىدىكى چوغ قايرىلىپ قۇمنى ئېچىپ ، قېرىن كۆمۈلىدۇ . قۇم ئۈستىگە چوغ دۆۋىلەپ قويۇلىدۇ . قېرىن قۇم ئىچىدە ئىككى — ئۈچ سائەت تۇرغاندىن كېيىن پىشىدۇ . قېرىننى يېرىپ گۆش يېيىلىشكە باشلايدۇ . بۇ خىل كاۋاپ كۆپىنچە دالادا — چارۋا بېقىلىۋاتقان يەردە قىلىنىدۇ .

3 ) تونۇر كاۋىپى — بۇ خىل كاۋاپ مۇنداق تەييارلىنىدۇ : قوي ئۆلتۈرۈلۈپ ، تېرىسى سويۇلۇپ ، باش ۋە پاقالچاقلىرى كېسىپ تاشلىنىدۇ . قورسىقى كىچىكرەك يېرىلىپ ، قوينىڭ ئىچكى ئەزالىرى ئېلىپ تاشلىنىپ ، ئىچى ئىسسىق سۇ بىلەن چايقىلىپ ، قۇرۇق لاتا بىلەن سۈرتۈلىدۇ . ئاندىن قوي بىر تال ياغاچقا تىكلەپ ئۆتكۈزۈلىدۇ ، تونۇر ئوبدان قىزىغاندىن كېيىن ، ئوتنىڭ چوغى ئېلىپ تاشلىنىدۇ ، تونۇرنىڭ داپخۇنى چىڭ ئېتىلىدۇ ، تەييارلانغان گۆشنىڭ باش تەرىپىنى تۆۋەنگە قارىتىپ تىكلەپ تۇرغۇزۇپ ، تونۇرنىڭ ئاغزى ھور چىقمايدىغان دەرىجىدە ھىم ئېتىلىدۇ . بىر يېرىم سائەت ... قدارى ئوتتا قاقلىنىدۇ . گۆش قاقلىنىپ سېرىق رەڭگە

كىرگەندە پىشقان بولىدۇ. گۆشنى تونۇرغا سېلىشتىن بۇرۇن تۇخۇمنىڭ سېرىقى، تۇز، سوققان زەرچىۋە، زىرە، قارىمۇچ ۋە ئاق ئۇنلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قوچۇپ، گۆشنىڭ يۈزىگە سۈركىلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا كاۋاپقا تەم كىرگۈزىدۇ ھەم گۆشتىكى ياغنىڭ ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ، پىشقان كاۋاپ مېھمان ئالدىغا يا پۈتۈن ھالىچە، يا پارچىلاپ تارتىلىدۇ. بۇ ئۇيغۇر تائامىلىرىنىڭ مۇھىملىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تونۇر كاۋىپىنىڭ قوينىڭ پەش گۆشنى شاكىرابقا چىلاپ، قىزىق تونۇرغا يېقىپ پىشۇرۇلىدىغان تۈرىمۇ بار. بۇ خىل كاۋاپمۇ ناھايىتى يېيىشلىك بولىدۇ.

4) قازان كاۋىپى — بۇ «قورۇما كاۋاپ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل كاۋاپ كاۋاپدان بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا قىلىپ يېيىلىدۇ. گۆش باش بارماق چوڭلۇقىدا توغرىلىدۇ، قازانغا قۇيۇلغان ياغ ئوبدان قىزىغاندا گۆشنى سېلىپ ئوبدان قورۇپ قىزارتىلىدۇ، بۇنىڭغا ئۇۋاق تۇز، ئۇۋاق قىزىل لازا، سوقۇلغان زىرە سېلىنىدۇ. گۆش قورۇلغاندا قازانغا سۇ قۇيۇلمايدۇ.

5) قىيما كاۋاپ — قىيما كاۋاپ ئۈچۈن زىخ كاۋاپ قىلىشقا مۇۋاپىق بولمىغان گۆش ئىشلىتىلىدۇ، گۆش يۇمشاق چانىلىدۇ. ئاندىن گۆشكە تۇخۇم، تۇز، سوققان قارىمۇچ ئارىلاشتۇرۇپ قىيما قىلىنىدۇ. قىيما كۇمۇلاچ قىلىنىپ زىخقا ئۆتكۈزۈلىدۇ. كاۋاپدانغا ئىسسىز كۆمۈر قالىنىدۇ. كۆمۈر كۆيۈپ چوغ بولغاندا، كاۋاپدانغا زىخ تىزىپ، ئۈستىگە يۇمشاق تۇز، ئۇۋاق لازا، زىرە سېپىلىدۇ. بۇ خىل كاۋاپنىڭ گۆشى يۇمشاق، يېيىشلىك بولىدۇ. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

6) تاۋا كاۋىپى — بۇ خىل كاۋاپ ئۈچۈن، گۆش سەرەڭگە قېپى چوڭلۇقىدا ياپىلاقلاپ توغرىلىدۇ. چانالغان پىياز، سوققان زىرە، قارىمۇچلارنى گۆشكە سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇن — يىگىرمە مىنۇت تۇرغۇزۇلىدۇ. تاۋا ئوبدان قىزىتىلىپ گۆشنى ئۇنىغا مىلەپ تاۋىغا تىزىپ، ھەر ئىككى تەرەپ سارغايتىپ پىشۇرۇلىدۇ. پىشقان كاۋاپنى تاۋىدىن ئېلىپ توغراپ، ئۈستىگە سوققان لازا، تۇز سېپىپ تەخسىگە ياكى نان ئۈستىگە ئېلىپ داستىخانغا كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ خىل كاۋاپنىڭ تېشى چۈرۈك، ئىچى يۇمشاق، تەملىك، يېيىشلىك بولىدۇ.

7) بېلىق كاۋىپى — بۇ كاۋاپ تارىم بويلىرىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ يەنى بېلىق چىقىدىغان يەرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئىستېمال قىلىپ كەلگەن تاماق تۈرلىرىدىن بىرى. شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئەزىز مېھمانلىرىنى مۇشۇ كاۋاپ بىلەن مېھمان قىلىدۇ. شۇنداقلا مۇشۇ رايونلاردا بازار كوچىلىرى مەخسۇس بېلىق كاۋىپى قىلىپ تىرىكچىلىك قىلغۇچىلار ھازىرمۇ بار.

بېلىق كاۋىپى مۇنداق ياسىلىدۇ: ئالدى بىلەن بېلىقنىڭ قاسىرىقى قىرىپ چىقىرىۋېتىلىدۇ. قاناتلىرى ۋە ئىچكى ئەزالىرى ئېلىپ تاشلىنىپ، يۇيۇپ تازىلىنىدۇ. تازىلانغان بېلىق بويىدىن بويىغا ئىككى قىلىنىپ، تۇز سۈيىگە چىلاپ قويۇلىدۇ. ئاندىن يۇلغۇندىن ياسالغان ئىككى تال ئۇزۇن زىخقا ئۆتكۈزۈلۈپ، ئوتۇن قالاپ چوشۇرۇلگەن چوغقا يىراق تۇتۇپ، پات - پات ئۆرۈپ قاقلاپ پىشۇرۇلىدۇ. پىشقاندا ساپسېرىق بولىدۇ. بۇ خىل كاۋاپ مەززىلىك بولىدۇ. قىلتىرىقلىرى ئۇۋۇلىپ تۇرىدۇ. ھازىر مۇشۇ خىلدا تەييارلانغان بېلىق دوخۇپكىدا پىشۇرۇلىدىغان بولدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كاۋاپلاردىن باشقا، ئۇيغۇرلار يەنە جىگەر، بۆرەك، تال قاتارلىقلارنى زىخقا ئۆتكۈزۈپ، كاۋاپداندا پىشۇرۇپ يەيدىغان (خورۇچلىرى زىخ كاۋاپنىڭ خورۇچلىرىغا ئوخشاش) كاۋاپ تۈرلىرىمۇ بار. بۇ خىل كاۋاپلارمۇ ناھايىتى مەززىلىك، تەملىك بولىدۇ. لېكىن پىشۇرۇش ئۇسۇلىدا، باشقا كاۋاپ تۈرلىرىگە ئوخشاشمايدىغان يەرلىرىمۇ بار. ئېيتايلى، تالنى كاۋاپ قىلغاندا بۇ توغرالمايدۇ. ئارىسىنى يېرىپ ئىچىگە چاۋا ياغنى تىقىپ يارغان يەرنى يىپ بىلەن تىكىۋېتىپ پىشۇرۇلىدۇ. جىگەرنى ياپىلاق توغراپ قاننى پۈتۈنلەي قاچۇرۇۋەتمەي خامراق قىلىپ پىشۇرۇلىدۇ.

جىگەر كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كەتكۈچىلەرگە پايدا قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قېنىنى پۈتۈنلەي قاچۇرۇۋەتكەندە شىپالىق رولى قالمايدۇ، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقى ئۆردەك، غاز، توخۇ،

كەكلىك، كەپتەر، بۆدۈنە، ئاق توشقان قاتارلىقلارنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن كاۋاپ قىلىپ يېيىش ئادىتىمۇ بار .(ر)

## ئۆپكە ـ ھېسىپ

ئۆپكە ـ ھېسىپ — ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ مۇھىم تۈرلىرىدىن بىرى. بۇ تاماق ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا بىر نەچچە يەردە تىلغا ئېلىنغان. بۇ تاماق مۇنداق تەييارلىنىدۇ :

1) ئۆپكە — ئالدى بىلەن قېرىندىن ئۆپكە ئاغزى ( قېرىنىنىڭ بۆكى) كېسىۋېلىنىپ ئۆپكە كانىيىنىڭ ئۇچىغا تىكىلىدۇ. ئاندىن ئۆپكە ئاغزى ئارقىلىق ئۆپكىگە سۈزۈك سوغۇق سۇ ماڭغۇزۇلۇپ، ئۆپكە ئاغزى بوش مۇجۇپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆپكە تومۇرلىرىدىكى قان سۇ بىلەن ئۆپكە تۆشۈكچىلىرىدىن چىقىپ كېتىدۇ، ئۆپكىنىڭ تومۇرلىرى ئېچىلىدۇ ـ دە، ئۆپكە ئاپئاق ئاقىرىدۇ. بۇ «قانسىرىتىش » دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە خېمىر يۇغۇرۇلۇپ سۈزۈك سۇغا چىلاپ قويۇپ مۇجۇلىدۇ. ئۇنىڭ شىرنىسى سۇغا چىقىدۇ. ئاندىن ئۇن شىرنىسى داكا بىلەن ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇن سۇيىنىڭ تۇز تەمىنى تەڭشەپ ئۆپكە ئاغزى ئارقىلىق ئۆپكىگە ماڭغۇزۇلىدۇ. ئۇن سۇيى ماڭدۇرۇلۇۋاتقاندا ياكى ئاخىرىدا ئۆپكىگە بىر جىڭدەك سۇ يېغى ماڭغۇزۇلىدۇ. شۇنداقلا بىرەر تۇخۇمنى چېقىپ ماڭدۇرۇۋەتسىمۇ بولىدۇ. ئاخىرىدا شىرنىسى چىقىرىۋېلىنغان خېمىر تېلپىگە سوققان لازا، جىگەر ياكى گۆش قىيمىسى قوشۇپ ئۇنى ئۆپكە ئاغزىغا توشقۇزۇپ ئاغزىنى بوغۇپ ئۆپكە بىلەن بىرلىكتە پىشۇرۇلىدۇ. بۇ « مەنجاڭ » دەپ ئاتىلىدۇ. قويۇلۇۋاتقان ئۆپكىنىڭ بىرەر يېرى تېشىلىپ كېتىپ ئۇ يەردىن ئۇن سۇيى چىقىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلسە تۆمۈرنى قىزىتىپ ئۇ يەرنى داغلىۋەتسە توختاپ قالىدۇ.

2) ھېسىپ — قوينىڭ ياغلىق ئۈچىيى تەتۈر ئۆرۈلۈپ تۇز سۇيى بىلەن پاكىز يۇيۇلىدۇ. ئاندىن جىگەر، يۈرەك، چاۋا ياغ، گۆش، سەۋزىلەر ئۇششاق توغرىلىپ ئۇنىڭغا زىرە، قارىمۇچ ۋە پاكىز يۇيۇلۇپ ئىسسىق سۇغا چىلاپ قويۇلغان گۈرۈچ سېلىپ، سۇ قۇيۇپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ. ئاندىن ئۈچەينىڭ چوڭ بېشىدىن قىيما ۋارونكا بىلەن ياكى قول بىلەن ئۈچەيگە قۇيۇپ تولدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈچەينىڭ ئىككى ئۇچى باغلىنىپ ئاۋايلاپ قازانغا سېلىنىدۇ. ھېسىپنىڭ گۈرۈچى يېرىم پىشقاندا بىر قانچە يەرگە يىڭنە سانجىپ ئۈچەيدىكى سۇ ياكى ھور چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئۈچەيگە قىيما بەك چىڭ تىقىلماسلىقى لازىم، بولمىسا پىشماي تۇرۇپ يېرىلىپ كېتىدۇ. ئۆپكە ـ ھېسىپكە قوشۇپ، تىرىپى پاكىز قىرىۋېتىلگەن قېرىننىمۇ بىللە پىشۇرىدۇ. ھەممىسى پىشقاندىن كېيىن لېگەنگە توغرامچە قىلىپ توغراپ مېھمان ئالدىغا كەلتۈرۈلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىدا ئۆپكە ـ ھېسىپ قۇيۇش بىر خىل ئېرەملىك ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۆپكىنى قانسىراتقاندا ئۈستىگە داستىخان يېپىپ قويۇلىدۇ ھەمدە ئۆپكىنى قانسىرىتىۋاتقان ياكى قۇيۇۋاتقاندا ئۆيگە بالىلارنىڭ كىرىپ ـ چىقىشى مەنئى قىلىنىدۇ. مۇشۇ ئادەت تۈپەيلىدىن ھەممە كىشى ئۆپكە قۇيالمايدۇ. يۇرتمەھەللىلەر ئىچىدە ئۆپكە قۇيۇشنى ئۇدۇم قىلغان مۆتىۋەر ئاياللار بولۇپ، ئۇلار ئالاھىدە ئەتىۋارلىنىدۇ. بۇنداق ئەقىدە ئېھتىمال ئۆپكە ـ ھېسىپ قۇيۇش باشقا خىلدىكى تائاملارنى تەييارلاشقا قارىغاندا مۇرەككەپ تېخنىكىلىق ئەمگەك تەلەپ قىلىدىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك. (ر)

## دۇمبە جىگەر

بۇ يېمەكلىك كۆپىنچە مال سويۇلغاندا، ياز كۈنلىرى دالاغا باراۋەتكە چىققاندا تەييارلىنىدىغان ئەنئەنىۋى تاماقلاردىن بىرى. دۇمبە جىگەر قوي ئۆلتۈرگەنلىكنىڭ نىشانى. قوي ئۆلتۈرمەي تەييار گۆش سېتىۋېلىپ مېھمان چاقىرغاندا مېھمانلارغا دۇمبە جىگەر تارتىش شەرت ئەمەس.

بۇنى مۇنداق ياسايدۇ : ئاۋۋال قۇيرۇق ياغ پىشۇرۇلىدۇ. ئۇ پىشاي دېگەندە قازانغا جىگەر سېلىنىپ سەكسەن — توقسان پىرسەنت پىشۇرۇلىدۇ. قۇيرۇق ياغ بىلەن جىگەرنى قازاندىن ئېلىپ بىرئاز سوۋۇتقاندىن كېيىن، ئۇلارنى يالپاقلاپ توغراپ ئىككى پارچە جىگەر ئارىسىغا بىر پارچە قۇيرۇق ياغ قىستۇرۇپ، ئۈستىگە ئۈۋاق تۇز، قارىمۇچلار سېپىلىپ داستىخانغا كەلتۈرۈ-

لىدۇ . بۇ باشقا تاماق يېيىشتىن بۇرۇن يېيىلىدۇ . بۇ ھەرگىز كۆكۆلگە تەگمەيدۇ . دۇمبە جىگەرنى تويغۇچە يېۋېلىش شەرت ئەمەس . ئۆي ئىگىسى تەييارلانغان دۇمبە جىگەرنى لېگەنگە تەكشى تىزىپ ، مېھمانلارغا ئىككى قوللاپ تۇتۇپ بىر ـ بىردىن ئالدۇرۇلىدۇ . مېھمانلارمۇ پەقەت بىر تال ئېلىپ يېيىشكە ئادەتلەنگەن . (ر)

## چەينەك شورپىسى

گۆش ( مەيلى لوق گۆش ياكى سۆڭەكلىك گۆش بولسۇن ) ئۈچ ـ تۆت پارچە قىلىنىپ چوڭراق چىنە چەينەككە (چەينەك بولمىغاندا ئاغزى بار كۇرۇشكا بولسىمۇ بولىدۇ ) سېلىپ قايناق سۇ قۇيۇپ ئون ــ ئون بەش مىنۇت قايىنتىپ تۇز ، كاۋاۋچىن سېلىپ ، بوش ئوتتا يېرىم سائەت مىقدارى دۇملىنىدۇ . بۇنىڭغا سوقۇلغان قارىمۇچ ، توغرالغان باش پىياز سېلىنىپ ئوتتا يەنە بەش مىنۇتچە قويۇپ ، گۆشنى تەخسىگە شورپىنى چىنىگە قويۇپ داستىخانغا قويۇلىدۇ . بەزىدە مېھمان ئالدىغا چەينەك بىلەن كەلتۈرۈلۈشى مۇمكىن . بۇ خىل شورپا ناھايىتى مەززىلىك . گۆش ناھايىتى يۇمشاق ، تەملىك بولىدۇ .

ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان شەھەرلەردە مەخسۇس چايخانىلار كۆپ بولۇپ ، چەينەك شورپىسى ئەنە شۇ چايخانىلارنىڭ بەزىلىرىدە قوشۇمچە تەييارلىنىدۇ . چەينەك شورپىسى پەقەت بىر كىشىگە لايىق تەييارلىنىدىغان تاماق بولۇپ ، ھەربىر كىشىگە بىر چەينەك شورپا تارتىلىدۇ . چەينەك شورپىسى ئۈچۈن ئاساسەن يېڭى قوي گۆشى ئىشلىتىلىدۇ .(ر)

## لەگمەن

لەگمەن ئۇيغۇر خەلقى ياخشى كۆرىدىغان ، قىزىقىپ يەيدىغان تاماقلىرىنىڭ بىرى . شۇڭا ئۇيغۇرلار لەگمەننىڭ خېمىرى ئوخشىسا ئېشى ئوخشايدۇ دەپ ، خېمىرغا ئالاھىدە ئىشلەيدۇ ۋە خېمىر يۇغۇرۇشنى پەسىلگە قاراپ ئۆزگەرتىدۇ .

خېمىر تەييارلاش : قىش كۈنلىرى لەگمەن خېمىرىنى ئىسسىق سۇدا تۇزى كەم ، بوشراق قىلىپ يۇغۇرىدۇ . ئەتىيازدا ، كۈزدە ئىلمان سۇدا تۇزنى مۇۋاپىق قىلىپ ئوتتۇراھال يۇغۇرىدۇ . يازدا ، سوغۇق سۇدا تۇزنى ئۆتكۈزۈپ چىڭراق يۇغۇرىدۇ ، يۇغارغان خېمىرنى پورەك ئۆرلىگىچە ئىشلەپ بىرئاز تىندۇرۇپ ، چوڭ ياكى كىچىك پىلتە قىلىدۇ . چوڭ پىلتە ئۈچۈن ئالمىدەك ئۈزۈپ پىلتە قىلىپ ئىككى قول ئارىلىقىغا ئېلىپ ئېشىپ ، ئاشتاختا ياكى لېگەنگە ماي سۈۋاپ چۆگىلىتىپ يۆگەپ ، قاتمۇ قات ماي سۈۋايدۇ . پىلتىنى ئالدىغان چاغدا ، پىلتىنىڭ بىر ئۇچىنى ئوڭ قولدا تۇتۇپ تارتىپ ، سول قولدا لېگەندىن ئاجرىتىپ ، سوزۇپ تاشلايدۇ . سوزىدىغان مەزگىلدە ، پىلتە ئۇچىنى سول قولدا تۇتۇپ ئوڭ بىلەككە يۆگەپ ، سول بىلەكتىن ئۆتكۈزۈپ پىلتە تۈگىگەندە غولاچنى سوزۇپ ، سوزۇلغان ئاشنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئۇنغا تەگكۈزۈپ پەشخۇنغا ئۇرۇپ ئىنچىكىلەيدۇ . ئاندىن تېز قايناۋاتقان قازانغا سېلىپ ، چاپلاشماسلىقى ئۈچۈن چوكا سېلىپ ئېلەشتۈرۈپ قويىدۇ . پىشقاندا ، سۈزۈپ ، سۈزۈك سۇدا چايقاپ قاچىغا ئالىدۇ.

كىچىك پىلتە قىلغاندا ، چوڭ ياڭاقتەك خېمىر ئۈزۈپ ، ئىككى قول ئالقىنىدا دۇگىلىتىپ ، پىلتىنى يىگىرمە ــ يىگىرمە بەش سانتىمېتىر ئۇزارتىپ ، ياغلانغان لېگەن ياكى پەشخۇنغا قات ـ قات قىلىپ تىزىپ ، ھەر بىر قېتىغا ماي سۈرىدۇ ، سوزۇش ۋاقتىدا ، پىلتىنىڭ ئىككى ئۇچىنى ئىككى قولدا تۇتۇپ ، دادىل غولاچ كېرىپ سوزىدۇ . ئاندىن ، ئىككى باشنى سول قولغا ئېلىپ ، ئوتتۇرىسىنى ئوڭ قول بىلەككە ئۆتكۈزۈپ يەنە سوزىدۇ ، تەكرار سوزۇپ ئىنچىكىلىگەندە ، سول قولدىكى پوملاشقان خېمىرنى كېسىپ ئېلىۋېتىپ ، قازانغا سالىدۇ ، پىشۇرۇپ ئېلىپ ، سوغۇق سۇدا چايقاپ قاچىغا ئالىدۇ .

لەگمەننىڭ سەي خۇرۇچى ئاساسلىقى ، گۆش ، ياغ ، سامساق ، پىياز ، سۇگېپياز ، لازا ، شوخلا ، جاگدۇ ، يېسىۋلەك ، ياڭيۇ ، كاۋاۋچىن ، قارىمۇچ ، تۇز ، سوقىقان لازا ، ئاچچىقسۇدىن ئىبارەت . ئەمما ، قايسى خۇرۇچ بىلەن سەي قورۇش ئۇستامنىڭ شەرت ـ شارائىتى ۋە ئىختىيارىدا بولىدۇ .

ئادەتتە ، گۆشنى سوقا چېلىندەك توغراپ ، قازاننى قىزىتىپ ، ياغ قۇيۇپ ، ياغ ئۇبدان چۇچۇگەندە ، گۆشنى سېلىپ سارغايغىچە قورۇپ ، تۇز سېلىپ ، ئۈستىگە نېپىز سېلىنغان پىياز ياكى سۇگېپياز ، سامساق ،

كاۋاۋىچىن سېلىپ قورۇپ ، شوخلا ۋە باشقا ئىختىيار قىلغان سەينى سېلىپ قورۇپ ، پىشقاندا ئۈستىگە قارىمۇچ سېپىدۇ .

داستىخانغا ، سامساق ئارىلاشتۇرۇلغان ياغ لازا ، ئاچچىقسۇ ئايرىم كەلتۈرۈلىدۇ ، خالىغانلار سېلىپ يەيدۇ ، ئاشتىن كېيىن ، بىر ئاز ئاش سۈيى ئىچىش قەدىمىي ئادەت .

كەسكەن لەڭمەن : خېمىرنى چىڭ يۇغۇرۇپ يېيىپ ، چوكا كەڭلىكىدە كېسىپ پىشۇرىدۇ . كۆپرەك كىشىلەر تاماقنى قىزىق ياكى سۇغا سالماي يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ ، بۇ خىل ئاشنىڭ سېيى سۇلۇق قورۇلۇپ ، سەيلەر ئېزىلگۈچە پىشۇرۇلىدۇ .

ياغ لازا ھەممىگە ئورتاق ، لېكىن ئۇيغۇرلار ياغ لازىغا سامساق سالىدۇ ، سەۋەب ، لازا يەللىك ، سامساق يەل يېگۈچى ، ئىككىسى ئارىلاشقاندا ، تەم تەڭشىلىش بىلەن تاماققا لەززەت كىرگۈزىدۇ . (ش )

## مانتا

مانتا ئۇيغۇرلار سۆيۈپ يەيدىغان ئەنئەنىۋى تاماق تۈرلىرىنىڭ بىرى . ئۇيغۇرلاردا مانتىنىڭ بولاق مانتا ، پېتىر مانتا ، ئاشمانتا ، كاۋا مانتىسى ، شېكەر مانتىسى دېگەندەك تۈرلىرىمۇ بار .

1 ) بولاق مانتا ـــ ئۇنىغا خېمىرتۇرۇچ سېلىپ تۇزىنى كەم قىلىپ خېمىر يۇغۇرۇپ ئىسسىق جايغا قويۇپ بولدۇرۇلىدۇ . گۆش دادۇر چوڭلۇقتا توغرىلىدۇ (گۆش بولمىغاندا چىگىردەك توغرالسىمۇ بولىدۇ ) . يەنە بەسەي ، كۇدە ، كاللەكبەسەي ، ماش ئۈندۈرمىسى قاتارلىق كۆكتاتلاردىن بىرىنى ياكى ئىككى تۈرىنى شۇنداقلا پىيازنى يۇيۇپ ، توغراپ ، گۆشكە ئارىلاشتۇرۇپ ، بىر ئاز سۇ يېگۈزۈپ ، يەنە بىر ئاز ياغ مىجىپ ، ئاندىن سوققان كاۋاۋىچىن ، زىرە ئارىلاشتۇرۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ ، بولاق مانتىنىڭ قىيمىسى كۆپرەك گۆش بىلەن پىيازدىن تەييارلىنىدۇ . ئاخىرىدا بولدۇرۇلغان خېمىرغا ئازراق شۇلتا ياكى سودا ئارىلاشتۇرۇپ چەيلەپ ، زۇۋۇلا ئۈزۈپ قول بىلەن جىلىت ئېچىلىدۇ . جىلتقا قىيما سېلىنىپ مانتا تۈگۈلىدۇ . مانتا قاسقان ياكى جىمبىلدە پىشۇرۇلىدۇ . بۇ خىل مانتا ياغ لازا ، ئاچچىقسۇغا مىلەپ يېيىلىدۇ . بولاق مانتا ناھايىتى يۇمشاق ۋە يېيىشلىك بولىدۇ .

2) پېتىر مانتا ـــ قوينىڭ سېمىز لوق گۆشى قوناقتەك ئۇششاق توغرىلىدۇ (ئەگەر گۆش ئورۇق بولسا ، بىر ئاز قۇيرۇق ماي ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ) . بۇنىڭغا بىر ئاز سۇ قۇيۇپ ، سۇ يېدۈرۈلىدۇ . ئاندىن شىلىنىپ چانالغان پىياز ، تۇز ۋە سوقۇلغان قارىمۇچ ئارىلاشتۇرۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ . چىڭ پېتىر خېمىر يۇغۇرۇلغاندىن كېيىن زۇۋۇلا ئۈزۈلىدۇ . زۇۋۇلىنى پۇزا بىلەن چېتى نېپىز ، ئوتتۇرىسى قېلىنراق جىلىت ئېچىپ قىيما سېلىپ تۈگۈلىدۇ . قاسقان ياكى جىمبىلنى ياغلاپ مانتىنى قاسقانغا تىزىپ ، قاسقاننى ھىم يېپىپ تېز ئوتتا پىشۇرۇلىدۇ . مانتا ئون بەش مىنۇتتىلا پىشىدۇ . مانتا پىشقاندا تاۋاققا ياكى قاسقانغا سېلىنغان ئاق نان ئۈستىگە ئېلىپ ، ئۈستىگە بىرئاز سوققان قارىمۇچ سېپىلىدۇ . بۇ خىل مانتا ناھايىتى شورپىلىق ، قۇۋۋەتلىك بولۇپ ، بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىدۇ .

پېتىر مانتا ئۇيغۇر ئاشپۇزۇللىرىنىڭ ئاساسلىق تاماق تۈرلىرىدىن بىرى .

3) ئاشمانتا ( ئاشمانتا دېگەنلىك ، ئۈستىگە پېتىر مانتا بېسىلغان پولۇ دېگەنلىك ) ـــ ئالدى بىلەن پېتىر مانتا تەييارلىنىدۇ . بۇنىڭ ياسىلىشى ئادەتتىكى پېتىر مانتىنىڭ ياسىلىشىغا ئوخشاش بولىدۇ . لېكىن بۇ خىل مانتىنىڭ زۇۋۇلىسى كىچىكرەك ئۈزۈلۈپ ، كىچىكرەك تۈگۈلىدۇ . پولۇنىڭ ياسىلىشمۇ ئادەتتىكى پولۇنىڭ ياسىلىشىغا ئوخشاش بولىدۇ . پولۇنى دۈملەش ۋاقتىدا ، تۈگۈلگەن پېتىر مانتىنى گۈرۈچ ئۈستىگە تىزىپ يېرىم سائەتچە دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ . مانتىنىڭ پىشىپ ئۆتۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن دىققەت قىلىنىدۇ .

4 ) كاۋا مانتىسى ـــ بۇ تاماق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى تاماقلىرىدىن بىرى بولۇپ ، مۇنداق ئېتىلىدۇ : مانتا كاۋىسىنىڭ پوستى ئاقلىنىدۇ . ئۇنىڭ ئۇرۇق ۋە لەشلىرى ئېلىپ تاشلىنىدۇ . كېيىن قوناق چوڭلۇقىدا توغرىلىدۇ . يەنە چاۋا ياغ ۋە پىياز توغرىلىپ ، ئۇنىڭغا سوققان زىرە ، تۇز ۋە داغلانغان ياغ قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ . ئاق ئۇندا چىڭ قىلىپ پېتىر خېمىر يۇغۇرۇپ ، زۇۋۇلا ئۈزۈپ تاۋلاپ قول بىلەن بېسىپ ياپىلاقلاپ پۇزا بىلەن ئوتتۇرىسىنى قېلىنراق ،

چەتلىرىنى نېپىزرەك قىلىپ جىلىت ئىچىپ قىيما سېلىپ تۈگۈلىدۇ. قاسقاندا يىگىرمە مىنۇتقا قەدەر تېز ئوتتا پىشۇرۇلىدۇ. مۇشۇ خىلدا پىشۇرۇلغان مانتىنىڭ كاۋىسى تېرىك، تەمى ئۆزگىچە بولىدۇ. كاۋا مانتىسى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋە كۆپ ئىستېمال قىلىدىغان ئالىي تاماق تۈرلىرىدىن بىرى.

5) شېكەر مانتىسى ــ ياڭاق مېغىزىنى پوستىدىن ئاجرىتىپ قوناقتەك چوڭلۇقتا توغرىلىدۇ. ئۇنىڭغا توغرالغان قۇيرۇق ياغ، شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ.

خېمىرنى يۇغۇرۇش، بولدۇرۇش، جىلىت ئېچىش بولاق مانتىنىڭكىدەك بولىدۇ. جىلىتقا قىيمىدىن سېلىپ، سوقچاق ياكى ئۈچ بۇرجەك قىلىپ تۈگۈپ قاسقانغا سېلىپ تېز ئوتتا يېرىم سائەت دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ. (ر)

## شويلا

شويلا يۇمشاق، يېيىشلىق ھەم سىڭىشلىق تاماقلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇ مۇنداق تەييارلىنىدۇ: گۆش ياڭاق چوڭلۇقىدا، سەۋزە قەلەمچە قىلىپ توغرىلىدۇ. گۈرۈچ ئىسسىق سۇدا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم يۇيۇلىدۇ. قازانغا ياغ قۇيۇپ قىزىتىپ داغلاپ، گۆش قىزارغىچە قورۇلىدۇ. كېيىن پىياز سېلىنىپ سارغايغىچە قورۇلغاندىن كېيىن پەمدۇر ۋە سەۋزە سېلىپ قورۇپ، سۇ قۇيۇپ قاينىتىلىدۇ. زىرە سېلىپ تەمى تەڭشەلگەندىن كېيىن، سۇغا گۈرۈچ سېلىنىپ، قازاننىڭ تېگى تۇتۇۋالماسلىق ئۈچۈن پات ـ پات ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئاشنىڭ سۈيى تۈگەپ گۈرۈچ قويۇلغاندا ئاندىن لېگەنگە ئۇسۇپ، ئۈستىگە قارىمۇچ سېپىپ، داستىخانغا كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ تاماق قوشۇق بىلەن يېيىلىدۇ.

بەزىدە سەۋزىنى ياغ بىلەن قورۇماي ئېتىدىغان شويلىمۇ بار. بۇ « خام شويلا » دەپ ئاتىلىدۇ. خام شويلا كۆپىنچە بىتاپ كىشىلەر ئۈچۈن تەييارلانغاچقا ئادەتتە « كېسەل تامىقى » مۇ دېيىلىدۇ. (ر)

## شوۋىگۈرۈچ

شوۋىگۈرۈچ كۆپىنچە زۇكامداپ قالغان كىشىلەر ئۈچۈن قىلىنىدۇ. بۇ تاماق ئىسسىقى ئېشىپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئىسسىقىنى چۈشۈرۈپ مىجەزىنى تەڭشەيدۇ.

بۇ تاماق مۇنداق قىلىنىدۇ: ئالدى بىلەن گۈرۈچ ئىسسىق سۇدا ئۈچ ـ تۆت قېتىم يۇيۇلۇپ، قازانغا سېلىنىدۇ ۋە قاينىتىلىپ يېرىم پىشقاندا قازانغا ئالدىن توغراپ تەييارلاپ قويۇلغان قۇيرۇق يېغى بىلەن تۇرۇپ سېلىنىدۇ. ئاندىن يۇيۇپ تازىلانغان قارىئۆرۈك، توغرالغان پەمىدۇر، تۇز سېلىنىپ تەمى تەڭشىلىدۇ. ئاش پىشقاندا ئاش سۈيىگە يۇمغاقسۇت سېلىپ قازاننى بىر ئۆرلىتىپ قاچىلارغا ئۇسۇپ داستىخانغا كەلتۈرۈلىدۇ. لازىم تېپىلغاندا ئاش سۈيىگە قارىمۇچ سېلىنىدۇ. بۇ تاماق ئادەمنى تەرلىتىپ، بەدەننى يەڭگىل قىلىدۇ.

شوۋىگۈرۈچنىڭ يەنە « ماشخوردا » دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تۈرىمۇ بار. « ماشخوردا » نىڭ شوۋىگۈرۈچتىن پەرقى پەقەت ئۇنىڭ خۇرۇچىغا ماش (كۆك پۇرچاق) ئارىلاشتۇرىدىغانلىقىدا. (ر)

## ئۈگرە

ئۈگرە ــ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە تاماق تۈرلىرىدىن بىرى. بۇنى مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (1 توم، 171ـ بەت) دا «ئۈگرە» دېگەن سۆزگە بەرگەن ئىزاھى بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. ئۇ: « سۇيۇقئاشنىڭ بىر تۈرى، ئۇ، چۆپتىن سۇلۇق، لەززەتلىكرەك بولىدۇ » دەيدۇ.

بۇ تاماق مۇنداق ياسىلىدۇ: ئاق ئۇنغا ئىككى ـ ئۈچ تۇخۇم ئارىلاشتۇرۇلۇپ، خېمىر چىڭ يۇغۇرۇلىدۇ. ئاندىن خېمىر نوغۇچ بىلەن نېپىز يېيىلىدۇ، ئاندىن بىرئاز شامالدىتىپ ئىنچىكە ئۈگرە كېسىلىدۇ. قازانغا سۆڭەكلىك گۆش سېلىپ قاينىتىپ شورپا تەييارلىنىدۇ. ئاندىن ئۇششاق توغرالغان گۆشكە چانالغان باش پىياز، تۇز، سوقۇلغان قارىمۇچ ئارىلاشتۇرۇپ قازاندىكى شورپىغا تاشلىنىدۇ. بۇلار پىشاي دېگەندە ئۇششاق توغرالغان پەمىدۇر، چامغۇر ( تۇرۇپ بولسىمۇ بولىدۇ ) سېلىنىدۇ. بەش ـ ئون مىنۇتتىن كېيىن قازانغا ئۈگرە سېلىنىدۇ. ئاش پىشىپ قاچىغا ئۇسۇشتىن بۇرۇن قازانغا يۇمغاقسۇت ياكى پىننە سېلىپ قاچىلارغا ئۇسۇپ داستىخانغا كەلتۈ-

رۇلىدۇ. ئۇگرىگە ئاچچىقسۇ ياكى لازا قويۇلمايدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ئازراق قارىمۇچ سېپىپ ئىچسە كۇپايە قىلىدۇ.

ئۇگرە شورپىلىق، تەملىك، پۇراقلىق بولۇشتىن تاشقىرى يەنە سىڭىشلىق بولىدۇ. بۇ خىل تاماق مېھمانلار ئۈچۈنمۇ تەييارلىنىدۇ. (ر)

## چۆچۈرە

چۆچۈرە ـــ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىل تاماقلىرىدىن بىرى. بۇ تاماقنى ئائىلىلەردە ئادەتتە قىلىپ يېيىشتىن تاشقىرى، يەنە ئەزىز مېھمانلار بۇ تاماق بىلەن كۈتۈلىدۇ. بۇ تاماقنىڭ ئېتىلىشى مۇنداق: سېمىز قوي گۆشى ئۇششاق توغرىلىدۇ. بۇنىڭغا باش پىياز چانىلىپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن تۇز، قارىمۇچ ئارىلاشتۇرۇلۇپ قىيما قىلىنىدۇ. ئاق ئۇن بىلەن خېمىر يۇغۇرۇلۇپ (خېمىرنىڭ ئېزىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن خېمىرغا بىرەر تۇخۇم ئارىلاشتۇرۇۋەتسە تېخىمۇ ياخشى) ئۇگرىنىڭ خېمىرىدەك يېيىلىدۇ. ئاندىن بۇنىڭدىن تۆت بۇرجەك جىلىت تەييارلىنىدۇ. جىلىتقا تەييارلانغان قىيما سېلىنىپ گۈلە قاق چوڭلۇقىدا تۈگۈلىدۇ. بۇ تاماقنىڭ سۈيى مۇنداق تەييارلىنىدۇ: داغ سۇغا سۆڭەك تاشلىنىپ شورپا قىلىنىدۇ ياكى ئازراق چۆچۈرە قىيمىسى تاشلىنىپ شورپا قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئۇششاق توغرالغان تۇرۇپ ياكى چامغۇر تاشلىنىدۇ. سۈيى تازا پىشقاندا چۆچۈرە سېلىنىدۇ. ئاشنى قاچىغا ئۇسۇش ۋاقتىدا قازانغا ئازراق (مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇتۇلغان بولسۇن) ئاشكۆكى (يۇمغاقسۇت)، رەيھان ياكى پىننە سېلىپ قازاننى بىر ئۆرلىتىپ ئۇسۇلىدۇ. چۆچۈرە تەملىك، لەززەتلىك ھەم قۇۋۋەتلىك بولىدۇ. (ر)

## كۆك چۆچۈرىسى

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھەر يىلى ئەتىيازدا، يېڭى ئۈنۈپ چىققان يېدە بىلەن چۆچۈرە ئېتىپ يېيىش ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئايلانغان. بۇ تاماقنى قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق: يېدە پاكىز تازىلىنىپ چانىلىدۇ. سىقىپ سۈيىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا كۆيدۈرۈلگەن قوي مېيى ئارىلاشتۇرۇپ قىيما قىلىنىپ، چۆچۈرە تۈگۈپ سۇدا پىشۇرۇپ يېيىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارقا ـ ئارقىدىن بىر ـ نەچچە قېتىم كۆك چۆچۈرىسى يېسە، ئادەمنىڭ ئىچى تازىلىنىپ سالامەتلىككە پايدا قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. دېمىسىمۇ بەدەننىڭ شىپالىق رولى بولىدۇ. مۇشۇنداق كۈنلەردە يېزىلىقلار بازاردا ئولتۇرۇشلۇق تۇغقانلىرىغا يېدە تېرىپ كىرگۈزىدۇ. شۇنداقلا، شۇ كۈنلەردە يېدە تېرىپ كېلىپ سېتىپ پۇل قىلغۇچىلارمۇ بولىدۇ. يېدە ئەمدى يېخ سۈرۈشكە باشلىغاندا ئۇنى تېرىپ تۇغقانلىرىغا، يېقىن دوست ـ بۇرادەرلىرىگە ياكى قولۇم ـ قوشنىلىرىغا «يېڭىلىق تۇتۇش» ئادىتى يېزا ـ قىشلاقلاردا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. «يېڭىلىق تۇتۇلغان» كۆك بەدىلىگە «يېڭىلىق» نى قوبۇل قىلغۇچى «يېڭىلىق» نى تۇتقان كىشىگە ئەھۋالغا يارىشا سوۋغات قىلىدۇ. (ر)

## جۇۋاۋا

جۇۋاۋا بەزى يەرلەردە «بەنشە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ مۇنداق ياسىلىدۇ: بوشراق پېتىر خېمىر يۇغۇرۇپ زۇۋۇلا ئۈزۈپ، تاۋلاپ، قۇرۇق ئۇن سېپىپ، ئۈستىنى نەم لاتا بىلەن يېپىپ قويۇپ جىلىت ئېچىلىدۇ. گۆشنى توغراپ ئۇنىڭغا سۇ يېگۈزۈپ، ئۇششاق توغرالغان بەسەي ياكى كۈدىنى سىقىپ سۈيىنى چىقىرىۋېتىپ، تۇز، سوقىقان كاۋاۋىچىن، سۇ يېغى سېلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ. ئېچىلغان جىلىتقا بىر قوشۇق مىقدارى قىيما سېلىپ تۈگۈپ، قايناۋاتقان قازانغا سېلىپ، پەس ئوتتا پىشۇرۇلىدۇ. قازان ۋاراقلاپ قايناپ كەتسە سوغۇق سۇ تېمىتىپ تۇرۇلىدۇ. بولمىسا، جۇۋاۋا تېشىلىپ كېتىدۇ. بەزى ئائىلىلەر گۆش بىلەن پىيازدىن قىيما قىلىپ جۇۋاۋا قىلىدۇ. جۇۋاۋا پىشقاندا لېگەنگە ئۇسۇپ داستىخانغا كەلتۈرۈلىدۇ. داستىخاندا ھەربىر كىشىنىڭ ئالدىغا بىردىن كىچىك تەخسە قويۇلىدۇ. يېگۈچىلەر ياغ لازا، ئاچچىقسۇ قوشۇپ يەيدۇ. بۇ تاماقنى تېخىمۇ مەززىلىك قىلىدۇ. (ر)

## چۆپ

چۆپ ـــ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مۆتىۋەر تاماقلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. بۇ مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (1 توم، 590 ـ بەت)

دا « تۇتماچ » دېگەن سۆزگە ھەم ( Ⅱ توم ، 599 ـ بەت ) « چاۋلى » دېگەن سۆزگە بەرگەن ئىزاھلاردىن بىلگىلى بولىدۇ . ئۇ « بۇ تاماق بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىپ ، يۈزنى قىزارتىدۇ ۋە قورساقتا ئۇزاق تۇرىدۇ . ئۇنىڭ ئۆزىنى يەپ شورپىسىنى ئىچىدۇ » دەپ يازغان . ھازىر ئۇيغۇر خەلقىدە چۆپنىڭ « نېرىن چۆپ » ، « ئاتۇش چۆپى » ، « نانچۆپ » دېگەندەك تۈرلىرىمۇ بار .

1) نېرىن چۆپ ـــ بۇ پىشۇرۇلغان خېمىر ۋە گۆشنى ئۇششاق توغراپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدىغان تاماق .

بۇ تاماق ئاساسەن مۇنداق تەييارلىنىدۇ : سېمىز گۆش پىشۇرۇلىدۇ . قازان قاينىغاندا شورپا سورۇلۇپ تۇرۇلىدۇ ، شورپا پىشقاندا ئۇنىڭ يۈزىدىن بىر قاچىغا ئېلىپ قويۇلىدۇ . پىشقان گۆشى قازاندىن ئېلىپ سوۋۇغانىدا ئىتتىك پىچاق بىلەن نېپىز ھەم ئۇزۇنچاق قىلىپ توغرىلىدۇ ( شارائىتى يار بەرسە ، قوي گۆشى ئورنىغا قېزا ئىشلىتىلىدۇ ) . خېمىرنىڭ سۇدا ئېزىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ، ئۇنىغا مەلۇم مىقداردا تۇخۇم چېقىپ ، تۇزنى ئۆتكۈزۈپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ . خېمىر تىنغاندىن كېيىن نوغۇچ بىلەن نېپىز يېيىپ ، بىر ئاز شامالدىتىپ ، ئاندىن تۆت ـ بەشلىك ئۇزۇنلۇقتا ئۆگرە كېسىلىدۇ . ئۆگرە قازاندىكى شورپىدا پىشۇرۇلىدۇ . خېمىر پىشقاندىن كېيىن ، مىلىچلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن ، چويلىدا سۈزۈۋېلىپ سوغۇق سۇدا چايقىلىدۇ . خېمىر قاچىغا ئېلىنىدىغان چاغدا قازاندىكى شورپىدا قىزىتىلىدۇ . باش پىياز ئۇششاق يالپاغداپ توغرىلىدۇ . بۇنىڭغا سوققان قارىمۇچ ، تۇز سېلىپ مىجىپ تەييارلىنىدۇ . ئەڭ ئاخىرىدا قاچىغا ئېلىنغان خېمىر ئۈستىگە توغراپ تەييارلانغان گۆش ، توغرالغان پىياز ۋە شورپىنىڭ يۈزى قۇيۇلۇپ ئىلەشتۇرۇلۇپ ، قوشۇق بىلەن كىچىك چىنىلەرگە بۆلۈپ يېيىلىدۇ . شارائىت يار بەرسە ، قۇرۇتنى سۇدا ئېزىپ سۇيۇقلاندۇرۇپ قاچىغا خالىغانچە قۇيۇپ يېسە تېخىمۇ يېيىشلىك بولىدۇ . ئەڭ ئاخىرىدا قازاندىكى شورپىدىن بىرەر پىيالىدىن ئىچىلىدۇ .

2) ئاتۇش چۆپى ـــ لوق قوي گۆشى قازاندا پىشۇرۇلىدۇ . گۆش يېرىم پىشقاندا ، قازانغا چامغۇر ياكى سەۋزە سېلىنىدۇ . بۇلار پىشقاندا قازاندىن سۈزۈپ ئېلىنىپ ، ئۇششاق يالپاقلاپ توغراپ ، ئۇنىڭغا توغرالغان باش پىياز ، قارىمۇچ ۋە تۇز ئارىلاشتۇرۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ . ئۇنىغا تۇز ، تۇخۇم قوشۇپ چىڭ يۇغۇرۇپ نېپىز يېيىپ ئۇنى ئالىقاننىڭ يېرىمچىلىك چوڭلۇقتا كېسىپ تەييارلىنىدۇ . كېسىلگەن چۆپنى پىشۇرۇپ ، قازاندىن ئېلىپ سوغۇق سۇدا چايقاپ لېگەنگە ئېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە تەييارلانغان قىيما سېلىنىپ ، ئىلەشتۇرۇلۇپ داستىخانغا كەلتۈرۈلىدۇ . ئىچىش ئۈچۈن شورپا ئايرىم قاچىدا كەلتۈرۈلىدۇ .

3) نانچۆپ ـــ بۇ تاماق بەزى يەرلەردە « نانقايناق » دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇ مۇنداق ياسىلىدۇ : گۆش توغرىلىپ قازاندا قورۇلىدۇ . گۆش چالا پىشقاندا قازانغا توغرالغان ياڭيۇ ، تۇرۇپ ، بەسەي ، جاڭدۇ ، پىياز ، سامساق ، پەمدۇر قاتارلىقلارنى سېلىپ قورۇيمىز . بۇلار چالا پىشقاندا سەيلەر چىلاشقۇدەك سۇ قۇيۇلىدۇ . ئۇنىڭغا قېتىپ قالغان نانلار سۇندۇرۇپ سېلىنىدۇ ، قازاندا نان يۇمشىغانغا قەدەر قاينايدۇ . تەييار بولغاندا ئايرىم ـ ئايرىم قاچىغا ياكى لېگەنگە ئۇسۇپ داستىخانغا كەلتۈرۈلىدۇ .(ر)

## قورداق

قوي ياكى كالىنىڭ سۆڭەكلىك گۆشى سەرەڭگە قېپى چوڭلۇقىدا توغرىلىدۇ . قازانغا ياغ قۇيۇلىدۇ . ئوبدان قىزىغاندىن كېيىن گۆش سېلىنىپ قىزارغىچە قورۇلىدۇ . ئاندىن چوڭ ـ چوڭ توغرالغان پەمدۇر ، لازا ۋە پىياز سېلىپ ئېزىلدۇرۇپ قورۇلىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ياڭيۇ ، سەۋزە سېلىپ بىر ئاز قورۇغاندىن كېيىن بۇلار چىلاشقۇدەك سۇ قۇيۇلۇپ ، تەمىنى تەڭشەپ دورا ـ دەرمان سېلىپ ، پەس ئوتتا بىرەر سائەت سىم ـ سىم قاينىتىپ دۇملەم پىشۇرۇلىدۇ . پىشقاندىن كېيىن لېگەن ياكى باشقا قاچىلارغا ئۇسۇلۇپ داستىخانغا ئېلىپ كېلىنىدۇ .

قەشقەر ، خوتەن قاتارلىق رايونلاردا توي ـ تۆكۈن بولغاندا ئاياللار ئۈچۈن پولۇدىن باشقا يەنە قورداقمۇ ئېتىلىدۇ . توي قوردىقى ئۈچ كىشىگە بىر

لېگەندىن تارتىلىدۇ .

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قورداقنىڭ « نان قورداق » دېگەن تۈرىمۇ بار . بۇ خىل قورداقنىڭ سۈيى كۆپرەك بولۇپ ، پىشاي دېگەندە ، قېتىپ قالغان نانلارنى پارچىلاپ قورداق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ، بىرقانچە مىنۇت دۇملىگەندىن كېيىن لېگەن ياكى قاچىغا ئۇسۇپ يېيىلىدۇ .(ر)

## هالۋا

هالۋا — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى تاماقلىرىدىن بىرى . بۇ تاماق مۇنداق ياسىلىدۇ : ئېرىتىلگەن قوي يېغىنى قازانغا سېلىپ ياخشى قىزىتقاندىن كېيىن قازاننى ئوتتىن ئېلىپ ياغنى بىر ئاز سوۋۇتۇپ ، قازاننى يەنە ئوتقا قويۇپ ياغقا ئۇن سېلىپ قورۇلىدۇ . شېكەر ياكى قەنت قايناق سۇدا ئېرىتىلىپ قورۇلۇۋاتقان ئۇنغا قۇيۇپ پات ـ پات قوچۇلىدۇ . سۈيى تۈگەپ پىشقاندا ياغ پۈتۈنلەي چەلگىپ ئۈستىگە چىقىدۇ ، كىچىك مېۋە تەخسىلىرىگە ئېلىپ يۇمشاق نان هالۋىغا مىلەپ يېيىلىدۇ . هالۋا تاتلىق يېمەكلىك بولۇپ تەبئىتى ئىسسىق ، شۇڭا ئەنگىزى ئېشىپ كەتكەن كىشىلەر بىرقانچە قېتىم هالۋا ئېتىپ يېسە مىجەزى تەڭشىلىدۇ .(ر)

## ياپما

بۇ تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۆتىۋەر تامىقى . بۇنىڭ « بولاق ياپما »، « پېتىر ياپما » دېگەن تۈرلىرى بولىدۇ . « بولاق ياپما » مۇنداق تەييارلىنىدۇ : هۆكەكلىك گۆش ، ئاسان ئېزىلمەيدىغان كۆكتات — سەۋزە ، ياڭيۇ ، چاقما كاۋا ، جاڭدۇ ، كاللەكبەسەي قاتارلىق سەيلەر (بۇ كۆكتاتلارنىڭ ئىككى ياكى ئۈچ تۈرى بىلەن ) قازاندا چالا قورۇلغاندىن كېيىن ، قازانغا سەي چۆككىدەك سۇ قۇيۇلىدۇ . بولدۇرۇلغان خېمىر قول بىلەن ئىككىلىك قېلىنلىقتا ئېچىلىدۇ . ئاندىن قورۇلغان سەي ئۈستىگە يېپىلىدۇ ـ دە ، قازان دۇملىنىدۇ ، يېرىم سائەتچە دۇملەنگەندىن كېيىن پىشىدۇ . « پېتىر ياپما » نىڭ خېمىرى پېتىر بولىدۇ . بۇنىڭ خېمىرى قاتلىمىنىڭ خېمىرىغا ئوخشاش قات ـ قات بولىدۇ . بۇنىڭ سېيى « بولاق ياپما » نىڭ سېيىگە ، پىشۇرۇش ئۇسۇلىمۇ « بولاق ياپما » نى پىشۇرۇش ئۇسۇلىغا ئوخشاش بولىدۇ . ئەزىز مېهمانلار ئۈچۈن ، ياپما قىلىنغاندا توخۇ گۆشى ئىشلىتىلىدۇ . بۇ خىل ياپما هەم مەززىلىك ، هەم يېيىشلىك بولىدۇ . (ر)

## پوشكال

پوشكال كۆپىنچە « ئەرۋاھ»لارنى يوقلاش ئۈچۈن ياغ پۇراتقاندا هەمدە چوڭ نەزىر ـ چىراغلاردا قىلىنىدۇ .

پوشكال مۇنداق قىلىنىدۇ : ئۇنغا خېمىر تۇرۇچ سېلىپ ، يۇمشاق خېمىر يۇغۇرۇلۇپ ، ئىسسىق يەرگە قويۇپ بولدۇرۇلىدۇ . خېمىر بولغاندىن كېيىن ، ئۇششاق-ئۇششاق زۇۋۇلا ئۈزۈپ يۇزا بىلەن نېپىز ئېچىپ ئوتتۇرىغا ئىككى يەرگە پىچاق ئۇرۇلىدۇ . قازانغا ياغ قۇيۇپ ئوبدان قىزىتقاندىن كېيىن ، پوشكالنى سېلىپ ، سارغايتىپ پىشۇرۇلىدۇ . پوشكال ناهايىتى يۇمشاق بولۇپ يېيىشلىك بولىدۇ . پوشكالنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاشمايدۇ . نەزىر ـ چىراغلار ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان پوشكال يالپاقراق هەم چوڭراق بولىدۇ . ئادەتتە ئۆيدە يېيىش ئۈچۈن سېلىنغان پوشكال قېلىنراق هەم كىچىكرەك بولۇپ ، يۈزگرام ئۇندا ئۈچ ـ تۆت پوشكال تەييارلىنىدۇ .

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىدە نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلگەندە چوقۇم پوشكال سېلىش شەرت . (ر)

## تۇخۇم پوشكىلى

تۇخۇمنى قاچىغا چېقىپ قوچۇپ سۈيۈلدۈرۈلىدۇ . ئۇنىڭغا بىر ئاز ئۇۋاق تۇز سېلىنىدۇ . ئاندىن ئۇن ئارىلاشتۇرۇپ سېلىنىدۇ . تۇخۇم بىلەن ئۇننىڭ نىسبىتىگە كەلسەك ، تۇخۇم كۆپرەك بولىدۇ . ئاندىن قازانغا قوي يېغى ياكى ئەبجەش ياغ قۇيۇپ قىزىتىپ ، تەييارلانغان خېمىرنى ياغقا قۇيۇپ تەكشى يېيىپ هەر ئىككى يۈزىنى سارغايتىپ پىشۇرۇلىدۇ . ئەگەر تۇخۇمغا ئۇن چېلىنغاندىن كېيىن بىر ئاز قويۇق بولۇپ قالسا ئازراق سۇ قۇيۇپ سۈيۈلدۈرسىمۇ بولىدۇ .

بۇ تاماق ناھايىتى قۇۋۋەتلىك بولۇپ ، تەبىئىي ئىسسىق .(ر)

## قۇيماق

قۇيماق قەدىمدىن كېلىۋاتقان ئۇيغۇر يېمەكلىكلىرىدىن بىرى . مەھمۇت قەشقەرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » ( Ⅲ توم ، 239 ــ بەت ) دا « قويما » دېگەن سۆزگە بەرگەن ئىزاھى بۇ يېمەكلىكنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ مۇنداق دەيدۇ : « خېمىر سۇيۇق يۇغۇرۇلۇپ قازاندىكى ياغقا سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ . ئاندىن ئۈستىگە شېكەر سېپىپ يېيىلىدۇ » . قۇيماقنى ئادەتتە ئۆيلەردە يېيىش ئۈچۈن قىلىشتىن تاشقىرى ، يەنە نەزىر ــ چىراغلار ئۈچۈنمۇ قىلىنىدۇ . ئۇ مۇنداق ياسىلىدۇ : ئۇنىغا خېمىرتۇرۇچ سېلىپ سۇيۇق خېمىر چېلىنىدۇ ، خېمىر بىر ئاز تىندۇرۇلىدۇ . قازانغا ياغ قۇيۇپ ئوبدان قىزىتىلىدۇ . خېمىر قول بىلەن مانتا جىلتىچى چوڭلۇقىدا ئېچىلىپ قازانغا سېلىنىدۇ . ئۆرۈپ ــ چۆرۈپ پىشۇرغاندىن كېيىن ، قازاندىن ئېلىپ ئىسسىق ۋاقتىدىلا ئۈستىگە شېكەر سېپىلىدۇ . كۆپ ھاللاردا قۇيماقنىڭ خېمىرىغا تۇخۇم سېلىنىدۇ . بۇنداق قۇيماق ئاسانلىقچە قېتىپ قالمايدۇ . ناھايىتى يېيىشلىك بولىدۇ . (ر)

## قېيىقچە

بۇ كۆپىنچە ھېيتلاردا پىشۇرۇلىدۇ . ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا پىشۇرۇلمايدۇ . بۇنىڭ تەمى تاتلىق ، شەكلى كۆركەم ، داستىخانغا ئالاھىدە زىننەت بېرىدۇ . ئۇ مۇنداق ياسىلىدۇ : تۇخۇمنى چېقىپ ئۇنىڭغا تۇز ، ياغ ئارىلاشتۇرۇپ ، بۇنىڭ بىلەن چىڭ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ . خېمىر تىنغاندىن كېيىن نوغۇچ بىلەن نېپىز يېيىپ قېيىقچا بىلەن ئايلاندۇرۇپ كېسىپ قېيىقچا تەييارلىنىدۇ . قازانغا ياغ قۇيۇپ قىزىتىپ كېسىلگەن قېيىقچىنى بىر ــ بىرىدىن ئۇزۇن قىلىپ قولغا كولو قىلىپ چۇۋۇۋەتمەستىن ياغقا سېلىپ سارغايتىپ پىشۇرۇلىدۇ . قېيىقچە ۋازىغا ياكى لېگەنگە تىزىلىدۇ . قېيىقچە قىزىق ۋاقتىدىلا ئۈستىگە شېكەر سېپىلىدۇ . (ر)

## پۆرە

پۆرە ــ تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تاماقلىرىدىن بىرى . بۇ تاماق مۇنداق ياسىلىدۇ : پېتىر خېمىردىن پوزا بىلەن پوشكال چوڭلۇقىدا جىلىت ئېچىلىدۇ . گۆشلۈك ياكى گۆشسىز قىيما جىلتىنىڭ يېرىمىغا يېيىتىلىدۇ ، يەنە بىر يېرىمى قىيما يېيىتىلغان تەرەپكە يېپىلىدۇ ، ئەتراپى پۈرۈلىدۇ. ياكى بولمىسا پۈتۈن جىلتىكە قىيما سېلىنىپ ئۈستىگە يەنە بىر جىلىت يېپىلىپ ئەتراپى پۈرۈلىدۇ . بۇلار قايناۋاتقان قازاننىڭ چۆرىسىگە يېقىپ هوردا پىشۇرۇلىدۇ ياكى ياغدا چالا ــ بۇلا پىشۇرۇلۇپ ، قازاندا دۇملەپ تەييارلىنىدۇ . (ر)

## تۇرمەل

تۇرمەل ــ ئۇيغۇرلار ، بولۇپمۇ تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ياخشى كۆرۈپ يەيدىغان تاماقلاردىن بىرى . بۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە تاماق . بۇنى « تۈركىي تىللار دىۋانى » ( I توم ، 622 ــ بەت ) دا « تۇرمەك » دېگەن سۆزگە بېرىلگەن ئىزاھ بىلەن ئىسپاتلاش مۇمكىن . بۇ تاماق مۇنداق ياسىلىدۇ : پېتىر خېمىر نوغۇچ بىلەن چوڭ يېيىلىدۇ ( ئۈگرە سۇيۇقئاشنىڭ خېمىرىدەك ) كۆكتات بىلەن قىلىنغان (مەيلى گۆشلۈك ، مەيلى گۆشسىز ) قىيما يېيىلغان خېمىرغا تەكشى يېيىتىلىدۇ ، ئاندىن خېمىر تۇرۇلىدۇ ، ئۈزۈپ پومزەك قىلىنىدۇ . ئاندىن قاسقان ياكى جىمبىلغا سېلىپ هوردا پىشۇرۇلىدۇ . بۇ تاماق بىر قات خېمىر ، بىر قات قىيما بولۇپ پىشىدۇ . ناھايىتى يېيىشلىك بولىدۇ . (ر)

## سامبۇسا

ئىلمان سۇدا پېتىر خېمىر يۇغۇرۇپ ياخشى ئىشلەپ تىندۇرغاندىن كېيىن ، زۇۋۇلا ئۈزۈپ ، پوزا بىلەن جىلىت ئېچىلىدۇ . گۆش ۋە پىيازنى ئۇششاق توغراپ ، ئۇنىڭغا قارىمۇچ ، تۇز ئارىلاشتۇرۇپ ياغدا قورۇلىدۇ . ئۇنىڭغا سۇدا ياكى هوردا پىشۇرۇلغان گۈرۈچ قوشۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ (گۈرۈچ قوشمىسىمۇ بولىدۇ ). ئېچىلغان جىلتقا پىششىق قىيما سېلىپ جىلتنى پۈكلەپ يېرىم ئاي شەكلىدە تۈگۈپ ، قېيىقچە كېسىدىغان ئەسۋاب بىلەن خېمىرنىڭ چۆرىسى كېسىپ تاشلىنىدۇ . ئاندىن

قازانغا ياغ قۇيۇپ قىزىتىپ ، سامبۇسنى سېلىپ تەكشى
پىشۇرۇلىدۇ . بۇ خىل سامبۇسا ناھايىتى يېيىشلىك
بولىدۇ . سامبۇسنى كۆپىنچە بىرەر يەرگە تاۋاق قىلغاندا
ياكى مېھمان چاقىرغاندا داستىخانغا گىزەن سۈپىتىدە
تىزىدۇ . (ر)

## ھۆممەلچاي

ئۇيغۇرلاردا « ھۆممەلچاي » دەپ ئاتىلىدىغان
چاي تۈرىمۇ بار . بۇ كۆپىنچە قىش كۈنلىرى ئىچىلىدۇ .
بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى بەدەننى ئىسسىق تۇتىدۇ ، بەدەنگە
قۇۋۋەت بولىدۇ .

بۇ مۇنداق ياسىلىدۇ : ئالدى بىلەن قارا چاي
قېنىق دەملىنىدۇ ، دەملەنگەن چاينىڭ شامىسى ئېلىپ
تاشلىنىدۇ . ئىككىنچى قەدەمدە قازانغا كۆيدۈرۈلگەن
قۇيرۇق ياغ قۇيۇلىدۇ ، ياغ قىزىغاندىن كېيىن ، ياغقا ئۇن
سېلىپ ، سۇس ئوتتا ئۇزاق قورۇلىدۇ ، ئۇن قورۇلۇپ
سارغايغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تەييارلاپ قويۇلغان چاي
قۇيۇلىدۇ . ئاندىن سۇس ئوتتا قاينىتىلىدۇ. ئۇنىڭ قو-
يۇق- سۇيۇقلۇقى ئۇماچتەك بولغاندا ئاندىن قاچىلارغا
ئۇسۇپ داستىخانغا كەلتۈرۈلىدۇ ، بۇنىڭغا نان چىلاپ
ئىچىلىدۇ . (ر)

## زاڭ

بۇ تاماق بەزى يەرلەردە « جوتاڭ » دەپ
ئاتىلىدۇ . ئۇيغۇر خەلقى بولۇپمۇ دېھقانلار قىش كۈنلىرى
بەدەننى ئىسسىق تۇتىدۇ ، دەپ بۇ تاماقنى ئېتىپ يەيدۇ .
بۇ تاماقنىڭ ئېتىلىشى مۇنداق : قوناق ئۇنى ( بەزى يەر-
لەردە كۆممىقوناق ئۇنى ، بەزى يەرلەردە ئاق قوناق ئۇنى )
قازاندا قايناۋاتقان قايناق سۇغا چېلىنىدۇ . بۇ نوغۇچ
بىلەن داۋاملىق ئىلەشتۈرۈپ تۇرۇلىدۇ . قويۇلغاندىن كې-
يىن قاچىلارغا ئۇسۇلىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىن قورۇپ
تەييارلانغان سۇلۇق ھەم ئاچچىق - چۇچۇك سەي
سېلىنىپ قوشۇق بىلەن يېيىلىدۇ .

ئۇماچمۇ زاڭنىڭ بىر تۈرى بولۇپ ، ئۇ زاڭغا قا-
رىغاندا سۇيۇقراق بولىدۇ . قورۇلغان سەي ھاجەت
قىلىنمايدۇ . ئۇماچقا ئادەتتە پىياز ، چامغۇر ، گۈلە ياكى
شارائىتى بولسا توغرامچە گۆش ( ئەڭ ياخشىسى قوينىڭ
قوۋۇرغىسى چىمچىلاق قول چوڭلۇقىدا پارچىلىنىپ سې-
لىنىدۇ ) قېتىلىدۇ . ئاستا ئوتتا ئۇزۇن قاينىتىلىدۇ . ئۇماچ
كۆپىنچە ئەتىگەنلىك ياكى كەچلىك چاي ئورنىدا
ئىچىلىدۇ . ئۇماچ قان بېسىم يۇقىرى بولۇپ كېتىشنىڭ ۋە
قاندا ماي تەركىبىنىڭ ئېشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ .
(ر)

## كۆجە

كۆجە — ئۇيغۇر خەلقى ياخشى كۆرىدىغان مەز-
زىلىك تائاملاردىن بىرى . ئۇنىڭغا كۆكباش قوناق
ئاساسلىق خۇرۇچ قىلىنغاچقا ، ئۇنى كۈزدىلا ئېتىپ ئى-
چىشكە بولىدۇ . كۆجىنىڭ قايسى دەۋرلەردە پەيدا
بولغانلىقى ھەققىدە بىرەر ئېنىق تارىخىي مەلۇمات بولمى-
سىمۇ ، بىراق ئۇنى ئەجدادلىرىمىز كۆممىقوناق تېرىشقا
باشلىغاندا ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ، دېسەك ئۇنچە ئاساسسىز
بولمايدۇ .

كۆجە ئىنتايىن سىڭىشلىك تاماق بولۇپ ، ھەر-
قانداق ئادەمگە ئېغىر كەلمەيدۇ . ئۇنىڭدىن سۈت تەمى
تېتىپ تۇرىدۇ ، ئىچكەندىن كېيىن ئادەمنىڭ مەيدىسى
يەڭگىللىك ھېس قىلىدۇ .

كۆجە مۇنداق ئېتىلىدۇ : ئاۋۋال يېتەرلىك
مىقداردا پاكىز سويۇلغان كۆكباش تەييارلاپ ، دېنىنى
كاساڭغا مەدىكى قالغۇچە قىرىپ چۈشۈرۈپ ، يۇمشاق
سوقۇمىز . ئۇنىڭدىن كېيىن ، سوقمىغا ئازراق سۇ سې-
پىپ ، تىرىپى بىلەن سۈتىنى ئايرىيمىز . كېيىن ، گۆش ،
چامغۇر سېلىپ قاينىتىلغان شورپىغا ئايرىلغان داننى سې-
لىپ بىردەم قاينىتىمىز . ئۇنىڭدىن كېيىن قايناۋاتقان
قازانغا قوناق سۈتىنى ئاز - ئازدىن قۇيۇپ ، ماتىلاپ پى-
شۇرىمىز . شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى ، ئەگەر
كۆكباش سۈتى بىراقلا كۆپ قۇيۇۋېتىلسە ياكى ياخشى
ماتىلاپ بېرىلمىسە ، سۈت بىلەن دان ئارىلاشماي ، كۆجە
بۇزۇلىدۇ . كۆجە پىشاي دېگەندە ، ئازراق يۇمغاقسۈت
سېلىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك .

كۆجىنى يۇقىرىقىدەك ئەتكەندىن باشقا ، قورۇپ
ئېتىشكىمۇ بولىدۇ . بۇنداق كۆجىنىڭ قورۇمىسى ئادەت-
تىكى قورۇمىلارغا ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ ، پەقەت

ئاساسلىق خۇرۇچىنىڭ تەييارلىنىشى ۋە ئېتىلىشىلا يۇقىرىقى كۆجە بىلەن ئوخشىشىدۇ .

كۆجىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ زەرەپشان دەرياسى بويلىرىدىكى دولان ئائىلىلىرىدە ناھايىتى ئوخشىتىپ ئېتەلەيدۇ . (ئا)

## سىقماق

سىقماق ـــ قوناق كۆپ تېرىلىدىغان دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تاماق تۈرلىرىدىن بىرى .

بۇ تاماقنىڭ تەييارلىنىشى مۇنداق : خۇرۇچى قوناق ئۇنى بولۇپ ، قېلىن ئەلگەكتە تاسقالغان قوناق ئۇنىدا تۇزسىزراق ۋە بوش قىلىپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ . چامغۇر ياكى چاقما كاۋا توغرامچە قىلىنىپ ، قازانغا سېلىنىدۇ . سەي - كۆكتات پىشاي دېگەندە تەييار بولغان خېمىرنى ئالقانغا پاتقۇدەك ئۈزۈۋېلىپ ، ئىككى قولنىڭ ئالقىنى بىلەن سىقىپ بارماق ئارىسىدىن ئۆتكۈزىدۇ . بارماق ئارىلىقىدىن سىقىلىپ ئۆتكەن خېمىر خۇددى كەسمە لەگمەن چوڭلۇقىدا ئۈزۈلۈپ ، قايناۋاتقان قازانغا چۈشىدۇ . تاماق تەييارلىغۇچى ئۇستا بارمىقى ئارىسىدىن خېمىرنى سىققاندا ، بارمىقىنى كەڭ ئېچىۋەتمەستىن خېمىر كەسمىسىنىڭ بىر خىل ئۆلچەملىك بولۇشىغا دىققەت قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ . ئادەتتە بارماق ئارىلىقىدىن قىسىلىپ چىققان ئاش ( سىقماق ) نىڭ ئۇزۇنلۇقى تۆت - بەش سانتىمېتىر، كەڭلىكى (توملۇقى ) چوكىنىڭ ئۇچىدەك بولسا ئەڭ مۇۋاپىق ھېسابلىنىدۇ . سىقماقنى قوناق ئۇنىدا تەييارلانغان سۇيۇقئاش دېيىش مۇمكىن . چۈنكى ئۇ ، سۇيى بىلەن ئىچىلىدۇ . شارائىتى بار ئائىلىلەر سىقماققا توغرامچە گۆش ، شوخلا قاتارلىقلارنى سېلىپ پىشۇرسىمۇ بولىدۇ .

سىقماق تەييارلىنىشى ئاددىي ، كۆپ ھەشەم كەتمەيدىغان ، تەمى ئۆزگىچە خاس تاماق بولۇپ ، دېھقانلار كۆپرەك ئەتىگەنلىك چاي ئورنىدا ئىچىشكە ئادەتلەنگەن . (ئا)

## ساڭزا

ساڭزا ـــ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەكلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ ، كۆپرەك ھېيت - بايراملاردا داستىخانغا گېزەك ئورنىدا تىزىش ئۈچۈن پىشۇرۇلىدۇ . ھازىر توي - تۆكۈنلەردىمۇ ساڭزا پىشۇرۇش ئادەتكە ئايلانماقتا . ساڭزىنىڭ كۆرۈنۈشى كۆركەم بولۇپ ، ھەم چۈرۈك ، ھەم مەززىلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ساڭزىنىڭ خۇرۇچى ئادەتتە ئاق ئۇن ، ئالىي دەرىجىلىك سۇ يېغى ياكى ئەبجەش ياغ ، پىياز ، كاۋاۋىچىن ۋە مۇۋاپىق مىقداردىكى تۇزدىن ئىبارەت .

ساڭزا سېلىش ئۇسۇلى : ئالدى بىلەن پىيازنى ياپىلاقلاپ توغراپ ، كاۋاۋىچىن بىلەن قوشۇپ قاينىتىپ ، قويۇق چاي رەڭگىگە كىرگەندە پىياز بىلەن كاۋاۋىچىننى سۈزۈۋېتىپ (ئەڭ ياخشىسى داكىدا ياكى نېپىز ئەلگەكتە سۈزۈش كېرەك ) ، سۈيىنى سوۋۇتىمىز ، مۇۋاپىق مىقداردا سۇ يېغىنى داغلاپ ئۇنىمۇ سوۋۇتىمىز ( ئادەتتە بەش جىڭ ئۇندا تەييارلىنىدىغان ساڭزا ئۈچۈن بەش سەر ئەتراپىدا ياغ داغلاش كېرەك ) . سوۋۇتۇلغان كاۋاۋىچىن سۈيىگە مۇۋاپىق مىقداردىكى تۇز ، داغلاپ سوۋۇتۇلغان ياغنى قۇيۇپ ، ئۇن سېلىپ قاتتىقراق قىلىپ خېمىر يۇغۇرىمىز . خېمىرنى بارلىق كۈچ بىلەن ياخشى چەيلەپ پىشۇرۇپ ئون بەش مىنۇت تىندۇرغاندىن كېيىن بىر سەر چوڭلۇقتا زۇۋۇلا ئۈزۈپ ، ئۇنى يەنە تاۋلاپ ، ئازراق ياغلاپ قورۇق داسقا ياكى لېگەنگە ئۈست - ئۈستىلەپ تىزىپ ، ئۈستىنى تەكشى ياغلاپ يىگىرمە مىنۇت ئەتراپىدا تىندۇرىمىز (تىندۇرۇش ۋاقتى ھاۋا كىلىماتى ، تۇزنىڭ مىقدارى ۋە خېمىرنىڭ قاتتىق - يۇمشاقلىق دەرىجىسىگە باغلىق ) . زۇۋۇلا تىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چوڭ بارماق قول بىلەن تۆشۈك ئېچىپ ، خېمىرنى ئىككى قولنىڭ ئالقىنى بىلەن ئېشىپ ھالقىسمان پىلتە ياساپ ، ئۇنى يەنە ئېشىپ ئىنچىكە چوكىنىڭ توملۇقىدەك بولغاندا ، ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە بەش سانتىمېتىر قىلىپ كالولاپ ئىككى تال ئىنچىكە تاياقچىغا ئىلىپ قازاندىكى قىزىتىلغان ياغقا سېلىپ ، ساڭزا پىشۇرۇش چوكىسى بىلەن ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆرۈپ تەكشى سارغايتىپ پىشۇرىمىز . پىياز ۋە كاۋاۋىچىن قوشۇپ قايناتقان سۇ ساڭزىنى چېچەكلىتىش رولىنى ئوينايدۇ . ساڭزا قازاندىكى مايدا چېچەكلەپ سەل سارغايغاندىلا چوكا بىلەن سۈزۈۋېلىنىدۇ . ئاندىن

ئىسسىق ۋاقتىدىلا تەلەڭگىگە ھەر قېتىم پىشقان بىر زۇۋۇللۇق ساگزىنى بىر ـ بىرىگە يېرىم چىشلىتىپ، خۇددى يۇمىلاق سەللىگە ئوخشاش ئۈست ـ ئۈستىگە ئوراپ، پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان گۈل غۇنچىگە ئوخشاش تىزىلىدۇ.

ساگزا سېلىشتا ئوت كۈچىگە دىققەت قىلىش زۆرۈر. ناۋادا قازاندىكى ياغنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولۇپ قالسا، ساگزا چېچەكلىمەي، لەگمەندەك سىدام بولۇپ قالىدۇ، ياغ ھەددىدىن تاشقىرى قىزىپ كەتسە، ساگزىنىڭ ئىچى خام، تېشى كۆيۈك چىقىدۇ. شۇڭا ياغنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى بىلىش ئۈچۈن سىناق تەرىقىسىدە ساگزا خېمىرىدىن بىر ـ ئىككى پوشكال سېلىپ كۆرۈش كېرەك. ئەگەر پوشكال چېچەكلەپ تەكشى پىشسا ئاندىن ساگزا پىشۇرۇشنى باشلاش كېرەك.

ساگزا سېلىش ــ خېمىر تەييارلاشتىن تارتىپ تاكى ئۇنى پىشۇرۇپ لېگەنگە تىزىپ چىققۇچە بولغان پۈتكۈل جەريان يۇقىرى ماھارەت ۋە تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان مۇرەككەپ ئەمگەك جەريانىدۇر. شۇڭا ساگزا سېلىشتا ئىككى كىشى ھازىر بولۇشى شەرت، بىرى زۇۋۇلىنى ئېشىپ تەييارلىسا، بىرى قازان بېشىدا تۇرۇپ پىشۇرۇشقا ۋە تىزىشقا مەسئۇل بولىدۇ. (ئا)

## تالقان

تالقان ــ قەدىمكى يېمەك تۈرلىرىدىن بىرى. مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (II توم، 271ـ بەت) دا «قاتتۇردى» دېگەن سۆزنى «ئۇ تالقانغا ياغ قاتتۇردى» دېگەن جۈملە بىلەن چۈشەندۈرگەن. بۇ مىسال بۇ يېمەكلىكنىڭ ناھايىتى قەدىمكى يېمەكلىكلەردىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. تالقان ئۇزۇن زامانلارغىچە بۇزۇلۇپ قالمىغاچقا، قەدىكى زامان جەڭ يۈرۈشلىرىدە، شۇنداقلا ئۇزۇن سەپەر قىلغان كارۋانلار تالقان تەييارلاپ ئېلىپ ماڭاتتى. ئۇنى قاچىغا سېلىپ ئۈستىگە قايناق سۇ قۇيۇپ ئىچىشكە بولىدۇ. بۇ قورساقنى ئاچۇرمايدۇ. ئۇ مۇندىق ياسىلىدۇ: قازانغا قوي يېغى سېلىپ قىزىتقاندىن كېيىن ئۇننى سېلىپ سۇس ئوتتا ئۇزاق قورۇلىدۇ. ئۇن سارغايغاندىن كېيىن شېكەر سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ يەنە قورۇلىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭغا كۈنجۈت ياكى ئۇششاق توغرالغان ياڭاق مېغىزى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن بۇ تالقاننى خالتىغا قاچىلىۋېلىپ، خالىغان ۋاقىتتا ئىشلىتىدۇ. تالقان بولۇپمۇ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. (ر)

## مۇراببا

«مېۋە ـ چېۋە ماكانى» دەپ ئاتالغان شىنجاڭ تۈرلۈك ياۋا مېۋىلەرگىمۇ ناھايىتى باي. ئۇيغۇر خەلقى بۇ مېۋىلەردىن كۆپ تەرەپلىمىلىك پايدىلىنىشنى ياخشى بىلىدۇ. بۇنىڭ ئۇسۇلى مېۋىنى شېكەر قىيامىدا قاينىتىپ «مۇراببا» قىلىپ يېيىش.

مۇراببانىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى. ئۇ كىشىلەرنىڭ مىجەزىنى تەڭشەشتە رولى ناھايىتى زور.

ھەرقايسى ئائىلىدە ئۆزلىرى يېيىش ئۈچۈن مۇراببا تەييارلاشتىن تاشقىرى، يەنە مېھمان ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە تەييارلايدۇ. ئۆيگە مېھمان كەلگەندە داستىخاندا باشقا گېزەكلەر قاتارىدا يەنە مۇراببامۇ بولىدۇ.

مۇراببا مۇنداق ياسىلىدۇ: پاكىز سىرلىق قاچىغا سۇ قۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭغا مەلۇم نىسبەتتە شېكەر سېلىنىدۇ، ئاندىن قاينىتىلىدۇ. شېكەر قايناپ قىيام بولغاندا (سوزۇلغۇدەك ھالغا كەلگەندە) قايسى خىلدىكى مېۋىدىن مۇراببا ياسىماقچى بولسا، شۇنى قىيامغا سېلىپ بوش ئوتتا بىرئاز قايناتقاندىن كېيىن ئوتتىن ئېلىنىدۇ.

مۇراببا قاينىتىلغان قاچا ياغ يۇقى بولماسلىقى كېرەك. ئەگەر قاچا ياغ يۇقى بولسا مۇراببا پاختىلىشىپ قالىدۇ. ئۇزۇن ساقلىغىلى بولمايدۇ. مۇراببا ئۈچۈن ئەنجۈر، ئالما، تاشئالما، بېھى، قارىئۆرۈك، گۈلە، بۆلجۈرگەن، قاراقات، سەۋزە ... قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ. بۇلاردىن ئالما، بېھى قاتارلىقلار تىرناق چوڭلۇقىدا توغراپ سېلىنىدۇ ... سەۋزىدىن مۇراببا ياسالغاندا سەۋزە قەلەمچە قىلىپ توغرىلىدۇ، قالغانلىرى قىيامغا پۈتۈن سېلىنىدۇ.

مۇراببا بولۇپمۇ قەشقەر، خوتەن رايونلىرىدا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ھەممە ئائىلىلەردە دېگۈدەك ھەر خىل مېۋە ـ چېۋىلەردىن تەبىئىي ئوخشاشمايدىغان مۇراببالارنى تەييارلاپ، مىجەزىنى مۇراببا ئارقىلىق تەڭشەپ تۇرۇشقا

ئادەتلەنگەن . بەزى ئائىلىلەر ھەتتا ھەر خىل مېۋىلەرنى ئېزىپ مەلھەم بولغۇچە سۇس ئوتتا قاينىتىپ ، ئۇنى قۇرۇتۇپ ناۋاتقا ئوخشاش قاتۇرۇۋالىدۇ . بۇنداق مېۋە قاتمىسىنى ئۇزۇن ۋاقىت ساقلىغىلى بولىدۇ .

مۇراببانىڭ شىپالىق رولى چوڭ بولۇپ ، ئۇيغۇر مىللىي تىبابەتچىلىكىدە دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ . (ر)

## ئىچىملىك ۋە چېكىملىك

ئۇيغۇرلار چارۋىچىلىق ھاياتىدىن باشلاپ ھەر خىل سۈيۈق ئىچىملىكلەرنى ئىچىشكە ئادەتلەنگەن . يىلقا (ئات) ، سۈتىنى تۇلۇمغا سېلىپ ، ئېچىتىپ قىمىز ياساپ ئىچكەن . يەنە تېرىقنى يارما قىلىپ قاينىتىپ ، ئۇنىڭغا ئۇندۇرمە قىلىنغان بۇغدايىنى سوقۇپ سېلىپ ، بىرقانچە كۈن تۇرغۇزۇپ ، تېرىق سۈيۈقلۇقى قايناپ كۆپۈك چىقىرىپ پىشقاندا ، ئۇنى سۈزۈپ سۈيىنى ئېلىپ بوخسۇم («تۈركىي تىللار دىۋانى »، I توم ، 631 ـ بەت) (بوزا) قىلىپ ئىچكەن . يەنە بۇغداي يارمىسى ۋە ئۇندىن يۇقىرىقى ئۇسۇلدا ياسىلىدىغان «ئاغاتقۇ » ، «پىشماق» دېگەنگە ئوخشاش ئىچىملىكلىرى بولغان .

ئۇيغۇرلار شەھەرلەشكەندىن كېيىن ، ئۈزۈمدىن مەي (مۇسەللەس) ياساپ ئىچىشكە ئادەتلەنگەن . ئۇيغۇرلار ئۈزۈم تاتلىق پىشقاندا ، ئۈزۈمنى پاكىز يۇيۇپ ، سىقىپ تېرىپى ۋە دۇغلىرىنى سۈزۈپ ئېلىۋېتىپ ، ھېچقانداق ئېچىتقۇ سالماي قازاندا قاينىتىدۇ (مۇسەللەس قىزارسۇن دېسە ، قايناشتا بىرقانچە تال تازىلانغان ئالما سالىدۇ) ، قازانغا ئۈچ چېلەك ئۈزۈم سۈيى قۇيغان بولسا بىر چېلەك قالغۇچە قاينىتىدۇ . بۇ چاغدا ئۈزۈم سۈيى شىرنىگە ئايلىنىدۇ . ئاندىن ئىككى چېلەك سۈزۈك سۇ قۇيۇپ ، يەنە قاينىتىپ بىر چېلەك توگەپ ئىككى چېلەك قالغاندا ، ئوتنى توختىتىپ ، قول كۆيمىگۈدەك سوۋۇغاندا قۇرۇق ، پاكىز كۆپكە ئېلىپ ئاغزىنى ھاۋا كىرمەيدىغان قىلىپ ئېتىپ ، ھاۋاسى تەڭشەلگەن جايدا قويۇپ قويىدۇ . كۆپتىكى ئۈزۈم سۈيى ئىككى كۈندىن كېيىن بۇلدۇقلاپ قايناشقا باشلايدۇ . مۇسەللەس پىشقاندا كۆپۈك يوقىلىدۇ . ئاندىن قۇرۇق چۆمۈچ بىلەن چەينەككە ئېلىپ پىيالىگە قۇيۇپ ئىچىدۇ .

ئۇيغۇرلار مۇسەللەسنى ھەرگىزمۇ باشقا ئىچىملىكلەرگە ئوخشىتىپ ئىچمەيدۇ . مۇسەللەسنىڭ تەبئىتى ئىككى خىل بولۇپ ، ھۆل ئۈزۈمدە ياسالغىنى سوغۇققا مايىل ، ئۇ ئىسسىق مىجەزلىك كىشىلەرگە شىپا بولىدۇ . قۇرۇق ئۈزۈمدە ياسالغىنى ياكى ئېچىتقۇ ئورنىدا ھەر خىل ئىسسىقلىق دورا ـ دەرمانلار ۋە كەپتەر باچكىسىنى سېلىپ تەييارلانغان مۇسەللەس ئىسسىق تەبئەتلىك بولۇپ ، سوغۇقچان ھۆل مىجەز ئادەملەر ئىچسە كۆرۈنەرلىك مەنپەئەت قىلىدۇ . مۇسەللەس قانچە ئۇزۇن تۇرسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ . ئۇنى ئىسسىق جايلاردا كۆمۈپ ساقلاشقىمۇ بولىدۇ . خوتەندە ياسىلىدىغان «مەيزاپ» مۇ مۇسەللەسنىڭ بىر خىلى .

چېكىملىك : ئۇيغۇرلاردا كۆك تاماكا ، سېرىق تاماكىلارنى چىلىمدا چېكىش بىر مەزگىل ئەۋج ئالغان . كېيىنچە بۇ خىل چېكىملىك ئۆزلۈكىدىن قېلىپ ، موخۇركا چېكىش ئادىتى شەكىللەندى . موخۇركىنى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ياسايدۇ . موخۇركا غولىنى چاناپ ، يانجىپ ، تاسقاپ توپىسىنى چىقىرىپ ، تېرىقتەك دانچىلارنى ئايرىپ ئۇنى قازاندا قورۇپ ئۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا كۆك تاماكا ئارىلاشتۇرۇپ قەغەزگە ئوراپ چېكىدۇ .

قەغەزدە چېكىش ئىككى خىل بولىدۇ ، بىرى ، قەغەزنى كاناي شەكلىدە ئوراپ ، موخۇركا تولدۇرسا ، يەنە بىرى ، قەغەزنى ئىككى قولدەك كېسىپ موخۇركا سېلىپ پاپىروس شەكلىدە يۆگەپ چېكىدۇ . ھازىر موخۇركا ئوراپ چېكىش ئادىتى بارغانسېرى ئازىيىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا زاۋۇتتا ياسالغان تەييار قاپلىق تاماكا چېكىش ئومۇملاشماقتا . تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تاماكا چېكىدىغانلارنىڭ نىسبىتى باشقا خەلقلەرگە سېلىشتۇرغان ئانچە يۇقىرى ئەمەس . ئاياللار ئىچىدە تاماكا چېكىدىغانلار يوق دېيەرلىك ، چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتىدە تاماكا چېكىدىغان ئاياللارنى ناھايىتى يامان كۆرىدۇ . (ش)

## تاماق سايمانلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ تاماق سايمانلىرى دېگەندە ، تاماق

راسلاش سايمىنى ۋە تاماق يېيىش سايمىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ خىل سايمانلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، بەزىلىرى ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. مەسىلەن، تونۇر، زىخ، ئوچاق، كۆسەي، لاخشىگىر، سۈپىرا، ئاشتاختا، پۇزا، نوغۇچ، تۆكچە، رېپىدە، گەزنە داس (تەگلە) قازان، داڭقان، تاۋا، ياغلۇغا (سەي قورۇيدىغان ساپلىق)، مانتا قازىنى، چۆمۈچ، كەپكۈر، چويلا، قوشۇق، قوشۇقلۇق، پىلتە لېگىنى، سەي كورىسى، چۆگۈن، چېلەك، كوب، ياغ تۇڭى، تۇز قاچىسى، پىچاق، قىڭراق، كەكە، پالتا، ئەلگەك، بەل، پېچىنە - پىرەنىك قېلىپى، دوخۇپكا، پەشتاما قاتارلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق تاماق سايمانلىرى ھېسابلىنىدۇ.

چوكا، قوشۇق، پىيالە، چىنە، ھەر خىل تەخسە، لېگەن، تاماق ئۈستىلى، داستىخان قاتارلىقلار تاماق يېيىش سايمىنىغا كىرىدۇ. ئەمما بۇ سايمانلارنىڭ ھەممىسى تاماق ئېتىش، يېيىشلەردە بىرگە خىزمەت قىلىدۇ. بۇ خىل تاماق سايمانلىرى ئاساسەن يەرلىك قول ھۈنەرۋەنلەر تەرىپىدىن ياسىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا قوشۇق ھەممىدىن كۆپ ئىشلىتىلىدىغان تاماق يېيىش سايمىنى بولۇپ، ئۇ ئۈجمە ياغىچى، ئۆرۈك، چىلان ياغاچلىرىدىن ئويۇپ، نەقىش چىقىرىپ ياسىلىدۇ. يېزىلاردا چوكا ئىشلىتىش ئانچە كۆپ ئومۇملاشمىغان. بەزى كىشىلەر (كۆپرەك ياشانغان ئاياللار) چوكا بىلەن يېيىلىدىغان لەڭمەن قاتارلىق تاماقلارنى قولى بىلەن يېيىشكە ئادەتلەنگەن. (ش)

## چاي خۇمار ئۇيغۇرلار

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەك - ئىچمەك ئادىتىدە چاي ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىز ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قايسىبىر رايونغا بارمايلى، چاي ئالاھىدە ئىچىملىك بولۇپ، ئۇلار ھەر قانداق تاماقنىڭ ئالدى - كەينىدە دەملەنگەن بىرەر پىيالە چاي ئىچىشكە ئادەتلەنگەن. بولۇپمۇ ياشانغانلار چاينى بىر خىل شىپالىق دورا دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار دوست - يارەنلىرىنى ئۆيىگە چاقىرىپ، چاي ئىچكەچ ئۆزئارا مۇڭدىشىشنى بىر خىل ھۇزۇرلىنىش ھېس قىلىدۇ. ئادەتتە كوچا - كويلاردا بىرەر يېقىن تونۇشلىرى يولۇقۇپ قالسا، سالام - سائەتلەشكەندىن كېيىن «ئۆيگە مەرھەمەت، بىر پىيالە چاي ئىچكەچ ئۆتسىلە» دەپ تەكەللۇپ قىلىنىش ئومۇملاشقان قائىدە - يوسۇنلارنىڭ بىرى.

سىز قەشقەر، خوتەن شەھەرلىرىنى ئايلانسىڭىز، دوقمۇش - دوقمۇشتا مەخسۇس چايخانىلارنى ئۇچرىتىسىز. بۇ چايخانىلارنىڭ كەڭ ۋە ئازادە ئورنىتىلغان ئوچاق بېشىدا ھەمىشە دېگۈدەك يىگىرمە - ئوتتۇز چەينەك تىزىلغان بولۇپ، چايخانىدىن خېرىدارلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. چايخۇمار ئۇيغۇرلار ئۈچ - تۆت بۇرادەرلىرى بىلەن بىر تەرەپتىن چاي ئىچكەچ ئۆزئارا پاراڭلىشىدۇ، چاقچاقلىشىدۇ ياكى چايخانا سازەندىلىرىنىڭ يېقىملىق نەغمىسىدىن ھۇزۇر ئالىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر چايخانىلىرىنىڭ كۆپچىلىكىدە دۇتار، راۋاب تەييارلانغان بولۇپ، ئۇنى بەزىدە شۇ چايخانىنىڭ ئىشتىن سىرتقى مۇزىكانتلىرى خېرىدارلارغا چېلىپ بېرىدۇ. بەزىدە چاي ئىچىشكە كىرگەن خېرىدارلار (چايخۇمار) ئارىسىدىكى مۇزىكا ھەۋەسكارلىرى چالىدۇ.

مەيلى چايخانىنىڭ چېيى بولسۇن ياكى ئۆيدە دەملەپ ئىچىدىغان چاي بولسۇن، ئۇ ئادەتتىكى چاي بولماستىن، بەلكى ئۇ مىجەز تەڭشەش رولىنى ئوينايدىغان دورا چېيىدىن ئىبارەت. بۇ خىل «دورا چېيى» غا ئىشلىتىدىغان چاي ئاساسەن قارا چاي بولۇپ، بۇنىڭغا بەزى ئۆسۈملۈك دورىلىرى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئۆسۈملۈك دورىلىرىنى ئۇندەك سوقۇپ، قارا چاينى قايناق سۇدا دەملەپ، بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن ئۈستىگە سوقۇلغان ئۆسۈملۈك دورىسىنى سېلىپ چەينەك ئوتنىڭ تەپتىدە ۋىللىدە بىر ئۆرلىگەندىن كېيىن، پىيالىگە ئاز - ئازدىن قۇيۇپ ئىچىلىدۇ. بۇ خىل دورا چاينىڭ كۆپىنچىسى بەدەننىڭ ئىسسىقلىق كالورىيىسى (مىقدارى) نى ئاشۇرىدىغان، ئىشتىھانى ئاچىدىغان، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدىغان، نېرۋىنى سازلاشتۇرىدىغان دورىلاردىن ئىبارەت. مەسىلەن، قارىمۇچ، زەنجىۋىل، قوۋزاقدارچىن، لاچىندانە، قەلەمپۇر، پىلپىل، زىرە، چىلان،

ئالـىقـات ، چۇچۇكبۇيا ، توشقانزەدىكى، زەپەر، پىللە.. قا-
تارلىقلار ، بۇ دورىلار پەسلىنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇق ، ھۆل
ـ قۇرۇق بولۇشىغا قاراپ تەڭشەپ ئىشلىتىلىدۇ .
بەزىلىرىنى ئايرىم ( يەككە ) ، بەزىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ
ئىشلىتىدۇ . ھەر بىر كىشىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى ،
يېشىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ، يېگەن تاماقنىڭ ئوخ-
شاشماسلىقى ، مىزاج پەرقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە
ئاساسەن ، ئىشلىتىلىدىغان چاي دورىلىرىمۇ ئوخشاش
بولمايدۇ . مەسىلەن ، كاۋاپ ، پولۇ ، پىتىر مانتا تۈرىدىكى
ئىسسىقلىق تاماقلار يېيىلسە ، ھەزىم قىلىشقا ياردىمى بو-
لىدىغان تەبىئىتى سوغۇققا مايىل دورىلار ئارىلاشتۇرۇلغان
چاي ئىچىلىدۇ . ئەگەر تەبىئىتى سوغۇققا مايىل
سۇيۇقئاش قاتارلىق تاماقلار يېيىلسە ، ئىسسىقلىق مىقدا-
رىنى ئاشۇرىدىغان دورىلار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ . مۇشۇ خىل
ئەنئەنىۋى چاي ئىچىش ئادىتى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ئۆز ـ
ئۆزىنى داۋالايدۇ . پەسىل ئۆزگىرىشلىرىگە ماسلىشىپ
مىجەزىنى تەڭشەيدۇ . شۇڭا ئۇيغۇرلار بىرەر كۈن تاماق
يېمىسە رازىكى ، ئەمما ئالاھىدە دەملەنگەن مۇشۇ خىل
چايدىن بىرەر پىيالە ئىچمىسە كۆڭلى ئۇنىمايدۇ . (ئا )

# IV ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئادەتلىرى

## ئولتۇراق ئۆي ئادەتلىرى

ئۇيغۇرلار قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى دەۋرىدە، مۇشۇ ئىگىلىك شەكلىگە ماس بولغان ئاق ئۆي (كىگىز ئۆي) لەردە ياشىغان. كېيىنچە ئۇيغۇرلار شەھەرلىشىپ مۇقىملاشقان ئولتۇراق دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە كۆچكەندىن كېيىن، قەدىمكى يۆتكەشكە بولىدىغان «كىگىز ئۆي» دە ئولتۇرۇش ئەنئەنىسىنى ئۆزگەرتىپ، خىش ياكى كېسەكتىن ياسىلىدىغان كۆپ قۇرۇلمىلىق تۆت چاسا ئۆيلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن باشلاپ گۈزەللىككە ئىنتىلىدىغان، گۈزەللىكنى سۆيىدىغان خاراكتېرى ئۇلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلمىسىدا روشەن ئەكس ئېتىپ، ئۆيلەر ياسىلىشى ۋە زىننەتلىنىشى ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، قوپاللىقتىن نەپىسلىككە قاراپ تەرەققىي قىلغان.

ئۇيغۇرلار ئاساسەن ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز بولغان قۇرغاق رايونلارغا ماكانلاشقاچقا، ئۇلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىمۇ مۇشۇنداق تەبىئىي شارائىتقا ماس ھالدا قۇرۇلغان. گەرچە ئىقتىسادىي ۋە تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقى، جۇغراپىيىلىك شارائىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلمىسىدا بەلگىلىك دەرىجىدىكى رايون پەرقى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆي قۇرۇلما شەكلىنى شەرتلىك ھالدا ئىككى خىلغا بۆلۈش مۇمكىن.

بىرىنچى خىلى، ئۆگزىسى تۈز، چاسا شەكىللىك خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر. بۇنداق ئۆيلەرنى ياساشتا ئۆينىڭ ئۇلى خاك بىلەن چىڭدىلىدۇ، شارائىتى بار جايلاردا ئۆينىڭ ئۇلىغا تاش ياكى پىششىق خىش قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خام كېسەك تام قوپۇرۇلىدۇ. بەزى ئۆيلەرگە تام ئارىسىغا ئارىلاپ ياغاچ تۈۋرۈك قويۇلىدۇ. ئۆينىڭ ئۈستى ياغاچ بىلەن يېپىلىدۇ. ئادەتتە ئۆينىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ يەتتە تال، توققۇز تال، ئون بىر تال مەزمۇت خادا ياغاچ (لىم) قويۇلىدۇ. خادا ياغاچ ئارىلىقى ئەھۋالغا قاراپ قىرىق سانتىمېتىردىن ئاتمىش سانتىمېتىرغىچە كەڭلىكتە بولىدۇ. خادا ياغاچ ئارىلىقى ۋاسا جۈپ ياكى ۋاسا دەمىيان قىلىپ يېپىلىدۇ. ۋاسا بىلەكتەك چوڭلۇقتىكى تال سۆگەت بادرىسىنى ئوتتۇرىدىن تىلىپ ئوخشاش چوڭلۇقتا ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بورا سېلىپ، پاخال بىلەن چىمكىگەندىن كېيىن قارا لاي بىلەن تەكشى باستۇرۇلىدۇ. قارا لاي قۇيۇلغاندىن كېيىن سامان ئارىلاشتۇرۇلغان كاكىل لاي بىلەن تەكشى سۇۋۇلىدۇ. ئۆينىڭ ئىچىمۇ قارا سۇۋاق ۋە ئىنچىكە سۇۋاق قىلىنىدۇ. ئۆينىڭ قىبلە تەرىپىگە ئورۇن - كۆرپە يىغىلىدىغان مېھراب (يەرلىك تىلدا «مەرەب» دېيىلىدۇ) ئويۇلىدۇ. قالغان تاملىرىغا بىر كۋادرات مېتىر چوڭلۇقتا بىرقانچە تەكچە ياساپ، ئۇنىڭغا چىنە - قاچا ۋە زىننەت بۇيۇملىرى تىزىلىدۇ. دېھقان ئائىلىلىرى يەنە تەكچىلەرگە قىشلىق قوغۇن - تاۋۇز، كاۋىلارنى تىزىپ ساقلايدۇ. بۇنداق چاسا شەكىللىك ئۆيلەر بىر - بىرىگە تۇتاشقان ھالدا مېھمان ئۆي، ئايۋان ياكى دەھلىز ئۆي، ياتاق ئۆي ۋە ئاشخانىغا بۆلۈنىدۇ. مېھمان ئۆينىڭ بىر بۇرجىكىگە قازناق ئۆي سېلىنىدۇ. قازناق — تازىلىق ئۆيى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستى كولىنىپ ئەۋرەز ياسىلىدۇ. «ئەۋرەز» يەرلىك ئۇسۇلدا يۇندا - سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئورنى ھېسابلىنىدۇ. دەھلىز ئۆيگە تۈۋرۈك قويۇلۇپ، تۈۋرۈك بىلەن پاراللېل تەكشىلىكتە سۇپا ياكى كاڭ ئورنىتىلىدۇ. مېھمانخانا ئۆيدىن باشقا ئۆيلەرگە ئاساسەن دېرىزە قويۇلماي ئۈستىدىن تۈڭلۈك قويۇلىدۇ. ئۆينىڭ ئىشىكى ئاساسەن جەنۇب تەرەپكە

قارىتىلىدۇ. ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا كەڭ سۇپا ياسىلىپ ئۈستى پېشايۋان قىلىنىدۇ. پېشايۋان ئالدىغا ئۈزۈم بارىگى ياسىلىپ، هويلىغا قويۇلغان ئۈزۈم تالى باراڭ ئارقىلىق پېشايۋانغا يامىشىدۇ. ھەرقانداق ئۆينىڭ ئالدى كەڭ هويلا بولۇپ، هويلىنىڭ ئىشىكى (دەرۋازا) چوڭ ۋە ھەيۋەتلىك بولىدۇ.

ئىككىنچى خىلى، ئۈستى كېسەك بىلەن يېرىم چەمبەر شەكىلدە ئەگمە قىلىپ يېپىلىدىغان كېمىر ئۆيلەر. بۇنداق ئۆيلەرنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىسىدىن باشقا جايلارغا ياغاچ ئىشلىتىلمەيدۇ. كېمىر ئۆيلەر كۆپىنچە ئىككى قەۋەت بولۇپ، ئاستىنقى قەۋىتى بىر ـ ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتا گېرەم قىلىپ كولىنىدۇ. ئۈستىگە بىر مېتىر ئەتراپىدا كېسەكتىن تام قوپۇرۇلۇپ ئۆلچەملىك قېلىپتا قۇيۇلغان خام كېسەك بىلەن گېئومېترىك شەكىلدە ئەگمە قىلىپ يېپىلىدۇ. بەزى ئەگمىلەرنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر قەۋەت كېسەك بىلەن ئىمارەت قوپۇرۇلىدۇ. كېمىر ئۆيلەر قىشتا ئىسسىق، ياز كۈنلىرى سالقىن بولغاچقا، ئۇ تۇرپاننىڭ هاۋا كىلىماتىغا تازا ماس كېلىدۇ.

كېمىر ئۆي تۇرپان، توقسۇن، پىچان قاتارلىق ھەم قۇرغاق، ھەم ئىسسىق رايونلاردا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس كەشپىياتىدۇر.

ئۇيغۇرلار ئۆي سېلىشتا ئومۇمەن كۈنگەي جاينى تاللايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرى ئۆزىگە خاس بىناكارلىق سەنئىتىگە ئىگە. ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي ـ ئىمارەت قۇرۇلمىسىدا قەدىمكى مىللىي ئەنئەنە ئاساسىدا مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئىسلام مىمارچىلىق ئۇسلۇبىدىكى ئۆي ـ ئىمارەتلەر ئومۇملىشىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ، جامە، مەسچىت، مازار، زىيارەتگاھلارنىڭ ئىمارەت قۇرۇلمىسىدا بۇ خۇسۇسىيەت روشەن ئەكس ئەتتى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر مىمارچىلىقىدىكى مۇنار، گۈمبەز، قۇببە، مېھراب، بالابېشى، ئىشىك بېشى، تەكچە ئويۇقى، مورا، پېشايۋان، تۈۋرۈكلەرنىڭ قۇرۇلۇش سەنئىتى ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە رەڭ تاللاشتىكى ئېستېتىك قارىشىنى قويۇق ئەكس ئەتتۇرۇپ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ماددىي ئاساسى سۈپىتىدە ئېلىمىزنىڭ بىناكارلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنى بېيىتتى. (ئا)

## ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئۈلگىلىرى

ھازىر شىنجاڭدا يىگىرمە مىڭدىن كۆپرەك مەسچىت ـ مەدرىس بولۇپ، ئۇلار تالىپلار قىرائەتخانىسى، مۇدەررىس ئىشخانىسى، مەسچىت، ياتاق، سەرراپخانا، قازىخانا ( مەھكىمە شەرئى )، تىلاۋەتخانا قاتارلىق بۆلۈمچىلەردىن تەركىب تاپقان، ئىمارەتلىرى پۈتۈنلەي ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى ئۇسلۇبىدا ياسالغان بولۇپ، قويۇق يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە.

1) ھېيتگاھ جامەسى ــ ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ تىپىك ئۈلگىلىرىدىن بىرى بولغان ھېيتگاھ جامەسى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، تەخمىنەن ئالتە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە. دەسلەپ 1442 ـ يىلى بۇ يەرگە كىچىك بىر مەسچىت سېلىنغان. 1557 ـ يىلى قەشقەر ھاكىمى ئوبۇل بەگ تەرىپىدىن، 1787 ـ يىلى خانئېرىقلىق زۇلپىيە خېنىم تەرىپىدىن، 1809 ـ يىلى ئىسكەندەر ۋاڭ تەرىپىدىن، 1839 ـ يىلى زۆھۈردۈن ھاكىم بەگ تەرىپىدىن، 1873 ـ يىلى پۇقرالار تەرىپىدىن ئىلگىرى ـ كېيىن كېڭەيتىپ ياسالغان.

ھېيتگاھ جامەسى چوڭ دەرۋازا، مەدرىس، مەسچىت قاتارلىق ئۈچ قىسمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى ئون بەش مىڭ ئالتە يۈز كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. چوڭ دەرۋازا پەشتىقى خىش بىلەن ئېگىز ھەم كۆركەم ياسالغان بولۇپ، ئىككى تەرىپىگە ئون سەككىز مېتر ئېگىزلىكتىكى ئىككى پەشتاق مۇنارى ئورنىتىلغان. مۇنار ئۈستىدىن قارىسا قەشقەر شەھىرىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى نامايان بولىدۇ. دەرۋازا زالى تەكشى، يۈزى سەككىز قىرلىق ئۈستى گۈمبەز تورۇسلۇق ياسالغان. ئىچكى قىسمى مەسچىت ۋە مەدرىسكە بۆلۈنگەن ھەم ياغاچ رېشاتكىلىق خىش تام بىلەن ئايرىلغان. جامەنىڭ ئالدىغا مەدرىس جايلاشقان بولۇپ، ئۇ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرغان

ھۇجرا ۋە دەرسخانىدىن تەشكىل تاپقان. جامە ھويلىسى ئىچىدە ئىككى كۆل بولۇپ، كۆل ئەتراپى ئېگىز سۇۋادان تېرەكلەر بىلەن قاپلانغان. مەسچىت جامە ھويلىسىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىچكىرىكى مەسچىت، تاشقىرىقى مەسچىت، ئايۋان دەپ ئۈچكە بۆلۈنگەن. مەسچىتنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر يۈز قىرىق مېتىر، كەڭلىكى ئون ئالتە مېتىر كېلىدۇ. پۈتۈن مەسچىت قاپارتما نەقىش ئويۇلغان بىر يۈز قىرىق دانە تۆت قىرلىق تۈۋرۈك بىلەن تۇرغۇزۇلغان. ئۈستى يۈز ئاراغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ۋاساجۇپ تۈز تورۇسلۇق ياسالغان. ئىچكىرىكى مەسچىتنىڭ غەربىگە ئەگمە مېھراب ۋە ياغاچ بىلەن نەپىس ياسالغان مۇنبەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان، يان، ئالدى تەرەپكە ياغاچ پەنجىرىلىك دېرىزە ۋە ئىشىك قويۇلغان. تاشقى مەسچىت ئالدى تەرىپى ئوچۇق ياسالغان كەڭ ۋە ئۇزۇن ئايۋاندىن تەشكىل تاپقان، توققۇز ئارانىڭ تورۇسىغا چاسا - خالىق ئويۇقچە چىقىرىلغان ۋە رەڭلىك سىزما نەقىش بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، پۈتۈن جامە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش شەكلى، قۇرۇلمىسى ۋە نەقىش، بېزەكلەر جەھەتتە قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي شەكىلگە ئىگە.

2) مەھمۇت قەشقەرى مازىرى — ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى (مىلادى 1008 — 1105 - يىللار) ئانا يۇرتى قەشقەر كوناشەھەرنىڭ ئوپال يېزىسىدا توقسان يەتتە يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە شۇ يەردىكى «تاشبېلىق تېغى» (ھەزرىتى موللام تېغى) باغرىدىكى سۇزۇكبۇلاق ئۈستىگە دەپنە قىلىنغان. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ۋە ئىلىم - مەرىپەتنى سۆيگۈچى كىشىلەر ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە خاتىرە ئىمارەت ياسىغان. ئالىمنىڭ مازىرى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش شەكلى، قۇرۇلمىسى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە نەقىش - بېزەكلىرى جەھەتتە ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولۇپ، روزا - مەرىكە، تىلاۋەتخانا، ئايۋان، ئېتىكاپخانا، ھۇجرا، مەسچىت ۋە چوڭ دەرۋازا قاتارلىق بىر يۈرۈش ئۆي - ئىمارەتلەردىن تەشكىل تاپقان. بۇنىڭ روزا - مەرىكە، ئايۋان، مەسچىت قىسمى توپا - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ۋاساجۇپ تۈز تورۇسلۇق ياسالغان. ئېتىكاپخانا، ھۇجرا ۋە دەرۋازا زالى توپا قۇرۇلمىلىق، گۈمبەز تورۇسلۇق ياسالغان. لىم، جەگە، هاراق - پەرمانلىرىغا نەقىش ئويۇلغان. نەقىشلەر ئىچىدە سۇخەر، غۇنچە، چېچەك، ياپراق، ئۈزۈم، بادام، يازا، كۈرگۈل، سەددە، بېلىق قاسىرىقى ۋە ھەر خىل گۈل، ئۆسۈملۈكلەر نۇسخىلىرى بار. بۇ قەدىمىي ئىمارەت شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى ۋە قوللىشى بىلەن 1985 - يىلى ئەسلى شەكلى بويىچە قايتا ياسىلىپ تېخىمۇ ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم تۈسكە كىردى، ئۇ، ھازىر مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى ۋە چەت ئەللىك دوستلارنىڭ ساياھەت ۋە ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئورنى بولۇپ قالدى.

3) يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى — قاراخانىلار دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق دۆلەت ئەربابى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇتەپەككۇر ئالىمى، پەيلاسوپ ۋە شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ (مىلادى 1018 — 1085 - يىللار) قەشقەر تۈمەن دەرياسى بويىدىكى «بارگاھ» دېگەن يەرگە دەپنە قىلىنغان. ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدە (1533 — 1570 - يىللار) ئالىمنىڭ قەبرىسى تۈمەن دەرياسى كەلكۈنىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسى يېنىدىكى پايناپ مەھەللىسىگە يۆتكەلگەن ۋە بىر نەچچە قېتىم رېمونت قىلىنغان. ئالىمنىڭ مازىرى ئۆزىگە خاس بىناكارلىق سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن، يەنى شەرقىي تەرىپىگە مازار، غەربىي تەرىپىگە مەسچىت ئورۇنلاشقان. مازار قۇرۇلۇشى خىش قۇرۇلمىلىق، گۈمبەز تورۇسلۇق ياسالغان. ئالدى تىك يۈزى ھەر خىل نۇسخىدىكى رەڭلىك نەقىشلەر بىلەن ئىشلەنگەن كاھىشلار بىلەن زىننەتلەنگەن، تۆت بۇلۇڭغا يۇمىلاق مۇنار چىقىرىلغان. مازارنىڭ ئەتراپىدىكى چوڭ - كىچىك مۇنار ۋە گۈمبەزلەر ئۆزئارا قوشۇلۇپ ھەيۋەتلىك گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلغان. مەسچىت قىسمى ئىچكىرى، تاشقىرى دەپ ئىككىگە

بولۇنگەن . ئىچكىرىكى مەسچىت خىش قۇرۇلمىلىق گۈمبەز تورۇسلۇق ياسالغان . تاشقىرىقى مەسچىت ياغاچ تۈۋرۈك ۋە لىملار بىلەن ۋاساجۇپ تۈز تورۇسلۇق يېپىلغان . پۈتۈن مازارنىڭ ياسىلىشى كۆركەم . ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن رەڭلىك كاھىش ياغاچ ئويما نەقىش ۋە گەج ئويما نەقىشلىرى يۇقىرى ھۈنەر – سەنئەت بىلەن ئىشلەنگەن بولۇپ ، ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرىدۇ . بۇ ھەيۋەتلىك مازار « مەدەنىيەت ئىنقىلابى »مالىمانچىلىقىدا ۋەيران قىلىۋېتىلگەن . 1988 - يىلى پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ياردىمى بىلەن بۇرۇنقى نۇسخىسىنى ئاساس قىلىپ ئۆز ئورنىغا قايتا ياساپ چىقىلدى . ئالىمنىڭ يېڭىدىن تۇرغۇزۇلغان بۇ كۆركەم ۋە ھەشەمەتلىك مازىرى دۆلەتلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان قۇرۇلۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ( ئا )

## ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىدىكى نەقىش ۋە كاھىش

ئۇيغۇرلار ئۆي – ئىمارەتلەرگە نەقىش ئويۇشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ . ئۆي – ئىمارەت نەقىشلىرى شەكىل جەھەتتىن سىر ياكى رەڭ بىلەن سىزىلغان رەڭلىك رەسىملەر ، گەج نەقىشلىرى ، قاپارتما نەقىشلەر ، ئويما نەقىش قاتارلىق بىر قانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ .

رەڭلىك رەسىم شەكلىدىكى نەقىشلەر كۆپرەك مېھمانخانا ئۆينىڭ ئىشىك – دېرىزىلىرىگە ، مېھرابنىڭ گىرۋەكلىرىگە ، تەكچىنىڭ ئەتراپىغا ، ئۆينىڭ ئۈستىدىكى خادا ياغاچ ( لىم ) ۋە بالابېشىغا ، ئايۋان – ساراي ، پېشايۋانلارنىڭ كۆرۈنەرلىك جايلىرىغا سىر ياكى رەڭ بىلەن ئۆزىگە خاس شەكىل ۋە ئۇسلۇبتا كۆركەم ۋە ئوبرازلىق قىلىپ سىزىلىدۇ . ئۇنىڭغا كۆپرەك ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى بىلەن ماس كېلىدىغان ھەر خىل مەنزىرىلەر ، گۈللەر ، قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنىڭ شەكلى ... قاتارلىقلار سىزىلىدۇ . ئادەمنىڭ سۈرىتىنى نەقىش قىلىپ سىزىش ئادىتى يوق . چۈنكى ، خەلق ئارىسىدا ، « ئادەمنىڭ سۈرىتى سىزىلسا ئۇ دۇنياغا بارغاندا ئۇ سۈرەت جان تەلەپ قىلىدۇ » دەيدىغان دىنىي قاراش ئومۇملاشقان .

ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىدە گەج نەقىشلىرى ھەممىدىن كەڭ تارقالغان بولۇپ ، ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرگەن كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۆيلىرىنى گەجخاھ قىلىدۇ . يەنى پىشۇرۇلغان ھاك ئۇنىغا مەلۇم ئۆلچەم بىلەن تۇخۇمنىڭ ئېقى ، تۇزغاق ، ئاز مىقداردا قۇمشېكەر ، قۇم ياكى سېمونت ئارىلاشتۇرۇلۇپ ، ئۆي تاملىرىنى سۇۋۇغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا گەج نەقىشلىرى ئىشلىنىدۇ . بۇنداق نەقىشلەرنىڭ شەكلى ھەر خىل بولۇپ ، بەزىلىرى بىر ئورگاننى نۇقتا قىلىپ ئىككى يانغا ياكى تۆت تەرەپكە داۋاملاشسا ، يەنە بەزىلىرى يۇملاق ، تۆت چاسا ، ئۈچ بۇرجەك ، روجا شەكىللىك ، بادام شەكىللىك ، يۇلتۇز ، ئاي ، نۇر شەكىللىك بولىدۇ . ئومۇمەن بۇ نەقىشلەرنىڭ ئېلېمېنتلىرى گېئومېترىك شەكىلدىكى مۇرەككەپ سىزىقلار بىلەن بىر – بىرىگە ماس كەلتۈرۈلگەن ھالدا ئارىلىقلىرى رەتلىك ۋە جانلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ ۋە سۆيۈندۈرىدۇ .

ئۇيغۇر بىناكارلىقىدىكى نەقىش ئۇسلۇبلىرى ئىچىدە گىرۋەك نەقىشى ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇبى ۋە شەكلى بىلەن باشقا نەقىش تۈرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ . گىرۋەك نەقىشى كۆپىنچە مۇنار ، گۈمبەز ، تۈۋرۈك ، ئىشىك قاتارلىقلارغا قاپارتما شەكلىدە ئويۇلىدۇ . ئۇ ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ ، شەۋلان ، كۆپۈشەك ، كەكلىك قېشى ، قەنخىش ، توقۇناق ، زەنجىر ، بادامچە ، پىلتە ، ناۋا ، غۇنچە ، زونجى ، نەمۇيان ، سوخەر ، ئانار ، چېچەك ، مودەن ، ئۈزۈم ، شەددە ، سولا ، يورۇق ، پىنچە ، زەمىس ، ئىسلىما ، سەبدە ، گۈلشەن ، قوشقۇراق ، نەستە ، كەلكۈن ، بېلىق قاسىرىقى ، رىشات ، كۈن ، ئاي ، يۇلتۇز ، ھەشقىپېچەك ، ساندۇقچە ، گېزەك ، تالا ، يوپۇرماق ، تۇمارچە ، زەنجىر ، پەتنۇسچە ، قىيپاش زەنجىر، گۈلگىياھ قاتارلىقلارنى سىيۇژىت قىلغان ئاساستا ئىشلىنىدۇ ۋە نەقىش تۈرىمۇ مۇشۇ نام بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ . گىرۋەك نەقىشلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن .

ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا ئىشلىتىلىدىغان كاھىش ئاساسەن يېشىل ۋە زەڭگەر رەڭدە بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بىنەپشە رەڭ، ھال رەڭ، ئاق رەڭ قاتارلىق كۆپ خىل رەڭلىك كاھىش ۋە قاپارتما چىقىرىلغان كاھىشلارمۇ بار. كاھىش مەخسۇس خۇمداندا پىشۇرۇلۇپ تەييارلىنىدىغان بولغاچقا، رەڭگى ئۆڭمەسلىك ۋە چىداملىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. كاھىش كۆپىنچە مەسچىت، جامە، زىيارەتگاھلىقلار، گۈمبەزلەر ۋە بۈيۈك زاتلارنىڭ مازارلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنداق كاھىشلارغا گۈل چېكىلىدۇ. كاھىشلار ئۈچ بۇرجەك، تۆت بۇرجەك، ئالتە بۇرجەك ۋە رومبا شەكىللىك ياسىلىپ، ئۇلارنى ماس ھالدا گىرەلەشتۈرۈپ تىزىش ئارقىلىق ھەر خىل نەقىشلەر ھاسىل قىلىنىدۇ. خىشلارنى ھەر خىل شەكىلدە ياساپ گېئومېترىك شەكىلدە تىزىش ئارقىلىق ھاسىل قىلغان بۇنداق نەقىشلەر بىناغا كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك تۈس كىرگۈزىدۇ. (ئا)

## مېھرابچە نەقىشلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتىدە مېھرابچە نەقىشلەرنىڭ ئىشلىنىدىغان ئورنى كۆپ، جەلپدارلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇيغۇر نەققاشچىلىقىنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇرىدۇ. مېھرابچە قەدىمكى ئۇيغۇر بىناكارلىقىدىكى چېدىر، گۈمبەز شەكىللىرىدىن تەرەققىي قىلىپ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى شەكىللەرنىڭ بىرى. بۇددىزم مەدەنىيىتى دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بارلىققا كەلگەن «مىڭئۆي» لەرنىڭ قۇرۇلما شەكلىمۇ مېھرابچە شەكىللەرگە قىسمەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقالغاندىن كېيىن، ئىسلام مىمارچىلىقىنىڭ ھەر جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىشى ئاستىدا مېھرابچە شەكىل مەسچىت، مەدرىس، مازار قۇرۇلۇشلىرىغىچە سىڭىپ كىرىپ، قويۇق ئىسلام تۈسىنى پەيدا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆيلەرگىچە كەڭ ئومۇملىشىپ، ئىمارەتنىڭ سىرتقى شەكلى بىلەن ماسلاشقان ھالدا ئىشىك بېشى، دېرىزە بېشىغا گەج ۋە خىش ئارقىلىق مېھرابچە نەقىش چۈشۈرۈلگەندىن تاشقىرى تام يۈزلىرىگىمۇ نەقىش ئورنىدا ئىشلىنىپ، ئۇيغۇر مىللىي نەققاشلىق سەنئىتىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان نەقىش شەكلىگە ئايلانغان. مېھرابچە نەقىشلەرنى ئىشلەشتە مېھراب ئىچىگە ئاساسىي نەقىش (گۈل - گىياھ نەقىشلىرى ياكى گېئومېترىك شەكىللەر) جايلاشتۇرۇلۇپ، ئۈستىگە ئوڭ ۋە سول بۇرجەكلىرىگە بۆلۈك نەقىشلىرى ۋە گىرۋەك نەقىشلىرى بىر - بىرىگە ماس ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ھەر بىر مېھراب ئۆز ئالدىغا بىر پۈتۈن نۇسخا بولۇپ شەكىللىنىپ، باشقا نۇسخىلار بىلەن پاراللېل ھالدا گىرەلەشتۈرۈلىدۇ. چوڭ ـ كىچىكلىكى بىلەن بىردەك بولۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ.

مېھرابچە نەقىشلەر ئاساسەن ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ تام، تەكچە، مورا، مېھراب قاتارلىق جايلىرىغا ئىشلىنىپ، ھەر خىل مۇرەككەپ گېئومېترىك سىزىقلار ۋە گۈل ـ گىياھ نۇسخىلىرى بىلەن بېرىكىپ كېلىدۇ. مېھرابچە نەقىشلەرنىڭ كۆپچىلىكى قاپارتما شەكىلدە بولۇپ، كۆك، يېشىل، ئاق (گەجنىڭ ئەسلى رەڭگى) قاتارلىق رەڭلەردە ئاددىي قىلىپ بېزىلىدۇ. ئوچۇق رەڭلەر ئىشلىتىلمەيدۇ. مېھرابچە نەقىش ئۈچۈن تاللانغان رەڭلەر ئاددىي، رەڭ پەرقى كۈچلۈك، ئەمما بىر - بىرىگە ماسلاشقان بولغاچقا، ئىمارەتلەرگە ھەيۋەتلىك تۈس كىرگۈزۈپ، كىشىگە ئېستېتىك زوق بەخش ئېتىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مېھرابچە نەقىش ئۇسلۇبى بارغانسېرى تەرەققىي قىلىپ، ھازىرقى زامان بىناكارلىق سەنئىتىدە كەڭ قوللىنىلماقتا.

مېھرابچە نەقىشلەردە قويۇق مىللىي ئۇسلۇب گەۋدىلەنگەچكە، ئۇ يالغۇز ئۆي - ئىمارەتلەرنى كۆركەملەشتۈرۈشكە خىزمەت قىلىپلا قالماستىن، شۇنداقلا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىگىمۇ سىڭىپ كەتكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن كېپىنەك تونىنى ئالساق، ئۇنىڭ ئالدى پېشىگە ۋە بۆرەكچە ياقا گىرۋەكلىرىگە مېھرابچە

شەكىللىك نەقىشلەر كەشتىلەنگەن . ئۇيغۇر كۇلالچىلىق سەنئىتىدە ئىشلەنگەن ھەر خىل قاچا ـ قومۇشلارنىڭ گىرۋەكلىرىدىمۇ مېھرابچە شەكىللىك نەقىشلەر ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ . بۇ ھال بىزگە مېھرابچە نەقىشنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ . ( ئا )

## مۇنار

مۇنار ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرى . مۇنار قەدىمكى دەۋرلەردە كۆزىتىش ۋە خەۋەرلىشىش مەقسىتىدە ياسالغان تۇر ( تۇرا ) لار ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان .

دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن قەلئە ، سېپىل دەرۋازىلىرىنىڭ يېنىغا ۋە شەھەرلەر ئارىسىدىكى دۆڭلۈكلەرنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بۇنداق ئېگىز تۇرالار شىنجاڭدا ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، بەزى جايلاردا ئۇنىڭ ئىزلىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان . مەسىلەن ، قۇمۇل رايونىدا تۇر ( تۇرا ) نامى بىلەن ئاتالغان يۈزدىن ئارتۇق مەھەللە ياكى يۇرت بار . تۇرا ئاساسەن قەدىمكى زاماننىڭ خەۋەرلىشىش پونكىتى بولۇپ ، دۈشمەننىڭ شەپىسى كۆرۈنگەن ھامان تۇرا ئۈستىگە ئوت يېقىپ ، ئۇنىڭدىن چىققان تۈتۈن ئارقىلىق ئۇ تۇرادىن بۇ تۇراغا .... شۇنداق قىلىپ ئوردىغا خەۋەر يەتكۈزگەن . بۇنداقچە ئېيتقاندا تۇر ( تۇرا ) لار قەدىمكى زاماننىڭ تېلېفونى ياكى تېلېگراممىسى سۈپىتىدە رول ئوينىغان . كېيىنچە تۇرالار تەرەققىي قىلىپ ، كۆزىتىش مۇنارى ، بۇددا مۇنارى ، پەشتاق مۇنارى (ئەزان چىللاش مۇنارى ) ، مەنزىرە مۇنارى ۋە خاتىرە مۇنارى قاتارلىق مۇنار شەكىللىرى پەيدا بولغان .

ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ، بىناكارلىقىمىزدىكى مۇنار سەنئىتى بۇددا تۈسىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ ، بۇددا مۇنارىنى شەكىللەندۈرگەن . بۇنداق بۇددا مۇنارلىرى كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك ياسالغان بولۇپ ، تەكلىماكان ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدە بىرقەدەر ياخشى ساقلانغان . كىرورەن قەدىمكى شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى تەخمىنەن 10.62 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئۈستى يۇمىلاق بۇددا مۇنارى ، يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى تۆت بۇت تەكچىسىگە يۈز بۇت قويۇلغان بۇددا مۇنارى قاتارلىقلار مىسال بولالايدۇ .

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ، بۇددا مۇنارىنىڭ ئورنىنى مەسچىت ، مەدرىس ، مازارلارغا ئورنىتىلىدىغان پەشتاق مۇنارى ئىگىلەپ ، ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبى تەرەققىي قىلدى . پەشتاق مۇنارى بۇددا مۇنارىغا ئوخشاشمىغان ھالدا ئۈستى يېرىم ئاي شەكىللىك بولۇپ ، تۆت ئەتراپىغا بۆرەكچە كۆنگۈرە قويۇلىدۇ . ئۇ ئاساسەن مەسچىت ، مەدرىس ۋە مازار دەرۋازىسىنىڭ ئىككى يېنىغا ياسىلىدۇ . شۇڭا ئۇ ئەزان مۇنارى دەپ ئاتىلىدۇ .

مەنزىرە مۇنارى جامە ، مەسچىت ۋە خاسىيەتلىك ئىمارەتلەرنىڭ تۆت ئەتراپىغا ياسىلىدۇ . ئۇ شەكىل ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن پەشتاق مۇنارىغا ئوخشىشىدۇ . ئەمما رولى جەھەتتە پەشتاق مۇنارىدەك ئەزان چىللاش ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى ئىمارەتلەرنىڭ كۆركەملىكىنى ئاشۇرۇش ھەمدە ئىمارەتنىڭ پۇختا بولۇشىغا تۆۋرۈك بولۇشتەك رولى بار .

خاتىرە مۇنارى تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ياسىلىدۇ : تۇرپاندىكى ئىمىن ۋاڭ مۇنارى بۇنىڭ تىپىك مىسالى . بۇ مۇنار تۇرا شەكلىدە بولۇپ ، ئېگىزلىكى قىرىق تۆت مېتىر ، ئاستىنىڭ دىئامېتىرى ئون مېتىر ، مۇنارنىڭ ئۇچىغا يەتمىش ئىككى ئايلانما پەلەمپەي ياسالغان . بۇ مۇنار 1777 ـ يىلى ئىمىن ۋاڭنىڭ ئوغلى سۇلايمان ۋاڭ تەرىپىدىن دادىسىغا بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن ياسالغان . شۇڭا كىشىلەر سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى دەپمۇ ئاتايدۇ . بۇ مۇنار پۈتۈنلەي خىش بىلەن ياسالغان بولۇپ ، خىشلارنى گېئومېترىك شەكىلدە بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈپ تىزىش ئارقىلىق خىلمۇ خىل گۈللەر ، تاغلار ، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان سۇ شەكلى قاتارلىق ئون نەچچە خىل نەقىش چىقىرىلغان . بۇ مۇنار ئۆزىنىڭ كۆركەملىكى ، قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنى

ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا . ( ئا )

## مورا ئوچاق

جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى « مورا ئوچاق » نى كەشپ قىلىپ ، بۇنىڭدىن كۆپ تەرەپلىمىلىك پايدىلىنىپ كەلدى . مورا ئوچاق مۇنداق بولىدۇ : ئۆينىڭ تۆر تېمىغا مورا چىقىرىلىدۇ . مورىنىڭ پەس تەرىپى كەڭرەك ئېلىنىپ ، ئۇ يەرگە تونۇر شەكلىدە ئوچاق سېلىنىدۇ . بۇ ئوچاق « ئوچاق تونۇرى » دەپ ئاتىلىدۇ . ئوچاقتا ئوتۇن قالىنىدۇ . تاماقتا تۇتۇش قىلماستىن بۇرۇن ، «ئوچاق تونۇرى » غا لايىق خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ . تاماق ھازىرلىقى تۈگىگەندە ، قازان ئېسىلىپ ئوت قالىنىدۇ . ئوچاق ئالدىغا ئۆرە مىس چۆگۈن قويۇپ چاي قاينىتىلىدۇ . تاماق پىشقىچە «ئوچاق تونۇرى » قىزىپ تەييار بولىدۇ . قازاننى چۈشۈرۈپ ئوچاققا تۈز سېپىلىپ نان يېقىلىدۇ . تاماقنى يەپ بولغۇچە نان پىشىدۇ . دېمەك ، مورا ئوچاق يۇقىرىقىدەك تۆرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئۆتەشتىن تاشقىرى ، يەنە قىش كۈنلىرى ئىسسىنىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ .

مورا ئوچاقنىڭ ئالدى تەرىپى بىر يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتە نېپىز كېسەك بىلەن مېھراب شەكلىدە قاپارتىملىق قىلىپ ياسىلىدۇ . بۇ « مورا بېشى » دەپ ئاتىلىدۇ .« مورا بېشى »نىڭ ئۈستىگە « جىنچىراغ » (سۇ يېغى ئىشلىتىدىغان چىراغدان ) قويۇلىدۇ ( ھازىر ئېلېكترلىشىشنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ ، «يەرلىك جىنچىراغ » لار ئەمەلدىن قالماقتا ) .

« مورا بېشى » ئالاھىدە تېخنىكا بىلەن ياسالغاچقا ، ئۆيگە يارىشىدۇ . ( ر )

## چېدىر ئۆي

چېدىر ئۆي ( ئاق ئۆي ، كىگىز ئۆي دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) ــ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىمال تەرىپىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن ھايات كەچۈرگۈچى قەدىمكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بولغان ئۆي شەكلىدۇر . دەرۋەقە ، چېدىر ئۆيلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . شۇڭلاشقا ، يۆتكەشكە ئەپلىك بولغان بۇنداق كۆچمە ئۆيلەر گەرچە شەكلى ئوخشاش بولمىسىمۇ ، دۇنيادىكى كۆچمەن خەلقلەرنىڭ ھەممىسىدە مەۋجۇت . تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە ، ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە كۆچۈشتىن بۇرۇن ئاساسەن چېدىر ئۆيلەردە ھايات كەچۈرگەن . قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا « چېدىر » سۆزى « دۈم كۆمتۈرۈلگەن كومزەك » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ . « چېدىر » دېگەن سۆز « چاغىتاي تىلى » دەپ نام قويۇلغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەردە « چېدىر » دەپ يېزىلىدۇ . قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددىزم ئەسەرلىرىدە بۇ سۆز « چادار » شەكلىدە يېزىلىپ « چېدىر » دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان ھەمدە « كومزەككە قاچىلانغان جەسەت كۈلى » دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن . بۇ ئەينى زاماندا جەسەت كۈلى قاچىلانغان كومزەكلەرنىڭ چېدىر ئۆي شەكلىگە ئوخشىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

چېدىر ئۆيلەر قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆكتەڭرىگە ئېتىقاد قىلغان دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەتنى تولۇقلاش ئاساسىدىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادىدا كۆك ( ئاسمان ) نى گوياكى دۈم كۆمتۈرۈلگەن كومزەكتەك يەرنى قاپساپ تۇرغان ئىلاھىي كۈچ دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتى . مۇشۇ ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇر ۋە ئېتىقاد ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ۋە گۈزەللىك قارىشىغا تەسىر كۆرسىتىپ چېدىر ئۆي شەكلىدە ئۆز ئەكسىنى تاپقان . دېمەك ، چېدىر ئۆيلەرنى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېستېتىك تەسەۋۋۇرىدىكى كۆكتەڭلىرىنىڭ بەدىئىي خەرىتىسىدىن ئىبارەت .

چېدىر ئۆيلەر چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ پەسىل ئۆزگىرىش خاراكتېرىغا ئاساسەن كۆچۈپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولغان ياغاچ قۇرۇلمىلىق قۇراشتۇرما ئۆيدۇر .

چېدىر ئۆينىڭ جازىسى ئاساسەن ئىككى

بۆلەكتىن تەركىب تاپىدۇ. ئاستىنقى بۆلىكىنىڭ دىۋارى رومبا شەكىللىك قىلىپ بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈلگەن كەرەگە ياغاچلاردىن تۈزۈلىدۇ. كەرەگە (ياغاچ پەنجىرە) ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، كەڭ كۆزلۈك پەنجىرە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل پەنجىرىلىك كەرەگە يۆتكەشكە يەڭگىل بولسىمۇ، لېكىن شامالغا چىدامسىز كېلىدۇ. يەنە بىرى، تار كۆزلۈك پەنجىرە بولۇپ، ئۇ يۆتكەشكە ئېغىربولغىنى بىلەن شامالغا چىداملىق كېلىدۇ. چېدىر ئۆينىڭ ياغاچ پەنجىرىلىرى يىغىلىشچان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، پارچە ـ پارچە قاناتلار رەتلىك كىرىشتۈرۈلۈپ ياسىلىدۇ. ئىككىنچى بۆلەك — «ئۇۋۇق» دەپ ئاتالغان سىلىق، ئىنچىكە ياغاچلار ئۇنىڭ بىر تەرىپى گۈمبەزسىمان•يېپىلغان ياغاچ پەنجىرىنىڭ ئۈستىگە چىگىلىدۇ. يەنە بىر ئۇچى چېدىر ئۆينىڭ ئۆگزىسى ھەم دېرىزىسى ھېسابلانغان يۇملاق تۈڭلۈك (چاڭغىراق) كە تۇتاشتۇرۇلىدۇ. تۈڭلۈك چەمبەرسىمان ئېگىلگەن ياغاچ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇۋۇقنىڭ بىر ئۇچى پاتقۇدەك تۆشۈك ئېچىلىدۇ. ئاشۇ تۆشۈككە ئۇۋۇق تۇتاشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئىككى بۆلەك بىرلىشىپ گۈمبەزسىمان چېدىر ئۆي شەكىللىنىدۇ.

ياغاچ پەنجىرە بىلەن ئۇۋۇق ھەر خىل رەڭلىك يۇڭ كاشايىپلار بىلەن مەھكەم چىگىلىدۇ ھەمدە ياغاچ پەنجىرىنىڭ سىرتىغا رەڭلىك يىپلار ئارقىلىق بېزەلگەن چىغ تۇتۇلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن گۈمبەز شەكىلگە كىرگەن بۇ ياغاچ جازىنىڭ ھەممە ئەتراپى ئۆلچەملىك كىگىزلەر بىلەن چۈمكىلىدۇ. بۇ كىگىزلەر ئۈچ خىل بولىدۇ. ياغاچ پەنجىرە ئۈستىگە ياپىدىغىنى «تۇغۇرلۇق»، ئۇۋۇق قىسمىنىڭ ئۈستىگە ياپىدىغىنى «ئۈزۈك»، تۈڭلۈكنىڭ ئۈستىگە ياپىدىغىنى «تۈڭلۈكلۈك» دېيىلىدۇ. بۇ ئۈچ بۆلەك كىگىز يۇڭ يىپلار بىلەن بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ چىگىلىدۇ.

چېدىر ئۆينىڭ ئىشكى ئادەتتە ئىككى قاناتلىق بولۇپ، ئېگىزلىكى بىر يېرىم مېتر ئەتراپىدا، كەڭلىكى سەكسەن سانتىمېتر ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇ ئىشىك ياغاچتىن نەقىشلەپ ياسالغان بولۇپ، ئۈستىگە بېزەلگەن كىگىزدىن ملەڭزە تارتىلىدۇ. چېدىر ئۆينىڭ ئوتتۇرىسى (تۈڭلۈكنىڭ ئۇدۇلى) غا تاماق پىشۇرىدىغان ئوچاق قويۇلىدۇ. بۇ خىل ئوچاقمۇ يۆتكەپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان تۆمۈر جازىدىن ئىبارەت.

چېدىر ئۆيلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ھەر خىل بولىدۇ. ئادەتتىكى چارۋىچىلارنىڭ چېدىر ئۆيى تۆت قانات، ھال ـ ئوقەتى ياخشىراقلارنىڭ ئالتە قانات بولىدۇ. ئەڭ چوڭى ئون ئىككى قاناتلىق بولۇپ، ئۇنىڭغا تەخمىنەن قىرىق ـ ئەللىك كىشى سىغىدۇ.

ھازىر دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، چېدىر ئۆيلەردە ئولتۇرۇش بارغانسېرى ئازايماقتا. (ئا)

## كېمىر ئۆي

تۇرپان رايونىدا ئۆي ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، «كېمىر ئۆي» دەپ ئاتالسا، يەنە بىرى، «ياپما ئۆي» دەپ ئاتىلىدۇ. «كېمىر» ئالاھىدە قۇرۇلمىلىق ئۆي ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۆي كېسەك بىلەن ئەگمە قىلىپ ياسىلىدۇ. بۇ خىل ئۆي تۇرپان رايونىنىڭ يامغۇر ياغماسلىق ۋە قۇرغاق بولۇشتەك شارائىتىغا ماس كېلىدۇ. كېمىر ئۆي ياز كۈنى سالقىن، قىش كۈنى ئىسسىق بولىدۇ. ئازادلىقتىن بۇرۇن تۇرپان رايونىدا ياغاچ ناھايىتى قىس بولغىنى ئۈچۈن بازار ۋە يېزىلارنىڭ ئۆيلىرى ئومۇمەن كېمىر ئىدى. ئازادلىقتىن، كېيىن ئورمانچىلىق تەرەققىي قىلىپ ياغاچ ماتېرىياللىرى ھەل بولغانلىقتىن كېمىر ئۆيلەر ئورنىغا «ياپما ئۆي» (ئۈستى ياغاچ بىلەن يېپىلغان ئۆي) لەر ياسىلىشقا باشلىدى.

«كېمىر ئۆي» مۇنداق ياسىلىدۇ: ئالدى بىلەن ئىككى ـ ئۈچ مېتر ئېگىزلىكتە تام قوپۇرۇلىدۇ. ئاندىن كېسەك بىلەن ئەگمە ئېگىلىدۇ. ئەگمىگە تۈڭلۈك قويۇلىدۇ. كېمىر ئۇزۇنچاق بولىدۇ، تۆت چاسا بولمايدۇ. ئۆي پۇتكەندىن كېيىن كاڭ قۇرۇلىدۇ. ئىشىكنىڭ ئۇدۇلى (تۆر) دىكى تامغا ئىككى مېتر ئۇزۇنلۇقتا بىرەر مېتر كەڭلىكتە ئويۇق تەكچە قوپۇرۇلىدۇ. باشقا تاملارغا كىچىك تەكچىلەر چىقىرىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا تاملار ئىنچىكە سۇۋاق (كاكىل لاي) بىلەن سۇۋۇلىدۇ. تام ـ تورۇسلار ھاك بىلەن ئاقارتىلىدۇ. قول ئىلكىدە بارلار

تامنى گەج سۇۋاق بىلەن سۇۋايدۇ. تاملارغا تۈرلۈك نەقىشلەر چىقىرىلىدۇ.

تۆر تامغا چىقىرىلغان ئويۇقتا يوتقان - كۆرپە يىغىلىدۇ. باشقا تاملاردىكى كىچىك تەكچىلەرگە چىنە - قاچا قاتارلىقلار تىزىلىدۇ. تامنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە زەدىۋال تارتىلىدۇ. (ر)

## كاڭ

بۇ هاۋا كىلىماتى بىر قەدەر سوغۇق رايونلاردا قىش كۈنى ئىسسىنىش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان قۇرۇلما. ئۇ مۇنداق ياسىلىدۇ: ئالدى بىلەن ئۆينىڭ تۆر تەرىپىگە بىر سۇپا ياسىلىدۇ. سۇپا ئۈستىگە خام كېسەك بىلەن تۈتۈن يولى چىقىرىلىدۇ. بىر بۇلۇڭغا مورا چىقىرىلىدۇ. ئاندىن تۈتۈن يولىنىڭ ئۈستىگە كاڭمەنزە يېپىلىدۇ (كاڭمەنزە — ئون بەش سانتىمېتر قېلىنلىقتا يېرىم مېتىر تۆت چاسا سامانلىق لاي بىلەن ياسالغان كېسەك)، كاڭمەنزىنىڭ ئۈستى ئىنچىكە سۇۋاق بىلەن سۇۋۇلىدۇ. ئوچاقتا قالانغان ئوتنىڭ تۈتۈنى تۈتۈن يولى ئارقىلىق مورىغا بېرىپ سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ. تۈتۈن ئارقىلىق كاڭمەنزە قىزىپ ئۆينى ئىسسىتىدۇ. كاڭنى ئىسسىتىش ئۈچۈن ئوچاق ياكى پىلتە سېلىنىدۇ.

كاڭغا كىگىز، پالاز ياكى گىلەم سېلىنىدۇ. قىش كۈنلىرى بولۇپمۇ ئۇششاق بالىلىرى بار ئائىلىلەردە كاڭ مۇھىم رول ئوينايدۇ. بەل ئاغرىقى، رېماتىزم قاتارلىق سوغۇق يەلدىن پەيدا بولىدىغان كېسەللەر ئۈچۈن كاڭدا يېتىپ - قوپۇشنىڭ شىپالىق رولى چوڭ. (ر)

## ئابىدە تىكلەش

«ئۇرخۇن - يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرى» غا پۈتۈلگەن نەسەب ۋە قاغانلار ئىش ئىزلىرىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى، ئۇيغۇر ئۇرخۇن خانلىقىدىن باشلاپ ئابىدە تىكلەشكە ئادەتلەنگەن، كېيىنكى دەۋرلەردە يەنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن باشلاپ قەبرە قاتۇرۇش ئەۋج ئالغان، شۇنىڭدىن باشلاپ تاش پۈتۈك مەرسىيىلىرى كاھىش ۋە مەرمەر قەبرە - گۈمبەزلەرگە پۈتۈلگەن.

ئۇيغۇرلاردا قەبرە قاتۇرۇش ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، ئۆز ئاتا - ئانا، ئەجداد - ئەۋلادلىرىغا ئىزنا قالدۇرۇش، ئىككىنچىسى، ئۇلۇغ خاقان ۋە ئالىملار، باتۇرلار، مۇدەررىسلەر قاتارلىق ئاتاقلىق زاتلارنىڭ نامىغا ئاتاپ، ھەيۋەتلىك گۈمبەز ۋە خاتىرە مۇنارى تىكلەشتىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلار ھەر ئىككى قەبرىنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يوقلايدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆز ئەۋلادىنىڭ قەبرىسىگە ۋاپات بولغۇچىنىڭ قىسقىچە شەجەرىسى ۋە نامۇ شەرىپىنى يېزىپ قالدۇرىدۇ. ئاتاقلىق شەخس، ئۇلۇغۋار زاتلارنىڭ مەقبەرىسىنى ئالاھىدە ھەشەمەتلىك قىلىپ كۆك - يېشىل گۈمبەزلەر تۇرغۇزۇپ بېزەش بىلەن، ئۇلارنىڭ نەسەبلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇشتىن تاشقىرى، مەرسىيەلەرمۇ پۈتۈلىدۇ ۋە ئۇ جاينى مەرھۇمنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن سەيلە - تاۋاپ ئورنى قىلىدۇ. بۇنداق جايلار ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، خوتەندە «كوممارىم»، لوپتا «ئىمام ئاسىم»، قۇمۇلدا «بوغاز غوجام»، ئىلىدا «خونغاي مازار»، «سۇلتان ئۇۋەيس»، «تۇغلۇق تۆمۈرخان»، يەكەندە «ئالتۇنلۇقۇم»، مەكىتتە «چىلتىرخان»، قەشقەر كوناشەھەر قوغان يېزىسىدا «قارا ساقال ئاتام» (ھارۇن بۇغراخان)، «ئوسمان بۇغراخان»، قەشقەر شەھىرى تار بوغۇزدا «ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ» (ھۈسەيىن پەيزۇللا غوجام)، قەشقەر شەھىرىدە «يۈسۈپ قادىر خان»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ»، ئوپالدا «ھەزرىتى موللام» (مەھمۇت قەشقەرى)، قەشقەر شەھىرى تاربوغۇزدا «سىيىت ئەلى ئارسلانخان» (ئارسلان خېنىم)، ئاتۇشتا «ھەسسۇلتىنىم» (سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان)، تۇرپاندا «ئەسھا بولكەپ»، «سۇلايمان ۋاڭ مۇنارىسى»، ئۈچتۇرپاندا «يەتتە قىزلىرىم» قاتارلىق يۈزلىگەن تارىخىي ئابىدىلەر ۋە خاتىرە قەبرىلىرى تاۋاپ قىلىنىدۇ. مۇنداق مازار - ماشايىخلارنى تاۋاپ قىلىشنىڭ گەرچە دىنىي تۈسى قويۇق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كەڭ ئاممىۋىلىقتا ئىگە بولغان بىر خىل ئادەت سۈپىتىدە سەيلە ۋە مۇراسىم شەكلىنى ئالغان. مەسىلەن، بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى ئودام چۆلىدە شېھىت بولغان ئارسلان خاننى خاتىرىلەش

ئۇچۇن ھەر يىلى 6 - ئايدا يۇرت - يۇرت بويىچە نەچچە تۈمەن ئادەم ئوردامغا تاۋاپقا كېلىدۇ. بىر قانچە كۈن بۇ چۆلدە تۈنەپ ھەر خىل پائالىيەتلەر بىلەن خاتىرىلەش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، قەشقەر شەھىرىنىڭ يېنىدىكى تاربوغۇز يېزىسىغا ئورنىتىلغان «ئارسلان خېنىم مازىرى» غا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتۇشتىكى «ھەسسۇلتىنىم مازىرى» غا تاۋاپ قىلىپ، «ئوردىخېنىم سەيلىسى» نى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. خوتەندىكى «كوممارىم» سەيلىسىمۇ ئاشۇنداق ھەشەمەتلىك ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەبرە قاتۇرۇش ئۇسۇلى مۇنداق:

ئۇيغۇرلار قەبرىنى ئىچ گۆر، تاش گۆر قىلىپ كولايدۇ، تاش گۆر بىر يېرىم مېتىر چوڭقۇر بولىدۇ، ئاندىن يان تەرەپتىن ئىچ گۆر قازىدۇ. جەسەت ئىچ گۆرگە قويۇلىدۇ، جەسەت قويۇلۇپ بولغاندا ئىچ گۆرنىڭ ئاغزىنى كېسەك بىلەن ئېتىپ، تاش گۆرنى كۆمۈۋېتىدۇ. ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا ھەربىر تاش گۆردىن تۆت ئىچ گۆر كولايدۇ، ئۇنى «شام گۆر» دەپ ئاتايدۇ، جەسەت ياتقان يەرنىڭ ئۈستىگە سەكسەن سانتىمېتر كەڭ، بىر يېرىم مېتىر ئۇزۇن، قىرىق سانتىمېتر ئېگىزلىكتىكى سۇپا ياساپ ئىككى پەلەمپەي سۇپا قىلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە قەبرە قاتۇرىدۇ، «شام گۆر» كۆپىنچە ھال ـ ئوقتى ياخشىراق، نەسەبلىك ئائىلىلەر تەرىپىدىن ئالدىن كولاپ تەييارلىنىپ قويۇلىدۇ. ئۇ پەقەت بىر ئائىلە كىشىلىرىگە خاس بولۇپ، شۇ ئائىلىدە قازا تاپقانلار ئىلگىرى - كېيىن ئۆزىگە تەئەللۇق شام گۆرگە دەپنە قىلىنىدۇ. شام گۆرنىڭ ئۈستىگە گۈمبەز قاتۇرۇلىدۇ.

ئادەتتە ئاياللارنىڭ قەبرىسى ئەرلەرنىڭ قەبرىسىگە قارىغاندا كىچىكرەك (ئۈچتىن بىر نىسبەتتە) قاتۇرۇلىدۇ. ئەرلەرنىڭ قەبرىسىنىڭ سۇپا پەلەمپىيىدىن باشقا يەنە ئىككى قاتار پەلەمپىيى (بۇلارنىڭ چوڭى تالالىق، كىچىكى ئۆيلۈك، قاتۇرۇلغان قەبرە بۆشۈك دەپ ئاتىلىدۇ) بولىدۇ. ئاياللار قەبرىسى ئۈچ پەلەمپەيلىك بولۇپ، بۇلار ئۆيلۈك، سۇپىرا، ئاشتاختا، نوغۇچ دەپ ئاتىلىدۇ. مۇشۇنداق شەكىل ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ، ئەر - ئاياللارنىڭ قەبرىسى روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. (ش)

# V ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر ـ كەسىپ ئادەتلىرى

## بۆشۈك

ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق باللار ئۈچۈن مەخسۇس لايىھىلەپ ياسالغان ئالاھىدە بىر «كارىۋات» بولۇپ، ئۇ «بۆشۈك» دەپ ئاتىلىدۇ. بۆشۈك قەدىمدىن باشلاپ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تۈرك قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئىنتايىن كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر بۆشۈكى قۇرۇلما جەھەتتىكى پۇختىلىقى، ھۈنەر ـ سەنئەت جەھەتتىكى نەپىسلىكى، ئومۇملىشىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۆزگىچە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئادەتتە بۆشۈكنىڭ ئېگىزلىكى ئاتمىش نەچچە سانتىمېتر، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتر ئەتراپىدا، كەڭلىكى ئەللىك سانتىمېتر ئەتراپىدا بولۇپ پۈتۈنلەي ياغاچتىن ياسىلىدۇ. بۆشۈك قۇرۇلمىسىغا ھەتتا بىر تال تۆمۈر مىخمۇ ئىشلىتىلمەيدۇ. بۆشۈكنىڭ لايىھىلىنىشى جەھەتتىن، ئۇ ئىشلىتىش ئوبيېكتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە تولىمۇ مۇۋاپىق بولۇشتىن تاشقىرى، ئۇنىڭ ھۈنەر ـ سەنئەت جەھەتتىكى كۆركەم ۋە نەپىسلىكىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەچكە، ئۇنى يەنە بىر خىل گۈزەل ـ سەنئەت بۇيۇمى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار بۆشۈككە بىر خىل مۇقەددەس ئېرىملىق نەرسە قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇڭا بوۋاقنى بۆشۈككە سېلىشتىن ئىلگىرى «بۆشۈك توي مۇراسىمى» ئۆتكۈزىدۇ. بۇ مۇراسىم بالا تۇغۇلۇپ قىرىقى توشقىچە ئارىلىقتا بولىدۇ. يەنى بوۋاق ھاياتقا كۆز ئاچقاندىن كېيىنلا «كىندىكئانىسى» بالىنىڭ كىندىكىنى كېسىدۇ. «كىندىكئانىسى» نىڭ قولى يەڭگىل بولسا بەش كۈندىن يەتتە كۈنگىچە كىندىك يارىسى ساقىيىپ كېتىدۇ. بۇ «كىندىكى چۈشتى» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بالىنى بۆشۈككە سالىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا، بالىنى بۆشۈككە سېلىش بىر خىل ئېرىملىق ئادەت تۇسىنى ئالغاچقا، بالا تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا بۆشۈك ۋە ئۇنىڭ بىر يۈرۈش يېڭى جابدۇقلىرى تەييارلىنىدۇ. بوۋاقنى تۇنجى بۆشۈككە سېلىشتا، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن پېشقەدەم «بۆشۈكئانىسى» تەكلىپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت، بالىنىڭ «بۆشۈكئانىسى» نىڭ ئۇدۇمىنى ئېلىپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. خەلق ئارىسىدا «بۆشۈكئانىسى»، «ئېرىمچى» دەپ ئاتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەقىدە قىلىنىدۇ. «بۆشۈكئانىسى» بالىغا تەييارلىغان بۆشۈكنى قىبلە تەرەپكە قويۇپ، دۇئا ـ تەكبىر قىلغاندىن كېيىن، بۆشۈكنى رەت تەرتىپى بويىچە راسلاشقا باشلايدۇ. ئالدى بىلەن بۆشۈكنىڭ ئاستىدىكى ئويۇقچىغا جاك (كۈلتۈك) نى ئورنىتىدۇ. جاكنىڭ تۆشۈككە تۇتاشقان يېرىگە جاك تۇمىقىنى كىيدۈرىدۇ. ئۇنىڭ تۆت تەرىپىگە ئون بەش سانتىمېتر كۋادرات چوڭلۇقتا تۆت دانە تىز ياستۇق قويۇلىدۇ. ئۈستىگە بۆشۈكنىڭ چوڭلۇقىغا «ئودا» (جاكقا ئۇدۇل قىلىپ تۆشۈككە قويۇپ تىكىلگەن پاختىلىق كۆرپە) قويۇلىدۇ. ئودىنىڭ ئۈستىگە يۇمشاق پاختىلىق كۆرپە (بۇ ئادەتتە ئىككى پارچە بولىدۇ) سېلىنىدۇ ۋە زاكا (كىرلىك) بىلەن ئورىلىدۇ. باش تەرىپىگە بوۋاققا ماس كېلىدىغان كىچىك ياستۇق قويۇلىدۇ. ئاستى تەرەپ تەكشى بولغاندىن كېيىن، «بۆشۈكئانىسى» بوۋاقنى يالىڭاچلاپ، بەدەنلىرىنى يۇمشاق سىيلاپ ئېرىم قىلىدۇ ۋە ئاۋايلاپ بۆشۈككە سالىدۇ. ئاندىن جاكقا تۇغرىلاپ شۈمەك (ياغاچتىن نەيچە قىلىپ ياسالغان سۈيدۈك يولى ئېغىزى) سالغاندىن كېيىن، ئىككى پۇتىنى تۈزلەيدۇ ۋە يۆگەك بىلەن مەھكەم ئورايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئىككى تىزىغا «تىزلىق» كۆرپە قويۇپ، پۇت تارتقۇ (بىر سويام كەڭلىكتە ئەستەرلىك قىلىپ تىكىلگەن رەخت كاشا) بىلەن بۆشۈكنىڭ

ئاستىدىن ئايلاندۇرۇپ چېگىلىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ، بالىنىڭ قورساق ۋە كۆكرەك تەرىپىمۇ يۆگەك بىلەن چۈمكىلىدۇ . ئىككى قولنى بالىنىڭ بىقىنىغا تەكشى رۇسلاپ ، ئىككى جەينىكىگىچە جەينەكلىك قويۇپ «قولتارتقۇ» ( پۇتتارتقۇغا ئوخشىشىدۇ ) بىلەن تېڭىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بالىنى بۆشۈككە بۆلەش ئاخىرلىشىدۇ . بۆشۈكنىڭ باش تەرىپىگە بوۋاققا دائىم ھەمراھ بولسۇن دەپ ، بۆرە ئوشۇقى ياكى بىر پارچە نان ئېسىپ قويىدۇ . قاپارتما نەقىشلىك قىلىپ ياسالغان بۆشۈكنىڭ ئۈستىدىكى گورىزونتال ياغاچ ( بۆشۈك تۇرمىلى ) قا بالىنى يامان كۆزدىن ساقلاش ئۈچۈن ئېرىملىق تۇمار ئېسىلىدۇ ۋە بەزىدە كۆز مونچاق مارجان بېكىتىلىدۇ . بۆشۈكنىڭ ئۈستىگە رەڭلىك ئېسىل رەختلەردىن ياسالغان « بۆشۈك ياپقۇ » يېپىلىدۇ . بۆشۈكنىڭ باش تەرىپىگە ئوغۇل بالا بولسا تىغ ( پىچاق ) ، ئەگەر قىز بالا بولسا ئەينەك قىستۇرۇپ قويۇلىدۇ . بۇ بالىنى «قارا بېسىپ قالماسلىق » نىڭ ئېرىمىدۇر . تۇنجى قېتىم بالىنى بۆشۈككە بۆلەپ بولغاندىن كېيىن ، «بۆشۈكئانىسى » ئادراسمان ياكى ئالما قېقى ( بىر چىمدىم يېرىك تۇز قوشۇلىدۇ ) بىلەن ئىسرىق سېلىپ ، بۆشۈكنىڭ ئۈستىدىن توققۇز قېتىم ئايلاندۇرىدۇ . بۇ ئارقىلىق بالىغا چاپلىشىۋالغان « يامان روھ » لارنى قوغلايدۇ . شۇنىڭ بىلەن بۆشۈككە سېلىش مۇراسىمى ئاياغلىشىدۇ .

بۆشۈكنىڭ ياسىلىش شەكلى ۋە ئۇنىڭغا بالىنى بۆلەش مۇئەييەن ئىلمىي قائىدىگە ئاساسلانغاچقا ، ئۇ مەلۇم ئەۋزەللىككە ئىگە :

بىرىنچىدىن ، بالىنىڭ ياتقان ئورنى پاكىز بولىدۇ . چۈنكى ، بالىنى ھەر قېتىم بۆشۈككە سېلىشتىن بۇرۇن ، بۆشۈك كۆرپىلىرى ئاپتاپقا سېلىنىدۇ ياكى ھاۋالاندۇرۇلىدۇ . بالىنىڭ ئاستى ھۆل بولۇپ قالىدىغان ئەھۋال سادىر بولمايدۇ . بالىنىڭ چوڭ ـ كىچىك تەرىتى خۇددى يەر ئاستى پاسكىنا سۇ تۇرۇبىسىدەك تەبىئىي ھالدا جاكقا قۇيۇلىدۇ . ئىككىنچىدىن ، بالا ئېچىلىپ قېلىپ ، سوغۇق تېگىپ قالىدىغان ئەھۋال يۈز بەرمەيدۇ . ئۈچىنچىدىن ، كېچىلىرى ئانىنىڭ خاتىرجەم ئۇخلىشىغا ۋە دەم ئېلىشىغا پايدىلىق پۇرسەت يارىتىلىدۇ . تۆتىنچىدىن ، بالىنىڭ فىزىئولوگىيە جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈشىگە پايدىلىق ، چۈنكى ، ئادەمنىڭ بوۋاق مەزگىلى خۇددى يۇمران نوتىغا ئوخشىشىدۇ ، بۆشۈككە بۆلەشتە بالىلارنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكى نەزەرگە ئېلىنىپ ، قول ، پۇت ۋە بەدەن رۇسلاپ قائىدىلىك تېڭىلغاچقا ، بەدەن قۇرۇلمىسى ئۆلچەملىك ئۆسىدۇ . ئومۇمەن ئالغاندا ، بۆشۈك ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئەنئەنىۋى بۇيۇم بولۇپ ، مەيلى يېزا ياكى شەھەرلەردە بولسۇن ، بۆشۈك تەۋرەتمىگەن ئانىلارنى تېپىش تەس . ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئەڭ كەڭ تارقالغان « ئەللەي ناخشىسى » ( بۆشۈك ناخشىسى ) ئەمەلىيەتتە خەلقىمىزنىڭ بۆشۈككە بولغان قەسىدىسىدۇر . (ئا)

## خوتەن قاشتېشى

قاشتېشى شىنجاڭنىڭ دۇنياغا داڭلىق كان مەھسۇلاتى بولۇپ ، خوتەن ھەممە ئېتىراپ قىلغان قاشتېشى ماكانى ھېسابلىنىدۇ . خوتەن قاشتېشى كوئىنلۇن ( قۇرۇم ) تاغلىرىدىن ئالتۇن تاغقىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئەگرى ـ بۈگرى تاغ جىلغىلىرى ۋە ئىككى دەريا ( يۇرۇڭقاش ، قارىقاش دەريالىرى ) ۋادىلىرىغا تارقالغان بولۇپ ، يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى مىرداي تېغى ، يۇرۇڭقاش ۋە قارىقاش دەريا ۋادىلىرى ، چىرا رايونى قاتارلىق ئۈچ ئورۇنغا مەركەزلەشكەن . قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ خوتەندىكى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى خوتەننىڭ سىمۋولى بولغان ئىككى دەريا ۋادىسىدىن قاشتېشى سۈزۈپ ، ئۇنىڭدىن نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياسىغان ھەمدە خەلقئارالىق قاشتېشى سودا بازىرىنى شەكىللەندۈرگەن ، قاشتېشى ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرى بىلەن بولغان دوستلۇق ، ھەمكارلىق ئالاقىلىرىنى كۈچەيتكەن . دۇنياغا مەشھۇر « يىپەك يولى » بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنلا «قاشتېشى يولى » نى ئېچىپ ، خەلقئارالىق «قاشتېشى سودىسى » نى قانات يايدۇرغان . شۇنىڭدىن باشلاپ ، خوتەن « ئېسىل تاشلار ماكانى » ، « قاشتېشى ماكانى » دېگەن نام بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇلغان . ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ، شىنجاڭ

ئۇيغۇرلارنىڭ قاشتېشىدىن پايدىلىنىش تارىخى يېڭى تاش قورال دەۋرىدىن بۇرۇن باشلانغانلىقى مەلۇم. بۇنى ئېلىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن قېزىۋېلىنغان خوتەن قاشتېشىدىن ياسالغان بۇيۇملارنىڭ تارىخىي دەۋرى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

مەملىكىتىمىزدە يېزىق بارلىققا كەلگەندىن بۇيانقى تارىخىي خاتىرىلەردىمۇ خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەدىمكى قاشتېشى ھۈنەر ـ سەنئىتى ھەققىدە نۇرغۇن رىۋايەتلەر ئۇچرايدۇ. شاڭ سۇلالىسى دەۋرى (تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى X VI ئەسىردىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى XI ئەسىرگىچە) گە كەلگەندە، خوتەننىڭ قاشتېشى ھۈنەر ـ سەنئىتى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. بۇ دەۋردە قۇلدارلار، مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقايتتى. بىر ـ بىرىگە قاشتېشىدىن ياسالغان ھەرخىل بۇيۇملارنى سوۋغات قىلىشاتتى. ئۇ دەۋردە مىستىن ياسالغان بۇيۇملارغا قاشتېشىدىن كۆز قويۇلاتتى («شىنجاڭنىڭ ئېسىل تاشلىرى ۋە قاشتاشلىرى» دېگەن خەنزۇچە كىتابنىڭ 16- بېتىگە قارالسۇن). خوتەننىڭ قاشتېشى سودىسى چىن (مىلادىدىن بۇرۇنقى 221 — 207 - يىللار)، خەن (مىلادىدىن بۇرۇنقى 220 - يىلىدىن مىلادى 206 - يىلىغىچە) سۇلالىلىرى دەۋرىدىن كېيىن تېخىمۇ ئەۋج ئالغان. شۇڭا مۇشۇ دەۋرلەردە ئىچكى ئۆلكىلەرگە قاشتېشى توشۇلىدىغان ئېغىزلار «قاشتوسمىسى»، «قاشقوۋۇق»، «قاشتېشى ئۆتكىلى» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان. قاشتېشى ھەققىدىكى بۇنداق تارىخىي خاتىرىلەر ناھايىتى كۆپ.

خوتەن قاشتېشىنىڭ تۈرلىرى كۆپ، رەڭدار ۋە جۇلالىق، سۈپىتى ئېسىل، پارقىراق ۋە پۇختا بولغانلىقى ئۈچۈن قەدىمدىن تارتىپ «ئېسىل گۆھەر» دەپ قارىلىپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، خوتەن خەلقى ئارىسىدا قاشتېشىنى ئۇلۇغلاش ۋە مۇقەددەس بىلىش ئەقىدىسى بارلىققا كەلگەن. ئىككى دەريانىڭ نامىنىمۇ قاشتېشى شەرىپى بىلەن ئاتىغان.

دەريا ۋادىلىرىدىن سۈزۈۋېلىنىدىغان قاشتېشى كىچىك، ئەمما ئىنتايىن سۈزۈك بولۇپ، ئۇنى خالىغان كىشى دەريادىن سۈزۈۋالىدۇ. دەريادىن قېزىۋالىدىغان قاشتېشى چوڭ ھەم ئۇيۇل بولۇپ، ئېلاستىكلىقى ياخشى، ئاسانلىقچە چېقىلمايدۇ. خوتەن قاشتېشىنىڭ رەڭگى ئاق، سېرىق، كۆك، قارا ۋە كۆكۈچ بولۇپ، ئاق قاشتېشى بىلەن سېرىق قاشتېشى ئەڭ ئەتىۋار ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى رىۋايەتلەردە خوتەن قاشتېشى ئارخاتنىڭ تاش قاتمىسىدىن پەيدا بولغان، دەپ قارىلىدۇ.

ئومۇمەن، قاشتېشى خوتەن خەلقىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى بولۇپ، قاشتېشىدىن نەپىس بۇيۇملارنى ياساش ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ كەسىپ ئادەتلىرىدىن بىرى. ھازىرمۇ يۇرۇڭقاش دەرياسى بويىغا بارسىڭىز، مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ دەريادىن قاشتېشى سۈزۈۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاشتېشى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، تۈركلەردە، كىمنىڭ يېنىدا قاشتېشى بولسا، ئۇنىڭغا چاقماق تەگمەيدۇ، دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. قاشتېشى ئاق، سۈزۈك بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ئۈزۈك قىلىپ سالىدۇ. بۇ ئۈزۈكنى سېلىۋالغان كىشىگە چاقماق تەگمەيدۇ، ئۇسسۇغان ئادەم بۇنى ئاغزىغا سالسا، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ، دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلاردا قاشتېشى سەنئىتىنىڭ ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىلا راۋاجلانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. (ئا)

## ئەتلەس

ئەتلەس — ئۇيغۇر يىپەكچىلىكىدىكى داڭدار مەھسۇلاتلارنىڭ بىرى ۋە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يىپەك رەختلىرىدىن بىرى، شۇڭا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىدە بىر يۈرۈشتىن ئەتلەس كۆڭلەك بولىدۇ. مەلۇم نۇقتىدا ئەتلەس كۆڭلەكنى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ مىللىي بەلگىسى دېيىش مۇمكىن.

ئەتلەس — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىستېتىك تەپەككۇرىدا ئۆز يېرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشىنى، گۈزەل باغۇ بوستانلىرىنى، يېشىل لىنتىدەك سوزۇلۇپ ئاققان دەريالىرىنى نەپىس ۋە رەڭدار يىپەك بىلەن تەقلىدىي ئىپادە قىلغان سەنئەت خەزىنىسىدۇر.

ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەتلەس كۆڭلەكنى نېمە ئۈچۈن ئالاھىدە ئەتىۋارلايدۇ ؟ « قۇرئان » دا « جەننەتكە كىرگەنلەر يىپەكتىن كىيىم كىيىدۇ » دەپ خاتىرىلەنگەن . چۈنكى ، ئۇ يىپەكتىن توقۇلغاچقا، سۈپىتى يۇقىرى ، يۇمشاق ھەم نەپىس بولغاچقا ، بەدەنگە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت بېغىشلايدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ئەتلەس ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى رەڭ چۈشەنچىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن . شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر ئەتلەسلىرىنىڭ تۈرى كۆپ ، رەڭگى خىلمۇخىل .

شىنجاڭ قەدىمدىن باشلاپ يىپەكچىلىك بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولغان رايونلارنىڭ بىر . بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خوتەن ۋە قەشقەر رايونلىرىدا يىپەكچىلىك بىرقەدەر بۇرۇن تەرەققىي قىلغان . شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ بۇرۇن « يىپەك يولى » دەپ نام قويغۇچى گېرمانىيىلىك مەشھۇر گېئوگراف ۋە ئارخېئولوگ رىچفوفېن ( 1833 — 1905 ) دۇر ، ئۇ ، قەدىمكى چاڭئەن ۋە ئۇدۇن (خوتەن) نىڭ نەپىس ئىشلەنگەن جۇلالىق يىپەك رەختلىرى « يىپەك يولى » سودىسى ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە زور داغدۇغا قوزغىغانلىقىنى تىلغا ئالغان .

ئەتلەس — ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك قول ھۈنەر مەھسۇلاتى . خوتەن شەھىرى ، لوپ ، گۇما ، يەكەن ، يېڭىسار ۋە قەشقەر ئەتراپىدا ئەتلەس توقۇشنى ھۈنەر ـ كەسپ قىلغان نۇرغۇن كاسىپلار بولۇپ ، يىپەك سانائىتى زامانىۋىلاشقان بۈگۈنكى زاماندىمۇ ئۇلار قولغا تايىنىپ ئەتلەس توقۇشتىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى مىللىي ئادىتىنى يوقاتقىنى يوق .

ئەتلەس توقۇمىچىلىقى مۇنداق بىر قانچە باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

بىرىنچى باسقۇچ — پىلىدىن يىپ ئېگىرىش : يەرلىك ئۇسۇلدا پىلە غوزىسى قازانغا سېلىپ قايناتىلىدۇ . غوزا يۇمشىغاندىن كېيىن يىپەك تالاسىنى ئايرىپ ، داۋۇزچاپ دەپ ئاتىلىدىغان يىپ تۇرۇش ئەسۋابىغا ئىلىندۇرۇپ ، تۇرۇم چاق ئارقىلىق يىككە تۇرۇلىدۇ . سەيناق دەپ ئاتىلىدىغان كىرەكسىز غوزەكلارنى تاللىۋېتىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئادەتتە بىر تال غوزەكتىن يىگىرمە بەش مېتر ئەتراپىدا يىپ ئالىدۇ . قول بىلەن بىر ئادەم ھەر كۈنلۈكى ئوتتۇرا ھېسابتا تۆت كىلوگرام پىلە غوزىسىدىن يىپ ئايرىپ چىقالايدۇ .

ئىككىنچى باسقۇچ — يىپنى بوياش : يىپ توقۇماقچى بولغان ئەتلەسنىڭ رەڭگىگە ئاساسەن خىلمۇخىل رەڭدە بويىلىدۇ . ئۇيغۇر ئەتلەسلىرىنىڭ رەڭگى كۆپرەك قىزىل ، كۆك ( ھاۋا رەڭ ) ، سېرىق ، ماش رەڭ ، قارا ، زەيتۇن رەڭلىرىدە بولۇپ ، بىر خىل ئەتلەس ئادەتتە ئۈچ ـ تۆت خىل رەڭنىڭ مۇۋاپىق بىرىكىشىدىن تەركىب تاپىدۇ . يىپ بوياشتا ئاساسەن يەرلىك تەبىئىي رەڭ ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن بولۇپ ، بۇنداق رەڭلەر مەڭگۈ ئۆڭمەيدۇ .

ئۈچىنچى باسقۇچ — توقۇش : بوياپ قۇرۇتۇلغان يىپ ئىنچىكە تالاسى بويىچە ئەتلەس توقۇش دەستىگاھىغا تارتىلىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن تاراق ( يەرلىك مەلۇم بىر خىل چۆپنىڭ يىلتىزىدىن كىيىم چوتكىسىغا ئوخشاش ياسالغان ) بىلەن يىپنى تەكشىلەپ يىپەك مويلىرىنى تازىلايدۇ . ئارقىدىن قوناق ئۇنىدىن سۈيۇق قىلىپ ياسالغان ئاھا بىلەن يىپنى پاتلايدۇ ، شۇنىڭ بىلەن مەشۇت يىپ تارالغان چاچتەك تالا ـ تالا ھالەتكە كېلىدۇ . ئاندىن ئۆرۈش يىپنى موكا بىلەن ئارقاش يىپ ئارىسىدىن ئۆتكۈزۈپ ، ئەتلەسنى توقۇشقا باشلايدۇ . توقۇماقچى بولغان ئەتلەسنىڭ رەڭ تۈرى ۋە نۇسخىسى ئۇستىكارنىڭ مېڭىسىگە « سىزىلغان » بولۇپ ، ئۇلار ھېچقانداق سىخېما تەلەپ قىلمايدۇ .

ئادەتتە قولدا توقۇلغان يەرلىك ئەتلەسنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئالتە مېتر قىرىق سانتىمېتر ، ئېنى قىرىق بەش سانتىمېتر بولىدۇ .

ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۆزلىرىنىڭ ياش قۇرامىغا قاراپ ئەتلەسنىڭ رەڭگىنى تاللاپ كىيىشكە ئادەتلەنگەن . قارا ئەتلەس ( دارايى ئەتلەس دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) نى كۆپرەك يېشى چوڭراق ئاياللار ، خان ئەتلەس ( ئوچۇق رەڭلىك ئەتلەس ) نى قىزلار ۋە چوكانلار ، خوجەنە نۇسخا دەپ ئاتالغان كۆك ياكى زەيتۇن ئەتلەسنى ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللار ياخشى كۆرىدۇ .

دېمەك ، ئەتلەس ، شايى ، بەقەسەملەر روشەن

يـەرلـىـك مەھسۇلاتلار بولۇپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشى كۆ-
رىدىغان يىپەك رەختلىرىدۇر . (ئا)

## خوتەن گىلىمى  تَا

گـىـلـەم ـــ ئۇيغۇر قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ئىچىدە
ھەمـمـىـدىن ئەتىۋارلىق ۋە ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان مىللىي
مـەھسۇلاتلارنىڭ بىرى . خوتەن ـــ گىلەمچىلىكنىڭ ئانا
مـاكانلىرىدىن بىرى بولۇپ ، ئۇ شىنجاڭ گىلىمىگە ۋەكىل-
لـىـك قـىـلـىـدۇ . ھەقـىـقـەتەن گىلەم خوتەن خەلقىنىڭ
ئەنئەنـىۋى قول ھۈنەر مەھسۇلاتى بولۇپ ، ئۇنىڭ تارىخى
نـاھايـىـتـى ئۇزۇن . مـۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇنلا
خـوتـەندە گىلەمچىلىكنىڭ قانات يايغانلىقى ھەققىدە تارى-
خـىي خـاتـىـرىـلـەر بـار . خەلق ئارىسىدا گىلەم ئەسلىدە
يـۇرۇڭـقـاشلىق گۇلەمخان ئىسىملىك بىر قىزنىڭ ئىجادى-
يـىـتـى ئـىـكـەنلىكى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن شۇ قىزنىڭ
نامىغا گۇلەم ( ئاستا ـ ئاستا « گىلەم » گە ئۆزگەرگەن )
دەپ ئاتالغانلىق ھەققىدە ھەر خىل رىۋايەتلەر بار . 1959 ـ
يـىـلـى ئېـلـىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە
خـوتـەن ۋىلايـىـتـىـگـە قاراشلىق نىيە بازىرىدىن بىر يۈز
ئەلـلـىـك كىلومېتر يىراقلىقتىكى قەدىمكى نىيران دۆلىتى-
نـىـڭ قەبرىستانلىقىدىن ھەر خىل ماددىي بۇيۇملار بىلەن
بـىـرلىكتە بىر پارچە گۈللۈك گىلەممۇ قېزىۋېلىنغان . ئىل-
مـىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ گىلەمنىڭ شەرقىي خەن
(مـىلادىـدىـن ئـىـلگىرىكى 220 ـ يىللاردىن مىلادى 206 ـ
يـىـللار ) دەۋرىـگـە تەۋە ئىكەنلىكى دەلىللەنگەن بولۇپ ،
ھازىـرغـىـچـە ئېـلـىـمـىـزنىڭ تارىخىدا مەلۇم بولغان ئەڭ
قـەدىمكى گىلەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە
قـەدىـمـكـى نىيە خارابىسىدىن قارۇشتى يېزىقىدا « گىلەم
خـوتـەن گـىـلـىمى » دەپ پۈتۈلگەن تارىشا پۈتۈكلەر تېـ-
پـىـلـدى . بۇ خـىـلـدىـكى ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار
خـوتـەن گـىـلىمىنىڭ تارىخىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇزۇنلۇقىنى
ئىسپاتلاپ بېرىدۇ .

دەرۋەقە ، خوتەندە يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە
كـىـشـىـلـەرنـىـڭ ھەممىسى گىلەم توقۇشقا ئادەتلەنگەن ،
دېـيـىـلـسـە ئاشـۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ . ھازىرمۇ زامانى-
ۋىلاشـقـان گـىـلـەمـچـىـلـىـك كارخانىلىرىدىن تاشقىرى
كـۆپـچىلىك ئائىلىلەردە گىلەم توقۇش دەستىگاھى ئورنى-
تـىـلـغـان . خـوتـەن گـىـلىمى خوتەن قويىنىڭ يۇڭىدىن
تـوقـۇلـىـدۇ . خـوتەن قويىنىڭ يۇڭى ئەۋرىشىمچانلىق ۋە
ئۇزۇن تـالالـىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە . ئۇنىڭدىن
بـاشـقـا خـوتەندە يۇڭ يىپ بوياشقا ئىشلىتىدىغان تەبئىي
بـويـاق مـاتـېـرىـيـاللىرى ( ياڭاق پوستى ، ئانار پوستى ،
تـوغـرۇغۇ ، زەمچە ، شاخار ... قاتارلىقلار ) ناھايىتى كۆپ
چـــــقـــدۇ . بـۇنـداق ئەۋزەل شارائىتلار خـوتـەنـدە
گـىـلەمچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئاساس بولغان . خو-
تـەن گـىـلـىـمى روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە قويۇق
مـىللىي تۈسكە ئىگە . ئۇ نۇسخا جەھەتتىن « شەرق ئۇسـ-
لـۇبـى » غا تەۋە بولۇپ ، شەكلى خىلمۇخىل ۋە رەڭدار ،
ئىشلىتىشكە قولايلىق ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئېسـ-
تېتىك تەلىپى ئەكس ئەتكەن .

خـوتـەن گـىـلـىمى نۇسخا جەھەتتىن ئاچچىق ئانار
نـۇسـخا ( ئانارگۈل نۇسخا دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) ، ئىران نۇسـ-
خـا ، كـەشـمـىـر نـۇسخا ، چېچەك نۇسخا ، لوڭقا نۇسخا ،
كـەلـكـۈن نـۇسـخا ، شام نۇسخا ، ئەدىيال نۇسخا ، يولتۇز
نـۇسـخـا قـاتارلىق ئون نەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ . بۇ خىل
نـۇسخىلىق گىلەملەرنىڭ ھەممىسىدە بىر ئورتاق ئالاھىدى-
لىك بار ، يەنى بۇ گىلەملەرنىڭ چۆرىسىگە ھەرە چىشلىق
ئۈچ بـۇلـۇڭ شەكىل نەقىشلەنگەن . ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي
ئۇسـلـۇبىتىكى ئۆي ـ ئىمارەت نەقىشلىرىدە مۇشۇ ئۇسلۇب
گەۋدىلەنگەن . خوتەن گىلەملىرى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش
ئېـھـتـىـيـاجـىغا ئاساسەن يەر گىلىمى ( يەرگە سالىدىغان
گـىلەم ) ، تام گىلىمى ( ئاسما گىلەم ) ، كارىۋات گىلىمى
قـاتـارلـىـقلارغـا بۆلۈنىدۇ . بۇ خىل گىلەملەرنىڭ چوڭ ـ
كىچىكلىكى ۋە رەڭ تۈرلىرى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ .

گـىـلـەم تـوقـۇش يـۈكسەك ئەقىل ـ پاراسەت ۋە
گـۈزەللىك تۇيغۇ تەلەپ قىلىدىغان مۇشەققەتلىك ئەمگەك
بـولغاچقا ، ئۇيغۇرلار ئۇنى ناھايىتى قەدىرلەيدۇ ۋە پەخىر-
لـىـنـىـدۇ . گىلەم ناھايىتى چىدامىلىق بولغاچقا ، ئۇيغۇرلار
ئارىـسـىـدا « كەمبەغەل بولساڭ گىلەم ئال » دەيدىغان نە-
قـىـل بـار . دەرۋەقـە ، خـەلـق تـۇرمـۇشـىـنىڭ ئۆسۈشىگە
ئەگـىـشـىـپ شەھەردىن يېزىلارغىچە بىرەر پارچە گىلىمى
يـوق ئۇيـغـۇر ئائـىـلـىـلـىـرىنى ئۇچرىتىش تەس . خوتەن

گىلىمى بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ خەلقئارا بازاردا رىقابەت كۈچىگە ئىگە بولغان بىر مىللىي قول ھۈنەر مەھسۇلاتى بولۇپ قالماقتا . ( ئا )

## يېڭىسار پىچىقى

يېڭىسار پىچىقى ـــ ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك مىللىي قول ھۈنەر ـ سەنئەتتى بۇيۇملىرى ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان داڭلىق مەھسۇلاتلارنىڭ بىرى . ئۇ ئەسلىدە يېڭىسارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىجادىيىتى بولغاچقا ، شۇ جاينىڭ نامىغا ماس ھالدا « يېڭىسار پىچىقى » دەپ ئاتالغان . دەرۋەقە ، تارىم بوستانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبى قىسمىغا جايلاشقان يېڭىسار ناھىيىسىدە پىچاق ياساش ھۈنەر كەسپى ناھايىتى تەرەققىي تاپقان . بۇ يەردە ئىشلەنگەن يېڭىسار پىچىقىنىڭ تۈرلىرى يىگىرمە خىلدىن ئاشىدۇ . 1987 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى باھالاشتا ، يېڭىسار پىچىقى بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن . بۈگۈنكى يېڭىسار پىچىقى مۇنىڭدىن ئۈچ يۈز يىللار ئىلگىرى يېڭىسار ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى قاراباش يېزىسىلىق داڭلىق ئۇستا مۇھەممەد قۇلاخۇن نامى بىلەن ھەممە ئەتراپقا داڭقى يېيىلغان .

يېڭىسار پىچىقى ياسىلىش شەكلى جەھەتتىن نەپىس ۋە كۆركەم بولۇپ ، ئىشلىتىشكە ناھايىتى قولاي ، يېڭىسار پىچىقىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىلارغا مەركەزلەشتۈرۈش مۇمكىن :

بىرىنچى ، يېڭىسار پىچىقىنىڭ تىغى ئۈچۈن سۈپەتلىك پولات تاللىنىدۇ . تاللانغان پولات ماتېرىيالىنى پىچاقچى ئۇستام يۇكسەك ماھارەت بىلەن قايتا ـ قايتا سۇغىرىپ ھەم داتلاشمايدىغان ، ھەم تىغى گاللاشمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرىدۇ .

ئىككىنچى ، ئىشلىتىش ئورنىغا قاراپ ، پىچاقنىڭ بىسى ۋە سېپى ھەر خىل شەكىللىك ياسىلىدۇ . ھەر بىر تۈرىنىڭ خاس نامى بولىدۇ ، مەسىلەن ، قوش بىسلىق پىچاق ، خەنجەر نۇسخىلىق پىچاق ، قاساپ پىچىقى ، تۆشۈك پىچىقى ( ئائىلە پىچىقى ) ، يان پىچىقى ( يانغا ئاسىدىغان پىچاق ) ، كۆرگەزمە پىچىقى ( سەنئەت بۇيۇمى ) قاتارلىقلار . ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ۋە ئېستېتىك تەلپىگە ماس ھالدا ياسىلىدىغان پىچاقلارمۇ بار .

ئۈچىنچى ، يېڭىسار پىچىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ تىغ قىسمىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن ، سېپىغا قويۇلغان نەقىشلەردىمۇ ئالاھىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ . يېڭىسار پىچىقىنىڭ سېپى ئۈچۈن ئاساسلىقى ـــ ھەرخىل ھايۋانلارنىڭ مۈڭگۈزى ۋە سۆڭەكلىرى ، مىس ، كۈمۈش ، قاشتېشى ، مەرۋايىت قاتارلىق ئەتىۋارلىق ماتېرىياللار ئىشلىتىلىدۇ . بۇ خام ئەشيالار ئىنچىكە ھۈنەر ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈلۈپ ، كىشىنىڭ كۆزىنى چاقنىتىدىغان گۈزەل ـ سەنئەت بۇيۇمىغا ئايلاندۇرۇلىدۇ . ھەتتا تىغ قىسمىغىمۇ مىس ياكى ئالتۇن ھەللىك مېتالدىن بىر نەچچە تال خال قويۇلۇپ ، تىغ بىلەن ساپنىڭ تۇتاشقان يېرىگە ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە « يېڭىسار » دېگەن خەت ئويۇلىدۇ . بۇ يېڭىسار پىچىقىنىڭ ماركىسى ھېسابلىنىدۇ .

تۆتىنچى ، يېڭىسار پىچىقىنىڭ ھەممىسىگە ئۆزىگە ماس كېلىدىغان غىلاپ ياسىلىدۇ . غىلاپسىز يېڭىسار پىچىقى بولمايدۇ . بۇ غىلاپلارنىڭ كۆپچىلىكى ھەر خىل رەڭلىك كالا خۇرۇمىدىن قاتۇرما قىلىپ ياسىلىدۇ . يەنە بەزى غىلاپلار مىس ياكى ئاليۇمىندىن ئىشلىنىپ ، يۈزىگە ھەرخىل نەقىش ئويۇلىدۇ . خۇرۇم ياكى كۆندىن ياسالغان غىلاپلارنىڭ ھەممىسىگە بويتاسما بېكىتىلىدۇ .

پىچاق قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىدە ئەر ـ يىگىتلەرنىڭ كېچە ـ كۈندۈز يېنىدىن ئايرىمايدىغان « قورالى » بولۇپ كەلگەن . ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ بېلىنى بەلباغ بىلەن باغلاش ئادىتىمۇ پىچاقنى يانغا ئېسىش ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان . قىسقىسى ، پىچاقنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنى يانغا ئېسىپ يۈرۈش ، پىچاقنى ئەرلىك جاسارىتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى دەپ بىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ئەنئەنىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . شۇ سەۋەبتىن ، بالىنى تۇنجى قېتىم بۆشۈككە سالغاندا ، ئەگەر ئوغۇل بالا بولسا ، ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ ياستۇقىنىڭ ئاستىغا پىچاق قويۇپ قويىدىغان ئادەتلەر ، قەسەم قىلىشقا توغرا كەلگەندە ، پىچاقنى يەرگە سانجىپ قويۇپ ، ئۇنى « گۇۋاھچى » قىلىش قا-

تارلىق ئەقىدىلەر پەيدا بولغان، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يىراقتىكى ئەڭ يېقىن دوستلىرىغا ئىپسىل سوۋغا سۈپىتىدە «يېڭىسار پىچىقى» نى تەقدىم قىلىش ئادىتى بار، دېمەك، يېڭىسار پىچىقى يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئالاھىدە شۆھرەت قازىنىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا، ئۇ يالغۇز تۇرمۇش قورالى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىر خىل گۈزەل سەنئەت بۇيۇمى سۈپىتىدە مىللىي قول سانائەت تەرەققىياتىمىزنى نامايان قىلماقتا. (ئا)

## خوتەن قەغىزى

خوتەن قەغىزى ـــ ئېلىمىزنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى تۆت چوڭ كەشپىياتىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئۇزاق تارىختىن بۇيان مىللىي قول سانائىتىمىزدە مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. دەرۋەقە، بۈگۈنكى زامانىنىڭ يېڭىچە سانائىتى گەرچە ئۇنى بازار ئېگىلىكى ۋە تاۋار قىممىتىدىن سىقىپ چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تارىخىي قىممىتى ھامان سىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان نۇرغۇنلىغان تارىخىي ۋەسىقىلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر، ھەر خىل ئىلىم ـ پەن ھۆججەتلىرى ئەنە شۇ خوتەن قەغىزىگە پۈتۈلگەن بولۇپ، قىممەتلىك مەدەنىي مىراس سۈپىتىدە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. قەدىمكى «يىپەك يولى» سودىسىدا يۇقىرى تاۋار قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، «خوتەن قەغىزى» نامى بىلەن ئەتراپقا داڭقى يېيىلغان. چۈنكى، «خوتەن قەغىزى» ئاسانلىقچە يىرتىلمايدىغان ۋە چىرىمەيدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئۇ ئەۋرىشىمچان بولغاچقا، خەت يېزىشتىن باشقا يەنە دورا ـ دەرمانلارنى ئوراش، كىيىم ـ كېچەكلەرگە قاتۇرما قىلىش، ھەر خىل گۈزەل ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياساش قاتارلىق ساھەلەردىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

خوتەن قەغىزىنى ئىشلەش خوتەننى مەركەز قىلغان ھالدا، يەكەن ۋە قەشقەرلەرگىچە كەڭ ئومۇملاشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن، خوتەن شەھىرى (ئىلچى) دىكى بىرقانچە مەھەللىلەر ھازىرغىچە «قەغەز مەھەللىسى» دېگەن نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

ياسىلىش ئۇسۇلى: خوتەن قەغىزىنىڭ ئاساسلىق خام ئەشياسى «سامان قەغىزى» نىڭ خام ماتېرىيالىغا ئوخشاشمىغان ھالدا، توغراق ۋە ئۈجمە دەرىخىنىڭ قوۋزىقىدىن ئىبارەت. دەسلەپ توغراق ياكى ئۈجمە قوۋزىقىنى يىغىپ ئۇنى سۇغا چىلاپ قويىدۇ. قوۋزاق بىرئاز يۇمشىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سىرتقى قوپال قاتلىمىنى سويۇپ ئېلىۋېتىپ، ئىچىدىكى بىر قەۋەت نېپىز ئاپئاق قەۋىتى ئايرىۋېلىنىدۇ. مانا شۇ خوتەن قەغىزىنىڭ ئاساسىي خام ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قەۋەتنى قازاندا ئىككى سائەتچە قاينىتىپ بوتقا (لاتقا) قىلىنىدۇ. بۇ قوۋزاق بوتقىسىنى ياغاچ توقماق بىلەن سوقۇپ ئەزگەندىن كېيىن، مەخسۇس ياغاچ تۇڭغا سېلىپ، ئۈستىگە مەلۇم مىقداردا سۇ قۇيىدۇ ۋە ئۇنى توختىماي قوچۇپ ئۇماچقا ئايلاندۇرۇلىدۇ.

ئىككىنچى باسقۇچتا، بۇ قوۋزاق ئۇمىچىنى مەخسۇس ياسالغان چۆمۈچ (پىچكوك دېيىلىدۇ) ئارقىلىق ئۆلچەملىك ياغاچ قېلىپقا تەكشى قۇيۇپ، سۇ كۆلچىكىدە سۈزۈلىدۇ. قېلىپنىڭ يۈزى تەكشىلەنگەندىن كېيىن، شۇ پېتى كۈن نۇرىغا قاقلاپ قويۇلىدۇ. قەغەز بوتقىسى قۇرۇغاندىن كېيىن، قەغەزنى قېلىپتىن سويۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى قەغەز تاختىسى پۈتىدۇ. بۇنداق قەغەزنىڭ بىر تاختىسى ياسىلىپ چىقىشى ئۈچۈن، تەخمىنەن سەككىز ـ ئون چېلەك سۇ سەرپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ماتېرىيال تەييار بولسا، بىر قەغەزچى ئۇستا بىر كۈندە بۇنداق قەغەزدىن ئۈچ يۈز تاختا ياساپ چىقالايدۇ. بۇنداق قەغەزنى قېلىپتىن ئالغاندىن كېيىن ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى تېخىمۇ سىپتا ۋە پارقىراق قىلىپ پىششىقلاپ ئىشلەشكە ھاجەت تۇغۇلسا، گۈرۈچنى ئېزىلگۈچە قاينىتىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ھېلىقى قەغەز يۈزىنى تەكشى پاتلاپ، قاشتېشى بىلەن سۈركەپ سىلىقلايدۇ. قەدىمكى مۇھىم تارىخىي ھۆججەتلەر پۈتۈلگەن قەغەزلەر مانا شۇ سىلىقلانغان خوتەن قەغىزىدۇر.

قولغا تايىنىپ خوتەن قەغىزىنى ياساش بۈگۈنكى كۈندە بارغانسېرى يوقىلىشقا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر خىل ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر ـ سەنئىتى سۈپىتىدە

تارىختىن ئۆچكىنى يوق . ھازىرمۇ دوپپىچىلار ۋە دورپۇرۇشلار بۇ قەغەزنى ئىشلىتىپ كەلمەكتە . ( ئا )

## ئىلمىچىلىك

ئۇيغۇرلاردا ئىلمىچىلىك ناھايىتى تەرەققىي قىلغان . بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ گۈزەللىككە بولغان قارىشىدىن كېلىپ چىققان . ئۇيغۇر خەلقىنىڭ گۈلگە بولغان خۇمارى ئۆزلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىدە ، ئۆي بىساتلىرىدا تولۇق ئەكس ئەتكەن ، ئېيتايلى ، ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ گۈل قىسىشى ، گۈللۈك دوپپا كىيىشى ، گۈللۈك رەختلەردىن كىيىم ـ كېچەك كىيىشى ، ئۆيلىرىگە گۈللۈك رەختتىن قىلىنغان زەدىۋال تارتىشى ، كاڭ ، سۇپىلارغا تەگلىمات ، گۈللۈك كىگىز سېلىشى ، تام ـ تورۇسلارغا نەقىش چىقىرىشى ... بۇنى ئىسپاتلايدۇ .

ئۇيغۇرلارنىڭ ياستۇقلىرىغا ، لىمتاق ياپقۇچلىرىغا ، قىز ـ جۇۋانلارنىڭ ئۇزۇن ئىشتانلىرىنىڭ پۇچقىقىغا ئىلمە ئېلىنىدىغان . بوۋاقلارنىڭ ئىشتان ـ پايپاقلىرىغا ، ھەتتا چاي خالتىسى ، تاماكا خالتىسى ، ئۇزۇن لۆڭگىلەرگىمۇ ئىلمە ئېلىنغان . بۇرۇن ئۆتۈك ياكى مەسە ئىچىگە كىيىدىغان ئۇزۇن پايپاقلارغا ، ئەرلەر بېلىگە باغلايدىغان تۆت چاسا ياغلىقلارغا ئىلمە ئېلىناتتى .

ئومۇمەن ، ئىلمىچىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ كەسىپ سەنئىتى سۈپىتىدە كەڭ ئومۇملاشقان . ئىلمىچىلىك ئاياللارغا خاس ھۈنەر بولغاچقا ، ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ قىز باللىرىنى يەتتە ياشتىن باشلاپ قولىغا يىڭنە تۇتقۇزۇپ ئىلمىچىلىككە ئۆگىتىدۇ . ناۋادا ئىلمىچىلىكنى بىلمەيدىغان قىزلار چىقىپ قالسا ، جامائەت تەرىپىدىن ئۇنىڭ ئانىسى ئەيىبلىنىدۇ . شۇڭا يىڭنە بىلەن ئويماق ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئايرىلماس ھەمراھى . ( ر )

## چاق ۋە چاق ئېگىرىش

ئۇيغۇر ئاياللىرى ئائىلە ئىشىدىن بوشىغاندا چاق ئېگىرىپ يىپ تولاپ ئائىلىنىڭ يىپ ئېھتىياجىدىن چىقىدۇ ، يەنە بىر قىسىم ئاياللار يىپ ئېگىرىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . ئۇلار بازار كۈنلىرى ھال ـ ئوقىتىگە يارىشا پاختا سېتىۋېلىپ ئۇنى ئېگىرىپ ، يەنە بىر بازار كۈنى سېتىپ دەسمايىسىگە پاختا ئالسا ، پايدىسىغا گۆش ، ياغ ، چاي ، تۇز ، سەي ـ كۆكتات ئېلىپ تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ بىر قىسمىنى مۇشۇ يول بىلەن ھەل قىلىدۇ .

بەزى يۇرت ـ مەھەللىلەردە چاق ئېگىرىش كەسپىلەشكەن بولۇپ ، توپلىشىپ چاق ئېگىرىدۇ . توپلىشىپ چاق ئېگىرىش قىزىقارلىق بولۇپ ، ئۇنىڭغان ھەتتا يۈزلىگەن چاقنىڭ ئاۋازى بىلەن ئاياللارنىڭ توپ بولۇپ ئوقۇغان مۇڭلۇق ناخشىلىرى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ .

ھەرقانداق بازاردا مەخسۇس يىپ بازىرى بولۇپ ، ئۇلار ئاشۇ بازارغا توپلىشىپ يىپ ساتىدۇ ، پاختا ئالىدۇ .

چاق ـــ چاق ياسىغۇچىلار تەرىپىدىن ياغاچتىن ياسىلىدۇ . سەكسەن سانتىمېتىرلىق تاختايىنىڭ بىر بېشىغا ئەللىك سانتىمېتىرلىق ئىككى ياغاچنى ئون سانتىمېتىر ئارىلىق قويۇپ تۇرغۇزىدۇ . يەنە بىر بېشىغا يىگىرمە سانتىمېتىرلىق ئىككى ياغاچنى ئارىلىقىدا يىك تۇرغۇدەك قىلىپ تۇرغۇزىدۇ . سەككىزدىن ئون ئالتە چىشلىق قىلىپ ياسالغان يۇمىلاق ئىككى چاقنى پۇزا شەكىللىك ئوقىنىڭ ئىككى تەرىپىگە بېكىتىپ چاقنىڭ قارىمۇقارشى چىشىنى يىپ بىلەن ئۇدۇل چېتىپ قويىدۇ ۋە چاق بىلەن يىك ئارىلىقىغا ئۆلچەپ تاناپ بېكىتىدۇ ، بۇ تاناپ چاق بىلەن يىكنى ئايلاندۇرىدىغان تاسمىلىق رولىنى ئوينايدۇ .

ئېگىرىش : ئۇچ قىلىنغان پاختىنىڭ بىر ئۇچىدىن بىر غېرىچ يىپ ئېشىلىپ ، يىك ئۇچىغا ئىلىپ قويۇپ ئوڭ قول بىلەن چاقنىڭ ئوقىنى ئايلاندۇرۇپ ، سول قولىدا پىلتە پاختىنى سوزىدۇ . يىپ ئېشىپ غۇلاچ بولغاندا ، ئوقنى ئارقىغا ياندۇرۇپ ئېشىلگەن يىپنى يىككە يۆگەيدۇ . ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى تېز بولۇپ ، بىردەمدىلا يىك توشىدۇ ، ئاندىن يىكتىكى يىپنى قومۇشقا چاق بىلەن ئوراپ كالىلەك قىلىدۇ ، قومۇش توشقاندا بازارغا ئەكېلىدۇ .

يېزىلاردا چاق ئېگىرىش بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقان قوشۇمچە ھۈنەر ـ كەسىپ بولغاچقا ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەخسۇس « چاق ئېگىرىش ناخشىسى » بولۇپ ، ئۇنىڭدا چاقچىلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ۋە بۇ ئەمگەك

تۈرىنىڭ جەريانلىرى ئوبرازلىق ئەكس ئېتىلگەن . ( ش )

## كەندىر توقۇمىچىلىقى

ئۇيغۇرلاردىكى كەندىر توقۇمىچىلىقى ئەڭ ئىپتىدائىي توقۇمىچىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇلار ئىپتىدائىي تۇرمۇشىدىن باشلاپ ياۋا كەندىر تالالىرىدىن پايدىلانغان ۋە ئۇنىڭدىن كىيىم ـ كېچەك توقۇپ كيگەن . « لوپنۇر كەندىرى » دەپ ئاتالغان شىنجاڭنىڭ ياۋا كەندىرى قەدىمدىن باشلاپ ناھايىتى داڭلىق مەھسۇلات بولۇپ ، تارىم دەرياسى بويلىرىدىن ناھايىتى كۆپ چىقىدۇ .

ئۇيغۇرلاردا قول توقۇمىچىلىقى تەرەققىي قىلغان مەزگىلدە ، يەكەن قاتارلىق جايلاردا ياۋا كەندىرلەرنى بىرمەزگىل كۆمۈپ قويۇش ئارقىلىق تالالىرىنى غولىدىن ئاجرىتىپ ( بۇنداق قىلغاندا ، تالالىرى پۈتۈن چىقىدىكەن ) ، ئۇنى شاخار سۈيى بىلەن قايىنتىپ تالالىرىنى ئاجرىتىپ ، ئۇنىڭدا ئەڭ داڭلىق شايى ـ ئەتلەس ، كىمخاب ، زەرباپ ، تەيتىللا ۋە ھەرخىل داستىخان (كاناپ داستىخان كەندىر تالاسىدا توقۇلغان ) ، چۈمپەردە ( پەرەنجە ) ، ئەغۋانە قاتارلىق كەندىر رەختلىرىنى توقۇغان .

ئادەتتىكى مالچىلار كەندىردىن زەمبىل ، قوتان ئىشكى ، قاشا تام ياساشتىن باشقا يەنە ، يەرلىك ئۇسۇلدا تالالىرىنى ئاجرىتىپ ، پالاس كەندىر ئارغامچا قاتارلىقلارنى توقۇۋالىدۇ .

بۈگۈنكى كۈندە ، كەندىر يىپ توقۇلمىلىرى شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتى سۈپىتىدە ، مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارا بازارغا يۈزلەنمەكتە . ( ش )

## پۇل ۋە پۇلچىلىق

شىنجاڭنىڭ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان يەرلىك پۇللىرى ئىچىدە ئەڭ دەسلەپ قويۇلغان يەرلىك پۇل ملادى I ئەسىردىن II ئەسىرگىچە ئۇدۇن دۆلىتى (ھازىرقى خوتەن) قۇيغان ئات سۈرەتلىك خوتەن پۇلىدۇر .

ملادى III – IV ئەسىردىن VII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە كۇچا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا قۇيۇلغان كۆسەن پۇلى ، ملادى VI – VII ئەسىرلەردە ئىشلىتىلگەن ئىدىقۇت پۇلى ، ملادى X ئەسىردە يەنى ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى بىلەن قۇرۇلغان قاراخانىلار دۆلەت پۇلى ( 1056 ــ 1057 ـ يىللىرى قۇيۇلغان ) ، ملادى XIII – XIV ئەسىردە ئالمىلىقتا قۇيۇلغان چاغاتاي خانىنىڭ كۈمۈش پۇلى ( بۇ پۇلنىڭ بىر يۈزىگە ھىجرىيە 727 ـ يىل ، ملادى 1327 ـ يىل دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن ) ، ملادى XVII ئەسىردە ياركەنت ( ھازىرقى يەكەن ) دە قۇيۇلغان مىس پۇل ، 1760 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن يەكەندە قۇيۇلغان . بىر يۈزىگە « چيەنلۇڭ تۇڭچاۋ » ، يەنە بىر يۈزىگە ئۇيغۇرچە « يەركىم ، يەركەنت » دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن مىس پۇل ، XIX ئەسىرنىڭ 70 ـ يىلى كۇچا پادىشاھى راشىدىن خان غوجا ئۇيغۇر يېزىقىدا «سەيدى غازى راشىدىن خان » ، « پايتەخت كۇچادا قۇيۇلدى » دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن مىس پۇل ۋە ئالتۇن پۇل ، ملادى 1917 ـ يىلى ياڭ زېڭشىن تارقاتقان ئۆلكە ۋە قەشقەر پۇلى ( قەغەز پۇل ) ، تاشئاخۇنۇم قۇيدۇرغان « زەرەبە كاشغەر » دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن كۈمۈش تەڭگە ، 1925 ـ يىلدىن 1940 ـ يىلغىچە مۇسا بايۋلار غۇلجىدا قۇيدۇرغان « مۇسا بايوۋ » ناملىق ئەللىك سەرلىك كۈمۈش يامبۇ ، 1935 ـ يىلى شېڭ شىسەي تارقاتقان ئەللىك سەرلىك قەغەز پۇل ( ئۆلكە پۇلى ) ، 1939 ـ يىلى ماۋ زېمىن تارقاتقان ئۆلكە ( قەغەز ) پۇلى ، 1943 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلى كۈزگىچە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ پۇل ئىدارىسى تارقاتقان ھەر خىل قەغەز پۇل ۋە بىر يۈەنلىك تەڭگە ، 1947 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تارقاتقان قەغەز پۇل قاتارلىق يەرلىك پۇللار بولۇپ ، ئېلىمىزنىڭ پۇلشۇناسلىق تەتقىقاتىدا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە . (ش )

## توقۇمىچىلىق ۋە بوياقچىلىق

ھۈنەر ـ سەنئەتكە باي ئۇيغۇر خەلقى يىپەك يولىدىكى سودا ـ ئالاقىسىنىڭ مۇھىم نىشانىغا جايلاش-

قان . ئۇلار بۇ مۇنبەت زېمىندا سودا ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىككە تايىنىپ ، تاۋار ، دۇردۇن ، كىمخاب ، شايى ـ ئەتلەس ، بەقەسەم ، ماتا ـ چەكمەنلەرنى توقۇپ ، يىپەك يولى سودىسىنى جانلاندۇرغان .

بۇنىڭدىن يەتمىش ـ سەكسەن يىللار ئىلگىرى يەكەن ، خوتەن ، قەشقەر ئۇستىلىرى توقۇغان تەيتىللا ، كىمخاب ، ئاق كالۋۇتۇن ، سېرىق كالۋۇتۇنلۇق زەرباب رەختلەر چەت ئەلگە ئېكسپورت قىلىنغان ، كېيىنكى ۋاقىتتا ھاكىمىيەت زوراۋانلىقى ، شاگىرت تەربىيىلىمەسلىك نەتىجىسىدە ئۇستىلارنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ ، بۇ كەسىپ ئۈزۈلۈپ قالغان بولسىمۇ ، ئەينى ۋاقىتنىڭ كىمخاب ، تەيتىللالىرى ھازىرغىچە ساقلانماقتا . ئۇيغۇرلار بىرقەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان خوتەن ، يەكەن ، قەشقەر قاتارلىق رايونلار يىپەكچىلىكنىڭ ئانا يۇرتلىرى بولۇپ ، ئۇلار ئۇزاق تارىختىن بۇيان يىپەكتىن سېرىق ، ئات باغرى ، قىزىل ئالا ، سېرىق ئالا ، ئالا قاغا ، قارا قاتارلىق كۆپ خىللىق ئەتلەس ، تۆمۈررەڭ ، يېشىل ، يېشىل ئالاقاغا ، مۇجەت قاتارلىق يىگىرمە نەچچە خىل بەقەسەم ، ئاق ، سېرىق ، ئەت رەڭ ، قارا ، پورەڭ شايى ، قوش يىپلىق چەكمەن شايى قاتارلىق رەختلەر ، يىپەك گىلەم ، جايناماز ، مېھراب ياپقۇ ، بەلباغ ، ئاياللار ياغلىقى ، چۈمپەردە ، پەرىجە ، ھەتتا ئەگلەك شايىلارنى توقۇغان .

پاختىدىن ھەر خىل كاتەكچە ، ھەيرانى ۋە ئانارگۈلى ، ئالما گۈلى ، يۇلغۇن چېچىكى ، توز قۇيرۇقى ، يېشىل ، نىل رەڭ تولىما، شاتاۋا ، ئاق قىرغاق سىماۋى تېرىكە ، قوش يىپلىق رەڭمۇرەڭ تېرىكە قاتارلىق يەتمىش ـ سەكسەن خىل گۈللۈك رەخت ، كۆپ خىللىق ماتا ـ چەكمەن ( ماتا ـ چەكمەن ئاق توقۇلۇپ بويىلىدۇ ) . ھەر خىل گۈللۈك پالاس ، گۈللۈك تاغار ، گۈللۈك خۇرجۇن ، گۈللۈك ئىشتانباغ قاتارلىق يۈزنەچچە خىل پاختا توقۇلمىلارنى توقۇيدۇ . بۇنىڭ ئىچىدە تولانغان يىپتىن تىۋىتلىك توقۇپ ، قىزىل ، قارا كۆك ياكى نىل رەڭ بىلەن بويىغان چەكمەنلەر ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ .

ئۇيغۇرلار يۇڭ توقۇمىچىلىقىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن . ئۇلار ساپ تۆگە يۇڭىدىن چەكمەن ۋە تىۋىت ئارىلاشتۇرۇلغان تۆگە يۇڭىدىن چەكمەن ( قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن قارىغاندا يۇڭ چەكمەننىڭ تۇرى كۆپ ) ، تىۋىت رومال ، يۇڭ پالاس ، كاشا ، ئات ئۇلاغلار ياپقۇسى قاتارلىق كۆپ خىللىق توقۇلمىلار ۋە يۇڭ تاغار ، يۇڭ خۇرجۇن قاتارلىق ئىپتىدائىي يۇڭ توقۇلمىلارنى توقۇغان .

ئۇيغۇرلار بوياقچىلىقتا ماھىر ، ئۇلار قىزىل ، نىل ، قارا ، قارا كۆك ، زەيتۇنە ، چەيزە رەڭ ، شاپتۇل چېچىكى ، ئانارگۈلى ، خورما رەڭ ، توپا رەڭ ، ئەت رەڭ ، توق سېرىق ، تۇخۇم سېرىقى ، پوررەڭ ، كاۋا چېچىكى قاتارلىق كۆپ خىل رەڭ ئىشلىتىدۇ ۋە ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق تۈرىنى كۆپەيتىدۇ ، رەڭلەرنى تەڭشەيدۇ .

تەڭشەلگەن رەڭلەردە يىپەك ، پاختا ، يۇڭ رەختلەرنى بويايدۇ ، مەشۇت بويايدۇ . ئۇيغۇر قىز ـ يىگىتلىرى قىزىل چەكمەن چاپان كىيىشنى ئۆزلىرىنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرى ھېسابلايدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ نىل بويىقى دۇنياغا مەشھۇر . ئۇيغۇر بوياقچىلىقى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە . ئۇلار بوياق ئۈچۈن تۇخۇمەك ، زاك ، زەمچى ، ئانار پوستى ، يۇلغۇن چېچىكى ، ئۆرۈك قوۋزىقى ، ياڭاق پوستى ، تۆمۈر دېتى ، داشقال قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىدۇ . بۇ خىل بوياق ئەسىرلەر بويى توزۇمايدۇ . ئۇيغۇرلار توقۇغان « كونا رەڭلىك گىلەم » نىڭ خەلقئارا بازاردا ئەتىۋارلىق بولۇشى ، ئۇنىڭ رەڭ ـ بوياقلىرىنىڭ ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . ( ش )

## سەرگەزچىلىك ۋە گۈل بېسىش

ئۇيغۇرلاردا گۈزەل سەنئەت ئۇيمىچىلىقى ، بىناكارلىقتىلا بولۇپ قالماستىن ، رەختلەرگە ھەر خىل گۈل بېسىشتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ . سەرگەز ، ھەمزەك ، زەدىۋاللار بۇنىڭ دەلىلى .

سەرگەزنىڭ رەختى ئاق ماتا بولۇپ ، گۈلى ياغاچ ئويما نەقىشلىرىنىڭ نۇسخىسى شاخچا گۈل ، چارچە گۈلدىن ئىبارەت . ئۇنىڭ ئاساسىي خۇرۇچى يەرلىك ئۇسۇلدا تەييارلىنىدىغان كاتاپ قارا بولۇپ ، ئۇ مۇنداق تەييارلىنىدۇ : ئوتتۇز جىڭ سۇغا بىر جىڭ ئۈن سېلىپ

قاينىتىلىدۇ . تۆمۈر دېتى ، داشقال ، سوققان يېلىمنى خالتىغا سېلىپ ئۇنىڭغا قوشىدۇ . ئۇ ، يازدا سەككىز ـ ئون كۈن ، كۈزدە ئون ـ يىگىرمە كۈن تۇرغاندا جىگەر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ . ئۇنىڭغا زەمچىنى ئېرىتىپ قاينىتىلغان تۇخۇمەكنى قوشقاندىن كېيىن داسقا ئېلىپ ، ئۈستىگە دۇغ ئۆتمەسلىك ئۈچۈن كىگىز ، ماتا قويۇپ نەم ئۈستىگە چىققاندا رەڭ چوتكىسى بىلەن ئۆرۈپ قويۇلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن مازغاپلىشىدۇ . ئەنە شۇ مازغاپلىق بىرىكمە « كاتاپ قارا » دېيىلىدۇ . كاتاپ قارا بىلەن گۈل بېسىشتىن بۇرۇن ئاق ماتانى شاخار سۈيى بىلەن قاينىتىۋالغاندىن كېيىن بۆرەك شەكلىدە ياسالغان كۆتەكنىڭ ئۈستىگە قويۇپ «دوككاڭ ـ دوك » ( ياغاچ بولقا ) بىلەن سوقۇپ ئۇنى يۇمشىتىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ، تەخمىنەن ئون ماتاغا يۈز گرام ھېلىيلىنى ئېرىتىپ سۈيىگە ماتانى چىلاپ ھېلىيلە سۈيىنى ماتاغا سىڭدۈرىدۇ . ماتانى قۇرۇتۇپ ، گۈل بېسىش تاختىسىغا يايىدۇ .

تەييارلانغان كاتاپ قارىغا قېلىپنى تەگكۈزۈپ ماتا ئۈستىگە باسىدۇ . كاتاپ قارىغا قايسى رەڭنى سالسا ، سەرگەز رەڭگى شۇ رەڭدە بولىدۇ . سەرگەزنى يەنە سۈزۈك سۇدا چايقاپ دۇغلارنى چىقىرىپ يەنە سوقىدۇ ، سەرگەز يۇمشاپ ئەسلىگە كېلىدۇ . بىرقانچە قېتىملىق سۇدا چايقالغان بۇ سەرگەزنىڭ رەڭگى نەچچە ئەسىر تۇرسىمۇ توزۇمايدۇ .

ھەمزەك ـ ئۇنىڭ رەختى ئاق ماتا ، ماتا شاخار سۈيى بىلەن قاينىتىپ يۇمشىتىلىدۇ . ئاندىن ئۆلچەملىك ھاك ، سوپۇن ، يېلىمنى بىرلەشتۈرۈپ ئېرىتىپ تەشتەككە سېلىنىدۇ . ھەمزەك قېلىپى تۆمۈر تۇنىكىدىن ياسالغان بولۇپ ، گۈل ئورنى ئويۇق بولىدۇ . تەشتەككە تەييارلانغان ھاك ، سوپۇن ئېرىتمىسىنى چوتكا بىلەن سۈرگەندە ، ماتادا ئاق گۈل ئىزى قالىدۇ . ئاندىن ماتا نىل رەڭگە سېلىنىدۇ . رەڭدىن چىققاندا ، ئاق گۈل توزۇندىلىرى چۈشۈپ ئاق ئىزى قالىدۇ . ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەمزىكى مىڭ سۇلالىسىدىن باشلاپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان بولۇپ ، بۇ خىل ھەمزەك ئىچكىرىدە ھازىرغىچە ئىشلىتىلىدۇ . ئۇيغۇر خەلقىدىكى زەدىۋالمۇ ئەسلىدە ئاق رەخت بولۇپ ، ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن تۆمۈر قېلىپ بىلەن ھەمزەك ئىشلىگەن ئۇسۇلدا ئىشلەيدۇ . ھەمزەك ئۇيغۇر ئائىلىسىدە يوتقانغا ئىشلىتىلسە ، زەدىۋال ھەر بىر ئۆينىڭ تېمىغا تارتىلىدۇ .

جايناماز ، مەرەپ ياپقۇلارنىڭ گۈل نۇسخىسى قۇببە . مېھراب شەكلىدە بولۇپ مەسچىت دەرۋازىسى ياكى مېھرابلىرىنى ئەسلىتىدۇ . بەزى ئۇستىلار بەيتۇل مۇقەددەسنىڭ شەكلىنى چۈشۈرىدۇ . بۇلارنىڭ خام ئەشياسى يەنىلا ئاق ماتا بولۇپ ، ماتانى شاخار سۈيىدە قاينىتىپ ، سوقۇپ يۇمشىتىپ ، داۋا ، يۇلغۇن چېچىكى ، ئانار پوستىنى زاك بىلەن قاينىتىپ كاتاپقا ئارىلاشتۇرۇپ گۈل باسىدۇ . گۈلدىن چىققان جايناماز ، مېھراب ياپقۇلارنى سۈزۈك سۇدا يۇيۇپ دۇغلارنى چىقىرىپ قايتا سوقۇپ ماتانى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئىشلىتىدۇ .

ئۇنىڭدىن باشقا دوپپا ، ياغلىق ، كەشتىلەرگە گۈل ئىزىنى چىقىرىش ئۇيغۇر گۈل بېسىش سەنئىتىدە ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە . ( ش )

## پىلىچىلىك

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئۈجمە ئۆستۈرۈپ ، پىلىچىلىك ، يىپەكچىلىك ، مەشۇتچىلىك ۋە يىپەك توقۇلمىچىلىقتىن ئىبارەت كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئىچكى ـ تاشقى بازارنى تەمىن ئېتىپ كەلگەن . ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پىلىچىلىك ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ ، بىر يۈرۈش جەريانلاردىن ئۆتىدۇ .

ئۇرۇق ساقلاش : يىغىۋېلىنغان ئۇرۇق پاكىز داكا خالتىغا ئېلىنىپ ، ئىسسىق ۋە نەملىكى مۆتىدىل بولغان جايدا ، كېلەر يىلى 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە ، يەنى ئۈجمە يوپۇرمىقى قۇلاق تارتقۇچە ساقلىنىدۇ . پىلە ئۇرۇقىنى ساقلىغان ئۆينىڭ ھاۋاسى مۇۋاپىق تېمپېراتۇرىدا تەڭشەپ تۇرۇلىدۇ . 2 ـ ، 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە پىلە قۇرتى تىرىلىشقا باشلايدۇ . بەزى ئۇ-رۇقلار يېرىلىپ قۇرت چىقىشقا باشلايدۇ. بۇنى پىلىچىلار

« خەۋەرچى قۇرت » دەپ ئاتايدۇ . 4 ـ ئاي كىرىش بىـ
لەن ئۈجمە يوپۇرمىقى قۇلاق تارتىپ تەڭگىدەك بولىدۇ .
دەل مۇشۇ چاغ پىلە قۇرتلىرىنىڭ ئاساسەن تىرىلىشكە
باشلىغان مەزگىلى بولىدۇ . پىلىچىلار ئۈجمىنىڭ يۇمران
يوپۇرماقلىرىنى توغراپ چوڭ داسقا سېلىپ ، ئۈستىگە
پىلە ئۇرۇقىنى تەكشى سالىدۇ ۋە ئۇرۇقنىڭ ئۈستىنى يەنە
غازاڭ بىلەن ياپىدۇ . بۇنىڭ بىلەن بىرىنچىدىن ، پىلە
ئۇرۇقىنىڭ يېرىلىپ قۇرت چىقىشىنى تەلەپ قىلىدىغان
قاراڭغۇلۇق ھەل قىلىنسا ، ئىككىنچىدىن ، چىققان
قۇرتلارنى غازاڭ بىلەن ( قۇرت تۇخۇمىدىن چىقىپ
ئىككى ـ ئۈچ سائەت ئۆتۈپ چۈرۈسىدە غازاڭ يېيىشكە
كىرىشىدۇ ) تەمىن ئېتىدۇ . تۇخۇمىدىن چىققان قۇرتلار
غازاڭ يېيىشكە كىرىشىپ تېزلا چوڭىيىشقا باشلاپ ،
چۈمۈلىسىمان بولۇپ ئۈستىگە ئۆرلەيدۇ . ئۇنىڭدىن كېـ
يىن يېتىلىپ ، ئۆرلەشكە باشلىغان قۇرتلارغا خوتەن
قەغىزى قويۇپ بېرىدۇ . قۇرتلار قەغەز ئۈستىگە چىقىدۇ .
بۇ چاغدا تۈيدۈرماي قەغەزدىكى قۇرتنى ئىككىنچى داسـ
تىكى ئۈجمە غازىڭى ئۈستىگە قويىدۇ . دېمەك ، يېتىلگەن
قۇرتلار شۇ ئۇسۇلدا بىرقانچە قېتىم يۆتكىلىش ئارقىلىق
بىرقانچە داسقا ئېلىنىدۇ . بۇ چاغدا بېرىلىدىغان غازاڭ
قۇرتلارنىڭ چوڭىيىش دەرىجىسىگە قاراپ بولىدۇ . كىـ
چىككىلىرىگە يۇمران ياكى توغرالغان غازاڭ ، چوڭلىرىغا
ئادەتتىكى غازاڭ بېرىلىدۇ . پىلە قۇرتى ئۇرۇقتىن چىقىپ
تەڭشەلگەندىن كېيىن سۇجەك ياساپ ( قەۋەتلىك پىلە
بېقىش چەللىسى ) ھەر بىر قەۋىتىگە بورا سېلىپ داسلار-
دىكى يېتىلگەن قۇرتلار سۇجەككە يۆتكىلىدۇ . غازاڭ
يەنىلا دەرىجىسىگە قاراپ بېرىلىدۇ .

ئۇيغۇرلار پىلە باقىدىغان ئۆينىڭ ۋە پىلە باققۇ-
چىلارنىڭ تازىلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ . خەلق
ئارىسىدا پىلە بېقىشتا رىئايە قىلىدىغان مۇنداق تۈزۈملەر
يولغا قويۇلغان :

① ئۇيغۇرلار پىلەخانىغا ناپاك كىشىلەر ، ئاغرىغان
ئاياللارنى كىرگۈزمەيدۇ . پىلەخانىدا ناشايان ئىش ، ھەتتا
تاماكا چېكىش ، ئىس ـ تۈتەك تارقىلىشقا يول قويمايدۇ .
② چاڭ ـ توزانلىق يوپۇرماق ۋە قىغ ، ئەخلەت ئالغان
سېۋەتكە ئالغان يوپۇرماقنى پىلىگە بەرمەيدۇ . ③ كېچە ـ
كۈندۈز پىلە يېنىدىن ئايرىلماي پىلە قۇرتلىرىنىڭ
ئوزۇقلىنىش ۋە ھاۋا ئۆزگىرىشىنى كۆزىتىدۇ . ④ پىلە
باقىدىغان ئۆيگە مۇناسىۋەتسىز غەيرىي كىشىلەرنىڭ
كىرىپ ـ چىقىشى مەنئى قىلىنىدۇ ، ⑤ پىلەخانىغا پات ـ
پات ئىسرىق سېلىنىدۇ .

پىلە قۇرتى يېتىلگەندە ، ھەرىكەت دائىرىسى
ئاشىدۇ . بۇ چاغدا پىلە قۇرتىغا قامغاق سېلىپ بېرىدۇ .
قۇرتلار قامغاقتا يامىشىپ يىپەك ـ غوزا يۆگەيدۇ . غوزا
يۆگەپ بولغان قۇرت تېپىرلايدۇ ۋە غوزىنى تېشىپ چىـ
قىپ ئۇرۇقلايدۇ ، پىلىچىلار غوزىنى ئېلىپ قۇرۇتىدۇ .
پىلە قۇرتىنى پاكىز خالتىغا دەرىجىسى بويىچە سېلىپ
كېلەر يىلىغا ساقلايدۇ . شۇنداق قىلىپ پىلە ئۇرۇقى
يىپەككە ئايلانغۇچە بىر يۇرۇش مۇرەككەپ ئەمگەك جەر-
يانلىرىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ . ( ش )

## جۇۋىچىلىق

ئۇيغۇرلاردا جۇۋىچىلىقنىڭ تارىخى ئۇزۇن ،
بۇنىڭدىن تۆت مىڭ يىل بۇرۇنلا كۆنچى دەرياسىنىڭ
تۆۋەن ئېقىنىدا ، چارۋا مال بېقىلغان ، ئىپتىدائىي كۆن ـ
خۇرۇم ئىشلەنگەن ... ئاشلانغان تېرىدىن كىيىم تىكىلـ
گەن . ئۇيغۇرلار شەھەرلىشىپ قول ھۈنەرۋەنچىلىك
بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشلاپ جۇۋىچىلىق مەخسۇس
كەسىپلەشكەن .

ئۇيغۇر جۇۋىچىلىقىنىڭ تۈرى كۆپ . رەختى ،
رەڭگى خىلمۇ خىل ، ئۇيغۇرلار قوي ، تۈلكە ، بۆرە ، سۇ-
لەيسىن ، تىيىن ، قاما ، سۇغۇر ، سۆسەر ، كەمچەت ،
ئەلتېرە قاتارلىق سەكسەن نەچچە خىل ھايۋان تېرىسىـ
دىن جۇۋا تىكىدۇ . ئۇيغۇر جۇۋىلىرى تاشلىق ، تاشسىز
ئىككى خىل بولىدۇ . تاشلىق جۇۋىلارغا مەخمەل ، دۇ-
خاۋا ، مويىت ، سارجا ، باستون ، كىبىركوت ، ھەر خىل
تېرىكە ، چىپپەرقۇت ، چەكمەن قاتارلىقلارنى تاش قىلىـ
دۇ .

تاشسىز جۇۋىلارنى تېرە بويى ئاق قالدۇرىدۇ
ياكى قارا ، سېرىق ، پوررەڭ ، ياكى جىگەررەڭ بىلەن بو-
يايدۇ .

جۇۋىچىلىق سايمانلىرى :

قايچا ( رەخت كېسىشكە ئىشلىتىدۇ ) ، تېرە كېسىدىغان پىچاق ، ئەندىزە ، يىپ ، يىڭنە ، ئويماق ، مېتر ، شىلىم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

تېرە پىششىقلاش ئۇسۇلى : جۇۋا تىكىدىغان ھەرقانداق تېرە ئالدى بىلەن سۇغا چىلاپ يۇمشىتىلىپ تېرىدىكى ماي ، گۆش ، شۇللۇق ئەتلەر قىرىۋېلىنىدۇ . ئاندىن ئۇن بىلەن ئاشلايدۇ ، تېرە ئاشتىن چىققاندىن كېيىن ئەيلەيدۇ ۋە ئۇۋۇلاپ يۇمشىتىدۇ . تېرە سىقىمغا سىغقۇدەك يۇمشىغاندا ، تېرىنىڭ يۈزىگە سۇ پۈركۈپ تېخىمۇ يۇمشىتىپ تېرىنى تارتىشتۇرۇپ ، قۇرۇق ، قىيپاچ ئورۇنلىرىنى تۈزەپ تامغا تارتىپ مىخلاپ كېرىيدۇ . بۇنىڭ بىلەن تېرىدىكى ئۆلچەمسىز ئورۇنلار تۈزلىنىدۇ .

كېسىش ئۇسۇلى : تېرىنىڭ يۈزى تەرىپىدىن ئەندىزە قويۇپ ، تېرە كېسىش پىچىقى بىلەن كېسىدۇ . رەخت كېيىم كەسكەندەك پارچە بولىدۇ ، ئاندىن تىكىدۇ . تىككەندە تېرىنىڭ يۇڭىنى ئىچىگە قىلىپ يۈزى تەرىپىنى جۈپلەشتۈرۈپ يىپ بىلەن يۆمەيدۇ . پەش ، ياقا ، يەڭ ئولتۇرغۇزۇشلار چاپان تىكىشكە ئوخشىشىدۇ ، جۇۋىنىڭ تېشىنى قايچا بىلەن كېسىپ ئىلگىرى قول بىلەن ھازىر ماشىنا بىلەن تىكىپ پۈتتۈرۈپ ، جۇۋىنىڭ ئۈستىگە كىيدۈرگەندىن كېيىن ، ياقا ، ئېتەكلىرىنى يۆمەيدۇ . ئەگەر چوڭ ياقىلىق ياكى كەمچەت ، قاما ، تۈلكە ، ياكى كۆرپە ياقا بولسا بۇنى ئايرىم ئولتۇرغۇزىدۇ .

تاشسىز جۇۋىلارنىڭ ياقىسىدىن تارتىپ ئالدى پەش ۋە ئاستى تەرەپ پۇچقاقلىرىغا ، شۇنداقلا يەڭ ئۇچلىرىغا ئىككى سانتىمېتر كەڭلىكتە بىر خىل رەڭلىك ئەلتېرىدىن زىغزىق تۇتىدۇ . زىغزىقنىڭ لېۋىگە تېرىدىن تىرناق چوڭلۇقىدا ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك نەقىش ئويۇلىدۇ . تاشسىز جۇۋا ئاساسەن تون شەكلىدە تىكىلىدۇ . ( ش )

## تۇماقچىلىق

ئۇيغۇر تۇماقچىلىقى ئۇزۇن تارىخقا ، ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە . ئۇيغۇرلار ئەنئەنىۋى يەرلىك تۇماقلىرىنى كىيىشنى ئۆزلىرىنىڭ غۇرۇرى ، سەلتەنىتى دەپ بىلىدۇ .

ئۇيغۇر تۇماقلىرى يارىشىملىق ، ئىسسىق بولۇشتەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشتىن تاشقىرى ، گۈل قىسىپ كىيىشكە ، ئالدى ـ ئارقىنى ئايلاندۇرۇپ كىيىشكىمۇ ئەپلىك .

تۇماق رەختى : قولى چېۋەر ئۇيغۇر ئۇستىلار تۇماق رەختى ئۈچۈن كەمچەت ، قاما ، سۆسەر ، تىيىن ، تۈلكە ، سۈلەيسىن ، سۇغۇر ، ئەلتېرە ، قوي ، ئۆچكە ، ئات تېرىسى قاتارلىق بىر يۈز سەكسەن ئۈچ خىل ھايۋانات تېرىسىنى ، تاش ئۈچۈن دۇخاۋا ، مەخمەل ، مويىت قاتارلىق ھەر خىل ئېسىل رەخت ۋە ئەستەر ئۈچۈن ھەر خىل رەختلەر ئىشلىتىدۇ .

تۈرى : ئۇيغۇر تۇماقلىرى ئەر ـ ئايال دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنۈش بىلەن بىرگە ، ياشلار ، ئوتتۇرا ياشلار ، قېرىلار ، دىنىي زاتلار سەللە تۇمىقى ۋە خىلمۇ خىل يەرلىك تۇماقلار ، مەسىلەن ، ئاتۇش تۇمىقى ، پەيزاۋات تۇمىقى ، قەشقەر ، خوتەن ، كېرىيە تۇمىقى ، قاغىلىق تۇمىقى ، مەكىت تۇمىقى ، يېڭىسار ساغان تۇمىقى ، كۇچا تۇمىقى ، قومۇل تۇمىقى دېگەنگە ئوخشاش يەرلىك تۈر ، نۇسخىلارغا بۆلۈنىدۇ .

تۇماقچىلىق سايمانلىرى : تېرە كېسىدىغان پىچاق ، ئەستەر ، تاشلىق رەخت كېسىدىغان قايچا ، يىپ ، يىڭنە ، پاختا ، قېلىپ ، ناۋات ، چىۋىق ، قاراگۈل ، رەڭ ۋە باشقا پەرداز بۇيۇملىرى .

تىكىلىشى : ھەر قانداق تېرە ئالدى بىلەن ئۇندا ئاشلىنىپ ، قۇرۇتۇلۇپ ، ئۇۋۇلاپ يۇمشىتىلىدۇ . كېسىشتە تېرىنىڭ يۈزىدىن ئەندىزە قويۇپ تۆت تالالىق ، ئالتە تالالىق قىلىپ ئۆلچەملىك كەسكەندىن كېيىن ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ ، تۇماقنىڭ تۆپىسىنى پۈتتۈرىدۇ . ئەگەر تۇماق ياكى قۇلاقچىلارغا ئەستەر ئالماق بولسا ، رەختكە پاختا سېلىپ سېرىپ ، تۆپە تالاسىدەك كېسىپ چىقىپ ، تۆپىنى ئەستەرگە كىيدۈرىدۇ . ئەتراپىنى يۆمەپ تىكىپ بولۇپ ، قېلىپقا سېلىپ قايچا بىلەن مويلىرىنى قىرقىپ تەڭشەيدۇ ۋە سۇ پۈركۈپ موينى چىۋىقلاپ ، سۇنئىي بودۇر قىلىدۇ ، بودۇرنىڭ ئاسان بۇزۇلماسلىقى ئۈچۈن ناۋات شىرنىسىنى ئاغزىغا ئېلىپ مويغا پۈركۈيدۇ . ئاندىن قېلىپتىن چىقىرىپ بازارغا سالىدۇ .

ئەگەر ئىشلەتكەن تېرىنىڭ مويى ئالپاساق بولۇپ قالسا ئۆز رەڭگىگە ئوخشىتىپ بويايدۇ.

تۇماق، قۇلاقچا قاتارلىقلارنىڭ تۆپىسى خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن بولسا، ئۆز رەڭگىدە قارا گۈل ياكى ئۆتۈك مېيى بىلەن پەردازلايدۇ.

ئاق تېرە تۇماقلارغا ئاق سىزىقچىلىق گۈل چىقىرىدۇ ۋە گەج بىلەن ئاق پەرداز بېرىدۇ.

ئۇيغۇر تۇماقچىلىرى يالغۇزلا ئۇيغۇر تۇمىقى تىكىپ قالماستىن، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئەر ـ ئايال تۇمىقىنى تىكىپ جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. (ش)

## كۆنچىلىك

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ كەسىپلىرىنىڭ بىرى ــ ھايۋانات تېرىسىدىن پىششىقلاپ ئىشلەش (كۆنچىلىك) تىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلاردىكى كۆنچىلىك ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئۇيغۇرلار كۆن ـ خۇرۇمنى يەرلىك ئۇسۇل، يەرلىك خۇرۇچ بىلەن ئىشلەيدۇ.

خۇرۇچلار: ھاك، شور، تۇز، كاتاپ قاتارلىقلارنى تېرىنى ئاشلاش، كۆپتۈرۈشكە ئىشلىتىدۇ.

كەمەك، ھېلىلە، زاك، رەڭ، ئۆرۈك قوۋزىقى، ئانار پوستى قاتارلىقلارنى رەڭ ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. قومۇش، زىغىر پاخلىنى ئىسلاش، پىشۇرۇشقا ئىشلىتىدۇ. چىغ ۋە تېرىقنى چىگرىن، مەسكابقا گۈل چىقىرىشقا، سۇ مېيى، قېيىن مېيىنى پەردازغا ئىشلىتىدۇ.

كۆنچىلىك سايمانلىرى: ئاش تۈگى، سېسىق سۇ قۇدۇقى، داس، ئورغاق، شور قازىنى، قاشتېشى، سىمتىراچ، چاك كەكە، پەشگەھ، ئىتتىك ۋە گال كەكە، بادرا.

ئىشلەيدىغان رەختلەر: خاماپ كۆن، شورلۇق كۆن، چىگرىن، مەسكاپ، بۇلغارى، بىشۇ (ئەستەر)، لايكا، چەم، ئات ئېگەر ـ جابدۇقى، ھارۋا جابدۇق رەختلىرى.

ئىشلەش ئۇسۇلى: ھەرقانداق تېرىنى دەسلەپ سۇغا چىلاپ يۇمشىتىدۇ. ئاندىن بەز، گۆش، مايلارنى قىرىۋېتىپ ھاك سۈيىگە چىلاپ ئاشلايدۇ. يۇڭنى قىرقىپ ئېلىۋېتىپ، سېسىق سۇ قۇدۇقىغا سالىدۇ (ئۇزۇن يىل تېرە سالغان بۇ سۇ ئېچىپ تەبىئىي ئېچىتقۇ بولغان). بۇنىڭ بىلەن تېرىدىن ھاك چىقىپ تېرە يۇمشايدۇ. ئاندىن ئۇلاقتىكى شور سۈيىگە كەپتەر مايىقى سېلىپ، كەپتەر مايىقىنى تېرىگە يېگۈزىدۇ. شۇردىن چىققان تېرىنىڭ يۈزىنى يەنە بىر قېتىم قىرىپ سېرىق سۇ، ياۋا تۈكلەرنى چىقىرىۋېتىپ، قازانغا شور سېلىپ، تېرىنى بېسىپ قايناتىپ شورلايدۇ. ئاندىن شوردىن چىققان تېرىنى قومۇش بىلەن زىغىر پاخلىنى ئارىلاشتۇرۇپ قالاپ بىر قانچە قېتىم ئىسلايدۇ. تېرىنى ھەر قېتىم ئىسلىغاندا كەمەك سۈيىگە چىلاپ قويىدۇ. ئىس ۋە كەمەك سۈيى بىلەن تېرە ساغىرىدۇ. تېرىنى قۇرۇتۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇۋۇلاپ يۇمشىتىدۇ. ئاندىن سۇ ماي پۈركۈپ ئۈستىدىن قاشتېشى سۈرۈپ پەردازلايدۇ. قارا كۆننى قارا گۈل، ئانار پوستى، كاتاب بىلەن قارىغا بويايدۇ. چەممۇ يۇقىرىقىدەك ئىشلىنىدۇ. رەڭ بېرىشتە پەرق قىلىدۇ. لايكىنى ئۇندا ئاشلايدۇ. باشقا رەسمىيىتى ئوخشاش.

بۇلغار ــ چىگرىن ئىشلەشمۇ يۇقىرىقىدەك بولۇپ، ئوخشاشمايدىغان يېرى، تېرە ئىستىن چىققاندا، تېرە يۈزىگە چىغ يېيىپ، ئۈستىدىن تېرىق تۆكۈپ چىڭدايدۇ. بۇنىڭ بىلەن تېرە يۈزى دانلايدۇ.

مەسكاپنى ئۆرۈك قوۋزىقى بىلەن ئىسلايدۇ، يۈزىگە قېيىن مېيى بېرىپ پەردازلايدۇ.

ئېگەر ـ جابدۇق، ھارۋا جابدۇق رەختلىرىنى تۆۋەندىكىچە ئىشلەيدۇ: تېرىنى ئالدى بىلەن سۇدا پىشۇرىدۇ. قوۋزاقتا باسماي قىيىش ئىشلەيدۇ، ھاكتىن چىققان تېرىنىڭ يۇڭىنى ئېلىۋېتىپ، ئىسلاپ، ھاكنى چىقىرىۋېتىپ، بۇ تېرىگە ئون جىڭ ھېسابىدا ئۇن سېلىپ ئاشلاپ، بۇنىڭدىن يۈگەن، ئۈزەڭگە، باغ، نوختىغا لايىق رەخت ئىشلەيدۇ. (ش)

## توقۇمچىلىق

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىختىن بۇيان، پاختا، يىپەك، يۇڭ قاتارلىق يەرلىك خام ئەشيالاردىن ھەرخىل

توقۇلمىلارنى توقۇپ ئۆز ئېھتىياجىدىن چىققان ۋە ئېكسپورت قىلىنغان.

ئۇيغۇر توقۇمىچىلىق دەستىگاھلىرى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ياغاچتىن ياسىلىدۇ. بىر دەستىگاھ ئۇ‌چۇن ئادەتتە ئۇزۇنلۇقى تۆت مېتىر، كەڭلىكى بىر يېرىم مېتىر مەيدان بولسا كۇپايە قىلىدۇ. بۇ « دۇكان » دەپ ئاتىلىدۇ.

1 ) دۇكاننىڭ ئالدىغا ئىككى ياغاچ ئورنىتىلىپ ئۈستىگە توغرا ياغاچ قويۇلىدۇ. ئارقا تەرەپكە ئۇستا ئولتۇرىدىغان بىر تاختاي، تاختاي ئالدىغا ئۇرۇش ( ماتا ) يۆگەش ئۇچۇن بىر چىغرىق ئورنىتىلىدۇ. ئاستى تەرەپكە ئۈستىنىڭ ئىككى پۇتىغا ئۇدۇل قىلىپ ئىككى تەپكە ( تاختاي ) قويۇپ، تەپكىنىڭ ئۇچىغا شانىغا چىگىش ئۇچۇن بىردىن شوينا بېكىتىپ قويۇلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھەرقانداق دۇكاننىڭ توقۇش ۋاقتىدا ئىشلىتىدىغان ئىككى شانا، موكا، ناچا قاتارلىق سايمانلىرى بولىدۇ.

2 ) خام ئەشيا تەييارلاش: چىگىتنى چىغرىق بىلەن كېۋەزدىن ئايرىيدۇ. چىغرىقتا ئىككى ئوق بولۇپ، چوڭ ئوق پۇت بىلەن چىغرىق تەپكىسىنى تېپىش ئارقىلىق كىچىك ئوق چىغرىقچىنىڭ ئوڭ قولى بىلەن قارىمۇ قارشى ئايلاندۇرۇلىدۇ. چىغرىقچى سول قولى بىلەن كېۋەزنى ئىككى ئوق ئارىسىغا يېگۈزۈپ چىگىتنى ئايرىيدۇ. پاختىنى زەي تارتىلغان دۇكان بىلەن ئېتىپ تالالىرىنى يېشىلدۇرۇپ پىلتە قىلىدۇ. قول چاقىدا ئېگىرىپ قومۇشقا يۆگەيدۇ.

3 ) ئۇرۇش تارتىش ۋە ئارقاق: ئۇرۇش توقۇلىدىغان رەختنىڭ كەڭلىكىگە قاراپ تارتىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى چەكلەنمەيدۇ. ئۇرۇش يىپىنىڭ بىر ئۇچى ئىككى شانا رېشاتكىسىدىن ئۇدۇل ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇستا ئالدىدىكى چىغرىققا يۆگىلىدۇ. يەنە بىر ئۇچى دۇكاننىڭ ئالدى تەرىپىدىكى دارغا ئارتىلىپ ئاستىغا مۇۋاپىق ئېغىرلىقتا تاش ئېسىپ ئۇرۇشنى تەكشىلەيدۇ، ئىككى شانا ئىككى تەپكىدىكى شويننى باغلايدۇ. ئارقاق ئۇچۇن ناچا، موكا تەييارلايدۇ.

4 ) توقۇش ئۇسۇلى: ئۇستا ئورنىدا ئولتۇرۇپ، قولىغا موكا ئالىدۇ ۋە ئىككى بارمىقى بىلەن شانىنى ئالدىغا ئىتتىرىپ بىر پۇتى بىلەن بىر تەپكىنى تېپىدۇ. شانىنىڭ بىرى كۆتۈرۈلۈپ يىپ ئېكىس ( × ) ھاسىل قىلىدۇ. موكا ئېكىس ئارىلىقىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇستا موكىنى تۇتۇۋېلىپ بارماق قولىنى شانىدىن ئالىدۇ. شانا ئارقىغا يېنىپ توقۇلغان يىپقا تېگىپ ئۇنى چىڭدايدۇ. شۇنداق قىلىپ موكا تىنىم تاپماي ئۇ تەرەپتىن بۇ تەرەپكە ئۆتۈپ يۈرۈپ ئارقاق بىلەن ئۇرۇشنى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۇرىدۇ. ئۇيغۇرلاردا تىنىم تاپماي يۈگۈرۈپ يۈرىدىغان كىشىلەرنى « باپكانىڭ موكىسى » غا ئوخشىتىش ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. ( ش )

## مەشۇتچىلىك

مەشۇت ــ پىششىقلاپ تەييارلىنىدىغان نەپىس يىپەك توقۇلما ماتېرىيالى.

ئۇيغۇرلار ئۇزۇن تارىختىن بۇيان، بىر يۈز ئاتمىش خىلدىن ئارتۇق ھەر خىل كەشتە، ياستۇق قېپى، يوتقان تېشى، كۆڭلەك ياقىسى، كۆڭلەك ئېتىكى، يەڭ ئۇچى، چاچ پۆپۈكى، ئۆتۈك، چورۇق پۆپۈكى، قول ياغلىق، پايپاق گۈلى، چاي خالتىسى، تاماكا خالتىسى، يوتقان گۈلى، مېھراپ ياپقۇ، ئورۇن ياپقۇ، سائەت بېغى، بۆشۈك پۆپۈكى ھەتتا ئىشتانباغ پۆپۈكىگىچە ھەممە يۈز خىلدىن ئارتۇق دوپپا گۈللىرىگىچە مەشۇت ئىشلىتىپ كەلدى.

مەشۇت ئىشلەش ئۇسۇلى: پىلە غوزىسىنى قۇرۇتۇپ، قازانغا غوزا چۆككۈدەك سۇ قۇيۇپ قاينىتىلىدۇ. غوزا پىشقاندا، پىلىنى ئەسلىگە قايتۇرۇش ئۇچۇن سوغۇق سۇ قۇيىدۇ ۋە ئوتنى توختىتىپ، قازاندىكى سۇ قول كۆيمىگۈدەك بولغاندا، پىلە غوزىسىنى چىلە ـ چۆپ بىلەن ( پىلىنى سۈزۈدىغان ياغاچ ) كۆتۈرۈپ پىلىنىڭ ئۇچىنى تاپىدۇ ۋە پىلە ئۇچىنىڭ توم، ئىنچىكىلىكىنى تەڭشەپ، ئۇچىنى تارتىپ چاقىقا يۆگەپ تارتىلغان يىپەكنى كاللەك قىلىدۇ. بۇ يىپەكنىڭ تارتىشى. تارتىلغان يىپەكنى چوڭ چاقىقا يۆگەپ كالۋا قىلىپ، ئۈچ كىلوگرام يىپەككە بىر كىلوگرام شاخار سېلىپ ئۈچ سائەت ئەتراپىدا قاينىتىلىدۇ. يىپەك قانچە ئۇزۇن قاينىتىلسا

شۇنچە ئاقىرىدۇ ۋە يېشىلىدۇ .

يىپەك شاخاردىن چىققاندىن كېيىن سۈزۈك سۇدا يۇيۇپ شاخارنى چىقىرىۋېتىپ ، قوغۇن ئۇرۇقىنى سوقۇپ خالتىغا ئېلىپ يىلمان سۇغا سېلىپ يىپەكنى ئاشۇ سۇ بىلەن چايقايدۇ . شاخاردا قايىنتىلىپ ئاقارغان ، تالالىرى يېشىلگەن يىپەك قوغۇن سۈيىدە چايقالغاندا تېخىمۇ ئاقىرىدۇ ۋە پارقىرايدۇ . يىپەكنى قوغۇن سۈيىدىن ئېلىپ سۈزۈك سۇدا چايقايدۇ ( ئېقىنى ئاق بويىچە ئىشلىتىلىدۇ ، كېرەكلىرىنى بويايدۇ ) . بۇ چاغدا يىپەك رەسمىي مەشۇت بولىدۇ .

مەشۇتنىڭ بوياقچىلىقى ۋە تەڭشەش ئۇسۇلى : مەشۇت بوياقچىلىقىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ ، بوياش ، تەڭشەش ئۇسۇلى ناھايىتى زىل بولىدۇ .

مەشۇت بوياقچىلىقىدا ھازىر يىگىرمە بەش خىل رەڭ تۈرى بار ( ئىلگىرى قىرىقتىن ئاشاتتى ) . بۇ يىگىرمە بەش خىل رەڭ تۈرىنىڭ ئاساسىي رەڭگى سەككىز خىل بولۇپ ، بۇنىڭ ئالتە خىلىدىن يىگىرمە بەش خىل رەڭ تەڭشىلىدۇ .

1 ) كۆكگۈت پوقى رەڭگە شاپتۇل چېچىكى رەڭدىن ئازراق قوشۇلسا ، ئانار گۈلى ، تېخىمۇ ئازراق قوشۇلسا ، قىمىزرەڭ ، كۆپ قوشۇلسا قارا قىزىل بولىدۇ .

2 ) شاپتۇل چېچىكى رەڭگىنى سۇس تەڭشىسە ، سۇت رەڭ ، ئازراق سېرىق قوشسا ، ناۋات رەڭ ، جىقراق قوشسا ، توق سېرىق ، تېخىمۇ كۆپ قوشسا ، كاۋا چېچىكى بولىدۇ .

3 ) گۆش رەڭگە سۆسۈن رەڭ قوشسا ، چەيزە رەڭ ، كۆكگۈت پوقىغا سېرىق قوشسا ، توق ئانار گۈلى ، توق سېرىق قوشسا ، نەش رەڭ بولىدۇ .

رەڭ قول كۆيمەيدىغان سۇغا سېلىنىپ تەكشى ئىلەشتۈرۈلىدۇ . مەشۇت رەڭگە سېلىنغاندا ، بىر باشتىن سېلىپ رەڭگىنى تەكشى ئۆچۈرۈۋېلىپ سالقىن جايدا قۇرۇتىدۇ . قۇرۇغان مەشۇتنى رەڭ تۈرى بويىچە كاللەكلەپ ، ئاندىن بازارغا سالىدۇ . ( ش )

## دوپپىچىلىق

ئەمگەكچان ، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئۇيغۇر قىز ـ چوكانلىرىنىڭ ئون قولى ئون گۈل ، ئۇلار يىڭنە بىلەن يىپنى قولغا ئالغاندا ، ھەقىقەتەن ھەربىر قولىنىڭ كىرەشمىلىرىدىن خىلمۇ خىل گۈل ئۈنۈپ ، دوپپا ئۈستىدە چېچەكلەپ ئېچىلىپ ، كىشىلەرنىڭ زوق ـ شوقىنى ئۆزىگە تارتىدۇ .

ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ تۈرى كۆپ ، رەڭگى خىلمۇ خىل ، گۈل نۇسخىلىرى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ تولىمۇ ئازادە . ئۇيغۇر دوپپىلىرى ، ئەر ـ ئايال ، قېرى ، ياش دېگەندەك پەرقلەرگە قاراپ نۇسخا ، گۈل چەكمە ۋە رەڭلەردە ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ . دوپپىلارنىڭ گۈل نۇسخىلىرىدا تەبىئەت گۈزەللىكى ئەكس ئېتىدۇ . مەسىلەن ، ئۇيغۇر بادام دوپپىسىنىڭ يۇملاقلىقى يەر شارى ـــ شەھەر ، قەلئەلەرگە تەقلىد قىلىنغان بولسا ، ئۇنىڭغا ئاق مەشۇتتىن چېكىلگەن بادام گۈلى ئايغا ، كېزەك گۈللىرى يۇلتۇزلارغا تەقلىد قىلىنغان . يەنە چېكەن دوپپىغا چېكىلگەن چىمەن گۈللەر تەبىئەت ھۆسنىگە تەقلىد قىلىنغان . ئۇنىڭدىكى ئاق ، يېشىل ، تۇغرا ـ ئۆزۈن سىزىقلار قىيپاش بەلگىلەر ۋە تەننىڭ تاغ ، دەريا ، گۈزەل ئورمان ، گۈل ـ گىياھلىرىغا تەقلىد قىلىنغان . يەنە ، بەزى دوپپىلارغا ئېچىلىۋاتقان گۈل شەكلى چۈشۈرۈلسە ، بەزى دوپپىلارغا غازان بولۇۋاتقان گۈل ـ گىياھ زىمىستان شەكلى چۈشۈرۈلگەن . بۇنىڭ ئالدىنقىسى شاد ـ خۇرام ، باياشات تۇرمۇش سىمۋولى قىلىنسا ، كېيىنكىسى ئۆز تەقدىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئىزھار قىلغان ، يەنى ئۇيغۇر دوپپىسىغا شادلىقمۇ ، قايغۇمۇ مۇجەسسەملەشكەن .

دوپپىنىڭ ماتېرىيالى ھەر خىل رەڭدىكى دۇخاۋا ، مەخمەل ، تاۋار ـ دۇردۇن ، ئەستەر ئۈچۈن شايى ئەتلەس ياكى ئاددىي يىپ رەخت ، مەشۇت يىپ ( يىگىرمە تۆتتىن ئوتتۇز ئىككى خىلغىچە ) ، ئاق خەسە ، قەغەز ، شىلىم ، ناۋات ، جىيەك ، قېلىپ ، پىلتىكۈچ ، گۈل نۇسخا تامغىسى ( ئويما ) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

تىكىش ئۇسۇلى : رەخت تاللاش ، نۇسخا تاللاش ، يىپ تاللاش ، تىكىش ، ئەستەرلەپ سىزىق ـ سىزىق ئارىلىقىدىن پىلتىكۈچ بىلەن قەغەزدە پىلتە بېرىش ، قوندۇرۇش ، قېلىپقا سېلىش ، ئىچىگە ناۋات

شىرنىسى پۈركۈپ پات بېرىش .

ئۇيغۇر دوپپىچىلىقىدا ، دوپپا تىكىش بىر ئىش ، ئۇنى قوندۇرۇش ھەممىدىن مۇھىم ئىش . دوپپا ياخشى قوندۇرۇلمىسا ئىسكەتسىز بولۇپ قالىدۇ . شۇڭا ئۇيغۇر دوپپىچىلىرى دوپپا قوندۇرۇشنى مۇھىم بىلىدۇ .

ئۇيغۇر دوپپىلىرى ھەممە كىشىگە ماس كېلىش ۋە يارىشىملىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئالەمگە مەشھۇر . ( ش )

## كىگىزچىلىك

ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە كىگىزچىلىك ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ . ئۇيغۇر كىگىزچىلىكى تۈرىنىڭ كۆپلۈكى ، رەڭدارلىقى بىلەن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە .

ئۇيغۇرلار يۇڭنىڭ ئەسلى رەڭگىنى ئاساس ، گۈل بېسىشنى قوشۇمچە قىلىپ خىلمۇ خىل كىگىز ئېتىدۇ . ئاق يۇڭدا جايناماز ۋە گۈللۈك چۈچىلىق ئاق كىگىز ، قارا يۇڭدا قارا كىگىز ۋە ھەر خىل گۈللۈك كىگىز ، ناماتمان ، شىرداق قاتارلىقلارنى ياسايدۇ .

كىگىزنىڭ ماتېرىيالى : قوي يۇڭى ، ئۆچكە يۇڭى ، سۇ ، كۈنجۈرە ۋە ھەر خىل بوياقلاردىن ئىبارەت .

سايمانلىرى : چىغ ، ساۋاق ، يۇڭ ئاتىدىغان دۇكان ، سالغۇ ، پالاس ، ئارقان ، سۈپۈرگە ، كاسىپنىڭ بىلەك ۋە پۇت كۈچى .

كىگىز ئېتىش ئۇسۇلى : يۇڭ رەڭگى بويىچە تاللىنىدۇ . تاللانغان يۇڭ يۇيۇپ قۇرۇتۇلىدۇ . قۇرۇغان يۇڭنى ساۋاق بىلەن ساۋاپ يېتىلدۈرۈپ يۇڭ ئاتىدىغان دۇكان بىلەن ئاتىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن تەييارلانغان چىغنى يەرگە يېيىپ چىغ ئۈستىگە ئېتىلغان يۇڭنى سالغۇ بىلەن تەكشى سېلىپ ، ئۈستىگە كۈنجۈرە چىلانغان ئىسسىق سۇ سېپىدۇ ، چۆرىسىگە چۈچا قويىدۇ . ئۈستىگە ئىككىنچى قەۋەت يۇڭنى سالغاندىن كېيىن ، يۇڭنى چىغ ئارىسىغا ئېلىپ تۈتەكلەپ يۆگەيدۇ . ئۈستىدىن پالاس يۆگەپ ئاغامچا بىلەن تېڭىپ ئىككى كىشى پۇتى بىلەن تەكشى تېپىپ يۇمىلىتىدۇ . يۇڭ كىرىشكەندىن كېيىن يۇڭنى تەتۈر ئۆرۈپ ، تېڭىپ يەنە دۇمىلىتىدۇ . بۇنداق دۇمىلىتىش ئۈچ ـ تۆت قېتىم تەكرارلانغاندا يۇڭ پىشىدۇ . ئاندىن ، ئىككى كىشى بىلىكى بىلەن دۇمىلىتىپ سىلىغايتىپ پىشۇرۇلىدۇ . كىگىز تەييار بولغاندا يېشىپ قۇرۇتۇپ بولغاندىن كېيىن ، سۈپۈرۈپ ياۋا قىللارنى تازىلاپ ، كىگىزنىڭ يۈزىنى تەكشىلەيدۇ .

گۈل بېسىش : گۈل ئۈچۈن قايسى رەڭ لازىم بولسا ، شۇ رەڭدە بويالغان يۇڭنى كىگىز قىلىپ پىشۇرۇۋالىدۇ . لازىم بولغان نۇسخىنى ئويۇپ ، كىگىز يۇڭى سېلىنىپ بولغاندىن كېيىن نۇسخا ئورنىغا قويۇپ كىگىز بىلەن بىرلىكتە پىشۇرىدۇ .

شىرداق كىگىزنى ئالدى بىلەن پىشۇرۇۋالىدۇ . قويۇلىدىغان گۈل نۇسخىلىرى تەييار بولغاندىن كېيىن كىگىز ئۈستىگە تىزىپ ، قول بىلەن تەكشى تىكىلىدۇ . شىرداق ئادەتتىكى كىگىزلەرگە قارىغاندا ھەم قېلىن ، ھەم چىدامىلىق بولىدۇ . ( ش )

## شامچىلىق

ئۇيغۇرلاردا شامچىلىق ئۇزۇن تارىخقا ۋە ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە . ئۇيغۇر شامچىلىق رىسالىسىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار : « ئەييۇپ ئەلەيھىسسالام كېيىك گۆشىنى يۇلغۇن ياغىچىغا ئۆتكۈزۈپ كاۋاپ قىلدى ، كەچ كىرىپ ، تۈن قارا رومالىنى ئارتتى ، غار قاراڭغۇلۇققا چۆمدى . شامال زەربىسىدىن قوقاس يالتىرىدى ، مايغا مىلەنگەن زىخ لاپپىدە ياندى ، يورۇقلۇق پەيدا بولدى . ئەييۇپ ئەلەيھىسسالام خۇشال بولۇپ زىخقا ياغ سۈۋاپ ياقتى . شۇندىن بۇيان ياغاچ نۆكچە ـــ شام چىراغ پەيدا بولۇپ ، شامچىلىق كەسىپكە ئايلاندى . بۇ كەسىپتە دۇنيادا ئون پىرى كامىل ( ئۇستا كاسىپ ) بارلىققا كەلدى . ئۇنىڭ توققۇزىنچىسى شەمسىدىن قەشقەرىدۇر . ئۇلارنىڭ تەلىمگە ئەمەل قىلىپ ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا پاك ، ساپ دىل ، راستچىللىق بىلەن كەسىپنى داۋام ئەتكەن مەرىپەتچى كاسىپلارنىڭ بىرى شەيخ ھەسەن قەشقەرى ئىدى » دېيىلگەن . بۇ گەرچە رىۋايەت بولسىمۇ ، ئۇنىڭدا شامچىلىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى كەسىپ ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ .

زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن شامچىلىق كەسىپدە ،

ئۇيغۇرلار كالا، ئۆچكە يېغى ۋە باشقا ھالال ماللارنىڭ تاشلاندۇق مايلىرى بىلەن شاخار ۋە يىپنى خۇرۇچ قىلىپ ياسايدۇ.

ماي تەييارلاش ئۇسۇلى: شامچىلار كۆيۈك دېگەن دالا ئۆسۈملۈكىنى ھۆل ۋاقتىدا كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن شاخار ياسايدۇ. شاخارنى تالقانداپ، سۇ قوشۇپ كالا، ئۆچكە ۋە باشقا تاشلاندۇق مايلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىدۇ. شاخار مايىنىڭ ئېرىشىنى تېزلىتىدۇ ۋە دۇغلىرىنى تارتىپ قازان تېگىگىچە ئولتۇرىدۇ، ئېرىگەن ماي لەيلەپ چىقىدۇ. مايىنى سۈزۈۋېلىپ قازاندىكى شاخار دۇغىنى تازىلايدۇ. مۇشۇ ئۇسۇلدا بىرقانچە قېتىم مايىنى شاخار بىلەن قايناتقاندا، ماي ئۇۋۇلسا قولغا يېپىشمايدىغان بولىدۇ. ئاندىن مايىنى سۈزۈك سۇ بىلەن بىر قېتىم قاينىتىپ، چايقاپ، شاخار دۇغلىرىنى تامامەن چىقىرىۋېتىپ، ساپ مايىنى سۈزۈۋالىدۇ.

شام تۈرى ۋە قېلىپ ياساش: شام ئاق، قىزىل ئىككى خىل بولىدۇ. شامنىڭ ئەڭ چوڭلىرى قىرىق سانتىمېتىر ئۇزۇن، كەتمەن سېپى چوڭلۇقتا بولىدۇ، بۇ خىل شام ئوردا، شەھەر دەرۋازىسى، خانىقا، مەسچىتلەرگە يېقىلىدۇ. پانۇس، پوۋىسكا ( پوچتا ) شاملىرى ئوتتۇز سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئۇزۇن بولىدۇ. يۇقىرىقى شاملار تاۋار سۈپىتى بىلەن قىزىل ياسىلىدۇ. ئادەتتىكى شاملار يىگىرمە ـ يىگىرمە بەش سانتىمېتىر بولىدۇ. رەڭ تاللىمايدۇ. ياسىلىدىغان قېلىپ يۇقىرىقى ئۆلچەمگە لايىق بولۇپ، بىر ئۇچى ئۇچلۇق، بىر ئۇچى دۈگىلەك تۇرۇبا شەكلىدە بولىدۇ.

شام قۇيۇش ئۇسۇلى: قېلىپقا ئۆلچەپ تۆشۈك تېشىلگەن تاختايغا قېلىپنىڭ ئۇچلۇق ئۇچىنى تۆۋەن قىلىپ تۇرغۇزۇپ، قېلىپ ئوتتۇرىسىغا پىلىك يىپى تارتىلىپ، تەييارلانغان ساپ مايىنى ئېرىتىپ قۇيىدۇ، قۇيۇلغان ماي قىشتا ئون مىنۇتتا، يازدا يىگىرمە مىنۇتتا قاتىدۇ. شامنى قېلىپتىن ئېلىپ بازارغا سالىدۇ. بۇنداق ماي شامنىڭ كۆيۈشى ئاستا، يورۇقى كۈچلۈك بولىدۇ.

( ش )

## سوپۇنچىلىق

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا سوپۇنچىلىق كەسپى كەڭ تارقالغان ھەم تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇ ئەنئەنىۋى سودا تاۋارلىرىدىن بىرى.

ئۇيغۇر سوپۇنىنىڭ خام ئەشياسى ئاساسەن چىگىردەك چىقمايدىغان كالا، ئۆچكە يېغىدىن ئىبارەت. ھۈنەرۋەنلەر كەسپىنىڭ پاكلىقى ئۈچۈن غەيرىي مايلارنى ئىشلەتمەيدۇ. سوپۇننىڭ خۇرۇچى شاخار ( كۆيۈك دېگەن ياۋا ئوتنى كۆيدۈرۈپ تەييارلىغان داشقال ) ۋە ھاكتىن ئىبارەت.

سوپۇنچىلىق سايمانلىرى: قازان، چۆمۈچ ۋە قېلىپ.

ياساش ئۇسۇلى: قازان ئۈستىگە سىغىمچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىدىش قويۇپ ئەتراپىنى لاي بىلەن چاپلايدۇ. يۈز جىڭ مايدا سوپۇن ياساش ئۈچۈن ئەللىك جىڭ شاخار، تۆت جىڭ ھاك تەييارلايدۇ. مايىنى قازانغا سېلىپ ئوت يېقىپ ئېرىتكەندىن كېيىن، تەييارلانغان شاخار بىلەن ھاكنى سوقۇپ بىر قىسمىنى ئېرىگەن ماي ئۈستىگە سالىدۇ ۋە مۇۋاپىق سۇ قۇيۇپ قاينىتىدۇ. شاخار مايىنى تېخىمۇ ئېرىتىپ ماي مولېكۇلىلىرىنى پارچىلايدۇ. ھاك شاخارنى ئېرىتىش، مايىنى ئاقارتىش ھەم ماي دانچىلىرىنى يىغىش رولىنى ئوينايدۇ. شاخار ئېرىپ قازان ئىچى بىر خىل پاتقاققا ئايلىنىدۇ. قازاندىكى دۇغلار، ماي بەزلىرى ئاستىغا ئولتۇرۇپ، ماي لەيلەيدۇ. بۇ چاغدا مايىنى سۈزۈۋېلىپ، قازاندىكى غەلدە ـ غەشتىلەرنى تازىلاپ، شاخار، ھاك سۈيىنى يەڭگۈشلەپ، مايىنى سېلىپ يەنە قاينىتىدۇ. مۇشۇنداق قاينىتىش توققۇز قېتىم داۋام قىلغاندا، ماي قول بىلەن يىمىرىلگەندە، قولغا چاپلاشمايدىغان بولىدۇ. بۇ مايىنىڭ پىشقان، يەنى ئۆزىدىكى بارلىق رېئاكسىيىلىك ماددىلارنى چىقىرىپ تاشلىغان ۋاقتى بولىدۇ. شۇ چاغدا قازاننى تازىلاپ، سۈزۈك سۇ قۇيۇپ يەنە بىر قېتىم قاينىتىپ، شاخار دۇغلىرىنى تازىلايدۇ. مۇبادا شاخار چايقاپ چىقىرىلمىسا، سوپۇن ئىشلىتىلگەندە رېئاكسىيە بېرىدۇ. ماي تازىلانغاندىن كېيىن قايتا ئېرىتىپ چۆمۈچ بىلەن ئۆلچەملىك

قېلىپقا قۇيىدۇ . قاتقاندا ئالىدۇ .

ئۇيغۇرلار قولدا ياسىغان بۇنداق سوپۇننى ئەزەلدىن خاسىيەتلىك ۋە شىپالىق دەپ بىلىدۇ .

ئۇيغۇر سوپۇنىنىڭ كىر يۇيۇشتىكى ئالاھىدىلىكتىن باشقا ، يەنە دورىلىق خۇسۇسىيەتلىرىمۇ بار . ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تەمرەتكە ، داغ ، بەدەن قېتىشىپ قاسىراق باغلاش ، پۇت ـ قول يېرىلىش ، ھەمەل قىلىش ـــ ئىچكى ئەزالارنى يۇيۇش قاتارلىق كېسەللەرگە بۇ سوپۇننى دورا ئورنىدا ئىشلىتىپ كەلگەن . ئۇنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ، قانچە كىر يۇسىمۇ قول يېرىلمايدۇ ، ئەكس تەسىر كۆرسەتمەيدۇ ، بەلكى يۈز ، قول ، بەدەننى يۇمران قىلىدۇ ، تېرىنى پارقىرىتىدۇ . كىرنى ئاقارتىش نىسبىتى توقسان سەككىز پىرسەنت ئەتراپىدا بولىدۇ . مېيتنى يۇيۇشقا ھەم بۇۋاقنى تۇنجى قېتىم سۇغا سالغاندا مۇشۇ خىل يەرلىك سوپۇن ئىشلىتىلىدۇ . بۇ بىر خىل ئېتىقاد ۋە ئادەت تۇسىدە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە . (ش)

## قاسساپلىق

ئۇيغۇرلار مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە گۆشى ھالال دەپ قارالغان قوي ، ئۆچكە ، كالا ، قوتاز ، تۆگە ، ئات قاتارلىق كۆندۈرۈلگەن ھايۋانلارنى ، شۇنداقلا ئارقار ، كېيىك ، بۇغا ـ مارال قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارنى مۇسۇلمانچىلىق قائىدىسى بويىچە سويۇپ گۆشىنى يېيىشكە ئادەتلەنگەن . مۇشۇنداق ماللارنى سويۇپ سېتىشنى كەسىپ قىلغۇچىلار «قاسساپ » دەپ ئاتالغان . خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەردە ، قاسساپلارنىڭ پىرى جەئفەرى سادىق دېگەن كىشى بولۇپ ، ئۇنىڭ نامىدا تارقالغان قاسساپلىق رىسالىسىدە : قاسساپلارنىڭ پاكىز ، پاك ، راستچىل بولۇشى ، ھەمىشە بىر قېتىم رىسالە نىزاملىرىنى ئوقۇپ قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىشى ، مال سويغاندا تىغنى بىلەپ ئىتتىك تۇتۇشى ، مالنىڭ ئايىغىنى باغلاپ ، بېشىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ ، دۇئا ـ تەكبىر بىلەن پىچاق سۈرۈشى ، مالنىڭ قېنى چىقىپ بولغۇچە كۈتۈشى ، پايدىنىڭ ئوندىن بىرىنى خەير ـ ساخاۋەت قىلىشى ، ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن شاگىرت تەربىيىلىشى ، گۆشنى كانارىغا ئېسىپ قائىدە بويىچە ، ئۆز تەرتىپى بىلەن پارچىلىشى ۋە ھارام دېيىلگەن بەزلىرىنى ئېلىپ تاشلىشى ، بوغۇزلانمىغان ، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان مال گۆشىنى يېمەسلىكى ۋە ساتماسلىقى ، قان ، يىرىڭ ، يۇلۇن ، ئۆت ۋە ئۆت قېپى ، يۈرەكنىڭ ئىككى قۇلىقى ، بەز ، مېگە قېپى ، كۆز قارىسى ، مالنىڭ جىنسىي ئەزالىرى قاتارلىقلارنى كېسىپ تاشلىۋېتىش ... قاتارلىقلار بايان قىلىنغان .

ئۇيغۇر قاسساپلىرى بۇ نىزاملارغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ ، بوغاز مال ۋە ھەر خىل كېسەل ماللارنى سويمايدۇ . مال سويغاندا مالنىڭ ئىككى قول ۋە سول پۇتى (ئۈچ ئايىغى ) نى باغلاپ ، بېشىنى قىبلىگە قىلىپ سول يانچە ياتقۇزۇپ تەكبىر بىلەن پىچاق ئۇرىدۇ . قېنى چىقىپ بولغاندا ، ئوڭ پۇتىنىڭ تىزى ئۈستىدىن تېرىدىن تۆشۈك ئېچىپ پۈۋدەپ ، مالنىڭ تېرىسىنى قورسىقىدىن كانىيىغا ئۇدۇللاپ يېرىپ ، تېرىنى ئىككى تەرەپكە قايرىپ ئاجرىتىدۇ . ئاندىن مالنىڭ بېشىنى ۋە ئىككى قول پاقالچىقىنى كېسىۋېتىپ ، ئارقا پۇتىدىن بېشىنى تۆۋەن قىلىپ كانارىغا ئېسىپ تېرىسىنى ئاجراتقاندىن كېيىن مالنىڭ قارنىنى يارىدۇ . قىزىلئۆڭگەچنى چىگىپ قويۇپ ئاچچىق ئۈچەينى ئۈزمەي سىيرىۋالىدۇ . ئاندىن پىچاق تەگكۈزمەي ، قېرىن ۋە ئۆپكە ـ زاسۇيلىرىنى ئالىدۇ . ئۆپكىگە تۇتاش چىققان يۈرەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا پىچاق ئۇرۇپ يۈرەك قېنىنى چىقىرىۋېتىدۇ . ئاخىرىدا مالنىڭ قارنىدىكى شۇللۇق ئەت ، سېرىق سۇ ۋە گۆشكە چاپلاشقان قىللارنى تازىلاپ قائىدە بويىچە پارچىلايدۇ ياكى پەشلەيدۇ . قوينىڭ قۇيرۇق مېيىنى پۈتۈن كېسىۋالىدۇ . ئىچ مېيىنى بۆرەك بىلەن قوشۇپ تەككى شەكلىدە يۆگەپ قويىدۇ .

ئۇيغۇر قاسساپلىرىنىڭ مال سويۇشتا ئېپى بار ۋە قولى چاققان بولۇپ ، ئۇستا قاسساپلار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئون ـ ئون بەش مىنۇتقىچە بىر قوينى سويۇپ بولالايدۇ .

ئۇيغۇر قاسساپلىرىنىڭ مال سويۇش ئالاھىدىلىكى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى ، ئۇلار ھەر بىر مالنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئۇستىخان قۇرۇلمىسى ، بېغىش ۋە ئومۇرتقىلىرى

بىلەن بەش قولدەك تونۇش . شۇڭا ئۇلار مالنىڭ ئۇستىخان ، ئۆگىلىرىنى سۇندۇرماي ، ئەپچىللىك بىلەن ئاجرىتىۋېتەلەيدۇ . ( ش )

## ساتىراشلىق

ئەزەلدىن ئۇيغۇرلاردا بىر ـ بىرىنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ قويىدىغان ئادەت بار . بۇنى :

« ھەر كىشىگە لازىمدۇر بەش نەرسە ئاسماق ،
ئۇستىرا ، تاغاق ، مىسۋاك ① ، پىچاق ھەم چاقماق » دېگەن شېئىر ئىسپاتلايدۇ .

ئۇيغۇرلار ئىپتىدائىي تۇرمۇشتىن قول ئۈزۈپ شەھەرلەشكەندىن كېيىنكى ئۇزاق تارىختىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مىللىي ساتىراشلىق رىسالىسىدە ② بايان قىلىنىشىچە : سالمانپاك دېگەن كىشى مىللىي ساتىراشلارغا پىر ـــ ئۇستاز بولغان . ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بۇ كەسىپنى داۋام قىلىپ زامانىمىزغا ئەكەلگەن .

ئۇيغۇرچە مىللىي ساتىراشلىق رىسالىسىدە ، مۇلازىمەت ئەخلاقى ، كەسىپ قائىدىسى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىنغان :

1 ) خېرىدار شاھ مەيلى گاداي بولسۇن ئوخشاش ھۆرمەت قىلىش ، ھەرىكەتتە سىپايە ، مۇئامىلىدە ئىللىق بولۇپ ، چوڭلارنى ئورۇندۇققا يۆلەپ ، بالىلارنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇش .

2 ) ئىشنى « بىسمىللا » بىلەن باشلاپ ، پەرتۇقنى ئوڭدىن سول تەرەپكە تارتىش .

3 ) چاچنى ئالدى بىلەن قۇرۇق ئۇۋۇلاپ ، باش نېرۋىلىرىنى ئويغىتىش ، ئاندىن چاچنى ھۆل قىلىپ ئۇۋۇلاش .

4 ) ئۇستىرا ، پەرتۇقلارنىڭ تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش ، تاز ۋە يارا چىققان باشلارنىڭ ئۇستىرىسىنى ئايرىم قىلىش ، چاچ ئېلىپ بولۇش بىلەن بۇ ئۇستىرىنى كۆكتاش زەمچە سۈيىدە دېزىنفېكسىيە قىلىش ، لۆڭگە ، پەرتۇقنى قايناق سۇغا بېسىش ، كاسىپ ئۆز قولىنى سوپۇن ۋە كۆكتاش سۈيى بىلەن يۇيۇش .

5 ) ئۇستىرىنى باشنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن تۆۋەن (چاچنىڭ ياتقان تەرىپى ) گە قارىتىپ سىيلىش ، چاچ ، ساقال ـ بۇرۇتلارنى قائىدە بويىچە ئېلىش ، قۇلاق ، بۇرۇن ، مەڭزىدىكى مويلارنى قالدۇرماسلىق .

6 ) چاچ ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن ، باشنى سىدىق ئۇۋۇلاپ ، باش بويۇنى سىلكىپ قاس چىقىرىپ ، چېكە ۋە قوشۇمىنى چىمدىپ ، ئانا تومۇرلارنى ئويغىتىش .

7 ) ئىككى قول ، تاغاق دۈمبىلەرنى ئۇۋۇلاش ، ئۇششاق قوللاردىن قاس چىقىرىش ئارقىلىق بەدەننى يەڭگىللىتىپ قويۇش ھەم چاچ ئالغۇچىغا ئەينەك كۆرسىتىپ ، رازى بولغاندىن كېيىن پەرتۇقنى سول تەرەپتىن سىلىق ئېلىپ ، خېرىدارنىڭ باش كىيىمىنى كىيدۈرۈپ ، ياقىلىرىنى تۈزەپ ، ياشانغانلارنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ، بالىلارنى ئورۇندۇقتىن كۆتۈرۈپ چۈشۈرۈپ ئۇزىتىش ۋە قايتا كېلىشكە دەۋەت قىلىش .

8 ) كاسىپ دۇكاننى ساتىراشخانىلا ئەمەس بەلكى مەرىپەتخانا ياكى مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئورنى قىلىش ( ئۇيغۇر ساتىراشخانىلىرىنىڭ ھەرقاندىقىدا بىر يۈرۈش ساز بولىدۇ ، يېڭى ناخشا ـ سازلار ئورۇندىلىدۇ ) ، كاسىپ خېرىدارغا جەمئىيەتتىكى ياخشى ئىشلارنىڭ ئۈلگىسى ، ناچار ئىشلارنىڭ زىيانلىرىنى تەشۋىق قىلىش ، تەربىيىلىك ھېكايە ـ چۆچەكلەرنى سۆزلەش ئارقىلىق كىشىلەرنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىدۇ .

رىسالىدە جەمئىي قىرىق بىر ماددا كەسىپ قائىدىسى سۆزلەنگەن بولۇپ ، ئۇيغۇر ساتىراشلىرى بۇنىڭغا سەممىي ئەمەل قىلىدۇ .

دەرۋەقە ، ئۇيغۇر ساتىراشلىرى نوقۇل ساتىراش بولۇپلا قالماستىن ، ئۇلار يەنە ئۆز نۆۋىتىدە بەزى كېسەللەرنى داۋالايدىغان خەلق ئىچىدىكى تېۋىپلاردۇر . ئۇلار تومۇر تۇتۇش ، ئۇۋۇلاش ، چىمدىش ، قان ئېلىش ، ئۈسمىلەرنى خاراكتېرىغا قاراپ كېسىش ( ئوپېراتسىيە قىلىش ) ، سۆگەل قاتارلىقلارنى ئات قىلى بىلەن

① مىسۋاك ـــ چۈچۈكبۇيا ياكى ئەرمەن ياغىچىدىن ئىشلەنگەن ئېغىز ـ چىش يۇيۇش قورالى .
② رىسالە ـــ ساتىراشلىق دەستۇرى .

بوغۇپ ياكى ئىسرىقدان كۆلى بىلەن كۆيدۈرۈپ چۈشۈرۈش ، كۆيدۈرگىنى داغلاپ ( كۆيدۈرۈپ ) داۋالاش ، ئەسۋە (ئىلغا ) كېسىلىنى پىياز بىلەن سىركىنى سۈرتۈپ ياكى يىڭنە بىلەن ئىلىش ياكى تۈچ ياماق سۈرتۈپ قايتۇرۇش ، چىش ئاغرىقىنى كۆيدۈرۈلگەن نۆشۈدۈر بىلەن جىگەر كاۋىپىنى چىشلىتىپ ئاغرىق پەسەيتىش ، چىش تارتىش ، ھەر خىل چاتما ، تەمرەتكە ، تاز كېسەللىرى ، باللاردا بولىدىغان سۈلۈق چاقىلارنى داۋالاش ھەمدە سۈننەت (خەتنە ) قىلىش ، چېچەك چېكىش قاتارلىق ئۇنىۋېرسال داۋالاش ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ ساتىراشلىق كەسپىگە قوشۇپ ئىشلىگەن .

ساتىراشلىق دۇكانلىرى يەنە خەلق ئارىسىدىكى داستان ، قىسسە ، ھېكايە ـ چۆچەكلەر ۋە قىزىقارلىق لەتىپە ـ چاقچاقلارنى ئېيتىدىغان ، ھەر خىل يېڭى ئۇچۇرلارنى ئالماشتۇرىدىغان مەيدان ئىدى . شۇ سەۋەبتىن چاچ ئالدۇرمايدىغانلارمۇ ساتىراشخانىنىڭ دائىملىق چۆپقەتلىرى سۈپىتىدە دۇكانغا كېلىپ ئولتۇرۇش ئادىتى بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقان . ( ش )

## موزدۇزلۇق

ئاسىيانىڭ قۇرغاق ھاۋا شارائىتىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئىنتايىن جاپالىق بولغان ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ، ئات ، كالا ، تۆگە ، قوتاز ، قوي قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىشنى بىلگەن . يەنى ئۇلارنىڭ گۆشىنى پىشۇرۇپ يەپ ، تېرىسىدىن ئاياغ كىيىمى ئىشلەشنى ئىجاد قىلغان . لېكىن بىز ئۇيغۇر خەلقىدە موزدۇزلۇق كەسپىنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقىنى بىلمەيمىز . بىراق ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىن قېزىۋېلىنغان ئېپتىدائىي قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان ئۆتۈك ئەۋرىشكىلىرىگە ۋە بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ، ئۇيغۇر موزدۇزچىلىقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى مەلۇم . دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن موزدۇزلۇق كەسپى ئەنە شۇ نەچچە مىڭ يىللىق تەجرىبىنىڭ بېيىتمىسى دېيىشكە بولىدۇ .

ھازىر ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان سەپەر ( كارۋانچە ) ئۆتۈك ، ھالقا ئۆتۈك ، پەس پاشنا ، ئارا پاشنا ، ئېگىز پاشنا ئۆتۈك ، تۈز مەسە ، توغرا تۇمشۇق مەسە ، بۇغداي تۇمشۇق مەسە ، ئىسگىلاچ مەسە ، ئەرەنچە مەسە ، ھالقا كەش ، سەندەل ۋە يېڭى پاسونىدىكى ھەر خىل بەتىنكە قاتارلىقلار بار .

ئۇيغۇرلار ئاياغ كىيىمنى ئات ـ كالا تېرىسىدىن تىكىدۇ . ئۆچكە ، قوي تېرىسىنى ئەستەرلىككە ئىشلىتىدۇ . ئۇيغۇرلار ئاياغ رەختىنى كۆن ، خۇرۇم ، چەم ، ئۇلتاڭ ، بېشۇ ، مەسكاپ ، چىگرىن دەپ بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرىدۇ . كۆن ، خۇرۇملار قارا ، قىزىل رەڭدە ، ئەستەرلىكلەر ئاق ، سېرىق رەڭدە بولىدۇ . بۇ خىل رەختلەرنى يەرلىك ئۇسۇل بىلەن ئۆزلىرى ئىشلەيدۇ .

موزدۇزلۇق ئەسۋابلار : كۆن ، خۇرۇم ۋە چەم كېسىش پىچىقى ، چوڭ ـ كىچىك دەرەش ( بىگىز ) ، يىپ ـ يىڭنە ، كوۋا ( رەخت تۈزەش سايمىنى ) ، پەرداز كالتىكى ، ئاق ـ قارا مۇم ، سىرەج ، قارا گۈل ، ئەندىزە ۋە قېلىپلاردىن ئىبارەت .

راسلاش ۋە تىكىش ئۇسۇلى : موزدۇزلۇق كەسپىدە ئەندىزە ۋە قېلىپ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ . ئاياغنىڭ باشلىق قونجى ئەندىز بىلەن كېسىلىدۇ . باشلىق ، بىلەن قونچى ئەستەرلىنىدۇ . باشلىقنىڭ باشمالداقتا ئوخشاش تىلى قونچىنىڭ ئويۇلغان يېرىگە كىرگۈزۈلۈپ بىخ سالىدۇ ( ماشىنا سالىدۇ) ، ئاندىن قېلىپقا تارتىلىپ ئىستەلكە ـ ئىچ چەم تىكىلىدۇ . ئاندىن چەمدىن تاسما تىكىپ تاش چەمنى شۇ تاسما بىلەن قوشۇپ تىكىدۇ ياكى ياغاچ مىخ بىلەن مىخلايدۇ . پاشنا قويۇپ قېلىپقا تارتىپ پەردازلايدۇ . قېلىپتىن ئېلىپ لازىم قىلىدۇ .

مەسە ، كارۋانچە ( بۇ ئۆتۈك قىزىل كۆندىن تىكىلىدۇ ) ئۆتۈك قېلىپقا سېلىنماي تەتۈر ئۆرۈپ تىكىلىپ ئاندىن ئۆرۈيدۇ ، باشقا خىلدىكى ئۆتۈكلەردەك قاتۇرما قىلىنمايدۇ . بۇ ئاياغلارنىڭ ھەممىسى ئەرەنچە ۋە ئايالچە دەپ ئايرىلىپ ، نۇسخا جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ .

موزدۇزلۇق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەڭ كەڭ تارقالغان ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ كەسىپ بولۇپ ، ھەر بىر يۇرتتا بۇ

ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كاسىپلار بار. ئۇيغۇر يەر-جاي نامىلىرى ئىچىدە « موزدۇز مەھەللىسى » دەپ ئاتىلىدىغان يۇرت ـ مەھەللىلەرنىڭ كۆپ بولۇشىمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ . ( ش )

## ھايكەلتىراشلىق

ھەيكەلتىراشلىق ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردە تازا تەرەققىي قىلغان . بۇنى كېرىيىدىكى فارا خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان V ئەسىرگە ئائىت تاتىخاگاتا بۇددا دىنىنىڭ ھەيكىلى ، خوتەندىكى يوتقان خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان ساپال قۇش ، تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان لاي قورچاق ، رەڭلىك لاي ئات ھەيكىلى ، ساماۋى خانىغا تەقلىد قىلىنغان رەڭلىك ياغاچ ھەيكەل ، قاراشەھەردىن قېزىۋېلىنغان ياغاچتىن ئويۇلغان ۋاجرا پالۋان ھەيكىلى ، يەنە لايدىن ياسالغان ئەركىشىنىڭ بېشى ۋە بۇدساتىۋابىشى قاتارلىقلار ئىسپاتلايدۇ .

ئۇيغۇرلار X ئەسىردە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان . شۇنىڭدىن كېيىن ھەيكەلتىراشلىق ھەر خىل دىنىي سەۋەب ۋە چەكلىمىلەر بىلەن قاتاردىن قېلىپ ، نەققاشلىققا ئۆزگەرگەن . ھەيكەلتىراشلار ئۆز ماھارىتىنى ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىگە قارىتىپ ، تام ـ تورۇس ، دېرىزە ـ ئىشىك گىرۋەكلىرىگە ، مېھراپلارغا ، مۇنار ، گۈمبەزلەرگە ھەر خىل گەج ئويما نەقىشلەر بىلەن گۈل سىياقى ، غۇنچە پورەكلىرى ، مېۋە ـ چېۋىلەر ، بۇغا ـ مارااللار ، چالغۇ ئەسۋابلار ، ئۆي بىساتلار ، ھۆسن خەتلەرنى چۈشۈرۈش بىلەن نامايان قىلغان .

دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن ھەيكەلتىراشلىق تارىخىدىن قارىغاندا ئۇ ئۆزگىچە ئۇسلۇب ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ .

ئۇيغۇر ھەيكەلتىراشلىرى گەج ، پولات چىۋىق ، ماتا ياكى پاخال ۋە تۇخۇمنىڭ ئېقىنى ماتېرىيال قىلىدۇ، گەج ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ .

ئۇيغۇر ھەيكەلتىراشلار گەجنى بېلىق گەج ، توم گەج دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ . بېلىق گەج ئۇزۇنچاق بولۇپ چىدامىلىق بولىدۇ . توم گەج ئۇيۇل ، يوغان بولىدۇ . ئۇيغۇر ھەيكەلتىراشلار بېلىق گەج ئىشلىتىدۇ .

گەج تەييارلاش ، بېلىق گەجنى ئۆزلىرى تونۇردا پىشۇرۇپ سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ مەلۇم مىقداردىكى گەجنى سۇغا سېلىپ دوغاپ تەييارلاپ قويۇپ قويىدۇ ، بىر قانچە مىنۇتتا گەج لەگپۇگدەك قاتىدۇ ، ئاندىن ئىشلىتىشكە باشلايدۇ .

ھەيكەلتىراشلىق ئەسۋابلىرى : گۈشتە گەردە (ئەنرىۋە شەكلىدە بولىدۇ ) ، بۇ رەندە گەردە ( موزدۇز بىزرەندىسىگە ئوخشاش ) ، نۇكەش گەردە ، زىقچى گەردە ، ئىسكىنە گەردە قاتارلىق پولات تىغلاردىن ئىبارەت .

ھەيكەل ياساش ئۇسۇلى : ئادەم ياكى ھايۋانات ھەيكىلىنى ياسىماق بولسا ، ئالدى بىلەن پولات چىۋىقتا ئۇنىڭ جازىسىنى قۇرىدۇ . جازىنى سىرلاپ ئۈستىگە ماتا ياكى پاخال يۆگەپ ، ھەيكەلنىڭ ئەزا كۆرۈنۈشلىرىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ . ئاندىن گەجنى ھۆل ۋاقتىدا ماتا ئۈستىگە سۈركەيدۇ . گەج مەلۇم قېلىنلىقتا يەتكەندە كېرەكلىك سايمان بىلەن قىرىپ ، ھەيكەلنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى پۈتتۈرىدۇ . چاپلىما ھەيكەللەر ، مەسىلەن ، تامغا چاپلىنىپ بىر يۈزى كۆرسىتىلىپ ياسىلىدىغان ئادەم بېشى ياكى پۈتۈن تۇرقى بولسۇن ، بۇ خىلدىكى ھەيكەللەرگە قېلىپ ئىشلىتىدۇ . بىرنى ئەينەن ياساپ ئۇنىڭدىن قېلىپ ئېلىپ قالغانلارنى گەج بىلەن قۇيۇپ قۇرۇتىۋالىدۇ .

ئۇيغۇرلار ھەيكەل پۈتكەندىن كېيىن تۇخۇمنىڭ ئېقىنى ماتا بىلەن ھەيكەل ئۈستىگە سۈۋاپ پەرداز بېرىدۇ . بۇنىڭدا ھەيكەل پارقىراق ، سىلىق بولۇش بىلەن بىرگە يېرىلمايدۇ ، يامغۇر ، نەملىكنى قوبۇل قىلمايدۇ . ئۇزۇن مۇددەت تۇپراق ئاستىدا تۇرسىمۇ ئەسلى ھالىتى ئۆزگەرمەيدۇ . ( ش )

## سىرچىلىق

ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان بۇددا دىنىنىڭ بىرمۇنچە ئىزلىرىدىن قارىغاندا ، مەسىلەن ، بايدىكى قىزىل غارلىرى ، كۇچادىكى قۇمتورا ، سىم ـ سىم ، قىزقالغان ( قىزقاغا ) ، مازار باغ غارلىرى ، قاراشەھەر شىكشىن مىڭئۆي ۋە غارلىرى ، تۇرپاندىكى بېزەكلىك ، سىڭگىم

ئېغىزىدىكى ئىبادەتخانا، تۈيۈق غارلىرى، دۈنخۇاڭ ئىبادەتخانىسى قاتارلىق جايلاردىكى رەڭلىك ھەيكەل (بۇت)، ھەر خىل رەڭلىك سۈرەتلەر، سىرلانغان تام ـ تورۇس، تۈۋرۈك، لىملار ۋە باشقىلاردىن قارىغاندا ئۇيغۇر سىرچىلىق تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن ۋە ئۆز زامانىسىدا كامالەتكە يەتكەن. تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ساماۋىي خانىغا تەقلىد قىلىنغان رەڭلىك ياغاچ قورچاق بۇنىڭ كۈچلۈك دەلىلى ۋە ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ بىباھا سەنئىتى.

ئۇيغۇر بىناكارلىقىدىكى ھەر خىل كاھىشلار، ئويمىلار، ياغاچ تۈۋرۈكلەر، رېشاتكىلار، ۋاساجۇپ، لىمجەگە، ھاراق پەرمانلىرىغا ئويۇلغان نەقىشلەر، مېۋە ـ چېۋە شەكلى چۈشۈرۈلگەن قاپارتما ئويمىلارنىڭ ھەممىسى ۋە باشقا ئۆي جاھازلىرى ئۇيغۇر سىرچىلىرىنىڭ كارامىتى بىلەن گۈزەل تۈس ئالغان. سىز ھەرقايسى مەسچىت، مەدرىس، مازار، قەدىمكى ئىمارەتلەر ۋە ئائىلە بىنالىرىنىڭ تام ـ تورۇس، لىم ـ جەگەلىرىگە قارىسىڭىز، سىر بىلەن بېزەلگەن بېزەكلەرنى كۆرىسىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر سىرچىلىقىنىڭ كارامىتى.

ئۇيغۇرلار سىرنى ئۆزلىرى ياسايدۇ. ئۇنىڭ خام ماتېرىيالى ـــ سىرتېشى، بۇ خىل تاش قاراڭغۇ تاغ ئېتىكىدىكى لاداق سايلىرىدا بولۇپ، ئاتچىلار ھەر قېتىم چەت ئەلدىن قايتقاندا ئالغاچ كېلىپ ساتىدۇ، يەنە زىغىر مېيى، گۈڭگۈرت، باش پىياز، داشاڭ ۋە ھەر خىل رەڭلەر. زۆرۈر تېپىلغاندا، چەتنىڭ تاش رەڭ دېگەن ماتېرىيالىنى ئىشلىتىدۇ.

سىر ئىشلەش ئۇسۇلى: سىر تېشىنى سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ زىغىر مېيى، گۈڭگۈرت، باش پىياز، داشاڭلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، پەس ئوتتا ئۇزۇن قايىنىتىپ خۇرۇچ تەييارلايدۇ. ئاندىن قايسى خىل سىر لازىم بولسا، تەييارلانغان خۇرۇچقا شۇ خىلدىكى رەڭنى ئارىلاشتۇرۇپ سىر ياسايدۇ. سىر بىلەن سىرنى ئارىلاشتۇرۇپ يېڭى تۈرلەر (رەڭلەر) پەيدا قىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتى بولغان گىل (تاغدىن قېزىلىدىغان جىگەررەڭ سېغىزتاش) دىن قىزىل، ئات باغرى رەڭلەر ياسايدۇ.

ئۇيغۇرلاردىكى ئەنئەنىۋى سىرچىلىق ئوتتۇزىنچى يىللارغا كەلگەندە تەرەققىي قىلىپ ئۇيغۇر يېڭى زامان سەنئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. ئۇيغۇر سىرچىلىقى ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، سىر تەييارلاش ئۇسۇلىدىن تارتىپ، سىرلاش، نەقىش ۋە كاھىشلارنى ئويۇشقىچە بولغان بارلىق جەريانلار يەرلىك ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىلغان.

ئالتۇن ھەل تەييارلاش ۋە ھەل بېرىش سەنئىتىمۇ ئۇيغۇر سىرچىلىقىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى.
(ش)

## باققاللىق

شىنجاڭ ـــ مېۋە ـ چېۋە ماكانى بولۇپ، ئۇيغۇرلار مېۋە ـ چېۋە كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى «باققال» دەپ ئاتايدۇ. باققاللىق كەسپى ھۆل مېۋىچىلىك، قۇرۇق مېۋىچىلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ.

ھۆل مېۋە باققاللىرى، ئۆرۈك، شاپتۇل، توغاچ، ئەنجۈر، ئالما، ئانار، ئامۇت، نەشپۈت، بېھى، ئالىگرات، ئالۇچا، ئەينۇلا، ئۈزۈم، ئۈجمە، گىلاس قاتارلىق كۆپ خىللىق مېۋە، قوغۇن تاۋۇز قاتارلىقلارنى ئېلىپ ساتىدۇ. بۇ خىل مېۋىلەر بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ 5 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە، بەزىلىرى يىل بويى سېتىلىدۇ.

باققاللار كوندىلىك توپ سېتىۋېلىش ياكى باغ كۆتۈرە ئېلىشتەك ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن توپ ئېلىپ پارچە ساتىدۇ.

باققاللارنىڭ ھۆل مېۋە ـ چېۋىلەرنى سېتىشى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. ھەرقانداق باققال مېۋە ساتقاندا، توۋلاپ خېرىدار چاقىرىپ مېۋىنى سۈپەتلەيدىغان ئىدىئوملۇق سۆزلەر بىلەن ساتىدۇ، شۇنداقلا مېۋە دۇكىنى ئالدىدىن ئۆتكەن كىشىلەرگە «پۇل ئالمايمەن، بىر تال يەپ باقسىلا» دەپ يېگۈزۈپ تەمنى تېتىتىپ ساتىدۇ.

قۇرۇق مېۋە باققاللىرى قۇرۇتۇلغان مېۋىلەرنى توپ ئېلىپ پارچە ياكى توپ ساتىدۇ. بۇ مېۋىلەر قۇرۇتۇلغان ئۈزۈم، گۈلە، جىگدە، ياڭاق، پىستە، بادام، ئۇراق، چىلان، قارىئۆرۈك قاتارلىق خىلمۇ خىل بولۇپ،

ئۇلار يەنە قوشۇمچە قەنت ، ناۋات ، پاتاسا ، پەشمەكلەرنىمۇ ساتىدۇ .

قۇرۇق يېمىشچىلەر مېۋىنىڭ سۈپىتىگە ۋە تازلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ . خېرىدارلارنى جەلپ قىلىش باققاللارنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى ، باققاللار كەڭ قورساق بولۇپ خېرىدارلار بىلەن بىھۇدە باھا تالاشمايدۇ . ھۆل مېۋە ساتىدىغان باققاللاردا جېڭلاپ سېتىش ئادىتى بولمىغان . بازار ئىقتىسادىي ئىگىلىكىگە يۈزلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە مېۋە سودىسىدا جىڭ ئىشلىتىشتەك ئۆلچەملىك سودا ئادىتى ئومۇملاشماقتا . ( ش )

## تۈنىكسازلىق ۋە قۇلۇپسازلىق

تۆمۈرچىلىك تەركىبىدىكى تۈنىكسازلىق ئاق ئىش ھېسابلىنىدۇ . ئۇيغۇر ئۇستىلار تۈنىكە ( قاڭالتىر ) دىن ئائىلە سايمانلىرى ، ئۆي ـ ئىمارەت لازىملىقى ، بوتكا (دۇكان ) قاتارلىق ھەر خىل سايمانلارنى ياسايدۇ . مەسىلەن ، سۇ تۇڭى ، چېلەك ، ياغ تۇڭى ، قول يۇيىدىغان ھەر خىل چەينەك ، ئۇزۇن تۇمشۇق چۆگۈن ، مەش ، كاناي ، ساماۋار ، لېس ، پېچىنە ـ پىرەنىك قېلىپى ، چوڭ ـ كىچىك داس قاتارلىقلار .

قاڭالتىرچىلىق سايمانلىرى ، گۇل قېلىپى ، ئەندىزى ، سۇنبە ، لوم ، تۆمۈر ، بولقا ، ياغاچ بولقا ، تۈز قايچا ، ئەگرى قايچا ، پەركۈچ ( سەركۇل ) كەپشە ، دانىكا ، ئوچاق ، كۆيەك ، كۆمۈر ، داغمال قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

ئىشلەش ئۇسۇلى : تۈنىكسازلىق ئەندىز (قېلىپ ) گە تايىنىلىدۇ . ئۇلانمىلار گىرەچە شەكلىدە بىر-بىرىگە چېتىلىپ ئۈستىدىن ياغاچ بولقا بىلەن ئۇرۇپ جىپسلاشتۇرۇلىدۇ . مەسىلەن ، ساماۋار ، چۆگۈن ، ياغ تۇڭى ، سۇ تۇڭى قاتارلىق ئوتتا قويىدىغان ، سۇيۇق نەرسە ئالىدىغانلارنى ئۇلىغان يېرىدىن داغماللاپ دانىكا بىلەن قەلەيدە تۇتتۇرىدۇ .

جەمئىيەت ئېھتىياجىغا جىددىي لازىملىق بولغان بۇ كەسىپنىڭ ئوت بىلەن قىلىدىغان ئىشى ئاز ، كىرىشتۈرۈپ جىپسلاش قاتارلىق يەڭگىل ئىشى كۆپ .

قۇلۇپسازلىقمۇ تۆمۈرچىلىك دەستۇرىدا نازۇك ئاق ئىش ھېسابلىنىدۇ .

قۇلۇپسازلىق كەسپىدە ئىشلىنىدىغان ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە كۆپ خىل ئىقتىدارلىق قۇلۇپ تۈرلىرى بار . مەسىلەن ، شەددە قۇلۇپ ـــ بۇنىڭ ئاچقۇ ۋە قۇلۇپ ئىچى تۆت تىللىق بولۇپ ، تىل ئۆز جايىغا سېلىنغاندىلا ئېچىلىدۇ . تورۇتمە قۇلۇپ ئىككى تىللىق بولىدۇ . ئاچقۇچنى سېلىپ ئىتتىرىپ ئاچىدۇ . تارتما قۇلۇپ ـــ ئاچقۇچنى سېلىپ ئالدىغا تارتىش ئارقىلىق ئېچىلىدۇ ، تولغىما قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچى ۋە ئىچكى تىلى ئېكىس ـ پىلىسلىق بۇرما بولۇپ ئۇلار ئۆز ئورنىغا ماس كەلگەندە ئېچىلىدۇ . خەنجەر قۇلۇپ ، ئىشكەك قۇلۇپ ، قوش ئاچقۇچلۇق ( چوڭ ئاچقۇچتىن كېيىن كىچىك ئاچقۇچ سالمىسا ئېچىلمايدىغان ) قۇلۇپ قاتارلىق قىرىق نەچچە خىل قۇلۇپ بار . يەنە بىر قىزىقارلىق قۇلۇپ ، ئىپتىدائىي ياغاچ قۇلۇپ ، يەنى لوك دەپ ئاتىلىدىغان بۇ قۇلۇپنى ياغاچچىلار ياسايدۇ . لوكنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ ياسىلىشى مۇنداق : كەڭلىكى ئون سانتىمېتر ، ئۇزۇنلۇقى ئوتتۇز سانتىمېتر چوڭلۇقتا بىر ياغاچ ساندۇقچە بولۇپ ئوتتۇرىسىغا جىپسا كېلىدىغان چاسا ياغاچ ئورنىتىلىدۇ . بۇ ياغاچنى تىلى دەپ ئاتايدۇ . ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۆشۈك بولىدۇ . تۆشۈككە سالىدىغان ياغاچ مىخ بولىدۇ . بۇ مىخنىڭمۇ ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر تۆشۈك بولىدۇ . لوك ئىشىكنىڭ يېنىدىكى تامغا ئورنىتىلىدۇ . ئىشىكنى يېپىپ لوك تىلىنى ئالدىغا ئىتتەرگەندە ئىشىك تاقىلىدۇ . يانماسلىقى ئۈچۈن لوكنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياغاچ مىخنى سېلىپ قويىدۇ . باشقا كىشىلەر بىلىۋالماسلىقى ئۈچۈن ياغاچ مىخ تۆشۈكىگە ئاچقۇمىخنى سېلىپ يوشۇرۇپ قويىدۇ ، بۇ مەخپىيەتلىكنى ئۆي ئىگىسىدىن باشقا كىشى بىلمەسلىكى شەرت . قۇلۇپنى ئاچىدىغان چاغدا يان تامدىكى تۆشۈكتىن قولنى سېلىپ ئالدى بىلەن ئاچقۇمىخنى ، ئاندىن چوڭ مىخنى ئېلىپ لوك تىلىنى ئارقىغا ياندۇرغاندىلا ئىشىك ئېچىلىدۇ . لوك دەپ ئاتىلىدىغان بۇ خىل قۇلۇپ ئاددىي ئەمما مەخپىيەتلىكى كۈچلۈك بولۇپ ، ئۆتمۈشتە يېزىلاردا كەڭ ئومۇملاشقان . ( ش )

## مىسكەرلىك

ئۇيغۇر مىسكەرلىك سەنئىتىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ ، مىس ، تۈچ ، ئالىيۇمىن ، قوغۇشۇن ،

سىنىڭ قاتارلىق يۇمشاق جىسىم تىپىدىكى ئېرىشچانلىقى كۈچلۈك مېتاللاردىن ئائىلە سايمانلىرى، گۈزەل ـ سەنئەت بۇيۇملىرى، زىبۇزىنىنەت بۇيۇملىرى ئىشلەپ مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدا داڭق چىقىرىپ كەلگەن.

مىسكەرلىك سايمانلىرى: بولقا ـ سەندەل، ئوچاق، كۆيەك، كۆمۈر، ئوت پۈدىگۈچ، چاسا بولقا، كەكە بولقا، بازغان، قىسماق قاچا، تۈز قاچا، سەركۇل، چاق (سىلغايتىش چاقى)، ھەر خىل ئېكەك، ئاق قۇم، قىزىل قۇم، نۆشۈدۈر، كەپشەر، دانىكا، داغمال ۋە بۆتا (مىس، ئالىيۇمىن ئېرىتىدىغان سايمان) قاتارلىقلار.

ئىشلەيدىغان بۇيۇملىرى: ئاپتۇۋا، چىلاپچا، چۆگۈن، مانتا قازىنى، مىس قازان، مىس داش قازان، جۇنبۇل، لېگەن، كەپكۈر، چەينەك، مىس چىنە ـ پىيالە، جام قاتارلىق نەچچە خىل ئائىلە سايمانلىرى، كولدۇرما، زەنجىر، ئات ئېگەرى، هارۋا جابدۇقلىرى، ئىشىك ـ دەرۋازا زىننەت بۇيۇملىرى، چاچ ئاسقۇ، ئۈزۈك، بىلەزۈك، چازا، تاج، قاداق، سوقما، قۇيما ھەيكەل، باسما ھەرپلىرى، تامغا، داچەن پۇل ۋە باشقا قۇيما بۇيۇملار بولۇپ تۆت يۈز سەكسەن خىلدىن ئارتۇق بۇيۇم ئىشلەپ چىقىرىدۇ.

ئىشلەش ئۇسۇلى: مېتالنى خام، پىششىق دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ. مىسكەرلىك ئەنئەنىسىدە ئېرىتىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. ئېرىتىش مۇۋاپىق، ئۆلچەملىك بولمىسا، سوققاندا قاسىراق كۆپ چىقىپ كېتىپ قالىدۇ ياكى بولقا تەگكەندە يېرىلىپ، ئۇۋۇلۇپ كېتىدۇ.

مېتال ياخشى ئېرىگەندىن كېيىن ياسىماقچى بولغان سايماننىڭ ھەر بىر بۆلەكلىرىگە كېتىدىغان ماتېرىيالنى پارچىلاپ ئايرىم سوقىدۇ. مەسىلەن، ئاپتۇۋا، چۆگۈنلەرنىڭ چەپچىكى، قورساق، جوغا، تۇتقا، كاناي، قاپقاق، تاج قاتارلىق بۆلەكلىرى ئۆلچەملىك ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن، كەپشەرلىنىپ بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈلىدۇ. كەپشەرلىنىپ پۈتكەن سايمان چاققا تۇتۇپ سىلغايتىلىدۇ. ئاندىن قىزىل بولسا قىزىل قۇم، ئاق بولسا ئاق قۇم سۈرۈپ پەرداز بېرىدۇ.

تۈچ سايمانلارغا بولسا قىزىل قۇمغا زەنجىۋىل ئارىلاشتۇرۇپ سۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تۈچ سېرىق ۋە قىزىل رەڭ ئالىدۇ. ئاندىن كىگىز سۈرۈپ سىلغايتىدۇ. نەتىجىدە تۈچ ئالتۇن رەڭگە كىرىدۇ.

مىسكەرلىكتە، چاق ۋە ئېكەكتە ئۇۋالغان قىرىندىلارمۇ ئىسراپ قىلىنمايدۇ. ئۇنى يىغىپ، ئېرىتىپ يەنە ئىشلىتىدۇ. مىسكەرچىلىك قەشقەر شەھىرىدە ناھايىتى تەرەققىي تاپقان. (ش)

## تاقچىلىق

تاقچىلىقنىڭ پەيدا بولۇشى ئاتنى قولغا كۆندۈرۈش دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىكى «ئات يۈك كۆتۈرىدۇ، تاقا ئاتنى كۆتۈرىدۇ» دېگەن ماقال بۇنىڭ دەلىلى. بولۇپمۇ قاتناش ـ سودا ترانسپورتىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجى تاقچىلىق كەسپىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم ئاساسى بولدى. شۇنىڭ بىلەن تاقچىلىق بىر خىل كەسىپكە ئايلىنىپ تۆمۈرچىلىكتىن ئايرىلىپ چىقتى.

تاقچىلىقنىڭ سايمىنى ئاساسەن، ئوچاق، كۆيەك، قىسقاچ، بولقا، بازغان، سەندەل، قەلەم، سۇنبە ـ سومتىراچ، ئاتنىڭ تاقىسىنى شىلىدىغان ئۇستىرا، دار، ئارغامچا قاتارلىقلار. ئۇلار مۇشۇ سايمانلار بىلەن تاقا ياسايدۇ ۋە ئات ـ ئۇلاغ تاقلايدۇ.

هايۋانات تۈرىگە، چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە يولغا قاراپ تاقىنىڭ تۈرى بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئات، قېچىر، ئېشەك، بۇغا تاقىسى قاتارلىقلار. تاقا يەنە تاشلىق يول، توپىلىق يول، مۇز يولغا قاراپ ئايرىم سوقۇلىدۇ.

تاشلىق يول (ئۇزۇن يول) تاقىسىنىڭ ھەر بىرى ئۈچ-ئۈچ يۈز گىرام تۆمۈر ئىشلىتىپ قېلىن سوقۇلسا، توپىلىق يول ئۈچۈن ئىككى گىرام تۆمۈر ئىشلىتىپ سىپتە سوقۇلىدۇ. مۇزلۇق يول تاقىسى مىخلىق بولىدۇ.

ياسىلىشى: تۆمۈر ئۆلچەملىك كېسىلىپ، قىزىتىلىپ ئىككى بېشىغا زەي (مىخ ئورنى) تارتىلىپ، يەنە بىر تەرىپىگە ئۈچتىن تۆشۈك ئېچىپ تاقىنى ئېگىدۇ. تۆمۈرنى قىزىتىپ ئۇچىنى ئۇچلۇق قىلىپ سوزۇپ كېسىپ، قېلىپقا سېلىپ، بىر تەرىپىگە باش چىقىرىپ تاقا مىخى ياسايدۇ.

تاقا قېقىش : ئۈچ تال ياغاچتىن ياسالغان دار ئېگىزلىكى ئاتنى ئۈزۈنىغا تۇرغۇزۇپ ، ئارقان بىلەن قولتۇق ۋە تېقىم ئارىلىقىدىن دارغا باغلاپ ، ئارقان ئۇچىنى دار قوزۇقىغا باغلاپ قويىدۇ . ئاندىن تاقىلايدىغان پۇتنىڭ تۇياق ئۈستىدىن ئارقان بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ، سوتىراچ بىلەن تۇياقنى ياساپ تاقىنى قويۇپ مىخلاپ ، تۇۋاق چۆرىسىنى تاقا يۈزىگە جىپسىلاپ ياسايدۇ .

ئۇيغۇر تاقىچىلىرى يالغۇزلا تاقا ياساش ، تاقىلاش بىلەن بولماي ، بەلكى ھايۋانات دوختۇرلۇقىنى بىللە ئېلىپ بارىدۇ . مەسىلەن ، ئۇلاغلاردا بولىدىغان چاشقان يارىسى ، ئالقاراق ، تۇياق يېرىلىش ، يىرىڭداش ، ھەر خىل سۇلۇق يېغىر ، جۆجەي ۋە باشقا جاراھەتلەر ، ئۆسمىلەرنى ئۇيغۇر تاقىچىلىرى يەرلىك ئۇسۇل ، يەرلىك دورىلار بىلەن داۋالايدۇ ۋە ئوپېراتسىيە قىلىدۇ .

تەجرىبىلىك تاقىچىلار ھايۋانلارنىڭ يۈرۈش ، تىنىش ئەھۋالىغا قاراپ كېسەللىكى ۋە بولغۇسى كېسەللىكلىرىنى مۆلچەرلىيەيدۇ .

ئۇيغۇرلاردا ئېشەكمۇ ئاتقا ئوخشاشلا ناھايىتى مۇھىم بولغان ئىشلەپچىقىرىش ۋە قاتناش قورالى . شۇڭا تاقىچىلىقنىڭ ئەڭ ئاۋات بازىرى ئېشەك تاقىلاش بولۇپ ، ئۇنىڭ جەريانلىرى ئاتنى تاقىلاشقا ئوخشىشىدۇ . ( ش )

## قۇيمىچىلىق

ئۇيغۇرلار مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا ، تۆمۈر ، مىس ، ئالتۇن ، كۈمۈش تاۋلاپ ئۇنىڭدىن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئىشلەپ چىققان ۋە قۇيمىچىلىق كەسپىنى باشلىۋەتكەن .

ئۇيغۇرلاردا قۇيمىچىلىقنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ ، ئىشلەپ چىقارغان نەرسىلىرى ئۆلچەملىك ۋە سۈپەتلىك . ئۇيغۇر ئۇستىلار قازان ، داڭقان ، تاۋا ، ساپان ، مەش ، هارۋا قازىنى ، هارۋازىخچا ۋە ھەر خىل قوڭغۇراق قاتارلىق تۇرمۇش ۋە دېھقانچىلىق ، قاتناش ۋە باشقا سائەلەردىكى سايمانلارنى قۇيۇپ چىقىرىدۇ .

قۇيمىچىلىقنىڭ ماتېرىيالى چۆيۈندىن ئىبارەت . قۇيمىچىلىق سايمانلىرى ئوچاق ، كۆمۈر ، كۆيەك ، قىسقاچ ، بولقا ، بازغان ، چويۈن ئېرىتىدىغان بوتا ۋە قۇمدىن ئىبارەت .

ئىشلەش ئۇسۇلى :

ئۇيغۇر قۇيمىچىلىرى ئالدى بىلەن ماتېرىيال تاللايدۇ . چويۈنغا تۆمۈر ، مىس ، قەلەي قاتارلىق ھەرقانداق غەيرىي مېتال ئارىلاشماسلىقى شەرت . تۆمۈر ئارىلىشىپلا قالسا قۇيۇلغان سايمان يېرىلىپ كېتىدۇ ياكى قۇيغۇچە تېرىلىپ كېتىدۇ . يەنە ئۇيغۇر ئۇستىلار رودىدىن ئېلىنغان پېتى ئىشلىتىلمىگەن چويۈننى خام چويۈن دەپ ھېسابلايدۇ . ئىشلىتىلگەن ( سايمان ياسالغان ) چويۈننى پىشىق چويۈن ھېسابلايدۇ . ئۇلار خام چويۈن ئالغاندا ئېرىتىشكە دىققەت قىلىدۇ . ئېرىتىشتە ھېچقانداق مەسىلە كۆرۈلمىگەندە ئاندىن ئىشلىتىدۇ .

قۇيمىچىلىق كەسپى ئاساسەن ئېرىتىش ، قۇيۇش ، قېلىپ قىلىپ ياساشتىن ئىبارەت بولۇپ ، ئېرىتىش ياخشى بولسا قۇيۇش ئوڭۇشلۇق بولىدۇ . قېلىپ يېرىلمايدۇ . قۇيۇلغان ماتېرىيالنىڭ سۈپىتى ، تەكشىلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ .

قېلىپ ياساش :قۇيمىچىلىق قېلىپى قۇمدىن ياسىلىدۇ ، قۇيماقچى بولغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئىچ ۋە تاش قېلىپى بولىدۇ . مەسىلەن ، قازان قۇيغاندا ، قۇيماقچى بولغان قازان ئۆلچىمىدە گۈمبەز ياساپ ئىچ قېلىپىنى پۈتتۈرىدۇ ، ئاندىن تاش قېلىپ ياسايدۇ ، تاش قېلىپىنىڭ چوققىسى داچەندەك تۆشۈك بولىدۇ ، ئېرىتىلگەن چويۈن ئاشۇ تۆشۈكتىن قۇيۇلىدۇ . چويۈن قۇيۇلۇپ مىنۇت ئۆتمەي قاتىدۇ ، بۇ چاغدا ، قۇيۇش ئاغزىدا پەيدا بولغان ئەمچەكنى ئۈزۈپ چوشۇرۇۋېتىپ قىزىق ۋاقتىدا سىلىغايتىدۇ . قازان قۇلىقى ، داڭقان پۇتى بار جايلارغا قېلىپ ياسىغاندا پۇت ، قۇلاق ئورنى قۇيۇپ قويىدۇ .

قۇيمىچىلىق كەسپىدە بۇزۇلغان چويۈن ماتېرىيالى قايتا ئېرىتىلىپ قۇيۇلىدۇ .

ئۇيغۇر قۇيمىچىلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ، ساپ چويۈن بولۇشى بىلەن قازان قۇسمايدۇ ، ئاشقا ئىس كەتمەيدۇ ، تاماق تەملىك بولىدۇ . دېھقانچىلىق ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنىڭمۇ سۈپىتى ياخشى ، ئۆزى چىدامىلىق بولىدۇ . بۇ خىل يەرلىك ئۇسۇلدىكى ئەنئەنىۋى قۇيمىچىلىق ھۈنەر ـ كەسىپ تاكى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە . ( ش )

## سەرراچلىق

ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ئىچىدە سەرراچلىق كەسىپى ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. سەرراچلار ئېگەر ـ جابدۇق، ھارۋا جابدۇقى، ئات، تۆگە، قېچىر، ئېشەكلەرنىڭ توقام ـ مۆلۈسى ۋە بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق جابدۇقلارنى ياسايدۇ.

سەرراچىلىقنىڭ مەھسۇلات تۈرى كۆپ ۋە خىلمۇخىل بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر سەرراچلىرى ئۇيغۇرچە قۇش باشلىق قەدىمكى ئېگەر، موڭغۇلچە ئېگەر، قازاقچە، قىرغىزچە ئېگەر، روسچە ئېگەر، ھەربىيچە ئېگەر، خەنزۇچە ئېگەر قاتارلىق ئېگەرلەرنى ۋە تۆت ئاتلىق ھارۋا جابدۇقى، قوش ئاتلىق ھارۋا جابدۇق، ياربيار، خادىك، كالا ھارۋىسى، ئېشەك ھارۋىسى جابدۇقلىرىنى ياسايدۇ. ئۇيغۇر سەرراچلىرى ھۈنەرگە كامىل، قولى چېبەر بولىدۇ. ئۇلار، ئۇيغۇر قۇش باشلىق ئېگەرنى ياساشتا، ئېگەرنىڭ قاپىقى (ئىككى يېنى)، سوۋ (ئارقىسى)، ئۈستى كىرەشمىسى (ئىككى قاپىقىنى چېتىپ تۇرىدىغان) ۋە قۇشنىڭ بېشنى ئايرىم ياسايدۇ. بۇلارنى ياسىغاندا قۇش بېشنى ئورۇپ ـ يانجىپ قاپيا ـ سوۋغا يارا يېلىم سۈركەپ، ئۈستىگە يانچىلغان پەينى چاپلاپ ئۈستىدىن يەنە يارا يېلىم بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قاپيا ۋە سوۋنىڭ چىداملىقلىقى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. قۇش بېشى بىلەن كىرەشمىمۇ شۇ خىلدا چىڭىتىلىپ، بېرىلگەن يېلىم ئۈستىگە قاتمۇ قات ماتا ئوراپ ھەر قاتقا يارا يېلىم بېرىلىدۇ. ئورالغان ماتا بىلەن ئېگەر تەكشىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىنى گۈللۈك رەخت ياكى گىلەم بىلەن زىننەتلەيدۇ. بەزى ئېگەرلەرگە تۇچ، كۈمۈش، مىستىن نەقىش قويىدۇ.

ئۇيغۇر سەرراچلىرىنىڭ نوختا تۇگۈش، يۈگەن ياساش، يۈگەن نەقىشلەش، قامچا ئۆرۈش، رەڭدار پۆپۈك ياساش، قامۇت، جونبۇ ـ جاۋەن قاتارلىقلارنى ياساش ماھارىتىمۇ ئۈستۈن. بۇ خىل جابدۇقلار ھازىرقى زامان ئۈچۈن ئەنئەنىۋى زىننەت بۇيۇملىرى قاتارىدا ئەتىۋارلىنىدۇ. (ش)

## كۆلالچىلىق

كۆلالچىلىق ـــ ئۇيغۇرلاردا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ كەسىپلەرنىڭ بىرى.

ئۇيغۇر كۆلالچىلىقىدا مۇنداق تۆت ئالاھىدىلىك بار:

1) ئۇسلۇبى قەدىمىي ۋە ئاددىي ـ ساددا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر ئۇستىلار ياسىغان ساپال بۇيۇملارغا سىزىلغان رەسىملەردە قەدىمكى خەلق سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭغا نەقىش قىلىنغان بىر ـ ئىككى تال ئوت ـ چۆپلەر ۋە گۈللەر نەپىس ۋە روشەن كۆرۈنۈشى بىلەن دىققەتنى جەلپ قىلىدۇ. يەنە بەزى ئېيدىشلارنىڭ يېگىرمە سانتىمېتر يېرىگە تۇپارەڭ بېرىلسە، ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپىگە بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ھەر خىل رەڭدىكى بىر قانچە سىزىق سىزىپ قويىدۇ. ئۇنىڭدىن قەدىمىي تۇس چىقىپ تۇرىدۇ.

2) ئۇيغۇر رەڭلىك ساپال بۇيۇملىرىنىڭ رەڭگى خىلمۇ خىل بولىدۇ. مەسىلەن، جىگەر رەڭ، سېرىق رەڭ، توپا رەڭ، يېشىل رەڭ ۋە توق يېشىل رەڭلەردىن ئىبارەت. بۇ خىل رەڭلەر پەقەتلا قوغۇشۇن، مىس، قىزىل توپا، ئاق تاش ۋە قارا تۆمۈر ئۇۋۇندىسى قاتارلىق مىنېرال ماددىلاردىن يەرلىك ئۇسۇل بىلەن ئىشلىنىدۇ. كۆلالچىلار مىستىن سۇس يېشىل، توق يېشىل رەڭ ئىشلەيدۇ. ئۇلارنىڭ رەڭ ئىشلەش چېۋەرلىكى شۇ يەردىكى ئارىلاشتۇرۇلغان ماتېرىياللارنىڭ نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. ئۇستىلار رەڭ بېرىپ بولغان سايمانلارنى خۇمدانغا سېلىپ ئۈچ ـ تۆت سائەت تۇرغۇزىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇيۇملارنىڭ جۇلاسى كىشىنى جەلپ قىلىدۇ.

3) ئۇيغۇر كۆلالچىلار بارلىق ساپال بۇيۇملارنى قول بىلەن ئىشلەيدۇ. شۇنداقتىمۇ شەكلى تۈز، ياسىلىشى چىرايلىق، چوڭ ـ كىچىكلىك ئۆلچىمى ئوخشاش، دىئامېتىرى پەرقسىز بولىدۇ.

4) ئۇيغۇر ساپال بۇيۇملىرى ئىستېتىكىلىك قىممەتكە ئىگە بولۇش بىلەن ھۈنەر ـ سەنئەتتە كەم ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇر كۇلالچىلىقىنىڭ خۇرۇچى لايدىن ئىبارەت بولۇپ، ھەر خىل نەپىس بۇيۇملار لايدىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن، ئاپتۇۋا، چىلاپچا قاتارلىقلار بىر قانچىگە بۆلۈنۈپ ياسىلىدۇ. ئاپتۇۋىنىڭ چەپچىكى، قورساق، بويۇن، بوغۇز، ئېغىز، قاپقاق دېگەندەكلەر بىر - بىرلەپ ئىشلىنىپ ئاندىن بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈلىدۇ.

كۇلالچىلار لايدىن رەڭلىك تەخسە، چىنە، تاۋاق، پىيالە، كوزا، ئاپقۇرا، ئاپتۇۋا، چىلاپچا، ئۇرىق، ھەر خىل قورچاق، تەشتەك قاتارلىق كۆپ خىللىق بۇيۇملارنى ياسايدۇ. ياسالغان ھەر قانداق بۇيۇم روشەن مىللىي تۈس ئالىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە روناق تېپىۋاتقان ئۇيغۇر كۇلالچىلىق بۇيۇملىرى دېڭىز - ئوكيانلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ جاھان ئەھلىنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولۇۋاتىدۇ. ( ش )

## زەرگەرلىك

ئۇيغۇرلاردا ئالتۇن - كۈمۈشتىن تاج - قاداق تاقاش، بىلەزۈك، ئۈزۈك - زىرە، سىرغا سېلىش، چاچ ئاسقۇ - چېتىق ئېسىش ئەنئەنىۋى ئادەت. بۇنداق ئىنچىكە، نەپىس زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساشنى كەسىپ قىلغۇچىلار « زەرگەر» دېيىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا زەرگەرلىك ھۈنەر - كەسپى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. بولۇپمۇ قەشقەر، خوتەندە زەرگەرلىك كەسپى بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئىش تۈرىنىڭ كۆپلۈكى، ھۈنىرىنىڭ نەپىس ۋە كۆركەملىكى بىلەن مەشھۇر.

زەرگەرلىك سايمانلىرى ئوچاق، كۆيەك، ئارچا كۆمۈرى، دەمەران ( ئوت پۈۋدەش نەيچىسى )، بوتا (ئالتۇن ئېرىتىش قاچىسى )، جۈپتەك، كىلىك ( سىم تارتىدىغان ئەسۋاب )، بولقا، سەندەل، مانكال ( يۇملاق زىننەت بۇيۇم قېلىپى )، ئامبۇر، دانىكا، شورا، زەمچى، ئاق قۇم، چوتكا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر زەرگەرلىرى ئىشلەيدىغان زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، شاھ تاجى، خان تاجى (خېنىملار )، گۈل نۇسخا. تاج، بۆرە، يولۋاس، بۇغا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ( باتۇرلار تاقايدىغان ) ئويما تاج، تۈپە قاداق، يان قاداق، رەسىم قاداق، سوقا قاداق، ئانارگۈلى قاداق، ھوشۇقچە قاداق، يۇلتۇز قاداق ( بەش شوئار دەپمۇ ئاتىلىدۇ )، بودىلىك زىرە، كۇچارچە زىرە، مىخۋالىق زىرە، مانتا زىرە، سائەت نۇسخا زىرە ۋە ھەر خىل سىرغىلار، ئون تۆت تاشلىق قوڭغۇراق ھالقا، نوغايچە ھالقا، ئاي ھالقا، چېچەك ھالقا، تولغۇما بىلەزۈك، گاڭ بىلەزۈك، گۈللۈك بىلەيزۈك، قۇيما ئۈزۈك، ئارچا بېغى ئۈزۈك، گۈلسىز ئۈزۈك ، گۈللۈك ئۈزۈك، چاچ ئاسقۇ - چېتىق، ئالتۇن زەنجىر، مېدالىئون قاتارلىق يۈز خىلدىن ئاشىدۇ.

ئىشلەش ئۇسۇلى: ئالتۇن ئېرىتىش قازىنى (بوتا ) غا ئالتۇننى سېلىپ ئارچا كۆمۈرى سېلىنغان ئوچاققا قويۇپ كۆيەك بىلەن ئوت تۇتاشتۇرىدۇ. ئوت چوغ بولغاندا كۆيەكنى توختىتىپ، دەمەدان بىلەن پۈۋدەپ ئالتۇننى ئېرىتىدۇ. قەلەيدىن ياسالغان نوكەشنى مايلاپ قويۇپ نۆكچە قىلىپ سوقۇپ، ئۇزارتىدۇ. تاج - قاداققا ئېرىتىلگەن ئالتۇننى ياپىلاقلاپ، قېلىپقا بېسىپ ئىشلەيدۇ. بىلەزۈكنى نۇسخىغا قاراپ تولغاپ ياكى گۈللۈك قىلىپ ئىشلەيدۇ.

زىرە — كىلىك بىلەن تارتىپ سوزۇپ سىم قىلىپ، زىرە ھالقىسى ( ئوقى ) ۋە ئىچكى ئەگمىلەرنى ئېگىپ، ئەنجۈر شەكلىدە گۈل ياساپ ئوتتۇرىسىغا تېرىقتەك كېسىلگەن ئالتۇننى قويۇپ كەپشەرلەپ تۇتتۇرىدۇ. قۇيما ئۈزۈك ئۈزۈك قېلىپىغا قۇيۇلىدۇ. گۈللۈك ئۈزۈك ئارچا بېغى، گۈلسىز ئۈزۈك قېلىپىغا سېلىنىپ ئىككى بېشىنى دانىكا بىلەن تۇتتۇرۇپ كۆز قويىدۇ. چاچ ئاسقۇلار قېلىپقا سېلىنىپ ياسىلىدۇ. ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى شورا، زەمچە بىلەن چوتكىلاپ، پەرداز قىلىپ سىلىغايتىدۇ. ئاندىن قۇم سۈرۈپ جۇلالىتىدۇ. زەرگەرلەرمۇ شۇ ئۇسۇل بىلەن ئالتۇننىلا ئەمەس، كۈمۈش، مىس، سېرىق تۇچ ماتېرىيال قىلىنغان زىننەت بۇيۇملىرىنىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش ياسايدۇ. ياسىغان زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ بەزىلىرىگە ياقۇت، گۆھەر ۋە ھەر خىل رەڭدىكى ئېسىل تاشلاردىن كۆز قويىدۇ. (ش)

## ساندۇقچىلىق

ئۇيغۇر ھۈنەر ـ كەسىپلىرى ئىچىدە ساندۇقچىلىق تارىخى ئۇزۇن، تۈرى كۆپ، سەنئىتى كۆركەم، بازىرى ئىتتىك كەسىپ.

ئۇيغۇر ساندۇقى خىلمۇ خىل بولىدۇ. خاپان ساندۇق، كات ساندۇق، ھەر خىل سىرلانغان، سىرلىنىپ خىلمۇ خىل گۈل نۇسخىلار چۈشۈرۈلگەن ساندۇقلار ۋە تۇنىكە مىخلاپ بېزەلگەن پالاس ساندۇق (بۇ خىل ساندۇق ئورۇس ساندۇق، ئەشتەرخان ساندۇق دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قاتارلىقلار. بۇ خىل ساندۇقلار ھەرقايسى ئائىلىلەردىن ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن ئالىدۇ.

ئۇيغۇر ساندۇقلىرىنىڭ بېزەكلىرى ۋە ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبى ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. ساندۇق مەخسۇس ساندۇقچىلار تەرىپىدىن ياسىلىدۇ. كاسىپلار ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلى، يالغۇزلا ساندۇق ياسايدۇ، يەنە بىر خىلى، ھەم ياسايدۇ، ھەم سىرلاپ گۈل نەقىش قىلىدۇ، ساندۇققا تۇنىكە مىخلايدۇ.

ساندۇقنىڭ ماتېرىيالى تېرەك ۋە قارىغاي ياغىچى، يارا يېلىم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. سايمانلىرى: چوڭ ـ كىچىك چوت (كەكە)، ھەرە، ئىسكىنە، رەندە، سىزىق تارتىش تانىسى، مېتىر ۋە ئۈچ بۇلۇڭلۇق سانتىمېتىردىن ئىبارەت.

ياساش ئۇسۇلى: ياغاچنى تىلىپ تاختاي قىلىدۇ. ساندۇق ئۆلچىمى بويىچە كېسىپ تاختاينىڭ بىر تەرىپى سىلىقلىنىدۇ. ئاندىن ئىككى بېشىغا ئەركەك ـ چىشى ئويۇق ئاچىدۇ ۋە ھەر بىر تەرەپنىڭ تاختايلىرىنى يارا يېلىم بىلەن چاپلاپ پۈتۈنلەشتۈرۈپ، ئەركەك ـ چىشى ئويۇقلىرىنى كىرىشتۈرۈپ يارا يېلىم بىلەن تۇتتۇرۇپ ساندۇق رامكىسىنى قۇراشتۇرىدۇ. ئاندىن ئاستىنى ياغاچ مىخ بىلەن مىخلاپ چەپچەك قويۇپ، ئاغزىنى گىرەچە بىلەن تۇتتۇرۇپ ئېچىلىپ ـ يېپىلىدىغان قىلىدۇ ۋە ئىككى يانغا تۇتقا، ئالدىغا قاغىتۇمشۇق بېكىتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سىرلاش، سىر ئۈستىدىن نەقىشلەش ياكى تۇنىكە مىخلاش ئىشىنى ئېلىپ بارىدۇ.

ئۇيغۇر ساندۇقلىرى ئىچىدە تۇنىكە مىخلانغان ساندۇق ئالاھىدە ۋە كۆركەم بولىدۇ. ساندۇققا مىس تۇنكە، ئاق، سېرىق، يېشىل دېگەندەك خىلمۇ خىل دەڭدىكى تۇنىكە قايچا بىلەن ئۆلچەملىك كېسىلىپ مىخلىنىدۇ.

مىخلاش ئۇسۇلى: تۇنىكە ئۈچ مىللىمېتىرلىق قىلىپ تاسما تىلىنىدۇ. ئۇنى تۈزلەپ، بېلىق سىرتى قىلىپ، ساندۇققا چۈشۈرمەك بولغان نۇسخىلارغا كىرىشتۈرۈپ، تۇنىكىنى كاتەك مەنچىر، كاتەك. تولۇلما، كەكلىك قېشى، جۈپ كاتەك، يالاڭ كاتەك قىلىپ مىخلايدۇ. ئۇلارنىڭ چېۋەر قولىدىن خىلمۇ خىل كۆرۈنۈشلەر ھاسىل بولۇپ، ساندۇق يۈزىگە تاغ ـ دەريالار، قۇياش، ئاي ـ يۇلتۇز شەكىللىرى، گۈل ـ گىياھ، مېۋە ـ چېۋە، ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلار شەكلى چۈشۈرۈلىدۇ.

بۇنىڭدىن يۈز يىللار ئىلگىرىكى ئاتاقلىق ئۇستىلار ساندۇققا چەككەن ھەر بىر نۇسخىلار، ئاق، قىزىل، يېشىل ياقۇت، ئوغىلاردىن كۆز قويۇپ، نەقىشلەرگە جان كىرگۈزگەن. بۇ خىل بېزەلگەن ساندۇقلار ناھايىتى جۇلالىق بولۇپ كۆزنى قاماشتۇرىدۇ.

ساندۇق مىخلىغۇچى ئۇستىلار سەندەل، ياغاچ بولقا، تۇنىكە كېسىدىغان تۈز قايچا، جادۇ قايچا، سۇنبە، مىخ، ياپىلاق تۇمشۇقلۇق بولقىلارنى سايمان قىلىدۇ.

ساندۇقنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە شەكلى بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. ئۇيغۇرلار ئاشلىق ساقلاش ۋە نان قويۇش ئۈچۈنمۇ ساندۇق (كات) ئىشلىتىدۇ. ئاشلىق كاتلىرى ناھايىتى چوڭ ۋە كۆركەم ياسىلىپ، ئالدىغا قاپارتما شەكلىدە تىلىنغان ياغاچ بىلەن ھەر خىل كۆنگۈرىلىك نەقىشلەر چاپلىنىدۇ. بەزى چوڭ كاتلارغا بىرەر تونىنا ئاشلىق سىغىدۇ. كاتتا ساقلانغان ئاشلىق ئاسان بۇزۇلمايدۇ. (ش)

## تۆمۈرچىلىك

ئۇيغۇر خەلقىدىكى تۆمۈرچىلىكنىڭ تۈرى كۆپ، تارىخى ئۇزۇن.

ئۇيغۇرلار تۆمۈرچىلىكنى ئاق ئىش، قارا ئىش

دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ . پىچاقچىلىق ، ئۇستىرا ، قىلىچ ، قايچا ، قىگراق ، رەندە تىغى ، ھەرە تىغى ، ئىسكىنە ، ئۇشكە ، كەكە ، پالتا ، ئىكەك ، دەرمش ، قۇلۇپ ، قاغىتۇمشۇق ، ئىشىك زەنجىرى ، ئوۋ مىلتىقى ، تۆنىكسازلىق ، مىسكەرلىك ، زەرگەرلىك ئەسۋابلىرى قاتارلىق بىر يۈز ئون ئۈچ خىلدىن ئارتۇق ھۈنەر تۆمۈرچىلىكتىكى ئاق ئىش تۈرىگە كىرىدۇ .

كەتمەن ، كۆرەك ، ئوغاق ، بولقا ، بازغان ، لوم ، ئات تاقىسى ، نال ، مىخ ، قاماق ( ماخاڭ ) ، كويزا ـ كەشەن ، قاپقان ، چوڭ دەرۋازا زەنجىرى ، ھالقا ، ھارۋا ـ مەپە ، ئات ئىگەر ـ جابدۇق ، ھارۋا جابدۇق ، تۆگمەن ، جوۋاز ، سوقما ، توسما ، قۇرۇلۇش سايمانلىرى قاتارلىق بىر يۈز ئاتمىش خىلدىن ئارتۇق ھۈنەر قارا ئىش تۈرىگە كىرىدۇ . يەنە ئۇيغۇرلاردا مەزكۇر ئىشلارنىڭ كەسىپ ئايرىمىسى بولىدۇ . پىچاقچىلىق ، كەتمەنچىلىك ، قۇلۇپسازلىق ، تۆنىكسازلىق ، مىسكەرلىك ، تاقىچىلىق قاتارلىقلار ئۆز ئالدىغا ئايرىم ھۈنەر ـ كەسىپ بولۇپ ، ئۇلار يەنە ئۆز سەنئىتىنى جارى قىلدۇرۇش يولىدا باشقا كەسىپلەرنى قوشۇمچە ئىشلەيدۇ .

يۇقىرىقى كەسىپلەرنىڭ ئايرىمىسى بولسىمۇ ، ئىشلىتىش سايمانلىرى ئوخشاش بولىدۇ . مەسىلەن ، ئوچاق ، كۆمۈر ، كۆيەك ، بولقا ، بازغان ، سەندەل ، قايچا ، قىسقۇچ ، ئىكەك ، داغمال ، تۆمۈر ئۇشكە ، كەپشەر ، دانىكا ، سەركول قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

ئۇيغۇرلار تۆمۈر بىلەن ئىشلىنىدىغان ھەرقايسى ھۈنەرلەرگە ماھىر بولۇپلا قالماستىن ، تۆمۈرنى تۆمۈرگە ، پولاتنى تۆمۈرگە قوشۇپ كەپشەرلەشكە ماھىر ، ئۇلار تىغ تىپىدىكى پىچاق ، قىلىچ ، قىگراق ، كەتمەن ، ئورغاق قاتارلىقلارنىڭ دەستىسىنى تۆمۈردىن ، تىغىنى پولاتتىن ياسايدۇ . يەنى كېسىلىدىغان تىغ تەرىپىگە پولاتتىن گاڭ باغلايدۇ . ئۇيغۇر ئۇستىلار ئىشلەتكەن دانىكا بىلەن كەپشەرلەش ئۆزىگە خاس يېڭى مىللىي كەشپىيات .

ئۇيغۇر تۆمۈرچىلىرى ھەرقانداق ئەسۋاب ياسىغاندا كۆز چىنى ـــ مۆلچەر بىلەن ياسايدۇ ، قېلىپ ، ئەندىزە ئىشلەتمەيدۇ .

ئۇيغۇر ئۇستىلار تۆمۈرچىلىكتىن ئىبارەت بۇ كەسىپكە ئەزەلدىن توغراق ، قارىغاي كۆمۈرلىرى ئىشلىتىدۇ (ھازىر كوكس ئىشلىتىش رەسمىيلەشتى). (ش)

## رىسالىچىلىك

ئۇيغۇرلاردا رىسالىچىلىك بىرقەدەر بۇرۇن تەرەققىي قىلغان بولۇپ ، ئۇلار يېزىق پەيدا بولغاندىن باشلاپ ئۆزلىرى ئىختىرا قىلغان ھۈنەر ـ كەسىپ تارىخىنى ، ئۇنىڭدىكى قائىدە ـ يوسۇن ، نىزاملارنى ، ئىشلەش ئۇسۇلى ۋە ئىشلىتىدىغان ئەسۋاب قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرىدىغان ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان .

ساقلىنىۋاتقان ئۈچ يۈز نەچچە خىل ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىسىدە ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى قەدىمكى زامانلاردا ئەۋج ئالغان ھۈنەر ـ كەسىپ تۈرلىرى ، ئۇنىڭغا ئىشلىتىدىغان ئەسۋابلار ، ئىشلەش تەرتىپلىرى ، ھەرقايسى كەسىپنىڭ ئىختىراچىلىرى رىۋايەت شەكلىدە بايان قىلىنغان . بۇ خىل رىسالىلەر ئۇيغۇر ھۈنەر ـ سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە . رىسالە ـــ خەلق ئارىسىدىكى ئاممىۋى تەزكىرە ئەدەبىياتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى . شۇڭلاشقا ھەرقايسى ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرىنىڭ مەزمۇنى بەزى ئەپسانىۋى ، دىنىي قاراشلاردىن خالىي ئەمەس . شۇنداق بولسىمۇ ، رىسالىچىلىك خەلقىمىزنىڭ بىر خىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئادىتىنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر ـ سەنئەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە . ( ش )

## دوغاپ ۋە جۇلاپ

ئۇيغۇرلار ياز ۋە تومۇز كۈنلىرى ( بەزىلەر قىش ، ياز ) سوغۇق ئىچىملىك ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ . بۇ خىل ئىچىملىكلەرنىڭ تۈرى كۆپ ، تەييارلىنىشى خىلمۇ خىل بولىدۇ .

ئۇيغۇرلار ناشتىدا يېڭى سىقىلغان ساپ ئانار شەربىتى ئىچىش ، ئادەتتە گۈلە ، چىلان ، كۆك ئۈزۈم ، چىلانقات ياكى قارىئۆرۈك ، ئۈزۈم چىلانغان سۇ ، ساپ مۇز سۈيى ، قېتىق ۋە سۈزمە قوشۇلغان قۇدۇق ۋە بۇلاق

سۈيى ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ .
ئۇيغۇر خەلقىدە ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ
كەلگەن بۇ ئادەت تەرەققىي قىلىپ كەسىپكە ئايلانغان .
جۇملىدىن ئەتىيازدىن ئاخىرقى كۈزگىچە شەھەر ، يېزا ـ
بازارلىرى ، ھەرقايسى دوقمۇشلاردا دوغاپ ، جۇلاپ ۋە
چۈلە قاتارلىق سوغۇق ئىچىملىك ساتقۇچىلارنى
كۆرىسىز .

سوغۇق ئىچىملىك تەييارلاش ئۇسۇلى :

جايلاردا مۇزچىلار ۋە مۇزخانىلار بولىدۇ . مۇز-
چىلار ھەر يىلى 1 ـ ئايدا دەريا ـ كۆللەرنىڭ قېلىن
مۇزلىغان پاكىز مۇزلىرىنى تۆت چاسا قىلىپ چاناپ ئې-
لىپ گەمە ، مۇزخانىلاردا شامال ئۆتۈشمەيدىغان قىلىپ
ساقلايدۇ .

ھەر يىلى 4 ـ ، 5 ـ ئايلاردا شەھەر ، يېزا ، كوچا
دوقمۇشلىرىدا كۆپكۆك ( نىل رەڭ ) سايىۋەن تارتىلىپ ،
شىرە ـ ئورۇندۇقلار قويۇلۇپ ئەتراپى پاكىز سۈپۈرۈ-
لۈپ ، سۇ سېپىلىدۇ . دوغاپ ، جۇلاپ ،
ماروژنىساتقۇچىلار ، مۇز ، قېتىق ، سۈت ، سۈزمە ، قى-
يام ، شېكەر سېتىۋالىدۇ ۋە شىرە ئۈستىگە ئون ـ يىگىرمە
لېگەن شېشىلەردە قىيامنى تىزىپ ، بىر يانغا قېتىق ، ئوت-
تۇرىغا مۇز ، يەنە بىر يانغا سۇ تۇڭنى توختىتىپ
تىجارەت باشلايدۇ . ئۇلارنىڭ مۇز چوقۇش ، مۇزغا قې-
تىق ، سۈزمىلەرنى قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇشى ئۆزگىچە
بولۇپ ، قېتىق بىلەن مۇز تاۋاقتىن ئون ـ ئون بەش
سانتىمېتىر ئۆرلەپ كۆپۈك چىقىرىدۇ . ئاندىن ئازراق
سوغۇق سۇ قۇيىدۇ . خالىغۇچىلارغا قىيام ئارىلاشتۇرۇپ
بېرىدۇ . بۇ خىل دوغاپ ئۆزگىچە تەمگە ئىگە بولۇپ ،
ئىچىشلىك بولىدۇ ، جۇلاپنى چوقۇلغان مۇز ئۈستىگە قى-
يام قۇيۇپ ئازراق سۇ قۇيۇپ تەڭشەپ بېرىدۇ . دوغاپنىڭ
يەنە بىر خىلى بولۇپ ، « ساراڭ دوغ » دەپ ئاتىلىدۇ .
ئۇ قېتىق (سۈزمە ) قا بىر ـ ئىككى قوشۇق قىيام
قۇيۇپ ، مۇز بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ . تەمى
چۇچۇمەل بولۇپ ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ .

چۈلە : چۈلە ساتقۇچىلار ھەر يىلى كۈزدە خۇ-
ۋەينە ئۆرۈكنى (بۇ خىل ) ئۆرۈك يوغان ، گۆشلۈك ۋە
تاتلىق ، شىرنىلىك بولىدۇ ) تاللىۋالىدۇ . ئەتىياز كىرىش
بىلەن گۈلىنى سوغۇق سۇدا يۇيۇپ تازىلاپ ، قايناق سۇغا
چىلاپ ئىككى ـ ئۈچ سائەت قويۇپ قويىدۇ . گۈلە ئې-
لىپ توقىچاق شاپتۇلدەك بولىدۇ . ئۇنىڭغا شاپتۇل قېقى ،
چىلاندىن ئازراق سېلىۋېتىدۇ . بۇنىڭدا تەمى تېخىمۇ
ياخشى بولۇش بىلەن تەبىئىتى مۆتىدىللىشىدۇ . ئۇيغۇرلار
بۇنىڭدىن ئۇسسۇغاندا بىر قانچە تال گۈلە بىلەن بىر
تاۋاق سۈيىنى ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ . يەنە
ئۇيغۇرلار سۈتنى شېكەر بىلەن قاينىتىپ مۇز سۈيىگە
چىلاپ قويۇپ سوۋۇتۇپ ئىچىدۇ . بەزىلەر مۇز سۈيىنى
ئىچىدۇ . بازار كوينىلىرىدە چېلەككە مۇز سۈيى ئېلىپ
قېتىق ئارىلاشتۇرۇپ كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ، كورۇشكىدا
كەملەپ ساتىدىغانلارمۇ بار .

ئۇيغۇرلار ماروژنىنى ھەر خىل ئېتىدۇ ، ئۇلارنىڭ
مىللىي ئۇستىلار ياسىغان ماروژنى ياساش سايمىنى بار .
مىستىن ياسالغان تۇڭ ئىچىگە شېكەر بىلەن پىشۇرۇلغان
سۈتنى قۇيىدۇ . تۇڭنىڭ سىرتقى تەرىپىگە تۇز ئارىلاش-
تۇرغان مۇز قاچىلاپ ، تۇڭنىڭ ئايلاندۇرغۇچ رولىنى ئوڭ
قول بىلەن ئايلاندۇرىدۇ . سول قولدىكى پالاق سۈت
ئىچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ ، تۇڭ ئايلىنىپ سىرتتىكى مۇز-
نىڭ سوغۇق تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ قىراۋ باغلايدۇ .
ئۇيغۇرلار يەنە قايماق سالغان ، تۇخۇم ئېقى ، مەخسۇس
تۇخۇم سېرىقى سالغان ، ئاق ماي ، سېرىق ماي
ئارىلاشتۇرغان ماروژنىلارنى ياسايدۇ . ( ش )

## قەندالەتچىلىك

ئۇيغۇرلاردا قەندالەتچىلىكنىڭ تۈرى كۆپ ، تا-
رىخى ئۇزۇن بولۇپ ، ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىككە
ئىگە .

ئۇيغۇرلار شېكەردىن ئاق ، نوقۇت رەڭ ، سېرىق
ناۋات ، ئون نەچچە خىل مەنپەسى ، كۆپ خىللىق
كەمپۈت ، پاتاسا ، پەشمەت ، ئەدىرەك ، پىچەك ، قىيام قا-
تارلىق تاتلىق مەھسۇلاتلارنى ھەمدە شېكەر قىيامغا مېۋە-
چېۋە ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ، ياڭاق ،
ئەنجۈر مۇراببасى ، ئۆرۈك مۇرابباسى ، ھەر خىل گىلاس
مۇراببالىرى ، قارىئۆرۈك ( ئەينۇلا ) مۇرابباسى ، ئالما
مۇراببасى ، سەۋزە مۇرابباسى ، بېھى مۇرابباسى ، ئامۇت

مۇراب‌باسى، قوغۇن مۇراب‌باسى، پىننە مۇراب‌باسى، گۈلقەنت قاتارلىق يەتمىش ــــ سەكسەن خىل تاتلىق ۋە شىپالىق يېمەكلىكلەر ياسايدۇ.

قەندالەتچىلىكنىڭ سايمانلىرى ئاددىي بولۇپ، قازان، يېپ، چېلەك، چۆمۈچ، مەنپەسى قېلىپى، كەپكۇر، بىر قانچە تال چوكا تاياق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك ناۋات ئېتىش ئۇسۇلى مۇنداق: ئادەتتە بىر يۈز يىگىرمە جىڭ شېكەرگە ئىككى چېلەك سۇ قۇيۇپ، ئىتتىك ئوتتا قاينىتىپ، شېكەر قىيام بولغاندا ئوتنى پەسەيتىپ، تۇخۇمدىن تۆتنى چېقىپ، ئاق ــ سېرىقىنى ئايرىلاشتۇرۇپ، قىيامغا تۆكۈپ قاينىتىدۇ. تۇخۇم شېكەردىكى كىر، غەلدە ــ غەشتىلەرنى ئۆزىگە تارتىپ كۆپۈك بولۇپ لەيلەيدۇ. ئاندىن كەپكۇر بىلەن ئۇنى سۈزۈۋېتىپ، قىيامنى ئىتتىك ئوتتا قاينىتىدۇ. قىيام قۇيۇلۇپ تىرناقتا مارجاندەك توختىغاندا، ئېغىزغا سېلىپ باقىدۇ، ئېرىشى ئاستا بولغاندا، يىپ تارتىپ تەييارلىغان قازانغا تۆكۈپ ئۈچ كېچە ــ كۈندۈز قويغاندا پىشقان قىيام يىپقا نۆكچە باغلاپ ئاق ناۋات بولىدۇ، خام قىيام قازان تېگىدە قالىدۇ. خام قىيامغا شېكەر قوشۇپ يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن يەنە قاينىتىپ ئىشلىگەندە، نوقۇت رەڭ ناۋات، ئۇنىڭدىن قالغىنىنى ئىشلىگەندە سېرىق ناۋات، ئۇنىڭدىن قالغانىنى ئىشلىگەندە مەنپەسى بولىدۇ. مەنپەسى قىيامغا بىرئاز لىمون سېلىنىدۇ. قىيامى ئۇششالغۇدەك قاتتىق ھالەتتە بولىدۇ. ئۇنى مايلانغان داسقا سېلىپ قېلىپتىن ئۆتكۈزۈپ ياسايدۇ. مەنپەسى قىيامدىن قالغان خام قىيامنى قاينىتىپ، ئۇنى مايلانغان داسقا تۆكۈپ قوچۇغاندا قىيام قويۇلىدۇ. ئۇنى لېگەننى مايلاپ تۆككەندە، قېتىپ ئەدىرەك بولىدۇ. قىياملارنىڭ رەڭگى كۆپ قاينىغانلىقتىن ئۆزگىرىدۇ.

پاتاسا ــــ ناۋاتتىن ئاشقان خام قىيامغا شېكەر سېلىپ يۇقىرىقى ئۇسۇلدا قاينىتىپ قىيام چىڭراق يۇغۇرۇلغان بۇغداي خېمىرىدەك بولغاندا قىيامنى سوۋۇتۇپ سۈزۈپ قوزۇقتا ئاسىدۇ. قىيام سوزۇلۇپ ھاۋانى ئۆزىگە سۈمۈرۈپ ئاقىرىپ كۆپىدۇ. سوزۇلغان قىيامنى قايچىدا ئاق داستىخانغا ئۆلچەملىك كېسىدۇ، قىيام قېتىپ پاتاسا بولىدۇ.

پەشمەت ــــ بىر كىلوگرام ئېرىتىلگەن قوي مېيىغا بەش كىلو ئۇن سېلىپ تالغان قىلىپ كۆيدۈرمەي، قورۇيدۇ. چىلەك ـ بوشلۇقى ئەدىرەك قىيامدەك بولغاندا مۇۋاپىق لىمون سېلىپ، سوۋۇغان قىيامنى قوزۇقتا ئېسىپ سوزۇپ كۆپتۈرۈپ، ئىنچىكە سوزۇلغان قىيامنى جوزىغا تەكشى قويۇلغان تالقانغا تەگكۈزۈپ تالقان يېگۈزىدۇ. ئاندىن ئۆلچەملىك كېسىپ تىزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەشمەت بولىدۇ.

نىشالا: تۇخۇم ئېقىنى مىس قازانغا تۆكۈپ باغلاق تاياق بىلەن بىرەر سائەت ئەتراپىدا ئۈزلۈكسىز ئىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن كۆپۈكلىنىپ نىشالا بولىدۇ. نىشالا كۆپۈكلىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغاچقا بەرىكەتلىك بولىدۇ. بۇ قەشقەر، خوتەن قاتارلىق رايونلاردا بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ شەھەر ئىچىدىكى توي ــ تۆكۈن، مۇراسىملاردا مېھمانغا نىشالا ئېتىش ئومۇملاشقان. (ش)

## «سەكسەنخالتا»

«سەكسەنخالتا» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر دورا، دەرمانچىلىقى، ئۇيغۇر خەلقىدە كەڭ ئومۇملاشقان كەسىپ بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇيغۇر مىللىي تىبابەتچىلىكى دورىخانىسىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى دورىپۇرۇشلار ھەر خىل دورا ـ دەرمان سېتىشقا بىرلەشتۈرۈپ، تومۇر تۇتۇپ ھەر خىل كېسەللەرگە دىئاگنوز قويىدۇ ۋە ئالدىن تەييارلاپ قويغان شىپالىق دورىلارنى بېرىدۇ. بەزى كېسەللەرگە تەييار دورا بولمىغاندا، ھەر خىل دورا ماتېرىياللىرىدىن نىسبىتى بويىچە تەڭشەپ ئۇنى تەييارلاش ۋە ئىستېمال قىلىش ئۇسۇللىرىنى تەپسىلىي ئۆگىتىپ قويىدۇ. مۇشۇنداق دورىپۇرۇشلۇق دۇكىنىدا سېتىلىدىغان دورا ـ دەرمانلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، ھەر بىر خىل دورا ئايرىم خالتىغا قاچىلىنىپ تىزىپ قويۇلىدىغان بولغاچقا، ئۇنى خەلق «سەكسەنخالتا» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن.

ئۇيغۇر دورا ـ دەرمانچىلىرىنىڭ خالتا نامى سەكسەن دېيىلگەن بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە بىر قانچە يۈز ياكى بىر قانچە مىڭغا يېتىدۇ.

ئەگەر ھەرقانداق دورا ـ دەرمانچىنىڭ ئالدىغا بارسىڭىز، ئۇنىڭ يايمىسىدىن ئاقمۇچ، قارىمۇچ، زىرە،

ئارپىبەدىيان ، پىننە ، پىلپىل ، قەلەمپۇر ، قوۋزاقدارچىن ، لاچىندانە ، گۈلدارچىن ، قاقىلە ، كۆك لاچىندانە ، قۇرۇتۇلغان يىلان ، يىلان قاسرىقى ، موزا ، كاۋاۋچىن ، سېرىق ھېلىلە ، قارا ھېلىلە ، پەرگە دارچىن ، خولىنجان ، ئاقچاچكار ، چامغۇر ، زەنجىۋىل ، سىرە ، سورۇنجان ، بوز يېغى ، جوىۋز ، ئىتئۈزۈمى ، غۇنچە ئۈزۈم ، سانا ، ئەپيۇن غوزىكى ، ئىسپەغول ــ قارا توغرىغا ، قىزىلقولتۇق پاقا ، كىلە ــ كەسلەنچۈك ، زەمچە ، نۆشۇدۇر ، ئادراسمان ئۇ-رۇقى ، رەۋەن ، گۇگگۇرت ، قارىغاي يېلىمى ، قارا ئەندىز ، ئەقىل قارا ، سەرستان ، سىماب ، سىر ، كەپە-رىس ، ئالماس ، ھۆل ــ قۇرۇق بۇغا مۈگگۈزى ، بۆكەن مۈگگۈزى ، ئىپار ، زەپەر ، مېھرىگىياھ ، زەيتۇن مېيى قا-تارلىق نەچچە يۈز خىل دورا چىقىشتىن تاشقىرى ، ھەر خىل سەي ئۇرۇقى ، ماش ، پۇرچاق ، خىلمۇ خىل شىپا-لىق يوپۇرماق ، پوتلا ، خىلمۇ خىل چېچەك قاتارلىق شىپالىق دورىلارنى كۆرىسىز . ئۇيغۇرلار پەسىل خاراك-تېرى ۋە مىجەزىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان چاي دورىسىنى تاللاپ ئىچىشكە ئادەتلەن-گەچكە ، دورىپۇرۇشلارنىڭ ئاساسلىق تىجارەت شەكلى چاي دورىسىنى تەييارلاشتىن ئىبارەت . ( ش )

## چالغۇ ئەسۋابلار

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن باشلاپ ناخشا ــ ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىغا ماھىر خەلق . ناخشا ــ ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ھاياتى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەت-كەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىرەر خىل مۇزىكا چېلىشنى بىلمەيدىغان كىشىلەر ئاز ئۇچرايدۇ . خەلق ئارىسىدا ھەتتا مۇزىكا چېلىشنى بىلمەيدىغان كىشىلەرمۇ ئۆيىنىڭ تۆرىگە بىرەر چالغۇ ئەسۋابىنى ئېسىپ قويۇش بىر خىل ئادەتكە ئايلانغان .

ئۇيغۇرلار باشقا قېرىنداش تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا بۇرۇنراق ئولتۇراق تۇرمۇش ھالىتىگە كۆچكەن . بۇنداق تۇرمۇش مۇھىتى ئۇلارنىڭ ئىبتىدائىي تۇيغۇسىغا ۋە سەنئەت پىسخىكىسىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ ، ئۇيغۇر مۇزىكا كۈيلىرىنىڭ كۆپ ئۇدارلىق ، مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق خاراكتېرىنى بەلگىلىگەن .

ئالايىلۇق ، ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى ــ « ئون ئىككى مۇقام » ئاھاڭ جەھەتتە بىر ــ بىرىدىن پەرقلىق بولغان ئۈچ يۈز يىگىرمە نەغمىدىن تەركىب تاپقان . شەكلى خىلمۇ خىل ، قويۇق مىللىي ۋە يەرلىك پۇراققا ئىگە بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا خەزىنىسى ئىچىدە قېلىپلاشقان ۋە يۇرۇشلەشكەن خەلق مۇقاملىرى . خەلق ناخشىلىرى ، نەزمىسىز خەلق ئاھاڭلىرى ، مەشرەپ ۋە سەنەم ئەلنەغمىلىرى ، دىنىي ئاھاڭلار قاتارلىق نەچچە مىڭلىغان خەلق مۇزىكا ئاھاڭلىرى بار . بۇ ھال ئۇيغۇر چالغۇلىرىمىزنىڭ كۆپ خىل بولۇشىنى تەلەپ قىلغان .

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى چالغۇلىرىدىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ۋە ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان-لىرى تەخمىنەن يىگىرمە بىر خىلدىن ئاشىدۇ .

ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى تۈزۈلۈش ۋە چېلىش خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن يەللىك چالغۇلار ، قىللىق چال-غۇلار ، چەكمە چالغۇلار ، سوقما چالغۇلاردىن ئىبارەت تۆت چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ . تۆۋەندە بىز بۇ چالغۇلار ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز .

## يەللىك چالغۇلار

يەللىك چالغۇلار : چالغۇنىڭ ئاۋاز كۈچى ، ئۇلارنىڭ يۇقىرى ــ تۆۋەنلىكى قاتارلىقلارنى خەرىكىمىز-دىن چىقىۋاتقان ھاۋا ئېقىمى ۋە ئېغىز شەكلى ئارقىلىق كونترول قىلىدىغان ، ئېغىز بىلەن پۈۋلەپ چېلىنىدىغان چالغۇ ئەسۋابلار تۈرىگە قىلغان .

**1 . نەي**

نەي ــ ئەڭ قەدىمكى چالغۇلارنىڭ بىرى . نەينىڭ ئۇزۇنلۇقى ھەرخىل بولۇپ ، سۆڭەكتىن ياسال-غانلىرى يىگىرمە سانتىمېتر ، قومۇشتىن ياسالغانلىرى قىرىق ــ ئەللىك سانتىمېتر كېلىدۇ . ئۇ يانتۇ تۇتۇپ پۈۋلەپ چېلىنىدىغان چالغۇ . ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاۋاز تۆشۈكلىرى بولىدۇ . تۆشۈكلەرنى بارماقلار بىلەن تولۇق ۋە يېرىم ئېتىش ئارقىلىق خىلمۇ خىل پۈتۈن ۋە يېرىم ئاۋازلارنى چىقىرىشقا بولىدۇ . ئۇنىڭ ئاۋازى يۇقىرى ، ئاۋاز دائىرىسى كەڭ ، ئاۋاز تۈسى مۇڭلۇق بولۇپ ، كۆ-پىنچە يالغۇز ئورۇندىلىدۇ . ئوركېستىرنىڭ شوخ ، تېتىك

يۇقىرى ئاۋاز قىسمىدا ئالاھىدە رول ئوينايدۇ . نەينىڭ سەككىز تۆشۈكى بولىدۇ . ئاۋاز دائىرىسى $d^1$ دىن $d^3$ كىچە ئىككى ئوكتاۋا بولىدۇ . ئۇنىڭ ئاۋاز تۈسى $d^1$ دىن $b^1$ گىچە توم ، سىلىق ، $c^2$ دىن $g$ گىچە ياڭراق ، $b^2$ دىن $d^3$ كىچە ئىنچىكە سۈزۈك كېلىدۇ .

## 2 . بالىمان

بالىمان — تۈز تۇتۇپ پۈۋلەپ چېلىنىدىغان چالغۇ . ئۇنىڭ پۈۋلەيدىغان ئۇچى ياپىلاق ، توغرىسىغا ياغاچ قىستۇرۇلغان . ئۈستىدە سەككىز تۆشۈكى بولۇپ ، بارماقلار بىلەن بېسىپ چېلىنىدۇ . ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە سەككىز سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ . ئۇنىڭ ئاۋازى ئوتتۇرا ئاۋازغا مايىلراق بولۇپ ، مۇنجاما قەغەزنىڭ تىترىشىدىن پەيدا بولىدىغان ئاجايىپ يېقىملىق بىر خىل تۈسكە ئىگە . بالىمان خوتەن رايونىدا كەڭ تارقالغان . ئاۋاز دائىرىسى $c^1$ دىن $f^2$ گىچە . بارماق بېسىش قائىدىسى نەي بىلەن ئاساسەن ئوخشاش .

## 3 . بۇرغا

بۇرغا — ئەڭ قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ بىرى . پۈۋدەپ چېلىنىدىغان چالغۇلار ئىچىدە ئۇنىڭ ئاۋاز كۈچى ئەڭ زور ، ئەڭ ياڭراق . بۇرغىنىڭ شەكلى ئەگمە بولۇپ ، ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە — ئوتتۇز سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە ، ئۇچىدا بىر دانە پۈۋلەش تۆشۈكى بار . يوغان ئۇچى كاناي شەكلىدە ئىچى ئويۇپ ياسالغان . بارماق تۆشۈكلىرى يوق . پەقەت ئېغىز بوشلۇقى ۋە ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا بېسىمىنى كونترول قىلىش ئارقىلىق ئۇزۇنغا سوزۇلغان تېيىلما خاراكتېرىدىكى «نەرە» ئاۋازىنى چىقىرىشقا بولىدۇ . ئاۋاز دائىرىسى بەش گرادۇس ئۆپچۆرىسىدە .

## 4 . سۇناي

قەدىمكى ئۇيغۇر سۇنىيى چىلان ياغىچىدىن ياسالغان بولۇپ ، كىچىك ئۇچىدا قومۇشتىن ياسالغان ئاۋاز چىقىرىش پىپىكى بولىدۇ ( ئۇنى خالىغانچە ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ ) . سۇنايىنىڭ ئىچكى بوشلۇقى چوڭ ئېغىز تەرەپكە قاراپ بارغانسېرى كېڭىيىپ بارىدۇ . ئۇ نەيگە ئوخشاش بارماق بىلەن بېسىپ پۈۋلەش ئارقىلىق چېلىنىدۇ . سۇناي ئاۋازى ياڭراق چالغۇ بولۇپ ، قەدىمكى دەۋرلەردە ناغرا ـ دۇمباقلار بىلەن قوشۇلۇپ ھەربىي ئىشلاردىمۇ ئىشلىتىلگەن . ھازىرغىچە تەنتەنىلىك مۇراسىملار ۋە توي ـ تۆكۈنلەردە قوللىنىلىپ كەلمەكتە . سۇنايىنىڭ ئۇزۇنلۇقى قىرىق ئۈچ سانتىمېتىر . كانايسىمان ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى سەككىز سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە . سۇنايدا ئۈستۈنكى تەرىپىدە يەتتە ، ئاستىنقى تەرىپىدە بىر، جەمئىي سەككىز ئاۋاز تۆشۈكى بولىدۇ . ئاستىنقى تۆشۈكى ئۈستۈنكى بىرىنچى تۆشۈكنىڭ ئاستىغىراق توغرا كېلىدۇ . ماھارىتى ئۈستۈن چالغۇچىلار ئۇنىڭدا تۈرلۈك تېيىلما ئاھاڭلار ۋە باشقا كۆپلىگەن زىننەت ئاھاڭلارنى ناھايىتى كېلىشتۈرۈپ چالالايدۇ . سۇنايىنىڭ ئاۋاز دائىرىسى $e^1$ دىن $g^2$ گىچە بولىدۇ .

## 5 . كاناي

بۇ بۇرغا ۋە سۇنايلارغا ئاساسەن ئۆزگەرتىلىپ ياسالغان چالغۇ . ئۇ ئاۋازىنىڭ بوملۇقى ، ھەيۋەتلىكلىكى سەۋەبىدىن « نەرە » دەپمۇ ئاتالغان . دەسلەپتە تۈرلۈك مۇراسىملار ۋە دىنىي خاراكتېرلىك ئاممىۋى پائالىيەتلەردە كەڭ قوللىنىلغان .

كانايىنىڭ شەكلى سۇنايغا ئوخشىشىپراق كېتىدۇ . ئەمما ئۇنىڭدىن خېلىلا ئۇزۇن ، ھەجىممۇ يوغان . ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم مېتىردىن ئىككى مېترغىچە بولۇپ ، دەسلەپتە ياغاچتىن ، كېيىن مىستىن ياسالغان . كاناي بۇرغىغا ئوخشاش پۈۋلەپ چېلىنىدىغان چالغۇ بولۇپ ، پەقەت بىرنەچچىلا تەبىئىي ئاۋازنى چېلىشقىلا بولىدۇ . كاناي ئاۋازىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن ياكى بوم ، ئىنچىكە بولۇشى ئۇنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىغا مۇناسىۋەتلىك . ئۇ ئاساسەن قايناق ھېسسىياتلىق سورۇنلاردا داقا ـ دۇمباقلارغا تەڭكەش قىلىپ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھۆۋلاش ( نەرە تارتىش ) لار ئارقىلىق كەيپىياتنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكىلا ئىشلىتىلگەن . كېيىنچە ھەجىمىنىڭ كېلەڭسىزلىكى ھەمدە ملودىيە ئورۇنداشقا بولماسلىقتەك كەمچىلىكى تۈپەيلىدىن كلاسسىك چالغۇلار ئارىسىدىن تەدرىجىي يوقىلىشقا

باشلىغان . ھازىر پەقەت قىزغىن كەيپىياتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە سەھنە قورالى قىلىپ ئىشلىتىلمەكتە .

## قىللىق چالغۇلار

قىللىق چالغۇلار ئات قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ قۇيرۇق قىلىدىن ياسالغان كامانچە بىلەن تارىغا سۈركەش ئارقىلىق ئاۋاز چىقىرىدىغان چالغۇلار تۈرىدۇر .

### 6 . ساتار

ساتار ( بۇرۇنقى ئىسمى سەرتار ، يەنى باشلامچى چالغۇ دېگەن مەنىدە ) ـــ قەدىمكى قىللىق چالغۇلارنىڭ بىرى بولۇپ ، قەدىمكى دولان راۋابىنىڭ ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان . پېشقەدەم مۇزىكا ئۇستىسى تۇرداخۇن ئاتىنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا ، ئەينى زامانلاردا مۇقام ئورۇندىغاندا ساتار قول بىلەن چېكىپ چېلىنىدىكەن . مۇشۇلارغا ئاساسلانغاندىمۇ ئۇنىڭ راۋاب ، تەمبۇر ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ھەم قىللىق ، ھەم چەكمىدىن ئىبارەت قوش ماكانلىق چالغۇ ئىكەنلىكىنى ، كېيىنچە مەخسۇس كامانچە بىلەن ئورۇندىلىدىغان شەكىلگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى قەيت قىلىشقا بولىدۇ .

ساتارنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بىر يۈز قىرىق سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ . ئۇ كۆپىنچە ئۈجمە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ . بىر دانە ئاساسلىق چېلىنىدىغان پولات سىمى ۋە سەككىزدىن ئون ئىككىگىچە سادا قايتۇرغۇچى سىملىرى بولىدۇ . سېپىغا كىرىچتىن پەدە باغلىنىپ (ھازىر ئاساسەن سۇلياۋ قويۇلىدىغان بولدى)، سول قولدا پەدە بېسىپ ، ئوڭ قول بىلەن كامانچە سىيرىش ئارقىلىق چېلىنىدۇ . ئۇنىڭ ئاۋازى سىلىق ، مۇلايىم ، مۇڭلۇق بولۇپ ، مۇقام ئورۇنداشتا ئاساسلىق چالغۇ ھېسابلىنىدۇ . ئۇ كۆپىنچە مۇقاملارنىڭ مۇقەددىمىسى ۋە بەزى مۇزىكىلارنىڭ چاچما (ئىختىيارىي ) ئۇدارلىق جايلىرىدا باشلامچىلىق رول ئوينايدۇ . ساتارنىڭ ئاۋاز دائىرىسى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ . تۆۋەن ئاۋاز رايونى c دىن b غىچە ، ئوتتۇرا ئاۋاز رايونى $c^1$ دىن $b^1$ گىچە ، يۇقىرى ئاۋاز رايونى $c^2$ دىن $g^2$ گىچە ياكى $a^2$ گىچە . سادا قايتۇرغۇچى تارىلار بەش تاۋۇشلۇق ئاۋاز شەكلى رېتى بويىچە توققۇز خىل ساز قىلىنىدۇ . ئاساسلىق تار مەركىزى $c^1$ ئاھاڭغا تەڭشىلىدۇ .

### 7 . غېجەك

غېجەكنىڭ سېپى سۆگەت ياغىچىدىن ، بېشى جىگدە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ . سول قولدا تار بېسىپ ، ئوڭ قولدا كامانچە سىيرىپ چېلىنىدۇ . باش قىسمىنىڭ ئىچى كاۋاك بولىدۇ . ئىلگىرى غېجەكنىڭ يۈزىگە ئات ياكى ئېشەك تېرىسى كېرىلەتتى . ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ ، ئىككى ياكى تۆت تار بېكىتىلەتتى . 1955 ـ يىلىدىن بۇيان غېجەك تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ بېشىنىڭ ئىچكى قىسمىغا يىلان تېرىسى كېرىلىدىغان ، تۆت تار بېكىتىلىدىغان شەكىلگە كەلتۈرۈلدى . يۇقىرى ئاۋازلىق غېجەكلەرنىڭ ھەجمى چاققان بولىدۇ ، تىزغا قويۇپ چېلىنىدۇ . بۇنىڭدىن تاشقىرى يەرگە قويۇپ چېلىنىدىغان تۆۋەن ئاۋازلىق غېجەكلەرمۇ مەيدانغا كەلدى . بۇنداق غېجەكلەر يۇقىرى ئاۋازلىق غېجەكلەرگە قارىغاندا خېلىلا يوغان بولىدۇ .

يۇقىرى ئاۋازلىق غېجەكنىڭ ئاۋاز دائىرىسى g ئاھاڭدىن $a^4$ ئاھاڭغىچە بولۇپ ، بىرىنچى تارىسى $e^2$ ، ئىككىنچى تارىسى $a^1$ ، ئۈچىنچى تارىسى $d^1$ ، تۆتىنچى g تارىسى ئاھاڭلىرىغا تەڭشىلىدۇ .

### 8 . قۇمۇل غېجىكى

قۇمۇل غېجىكى قۇمۇل رايونىدا ساقلاپ قېلىنغان ئەڭ قەدىمىي ئۇيغۇر غېجىكىنىڭ نۇسخىسى . ئۇنىڭ دەستىسى ئۈجمە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ . بېشى سىلىندىر شەكلىدە ياغاچتىن ئويۇپ ياكى مېتالدىن قۇيۇپ ياسىلىپ يۈزىگە تېرە قاپلىنىدۇ . دەستىسى ئاشۇ سىلىندىر شەكىللىك غېجەك بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ بېكىتىلىدۇ . ئۇ ئىككى تارلىق بولۇپ ، تار بىلەن دەستە ئارىلىقى كەڭ بولىدۇ . بۇنىڭدىن تاشقىرى ئەكس سادا بېرىدىغان بىرقانچە تارلىرىمۇ بولىدۇ . قۇمۇل غېجىكى سول قولدا تار بېسىپ ، ئوڭ قول بىلەن كامانچە سىيرىپ چېلىنىدۇ . بۇنداق غېجەكنىڭ ئاۋازى مۇڭلۇق ، يېقىملىق . ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بىر مېتىر ئۆپچۆرىسىدە . ئىچ تارى ( بوم ) $d^1$ ئاھاڭغا ،

سىرتقى تارى ( زىل ) $a^1$ ئاھاڭىغا تەڭشىلىدۇ .

**9 . خۇشتار**

1957 ــ يىلى لوپ ۋە خوتەن رايونلىرىدا ئوخشاشمىغان نۇسخىدىكى ئىككى خىل خۇشتار تېپىلغان . بۇ خىل چالغۇ قەدىمكى غىجەككىنىڭ ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان بولۇپ ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا تاكى IX X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەنىكەن . ئۇنىڭ يوقىلىپ كەتكىنىگە ئەمدىلا بىر ئەسىرچە ۋاقىت بولغان . ھازىر بۇ خىل چالغۇ قايتا تەتقىق قىلىنىپ ياساپ چىقىلدى . ئۇنىڭ دەستە بېشىغا كىچىك قۇشنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەچكە « قۇشتار » دەپمۇ ئاتىلىدۇ ، ئاساسىي گەۋدىسى ياغاچ تاراشلىرىدىن چاپلىما شەكىلدە ياسالغاچقا ، نەملىك ۋە ئىسسىق ــ سوغۇققا چىداملىق . ئېگىزلىكى تەخمىنەن ئەللىك سانتىمېتىر ئۈپچۆرىسىدە ، تۆت تارلىق ، دەستىسىدىكى تار تاختىسى ۋە تارلىرىنىڭ ئورۇنلىشىشى ئاساسەن ھازىرقى زامان غىجەككە ئوخشىشىدۇ . ئۈرۈمچى شەھەرلىك چالغۇ ئەسۋابلار زاۋۇتى مەزكۇر ئەسۋاب ئۈستىدە قايتا ـ قايتا تەتقىق ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بىرقەدەر مۇكەممەللەشكەن نۇسخىسىنى ياساپ چىقتى . خۇشتار ھازىر ئۆزىنىڭ كۆركەم شەكلى ۋە يېقىملىق ئاۋازى بىلەن مىللىي مۇزىكا ئوركېستىرىدىن ئورۇن ئېلىپ ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل تاماشىبىنلىرىنى جەلپ قىلماقتا . خۇشتارنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق ۋە سۇزۇك بولۇپ ، ئىسكىرىپكىنىڭ ئاۋازى تۇسىغا يېقىنلىشىدۇ ، ساز قىلىنىشى غىجەك بىلەن ئوخشاش .

### چەكمە چالغۇ ئەسۋابلار

ناخۇن ، زەخمەك ياكى بارماقلار بىلەن تارىنى چېكىش ئارقىلىق ئاۋاز چىقىرىدىغان چالغۇلار چەكمە چالغۇ ئەسۋابلار دېيىلىدۇ .

**10 . بەرباب**

بەربابنىڭ يەنە بىر ئىسمى باربىت ، خەنزۇچە « پىپا » دەپ ئاتىلىدۇ . « جۇڭگو مۇزىكا تارىخى » دېگەن كىتابنىڭ تۆتىنچى بابىدا قەيت قىلىنىشىچە ، X ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئالىم ، مۇزىكشۇناس فارابىنىڭ كىتابىدا بەربابنىڭ دەسلەپكى شەكلىنىڭ «ئۇد » دەپ ئاتالغانلىقى تىلغا ئېلىنغان . بەش تارلىق كۇچا بەربابى مىلادىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىلا ئومۇملاشقان بولۇپ ، تارىم ئويمانلىقىدىن پۈتكۈل ئاسىيا ۋە ھىندىستانغا تارقىلىشقا باشلىغان . شەرقتە دېڭىز بويلىرىغىچە ، غەربتە يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىنى بويلاپ ئىران ۋە ئەرەب دۆلەتلىرىگىچە يېتىپ بارغان . ھازىر ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ساقلىنىپ قالغىنى تۆت تارلىق ، ياپىلاق ياغاچ يۈزلۈك ، بېشى سوزۇنچاق كەلگەن نۇسخىسى . ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق ۋە مۇڭلۇق ، بويى يەتمىش ــ سەكسەن سانتىمېتىر ئۈپچۆرىسىدە ، بەرباب تەخمىنەن ئون ئىككى تۈرلۈك ساز قىلىنىدۇ . ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقانلىرىنىڭ بىرىنچى تارى a ، ئىككىنچى تارى e ، ئۈچىنچى تارى d ، تۆتىنچى تارى A ئاھاڭىغا سازلىنىدۇ . بەرباب تۈرلۈك مۇڭلۇقتا بولۇپ ، پەدە سانى ئوخشاش ئەمەس .

**11 . راۋاب**

راۋاب ــ ئۇيغۇر چالغۇلىرى ئىچىدە كەڭ ئومۇملاشقان چالغۇدۇر . راۋاب ــ قۇلاق ئورنى ، دەستىسى ۋە راۋاب بېشىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسمىدىن تەركىب تاپىدۇ . بېشىنىڭ ئۈستىدىكى ئىككى تەرىپىگە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرغان بىر جۈپ قوشقار مۈڭگۈزى شەكلى ئورنىتىلغان . راۋابنىڭ خەلق ئارىسىدا قەشقەر راۋابى ، دولان راۋابى ۋە ئەڭ قەدىمىي بولغان قويچى راۋابى قاتارلىق خىلمۇ خىل نۇسخىلىرى بار . ئۇنىڭدىن باشقا يېقىندىن ئىسلاھ قىلىنغان چاپلىما (تالالىق) راۋاب ۋە تۆۋەن ئاۋازلىق باس راۋاب قاتارلىقلارمۇ بار .

(1) قەشقەر راۋابى

قەشقەر راۋابى ــ ئويما راۋاب دەپمۇ ئاتىلىدۇ . بېشى ياغاچتىن ئويۇلۇپ ، يۈزىگە تېرە كېرىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ ، دەستىسىگە كىرىچتىن پەدە باغلىنىدۇ ، ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە توقسان سانتىمېتىر ئۈپچۆرىسىدە بولىدۇ . قەشقەر راۋابى ئادەتتە ئالتە ـ يەتتە سىملىق بولۇپ ، بىرلا سىم ئاساسىي مېلودىيە ئۈچۈن ، قالغان-

لىرى قوشۇمچە ياكى سادا قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ . قەدىمكى راۋاب ئۈچ تارلىق بولۇپ بىرىنچى تارى $d^1$ ئىككىنچى تارى a ياكى g ، ئۈچىنچى تارى d ئاھاڭىغا تەڭشىلەتتى . ھازىرقى زامان قەشقەر راۋابى يەتتە سىملىق بولۇپ ، بىرىنچى سىمى $c^1$ گە ( بۇ ئاساسلىق سىم ) ، ئىككىنچى g غا ، ئۈچىنچىسى d غا ، تۆتىنچىسى A غا ، بەشىنچىسى F غا ، ئالتىنچىسى B غا ، يەتتىنچىسى F ئاھاڭلىرىغا تەڭشىلىدىغان بولدى . بۇ خىل راۋابنىڭ ئاۋاز دائىرىسى E دىن $g^3$ گىچە . ئاۋاز تۇسى جەھەتتە $c^1$ دىن $c^2$ گىچە بوم ، $d^2$ دىن $c^3$ كىچە ياڭراق ، $d^3$ تىن $g^3$ گىچە زىل كېلىدۇ .

( 2 ) دولان راۋابى

دولان راۋابىنىڭ دەستىسىگە ئادەتتە پەدە باغلانمايدۇ . شۇڭا ئۇ سىيرىپ چېلىشقا ناھايىتى ئەپچىل ، ئۇنىڭ بىلەن بەزىبىر ئالاھىدە مىللىي پۇراقلارنى ياخشى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ . دولان راۋابىنىڭ ئۈچ تال ئاساسىي سىمى ۋە كۆپلىگەن سادا قايتۇرغۇچى سىملىرى بولىدۇ . راۋابنىڭ باش قىسمىدىن سەل يۇقىرىراق ئورۇنغا ئالاھىدە نەقىش قويۇلغان قىسقا ئىككى مۈڭگۈز ئورنىتىلىدۇ . ئۇنىڭدىن تاشقىرى قومۇل رايونىدا بىر خىل قومۇل راۋابى ساقلانغان . ئۇنىڭ شەكلىمۇ دولان راۋابىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ .

( 3 ) چاپلىما راۋاب

چاپلىما راۋاب — تالالىق راۋاب دەپمۇ ئاتىلىدۇ . بۇ راۋاب ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر راۋابىنىڭ تۈزۈلۈشى ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىنىپ ياسالغان بولۇپ ، بېشى دۇتارنىڭكىگە ئوخشاش ياغاچ تالالىرىدىن چاپلاپ ياسىلىدۇ . دەستىسىگە مېتال ياكى سۆلياۋ پەدىلەر قويۇلىدۇ . چاپلىما راۋابنىڭ جەمئىي بەش سىمى بولۇپ ، بىرىنچى ، ئىككىنچى سىملىرى $d^1$ ئاھاڭىغا ، ئۈچىنچى ، تۆتىنچى سىملىرى a ئاھاڭىغا ، بەشىنچى سىمى تومراق بولۇپ d ئاھاڭىغا ساز قىلىنىدۇ . بۇ خىل راۋابنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق ، مۇڭلۇق ، شەكلى قەشقەر راۋابىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ .

## 12 . تەمبۇر

تەمبۇر ئۇزۇن دەستىلىك چالغۇ بولۇپ ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بىر يۈز قىرىق سانتىمېتر ، بېشى ئۇزۇنچاقراق ، يۈزلۈكى ئادەتتە ئۈجمە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ . تەمبۇرگە سىم سېلىنىدۇ ۋە ناخۇن بىلەن چېكىپ چېلىنىدۇ . ئۇ ئىلى ، قەشقەر ۋە ئاقسۇ رايونلىرىدا كۆپرەك تارقالغان . تەمبۇر بەش سىملىق بولۇپ ، بىرىنچى ، ئىككىنچى سىملىرى ئاساسلىق مېلودىيە ئورۇندايدۇ . ئۇ g ئاھاڭىغا تەڭشىلىدۇ . ئۈچىنچى سىمى $d^1$ ئاھاڭىغا ، تۆتىنچى ، بەشىنچى سىملىرى g ئاھاڭىغا تەڭشىلىدۇ . تەمبۇرنىڭ ئاۋاز دائىرىسى ئۈچ گۇرۇپپىغا يېقىن . ئاۋاز تۇسىدىن $f^1$ گىچە يۇمشاق ، $g^1$ دىن $f^2$ گە جاراڭلىق ، $g^2$ دىن $e^3$گىچە كۈچلۈك ، $f^3$ $g^3$ گىچە كۈچسىز ، زىل . يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بۇيان تەتقىقاتچىلىرىمىز تەمبۇر ئۈستىدە ئىسلاھ ئېلىپ بېرىپ ، دەستىسى قىسقا ، ئاۋازى ياڭراق بولغان يۇقىرى ئاۋازلىق تەمبۇرلەرنى ياساپ چىقتى . ئۇنىڭ پەدىسى راۋابقا ئوخشاش ، يەنى ئون ئىككى تەكشى ئاھاڭ رېتى بويىچە تىزىلغان بولۇپ ، ھازىرقى زامان مۇزىكىلىرىنى ئورۇنداشقا قولايلىق .

## 13 . دۇتار

دۇتار — پارسچە قوشتار ( جۈپتار ) دېگەن مەنىدە بولۇپ ، ئۇيغۇر چالغۇلىرى ئىچىدە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن تا ھازىرغىچە ئۆز شەكلىنى ئۆزگەرتمەي كېلىۋاتقان بىردىنبىر چالغۇ . دۇتار ئۇزۇن دەستىلىك ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بىر يۈز يىگىرمە بەش سانتىمېتر ئۆپچۆرىسىدە ، بېشى يوغانراق بولۇپ ، ئۈجمە ياغىچىنىڭ تالالىرىدىن چاپلىنىپ ياسىلىدۇ . دەستىسىگە كىرىچتىن پەدە باغلىنىدۇ . ئىككى تال ئۈچەي ياكى يىپەكتىن ئېشىلگەن ( بىرى زىل ، بىرى بوم ) تار سېلىنىپ قول بارماقلىرى بىلەن سوقۇپ چېلىنىدۇ . ئاۋازى مۇڭلۇق . چالغۇچى ئۆزى چېلىپ ، ئۆزى ئېيتىشقا قولايلىق . شۇڭلاشقا كۆپىنچە تەمبۇر قاتارلىق چالغۇلار بىلەن بىللە ياكى يالغۇز ئورۇندىلىدۇ . ئۇنىڭ ئاۋاز دائىرىسى g دىن $g^2$ گىچە زىل تارى $d^1$ ، بوم

تارى $g$ ئاھاڭغا ساز قىلىنىدۇ .

**14 . قالۇن**

قالۇنمۇ قەدىمكى چالغۇلارنىڭ بىرى . ئۇ ئادەتتە ئۈجمە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ ، ئاۋاز ساندۇقى پەلەمپەي شەكلىدە بولۇپ ، ئالدى تار ، كەينى كەڭرەك ، سول تەرىپى ئەگمە ، ئوڭ تەرىپى تۈز بولىدۇ . ئۇ ئاساسەن تۈز ياتقۇزۇلۇپ ، ئوڭ قولنىڭ باش ، كۆرسەتكۈچ ۋە ئوتتۇرانچى بارماقلىرى بىلەن سىمنى ئىلىش ، سول قولدا پەدە باسقۇچ ئارقىلىق سىمنى بېسىش ۋە سىيرىش ئۇسۇلى بىلەن چېلىنىدۇ . ئاۋازى يېقىملىق ۋە تېيىلما ئاھاڭلارغا باي بولۇپ ، پەۋقۇلئاددە تەۋرىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە . ئۇنىڭ ئون ئالتە ياكى ئون سەككىز جۈپ سىمى بولىدۇ ، ھەربىر جۈپ سىمى بىر ئاھاڭغا تەڭشىلىدۇ .

**15 . چاڭ**

چاڭ — قالۇننىڭ ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان قەدىمىي چەكمە چالغۇ . ئۇنىڭ ئاۋاز ساندۇقى قالۇنغا ئوخشاش كەڭ ، ياپىلاق بولۇپ ، ئالدى تار ، كەينى كەڭرەك ياسىلىدۇ . ئۇنىڭ قوش پازىلىق ( چوڭراق )، يالغۇز پازىلىق ( كىچىكرەك ) ئىككى خىل نۇسخىسى بار . ئادەتتە ئۈچ ياكى تۆت پولات سىم بىر گۇرۇپپا بولۇپ ، بىر ئاھاڭغا تەڭشىلىدۇ . بۇرۇن سەككىز — ئون گۇرۇپپا ئاۋازلىق شەكىللىرى بولغان ، كېيىنچە تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ ئون ئۈچ — ئون سەككىز گۇرۇپپا ئاۋازلىق شەكىللىرى مەيدانغا كەلدى . چاڭ ئۇيغۇر ئوركېستىرىدا ئاساسلىق چالغۇ .

چاڭ ئىككى يېرىم گۇرۇپپا ئاۋاز دائىرىسىگە ئىگە ، ئۇنىڭ سازلىنىشى يەتتە ئاۋازلىق باسقۇچلار تەرتىپى بويىچە ئۈچ قۇر تىزىلغان ، ئوڭ تەرەپتىكى قۇر $g$ دىن $f^1$ ئاھاڭغىچە ، ئوتتۇرىسىدىكى قۇر ئۇنىڭدىن سەككىز گرادۇس يۇقىرى بولۇپ ، $g^1$ دىن $f^2$ ئاھاڭغىچە ، سول تەرەپتىكى قۇر $d^2$ دىن $c^3$ ئاھاڭغىچە . ( ئارىلىقىدا $f^\#$ ئاۋازىمۇ بار .) چاڭ بامبۇكتىن ياسالغان بىر جۈپ چوكا بىلەن سىملارغا ئۇرۇپ چېلىنىدۇ . چوكىنىڭ ئۇچىغا رېزىنكە ياكى كىگىز قويۇلغان بولىدۇ . ئاۋازى جاراڭلىق كېلىدۇ .

## سوقما چالغۇ ئەسۋابلار

سوقما چالغۇ ئەسۋابلار دېگىنىمىز — قول ياكى چوكا تاياقلار بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدىغان تارسىز چالغۇ ئەسۋابلار . بۇنداق چالغۇ ئەسۋابلار مۇزىكىنىڭ رىتىمىنى بەلگىلەيدۇ ، ئاھاڭغا تەسىرلىك ۋە جانلىق كەيپىيات قوشىدۇ .

**16 . تەبلىۋاز**

بۇ دۇمباق تىپىدىكى ئەڭ قەدىمىي چالغۇ ئەسۋاب . دۇمباق بولسا خىلمۇ خىل چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ ئاساسىدۇر . بەزىبىر مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، دۇمباق ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان . كىشىلەر ئەڭ دەسلەپ سىلىندىرسىمان ئويما ياغاچلارغا تېرە كېرىپ ، قول بىلەن ئۇرۇش ئارقىلىق گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلارنى چىقىرىشنى بىلگەن . كېيىنچە ، دۇمباقنىڭ چوڭ - كىچىك ، ئۇزۇن - قىسقىلىقىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق خىلمۇ خىل شارائىتلارغا ماسلاشقان نەغمە تەبلىۋازى ، جەڭ تەبلىۋازى قاتارلىقلارنى كەشپ قىلغان . گەرچە تەبلىۋاز ياسىلىش جەھەتتە دۇمباقنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ سىلىندىرىنى ئۇزۇن ، ئۈستىنى كەڭ ، ئاستىنى تار ياساشتەك ئۇسۇللار بىلەن ئاۋازىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە ياڭراقلىقى ئاشۇرۇلغان .

**17 . ناغرا**

بۇمۇ دۇمباق تىپىدىكى قەدىمىي سوقما چالغۇلارنىڭ بىرى ، ناغرا قەدىمىي زامانلاردا ھەشەمەتلىك مۇراسىملار ۋە جەڭلەردە داغدۇغا پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن . ھازىر ھېيت - بايرام ۋە توي - تۆكۈنلەردە ئىشلىتىلمەكتە . ناغرا — دۇمباق ، تەبلىۋاز قاتارلىقلاردىن كېيىنرەك قېپىنى مىس ۋە چويۇندىن ياساش ئارقىلىق تەدرىجىي تەرەققىي قىلدۇرۇلغان . ئۇ ئۈستى كەڭ ، ئاستى تار قىلىپ مېتالدىن ياسالغان سىلىندىر قاپنىڭ يۈزىگە ئېشەك ياكى موزاي تېرىسى كېرىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ ھەممە چوڭ ، ئوتتۇرا ، كىچىك ناغرا دەپ ئۈچ خىل بولىدۇ . چوڭ - كىچىك ناغرىلارنىڭ ئېگىزلىكى ئون توققۇز — ئوتتۇز بەش

سانتىمېتىر ، يۈزىنىڭ دىئامېترى يىگىرمە بەش — ئوت-
تۇز سەككىز سانتىمېتىر بولىدۇ .

### 18 . داپ

داپ — دۇمباق تىپىدىكى تەرەققىي قىلغان سوقما چالغۇلارنىڭ بىرى بولۇپ ، ئاۋازى جۇشقۇن ، ئۆزى يەڭگىل ، ئىشلىتىشكە ئەپچىل قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە . ئۇ قول بارماقلىرى بىلەن ئۇ- رۇپ چېلىنىدىغان ، ئۇيغۇر مۇزىكىسىدا كەم بولسا بولمايدىغان چالغۇ ھېسابلىنىدۇ . بەزى كلاسسىك ئۇسسۇل ۋە مەشرەپلەر يالغۇز داپ بىلەنلا ئورۇندىلىدۇ .

داپنىڭ گەردىشى ئاساسەن ئۈجمە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ . يۈزلىكىگە ئات ، ئۆچكە تېرىلىرى كېرىلى- دۇ . گەردىشى ئىچىگە نۇرغۇنلىغان ئۇششاق تۆمۈر ھالقىلار ئېسىلىدۇ ، ئۇلار داپ چېلىنغاندا شىلدىرلىغان قوشۇمچە ئاۋازلارنى چىقىرىپ بېرىدۇ . داپنىڭ تۈرلىرى چوڭ ـ كىچىك ھەر خىل بولىدۇ ، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىمۇ ئوخشاشمايدۇ . بەزى ناخشا ـ ئۇسسۇللاردا ئىشلىتىدىغان كىچىك داپنىڭ گەردىشىگە تۆمۈر ھالقا ئەمەس ، كىچىك قوڭغۇراقلار بېكىتىلىدۇ . مۇزىكا ئورۇنداشتا ئىشلىتىلىدىغان چوڭ داپنىڭ دىئامېترى قىرىق سانتىمېتىر ، گەردىشىنىڭ كەڭلىكى بەش يېرىم سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ .

### 19 . ساپايە

ساپايە دەسلەپتە ياۋا ئۆچكىنىڭ مۆڭگۈزىدىن ياسالغانىكەن . ئادەتتە ئۇ ئىككى تال دۈگىلەك قىسقا ياغاچ كالتەكنى بىر — بىرىگە جۈپلەپ ، ئۈستىگرەك ئورۇنغا ئىككى تال چوڭ تۆمۈر ھالقا بېكىتىلىپ ياسى- لىدۇ . ھەر بىر تۆمۈر ھالقىغا ئۇششاق تۆمۈر ھالقىلار ئۆتكۈزۈلىدۇ . ساپايىنى چالغاندا كىچىك تۆمۈر ھال- قىلارنىڭ ياغاچ ساپقا تېگىشىدىغان ئورنىغا ئاۋازنى جاراڭلىق چىقىرىش ئۈچۈن قەلەي بېكىتىلىدۇ . ساپايە دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى قىرىق ئالتە سانتىمېتىر ، چوڭ تۆمۈر ھالقىنىڭ دىئامېترى توققۇز سانتىمېتىر ئۆپچۆرى- سىدە بولىدۇ .

### 20 . قوشۇق

قوشۇقمۇ ئۇيغۇر مەشرىپى ۋە مۇزىكىلىرىدا كەڭ قوللىنىلىدىغان سوقما چالغۇلارنىڭ بىرى . ئۇ بۇرۇنقى دەۋرلەردە قوشۇققا ئانچە ئوخشاشمىغان شەكىلدە يا- غاچتىن ئويۇپ ياسالغان بىر خىل چالغۇ ئىكەن . كېيىنچە كىشىلەر ئارىسىدا بۇنداق سايمان بولمىغاچقا ، ئادەتتە تاماق يېيىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قوشۇق ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن . شۇنىڭ بىلەن بۇ چالغۇ «قوشۇق» دەپ ئاتالغان . ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان قو- شۇقلارمۇ شەكىل جەھەتتە تاماق قوشۇقلىرىغا ئوخشىتىلىپ ياغاچتىن ئويۇپ ياسىلىدۇ . ئۇنىڭ ھەجمى سەل يوغان بولۇپ ، ئۈستىگە خىلمۇ خىل نەقىشلەر چۈشۈرۈلىدۇ . قوشۇق چېلىشتا ، ئوڭ قولدا بىر جۈپ قوشۇقنىڭ سېپىنى چىڭ تۇتۇپ ، قوشۇقلارنىڭ دۈمبىسىنى بىر ـ بىرىگە توغرىلايدۇ ۋە سول قول ئالىقىنى بىلەن بەدىنىمىزنىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرى ( مۈرە ، تىز ۋە باشقا جايلار) غا ، يەر ۋە باشقا جىسىملارغا سوقۇشتۇرۇپ ، مۇزىكا رىتىمىغا ماس كېلىدىغان ئاۋازلارنى پەيدا قىلىمىز .

### 21 . تاش

تاش — چاقچۇق دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ئۇ ئىككى جۈپ ياپلاق ئېلىپىسسىمان تاشتىن ئىبارەت . بۇ خىل تاش ھەر بىر قولدا بىر جۈپتىن تۇتۇلىدۇ ۋە بارماقلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىر ـ بىرىگە سوقۇپ چې- لىنىدۇ . ئۇيغۇر مۇزىكىسىدا تاش ئىشلىتىشمۇ خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە .

ئېلىپىسسىمان تاشنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن بىر يېرىم سانتىمېتىر ، ئۇزۇنلۇقى ئون سانتىمېتىر ، كەڭلىكى ئالتە سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ .

ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى خىللىرىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ ئالدىنقى ئورنىدا تۇرىدۇ . شۇڭلاشقا ، ئاپتونوم رايونىمىز دۇنيا مۇزىكا تارىخى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ مۇھىم ئوبيېكتى بولۇپ قالماقتا . ئىشىنىمىزكى ، تەتقىقاتچىلىرىمىز ، چالغۇچىلىرىمىز ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملىرىمىزنىڭ تىرىشىپ ئىزدىنىشى نەتىجىسىدە تېخىمۇ كۆپ مەنىۋى بايلىقلىرىمىز دۇنياغا نامايان بولغۇسى . (ئا)

## سەندەل

سەندەل — ئۇيغۇرلار، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى قىشنىڭ سوغۇق كۈنلىرىدە ئاياغنى ئىسسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سايمان. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ياكى بىر چېتىگە ئۈستى يۈزى يېرىم كۋادرات مېتىر، ئېگىزلىكى يېرىم مېتىر كېلىدىغان تۆت پۇتلۇق بىر شىرە قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئاستىغا چويۇن، تۆمۈر ياكى مىستىن ياسالغان چوغدان (سەندەل) قويۇلىدۇ. چوغدانغا كۆيدۈرۈلۈپ ئىسى قالمىغان ئوتۇن كۆمۈرىنىڭ ياكى ئىسسىز كۆمۈرنىڭ چوغى ئېلىنىدۇ. شىرە پاختىلىق كۆرپە ياكى يوتقان بىلەن يۆركەپ قويۇلىدۇ. پۇت-قولىنى ئىسسىتماقچى بولغان ئادەملەر پۇتىنى شىرە ئاستىغا تىقىپ ئولتۇرۇپ ئىسسىنىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا يارۇ بۇرادەرلەر يىغىلىپ سەندەل ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ ھەمسۆھبەتتە بولىدۇ، كىتابخانلىق قىلىشىدۇ. بەزىدە يەنە شىرە ئۈستىگە داستىخان سېلىپ چاي ئىچىشىدۇ. قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇق كۈنلىرى ئاياغ-تەرەپنى سەندەلنىڭ ئاغزىغا قارىتىپ ئورۇن تەييارلاپ ئۇخلاشقىمۇ بولىدۇ. سەندەلنىڭ ئۈستىگە بوۋاق باللارنىڭ بۆشۈك كۆرپىلىرى يېيىلىپ، ئىسسىغاندا كۆرپىنى بۆشۈككە سېلىپ بوۋاقنى بۆلىسە، بالا تولىمۇ راھەت ھېس قىلىدۇ. سەندەلنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەت بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ چوغدان قىسمى ئادەتتە چوڭقۇرراق بولۇپ، تۆت ئەتراپى يەر يۈزىدىن ئۈچ-تۆت سانتىمېتىر ئېگىزرەك ياسىلىدۇ. (ر)

## تونۇر

ھۈنەر-كەسپنىڭ بىر تۈرى بولغان تونۇر — نان يېقىش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان قۇرۇلما، تونۇر ئۇيغۇرلاردا ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى «ئۆي تونۇرى» دەپ ئاتالسا، يەنە بىرى «ناۋاي تونۇرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

تونۇر مۇنداق ياسىلىدۇ: سېغىز توپىغا قوي يۇڭى ياكى كالا يۇڭى ئارىلاشتۇرۇلۇپ تۈز سۇيى بىلەن لاي قىلىنىدۇ. لايىنى دەسسەپ، چەيلەپ ئوبدان پىشۇرۇلىدۇ. پىشقان لاي بىلەن تونۇرنىڭ ئاستى بىلەن ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە قورساقلىق قىلىپ، تونۇر ياسىلىدۇ. مۇشۇ شەكىلدە چوڭ ھەم كىچىك تونۇرلار ياسىلىدۇ. بۇ خىل تونۇر خەلق ئارىسىدا «ناۋاي تونۇرى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل تونۇرنىڭ كىچىكلىرىنى ئائىلىلەردىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئائىلىلەردە پىششىق خىش ياكى ئوتقا چىدامىلىق خىش بىلەن ياسالغان تونۇرلارمۇ بولىدۇ. بۇلار «ئۆي تونۇرى» دەپ ئاتىلىدۇ. يۇقىرىقىدەك تونۇرلار ئۇيغۇرلار شەھەرلەشكەندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇلار «يەر تونۇرى» نىڭ تەرەققىي قىلغان شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەر تونۇردا بىر قېتىمدا بەش-ئون نان پىشۇرغىلى بولىدۇ.

يەر تونۇرى مۇنداق ياسىلىدۇ: يەرگە تېيىز ئورەك كولىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىغا ياپىلاق ياكى يۇمىلاق تاش گۈمبەز شەكىلدە تىزىلىدۇ. ئۇنىڭغا بىر ئېغىز، بىر مورا قويۇلىدۇ. تونۇرنىڭ تەكتىگە چوڭ ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلىدۇ ياكى بولمىسا تۈپتۈز قىلىپ لايلىنىدۇ. تونۇرنىڭ سىرتى لاي بىلەن سۇۋىلىدۇ. ئوت قالىنىپ (ئوتۇن قالىنىدۇ) تونۇر قىزىغاندا، چوغ ۋە كۈللەر تارتىپ چىقىرىۋېتىلىپ، راسلانغان نان تونۇر ئىچىگە تىزىلىدۇ. تونۇرنىڭ ئاغزى بىلەن مورىغا تاش قويۇپ ئېتىپ، سىرتى لاي بىلەن سۇۋىلىدۇ. شۇ تەرىقىدە ئىككى-ئۈچ سائەتتە نان پىشىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر خەلقى شەھەرلەشكەنگە قەدەر نانغا بولغان ئېھتىياجىنى يەر تونۇرى ئارقىلىق قامداپ كەلگەن. (ر)

## جۇۋازچىلىق

ئۇيغۇرلارنىڭ جۇۋازچىلىقى ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، شەكلى ئاددىي، تەننەرخى ئەرزان، مېيى سۈپەتلىك.

جۇۋازچىلىق سايمانلىرى: ئاددىيغىنا بىر ئېغىز ئۆي، گۈندا، باچكا، قايچا، ئوق، لەنگەر، بوڭ، چۆلۈك پوتلا بويۇنتۇرۇق، ياغ ئېلىش قاچىسى، ئېگىق ئۈچۈن ئارقان، قايچا ياغاچ كۆتەكگە ئىلىپ قويىدىغان تاش، ياغ ساقلاش ئۈچۈن تۇلۇمچىلاپ سويۇلغان تېرە

(تۇلۇم) ، چاۋا ( مايلىق كۈنجۈرە يۇڭ قېتىلمىسىدىن ياسالغان كوزا ) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ ، جۇۋازنىڭ ئاساسىي سايمانلىرى ياغاچتىن ياسىلىدۇ .

جۇۋازنىڭ قۇراشتۇرۇلۇشى : بىر مېتىردىن ئېگىز قۇچاق يەتمەيدىغان كۆتەك ئۆي ئوتتۇرىسىغا بېكىتىلىدۇ . كۆتەكنىڭ ئۈستى كەڭ ، ئاستى تەرەپ تار قىلىنىپ ئويۇق ئويۇلۇپ ئاستىغا ئامۇت ياكى ئالما ياغىچىدىن ئاغزى كىچىك ، قورسىقى يوغان ( تۈكۈرۈك قاچىسى شەكلىدە ) ئويۇلغان باچكا قويۇلىدۇ . كۆتەكنىڭ ئاستىنقى بىر تەرىپى ئويۇلغان بولۇپ ، بۇ ياغ تۆكۈي قويۇش ئورنى ھېسابلىنىدۇ . مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغان كۆتەك گۈندا دەپ ئاتىلىدۇ . ئاچا شەكىلدە ئۆسكەن قارىغاي ياغىچىدىن قايچا ياساپ گۈندىغا ئاچىنى تىرەپ قويىدۇ . ئاچىنىڭ كۆتىكى تەرەپنى ياپىلاق قىلىپ ئوتتۇرىسىغا بىر ئويۇق ئويۇپ ، ئويۇقتا قىلچاڭ دەپ ئاتايدىغان ياغاچنى تىك بېكىتىپ ، ئۇنىڭ ئۇچىغا ئېچىلغان تۆشۈككە چۈلۈك ياغاچ ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ ( ئۇنى پوتلا دەپ ئاتايدۇ) . قىلچاڭ ئۇچىغا بۆك دەپ ئاتىلىدىغان ياغاچ ئويمىنى يىپ ئارقان بىلەن تېڭىپ تۇرغۇزىدۇ . ئاندىن ئوق ياغاچنىڭ بىر ئۇچىنى گۈندىدىكى باچكىغا ، يۇقىرىقى ئۇچىنى چوتلا ياغاچقا تېڭىپ قويۇلغان ياغاچ ئويما ـــ بۆك ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويىدۇ . بۇنىڭ بىلەن تىك تۇرغان ئوق ياغاچ قايچا (ئاچا ) ياغاچنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ . گۈندىنى ئارىغا ئېلىپ تۇرغان قايچا ئاچىسىنىڭ تاشقى تەرىپىگە بويۇنتۇرۇق بېكىتىلگەن بولۇپ ، بۇنىڭغا ئات ياكى كالا قوشۇلىدۇ (جۇۋازغا كۆپرەك كالا قوشۇلىدۇ ) .

ماي چىقىرىش ئۇسۇلى : ماي چۈشىدىغان باچكا ئىچىگە مايلىق دان چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ھەيدەشتىن بۇرۇن قايچا ياغاچنىڭ كۆتەك تەرىپىگە تاش ئېلىپ قويىدۇ . تاش ئېغىرلىقى چوڭ تىك تۇرغان ئوق ياغاچ قىرىق بەش گرادۇسلۇق يانتۇلۇق ھاسىل قىلىدۇ . كالا ھەيدەلگەندە جۇۋازچى چىگىتنى ئوق ئاستىغا ئىتتىرىدۇ . ئوق تاشنىڭ ئېغىرلىق بېسىمى بىلەن چىگىتنى يانجىيدۇ . چىگىت كۈنجۈرىگە ئايلانغاندا مايلىق دان سېلىنىدۇ . جۇۋاز ئۆز ئوقىدا ئايلىنىدۇ ، ئوق ئاستىدا دان يانجىلىدۇ . دان يانجىلىپ بولغاندا ، چىغ بېسىلىدۇ . چىغنىڭ يانجىلىش بېسىمى ئارقىلىق داندىن ماي تامىدۇ . دان ۋە چىغ يانجىلىپ بولغاندا گۈندا ئىچىدە بىر قاتماللىق پەيدا بولىدۇ ، بۇنى جۇۋازچى بوشىتىۋېلىپ پارچىلاپ ، ئايلانما ئوق ئاستىغا باسىدۇ . بۇ چاغدا دەسلەپ جۇۋازچى قولى مايلىشىدۇ . ماي پىشقاندا ، قول قۇرۇقلىشىدۇ . جۇۋازچى بۇنىڭدىن مايىنىڭ ئېلىنىپ بولغانلىقىنى بىلىپ جۇۋازنى توختىتىدۇ .

ماي ئېلىپ ساقلاش ئۇسۇلى : بىر جۇۋاز كۈنىگە بىر قېتىم ئۇلاغ ئالماشتۇرۇش بىلەن ئون ـ ئون ئىككى كىلوگرام ماي ئالىدۇ . پىشقان مايىنى بەزىلەر ئوقنى چىقىرىۋېتىپ باچكىدىن سۈزۈۋالىدۇ . بەزىلەر گۈندا ئاستىدىكى ئويۇقتا قويۇلغان ماي قاچىسىغا ، باچكا ئاستىدىكى ماي چۈشۈش تۆشۈكىدىن چۈشۈرۈپ ئالىدۇ . جۇۋازدا ھەيدەلگەن ماي « پىششىق ماي » دېيىلىپ ، ئاسانلىقچە بۇزۇلۇپ قالمايدۇ . جۇۋاز ھەم كىشىلەر ئېھتىياجلىق بولغان ياغ مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ ھەم ھايۋانلارنى بورداش ئۈچۈن قۇۋۋەتلىك يەم ـ خەشەك بولغان كۈنجۈرە تەييارلايدۇ .

جۇۋازغا قاتىدىغان چارپايلار كەچكىچە جۇۋاز ئوقىنى مەركەز قىلىپ ، بۇ يولدا ئايلىنىۋېرىدىغان بولغاچقا ، ئادەتتە ئۇنىڭ كۆزىنى لاتا بىلەن باغلاپ قويىدۇ . (ش)

## مېۋە قۇرۇتۇش

يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى بولغان شىنجاڭ مېۋە ـ چېۋە ماكانى دېگەن نامى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ ، ئوتتۇرا ئاسىيا ، ياۋروپا ، ئوتتۇرا شەرق ، ھەتتا ئەرەب يېرىم ئارىلى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرنى قۇرۇتۇلغان ئۈزۈم ، گۈلە ، قاق ، جىگدە ، ياڭاق ، ھەرخىل بادام ، چىلان ، ئەينۇلا ، قارىئۆرۈك ، پىستە ، ئەنجۈر ، قوغۇن قېقى ، مېغىز ۋە ھەرخىل خورمىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلاردا مېۋە تۈرى كۆپ ، ئۇلارنى قۇرۇتۇش ئۇسۇلىمۇ مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە . ئۇيغۇر باغۋەنلىرى ئادەتتىكى ئۆرۈك ۋە شاپتۇلنى كاۋاكشىغان مەزگىلدە ئۈزۈپ ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتىدۇ . ئۆرۈكتىن

قاق ( گۆلە ) تەييارلاش ئۇسۇللىرى خىلمۇ خىل بولۇپ، سۈپەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بىرىنچى دەرىجىلىك خۇۋەينى ئۆرۈكنى مەي باغلاش ئالدىدا قېقىۋېلىپ ئۇنى شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان جايدا كۈنگە كۆرسەتمەي، نەم تەگكۈزمەي قۇرۇتىدۇ. بۇخىل گۆلە سۈزۈك، قارامتۇل گۆشلۈك قۇرۇيدۇ، قۇرۇش جەريانىدا شىرە باغلايدۇ. يەنە بەزىدە ئادەتتىكى خۇۋەينى ئۆرۈك ياكى باشقا سورتتىكى ئۆرۈكلەرنى مەي باغلاش ئالدىدا قېقىۋېلىپ شور تۇزنى قايىنتىپ سوۋۇتۇپ چويلا بىلەن تۇزغا سېلىپ بورىغا يېيىپ قۇرۇتىدۇ. بۇ خىل گۆلىگە چىۋىن قونمايدۇ، قۇرتلىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈزۈك قۇرۇيدۇ. قۇرت چۈشمەسلىك ئۈچۈن قۇرۇتۇلغان گۆلە قاچىسىغا شور تۇزنى چوقۇپ سېلىپ قويىدۇ.

گۆلىدىن باشقا ئۆرۈك خورمىسى تەييارلاش ئۇيغۇر باغۋەنچىلىك ئىگىلىكىدە بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇ ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ ئىچىدە مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۆرۈك خورمىسىنىڭ تۈرى كۆپ خىل بولۇپ، ئاساسەن مېغىزلىق خورما، مېغىزسىز خورما، ئىسلانغان خورما، ئىسلانمىغان خورما دەپ تۆت خىلغا بۆلۈنىدۇ.

ئۆرۈك شىرنە يىغىشتىن ئىلگىرى قېقىۋېلىنىپ سېۋەت بىلەن يۇيۇپ سۈيى ساقىپ بولغاندىن كېيىن بورا ئۈستىگە تەكشى يېيىلىدۇ. ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئاپتاپتا تۇرغاندىن كېيىن، سولىشىپ مەي باغلىغاندا ئۇنىڭ ئۈچكىسىنى ئاجرىتىۋېلىنىپ قول بىلەن يۇملاقلاپ يەنە بورا ئۈستىگە تىزىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىگە بىر تالدىن مېغىز سېلىپ قۇرۇتۇلسا مېغىزلىق خورما بولىدۇ. بۇنداق خورما تۇق جىگەررەڭ بولۇپ، تەمى شېرىن، تەبىئىتى ئىسسىق بولىدۇ. مېغىزلىق خورمىنىڭ قىممىتى مېغىزسىز خورمىغا قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ. ئىسلانغان خورما قۇرۇتۇش مۇنداق بولىدۇ: ئالدى بىلەن قۇرۇتۇش خۇمدانى ياسىلىدۇ. خۇمدان ئوتتۇرىسىغا قازان ئېسىپ قويۇلىدۇ. يۇيۇپ قۇرۇتۇلغان ئۆرۈكنى سېۋەت بىلەن يېرىم مېتر ئېگىزلىكتە تىزىلغان تاختاي ئۈستىگە دەستىلەپ تىزىدۇ، بىر خۇمدانغا ئوتتۇز ـ قىرىق سېۋەت، ھەربىر سېۋەتتە قىرىق ـ ئەللىك كىلوگرامغىچە ئۆرۈك بولىدۇ. سېۋەت تىزىلىپ بولغاندىن كېيىن سەككىز يۈز گرام ئەتراپىدا گۈڭگۈرت پوقىنى خۇمداندىكى قازانغا سېلىپ، خۇمدان ئىشىكىنى شامال كىرمەيدىغان قىلىپ يىم ئېتىپ لاي بىلەن سۇۋاپ، خۇمدان ئاستىدىن ئوت يېقىلىدۇ. قازان قىزىپ گۈڭگۈرت پوقى ئىس چىقىرىدۇ. گۈڭگۈرت پوقى بىر سوتكىدا كۆيۈپ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىسىدا ئۆرۈكلەر ئىسلىنىپ سارغىيىدۇ. بىر سوتكىدىن كېيىن خۇمداننىڭ ئاغزىنى ئېچىپ سېۋەتتىكى ئىسلانغان ئۆرۈكلەرنى كۈن چۈشۈپ تۇرىدىغان مەيدانغا سېلىنغان بورا ئۈستىگە تەكشى يېيىلىدۇ. ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئاپتاپتا تۇرغاندىن كېيىن ئۈچكىسىنى ئېلىۋېتىپ تەڭگىسىمان قىلىپ خورما ياسىلىدۇ. كۈن ياخشى بولسا بىر ھەپتىدە خورما قۇرۇپ سارغىيىدۇ. بۇنداق خورما رەڭدار ۋە سۈپەتلىك بولۇپ، تەمى چۈچۈمەل، تەبىئىتى مۆتىدىل بولىدۇ.

شاپتۇل قېقى تەييارلاشمۇ ئىسلانمىغان ئۆرۈك خورمىسى تەييارلاشقا ئوخشىشىدۇ. شاپتۇل قېقىنىڭ تەبىئىتى سوغۇق بولۇپ، ئىسسىق تۇتۇپ قالغان كىشىلەر ئۇنى يېسە ياكى قايىنتىپ سۈيىنى ئىچسە داۋالاش رولىنى ئوينايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلار قوغۇن، ئەنجۈر، قارىئۆرۈك، ئۈزۈم، ئەينۇلا، چىلان، ئۈجمە قاتارلىق ھەرخىل مېۋىلەرنىڭ ھەممىسنى ئوخشاشمىغان ئۇسۇللار بىلەن قۇرۇتۇپ، ئۇنىڭدىن قاق تەييارلايدۇ. قۇرۇق يېمىش شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئېكسپورت تاۋارلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن. (ش. ئا)

## رەڭچىلىك

رەڭچىلىك ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مىلادىدىن خېلى بۇرۇن بارلىققا كەلگەن ھۈنەر ـ سەنئەتلەرنىڭ بىرى.

قۇمۇلدىكى بەشقەلئە خارابىسىدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1200 ـ يىللارغا تەئەللۇق رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىلاردىن سەككىزخىل رەڭدار يىپتا توقۇلغان يۇڭ چەكمەن، توقۇزسارا‌ي خارابىسىدىن قىزىل، كۆك،

سېرىق ، ئاق رەڭلەرنى تەڭشەش ئارقىلىق چۈجە سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ، شاپتۇل چېچىكىنىڭ بەرگىسى كەشتىلەنگەن يۇڭ پالاسلار ، نىيە خارابىسىدىن يىل دەۋرى بۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ سەككىز يۈز يىل ئىلگىرى دەپ بېكىتىلگەن رەڭدار پالاس ، ئۈزۈم سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن چەكمەن ، يەنە كەشتىلىك ئەينەك قېپى ( كەشتىنىڭ تېگى يېشىل ، قىرغىقىغا جىگەررەڭ شايىدىن جىيەك توقۇلغان سېرىق ، كۆك ، سۆسۈن ، قارا ، قوڭۇر رەڭلەردە يۇمىلاق گۈللەر شەكلى چۈشۈرۈلگەن ) پەرداز قۇتىسى ۋە خىلمۇ خىل رەڭدار يىپلار تېپىلدى . بۇلار ئۇيغۇرلاردا رەڭ ئىشلەش سەنئىتىنىڭ خېلى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ .

ئۇيغۇر بوياقچىلىق رىسالىسىدە : « خۇدا بىر يىلنى ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش كۈن قىلىپ ياراتتى . پىرى كامىللار ھەر كۈنى خۇدانىڭ مۆجىزىسىدىن بىرىنى تاللاپ ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش مۆجىزىدىن يەتمىش ئىككى خىل رەڭ كەلتۈرۈپ بۇ كەسىپنى راۋاج ئەتتى ... » دېيىلىدۇ .

ئۇيغۇرلار شاپتۇل چېچىكى ، يۇلغۇن چېچىكى ، ئانارگۈلى ، ئانار پوستى ، زاراڭزا چېچىكى ، گۈلسۇرۇخ ، لەيلىگۈل ، ياڭاق پوستى ، ئوردان ، جىگدە پوستى ، تۇخۇمەك ، ئۈجمە قوۋزىقى ، ئۆرۈك قوۋزىقى ، سېرىق سەبدە ، كېۋەز غوزىسى . زاك ، زەمچە ، كاتاپ ، ئىتئۇزۇمى ، تاجىگۈل ، ئازغان قاتارلىق گۈل ـ گىياھلار ھەرخىل مېۋە ـ چېچەكلىرى ، سۇمۇق ( كالىي ئاليۇمىن سۇلفات ) ، كۆكتاش ( مىس سۇلفات ) ، گىل ( مانگان II X ئوكسىدى ) ، قىزىل تاش رەڭ ( قىزىل تۆمۈر درودىسى ) دەرەخ پورلىرى ، ئۆسۈملۈك يىلتىزى ، رەڭلىك توپا ، سىغىز قاتارلىق تەبىئىي خام ئەشيالارنى مەنبە قىلىپ ، گۇڭگۇرت پوقى شاپتۇل چېچىكى ، گۆش رەڭ ، زانكا ، زەيتۇنە ، ئانارگۈلى ، توق قىزىل ، ئاچ سېرىق ، قارا ، سوسىيە ، توق سېرىق ، نەش رەڭ ، كاۋا چېچىكى ، يېشىل ، ھاۋا رەڭ ، سۇس ھاۋارەڭ ، قارا قىزىل ، قارا كۆك قاتارلىق نەچچە ئون خىل رەڭ ۋە خىلمۇ خىل سىر پەرداز بويۇملىرى ئىشلىگەن .

رەڭ ئىشلەش ئۇسۇلى : ئوخشاش تىپتىكى گۈل ـ چېچەكلەر دەرەخ قوۋزىقى ، مېۋە پوستى قاتارلىقلارنىڭ قايناتما بىرىكمىسىدىن خىلمۇ خىل رەڭ ئالغان . مەسىلەن ، تۇخۇمەك گۈلى ، ئىنەكپىتى (ئابدىمىلىك)، قارىقات ، ئالىقات ، ئاق يانتاق ئۇرۇقى بىرىكمىسىدىن قارا كۆك رەڭ ، ئاق تېرەك پورىدىن پوررەڭ ، قارىغاي يېلىمى ، ھەشقىپېچەك گۈلى ، نۆشۈدۈردىن ئاق رەڭ ، ئازغان ئۇرۇقىدىن قىزىل رەڭ ، پىياز پوستىدىن يېشىل ـ كۆك رەڭ ، تۇزتېشى ۋە باشقا . ھەرخىل رودىلاردىن كۆك ، يېشىل ، زەڭگەر رەڭ ، زىرىق ئۇرۇقىدىن قىزىل رەڭ ، قارا ئۈجمە ، قۇرۇم قاتارلىقلاردىن قارا رەڭ ، يۇلغۇن چېچىكى ، ئانار پوستلىرىدىن ئۆز رەڭگىدە رەڭ ، ئوردان بىلەن ياڭاق پوستى بىرىكمىسىدىن جىگەر رەڭ ، ئىتئۇزۇمى بىلەن تاجىگۈل چېچىكى بىرىكمىسىدىن ئاچ قىزىل رەڭلەر ئىشلىگەن ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، خوتەن قاراڭغۇ تاغ ، ئالتۇنتاغ باغرىدا ئۆسىدىغان ھەرخىل گۈل ـ گىياھلاردىن خىلمۇ خىل رەڭ ئالغان .

ئۇيغۇرلار ھەرخىل پەرداز بۇيۇملىرىنى ئىشلەشكىمۇ ماھىر بولغان ، ئۇلار لەۋسۇرۇخ ، مەڭز سۇرۇخ ، يىتقاق سۇرۇخ ، قاشلىق ، چاچ مېيى قاتارلىقلارنى خېلى بۇرۇنلا ئىشلىگەن . مەسىلەن ، زاراڭزا چېچىكىنى مەلھەم قىلىپ نۆكچە ھالىتىدە لەۋسۇرۇخ ، مەڭز سۇرۇخ (ئەڭلىك ) ئىشلىسە ، گۈلسۇرۇخ بەرگىسىنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تەبىئىي ئۇپا ياسىغان . خېنىگە مەلۇم نىسبەتتە زەمچە ئارىلاشتۇرۇپ قول ـ پۇت خېنىسى ، ئوسما مەلھىمىدىن قاش قارىسى ، شاپتۇل مېغىزى ، تۇخۇم سېرىقى ، سىيادان مېيى ئارىلاشمىسىدىن چاچ مېيى ياسىغان .

ئۇيغۇرلار قايسى خىل گۈل ـ چېچەكتىن رەڭ ئالسا ، رەڭگىنى شۇ گۈل چېچەك ئىسمى بىلەن ئاتىغان . مەسىلەن ، ئانارگۈلى ، شاپتۇل چېچىكى ، يۇلغۇن چېچىكى ، پوررەڭ ، نىل رەڭ ، كاۋا چېچىكى رەڭ ... دېگەنلەرگە ئوخشاش . ( ش )

## سەرراپلىق

ئۇيغۇر سودىسى ئىچىدە ئاساسىي سالماق ئىگىلەيدىغان سەرراپلىقتىن ئىبارەت ئالتۇن ، كۈمۈش ،

يامبۇ، تىللا ۋە چەت ئەل پۇلى، بىرىليانت، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، لەئلى ـ جاۋاھىر، ياقۇت قاتارلىق قىممەت باھالىق مال تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر خىل كەسىپ بار. بۇ كەسىپ كۆرۈنۈشتە، ئالتۇن، كۈمۈش سېتىپ پايدا كۆرىدىغان تىجارەتتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان، شۇنداقلا مال باھاسىنىڭ مۇقىملىقىغا كېپىللىك قىلىدىغان يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە بىر خىل كەسىپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر سەرراپلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى: ئازادلىقتىچە سەرراپلىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يۇقىرى ئىناۋەتلىك بىر خىل كەسىپ بولۇپ، ئۇ ئەينى دەۋردە دۆلەت مالىيە كۆچىگە خېلى زور تەسىر كۆرسەتكەن.

سەرراپلارنىڭ تىجارەت ئۇسۇلى: ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەردە تىللا سارىيى، ئالتۇن سارىيى، سەرراپ بازىرى دېگەن مەخسۇس بازار، سارايلار بولىدۇ. چوڭ سەرراپلار ساراي ـ ھۇجرىلاردا مەخسۇس دۇكان ئاچىدۇ. ئۇششاق تىجارەت قىلغۇچى (سەرراپلار بۇلارنىڭ بەزىلىرى چوڭ سەرراپلارنىڭ سېتىۋالغۇچى، بازارنى كۆزىتىش خادىملىرى) ھازىرقى پاي چېكى بازىرىغا ئوخشاش ئالتۇن، كۈمۈش، يامبۇ، ئالتۇن ئاسقىلارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ باھا تالاشتۇرۇپ ساتىدۇ. ئۇلار يەنە چەت ئەل پۇلىنىڭ ئىناۋىتى (قىممىتى) نى ساقلايدۇ.

شىنجاڭ ئۆلكە بولغاندىن باشلاپ 1949 ـ يىلغىچە چىقىرىلغان ھۆكۈمەت پۇلىمۇ كۈمۈش قىممىتىگە سۇندۇرۇلغان. مەسىلەن، بىر سەر تەڭگە تۆت يۈز داچەن ھېسابلىنىپ، تۆت يۈز داچەنگە تەڭ بىر سەرلىك قەغەز پۇل چىقىرىلغان. ھۆكۈمەت قەغەز پۇلنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاش ئۈچۈن سەرراپلارغا موھتاج بولۇپ كەلگەن. مۇبادا كۈمۈش باھاسى ئۆسسە، قەغەز پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ ھۆكۈمەت زىيانغا ئۇچرىغان. شۇڭا سەرراپلار ئۆتمۈشتە دۆلەت مالىيە كۈچىنىڭ مۇھىم يۆلەنچۈكى بولغان.

ئۆتمۈشتە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مال باھاسى سەرراپ بازىرىدىن ئالتۇن ـ كۈمۈش باھاسىنى ئاساس قىلغان ۋە بۇ ئارقىلىق پۇل پاخاللىقى ۋە مال باھاسىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆرلەپ كېتىشىدەك ئىقتىسادىي مۇقىمسىزلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينىغان. (ش)

## ھاممام

ھاممام دېگەن سۆز ھازىرقى زامان تىلىدا پارلىق مۇنچا دېگەندىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلار ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن مەزگىللەردە كۆپرەك تاغلىق دالا، قارلىق ئورمانلاردا ماكانلاشقان. تاش تىزىپ ئوچاق ياساپ تاماق ئەتكەن، قازاندىن تاشقان سۇ، تاشقا چۈشۈپ ھور ھاسىل قىلغان، بۇ ئەمەلىيەتكە ئاساسەن، ئۇلار كېيىن شەھەرلىشىپ دېھقانچىلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن، ئالىلۇي تاش ھاممام ياساپ تازىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلەتكەن. كېيىنكى سودا تەرەققىياتى نەتىجىسىدە پەيدا قىلىنغان ئاۋات كوچا بازارلاردا بىر قەدەر مۇكەممەل ھامماملارنى سېلىپ، ئۇلۇغ كارۋان يولىنىڭ قوناقلىرى، سودا كارۋانلىرى، ساياھەتچىلەرنىڭ يۇيۇنۇشىغا ئىمكان ياراتقان ۋە ھاممامدىن ئىبارەت بۇ تازىلىق مۇئەسسەسەنىڭ جاھانغا تارقىلىشىغا بەلگىلىك ئاساس ياراتقان.

ئۇيغۇر ھامماملىرى بىر كىشىلىك يۇيۇنۇش ئۆيى ۋە كۆپ كىشىلىك ھورلىنىش ئۆيىدىن ئىبارەت قۇرۇلمىغا ئىگە. ئۇيغۇرلار ئىككىنچى بىر كىشى بار جايدا يالىڭاچ يۇيۇنۇشنى ئەدەبسىزلىك ھېسابلايدۇ. شۇڭا ئايرىم ئۆيدە يۇيۇنىدۇ. ئايرىم ئۆيلەر قاتار سېلىنغان بولۇپ، ھەممە ئۆينىڭ ئۈستىدىن سۇ ئىسسىتىدىغان قازانغا تۇتاشتۇرۇلغان چاقچۇق (ساپال) نور ئۆتىدۇ. ھەر بىر ئۆي ئۈستىدە نورنىڭ سۇ چۈشۈش تۆشۈكى بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر تال شۇمەك بېكىتىلگەن بولىدۇ. قازاندىن چىققان سۇ داۋاملىق نور ئىچىدە ئايلىنىپ تۇرىدۇ، قايسى ئۆي لازىم قىلماق بولسا جۈمەكنى ئوڭغا بۇرايدۇ. نوردىكى سۇ جۈمەك ئارقىلىق چۈشىدۇ. سولغا بۇرىغاندا جۈمەك ئاغزى نورغا تاقىلىپ سۇ توختايدۇ، سۇ بىلەن بەدەننى بىر قەدەر يۇيۇپ بولغانلار ئالدى ـ ئارقىسىنى لۆڭگە بىلەن يۆگەپ ھورلىنىش ئۆيىگە چىقىدۇ. ھورلىنىش ئۆيى چوڭ سېلىنغان بولۇپ، ئورۇندۇق ۋە

كارىۋاتلار قويۇلغان بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا تاش قىزىتىش
سۇپىسى بولىدۇ. سۇپىنىڭ ئاستى ئوچاق بولۇپ، قالىـ
غان ئوت تاشنى ئىسسىتىدۇ. تۈتۈنى ئوچاق ئاستىدىن
چىقىپ كېتىدۇ، تاش قىزىقى ئۆينى يۇقىرى ھارارەتتە
قىزىتىپ كىشىلەر بەدىنىنى تەرلىتىپ كىر يۇمشىتىدۇ.
كۆپ ھاللاردا تاشقا سۇ سېپىپ نەملىك ھور پەيدا قىـ
لىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تەرلەش يۇقىرى دەرىجىگە چىقىپ
كىرلەر ئۆزلۈكىدىن يۇمشايدۇ. ھورلىنىش ئۆيىدە بەش
يۈز يەتمىش ئۈچ، خاتەمچىلار ( بەدەننى سۈرتۈپ
قويغۇچىلار ) بولىدۇ. خالىغانلارنىڭ بەدەنلىرىنى سۈر-
تۈپ مۇلازىمەت قىلىدۇ. ھورلىنىپ بولغانلار قايتا
يۇيۇنۇپ چىقىدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەر ـ ئايال ھامـ
ماملىرى ئايرىم تەسىس قىلىنغان. ئۇيغۇر ھاماملىرى تېز
كىر چىقىرىش، بەدەن يەڭگىللىتىش، سوغۇقتىن
ساقلاش، ئۇستىخان ئاغرىقلىرىغا داۋا بولۇش خۇسۇسىـ
يىتىگە ئىگە. يەرلىك شەكىلدە ياسالغان مۇنداق ھاماملار
ھازىر زامانىۋى مۇنچىلارغا ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، لېكىن
ئۇنىڭ ئەينى تارىخىي دەۋرلەردىكى رولىنى ئۇنتۇماسلىقىـ
مىز كېرەك.

ھاماملارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ئائىت
سەئىدىيە سۇلالىسىنىڭ ( 1533 ــ 1559 ) ئابدۇرېشىتخان
سۇلتانلىقى دەۋرىدە يېزىلغان بىر يازما يادنامىدا : « بەش
يۈز سەكسەن بەش مەھەللە مەسچىتى، تۆت يۈز ئوتتۇز
يەتتە ھامام، بىر مىڭ ئالتە يۈز توقسان مەكتەپخانا،
بەش يۈز يەتمىش ئۈچ مەدرىس (يۇقىرى بىلىم يۇرتى)،
بىر مىڭ يەتتە يۈز ئوتتۇز ئالتە كارۋان سارىيى ...
(قىسقارتىلدى ) » بارلىقى يېزىلغان.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىن كېيىن بۇ خىل
مەدەنىي ئەسلىھەلەر ۋەيران قىلىنىپ گۇلاخ ( كۆل خانا )
قا ئايلانغان، كېيىنكى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار بىر كىشىلىكتىن
يۇيۇنۇش ئۆيى ياساپ سەرراپ دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭغا
چېلەك تاپالمىغانلار كوزا، قاپاق بىلەن سۇ ئېسىپ يۇيۇ-
نۇش ئۆيىنى بەرپا قىلغان، شۇ كۈنلەردە تۇرۇبىلاشقان
سەرراپلار مۇنچا دېگەن نام بىلەن ئىشقا كىرىشتى. ئۇيـ
غۇرلاردا يۇيۇنۇش ئادىتى، ئەر ـ ئايال بىرلىكتە يۇيۇنۇش
مەنئى قىلىنغان ۋە مەيلى ئەرلەر ياكى ئاياللار بىرلىكتە
يالىڭاچ يۇيۇنۇش نومۇس دەپ بىلىدۇ. ئادەتتە ئۇيغۇرلار
تازىلىق ئۈچۈن ۋە ئەر ـ ئايال مۇناسىۋەتتىن كېيىن
يۇيۇنىدۇ. ھەرقانداق ھامام، سەرراپلاردا جىنسىي ئەزا
مويلىرىنى ئېلىش ئەسۋابى بولىدۇ. جىنسىي ئەزا مويلىرى
تازىلىنىدۇ. (ش)

# ئىككىنچى قىسىم

# ئىجتىمائىي ئادەتلەر

# VI ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىله ، كىشىلىك مۇناسىۋەت ئادەتلىرى

## ئائىله ۋە قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت

ئائىله دېگىنىمىز ـ نىكاھ مۇناسىۋىتىدىن شەكىللەنگەن ئورتاق گەۋدىنى كۆرسىتىدۇ . مۇشۇ ئورتاق گەۋدە ئىچىدىكى ئەزالارنىڭ مۇناسىۋىتى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت دېيىلىدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتمائىي تارىخىدا قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت ئائىله مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئاساسىي ئامىل بولغاچقا ، ئائىله مۇناسىۋىتى كۆپلىگەن مۇرەككەپ ھادىسىلەرنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ . بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى ئائىله ئەزالىرىنىڭ ئورنى ۋە دەرىجىسىدە كۆرۈلىدىغان روشەن پەرقلەردىن ئىبارەت .

خۇددى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئۇيغۇرلارمۇ ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىل فېئوداللىق ھاكىمىيەت كونتروللۇقىدا ياشىغاچقا ، ئۇلارنىڭ ئائىلىۋى ئادەتلىرىدە ئاتىلىق قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تەسىرى قويۇق ئەكس ئېتىلگەن . يەنى ئائىله باشلىقى ئەرگە مەنسۇپ بولۇپ ، ئۇنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى ۋە ھوقۇقى چوڭ بولغان . قالغان ئائىله ئەزالىرى ئەنە شۇ ئائىله باشلىقىنىڭ ھۆكۈمىگە مۇتلەق بويسۇنۇش شەرت قىلىنغان . بۇ ھال ئائىلىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىش تەقسىماتى ، ۋارىسلىق ھوقۇقى ، ئائىلىنىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئەكس ئەتكەن . مەسىلەن ، ئۇيغۇرلاردا بىر ئائىلىگە نىسبەتەن بارلىق ئىقتىسادىي ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ، بىر تەرەپ قىلىش ، ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئىقتىسادىي ئىشلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى ئائىله باشلىقى بولغان ئەرگە خاس بولۇپ ، باشقا ئائىله ئەزالىرى ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ . ئەگەر ئائىله باشلىقى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ئەر ئۆلۈپ كەتكەن بولسا ياكى مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىپ ، ئۇزاق مەزگىل قايتىپ كېلەلمىگەن بولسا ، ئائىلىگە مۇناسىۋەتلىك يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى جامائەتنىڭ كېپىللىكى ۋە گۇۋاھلىقى ئاستىدا شۇ ئائىلىنىڭ چوڭ ئوغلى ( ئەگەر شۇ ئائىلىدە ئوغۇل بالا بولمىسا ئائىله باشلىقىنىڭ ئايالى ) ۋەكالىتەن بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ .

ئائىله ئىقتىسادىي مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتە ئۇيغۇرلار ئومۇمەن ئىسلام شەرىئىتىدە بەلگىلەنگەن مىراس ئايرىش بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلغان ، يەنى ئائىله ئەزالىرى ئىچىدىكى ئەر بىر ئوق ، ئايال يېرىم ئوق نىسبىتى بويىچە مىراس ئايرىلغان . شۇ ئۆينىڭ بىر قىسىم پارچە مۈلۈكلىرى ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ، قاچا ـ قۇچا ، قازان ـ قومۇچ ، ئۆي جابدۇقلىرى مىراسنىڭ سىرتىدا بولۇپ ، ئۇ نەرسىلەر شۇ ئائىلىنىڭ چىرىغىنى يورۇتقان ئوغۇلغا قالدۇرۇلىدۇ . ناۋادا ئاتا ـ ئانا ھاياتلىقىدا بېقىۋالغان نەۋرە ـ چەۋرىلەر ۋە باشقىلار بولسا ، ئۇلار مۇشۇ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە قېرىنداش بىر تۇغقانلارغا ئوخشاش ئائىله مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ .

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئوغۇل بالا چوڭ بولۇپ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن دەرھال ئۆي ئايرىمايدۇ . ئەگەر ئۆي ئايرىپ قويۇشقا توغرا كەلگەندە ، ئاتا ـ ئانىسى ھايات بولسىلا ئۇنىڭ ئىقتىسادىي كىرىم ـ چىقىمى ۋە ھاياتلىق مەنبەسى چوڭ ئائىلىگە باغلانغان بولىدۇ . ئاتا ـ ئانىسى ھايات تۇرۇپ مىراس تەلەپ قىلىش جامائەتچىلىك ئىچىدە قاتتىق ئەيىب ھېسابلىنىدۇ . بالىلار چوڭ بولۇپ ئۆي ئايرىغاندا ، كىچىك ئوغۇل ( كەنجى ئوغۇل ) ئاتا ـ ئانىسىغا ھەمراھ بولۇپ ، شۇ ئائىلىنىڭ چىرىغىنى يورۇتىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلىگەن ئۇيغۇر چۆچەكلىرى ۋە داستانلىرىدا كەنجى ئوغۇلنى باتۇر ۋە دانىشمەن سۈپىتىدە ئۇلۇغلاش ئەنئەنىسى ئالغا سۈرۈلگەن .

ئۇيغۇر جەمئىيىتى بۇرۇنراق فېئوداللىزمغا كۆچـ

كەنلىكى ئۇچۇن ئۇلارنىڭ ئائىلە قۇرۇلمىسىدا ئۇرۇقچىلىق ۋە قەبىلىچىلىك ھاياتىنىڭ تەسىرلىرى كۆرۈنەرلىك ئورۇندا ئەمەس . شۇ سەۋەبتىن ئەۋلاد ـ ئەجدادلارنىڭ نامىنى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسى-
ۋەت باغلىنىشىنى پەرقلەندۈرىدىغان ئاتالغۇلارمۇ كۆرۈنەرلىك ئەمەس . يەنە ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەر ۋە ئايال تەرەپ تۇغقانلىرىنىڭ نامى بەزى مىللەتلەردىكىدەك مەخسۇس ئاتالغۇ بىلەن ئەمەس ، بەلكى « چوڭ »، « كىچىك » دېگەنگە ئوخشاش سۈپەتلەرنى قوشۇش ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلگەن ، مە-
سىلەن :

دادىنىڭ ئاكىسى — چوڭ تاغا ( بەزى جايلاردا چوڭ ئاتا )

دادىنىڭ ئىنىسى — كىچىك تاغا ( بەزى جايلاردا كىچىك ئاتا )

دادىنىڭ ئاچىسى — چوڭ هاما ( بەزى جايلاردا چوڭ ئاپا)

دادىنىڭ سىڭلىسى — كىچىك هاما ( هاماچا ، بەزى جايلاردا كىچىك ئاپا ) دېگەنلەرگە ئوخشاش . ئەمما «تۈركىي تىللار دىۋانى » دا ئۇيغۇرلاردىمۇ ۋا-
ستىلىك تۇغقانلارنىڭ مەخسۇس نامى بولغانلىقى ھەققىدە بەزى مەلۇماتلار بار .

ئالايلۇق :

yuyq— خوتۇننىڭ ئىنىسى ، يەنى ئەرنىڭ قېيىن ئىنىسى

ini— خوتۇنغا نىسبەتەن ئەرنىڭ ئۆزىدىن كىچىك ئۇكىسى

iqi— خوتۇنغا نىسبەتەن يېشى ئۆزىدىن چوڭ بولسا « iqi » بولىدۇ .

sinil— ئەرنىڭ ئۆزىدىن كىچىك قىز قېرىندىشى

baldiz— ئەرگە نىسبەتەن خوتۇننىڭ ئۆزىدىن كىچىك قىز قېرىندىشى

aga— ئەرگە نىسبەتەن خوتۇننىڭ ئۆزىدىن چوڭ قىز قېرىندىشى ( مەھمۇت قەشقەرى : « تۈركىي تىللار دىۋانى » Ⅲ توم ، 7 ـ بەت )

ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە « مەن » نى مەركەز قىلىپ يۇقىرىغا سانىغاندا ، دادىسى بىلەن ئانىسىغىچە بىر ئەجداد ، چوڭ دادىسى بىلەن چوڭ ئانىسىغىچە ئىككى ئەجداد ، بوۋىسى بىلەن مومىسىغىچە ئۈچ ئەجداد ، چوڭ بوۋىسى بىلەن چوڭ مومىسىغىچە تۆت ئەجداد ... ھېسابلىنىدۇ .

« مەن » دىن تۆۋەنگە سانىغاندا ، ئوغۇل ـ قىز-
لىرى بىر ئەۋلاد ، نەۋرىلىرى ئىككى ئەۋلاد ، ئەۋرىلىرى ئۈچ ئەۋلاد ، چەۋرىلىرى تۆت ئەۋلاد ، پەي نەۋرىلىرى بەش ئەۋلاد ... ھېسابلىنىدۇ . شۇنداق قىلىپ توققۇز ئەۋلاد بىۋاستە قېرىنداشلىق كاتېگورىيىسىنى تەشكىل قىلىدۇ . بۇ بىۋاستە قېرىنداشلار ئارا نىكاھلىنىش چەكلىنىدۇ . ( ئا )

## ئائىلە ئىستىلى ۋە ئائىلە تەربىيىسى

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ئائىلە ئىستىلىغا يۇكسەك ئې-
تىبار بىلەن قاراشقا ئادەتلەنگەن ، چۈنكى ئۇلار ئائىلە ئىستىلىنىڭ توغرا ياكى خاتا بولۇش ئۆز ئائىلىسىنىڭ روناق تېپىشى ياكى ۋەيران بولۇشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ ، دەپ قارايدۇ . شۇ سەۋەبتىن ھەرقانداق بىر ئائىلىنىڭ ئەزاسى شۇ ئائىلىنىڭ ئورتاق ئىستىلى بەلگىلىگەن دائىرە ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ . ئا-
ئىلىگە مەنسۇپ ئورتاق ئىستىل ھەربىر ئائىلىدە ئەنئەنىۋى ھالدا شەكىللەنگەن بىر خىل ئىجتىمائىي ئا-
دەت بولۇپ ، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ . ئائىلە ئىستىلى ئائىلە تەربىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ . ئۇيغۇرلاردا ئائىلە تەربىيىسى مۇنداق ئىككى مۇھىم مەز-
مۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ : بىرى ، ئەخلاقىي تەربىيىگە ئەھمىيەت بىلەن قاراش ؛ يەنە بىرى ، ئائىلە شەجەرى-
سىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، ئەۋلادلارنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە دىققەت قىلىشتىن ئىبارەت .

ئائىلە ئەزالىرىغا ئەخلاقىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئاتا ـ ئانىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس بۇرچى بولۇپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە كۆز قارىشىدا «ئاتىنىڭ ئىزى بالىغا قالىدۇ » دېگەن ئەقىدە ناھايىتى كۈچلۈك . شۇ سەۋەبتىن قائىدە ـ يوسۇن بىلمەيدىغان

ئەدەبسىز بالىلار چىقىپسا ، كىشىلەر ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ئەيىبلەيدۇ ، « چاقتا گۇناھ يوق ، شادىسى بۇزۇق ، قىزدا گۇناھ يوق ، ئانىسى بۇزۇق » دېگەن ماقال ئەنە شۇ ئەنئەنىۋى قاراشتىن چىققان .

ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە يۈرگۈزۈلىدىغان ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ مەزمۇنى ۋە دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ ، ئومۇمەن ئائىلە ئەزالىرىنى ئەمگەكچان ، راستچىل ، ئۆز-ئارا كۆيۈمچان ، ئاق كۆڭۈل ، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ، ئەھلى مۇسۇلمان قىلىپ تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ . ئوغۇل بالىنى تەربىيىلەشنى ئاساسەن دادا ، قىز بالىنى تەربىيىلەشنى بولسا ئانا ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن دادا بولغۇچى ئوغلىنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئارقىسىغا ئەگەشتۈرۈپ جەمئىيەت بىلەن كۆپرەك ئۇچراشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ ، ئەدەب ـ ئەخلاق ئۆگىتىدىغان سورۇنلارغا بىرگە ئېلىپ بارىدۇ . ئۆيگە مېھمان كەلسە ، بالىسىنى چاقىرىپ مېھمانغا ئەدەب بىلەن سالام بېرىشكە دەۋەت قىلىدۇ ، مېھماننىڭ قولىغا سۇ بېرىشنى مەقسەتلىك ھالدا بالىغا تاپشۇرىدۇ ۋە باشقىلار . ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدە قىز بالا ھامان « تالانىڭ ئادىمى »، يەنى باشقا ئائىلىگە « بالا » بولىدىغان بولغاچقا ، قىز بالىنىڭ تەربىيىسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ . شۇ سەۋەبتىن ئانا بولغۇچى قىز بالىغا كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئۆي تازىلىقى ، كىر ـ قات يۇيۇش ، تاماق ئېتىش ، تىكىمچىلىك قاتارلىق ئىشلارغا ئۆگىتىدۇ .

قىسقىسى ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلگەن بىر يۈرۈش ئائىلە قائىدە ـ يوسۇنلىرى تۇرغۇزۇلغان بولۇپ ، كېيىنچە ئىسلام دىنىنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاق مىزانلىرى بىلەن زىچ بىرلىشىپ ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مىللىي ئەخلاق ئادىتىگە ئايلانغان . بۇنداق ئادەتلەر ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك يازما ئەدەبىياتتا روشەن ئەكس ئېتىلگەن . مەسىلەن ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك » داستانىدا مۇنداق بېيىتلار ئۇچرايدۇ :

110 . تولا كونا بىر سۆز مەسەلدە كېلۇر ،
ئاتا ئورنى ، ئاتى ئوغۇلغا قالۇر .

246 . كىشى ياخشى ئات بىرلە ئالقىش ئالۇر ،
يامان ئاتلىق ئولسا ، ئۇ قارغىش ئالۇر .
1664 . دۇرۇسلۇق ، ئۇيات ھەم بۇ ياخشى قىلىق ،
بىرىكسە بۇ ئۈچى بولۇر خۇشچىلىق .
1951 . ئەقىللىك كېرەك ھەم بىلىملىك كېرەك ،
سېخىيلىق كېرەك ھەم سىلىقلىق كېرەك .
4276 . خۇشال ھاياتتا ياشايمەن دېسەڭ ،
تىرىشقىن ، ھەسەتتىن يىراق بول ئۆزۈڭ .
4509 . ئوغۇلنى بىكار ـ بوش يۈرمە سەن قويۇپ ،
بىكارچى بولۇر ئۇ لاغايلاپ يۈرۈپ .
4506 . ئوغۇل ـ قىزغا ئۆگەت بىلىم ھەم ئەدەب
بېرۇر بۇ ئاڭا ئىككى دۇنيادا نەپ .

دېمەك ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئائىلىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى پۈتكۈل ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە ـ يوسۇنلار بارلىققا كەلگەن بولۇپ ، ئۇ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ دىلىغا پۈتۈلگەن « خاتىرىسىز ئاساسىي قانۇن » دۇر . شۇ سەۋەبتىن ئۇ تارىختىن بۇيان بىر خىل ئەنئەنىۋى ئادەت سۈپىتىدە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئائىلە قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا خىلاپ ئىش ھەرىكەتلىرىنى ئەيىبلەش ۋە چەكلەش رولىنى ئويناپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە . ( ئا )

## يۇرتداشلىق مۇناسىۋەت

ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان يۇرت ـ مەھەللىلەر گەرچە يەككە ئائىلىلەردىن تەركىب تاپسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۇرتداشلىق مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق بولىدۇ . ئۇلارنىڭ ئادىتىدە يۇرت ـ مەھەللىدىكىلەر بىلەن بىر تۇغقاندەك ئىناق ئۆتۈشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدۇ . شۇ سەۋەبتىن « يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەلا » دېگەن ماقال كېلىپ چىققان . يۇرتداشلار ئارىسىدىكى ئۆز ئارا ھەمكارلىشىشنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ ، ئىش لەپچىقىرىشتىكى ھەمكارلىق ئادەتلىرى ۋە تۇرمۇشتىكى ھەمكارلىق ئادەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىق ئىگىلىكنى ئاساس قىلىدىغان بولغاچقا، دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ خاراكتېرى بويىچە، ھەر جەھەتتىن زىچ ھەمكارلىققا موھتاج بولىدۇ. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ۋاقىت خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، تېرىقچىلىق ۋە يىغىم پەسىللىرىدە ھەق تەلەپ قىلىنمايدىغان بىر خىل ئەنئەنىۋى لاپقۇتلىشىش ئادىتى شەكىللەنگەن، چۈنكى ھەممە ئائىلىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ۋە ئەمگەك ئىقتىدارى ئوخشاش بولمىغاچقا، «كۈندىن قالسا يىلدىن قالىدۇ» غان جىددىي پەيتنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن ئۆزئارا لاپقۇتلىشىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئېھتىياجى تۇغۇلغان.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۇرمۇشتىكى ھەمكارلىشىش ئادەتلىرى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئائىلىلەر ئارىسىدىكى دوستانە ئالاقە تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە چوڭقۇر سىڭگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا توي - تۆكۈن ياكى ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى يۈز بەرسە مەھەللە ھەتتا يۇرت بويىچە خالىسانە ياردەم بېرىدىغان ئېسىل ئادەت بار. مەلۇم ئائىلىدە توي بولماقچى بولسا، ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قولۇم - قوشنىلار ئۆزلۈكىدىن شۇ ئائىلىگە بېرىپ «ياردەملىشىدىغان ئىش بارمۇ ؟» دەپ ئىقتىسادىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن ياردەم بېرىش قىزغىنلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. توينىڭ يېمەك - ئىچمەكلىرىنى تەييارلاشتىن تارتىپ مېھمانلارنى كۈتۈش ۋە ئۇزىتىشقىچە قولۇم - قوشنا ۋە يار - بۇرادەرلەر جەم بولۇپ، خالىسانە ياردەملىشىدۇ. ھەتتا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئۆيلىنەلمىگەن يېتىم - يېسىر يوقسۇللارنى يۇرتداشلىرى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىپ ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ قويىدۇ. بۇنداق ياردەمنى «ساۋابلىق ئىش» دەپ ھېسابلايدۇ.

ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىدا بۇنداق ئۆزئارا ھەمكارلىق تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى ئۆلۈم ئىشى كۆپىنچە تاسادىپىي يۈز بېرىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئۆلۈم ئىگىسى ئالدىنئالا تەييارلىق قىلالمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۆلۈم ئىگىسى باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تېخىمۇ موھتاج بولىدۇ. ناۋادا ئۆلۈمگە ئىگە بولىدىغان ئادىمى يوق يېتىم - يېسىرلار ئۆلۈپ قالسا، ئۇنى دەپنە قىلىش ئىشلىرىغا باشتىن - ئاياغ يۇرت - جامائەت مەسئۇل بولۇپ خالىس ئۇزىتىدۇ.

يۇرت ئىچىدە بىرەر ئائىلە يېڭىدىن ئۆي سالماقچى بولسا، قولۇم - قوشنىلار ۋە يۇرتداشلار ھەرىكەتكە كېلىپ خالىسانە ياردەم بېرىدۇ.

يوقسۇللاردىن تاشقىرى ھەرخىل تەبىئىي ئاپەت ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېغىر زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىغان ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىغىمۇ ھەمكارلىشىش، ئۇلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بېرىش قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنىڭ بىرى.

ئۇيغۇرلار ئىچىدە كۆپىنچە بىر مەسچىت جامائەتتى بىرلىك قىلىنىپ، شۇ دائىرە ئىچىدە ھەرخىل تۈزۈملەر ۋە نىزاملار يولغا قويۇلغان. بىرەر ئەھۋال يۈز بەرسە مەسچىت جامائەتلىرى بىرلىكتە كېڭىشىپ ھەل قىلغان. ئەگەر بىرەر ئائىلىدە ئاغرىق - سىلاق بولسا، مەسچىت جامائەتلىرى بامدات نامىزىدىن يېنىپ، كوللېكتىپ ھالدا ئاغرىقنى يوقلاپ ھال سورايدۇ، بىر قانچە كۈن مەسچىتكە چىقماي ئىز - دېرەكسىز يوق بولۇپ كەتكەنلەرنىڭ ئۆيىگە جامائەت توپلىشىپ بېرىپ ئەھۋال ئۇقۇشىدۇ. بولۇپمۇ ياشانغان قېرى - چۈرىلەرنى داۋاملىق يوقلاپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ. يۇرت - مەھەللە ئىچىدە ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، ئۇرۇش - جېدەل، زىنا قىلىش قاتارلىق نالايىق قىلمىشلار سېزىلسە، يۇرتداشلار بىرلىكتە كېڭىشىپ جازالاش چارىلىرىنى بېكىتىدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا، يۇرتداشلىق مۇناسىۋەت ئىستېخىيىلىك ھالدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۆرپ - ئادەت تۈسىدە ئىپادىلىنىدۇ. (ئا)

## قوشنىدارچىلىق

ئۇيغۇرلاردا قوشنىدارچىلىق جەھەتتە ئوبدان ئەنئەنىلەر ساقلانغان.

1) قوشنىلار بىر - بىرى بىلەن ناھايىتى ئىناق ئۆتۈشىدۇ. بىر - بىرىنىڭ خۇشاللىقى ۋە قايغۇ -

ھەسرىتىگە ئورتاقلىشىدۇ . بىر - بىرىنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدۇ . بولۇپمۇ توي - تۆكۈن ، ئۆلۈم - يىتىم بولغاندا بۇ ئالاھىدە گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ . ئۇ چاغدا ئېغىر - يېنىك ئىشلاردا بىر - بىرىگە ئۇبدان ھەمكارلىشىدۇ . شۇڭا « يىراقتىكى تۇغقاندىن ، يانىدىكى قوشنا ياخشى » دېگەن ماقال كېلىپ چىققان .

2 ) قوشنىلار ئەتىگەن - ئاخشاملىرى «بارمۇسەن - يوقمۇسەن ؟» دېيىشىپ ، بىر - بىرىدىن ھال - ئەھۋال سورىشىپ تۇرىدۇ . ئادەتتىكى كۈنلەردە كىرىش - چىقىش قىلىپ تۇرىدۇ . بۇ مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرىدۇ .

3 ) قوشنىلار ئۆزئارا كەم - كۈتە نەرسىلىرىنى بىر- بىرىدىن ئۆتنە - يېرىم قىلىشىدۇ . سورالغان نەرسە بارلا بولسا بەرمەي قويمايدۇ .

4 ) قوشنىلار ئۆزئارا بىر - بىرىگە تاماق سۇنۇشىدۇ . قوشنىلاردىن بىرى ئوبدان تاماق قىلغان كۈنى شۇ تاماقتىن ئۆز قوشنىسىغا كىرگۈزۈش ، ئۈزۈلدىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن ياخشى ئەنئەنىمىز . تاماق كىرگۈزۈلگەن قاچا قاچان قايتىشىدىن قەتئىينەزەر ، ھەرگىز قۇرۇق قايتمايدۇ .

5 ) يېڭى قوشنىلار كۆچۈپ كەلسە ، كونا قوشنىلار ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ . ئۆيلىرىگە چاقىرىپ كۈتۈۋالىدۇ . شۇنىڭدەك قوشنىلاردىن بىرەرسى كۆچۈپ كەتسە . قېپقالغان قوشنىلار چاي قىلىپ ئۇزىتىپ قويىدۇ . كۆچۈپ كەتكەن ۋە قېپقالغان قوشنىلار بىر - بىرىنى دائىم ئىزدىشىپ تۇرىدۇ .

6 ) قوشنىلارنىڭ بىرەرىنىڭ ئۆيىدە ماتەم - مۇسىبەت بولغان بولسا ، باشقا قوشنىلار ئۆز ئۆيىدە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بارمايدۇ .

7 ) قوشنىلارنىڭ بىرەرسىنىڭ يىراق ياقا - يۇرتلاردىن يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى كەلسە ، باشقا قوشنىلار قوشنىنىڭ ھەم كەلگەن مېھماننىڭ ئىززىتىنى قىلىپ ئۆز ئۆيلىرىگە چاقىرىۋالىدۇ .

8 ) قوشنىلاردىن بىرەرسى يىراق - يېقىن بىر ياققا كېتىپ قالغاندا ، باشقىلار ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن خەۋەر ئېلىپ قويىدۇ . بۇ قوشنىدارچىلىقتا كەم بولمايدىغان ياخشى خىسلەت .

9 ) قوشنىلار بىر - بىرىنىڭ كەينىدىن غەيۋەت - شىكايەت قىلمايدۇ . بۇنداق قىلىشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ .

10 ) قوشنىلار پەرزەنتلىرىنى خۇددى بىر ئائىلىنىڭ بالىلىرىدەك ئىناق ئۆتۈشكە دالالەت قىلىپ تۇرىدۇ . ( ر )

## ئىتتىپاقلىق - ئىناقلىق

ئۇيغۇرلاردا ئەڭ ياخشى ئادەتلەردىن بىرى — ئىتتىپاقلىق - ئىناقلىق ، ئۆزئارا ئاداۋەت تۇتۇشماسلىق .

ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت پەيدا بولۇپ قالغان بولسا ، باشقا بىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاداۋەت تۇتۇشقانلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويىدۇ . ئاداۋەتكەشلەرنىڭ بىرى ئۆز خاتالىقىنى بويىنغا ئېلىپ يەنە بىر تەرەپكە چاي تۇتۇپ ناماقۇل بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىدىكى ئاداۋەت يۇيۇلۇپ كېتىدۇ . بۇرۇن بەزى يەرلەردە ئاداۋەتلەشكەنلەردىن بىرى ئۆزلۈكىدىن يەنە بىر تەرەپنى ئاشپۇزۇلغا چىللاپ ، چاي تۇتۇش يولى بىلەن ئاداۋەتنى تۈگىتىدىغان ؛ بەزى يەرلەردە بولسا بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە چىلىم تۇتۇش يولى بىلەن ئاداۋەتنى يۇيۇدىغان ئەھۋال بولغانىدى .

ھېيت - ئايەم ، ئۆلۈم - يىتىم ۋاقىتلىرىدا ئاداۋەت تۇتۇشقانلار بىر - بىرىنىڭ ئۆيىگە پەتىگە بېرىش؛ شۇنداقلا بىر - بىرىنىڭ كېسىلىنى يوقلاش ئارقىلىق ئاداۋەتنى يۇيىدۇ . ئاداۋەت تۇتۇشقانلارنىڭ بىرىنىڭ ئائىلىسى بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇققان بولسا، يەنە بىر تەرەپ شۇ ئائىلىگە كۆڭۈل سوراپ بېرىش يولى بىلەن ئوتتۇرىدىكى ئاداۋەتنى يۇيۇش — ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ياخشى خىسلەتلىرىنىڭ بىرى . ( ر )

## مېھماندوستلۇق

مېھماندوستلۇق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ ئېسىل ، ئەڭ ياخشى ئەنئەنىسى . ئۇيغۇر خەلقى ئۆيگە مېھمان كەلسە «بەخت كېلىدۇ » دەپ قارايدۇ . مېھماندستلۇق نۇرغۇن جەھەتلەردىن ئىپادىلىنىدۇ .

1 ) ئۆيىگە كەلگەن مېھماننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، ئالاھىدە داستىخان سېلىنىدۇ . ئەقەللىيسى ، قايناق سۇ ، زاغرا بىلەن بولسىمۇ مېھمان قىلىنىدۇ . ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مېھماندوستلۇقى ھېيت ـ ئايەملەردە ئالاھىدە گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ .

2 ) مېھمان ھۆرمەتكە سازاۋەر . مېھمانغا چاي ياكى تاماق پەتنۇس بىلەن سۇنۇلىدۇ . نائىلاج بىر قول بىلەن بېرىش توغرا كېلىپ قالسا « بىر قولۇم بولۇپ قالدى ، ئەپۇ قىلسىلا » دەپ ئۆزرە ئېيتىلىدۇ . شۇنداقلا مېھمان ياكى چوڭلارنىڭ قولىدىن بىر نەرسە ئالغاندىمۇ ئىككى قوللاپ ئېلىش ــ بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ئادىتى . مېھمانغا چاي قۇيغاندا ياكى باشقا نەرسە سۇنۇلغاندا ، ئوڭ قول ئىشلىتىلىدۇ . سول قولنى ئىشلىتىش مېھمانغا نىسبەتەن تولىمۇ ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ .

3 ) ئەر ـ خوتۇن دەرقەم تۇرۇپ مېھمان كۈتۈۋاتقاندا ، ئۆي ئىگىسى بولغان ئايال ئەر مېھمانغا توغرىدىن ـ توغرا چاي ياكى تاماق سۇنمايدۇ . پەقەت ئېرى ئارقىلىق سۇنىدۇ .

4 ) مېھمانغا چاي قويۇلغان ياكى تاماق ئۇسۇلغان قاچىنىڭ پۇچۇق ياكى دەز بولۇپ قالماسلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىنىدۇ . ئەگەر دىققەتسىزلىكتىن دەز ياكى پۇچۇق قاچىدا چاي ياكى تاماق كەلتۈرۈپ قالغان بولسا ، ئۆي ئىگىسى سەزگەن ھامان يەڭگۈشلىۋالىدۇ ۋە مېھماندىن ئەپۇ سورايدۇ . مېھمانغا چاي قۇيغاندا پىيالىنى تولدۇرۇپ قۇيمايدۇ ، چاينى پىيالىنىڭ ئوتتۇرىغا قۇيۇپ كۆپۈكلەشتۈرۈۋېتىش ناھايىتى ئەيىب بولىدۇ . شۇڭا چاي پىيالىنىڭ يان تەرىپىگە قۇيۇلىدۇ . پىيالىدىكى كونا چاي ئۈستىگە يېڭى چاي قۇيۇلماستىن ، كونا چاينى تۆكۈۋېتىپ چاينى يېڭىلايدۇ .

5 ) مېھمان كاڭلىق ـ سۇپىلىق ئۆيگە باشلانغان بولسا ، مېھماننىڭ ئاستىغا كۆرپە سېلىنىدۇ .

6 ) ئۆيگە كەلگەن مېھمان ئىشىك ئالدىدا ياكى دەرۋازا سىرتىدا ئۈزىتىپ قويۇلىدۇ . ئىشىكتىن چىقماي ئۈزىتىپ قويۇش مېھمانغا نىسبەتەن ناھايىتى ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ .

7 ) بىراۋنىڭ ئۆيىگە ئۇلاغلىق مېھمان كەلسە ، ئۆي ئىگىسى ئۆيىنىڭ سىرتىغا چىقىپ قارشى ئالغاندىن سىرت ، مېھماننىڭ قولىدىن ئۇلاغنى ئېلىپ باغلايدۇ . مېھمان يانار ۋاقتىدا ئۆي ئىگىسى ئۇلاغنى يېشىپ كېلىپ ، مېھماننىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ، ئۇلاغقا مىنگۈزۈپ قويىدۇ . ( ر )

## داستىخان ئۈستىدە

كۆپ ھاللاردا توي ـ تۆكۈن ، نەزىر ـ چىراغ قاتارلىق مەرىكىلەردە ، مېھماندارچىلىقتا تونۇغان ـ تونۇمىغان ، ياشانغان ۋە ياشلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ قېلىشقا توغرا كېلىدۇ . بۇنداق چاغلاردا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەب ـ ئەخلاققا دائىر بىرمۇنچە قائىدە ـ يوسۇنلار بولىدۇ :

1 ) چوڭلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرغاندا ، تاماققا چوڭلار قول ئۇزاتمىغۇچە قول ئۇزىتىش تولىمۇ ئەدەبسىزلىك بولىدۇ . « قېنى ئېلىپ بەرسىلە » دەپ چوڭلارنى تەكلىپ قىلىش گۈزەل ئەخلاقتۇر . شۇنداقلا ساھىبخان تاماققا تەكلىپ قىلمىغۇچە تاماققا قول سۇنۇپ تاماقنى يېيىشكە باشلاش ــ بۇمۇ ئەخلاقسىزلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

2 ) باشقىلار بىلەن بىر داستىخاندا تاماق يېگەندە ، ئۆز ئالدىنى قويۇپ باشقىلارنىڭ ئالدىغا قول ئۇزىتىش ــ بۇمۇ ئەدەبسىزلىك ھېسابلىنىدۇ . شۇنداقلا قاچىدىكى تاماقنى ئېلەشتۈرۈپ قوچۇش تولىمۇ ئەدەبسىزلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

3 ) تاماق ۋاقتىدا گەپدانلىق قىلىپ باشقىلارنىڭ كەيپىنى بۇزۇش ئەيىبلىك ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

4 ) تاماقنى ئاشۇرۇپ قويۇش ، تاماقنى پاكىز يېمەي ، قاچىدا تاماق يۇقۇندىلىرىنى قالدۇرۇش بۇمۇ ناچار قىلىقلاردىندۇر . ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ ئېسىل ئادەتلىرىدىن بىرى يېمەك ـ ئىچمەكنى زايە قىلماسلىق ، ئۇنى قەدىرلەش ، شۇڭا يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ياكى داستىخانغا چېچىلىپ كەتكەن نان ئۇۋاقلىرىنى تېرىۋېلىپ ئاغزىغا سېلىۋالىدۇ .

5 ) داستىخان ئۈستىدە چۈشكۈرۈش ، يۆتىلىش توغرا كەلگەندە ، قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇننى توسۇۋېلىش ــ بۇ ئەدەبنىڭ بەلگىسى . شۇنىڭدەك داستىخان ئۈستىدە ياكى بىراۋنىڭ يېنىدا مىشقىرىش ، قاقىرىش ئەيىب ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ، داستىخان ئۈستىدە چىش كولاش ، قاتتىق كېكىرىشمۇ ئەيىب ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئەگەر چىشنى كولاشقا توغرا كەلسە ، ئېغىزنى ئالىقان بىلەن توسۇپ تۇرۇپ كولايدۇ .

داستىخان ئۈستىدە ۋە باشقىلار يېنىدا ئەسنەپ كېرىلىشمۇ ئەيىب ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

6 ) داستىخانغا ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى ھەممە ئادەم قولىنى چايقايدۇ . شۇنداقلا چوڭ ـ كىچىك تەرەتتىن كېيىنمۇ قول يۇيىدۇ . قولنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ، قول لۆڭگە بىلەن ئېرتىلىدۇ . قولنى سىلكىش ئەيىب ئىشلار بولۇپ سانىلىدۇ .

7 ) بىراۋ داستىخان ئۈستىگە كىرىپ كەلسە ، ئۇنى « كەلسىلە » «داستىخانغا كەلسىلە » دەپ داستىخانغا تەكلىپ قىلىشمۇ ئەڭ ياخشى ئەخلاقىمىز .

8 ) ياشانغان ئادەملەر بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يېگەندە يالاڭباشتاق ئولتۇرۇش ـــ باشقىلار تەگەيدىغان ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . شۇنداقلا نەزىر ـ چىراغ ، ئۆلۈم ـ يىتىم مەرىكىلىرىگىمۇ يالاڭباشتاق بېرىش ئەيىب ئىشلار جۈملىسىگە كىرىدۇ . بۇنى جامائەت تەگەيدۇ .

9 ) باشقىلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يېگەندە داستىخان يىغىلماي تۇرۇپ ( دۇئا قىلىنماي تۇرۇپ ) ياكى باشقىلار تامىقىنى يەپ بولماي تۇرۇپ ، داستىخاندىن تۇرۇپ كېتىش ناھايىتى ئەدەبسىزلىك بولىدۇ . ( ر )

## ئىسىم قويۇش

ئۇيغۇرلاردا ئىسىم قويۇش ئادىتى بىر قانچە باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن . بۇنى مۇنداق ئۈچ دەۋرگە بۆلۈپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن :

1 ) ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى كىشى ئىسىملىرى .

2 ) ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى كىشى ئىسىملىرى .

3 ) ئازادلىقتىن كېيىنكى كىشى ئىسىملىرى .

ئۇيغۇر خەلقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلماستىن بۇرۇن ، ئاساسەن ئۇيغۇرچە سۆز بىلەن ئىسىم قويۇشقا ئادەتلەنگەن . مەسىلەن ، بايتەمىر ، ئىلتەمىر ، بەگ بۇقا ، قارا بۇقا ، قارا باخشى ، ... دېگەندەك ئىسىملارغا ئوخشاش . بۇنىڭدىن باشقا ، ھەرقايسى رايونلاردا ياشىغان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىگە شەھەر ، يەر ناملىرىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش بىر ئەنئەنە ئىدى . چىڭگىزخانىنىڭ مۇھىم مەسلىھەتچىلىرىدىن بىرى بولغان قارىياغاچ بۇيرۇقنىڭ «قارىياغاچ » دېگەن يەرنىڭ نامىنى ئۆزىگە ئىسىم قىلىپ قويۇشى ، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىن ( بارچۇق ھازىرقى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ قەدىمكى نامى ) سۆزنى ئۆزىگە ئىسىم قىلىپ قويۇشى بۇنى ئىسپاتلايدۇ .

ئۇيغۇر خەلقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىملىرىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى ، شۇنىڭدىن باشلاپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىملىرىدا ئەرەبچە ۋە پارسچە سۆز بىلەن قويۇلغان ئىسىملار كۆپىيىشكە باشلىدى . مەسىلەن ، ئابدۇللا ( ئاللانىڭ قۇلى ) ، ھەبىبۇللا ( ئاللانىڭ دوستى ) ، سەيپۇللا (ئاللانىڭ قىلىچى ) ، مۇتىئۇللا ( ئاللانىڭ ئىتائەتچان قۇلى ) ، رەھمىتۇللا ( ئاللانىڭ رەھمىتى ) دېگەن ئىسىملارغا ئوخشاش .

ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقاد ـ ئىشەنچ كۈچەيگەن ۋە چوڭقۇرلاشقانسېرى ، بۇرۇنقى ساپ ئۇيغۇرچە سۆز بىلەن قويۇلغان ئىسىملارنىڭ ئورنىنى ئەرەبچە سۆز بىلەن قويۇلغان ئىسىملار ئىگىلەشكە باشلىدى ، ھەربىر مۇسۇلمان ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ ئاللاغا ، مالائىكىلەرگە ، پەيغەمبەرلەرگە ، چاھار يارلارغا ، ئانىلارغا بولغان سېغىنىشىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئۆزلىرىگە ئىسىم قىلىپ قويۇشقا باشلىدى . مەسىلەن :

1 ) ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدۇ . مەسىلەن ، خالىق ( مەخلۇقاتنى ياراتقۇچى ) ، قادىر ( ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى ) ، غوپۇر ( ئەپۇ قىلغۇچى ) دېگەندەك ئىسىملارغا ئوخشاش .

2 ) مالائىكىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئىسىم قىلىپ قويۇشمۇ ئادەتكە ئايلانغان . مەسىلەن ، ئىسراپىل ، مىكائىل ... دېگەنلەردەك .

3 ) پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسمىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش ، مەسىلەن ، داۋۇت ، مۇسا ، ئەيسا ، مۇھەممەت ، ئىسھاق ، ئىبراھىم ، ئىسمايىل ، ياقۇپ ، يۈسۈپ ،... دېگەندەك ئىسىملارغا ئوخشاش .

4 ) چاھار يارلارنىڭ ئىسمىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش . مەسىلەن ، ئابابەكرى ، ئۆمەر ، ئوسمان ، ئەلى

دېگەن ئىسىملارغا ئوخشاش .

5 ) مۇقەددەس ئانىلارنىڭ ئىسمىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش . مەسىلەن ، ھاۋا ، مەريەم ، سارە ، ئايىشە خەدىچە ، پاتىمە ، ھەجەر ... دېگەنلەردەك .

بۇنىڭدىن باشقا ئىسلام دىنىغا ئائىت سۆزلەرنى ئىسىم قىلىپ قويغۇچىلارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ ، مەسىلەن ، ئىسلام ، ئىمام ، رەسۇل ، ئىمان ، جەننەت ... دېگەنلەردەك . يەنە ئىسلام دۇنياسىدىكى « مۇقەددەس » يەرلەرنىڭ نامىنى ئۆزىگە ئىسىم قىلىپ قويغۇچىلارمۇ بولغان . مەسىلەن ، مەدىنە ، قۇددۇس دېگەنلەردەك .

لېكىن ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇرچە سۆز بىلەن ئىسىم قويۇش ئادىتى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالغان ئەمەس ، مەسىلەن ، كېپەك ، سۈپۈرگە ، كەكە ، پالتا ، چورۇق ، يانتاق ، توقا ، سامساق ، قوزا ، تايلاق ، بوسۇق ، چاۋار ، بۇلاق ، مايسا ، ئالما ، ئاي ، ئالتۇن ، چولپان ، يۇلتۇز ، تۇرسۇن ، توختى ، ئارسلان ... دېگەندەك ئىسىملارغا ئوخشاش .

ئازادلىقتىن كېيىن ئەرەبچە سۆزلەر ئىچىدىن مەنىسى ياخشى ، دىنىي تۇس ئالمىغان ئادالەت ، ئادىل ، پازىل ، ئالىم ، ئارىپ ، ئازاد ، خېلىل ، جېلىل ، مەھمۇت ، مەخسۇت ، پەزىلەت ، سائادەت ، زۆھرە ... دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇشتىن تاشقىرى ، يەنە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس سۆز ياساش ئۇسۇلى بىلەن دەۋرگە لايىق ، دەۋرنىڭ خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئىسىملارنى قويۇش ئومۇملىششقا باشلىدى . مەسىلەن ، ئەركىن ، ئۆتكۈر ، قۇتلۇق ، تۇرغۇن ، تۇيغۇن ، ئۆركەش ، يالقۇن ، يولداش ... دېگەندەك ئىسىملارغا ئوخشاش .

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئادىتىدە ئۇلار ئۆز تارىخىدا ئېتىقاد قىلغان دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ تەسىرى ئەكس ئەتكەن . مەسىلەن ، بەزى پەرزەنت كۆرمىگەن ، كۆرگەن بولسىمۇ بالىسى تۇرمىغانلار بىرلا پەرزەنت كۆرگەن بولسا ، بالىنىڭ تۇرۇپ قېلىشى ئۈچۈن ، ئاللاغا يالۋۇرۇپ ، بالىغا « نىياز » ( يالۋۇرۇش دېگەن مەنىدە ) دەپ ئىسىم قويۇپ ، بېشىغا چاچ قويۇپ قوياتتى .

بالىسى تۇرمىغانلار بىرەر پەرزەنت كۆرۈپ قالسا ، بالىنى باشقا بىرى ( ئاساسەن تۇغقانلىرى ) گە بېرىۋېتەتتى . بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۇ بالىنى « سېتىۋالاتتى » ــ دە ، بالىسىغا « سېتىۋالدى » ياكى «تىلىۋالدى » دېگەندەك ئىسمىنى قوياتتى . « سېتىۋالغۇچى » نىڭ قول ــ ئىلكىدە بولسا ئالاھىدە خۇشاللىق مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى . بالا يۈزى كۆرمەي كېيىن پەرزەنت كۆرگەنلەر بالىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ ، ئۆز بالىلىرىغا تۇرسۇن ، پولات ، تۆمۈر ، توختى ، تۇردى ، تاشپولات ، تاشتۆمۈر ... دېگەندەك ئىسىملارنى قوياتتى . شۇنداقلا ئۇزاق مەزگىل پەرزەنت كۆرمىگەنلەر تاسادىپىي پەرزەنت كۆرۈپ قالغان بولسا ، خۇشاللىقىدا ئاللا بەردى ، خۇدا بەردى ، ئىگەمبەردى ... دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇشقان . ئۇنىڭدىن باشقا ئۆز پەرزەنتىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىپ ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى قويىدىغان ئادەتلەرمۇ بولغان .

ئۆز پەرزەنتىنىڭ چوڭ بولغاندا بىلىملىك ، دۆلەتمەن بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان ئاتا ــ ئانا ئۆز بالىلىرىغا ئالىم ، پازىل ، سۇلتان ، دۆلەت ، مەلىكە ، غەنى ... دېگەندەك ئىسىملارنى قويغان .

ياد ئېتىش ، سېغىنىش يۈزىسىدىن ئۆز بالىلىرىغا ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئاتا ــ ئانا ، يېقىن تۇغقانلارنىڭ ئىسمىنى ئىسىم قىلىپ قويغۇچىلارمۇ بولغان . بۇنىڭ تەتۈرسىچە ، بالىلارنىڭ ئۆمرى قىسقا بولۇپ قالىدۇ ، دېگەن قاراش بىلەن ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئىسمىنى ئۆز بالىلىرىغا قويماسلىقتەك ئەھۋاللارمۇ بار .

بالىلارغا قويۇلماقچى بولغان ئىسىمنىڭ ئۇرۇق ــ تۇغقانلار ئىچىدىكى ئىسىملار بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالماسلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىناتتى .

بالىلارغا قويۇلغان ئىسىملار ئىچىدە بالىلارنىڭ تۇغۇلغان مەزگىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىسىملار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ . ھېيت ، جۈمە ، ئازنا ، نورۇز ، سەپەر ، ھوشۇر ، بارات ، رەجەپ ، روزى ، ئاپرېل ... دېگەندەك .

ئاسمان جىسىملىرى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىسىملار . مەسىلەن ، چولپان ، زۆھرە ، يۇلتۇز ، سەييارە ، ئەختەر ، يەشىن ( چاقماق ) ــ قەمەر ...

دېگەنلەرگە ئوخشاش.

بەزىبىر ئۆسۈملۈك، گىياھ ۋە مېۋىلەرنىڭ نامىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش، مەسىلەن، ئانار، ئالما، جىنەستە، زەيتۇن، چىنار، سامساق، مايسا، يانتاق، رەيھان دېگەنلەرگە ئوخشاش.

بەزىبىر ھايۋان، قۇشلارنىڭ ئىسمىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش، مەسىلەن، ئارسلان، يولۋاس، مايمۇن، تۇتى، قۇندۇز، ئەسەت ( شىر ) ... قاتارلىقلار.

بەزى مەدەن، يەر ئاستى قېزىلمىلىرىنىڭ نامىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش، مەسىلەن، ئالتۇن، كۈمۈش، ئالماس، مارجان، زۇمرەت دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئۇيغۇرلار ئۆز بالىلىرىغا ئىسىم قويغاندا تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللارغا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى:

① قوشكېزەك ئىككى ئوغۇل تۇغۇلغان بولسا، ياد ئېتىش، سېغىنىش يۈزىسىدىن ئەلىنىڭ پاتىمەدىن تۇغۇلغان ئوغۇللىرى ھەسەن ـ ھۈسەنلەرنىڭ ئىسمىنى قوياتتى. قوشكېزەك تۇغۇلغانلارنىڭ بىرى ئوغۇل، بىرى قىز بولسا ئوغۇلنىڭ ئىسمىنى ھەسەن، قىزنىڭ ئىسمىنى پاتىمە دەپ قوياتتى. ئەگەر ھەر ئىككىلىسى قىز بولسا بىرىنىڭ ئىسمىنى پاتىمە، بىرىنىڭ ئىسمىنى زۆھرە دەپ قوياتتى.

② يۈسۈپ ئىسىملىك بىر ئادەم ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن بولسا ئۇنىڭ ئىسمىنى ياقۇپ دەپ قويمايتتى. ئىسمايىل ئىسىملىك بىر ئادەم ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن بولسا ئۇنىڭ ئىسمىنى ھەرگىز ئىبراھىم دەپ قويمايتتى. چۈنكى، يۈسۈپ ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ، ئىسمايىل بولسا ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئوغۇللىرى بولغانلىقتۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمىنى رايون خاراكتېرلىك دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بەزى ئىسىملارغا قاراپ شۇ ئادەمنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئېيتايلى ئەر ئىسىملىرى « مەت » سۆزى بىلەن باشلانغان بولسا (مەتتۇرسۇن، مەتقۇربان، مەتروزى ... ) ئۇ ئادەمنىڭ خوتەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يۇرتقا تەۋە ئادەملەر ئىكەنلىكىنى؛ ئەر ئىسىملىرى « ئىمام » سۆزى بىلەن باشلانغان بولسا ( ئىمام ھەسەن ) بۇلارنىڭ ئاتۇش تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى؛ ئەر ئىسىملىرى «ئوبۇل » سۆزى بىلەن باشلانغان بولسا (ئوبۇلقاسىم، ئوبۇلسىدىق ) بۇلارنىڭ قەشقەر تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى؛ ئەر ئىسىملىرى «تۇ » ياكى « ئاق » سۆزى بىلەن باشلانغان بولسا ( تۇنىياز، ئاقنىياز ) بۇلارنىڭ ئاقسۇ تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى؛ ئەر ئىسىملىرى ئاخىرىغا « قارى » قوشۇلغان بولسا ( غاپپار قارى، ساتتار قارى ) بۇلارنىڭ كۇچا تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى؛ ئەر ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا « جان » سۆزى قوشۇلغان بولسا ( مۇساجان، ئابلاجان ) بۇلارنىڭ غۇلجا تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئاياللار ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا « گۈل »، « نىسا » سۆزلىرى قوشۇلغان بولسا ( نۇرگۈل، رەيھانگۈل، تۇر- نىسا، ئاينىسا ) بۇلارنىڭ قەشقەر تەرەپنىڭ ئاياللىرى ئىكەنلىكىنى؛ ئاياللار ئىسمىنىڭ ئاخىرىدىكى « بۈۋى »، « قىز » لارغا قاراپ ( جەننەتبۈۋى، ئايىمقىز ) بۇلارنىڭ غۇلجىلىق ياكى شۇ تەرەپنىڭ ئاياللىرى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. شۇنداقلا ئىسكەندەر، ئىسھاق، سوپى، دۇگامەت، ئولمايىت، قايىت ... دېگەندەك ئەرلەر ئىسمىغا ۋە ئايىسماخان، ئالماراخان، مايسىخان، ئەزىزخان ... دېگەندەك ئاياللار ئىسمىغا قاراپ، بۇلارنىڭ تۇرپان رايونىنىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ. ( ر )

## چوڭلارنى ھۆرمەتلەش

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى ئىچىدە چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ئالاھىدە خاراكتېرلىك. بۇنىڭ ئىپادىلىرى كۆپ تەرەپتە كۆرۈلىدۇ.

1 ) ياشانغان ئادەملەرنى كۆرگەندە ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ « ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم » دەپ سالام بېرىدۇ. چوڭلار بولسا « ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام » دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ. سالام ۋە جاۋاب بەجا كەلتۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ئىككى قول بىلەن قول ئېلىشىپ تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىشىدۇ. بۇ ئادەت يالغۇز ئەرلەردىلا ئەمەس، خوتۇن ـ قىزلاردىمۇ بار. لېكىن ئۇلار ئەرلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەيدۇ. ياشانغان ئاياللار بىر-بىرى بىلەن يۈزىنى ـ يۈزىگە يېقىپ كۆرۈشىدۇ. ياش

قىزلار ياكى چوكانلار ئۆزىدىن چوڭ ئەرلەرنى ياكى ئاياللارنى كۆرسە «ئەسسالام» سۆزىنى ئىشلىتىپ، ئازراق ئېگىلىپ تەزىم قىلىدۇ. ياشلارنىڭ ياشانغان ئادەملەرگە «ياخشىمۇ سىز» دەپ بىر قول بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئادىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس.

2) ياشانغان ئادەملەر ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «دادا، تاغا، ئاكا، ئانا، هاما، ئاچا» دېگەندەك هۆرمەت سۆزلىرىنى قوشۇپ چاقىرىش ئەڭ ياخشى ئادىتىمىزدۇر. بىۋاستە ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىش تولىمۇ هۆرمەتسىزلىك هېسابلىنىدۇ.

3) تاماق ۋاقتىدا تاماقنىڭ ئالدى چوڭلارغا بېرىلىدۇ. تاماقنىڭ ئالدىنى تالىشىش تولىمۇ ئەدەبسىزلىك بولىدۇ.

4) ياشانغان بىر ئادەم ئۆيگە كىرىپ كەلسە، ئۆيدە ئولتۇرغانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۆز هۆرمىتىنى بىلدۈرۈش، ئورۇن بوشىتىپ ئۇنىڭغا تۆرنى بېرىشمۇ ئادەتلىرىمىز جۈملىسىگە كىرىدۇ.

5) ياشانغان ئادەملەر ئالدىدىن ئۆتۈشمۇ هۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئارقىدىن ئۆتۈلىدۇ. ناۋادا ئىلاجسىز ئالدىدىن ئۆتۈش توغرا كېلىپ قالسا «ئالدىڭىزدىن ئۆتۈپ قويدۇم» دەپ ئەپۇ سورىلىدۇ. بىر سورۇندا ئولتۇرغانلار ئىچىدە ياشانغانلارغا ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرۇش — بۇمۇ ئەيىب ئىشلار هېسابلىنىدۇ. نائىلاج ئارقىنى قىلىپ ئولتۇرۇشقا توغرا كېلىپ قالغاندا «ئارقام بولۇپ قالدى» دەپ ئەپۇ سورىلىدۇ. ياشانغان ئادەملەر ئالدىدىن ئات ـ ئۇلاغ ياكى ۋېلسىپىت مىنىپ سالام ـ سائەتسىز ئۆتۈشمۇ چوڭلارغا نىسبەتەن هۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. ئات ـ ئۇلاغ، ۋېلسىپىتتىن چۈشۈپ، چوڭلارغا سالام بېرىپ ئۆتۈش — ئۇيغۇرلاردىكى ئەڭ ياخشى ئادەتلەر جۈملىسىدۇر. ياشلار بىر يەردە توپلىشىپ ئولتۇرغاندا ئۇلارنىڭ ئالدىدىن بىرەر ياشانغان ئادەم ئۆتۈپ قالسا، ئولتۇرغانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، سالام بېرىپ هۆرمىتىنى بىلدۈرۈش — بۇمۇ ئۇيغۇرلاردىكى ياخشى ئادەتلەردىندۇر.

6) توپلىشىپ بىر ئۆيگە كىرگەندە ياكى يول يۈرگەندە چوڭلارغا يول بېرىدۇ. ئۇلاردىن يول تالىشىش ئەيىب ئىشلاردىن بولۇپ سانىلىدۇ. ئۆيگە ئالدىدا كىرىۋېلىش ياكى يولدا چوڭلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىش بۇ چوڭلارغا نىسبەتەن هۆرمەتسىزلىك بولىدۇ.

7) ياشانغان ئادەملەر ئالدىدا پۇتنى مىنگەشتۈرۈپ ياكى ئۇزۇن سوزۇپ ئولتۇرۇشمۇ ئەدەبسىزلىك بولىدۇ.

8) ياشانغان ئادەملەر بىلەن يۈز تۇرانە تۇرۇپ سۆزلەشكەندە قولنى يانچۇقىغا سېلىپ تۇرۇپ ياكى قولنى ئارقىغا قىلىپ تۇرۇپ ياكى پۇتنى ئويىنىتىپ تۇرۇپ سۆزلىشىش ئىنتايىن هۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. شۇنداقلا چوڭلار بىلەن سۆزلەشكەندە قولنى شىلتىپ تۇرۇپ سۆزلەشمۇ ئەيىب ئىشلاردىن بولۇپ سانىلىدۇ.

9) بىرەر ياشانغان ئادەم بىر ئىش قىلىۋاتقان بولسا (ئاساسەن جىسمانىي ئەمگەك) ئۇنى كۆرگەن بىر ياش ئۇنىڭ قولىدىن قورالنى ئېلىپ ئىشلەپ بېرىش ئۇيغۇرلاردىكى ئېسىل ئەخلاقتۇر.

10) ئاتا ـ ئانا، ئۇستاز ياكى ياشانغان ئادەملەر ئالدىدا تاماكا چېكىش ۋە باشقا كەيپىنى قىلىش قاتتىق هۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. بەزىلەر تاماكا چېكىۋاتقان بولسا، چوڭلارنى كۆرگەن هامان دەرهال يوشۇرىدۇ، بۇ ئىنتايىن ياخشى ئەھۋال.

11) بىر هۆرمەتلىك ئادەمنىڭ ئالدىغا بىرەر ئىش بىلەن كىرگەندە كىيىم ـ كېچەكنى راۋۇرۇس كىيىپ كىرىش ياخشى ئادەتلەردىندۇر. چاپاننىڭ تۈگمىلىرىنى ئەتمەي، چاپاننىڭ يېڭىنى ساپماي كىرىش ياكى ئۈست كىيىم كىيمەي مايكىچان كىرىش هۆرمەتسىزلىك بولىدۇ.

12) بىرەر سورۇندا ياكى چوڭ كىشىلەرنىڭ يېنىدا گالنى قاقىرىپ تۈكۈرۈش، مىشقىرىش قاتتىق ئەدەبسىزلىك بولىدۇ. ناۋادا تۈكۈرۈشكە ياكى مىشقىرىشقا توغرا كەلسە چەترەك خالىي جايغا ئۆتۈپ باشقىلارغا سەزدۈرمەي ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

13) چوڭلار بىلەن سۆھبەتتە بولغاندا، چوڭلارنىڭ سۆزىگە لوقما سېلىش ياكى دىققىتىنى باشقا ياققا بۇراپ، ئېتىبارسىز مۇئامىلە قىلىشمۇ ئەدەبسىزلىك سانىلىدۇ. (ر)

## بوۋاقلارنى بېقىش

ئۇيغۇرلار ياتلىق قىلىنغان قىزلىرى هامىلدار بولۇپ توققۇز ئاي ، توققۇز كۈن ، توققۇز سائەت ، توققۇز سېكۇنت توققۇز دەقىقە قورساق كۆتۈرۈپ تەۋەللۇت قىلغان يېڭى جاننى بوۋاق دەپ ئاتايدۇ . بوۋاق مەيلى ئوغۇل ياكى قىز بولسۇن ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقىدىسىدە ئۇلار «خۇدانىڭ بەندىسى» دېيىلىپ ، ئوخشاش ئۇلۇغلىنىدۇ ۋە قەدىرلىنىدۇ .

بوۋاق تۇغۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭ كىندىكى كېسىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇنى ساغلام بەدەن ، چىداملىق قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن تۇزلانغان يىلمان سۇدا پاكىز يۇيۇپ (بوۋاقنى تۇنجى قېتىم يۇغان سۇغا هەر خىل ئېرمەلىك دورا - دەرمانلار ، يەنى ئالما قېقى ، ئادراسمان ، ئارتىش ياپرىقى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇشتىن تاشقىرى ، ئالتۇن ئۈزۈك ياكى ئالتۇن ۋارىقنى داستىكى تەييارلانغان سۇغا تاشلاپ قويىدۇ) ، سىغىزلىغان (ئۇپىلىغان) دىن كېيىن ئوبدان زاكىلايدۇ .

بوۋاق تۇغۇلۇپ يەتتە - توققۇز كۈن ئىچىدە بۆشۈككە بۆلىنىدۇ . بوۋاقنى بۆشۈككە سېلىش ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن بۇيان كەڭ ئومۇملاشقان ئادەت هېسابلىنىدۇ .

ئۇيغۇرلار بوۋاقلارنى ئاساسەن ئانا سۈتى بىلەن باقىدۇ . قوشۇمچە قوي مېيى بىلەن بۇغداي ئۇنىدا ئېتىلگەن بۇلماق ، يۇمشاق پىشۇرۇلغان خام شويلا ، قورۇلمىغان شورپىلىق يېمەكلىكلەرنى يېگۈزىدۇ . قوينىڭ قۇيرۇق مېيىنى پىشۇرۇپ سوسكا ئورنىدا شورىتىدۇ . ئومۇمەن بالىنىڭ يىلىكى توشىدۇ ، دەپ ئانا سۈتى هەم قۇۋۋەتلىك تاماق بىلەن باقىدۇ . بالىنىڭ يىلىكى توشمايدۇ هەم سوغۇقچان (سوغۇق مىجەز) بولۇپ قالىدۇ ، دەپ بىر ياشتىن بىر يېرىم ياشقىچە ئاساسەن كالا سۈتى ئىچۈرمەيدۇ . خەلق ئارىسىدا تۇغۇلۇپلا كالا سۈتى بىلەن بېقىلغان بالا كالا مىجەز ، گومۇش بولۇپ قالىدۇ ، دېگەن قاراشمۇ بار . شۇ سەۋەبتىن بالىسىنى بىر ياشتىن بىر يېرىم ياشقىچە ئارىلىقتا ئېمىتمىگەن ئانىلار باشقىلار تەرىپىدىن ئەيىبلىنىدۇ .

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ، ئەگەر ئانا كېسەللىك ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بوۋاقنى ئېمىتىشكە ئىمكانىيىتى بولمىسا ، شۇ پەيتتە بالا ئېمىتىۋاتقان ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ياكى قولۇم - قوشنىلىرى ۋەكالىتەن ئېمىتىپ بېرىدىغان ئادەتمۇ بار . بۇنداق بالىلار « ئېمىلداش » دېيىلىدۇ . ئېمىلداشلار ئارا نىكاھلىنىش مەنئى قىلىنىدۇ . (ئا)

## سالاملىشىش ئادەتلىرى

ئۇرۇق - تۇغقان ، ئەل - ئاغىنە ، يۇرت - قېرىنداشلار ئۆزئارا ئۇچراشقاندا شۇنداقلا ياش قۇرامى ئۆزىدىن چوڭ بولغان تونۇش ياكى ناتونۇش ئاقساقاللارغا يولۇققاندا سالاملىشىش ھەممە خەلقلەرگە ئورتاق بولغان بىر خىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ . ئەمما سالاملىشىشنىڭ شەكلى ، قائىدە - يوسۇنلىرى ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا پەرقلىق بولىدۇ .

سالاملىشىش — ئەدەب - ئەخلاقنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى . شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار سالام - سائەتكە يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قارايدۇ . ھەرقانداق ئاتا - ئانا ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئادەتتە تىلى چىققاندىن باشلاپ سالاملىشىشنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئۆگىتىشنى ئادەت قىلغان . چۈنكى ئۇيغۇرلاردا سالام - سائەتنى بىلمەيدىغان ياكى ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قارايدىغانلارنى جامائەت بىردەك ئەيىبلەشتىن تاشقىرى ، ئۇنى ياخشى تەربىيىلىمىگەن ئاتا - ئانىسىنىمۇ ئەيىبلەيدۇ . قىسقىسى ، ئۇيغۇرلار ئۆزئارا سالاملىشىشقا ئەخلاق مىزانى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ . مىلادى XI ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئالىمى ، پەيلاسوپى ۋە شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا سالاملىشىشنىڭ قىممىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

5055 . سالامدۇر كىشىگە ئىسەنلىك يولى ،
سالاملە قويۇلۇر ئىسەنلىك ئۇلى .

5056 . سالامدۇر كىشىگە ئىمىنلىك - ئامان ،
قىلىنسا سالام ، ساق بولۇر ئۇشپۇ جان .

4111 . كۆرەڭلەپ قولۇڭنى سىلىپ كىرمىگىن ،
ئىلىك ئال سالامنى ، غاپىل بولمىغىن .

4154 . كىرەكتۇر كىچىكتىن ئۇلۇغقا ھۆرمەت ،
ئۇلۇغمۇ كىچىككە قىلۇر ئەيىنىي .

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى سالاملىشىش ئادىتى ئەر – ئاياللاردا ئوخشاش بولمايدۇ .

1 . ئەرلەر ئارىسىدىكى سالاملىشىش

ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ بىرقەدەر قەدىمكى ئەنئەنىۋى سالاملىشىش قائىدىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، سالاملىشىش ھاجىتى تۇغۇلغاندا ئۆزئارا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ئادىتى يوق ( لېكىن مۇتلەق ئەمەس ) . ئەكسىچە ، سالام بەرگۈچى A تەرەپ ئوڭ قولىنى سول كۆكسىگە ئېلىپ ، ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام تۇيغۇسى بىلەن باشنى ۋە بەلنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئېگىپ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم » دېيىش ، سالام قوبۇل قىلغۇچى B تەرەپمۇ يۇقىرىقى شەكىل بىلەن «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام » دەپ سالامغا جاۋاب قايتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن .

ئۇيغۇرلاردا ئالدى بىلەن ياش قۇرامى كىچىكلەرنىڭ ئۆزىدىن ياش قۇرامى چوڭلارغا سالام بېرىشى شەرت قىلىنغان .

جامائەت توپلاشقان ئاممىۋى سورۇننىڭ ئالدىدىن بىرەر ئۇلاغلىق (ئات ياكى ئېشەك مىنگەن ) كىشى ئۆتۈشكە توغرا كەلسە ، جامائەتنى تونۇش ياكى تونۇماسلىقىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ كىشى مىنگەن ئېتى ياكى ئېشىكىدىن چۈشۈپ جامائەتكە سالام بېرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇلاغقا قايتا مىنىپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ . ئۇيغۇرلاردا بىرەر كىشىنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆلگۈچىنى تونۇش – تونۇماسلىقىدىن قەتئىينەزەر مۇسىبەت بولغان ئۆيگە بېرىپ پەتە قىلىپ ھال سوراش ئادىتى بار . ھال سوراپ بارغۇچى كىشىنى ئۆلۈم ئىگىلىرى (ھازىدارلار) ئىشىك ئالدىدا ياكى ئۆيدە كۈتۈۋالىدۇ . ئۆلۈم پەتىسىگە بارغۇچى كىشى ھازىدارلار بىلەن مۇسىبەت تۇيغۇسى ئىچىدە بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ ( ھازىرقى زامان سالاملىرىدەك بىر قولنى ئەمەس ، بەلكى ھەر ئىككى تەرەپ ئىككى قولنى ئۇزىتىپ ئۆزئارا قوللىرىنىڭ ئۇچىنى ئاستا قىسىپ قويۇش) كۆرۈشكەندىن كېيىن قولنى ئاجرىتىپ ھەر ئىككى تەرەپ ئېڭەكلىرىنى ياكى ساقاللىرىنى يەڭگىل سىيپاپ قويىدۇ . شۇ يوسۇندا ھازىدارلارنىڭ ھەممىسى بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن دۇئا – تەكبىر قىلىدۇ .

توي – تۆكۈنگە بارغاندىمۇ توي ئىگىلىرى بىلەن يۇقىرىقى قائىدە بويىچە قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ چىقىدۇ .

مەلۇم ۋاقىت كۆرۈشۈش پۇرسىتى بولمىغان يېقىن تۇغقانلار ياكى ئەل – ئاغىنىلەر ئۇچراشقاندا چوڭقۇر سېغىنىشنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن باشقا ، ئۆزئارا قۇچاقلىشىپ تەبىئىي ۋە يەڭگىل ھالدا مەڭزىنى مەڭزىگە تەگكۈزۈپ سالاملىشىدىغان ئادەتمۇ بار . تۇغقانلار ۋە يېقىن كىشىلەر يىراق جايلارغا سەپەرگە چىقىشقا توغرا كەلگەندە ياكى سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە كۈچلۈك سېغىنىش ھېسسىياتلىرىنى يۇقىرىقىدەك قۇچاقلىشىپ سالاملىشىش ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ .

2 . ئاياللار ئارىسىدىكى سالاملىشىش

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى سالاملىشىش ئادىتىدە ئومۇمەن . قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ئادىتى يوق . ئاياللار ئۆزئارا ئۇچراشقاندا ، ئالدى بىلەن ئىككى قولىنىڭ پەنجىسىنى كۆكرەك ئۈستىدىن ئالماشتۇرۇپ ، بېشىنى ۋە بېلىنى يەڭگىل ئېگىپ ، ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن «ئەسسالام» دەپ سالام بىلدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ، ئۆزئارا قۇچاقلىشىپ بىر – بىرىنىڭ سول مەڭزىگە ياكى ئۆزىدىن كىچىك قىزلار بولسا پېشانىسىگە ئاستا سۆيۈپ قويۇش سالاملىشىشنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزئارا ھال – ئەھۋال سورىشىدۇ .

ئىسلام دىنىدا بالاغەت يېشىغا يەتكەن ئايال جىنسلىقلارنىڭ ئەر جىنسلىقلارغا يۈزىنى كۆرستىشىنى «نامەھرەملىك » دېيىلىپ مەنئى قىلىنغاچقا ، ئۇيغۇر ئاياللىرى يېقىن ئۇرۇق – تۇغقان ۋە بىر ئائىلىدىكى ئەر كىشىلەردىن باشقا ئەرلەر بىلەن سالاملاشمايدۇ . قىزلار

بىر ئائىلىگە كېلىن بولۇپ كىرگەندىن باشلاپ، ھەر كۈنلۈكى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلا ـ ئارامنى سۈپۈرۈپ، يۈز ـ قوللىرىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، قېيىن ئاپىسى ۋە قېيىن ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ «ئەسسالام» دەپ سالام بەرگەندىن كېيىن، «سالامەت تۇردىلىمۇ؟» دەپ تىنچلىق ـ ئامانلىق سورايدۇ. قارشى تەرەپ سالامغا جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن، كېلىن ھۆرمەت بىلەن ئارقىسىغا قايتىپ ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆيگە ئەر ـ ئايال مېھمان چاقىرغاندا ئومۇمەن ئەرلەر ئايرىم، ئاياللار ئايرىم ئۆيدە كۈتۈلىدۇ، ئارىلاش ئولتۇرمايدۇ. ئاياللارنى ئاياللار، ئەرلەرنى ئەرلەر كۈتىدۇ (دولان يۇرتلىرىدا ئەر ـ ئاياللار ئارىلاش بىر سورۇندا مەشرەپ ئۆتكۈزىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار). ئايال مېھمانلار جەم بولغان ئۆيگە يەنە يېڭىدىن مېھمان كىرسە، ئۆيدىكى ئاياللار ھەممىسى ئورنىدىن تۇرىدۇ ۋە يېڭى مېھمان ھەممە ئاياللار بىلەن بىر ـ بىرلەپ يۇقىرىقى سالاملىشىش قائىدىسى بويىچە كۆرۈشۈپ چىققاندىن كېيىن ئۆز ئورنىدا ئولتۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھېيت ـ بايراملىرىدا ئۆزئارا سالاملىشىش بايرام خۇشاللىقىنىڭ بىر كونكرېت ئىپادىسى سۈپىتىدە تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ، ھەتتا ھېيت ـ بايرام كۈنلىرىدە، ئۆزئارا ئارازلىشىپ قالغان كىشىلەرمۇ ئۇچرىشىپ قالغاندا كۆرۈشۈپ سالاملىشىش پۇرسىتى ئارقىلىق كۆڭۈل ئارازلىقىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ.

يۇقىرىقىدەك ھەرخىل سالاملىشىش قائىدىلىرى نويغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ھازىرغىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلمەكتە. (ئا)

## ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا

ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە يۈز ـ قول يۇيۇش ئۇچۇن ئىشلىتىدىغان ئەنئەنىۋى ئائىلە سايمىنى. ئاپتۇۋا ـــ ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە جۈمەكلىك، قورساقلىق، بوغۇزى تار بولىدۇ. چىلاپچا ـــ يۈز قولنى يۇغاندا يۇندا ئېقىپ چۈشىدىغان قاچا بولۇپ، يېيىقلىق ئاغزى بولىدۇ. ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا ـــ مىس ياكى تۇچتىن ياسالغان بولۇپ، ئىچى قەلەيلەنگەن. بۇلار چىرايلىق نەقىشلەنگەن بولۇپ، دات باسمايدۇ. بۇ ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ سەنئىتىنى نامايان قىلىدۇ.

ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا ھەر ئائىلىدە ھازىرلانغان بولىدۇ. ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا بىلەن مېھمانغا سۇ بېرىلىدۇ. سۇ بەرگۈچىنىڭ قولىدا لۆڭگە بولىدۇ. قول يۇغۇچىلار قولنى ئۈچ قېتىملا يۇيىدۇ. يۇيۇلغان قول لۆڭگىگە سۈرتۈلىدۇ. يۇيۇلغان قولنى لۆڭگىگە سۈرتمەستىن، قولنى سىلكىش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس. يۈز ـ قولنى يۇغاندا، سۇنى ئېقىتىپ يۇيۇش، تازىلىق تەلىپىگە تولىمۇ ئۇيغۇن.

بەرى ئائىلىلەر ئاپتۇۋا ـ چىلاپچىنى زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ئۆيىنىڭ تەكچىلىرىگە تىزىپ قويىدۇ. (ر)

## لەقەم

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا لەقەمسىز ئادەم ئاز تېپىلىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلاردا «لەقەمسىز ئەر بولماس، ئويماقسىز خوتۇن» دېگەن ماقال كېلىپ چىققان. لەقەم ـ كىشىلەرنىڭ بىرەر خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، ھەزىل قىلىپ ياكى مەسخىرىلەپ بېرىلگەن قوشۇمچە نام. لەقەم ـــ بىر ئادەمنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنىڭ قانداقلىقىنى، نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى .... بىلىشكە ياردەم بېرىدۇ. لەقەم ـــ لەقەم ئىگىسىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئەمەس، بەلكى باشقىلار تەرەپتىن قويۇلۇپ سىڭدۈرۈۋېتىلگەن بولىدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن لەقەمنى ئىسمىغا قوشۇپ ئېيتىش ئادىتى شەكىللەنگەن.

ئۇيغۇرلاردا لەقەم مۇنداق قويۇلۇپ كەلگەن:

1) كەسپىي لەقەملەر ـــ ئۇيغۇرلاردا بۇ خىل لەقەملەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، xx بورىچى، xx كىگىزچى، xx باخشى، xx سەيپۇڭ، xx مەنجاڭ، xx چامباشچى، xx چاڭ، xx راۋاب، xx تەمبۇر دېگەنلەرگە ئوخشاش.

2) مىجەز ـ خاراكتېرىگە مۇناسىۋەتلىك لەقەملەر ـــ بۇخىلدىكى لەقەملەر ئۇيغۇرلاردا خېلى

كۆپ . مەسىلەن ، xx دودەن ، xx ئەسكى ، xx سەتەڭ ، xx سوغۇق ، xx تۈلكە ، xx شەيتان ، xx جىن دېگەنلەرگە ئوخشاش .

3 ) فىزىئولوگىيىلىك لەقەملەر — بۇ خىل لەقەم ئۇيغۇرلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ . مەسىلەن ، xx تۆگە ، xx قوتاز ، xx قاۋان ، xx چاشقان ، xx كاناي ، xx دەلدۈش ... دېگەندەك .

4 ) بىراۋنىڭ باتۇرلۇقىغا قاراپ قويۇلىدىغان لەقەملەر . مەسىلەن ، xx پالۋان ، xx نوچى ، xx باتۇر ، دېگەندەك .

5 ) بەزى ئادەملەرگە سىياسىي تۈس ئالغان لەقەم قويۇلۇپ ، ئۇبدان سىڭدۈرۈلگەن . مەسىلەن ، xx ناھىيىسىدە بىر دېھقان ئۆز يۇرتىدا ھەمكارلىق گۇرۇپپا قۇرۇلغاندىن تارتىپ تاكى ئالىي كوپېراتىپ قۇرۇلغانغا قەدەر (ئۆلگەنگە قەدەر) يەككە ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا « xx يەككە» دېگەن لەقەم قويۇلغان ۋە ئوبدان سىڭىپ كەتكەن . شۇنداقلا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى » مەزگىلىدە شەكىللەنگەن «زاۋفەنپەي » ، «باۋخاڭپەي » دېگەن تەشكىلاتلارنىڭ قاتناشچىلىرىدىن ئۆز تەشكىلاتى ئۈچۈن كۆرسەتكەن ساداقىتى ۋە كۆسەتكەن باتۇرلۇقىغا قاراپ ، ئۇلارغا xx زاۋفەنپەي ، xx باۋخاڭ ... دېگەندەك لەقەملەر قويۇلۇپ سىڭدۈرۈلگەن . دېمەك ، لەقەم كۈچلۈك ھەجۋىيلىككە ئىگە بولىدۇ .

بەزى لەقەملەر لەقەم ئىگىسى ئۆلۈپ كېتىش بىلەن ئەۋلادىغا مىراس قالىدۇ . ئېيتايلى ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «يەككە » دېگەن ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن ، بالىسى گۇڭشىغا كىرگەن بولسىمۇ ، «يەككە» دېگەن لەقەم بالىسىغا قالغىنىغا ئوخشاش ... ، « xx باخشى » دېگەن ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، بۇ لەقەم بالىلىرىغا قالغىنىغا ئوخشاش .

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شەخسىي لەقەمدىن باشقا يەنە يۇرت ـ مەھەللە لەقىمى بولىدۇ . مەسىلەن ، تۇرپاندا «پالاسلار مەھەللىسى »، «تورغايلار مەھەللىسى » دېگەن مەھەللىلەر بار . بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئورتاق لەقىمى «پالاس» ، «تورغاي» بولغىنىغا ئوخشاش .

لەقەم بەزمە ـ ئولتۇرۇشلاردا ۋە باشقا سورۇنلاردا چاقچاق كۈلكە ئۈچۈن ئوبدان تېما بولۇپ بېرىدۇ . لېكىن لەقەم تۇغرىدىن ـ توغرا ئوتتۇرىغا قويۇلمايدۇ . بۇنداق بولمىغاندا ، چاقچاق كۆتۈرەلمەيدىغان ئادەم بولسا كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىدۇ . شۇڭا ئەگىتمە يول بىلەن شۇ لەقەمگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەر قىلىنىدۇ . ئېيتايلى ، «توخۇ» لەقەملىك ئادەم بولغان بولسا ، توخۇنىڭ خۇسۇسىيىتىگە دائىر سۆزلەر قىلىنىدۇ ـ دە ، باشقىلار سورۇندا «توخۇ » لەقەملىك ئادەم بارلىقىنى بىلىدۇ ، ۋەھاكازا .

دېمەك ، لەقەم قويۇش ئۇيغۇرلارنىڭ خۇش چاقچاق ، يۇمۇرىستىك خاراكتېرىنىڭ كونكرېت ئەكس ئېتىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . (ر)

## تامغا

«تامغا» دېگەنلىك — «بەلگە» ، «نىشان » دېگەنلىك . تامغا ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە . ئۇ تارىختا خىلمۇ خىل رول ئويناپ كەلگەن . تامغا ئەينى زاماندا بىر قەبىلىنىڭ بەلگىسى بولغان ، شۇنداقلا يېزىقنىڭ ئىجاد قىلىنىشىدا ئاساس بولغان .

ئۇيغۇر خەلقى شەھەر ھاياتىغا كۆچمەستىن بۇرۇن ، ئۇزاق مۇددەت چارۋىچىلىق ھاياتى كەچۈرگەن . چارۋىلار بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتسە ، ياكى يوقىلىپ كەتسە ئوڭاي تونۇۋېلىش ئۈچۈن ئۆز ماللىرىغا ئوخشاشمىغان بەلگە نىشانى قويۇش ئېھتىياجى تۇغۇلدى . شۇنىڭ بىلەن تامغا پەيدا بولدى . بۇ خىل تامغا تۆمۈردىن ياسالغان بولۇپ ، ئوتتا قىزىتىلىپ ماللارنىڭ ئوڭ ياكى سول ساغرىسىغا بېسىلىدۇ .

بەلگە ـ نىشانىڭ « ئەن » دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر تۈرىمۇ بولغان . بۇ قوي ، ئۆچكە قاتارلىق ئۇششاق ماللار ئۈچۈن قوللىنىلغان . ئۇششاق ماللارنىڭ ئوڭ ياكى سول قۇلىقى ئوخشاشمىغان شەكىلدە كېسىلىپ ؛ ياكى تىلىنىپ قىلىنغان بەلگە «ئەن سېلىش » دەپ ئاتالغان . شەخسلەرنىڭ ماللىرى يوقىلىپ كەتسە ياكى بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتسە ئەنە شۇ ئەنگە قاراپ تونۇۋالغان .

«تامغا» كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە گۇۋاھ ـ ئىسپات سۈپىتىدە ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا، شەخسلەردە قوللىنىشقا باشلىغان. بۇ خىل تامغىلار ئالتۇن، كۈمۈش، مىس قاتارلىق مېتاللاردىن ۋە قاشتېشى، سۆڭەك ۋە ياغاچتىن ياسالغان.

«تامغا» ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا ھەر خىل خەت ـ چەك، ھۆججەتلەر ئۈچۈن قوللىنىلاتتى. ئۇ ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنىڭ ھوقۇق ـ ئىمتىيازىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا تامغا تۇتىدىغان مەخسۇس ئادەملەر بولۇپ، ئۇ «تامغىچى» ياكى «مۆھۈردار» دەپ ئاتالغان.

كونا جەمئىيەتتە دىن ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان چاغلاردا قۇززات، قازى، ئەلەم، مۇپتىلاردىن تەركىب تاپقان قازىخانا (دىنىي سوت مەھكىمىسى) بولغان. مەھكىمە ئالاھىدە ھوقۇق ـ ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ، ئۇ قانۇنغا دائىر ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغان. شۇڭا قۇززات، قازى، ئەلەم ۋە مۇپتىلارنىڭ كۈمۈشتىن ياسالغان مۆھۈرلىرى بولۇپ، ئۇ مەھكىمە شەرئى تەرىپىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈم ـ پەتىۋالارغا بېسىلاتتى. بۇ قانۇن ئورۇنلىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىناتتى. پۇقرالار «مۆھۈر ھەققى» تۆلەيتتى.

كونا جەمئىيەتتە ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا كىشىلەرنى جىسمانىي جەھەتتىن نابۇت قىلىدىغان جازا تۈرلىرى ۋە جازا قوراللىرى بار ئىدى. تامغا كۆپىنچە «تۈزەلمەس» ئوغرىلارنىڭ پېشانىسىگە بېسىلاتتى. باشقىلار ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى تامغىغا قاراپ، ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلاتتى. بۇ خىل تامغىنى تۆمۈردىن ياسالغان بولۇپ، ئوتتا قىزىتىلىپ بېسىلاتتى. (ر)

## مەھكىمە شەرئى

دىن ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان مەزگىللەردە قازى قۇززات ①، قازى ②، ئەلەم ③، مۇپتى ④ لاردىن تەركىب تاپقان مەھكىمە شەرئى (دىنىي سوت مەھكىمىسى) بار ئىدى. بۇ مەھكىمە شەرئى ئالاھىدە ھوقۇق ـ ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى. بۇ مەھكىمە ھەق تەلەپ، نىكاھ ۋە باشقا دەۋا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلاتتى. ھەتتا تۈرلۈك جازالار بىلەن جازا يۈرگۈزۈش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. قازى قۇززات، قازى، ئەلەم، مۇپتىلارنىڭ كۈمۈشتىن ياسالغان مۆھۈرلىرى بولاتتى. ئۇلار مەھكىمە شەرئى تەرىپىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈم، قارارلارغا ۋە ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرىغا دائىر ھۆججەتلەرگە، توختاملارغا مۆھۈر باساتتى. بۇ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىناتتى. پۇقرالار «مۆھۈر ھەققى» بېرەتتى. «مەھكىمە شەرئى» دە ھەر خىل جازا قوراللىرى بولۇپ، «دەررە» ئۇنىڭ بىر خىلى ئىدى. دەررە ئىككى ـ ئۈچ قەۋەت كۆن ئارىسىغا قۇم ئېلىنىپ تىكىلەتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئوتتۇز ـ قىرىق سانتىمېتر، كەڭلىكى تۆت ـ بەش سانتىمېتر بولاتتى. ئۇنىڭ ئون سانتىمېترچە ئۇزۇنلۇقتا ياغاچ سېپى بولاتتى. ئېغىرلىقى بولسا تەخمىنەن ئىككى ـ ئۈچ كىلوگرام كېلەتتى. كونا جەمئىيەتتە ئاياللار يۈزى ئوچۇق ھالدا ئەرلەرگە كۆرۈنسە ياكى ئاياللار يۈزى ئوچۇق يۈرسە، مۇھتەسىپلەر ⑤ ئۇلارنى كۆرگەن ھامان قوغلاپ يۈرۈپ، دەررە بىلەن ئۇراتتى. دەررىنىڭ زەربىسى شۇ قەدەر ئىدىكى، دەررە يېگەنلەر ئورنىدىن قوپالمايتتى.

قىسقىسى، «مەھكىمە شەرئى» دەپ ئاتالغان بۇ دىنىي ھاكىمىيەت ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ناھايىتى ئۇزاق دەۋر ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، ئۇ پۈتۈنلەي فېئودال ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان فېئوداللىق ھاكىمىيەت شەكلى ئىدى. (ر)

---

① قازى قۇززات ــ باش قازى.
② قازى ــ شەرىئەت قانۇنىغا ئاساسەن ئىش كۆرگۈچى دىنىي ئەمەلدار.
③ ئەلەم ــ شەرىئەت قانۇنىغا ئاساسەن چىقىرىلغان پەتىۋانى تەستىقلىغۇچى، رەت قىلغۇچى دىنىي ئەمەلدار.
④ مۇپتى ــ شەرىئەت ۋە ھوقۇق مەسىلىلىرىگە دائىر ئىشلار ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارغۇچى، پەتىۋا بەرگۈچى.
⑤ مۇھتەسىپ ــ دىنىي تەپتىش.

## خەير ـ ساخاۋەت

ئۇيغۇر خەلقى ئىنتايىن خەير ـ ساخاۋەتلىك خەلق. ئۇلار باشقىلارغا خەير ـ ساخاۋەت قىلىشنى «ساۋابلىق» ئىش دەپ بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار غېرىب ـ غۇرۋا، يېتىم ـ يېسىرلارغا ياردەم قولىنى سۇنىدۇ. ئۇلارغا يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە پۇل ياردەم قىلىدۇ. ئەقەللىيسى ئىشىك ئالدىغا كەلگەن تىلەمچىلەرنى قۇرۇق قول ياندۇرمايدۇ.

خەير ـ ساخاۋەتنىڭ تۈرلىرى كۆپ. ئادەتتە پاناھ ئىزدەپ ياقا يۇرتلارغا بېرىپ قالغان مۇساپىرلار بولسا، شۇ يۇرتتىكى هال ـ ئوقەتى ئوبدان يۇرتداشلىرى باشپاناھ بولۇپ، ئىقتىسادىي ياردەم بېرىدۇ، هەتتا ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قول ـ ئىلكىدە بارلىرى هەر يىلى رامىزان ئېيىدا پۇل ۋە چارۋا مېلىنىڭ قىرىقتىن بىر ئۈلۈشىنى «زاكات» قا ئايرىپ، كەمبەغەللەرگە بېرىشى بۇمۇ خەير ـ ساخاۋەت جۈملىسىگە كىرىدۇ.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرىدا نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ هالال ئەمگىكى بىلەن بېيىدى. ئۇلار بېيىغاندا ئۆز ئەتراپىدىكى ئىگە ـ چاقىسىز ئادەملەرنى ئۇنتۇپ قالماي، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ياردەم قولىنى سۇندى. بۇمۇ ئۇيغۇر خەلقىدىكى «خەير ـ ساخاۋەت» نىڭ روشەن ئىپادىسى. (ر)

## ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلار ...

مەملىكەت بويىچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلارنىڭ نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ، ئوتتۇرىچە ياش جەهەتتىمۇ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. 1985 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئۈچىنچى قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش ستاتىستىكىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا يۈز ياشتىن ئاشقان سەككىز يۈز ئاتمىش ئۈچ كىشى بولۇپ، هەربىر مىليون كىشىگە ئاتمىش ئالتىدىن توغرا كېلىپ، مەملىكىتىمىزدىكى يۈز ياشتىن ئاشقانلارنىڭ يىگىرمە ئۈچ پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. يۈز ياشتىن ئاشقان بۇ سەككىز يۈز ئاتمىش بەش كىشىنىڭ سەككىز يۈز ئىككى نەپىرى ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى خوتەنگە مەركەزلەشكەن.

ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئەهۋالىدىن قارىغاندا، شىنجاڭدىكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلەرنىڭ تولىسى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شەهەردىن چەترەك يېزا ـ قىشلاقلىرىغا، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ ئېتەكلىرىگە ماكانلاشقان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلارنىڭ كۆپ بولۇشى ئۇلار ياشىغان رايونلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە هاۋا كىلىماتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. يەنى ئۇلار ئولتۇراقلاشقان يەرلەرنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى گۈزەل، هاۋاسى ساپ بولۇپ، بۇلغىنىشتىن خالىي، كۈننۇرىنىڭ چۈشۈش مەزگىلى ئۇزۇن، قىسقىسى مۇھىت ساپ ۋە گۈزەل.

يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادەتلىرىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشتە ئالاھىدە رول ئوينىغان. ئالايلۇق، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلەرنىڭ تولىسى شەهەرلەردىن يىراق، خىلۋەت جايلاردا تارقاق ئولتۇراقلاشقان. شۇڭا بۇ جايلار كىشىنىڭ نېرۋىسىنى غىدىقلايدىغان شاۋقۇن ـ سۈرەنلەردىن خالىي، ئادەم زىچلىقىدىن پەيدا بولىدىغان هەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرمۇ يوق دېيەرلىك. ئۇلارنىڭ خېلى كۆپچىلىكى كېسەلگە قارشى ئىممۇنىتېت كۈچ هاسىل قىلىدىغان خىمىيىلىك دورىلارنى ئۆمۈر بويى ئىچىپ باقمىغان. ئۇلار ئۆمۈر بويى دائىم دېگۈدەك جىسمانىي ئەمگەكتىن ئايرىلمىغان، ئۇلارنىڭ شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەك تۈرى دېھقانچىلىق ۋە ئوۋچىلىق (قۇشلاش) تىن ئىبارەت بولۇپ، ساپ هاۋادىن ئەركىن نەپەسلىنىشكە ئادەتلەنگەن. ئۇلار ئاددىي ـ ساددا ياشاشنى تۇرمۇش ئادىتى قىلغان. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەلىپىمۇ يۇقىرى ئەمەس. ئىچىملىك ۋە چېكىملىكنى ئادەت قىلمىغان. هەزىم قىلىش قىيىن بولىدىغان ئېغىر يېمەكلىكلەرنى يېيىشكە ئادەتلەنمىگەن. ئەكسىچە، ئۇلار ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ تولىسىدا قىش ـ ياز دېگۈدەك ئۈجمە، ئۆرۈك، ياڭاق، قوغۇن ـ تاۋۇز، شاپتۇل، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋە ـ چېۋىلەر ئۈزۈلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى قوناق بولۇپ، بۇغدايدىن تەييارلىنىدىغان يېمەكلىكلەر ئاز، قورۇما تاماقلارنى

يېپىشكە ئادەتلەنمىگەن. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئىستېمال قىلىدىغان سەي - كۆكتاتى — چامغۇر، سەۋزە، پىيازدىن ئىبارەت. كونىراپ قالغان يېمەكلىكلەرنى ئاساسەن يېمەيدۇ. يېڭى سۈت - قېتىقنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىدۇ. ئىچىدىغان سۈيى تاغلاردىن ئېقىپ كەلگەن ئېقىن سۇ بولۇپ، ئۇسسۇزلۇقتا كۆپرەك سوغۇق سۇ ئىچىدۇ.

ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلارنىڭ پسىخىك ئادىتى كەڭ قورساق ۋە خۇش تەبىئەتلىك بولۇپ، خاپىلىقنى خالىمايدۇ. كۆپچىلىكى ناخشا - مۇزىكىغا ئامراق، ئىناقلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۆزئارا ئىقتىسادىي پايدا قوغلىشىپ كەتمەيدۇ، نورمال تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشنى خالايدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ھادىسىلىرىگە ئۇنچە قىزىقىپ كەتمەيدۇ. ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلەرنىڭ كۆپچىلىكى نامازخان بولۇپ، بەش ۋاخ نامازنى تەرك قىلمايدۇ. تۇرمۇش ئىمكانىيىتى تولۇق بولمىسىمۇ، ناماز ئوقۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بويىچە بەدەن ئەزالىرىنى داۋاملىق يۇيۇپ تۇرىدۇ. يېمەك - ئىچمەك تازىلىقى ۋە شەخسىي تازىلىقتا كۆڭۈل بۆلىدۇ.

كىيىنىش جەھەتتە، ئۇلار سۇنئىي تالالىق كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىپ باقمىغان. ئاساسەن، يەرلىك ئۇسۇلدا توقۇلغان پاختا رەختلىرى ئۇلارنىڭ ئاساسلىق كىيىم - كېچەك ماتېرىياللىرى ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، تۇغما قانداشلىق تەسىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، يۈز ياشتىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرۈۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى كۆپچىلىكىنى تەكشۈرگەندە، شۇ كىشىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ۋە ئەجدادلىرىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلىكى مەلۇم. بەزىلىرىنىڭ ھازىر سەكسەن - توقسان ياشلارغا كىرىپ قالغان بالا - چاقىلىرى بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى تىمەن ۋە ساغلام.

ئومۇمەن ئالغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلارنىڭ كۆپ بولۇشى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. (ئا)

## بالا تەشنالىقى

ئۇيغۇرلاردا پەرزەنت كۆرۈش ۋە ئۆز پەرزەنتىنى قاتارغا قوشۇش جەھەتلەردە بىرمۇنچە ئادەتلەر ساقلىنىپ كەلگەن. بۇلارغا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان دىنلارنىڭ ئەقىدىلىرى چوڭقۇر سىڭگەن. مەسىلەن:

1) بىراۋنىڭ بوۋىقى ساغلام. بۇدرۇق ئۆسۈپ تېز كۆزگە كۆرۈنگەن بولسا، بۇنىڭغا مەستلىكى كەلگەن باشقا بىرى بالىنىڭ ئانىسىدىن «بالا قانچە ئايلىق بولدى ؟» دەپ سورىسا «كۆز تېگىدۇ» دەپ، گەرچە بوۋاق بەش - ئالتە ئايلىق بولغان بولسىمۇ، قەستەن «بىر ياشقا كىردى» ياكى « يېشىدىن ئاشتى» دەپ يالغان ئېيتىدۇ، بەزى ئاتا - ئانىلار بالىغا كۆز تېگىپ چەتنەپ كېتىدۇ. دېگەن خىيال بىلەن بوۋاققا قۇراق كىيىم تىكىپ كىيدۈرۈپ قويىدۇ: بالىنىڭ يۈزىگە قارا سۈركەپ سەتلەشتۈرۈپ قويىدۇ: ھەتتا بوۋاقنى تالا - تۈزگە چىقارماي ئۆيدىلا باقىدۇ. بەزىلەر بوۋاققا مەستلىكى كېلىپ ماختاپ سۆزلەپ قويسا، بۇنى ئاڭلىغان ئانا ئاچچىقى كېلىپ «تىلىڭغا تاش » دەپ غودۇڭشىپ نارازى بولىدۇ.

2) بالىسى تۇرمىغان ئانا - ئانا بالا كۆرۈپ قالسا، ئۆز بالىسىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ كونا كىيىمىنى تىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆز بوۋىقىغا كىيىم تىكىپ بېرىدىغان ياكى بالىسى قاتارغا قوشۇلغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ بالىلىرى بوۋاق ۋاقتىدا كىيگەن كىيىملىرىنى سورىۋېلىپ بالىسىغا كىيدۈرىدىغان ئەھۋاللار ھازىرمۇ مەۋجۇت.

3) ئۇيغۇرلاردا ئاياللارنىڭ تۇغماس بولۇپ قېلىشى ئەيىب ئىشلاردىن بولۇپ سانىلاتتى. شۇڭا تۇغمىغان ئايال باشقىلار تەرىپىدىن «قېچىر» دەپ ھاقارەتلىنەتتى. تۇغماس ئايالنىڭ ئالدىدا بىرى باشقىلار تەرىپىدىن ھاقارەتلىنىپ تۇرسا، يەنە بىرى ئۆزىنىڭ تۇغمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئېرىنىڭ ئۆزىنى قويۇپ بېرىش ياكى بولمىسا ئۆزىنىڭ ئۈستىگە خوتۇن ئېلىۋېلىش خەۋپى تۇراتتى. شۇڭا بىچارە ئايال بىرەر بالا كۆرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك - تۈرلۈك سەۋەبلەرگە باش ئۇراتتى. ئېيتايلى، دوختۇر، تېۋىپلارغا كۆرۈنەتتى. ئۆزىنى موللىلارغا ئوقۇتاتتى، «ئانىلار» نى سېغىنىپ ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ سادىغىلار بېرەتتى. مازار - ماشايىقلارغا

بېرىپ يىغلايتتى، يالۋۇراتتى، بۆۋىلەرگە بېلىنى تاڭدۇراتتى. بۆۋىلەر ئۇنىڭ بېلىنى تېڭىپ بولۇپ، سۇپۇرگىنى بالا ياساپ، بالا تەلەپ قىلغۇچىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئۇ ئايالنى تەبرىكلىشەتتى. ھەتتا يېڭى تۇغقان ئايالنىڭ ئىسسىق ئېشى (بالا ھەمراھى) نى سورۇپلىپ ئۇنىڭغا ئولتۇراتتى. ئۇ ئايالدا «ئەشكە ئولتۇرسام چوقۇم تۇغىمەن» دېگەن ئەقىدە بولاتتى.

يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر ئارقىسىدا يەنە تۇغمىسا، بۇ ئايال ئۆز رازىلىقى بىلەن ئېرىگە كىچىك خوتۇن ئېلىپ بېرەتتى. ھەتتا بىرەر بالا بېقىۋالاتتى ياكى ئېرى مەجبۇرىي ھالدا بۇ ئايالنى قويۇپ بېرەتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەقىدىسى بويىچە تۇغۇلغان بوۋاق مەيلى ئوغۇل ياكى قىز بولسۇن، ياكى ھەر - خىل سەۋەبلەر بىلەن ئەيىبناق (مېيىپ) تۇغۇلۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى «ئاللانىڭ ئىلتىپاتى» دەپ قاراپ ئوخشاش قەدىرلىنىدۇ. تۇغۇلغان بوۋاق قىز ياكى مېيىپ بولغانلىق سەۋەبىدىن ئۇلارنى خارلاشنى كەچۈرگۈسىز ئەڭ چوڭ گۇناھ دەپ بىلىدۇ. (ر)

## مىراسخورلۇق

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، مىراسنى ئىسلام دىنى — شەرىئەت قائىدىسى بويىچە تەقسىم قىلىشقا ئادەتلەنگەن. شەرىئەت قائىدىسىدە مىراس بۆلۈش نىزامى مۇنداق بەلگىلەنگەن:

مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى بىردىن بولسا، ئومۇمىي مىراسنى ئۈچكە بۆلۈپ، ئىككىسى ئوغۇلغا، بىرى قىزغا تېگىدۇ. قىز ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بولسا، ئومۇمىي مىراسنى ئۈچكە بۆلۈپ ئىككىسى قىزلارغا، بىر ھەسسىسى ئوغۇلغا تېگىدۇ. ئەگەر ۋارىس قىز بالا بولسا، ئۇنىڭغا مىراسنىڭ يېرىمى تېگىدۇ.

مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ بالىلىرى بولسا، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەر بىرىگە ئومۇمىي مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. بالىسى بولمىسا مىراسقا ئاتا - ئانا ۋارىسلىق قىلىدۇ. لېكىن مىراسنى ئۈچكە بۆلۈپ، ئۇنىڭ ئىككىسى دادىسىغا، بىر ھەسسىسى ئانىسىغا تېگىدۇ. ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن باشقا قېرىنداشلىرى بولسا، ئانىسىغا مىراسنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمى تېگىدۇ، قالغىنى دادىسىغا تېگىدۇ.

ئايال ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ بالىسى بولمىسا، ئۇ قالدۇرغان مىراسنىڭ يېرىمى ئەرگە تېگىدۇ. بالىلىرى بولسا، ئەرگە مىراسنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى تېگىدۇ. ئەر ۋاپات بولسا، بالىلىرى بولمىسا مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى ئايالغا تېگىدۇ. ئەرنىڭ بالىلىرى بولسا ئايالغا مىراسنىڭ سەككىزدىن بىر قىسمى تېگىدۇ.

مىراس قالدۇرغۇچى، ئاتا - ئانىسىز، بالىسىز ئەر ياكى ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ پەقەت ئانا بىر قېرىندىشى ۋە ئانا بىر ھەمراھى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئومۇمىي مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ ئانا بىر ئاتا باشقا قېرىنداشلىرى، ھەمشىرىلىرى بىردىن كۆپ بولسا، مىراسنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئۇلارغا ئورتاق تەقسىم قىلىنىدۇ.

مۇبادا، مىراس تەقسىم قىلىنغاندا، ۋارىس ئەمەس تۇغقانلار ياكى تۇغقان ئەمەس يېتىم - يېسىرلارغا كېلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، ياخشى سۆز قىلىپ، ئاز - تولا بىر نەرسە بېرىش زۆرۈر دەپ كۆرسىتىلگەن ۋە بۇ تەقسىمات، مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇندىلىپ بولغان ھاياتلىقتىكى قەرزلىرى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىنىدۇ. مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ ۋەسىيىتى ۋارىسلارغا زىيان سالماسلىق شەرتى بىلەن ئورۇندىلىشى لازىم، بالىلارغا بۆلۈنگەن مىراس، بالىلار چوڭ بولغۇچە ساقلىنىپ تۇرۇشى، چوڭ بولغاندا قايتۇرۇلۇپ بېرىلىشى لازىم دەپ كۆرسىتىلگەن.

بۇ بەلگىلىمە مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە مىراس تەقسىم قىلغۇچى ئالىملار تەرىپىدىن، مىراس ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ نىسبەت (ئوق) كە بۆلۈپ شەرىئەت قائىدىسى بويىچە تەقسىم قىلىنغان. كېيىنچە ئىسلام شەرىئەتنىڭ مىراسخورلۇق توغرىسىدىكى بۇ بەلگىلىمىلىرى ئاددىيلىشىش «ئەرگە پۈتۈن، ئايالغا يېرىم» دېگەننى ئاساس قىلىپ مىراس بۆلۈش ئادەتكە ئايلانغان.

دىنىي شەرىئەت بويىچە مىراس بۆلىدىغان بۇنداق ئادەت 1950 - يىلىدىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا دۆلەتنىڭ «مىراسخورلۇق قانۇنى» بويىچە مىراس بۆلۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. (ش)

# VII ئۇيغۇرلارنىڭ توي ـ تۆكۈن ۋە ئۆلۈم ـ يىتىم ئادەتلىرى

## بۆشۈك توي

ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە، ياتلىق قىلىنغان قىزنىڭ تۇنجى تۇغۇتى ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ قىرىقى توشقۇچە شۇ ئۆيدە بېقىلىدۇ. قىرىقى توشقاندا قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆز ئائىلىسىدە «بۆشۈك توي» قىلىپ بېرىدۇ. بۆشۈك تويغا قۇدىلار (كۈيئوغۇلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى) ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنا ۋە ئەل ـ ئاغىنىلەرنىڭ ئاياللىرى تەكلىپ قىلىنىپ، مېھمان قىلىنىدۇ. قۇدىلار بوۋاق ئۈچۈن يۆگەك، ئەدىيال، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق نەرسىلەر، كېلىن ئۈچۈن ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا زىننەت بۇيۇملىرى ئەكىلىپ، ئۇلارنى مۇبارەكلەشتىن تاشقىرى، يەنە قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە شۇ ئائىلىنىڭ مۇھىم ئەزالىرىغىمۇ سوۋغا ـ سالام ئەكېلىپ، تۇغۇتنى ئوبدان باققانلىقىغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مېھمانلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن قۇدىلار كېلىن بىلەن نەۋرىسىنى يۆتكەپ ماڭىدۇ. بۆشۈك ھويلىدىن چىقاردا ئۇنىڭغا ئىسرىق سالىدۇ، كېلىن بىلەن بوۋاقنىڭ بېشىدىن ئىسرىق ئۆرۈيدۇ. قىسقىسى «بۆشۈك توي» نىڭ ماھىيىتى سالامەت يەڭگۈالغان كېلىننى ئۆز ئۆيىگە يۆتكەپ كېلىشتىن ئىبارەت بولغان بىر خىل مۇراسىمدۇر. (ر)

## سۈننەت توي

سۈننەت توي بەزى يەرلەردە «خەتنە توي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «سۈننەت» مۇھەممەت پەيغەمبەر تەرەپتىن قىلىشقا بۇيرۇلغان ئەمەللەردىن بىرى، شۇنداقلا مۇسۇلمانلىقنىڭ بەلگىسى. شۇڭا بۇ ئادەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ھەممە خەلققە ئورتاق. «سۈننەت توي» ئوغۇل بالا بەش ياشتىن يەتتە ياشقا كىرگەن ئارىلىقىدا بولىدۇ. بۇ كۆپىنچە كۈز ۋە ئەتىيازدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ مەرىكىگە ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنا، ئەل ـ ئاغىنىلەر تەكلىپ قىلىنىپ مېھمان قىلىنىدۇ. سۈننەت قىلىنىدىغان بالا ئۈچۈن يېڭىدىن يوتقان ـ كۆرپە تەييارلىنىدۇ. بالىغا يېڭى ـ يېڭى كىيىم ـ كېچەك كىيدۈرۈلىدۇ، قىزىل تاۋاردىن بەلباغ باغلىنىدۇ ياكى مەيدىسىگە گۈل تاقىلىدۇ. مېھماندارچىلىق ئاخىرىدا خەتنە باشلىنىدۇ (بەزى يەرلەردە ئاۋۋال خەتنە قىلىپ، توي كېيىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ياكى مەرىكىسنى ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن مۇۋاپىق پەيتتە خەتنە قىلىنىدۇ). خەتنىدىن بۇرۇن بالىنى چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلدۇرىدۇ. سۈننەتچى ۋە بالىنىڭ تاغىلىرى بالىنىڭ يۈرىكىنى توختىتىدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىدۇ. خەتنە ۋاقتىدا بالىنى تاغىسى ياكى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم تۇتۇپ بېرىدۇ.

خەتنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن كېسىلگەن يەردىن قان چىقارماسلىق ئۈچۈن كەسكەن يەرگە كۆيدۈرۈلگەن پاختا بېسىپ قويۇلىدۇ. بالا تولا يىغلاپ قان كەتمىسۇن، دەپ بالىنىڭ ئاغزىغا تۇخۇم كەپلەپ قويۇلىدۇ. سورۇندا بولغۇچىلار بالىنى مۇبارەكلەپ بالىغا پۇل تۇتقۇزىدۇ. سۈننەتچىنىڭ قولى يېنىك بولسا، بالا بىر ھەپتىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ. بەزى ئوغۇل بالا تۇغۇلۇشتا خەتنىلىك تۇغۇلىدۇ. بۇنداق بالىلار خەتنە قىلىنمايدۇ. بەزى مۇسۇلمان ئەللىرىدە ھازىرمۇ ئوغۇل بالا تۇغۇلغاندا كىندىكىنى كېسىپ بولۇپلا، خەتنە قىلىۋېتىدۇ. چوڭ بولۇشنى ساقلاپ تۇرمايدۇ. (ر)

## قىز ـ يىگىت تويى

ئۇيغۇرلاردا «نىكاھ تويى»، «بۆشۈك توي»، «سۈننەت توي»، «چاچ قوشاق تويى» دېگەندەك تويلار بار. بۇ تويلارنىڭ تۈرلۈك قائىدە ـ يوسۇنلىرى بار. بۇلارغا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىدىغان تۈرلۈك

دىنلارنىڭ ئەقىدىلىرى سىڭگەن.

## نىكاھ توي

«نىكاھ» — ئىنسان ئۆمرىدىكى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىشلارنىڭ بىرى. «نىكاھ توي» ئائىلە جامائەتچىلىكىنىڭ قۇرۇلۇشى وە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىنىڭ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ تىكلىنىشى ۋە كېڭىيىشىنىڭ مەنبەسى. شۇڭا ئۇ تارىختىن بۇيان شەخسلەرنىڭ، ئائىلىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ يۇكسەك ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشىپ كەلدى.

ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تەكشى بولمىغىنى ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان توي ئادەتلىرى شەكىللەنگەن. تۆۋەندە پۈتۈن ئۇيغۇرلارغا بىر ـ قەدەر ئورتاق بولغان «نىكاھ توي» ئادىتى، قائىدە ـ يوسۇنى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز. «نىكاھ توي» تۆۋەندىكىدەك باسقۇچلار بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ:

### 1. ئەلچى ئەۋەتىش

يىگىت بىلەن قىز بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشۇپ، بىر مۇددەت سىنىشىپ، توي قىلىش قارارىغا كېلىشكەندىن كېيىن ئۆز ئائىلىلىرىگە لايىق تېپىشقانلىقلىرىنى، توي قىلىش قارارىغا كېلىشكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ھەر ئىككى ئائىلە لايىقنى ماقۇل كۆرۈشكەندىن كېيىن، يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتىدۇ. ھەر ئىككى ئائىلە دېيىدىغان گەپ ـ سۆزىنى، تەلەپلىرىنى ئەلچىگە دەيدۇ. ئەلچى ئوتتۇرىدا خالىس تۇرۇپ ئۆزۈننى قىسقا، قىسقىسىنى ئۆزۈن قىلىدۇ. ئەلچى قىز تەرەپنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن «چاي» ئەكېلىش ۋاقتىنى بەلگىلەپ قايتىدۇ.

### 2. چاي ئاپىرىش

ئۇيغۇرلاردا چاي «كىچىك چاي»، «چوڭ چاي» دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. «كىچىك چاي» — «ماقۇل چېيى» ياكى «تەزىم چېيى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يىگىتنىڭ ئانىسى بىر قانچە ئايال ۋە ئوتتۇرىدا ماڭغان ئەلچىنى ئېلىپ قىزنىڭ ئائىلىسىگە «كىچىك چاي» ئاپىرىدۇ. يەنى يىگىت تەرەپ قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە قىزغا ئاتاپ بىرەر قۇردىن كىيىملىك رەخت ۋە باشقا نەرسىلەردىن داستىخان قىلىپ بارىدۇ. قىز تەرەپ ئۆز رازىلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، يىگىت تەرەپتىن بارغۇچىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تەزىم قىلىپ رەھمەت ئېيتىدۇ. «چوڭ چاي» ئاپىرىلىدىغان كۈن بەلگىلەنگەندىن كېيىن «چوڭ چاي» ئاپىرىلىدۇ.

«چوڭ چاي» قىز تەرەپتە بولىدۇ. چايغا يىگىت ۋە قىز تەرەپتىن ئەر ـ ئايال بولۇپ ئەللىك ـ ئاتمىش ئادەم قاتنىشىدۇ. چوڭ چايدا قىزنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە باشقا يېقىن بىۋاستە تۇغقانلىرى ئۈچۈن كىيىملىك ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇلار سورۇندا كۆپچىلىككە كۆرسىتىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بىرەر تىرىك مال، مەلۇم مىقداردا گۈرۈچ، ماي، نان، قەنت ـ گېزەك، چاي، تۇز قاتارلىقلارمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئېلىپ بېرىلغان تىرىك مالنىڭ بېشىغا قىزىل باغلىنىپ، يىگىت تەرەپتىن بىر ئادەم يېتىلەپ ئاپىرىدۇ. قىز تەرەپتىن بۇ مالنى قوبۇل قىلغاندا، بىر نەرسە بېرىپ ئۇنى رازى قىلىدۇ. چوڭ چايدا ساندۇق ئېچىلىپ ئەكېلىنگەن نەرسىلەر قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ساندۇق ئاچقۇچى ئايال ئالدىن ھازىرلاپ قويغان «چاچقۇ»نى سورۇنغا چاچىدۇ. سورۇندىكىلەر ئۇنى «تەۋەررۈك» بىلىپ، بۇلاپ ـ تالاپ يەردىن تېرىۋالىدۇ. ساندۇق ئاچقۇچى ئايالنى يىگىت تەرەپ بەلگىلەيدۇ. يىگىت تەرەپ ئۇنىڭغا ئاتاپ بىرەر ياغلىق ياكى بىرەر كۆڭلەكلىك رەختنى ساندۇققا سېلىپ قويىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە، ساندۇق ئاچقۇچى ئايال بىر نىكاھلانغان ئايال بولۇشى شەرت. كۆپ نىكاھلىق بولغان ئايال بۇ ئىشنى باشقۇرسا، قىز ئەردىن چىقىپ ئەرگە تېگىدىغان، يىگىت خوتۇن ئېلىپ خوتۇن قويۇپ بېرىدىغان بولۇپ قالارمىش. شۇنداقلا يىگىت بىلەن قىزنىڭ قولداشلىرىمۇ ئۆيلەنمىگەن يىگىت، ياتلىق بولمىغان قىز بولۇشى شەرت. يىگىت بىلەن قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تويىنىڭ ئارا ئايدا (روزا ھېيت بىلەن قۇربان ھېيت ئارىلىقىدىكى ئاي) بولۇپ قالماسلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە توي ئارا ئايدا بولسا، يىگىت بىلەن قىز ئەپلىشەلمەي قىز ئارىدا قالارمىش. «چوڭ چاي» ئا-

خىرلاشقاندا تويى بولماقچى بولغان قىزنىڭ يېقىن
دوستلىرىدىن بىرىنىڭ ئانىسى ئالاھىدە داستىخان
راسلاپ، قىزنى ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرغۇزۇپ بېرىش ئۈچۈن
سورىۋالىدۇ ۋە توي كۈنى ئۇ شۇ ئائىلە قىزنى ۋە قىزنىڭ
دوستلىرىدىن بولۇپ ئوتتۇز ــ قىرىق قىزنى ئۆيىدە
ئولتۇرغۇزۇپ مېھمان قىلىدۇ. چوڭ چاي كۈنى توي بو-
لىدىغان كۈن بەلگىلىنىدۇ. ئاشسۈيى توغرىسىدا
مەسلىھەتلىشىپ بىر يەرگە كېلىدۇ. ئاشسۈيى ئۈچۈن
گۆش، ماي، گۈرۈچ، نان، چاي، تۇز، سەۋزە، يېقىلغۇ
بېرىلىدۇ. بۇلار تويدىن بىر كۈن بۇرۇن قىزنىڭ ئۆيىگە
يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. توي بولۇشتىن بۇرۇن قىزنىڭ بىر
نەچچە دوستى «ئۆي ياساش» قا كېلىدۇ. ئۇلار قىز
تەرەپتىن ئەكەلگەن ۋە يىگىت تەييارلىغان نەرسىلەر بى-
لەن ئۆينى ياسايدۇ. قىزلار ئۆينى ياساپ بولغاندىن
كېيىن يىگىت تەرەپ ئۇلارنى مېھمان قىلىدۇ ۋە ھەر بىر
قىزنىڭ ئالدىغا سوپۇن، ئەتىر، قول ياغلىق قاتارلىق
نەرسىلەرنى قويۇپ رازى قىلىپ يولغا سېلىپ قويىدۇ.
چوڭ چاي تۈگىگەندىن كېيىن يىگىت ۋە قىز ئۆزلىرىنى
دوختۇرغا تەكشۈرتۈپ دوختۇرنىڭ ئىسپاتى بىلەن «توي
خېتى» ئېلىپ قانۇنىي رەسمىيەتنى ئۆتەيدۇ.

3. نىكاھ

توي كۈنى سەھەردە نىكاھ ئوقۇلىدۇ (نىكاھ قو-
نۇپ قالسا بولمايدۇ دەپ بۇرۇن نىكاھ ئوقۇلمايدۇ). نىكاھ
ۋاقتىدا سورۇندا يىگىت بىلەن قىز ھازىر بولۇشى شەرت.
نىكاھ ۋاقتىدا يىگىت قولدىشى بىلەن قىز قولداشلىرىمۇ
بىللە بولىدۇ. ئۆتمۈشتە يىگىت مەلۇم سەۋەب بىلەن نى-
كاھ ئۈستىدە بولالمىسا، يىگىتنىڭ قەلەمتىرىشى ياكى
پىچىقىغا نىكاھ ئوقۇيدىغان ئەھۋال بار ئىدى. نىكاھ ۋاق-
تىدا يىگىت بىلەن قىزنىڭ «ئۆزۈمگە قوبۇل قىلدىم»
دېگەن جاۋابىنى ھەممە ئادەم ئاڭلىشى شەرت. بەزىلەر
«ئاڭلىمىدۇق» دېسە، ئاڭلىغانلاردىن بىر ـ ئىككىسى
«ئاڭلىدۇق» دەپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتسە، نىكاھ ئوقۇش
داۋاملىشىدۇ. نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن
سورۇندىكىلەر يىگىت بىلەن قىزنى تەبرىكلىشىدۇ. نى-
كاھتىن كېيىن يىگىت بىلەن قىزغا شاكىراب (تۇز)
قاچىلانغان ئىككى بۇردا نان يېگۈزىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ
قارىشىچە، تۇز ئىككى ياشنىڭ مۇھەببىتىنى
چىڭىتارئىمىش. شاكىرابقا چىلانغان نان بۇردىسىنى قا-
چىدىن ئېلىشتا يىگىت قولدىشى بىلەن قىز قولدىشى
ناھايىتى چاققانلىق ئىشلىتىپ، بالدۇر ئېلىۋېلىشقا تىرى-
شىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، قايسى بالدۇر ئېلىۋالسا شۇ
تەرەپ يەنە بىر تەرەپتىن قورقمايدىغان بولارئىمىش.
توي كۈنى سەھەردە يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە قارىشىپ
بېرىش ئۈچۈن بىر ـ ئىككى ئادەم ئەۋەتىدۇ. شۇنداقلا
توي داۋاملىشىۋاتقان ۋاقىتتا يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە
ھال سوراپ بىر نەچچە ئادەم ئەۋەتىدۇ.

4. توي كۆچۈرۈش

قىز كۆچۈرگۈچىلەر نەغمە ـ ناۋا بىلەن قىز ئول-
تۇرغان ئائىلىگە بېرىپ قىزنى كۆچۈرۈپ، ئاتا ـ
ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىدۇ. قىز يۈركەنگەن ھالدا
يىغلاپ تۇرۇپ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن خوشلىشىدۇ. ئاتا ـ
ئانا قىبلە تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ، قول كۆتۈرۈپ دۇئا قى-
لىپ، ئۇلارنىڭ بەختلىك بولۇشىنى، بېشى باش ، ئايىغى
تاش بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ۋە قىزنىڭ بېشىدىن نان،
سۇپىرا ئۆرۈيدۇ. قىزنى كۆچۈرۈپ يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئە-
كەلگەندە قىزنى پاياندازغا دەسسىتىپ ئۆيگە ئەكىرىدۇ.
قىز پاياندازنى دەسسەپ بولغاندىن كېيىن، ئەتراپتىكىلەر
پاياندازنى ئالىشىپ يىرتىپ پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىدۇ ۋە
«تەۋەررۈك» قىلىش ئۈچۈن ئېلىشىدۇ، كېلىن ئۆيگە
يۈركەنگەن ھالدا كىرىدۇ. بىرئازدىن كېيىن قېيىن ئانا
كېلىنىنىڭ يۈركەنجىسىنى ئېلىۋېتىپ كىچىك ياغلىق
سېلىپ قويىدۇ ۋە پېشانىسىگە سۆيۈپ قويىدۇ. قىزنى
كۆچۈرۈپ كېلىش جەريانىدا يولدا توي توسقۇچىلار
بولىدۇ. بۇلارغا ماددىي نەرسىلەر بەرگەندىلا ئاندىن يول
بېرىدۇ. بەزى يەرلەردە قىز كۆچۈرۈپ كېلىۋاتقانلارنىڭ
قاتناش ۋاستىسىدىن چۈشۈپ ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشى
تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇلار ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدۇ. قىزنى
كۆچۈرۈپ كېلىپ ئۆيگە ئەكىرىشتىن بۇرۇن كۆيۈۋاتقان
ئوتنى ئايلاندۇرىدۇ. بۇ زەردۇشت دىنىنىڭ ئەقىدىسى
بولۇپ، ئوتتىن مەدەت تىلىگەنلىكنىڭ ئىپادىسى.
قىزنى كۆچۈرۈپ كەلگەندە تۆش سوراپ دەرۋازىنى
ئاچقىلى ئۇنىمايدۇ. قىزغا ھەمراھ بولۇپ كەل-
گۈچىلەر ياغلىققا ئورالغان تۆشنى بەرگەندىلا

دەرۋازىنى ئاندىن ئاچىدۇ .

## 5 . سالامغا بېرىش ۋە سالامغا كىرىش

تويىنىڭ ئەتىسى يىگىت ئۆز قولدىشى بىلەن قېيىن ئاتا، قېيىن ئانا ئالدىغا سالامغا بارىدۇ . ئۇلار ئۆز كۈيئوغلىنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ ۋە كۈيئوغلى ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان كىيىم ياكى كىيىملىك رەختنى قويىدۇ . يىگىت قولدىشىغىمۇ ئۆز لايىقىدا بىر نەرسە قويىدۇ . شۇ كۈنى يېڭى كېلىن ئۆز قولدىشى بىلەن قېيىن ئاتا، قېيىن ئانا ئالدىغا سالامغا كىرىدۇ . بۇلارمۇ مېھمان قىلىنىدۇ . قىز قولدىشىغىمۇ ئۆز لايىقىدا بىر نەرسە قويىدۇ . سالامغا بارغان ۋە سالامغا كىرگەن كۈنى قىز تەرەپ كۈيئوغۇل تەرەپكە «ئىسسىقلىق » ئەكېلىدۇ . « ئىسسىقلىق» ئۈچۈن تولىراق سامسا، پېتىر مانتا، ئۆپكە-ھېسىپ ۋە باشقا خىلدىكى تاماقلارنى ئەكېلىدۇ . ئىسسىقلىقنى قىزنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، قولۇم - قوشنىلىرى ئەكېلىدۇ . ئىسسىقلىقتا يىگىت، قىز ۋە يىگىتنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئېغىز تېگىدۇ . «ئىسسىقلىق » ئەكەلگۈچىلەر قانچە ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كىيىملىك رەخت قويۇلىدۇ ۋە «ئىسسىقلىق » ئەكېلىنگەن تاۋاقلارغىمۇ لايىقىدا رەخت سېلىنىدۇ .

## 6 . چىللاق

چىللاق — تويىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى . چىللاق توي بولغان ھەپتە ئىچىدە بولىدۇ . چىللاقنى ئاۋۋال يىگىت تەرەپ ئۆتكۈزىدۇ . ئاندىن قىز تەرەپ ئۆتكۈزىدۇ . چىللاقتا ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى، يېقىن قولۇم - قوشنىلىرىنى تەكلىپ قىلىدۇ . چىللاق — ئۆزئارا ھاردۇق سوراشنى، تۇغقانلار بىر - بىرى بىلەن تونۇشۇشنى مەقسەت قىلىدۇ . يىگىت تەرەپ چىللاق ئۆتكۈزگەندە قىزنىڭ ئاتا- ئانىسى، ئاچا - سىڭىللىرى قىزنىڭ ھۇجرىسىنى ئالاھىدە پەتىلەيدۇ . ئۇلار ئەكەلگەن نەرسىلىرى بىلەن ھۇجرىسىنىڭ كەم نەرسىلىرىنى تولۇقلاپ بېرىدۇ .

قايسى خىلدىكى توي بولمىسۇن، توي قىلغۇچى تويدا قارىشىپ بېرىشكە تېگىشلىك ئادەملەردىن ئەر - ئايال بولۇپ يىگىرمە — ئوتتۇز ئادەمنى چاقىرىپ «مەسلىھەت چېيى » ئۆتكۈزىدۇ . چايدا تويىنى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا ئۇلاردىن مەسلىھەت سورىلىدۇ . چايدا خىزمەت تەقسىماتى بولىدۇ . توي كۈنى ئۇلار ئەتىگەندىن - كەچكىچە تەرلەپ - پىشىپ ئىشلىشىپ بېرىدۇ . توي تۈگەش بىلەن توي ئىگىسى ئالاھىدە داستىخان ھازىرلاپ ئۇلارغا «ھاردۇق چېيى » بېرىپ ئۆز رەھمىتىنى بىلدۈرىدۇ . (ر)

## توي مۇراسىمىدىكى سەنئەت پائالىيەتلىرى

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى توي مۇراسىملىرى داغدۇغىلىق بولۇپ، توي كۈنىدىكى پائالىيەتلەرنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ . ئۇيغۇرلار خۇش چاقچاق ۋە سەنئەتخۇمار خەلق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بۇ تەبىئىتى توي مۇراسىملىرىدا گەۋدىلىك ئەكس ئېتىلىدۇ . توي كۈنى يىگىت ۋە قىز ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىدە دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ . بۇلاردىن بىرى، قىزنىڭ ئۆيىدە بولىدىغان «يار - يار » ياكى «يۆلەن» ناخشىسىنى ئېيتىشتىن ئىبارەت . «يار - يار » قوشاقلىرى قىزنى ئۇزىتىش ئاخشىمى كۆپچىلىك تەرىپىدىن ئېيتىشىش شەكلىدە كۈيلىنىدۇ . «يار - يار» قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنى شۇ تويىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلغان ھالدا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، قىز ئۆز رازىلىقى بىلەن بولغان تويلاردا، ئاساسەن قىزنىڭ مەدھىيىسى، گۈزەللىكى، قىزنىڭ بەخت - سائادىتى ھەققىدىكى ياخشى تىلەكلەر ھەمدە ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرى « يار - يار» قوشاقلىرىدا ئىپادىلىنىدۇ . لېكىن ئۆتمۈش جەمئىيەتتە فېئودالىزمنىڭ چىرىك قانۇن - تۈزۈملىرى قىز - يىگىتلەرنىڭ ئەركىن مۇھەببىتىگە يول قويۇلمايتتى . قىز - يىگىتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا توي قىلىشقا مەجبۇر قىلىناتتى . كىشىلىك ھوقۇق پايمال قىلىنغان فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى شارائىتىدا ئۆتكۈزۈلگەن تويلاردا قىزنىڭ بەختسىز تەقدىرىگە بولغان ئېچىنىش، ئارزۇ - ئارمانلىرى ئەمەلگە ئاشمىغان بىچارە قىزنىڭ مۇڭلۇق ھەسرەت - نادامەتلىرى، ئاتا - ئانىنىڭ

نەسىھەت ۋە تەسەللىلىرى «يار ـ يار» ناخشىلىرىدا ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

تەكچىدىكى قاچىنى
چاك بىسىپتۇ، يار ـ يار
كېلىنچەكنىڭ ئانىسىنى،
غەم بىسىپتۇ، يار ـ يار.

هاي ـ هاي يۆلەن، هاي يۆلەن
بىر باغ پاخال، يار ـ يار
يىگىتكە قارىساڭ،
پاخمال ساقال، يار ـ يار.

هاي ـ هاي يۆلەن، هاي يۆلەن
قار كېلىدۇ، يار ـ يار.
بەرگى خازان تونى كىيىپ
يار كېلىدۇ، يار ـ يار.

«يار ـ يار» قوشاقلىرى ئارقىلىق قىزنى ئۇزىتىش ئادىتى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇزاق زامانلاردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن.

توي كۈنى يىگىتلەر قىزنى كۆچۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن «هۇجرا كېچىسى» دە «چۇن ـ چۇن سالۋات» ئېيتىدىغان ئادەت ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى توي ـ تۆكۈنلەردە كۆرۈلمەيدۇ.

«چۇن ـ چۇن سالۋات» قوشاقلىرى ئاساسەن كومېدىيىلىك تۈس ئالغان ھەجۋىي شېئىرلار بولۇپ، يىگىتلەر تەرىپىدىن ئېيتىلىدۇ. «چۇن ـ چۇن سالۋات» قوشاقلىرىنىڭ «توشقان ئۇۋلاش»، «جەرەن سەكرىدى»، «بۆرگەم» دېگەندەك مەخسۇس ناملىرى بار. ئالايلۇق:

بۆرگەمنى سويماق بولدۇم.
ئاتمىش قاسساپ ئەكەلدىم،
يەتمىشكە باغلاتتىم،
سەكسەنگە باستۇردۇم،
توقسىنىغا سويغۇزۇپ،
توقسان توققۇزىغا ئاستۇردۇم.
......

بۆرگەمنىڭ گۆشىدىن بىز
مايلىق مانتا ياسىدۇق،
بىرنى يېسەڭ ئۇھ دەيسەن،
ئىككىنى يېسەڭ سۇ دەيسەن،
يالغان بولسا قاراڭلار،
مانتىدا باردۇر كاللىسى،
قىشتىن بېرى يەۋاتىمىز،
ھېلىمۇ بار تەڭ يارتىسى.

(«بۆرگەم» دىن پارچە)

مۇشۇنداق قىزىقچىلىقلاردىن كېيىن «پوتا ئويۇنى» ئوينىلىدۇ. «پوتا ئويۇنى» دا قىز ـ يىگىتلەر پوتىنىڭ ئۇچىدىن تۇتۇشۇپ لەپەر شەكلىدە بېيىت ئېيتىشىدۇ. بېيىت ئارقىلىق تاكى بىر تەرەپ يېڭىلگۈچە ئويۇن داۋاملىشىدۇ. بۇ ئويۇن «لەپەر كېچىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. لەپەر ئارقىلىق قىز ۋە يىگىتلەر بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشىدۇ، قائىدە بويىچە لەپەرنى ھەم ئۇنىڭ بېيىتلىرىنى ئالدى بىلەن يىگىت تەرەپ باشلايدۇ. بۇنداق شەرت لەپەرنىڭ ئۆزىدە مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

ئاۋۋال باشلاپ لەپەرنى قىز باشلىماس،
قىز باشلىغان لەپەرنى ئەل خوشلىماس.

قىسقىسى، توي جەريانىدىكى پائالىيەتلەر ناھايىتى قىزىقارلىق ۋە جەلپ قىلارلىق بولۇپ، بەزى رايونلاردا مەشرەپ تۈسىنى ئالغان. (ئا)

## جۇۋان تويى ۋە جۇۋانچە كۆڭلەك

ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدە خېلى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىملارنىڭ بىرى — جۇۋان تويىدۇر.

ئاياللارنىڭ ياشلىق دەۋرى ئۆز مەزگىلىگە قاراپ قىزلىق دەۋرى (بالاغەتكە يېتىش دەۋرى)، سىڭىللىك دەۋرى، چوكان دەۋرى، جۇۋان دەۋرى دەپ تۆت دەۋرگە بۆلۈنىدۇ. ئادەتتە قىزلار ياتلىق بولۇپ ئىككى ـ ئۈچ باللىق بولغاندىن كېيىن يولدىشى (ئېرى) بىلەن

مەڭگۈلۈك بىرگە ئۆتۈشكە ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندا ھەممە قىرانلىق مەزگىلگە يېتىپ، ھەر جەھەتتىن سۈلكەت ۋەسلىگە تولغاندا ئايال ئۇرۇق – تۇغقانلىرى ۋە قولۇم – قوشنىلىرىنى چاقىرىپ ئۆزىنىڭ «جۇۋان تويى» نى ئۆتكۈزىدۇ. جۇۋان تويى ئۈچۈن ئالاھىدە داستىخان تەييارلىنىدۇ. تەكلىپ قىلىنغان ئايال مېھمانلار جۇۋاننى تەبرىكلەپ ئۆز لايىقىدا ھەر خىل سوۋغا – سالاملار ئەكېلىدۇ، جۇۋان تويىدا جۇۋاننىڭ ئائىلىسى ھال – ئەھۋالىغا قاراپ ھەرخىل رەڭلىك بىر قانچە ياغلىق، جۇۋانچە كۆڭلەك، پەرىجە تون ۋە تەلپەك تەييارلايدۇ ھەممە مېھمانلار ئالدىدا جۇۋانغا تەقدىم قىلىدۇ. جۇۋان تويىغا جۇۋان بولغۇچىنىڭ يولدىشى ئالتۇن ھالقا، سىرغا، بايراقلىرى ئايخاڭزا ( قوش زىرە، يەنى ئۈچ قەۋەت بۆرەكچە چەمبەر قىلىپ ئوتتۇرىسىغا گۈمبەزسىمان ياقۇت كۆز ئورنىتىلغان ئالتۇن زىرىنىڭ بىر خىلى )، سۆكە (ئۈستى زىرىسىمان، ئاستىغا بىر – ئىككى سانتىمېتر ئۇزۇنلۇقتا ساڭگىلاپ تۇرىدىغان، قوش تالالىق بىر خىل ئالتۇن ھالقا ) تەييارلاپ سوۋغا قىلىدۇ. بۇ مۇراسىمدا جۇۋان بولغۇچى سېكىلەك چېچىنى ئىككىگە ئايرىيدۇ، جۇۋانچە كۆڭلەك ئۈستىگە پەرىجە كىيىدۇ. جۇۋانچە كۆڭلەك كىيىش — جۇۋان تويىنىڭ ئاساسلىق بەلگىسى. جۇۋانچە كۆڭلەك ئۆزگىچە بولۇپ، كۆپرەك ئاق ۋە يېشىل سىدام يىپەك رەختتىن تون ياقىلىق قىلىپ تىكىلىدۇ. بۇ كۆڭلەكنىڭ ئوڭ ياقىسىغا ئات باغرى رەڭ (جىگەر رەڭ ) دە بەش قاتار يېرىم ئاي شەكىللىك مەشۇت جىيەك تۇتۇلىدۇ. بۇنداق جۇۋانچە كۆڭلەك ئۈستىگە چوقۇم پەرەنجە تون كىيىش شەرت قىلىنىدۇ. پەرەنجە قارا خاڭدەندىن ئالدى ئوچۇق تونچە قىلىپ تىكىلىدۇ، لېكىن تۈگمە بېكىتىلمەيدۇ. يېشىل تاۋاردىن پۈتۈن پەۋاز تۇتۇلىدۇ، ئىككى كۆكسى ئورنىغا يېشىل تاۋاردىن بىر سانتىمېتر ئەتراپىدا يەتتە قاتار يېرىم ئاي شەكىللىك جىيەك ئورنىتىلىدۇ. بۇ بىر يۈرۈش كىيىملەر ناھايىتى يارىشىملىق بولۇپ، ئاياللارنى تېخىمۇ لاتاپەتلىك تۈسكە كىرگۈزىدۇ. بۇ كىيىملەرنى پەقەت جۇۋان تويى بولغاندىن كېيىن كىيىشكە بولىدۇ.

جۇۋان تويى ۋە جۇۋان كۆڭلىكى كۆپرەك كېرىيە ئاياللىرى ئارىسىدا بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، كۆڭلەك ۋە پەرەنجە تونىنىڭ ياقىلىرى ۋە كۆكسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان يەتتە ۋە بەش دانە ئاي شەكىللىك جىيەكلەرنىڭ بولۇشىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن، چۈنكى ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىدە بەش ۋاخ ناماز، بەش پەرز، يەتتە قات ئاسمان، يەتتە ئىقلىم چۈشەنچىلىرىگە سىمۋول قىلىپ بەش ۋە يەتتە سانلىرى ئۇلۇغلىنىدۇ. يېرىم ئاي شەكلىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى.

ئۆتمۈشتە جۇۋان تويى ئۆتكۈزۈلمىگەن ئاياللار ئۆلۈپ قالسا مېيىتكە يۇقىرىقى جۇۋان كۆڭلىكى ۋە پەرەنجە تونىنى كىيدۈرۈپ شەرتنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن بۇ كىيىملەرنى سالدۇرۇپ سوۋغا ئالغاندىن كېيىن دەپنە قىلىش ئادىتى بولغان. شۇنداقلا يەنە خەلق ئارىسىدا جۇۋان دەۋرىگە يېتىپ، تېخى جۇۋان تويى ئۆتكۈزمىگەن ئاياللارنى «ئون بالىنىڭ ئانىسى تېخى چوكان سېكىلەك» دەپ مەسخىرە قىلىش ئادىتىمۇ بار. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدە جۇۋان تويى ئۆتكۈزۈش ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئايلانغان بىر خىل مۇراسىم بولۇپ، ئۆزىگە خاس مەزمۇن ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە. خەلقىمىز ئارىسىدىكى «جۇۋان بىلگەننى قىز نەبىلۇر» دېگەن تەمسىلدىن قارىغاندىمۇ، جۇۋان تويى ئۆز ماھىيىتى بىلەن ئىنساننىڭ ھايات مەزگىللىرى ئىچىدە ئەقىل – پاراسەتكە تولۇپ، تۇرمۇش يولىغا تولۇق ئىشەنچ تىكلەش دەۋرىنىڭ خاتىرىسى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. (ئا)

## بالىغا ئات قويۇش

مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ( I توم، 525 – بەت ) دا «كۈدەن» دېگەن سۆزنى «بالىغا ئات قويۇش زىياپىتى» دەپ چۈشەندۈرگەن. بۇ بالىغا ئات قويۇش ئادىتىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئادەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرمۇ داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بالا تۇغۇلۇپ بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاتا – ئانا بالىغا ئات قويۇش كويىغا

چۈشىدۇ، بالىغا ئىسىم تاللايدۇ، ئىسىم تاللاپ بولغاندىن كېيىن، تەقۋادار بىر ئادەم تەكلىپ قىلىنىپ، بالىغا ئىسىم قويدۇرۇلىدۇ. ئات قويغۇچى زاكىلاقلىق بالىنى قولىغا ئېلىپ، قىبلىگە قاراپ تۇرۇپ تەكبىر ئېيتىپ، بالىنىڭ قۇلىقىغا ئەزان توۋلاپ ئېتىڭىز ××× بولسۇن، دەپ جاينامازغا دومىلىتىدۇ. سورۇندا ھازىر بولغۇچىلار بوۋاقنى يېڭى ئىسمى بىلەن مۇبارەكلىشىدۇ. ئاندىن سورۇندا ھازىر بولغۇچىلارغا داستىخان سېلىپ ئۇلارنى مېھمان قىلىدۇ. ئات قويغۇچىنىڭ ئالدىغا پۇل ياكى باشقا ماددىي نەرسە قويۇپ رازى قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا بالىغا ئات قويۇش بىر خىل مۇراسىم شەكلىنى ئالغان بولۇپ، بۇ مۇراسىمغا ئات قويغۇچى موللىدىن باشقا يەنە يېقىن ئۇرۇق – تۇغقانلار ۋە دوست – بۇرادەرلەر تەكلىپ قىلىنىدۇ. (ر)

## ئۆلۈم – يېتىم ئىشلىرىغا دائىر ئادەتلەر

1) ئۇيغۇرلاردا ۋاپات بولغۇچى ئىنتايىن ھۆرمەتكە ئىگە. شۇڭا ۋاپات بولغۇچى ئەر بولسا «مەرھۇم»، ئايال بولسا «مەرھۇمە» دېگەندەك سۆزلەر ئىشلىتىلىدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ تاۋۇتى قەبرىستانغا قەدەر كۆتۈرۈپ بېرىلىدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ بىۋاسىتە تۇغقانلىرى قارىلىق تۇتۇپ ئەرلەر بېلىگە ئاق باغلايدۇ، ئاياللار بېشىغا ئاق ياغلىق سالىدۇ. تاۋۇت ئۇزىتىلغانغا قەدەر ئارىلىقتا ئۆلۈم پەتىسىگە كەلگەن ئاياللارغىمۇ ئاق ياغلىق سېلىپ قويىدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ «يەتتە نەزىرىسى» بېرىلمىگۈچە بىۋاسىتە ئەر تۇغقانلار بېلىدىكى ئاقنى يەشمەيدۇ، ساقال – بۇرۇتىنى ئالمايدۇ. بىۋاسىتە ئايال تۇغقانلار ۋاپات بولغۇچىنىڭ قىرىقى بولمىغۇچە (بەزىدە يىلىغىچە) بېشىدىكى ئاقنى ئالمايدۇ. قىزىل – تىزىل كىيىم كىيمەيدۇ، «قىرىقى نەزىر» دە ياكى «يىل نەزىر» دە ياشانغان بىرەر ئايال تەسەللى سۆزلەرنى قىلىپ ئاق سالغۇچىلارنىڭ بېشىدىكى ئاقنى ئېلىۋېتىپ، باشقا ياغلىق سېلىپ قويىدۇ. بۇ «قارىسىنى ئۆشتۈش» دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىدار ئائىلىدە ئويۇن – كۈلكە ۋە باشقا تاماشا ئىشلىرى زادى بولمايدۇ. ھەتتا قولۇم – قوشنىلارمۇ ئۆز ئۆيىدە كۆڭۈل ئاچىدىغان پائالىيەتلەر ئېلىپ بارمايدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇرۇق – تۇغقانلار ئىچىدە تەييار بولۇپ قالغان توي كېچىكتۈرۈلىدۇ. توينى قىلمىسا بولمايدىغان ئەھۋال بولسا ھازىدار ئائىلىنىڭ رازىلىقىنى ئالىدۇ.

2) ۋاپات بولغۇچى ئۈچۈن بېرىلىدىغان «ئۈچ نەزىر»، «يەتتە نەزىر»، «قىرىقى نەزىر»، «يىل نەزىر» دېگەندەك نەزىرلەر پۈتۈن ئۇيغۇرلارغا ئورتاق بولسىمۇ، لېكىن بەزى يەرلەردە (بولۇپمۇ تۇرپان رايونىدا) يۇقىرىقىدەك نەزىرلەرنى ئۆتكۈزۈشتىن تاشقىرى يەنە «سىپارە» (بەش نەزىر)، «يۈز كۈنلۈك نەزىر» دېگەندەك نەزىرلەرنى ئۆتكۈزىدۇ. ھەتتا بەزى يەرلەر (خوتەن) دە «يىگىرمە كۈنلۈك نەزىر» ئۆتكۈزۈلىدۇ. بەزى يەرلەردە «يەتتە نەزىر» چوڭ ئۆتكۈزۈلسە، بەزى يەرلەردە (تۇرپان رايونىدا) سىپارە چوڭ ئۆتكۈزۈلىدۇ. «ئۈچ نەزىر» ئاساسەن مۇردىنى سۇغا ئالغۇچىنى رازى قىلىش مەقسەت قىلىنغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا پەقەت يۇغۇچىلار ۋە ئىمام – مەزىنلەر قاتنىشىدۇ. مۇردىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئومۇمەن تۆت ئادەم قاتنىشىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى «باش يۇغۇچى»، يەنە بىرى «ئاياغ يۇغۇچى»، قالغان ئىككىسى سۇ قۇيۇپ بەرگۈچى. «باش يۇغۇچى» مۇردىنىڭ بېلىنىڭ يۇقىرىقى قىسمىنى، «ئاياغ يۇغۇچى» بەلنىڭ ئاستىنقى قىسمىنى يۇيىدۇ. يۇغۇچىلار يالغۇز مېيىتنى يۇيۇپلا قالماستىن، يەنە كېپەننى تىكىپ تەييار قىلىسىدۇ ۋە مۇردىنى كېپەنگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىدار ئائىلە ئۇلارنى ئىمكان بار ياخشى رازى قىلىشقا تىرىشىدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ نىمكەش كىيىملىرىنى يۇيۇپ تازىلاپ، يۇغۇچىلارغا قويىدۇ. بەزىلەر بولسا ۋاپات بولغۇچىنىڭ كىيىم – كېچىكى ئاياغ ئاستى بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئەن رەخت، پۇل قويىدۇ. قايسى خىلدىكى نەرسە قويۇلسۇن، «باش يۇغۇچى»، «ئاياغ يۇغۇچى» بىلەن سۇ قۇيۇپ بەرگۈچى پەرقلەندۈرۈلىدۇ. مۇردا يۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن كېپەنگە ئېلىنىدۇ. كېپەنگە قىزىلگۈل سۈيى ياكى ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان زەمزەم سۈيى سېپىلىدۇ. باشقا نەزىرلەر ئۆز لايىقىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ ئوغۇل –

قىزلىرى ئۆز ئالدىغا نەزىر بېرىدۇ . هازىر بولسا ئائىلە باشلىقى پەرزەنتلەر نامىدىن بىرلا قېتىم نەزىر بېرىدىغان بولدى . بۇ ياخشى ئەهۋال . ئۇيغۇرلاردا هەر پەيشەنبە كۈنى «ئەرۋاھ » لارغا ئاتاپ ياغ پۇرىتىدىغان ئەهۋال داۋاملاشماقتا . ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، هەممە «ئەرۋاھ » لار جۈمە كۈنى مەككىگە توپلىنىپ جۈمە نامىزى ئوقۇيمىش . مەككىگە بېرىش ئۈچۈن « ئەرۋاھ » تېتىك بولۇشى لازىممىش . هەر پەيشەنبە كۈنى ياغ پۇرىتىلسا «ئەرۋاھلار » تېتىكلىشىپ مەككىگە بالدۇرلا بارارئىمىش .

3 ) مۇردا يۇيۇلۇپ كېپەنگە ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن ۋاپات بولغۇچىنىڭ بالا ـ چاقىلىرى، يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى مۇردا بىلەن ۋىدالىشىدۇ . ۋاپات بولغۇچى ئەر بولسا ئۇنىڭ ئايالى ، ئەگەر ئايال بولسا ، ئۇنىڭ ئېرى مۇردا بىلەن ۋىدالاشمايدۇ . سەۋەبى جان چىققاندىن كېيىن ئەر ئايالغا ، ئايال ئەرگە يات بولۇپ كېتىدۇ ـ دە ، بىر ـ بىرىنى كۆرۈش « نامەهرەم » بولىدۇ ، دەيدىغان قاراش ئۇيغۇرلاردا ناهايىتى كۈچلۈك .

4 ) ئېرى ئۆلگەن ئايال ياكى ئايالى ئۆلگەن ئەر ۋاپات بولغۇچىنىڭ هۆرمىتىنى قىلىپ ، ئۆلگۈچىنىڭ يىلى بولمىغۇچە ئەرگە تەگمەيدۇ ياكى ئۆيلەنمەيدۇ (ئايرىم ئەهۋاللار بۇنىڭدىن مۇستەسنا ) . ئەگەر بۇنىڭغا رىئايە قىلماي ئەرگە تەگسە ياكى خوتۇن ئالسا ، پەرزەنتلەر نارازى بولىدۇ ، جامائەت تەگەيدۇ .

5 ) جىنازا نامىزى مەسچىتتە ئوقۇلىدۇ . ناماز چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ناماز چۈشۈرگۈچىگە ناماز هەققى ، نامازغا قاتناشقان غېرىب ـ غۇرۋالارغا «ئىسقات » بېرىلىدۇ . ئىسقات ئالغۇچىلار ۋاپات بولغۇچى ئۈچۈن خالىسانە ناماز ئوقۇپ قويىدۇ ، ناماز چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ، تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ ، قەبرىستانلىققا قاراپ يول ئېلىنىدۇ . نامازغا قاتناشقۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى قەبرىستانلىققا بارىدۇ . جەسەت گۆرگە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ، جامائەت ئۇدۇل هازىدار ئائىلىسىگە يەتتىگە كېلىپ ، قۇرئان ـ تىلاۋەت قىلىپ قايتىدۇ . ئەتىسى بامدات نامىزىدىن قايتقان جامائەت يەنە يەتتىگە كىرىپ ، قۇرئان ـ تىلاۋەت قىلىدۇ . جىنازىدىكى مۇردىنىڭ ئەر ياكى ئايال ئىكەنلىكىنى تاۋۇتقا يېپىلغان يوپۇقتىن بىلگىلى بولىدۇ . ئايالنىڭ تاۋۇتىغا گۈللۈك ئېسىل رەختلەردىن يوپۇق يېپىلىدۇ . ئەر بولسا ئاق ياكى قارا سىدام رەختتىن قىلىنغان يوپۇق يېپىلىدۇ .

6 ) قەبرە ئۈچۈن قۇرۇق يەر تاللىنىدۇ . ئۆتمۈشتە هەر بىر ئائىلە جەمەتىنىڭ ئۆز ئالدىغا قەبرىستانلىقى بولاتتى . چەتتىن كېلىپ قالغانلار ۋاپات بولسا «مۇساپىرلار قەبرىستانلىقى » دەپ ئاتىلىدىغان ئومۇمىي قەبرىستانلىققا كۆمۈلەتتى . قەبرە ئىگىلىرى قەبرىنى يوقلىغىلى چىقسا قەبرىنىڭ توپىسىنى يۆلەپ ئېگىزلىتىپ قويىدۇ هەم ئۇچار قۇشلار يېسۇن دەپ ، ئۈستىگە دان چېچىپ قويىدۇ . بەزىلەر قەبرىنىڭ توپىسىنى شامال ئۇچۇرۇپ تۇرسا ياخشى ، دەپ قارىسا ، بەزىلەر بۇنىڭ ئەكسىچە ، قەبرىنىڭ توپىسى ئۇچۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن گۈمبەز ياساپ قويىدۇ . قەبرىنىڭ باش تەرىپىگە قەبرە تېشى ئورنىتىپ ، ئۇنىڭغا ۋاپات بولغۇچىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىهالى يېزىپ قويۇلىدۇ . بەزىلەر قەبرىنى تۆمۈر ياكى ياغاچ رېشاتكا ئىچىگە ئېلىپ قويىدۇ . بەزىلەر قەبرە ئەتراپىغا دەل ـ دەرەخ تىكىپ ، گۈل ـ گىياھ تېرىپ ئۈستىلۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ .

7 ) بەزىلەر جەسەتنى ئىلاج بار يول بويىدىكى قەبرىستانغا دەپنە قىلىدۇ . ئۇلار يولدىن ئۆتكۈچىلەر قەبرىستاندىكىلەرنىڭ روهىغا ئاتاپ دۇئا قىلىپ قويىدۇ ، دېگەننى ئۈمىد قىلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق قوشاق پەيدا بولغان ۋە ساقلانغان :

مەن ئۆلەرمەن ، مەن ئۆلەرمەن
يولدا قويماڭلار مېنى .
يولدا قويساڭلار قويۇڭلار ،
چۆلدە قويماڭلار مېنى .

8 ) ۋاپات بولغۇچى ئۈچۈن بېرىلگەن نەزىر تۈگىگەندىن كېيىن ئائىلە جەمەتى قەبرىستانغا بېرىپ ، قەبرىنى يوقلاش ، شۇنداقلا هەر بىر روزا هېيت ۋە قۇربان هېيتلاردا نامازدىن كېيىن قەبرىستانغا بېرىپ قەبرىنى يوقلاش ئادىتى هازىرمۇ داۋام قىلماقتا .

9 ) ئۇيغۇرلاردا «ئاتا ـ ئانامنىڭ ئايىغىدا ياتىمەن » دېگەن ئارزۇ كۈچلۈك بولىدۇ . شۇنىڭ ئۇ-

چۈن ياقا يۇرتلاردا ۋاپات بولغۇچىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ جەسىتى يۇرتىغا ئېلىپ بېرىلىپ دەپنە قىلىنىدىغان ئەھۋاللار ياكى جان ئۈزۈشتىن ئىلگىرى ئۆز يۇرتىغا ئەكېتىدىغان ئەھۋاللار ھازىرمۇ بار.

10) بەزى ياشانغان ئادەملەر بالا ـ چاقىلىرىنى ئالدىرىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ھايات ۋاقتىدىلا ئۆلۈملۈكىنى ھازىرلاپ قويىدۇ، يەرلىكنى چاپتۇرۇپ تەييارلاپ قويىدۇ.

11) ئائىلە چوڭلىرىدىن بىرى (مەيلى ئاتا، مەيلى ئانا) ئاغرىپ قېلىپ ساقايمىسا، كېسەلنىڭ تەلپى بويىچە شۇ ئائىلىدە تەييار بولۇپ قالغان تويىنى قىلىۋېتىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا ئۈلگۈرمەي كېسەل ۋاپات بولۇپ كەتسە، جەسەتنى دەپنە قىلماي تۇرۇپ نىكاھنى ئوقۇتۇپ قويۇپ، ئاندىن جەسەتنى ئۇزىتىدۇ. بۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشقا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

12) ھازىدار ئائىلە ھازا بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۆز ئائىلىسىدە تاماق يېيىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنا ۋە ئەل ـ ئاغىنىلەر ئائىلىسى بىرەر ھەپتە، ھەتتا بىرەر ئايغىچە تاماق ئەكېلىپ تۇرىدۇ. كەلگەن تاۋاققا ھازىدارلار ۋە باشقىلار ئېغىز تېگىدۇ.

13) ئۇيغۇرلاردا ئىگە ـ چاقىسىز يېتىم ـ يېسىرلار، مۇساپىرلار ئۆلۈپ قالسا، ئۇنى «خالىس ئۆلۈم» دەپ، يۇرت ـ مەھەللە بىرلىكتە نامىزىنى چۈشۈرۈپ بارلىق رەسمىيەتلىرىنى جامائەت خالىسانە ياردەم قىلىپ دەپنە قىلىدىغان ئادەت بار. بۇنداق خالىس ئۆلۈمنى ئۇزىتىشنى ساۋابلىق ئىش دەپ ھېسابلايدۇ. (ر)

## ھازا قوشاقلىرى

ئۇيغۇرلار تارىخىدا قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ مەيلى قايسى خاراكتېردىكى ئۆلۈم بولۇشتىن قەتئىينەزەر «ئۆلۈمنىڭ ھۆرمىتى» ئۈچۈن ئۆلگۈچىنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى قايغۇلۇق ئاھاڭدا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن يىغلايدىغان ئادەت بار. گەرچە ئىسلام دىنى قارىشىدا «ئۆلۈمگە يىغا ـ زار قىلىش تەقدىرگە تەن بەرمىگەنلىك، ئاللانىڭ ئەمرىگە نارازىلىق بىلدۈرگەنلىك» دېيىلىپ، يىغلىماسلىقنى تەشەببۇس قىلسىمۇ، لېكىن يىغا ـ زارسىز ئۇزىتىلغان ئۆلۈم جامائەتچىلىك ئارىسىدا غەيرىي ئىنكاس پەيدا قىلىدۇ. خەلق ئارىسىدىكى «ئۆلۈم يىغىسى بىلەن، توي كۈلكىسى بىلەن قىزىق» دېگەن تەمسىلمۇ مۇشۇنىڭغا قارىتىلغان. دەرۋەقە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە يىغا مەرھۇمغا سېغىنىش ۋە جۇدالىق ھەسرەتلىرىنى بايان قىلىشنىڭ بىر خىل شەكلى ھەمدە «ئۆلگۈچىنىڭ ھازىسىنى ئاچقانلىق» نىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

ھازا ئېچىشنىڭ شەكىللىرى خىلمۇ خىل بولىدۇ. كۆپىرەك رايونلاردا مەرھۇمنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ۋە يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئاساسلىق ھازىدار سۈپىتىدە مەرھۇمغا سېغىنىش ۋە ھۆرمەت بىلدۈرۈش تۇيغۇلىرى ئىپادىلەنگەن مەرسىيە سۆزلىرى ياكى مەرھۇمدىن رازىلىق تىلەيدىغان تىلەك قوشاقلىرىنى يىغا ئاھاڭىغا جور قىلىپ ئېيتىدۇ. بۇنداق مەرسىيەنامىلەردا يەنە مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ياخشى سۈپەتلىرى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق مەرھۇمنىڭ روھى ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

مەرسىيەنامە (ھازا قوشاقلىرى) ئارقىلىق مېيىتنى ئۇزىتىش ئادىتى بولۇپمۇ ئاتۇش رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە قاغىلىقنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئالاھىدىرەك بولۇپ، يۇرت ـ مەھەللىلەردە بىرەر كىشى ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ ھازىسىنى ئېچىش ئۈچۈن شۇ يۇرتتا تونۇلغان ھازىچى (يىغىچى) تەكلىپ قىلىنىدۇ. بۇنداق ھازىچىلار ئاساسەن يېشى چوڭراق، پېشقەدەم ئاياللار بولۇپ، ئۇلار ھەم ھازا قوشاقلىرىنى ئىجاد قىلالايدىغان (قوشاق قاتالايدىغان)، ھەم مۇڭلۇق يىغا ئاۋازى بىلەن كىشىلەردە مۇسىبەت تۇيغۇسى پەيدا قىلالايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. يۇرت ـ مەھەللە ئىچىدە بىرەر كىشى ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ئالدى بىلەن ئەنە شۇ ھازىچى دەپ نام ئالغان ئايالغا خەۋەر بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھازىچى دەرھال مۇسىبەت بولغان ئۆيگە يېتىپ كېلىدۇ ھەمدە ماتەم ئۈچۈن تىكىلگەن ئۇزۇن تونىنى تەتۈر كىيىپ بىر قولىغا ھاسا ئېلىپ، ئۆلگۈچىنىڭ شەنىگە بېغىشلانغان ھازا قوشاقلىرىنى ئۆزىگە خاس يىغا

ئاھاڭى بىلەن ئېيتىدۇ . بۇ مەرسىيەنامىنىڭ تەسىرى بىلەن مەرھۇمنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ۋە يۇرت جامائەتلىرى ئېغىر مۇسىبەت تۇيغۇسىغا چۆمىدۇ . ئەگەر ۋاپات بولغۇچى كىشى شۇ يۇرتتىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر مۆتىۋەر زاتلار ، خەلق ئىچىدىكى تەسىرى چوڭ قەھرىمانلار ياكى تۇيۇقسىز بالا ـ قازاغا يولۇقۇپ ۋاقىتسىز قازا تاپقان نارەسىدىلەر بولسا ، ئۇنىڭ شەنىگە بېغىشلانغان ھازا قوشاقلىرىنى ئېيتىش ئۇزۇلمەي بىرقانچە كۈن داۋاملىشىدۇ . ئادەتتىكى ئەھۋالدا ھازا قوشاقلىرىنى ئېيتىش مەرھۇمنى دەپنە قىلىشقا ئېلىپ ماڭغان پەيتتە يۇقىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ .

ماتەم مۇراسىملىرىدا مەرسىيەنامىلەرنى ئېيتىش ئادىتى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە . «تۈركىي تىللار دىۋانى » دا خاتىرىلەنگەن بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىكى خەلق ئىچىگە تارقالغان مەرسىيەنامىلەر بۇنىڭ جانلىق دەلىلى .

ئالىپ ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ ،
ئەسىز ئاژۇن قالدىمۇ ،
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ ،
ئەندى يۈرەك يىرتىلۇر.

«تۈركىي تىللار دىۋانى » دا مۇشۇ مەزمۇندىكى مەرسىيەنامىلەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ ، مەرسىيەنامە بىر ژانىر سۈپىتىدە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتتىن ئۇرۇن ئېلىشى ، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ماتەم مۇراسىملىرىدا ھازا قوشاقلىرىنى ئېيتىش ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . (ئا)

# VII ئۇيغۇرلارنىڭ ھېيت ـ بايرام ۋە مۇراسىم ئادەتلىرى

## نورۇز بايرىمى

باھارنىڭ ئىنسانلارغا ئەكەلگەن خۇشاللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تەنتەنىلىك ۋە دەبدەبىلىك ئۆتكۈزۈلىدىغان قەدىمىي ۋە ئەنئەنىۋى مىللىي بايراملاردىن بىرى « نورۇز » بايرىمى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، تاجىك قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى مىللەتلىرىگە ئورتاق بايرام ھېسابلىنىدۇ.

« نورۇز » ئەسلىدە پارسچە سۆز بولۇپ، « باھار يامغۇرى »، « تۇنجى باھار كۈنى » دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ بايرام قەدىمدىن باشلاپ شەمسىيە (كۈن) كالېندارى بويىچە قىش ئاخىرلىشىپ، باھارنىڭ باشلىنىش كۈنى ( ھەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ) يەنى كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەن باش باھارنىڭ بىرىنچى كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

« نورۇز بايرىمى » ئەسلى ماھىيىتى بىلەن يېڭى يىل بايرىمى بولۇپ، بۇ ئەنئەنىۋى بايرام ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە ئىنتايىن چوڭ تەسىرگە ئىگە.

« نورۇز » بايرىمىنىڭ بىر قەدەر ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى مۇنداق :

« نورۇز » كىرگەن كۈنى ئەتىگەن ياشتىن يەتمىش ياشقىچە، چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئاياللار، يۇرت ـ مەھەللىلەر بويىچە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي بايرام كىيىملىرىنى كىيىشىپ، مەنزىرىلىك جايلارغا جەم بولۇشىدۇ ۋە شۇ سورۇندا « نورۇز » غا ئاتاپ تەييارلىغان ھەر خىل ئويۇنلارنى ئوينايدۇ. خەلق قوشاقچىلىرى « نورۇز » نى مەدھىيىلەيدىغان شېئىر ـ قوشاقلارنى ئوقۇشىدۇ، ۋايىز ( مەدداھ ) لار داستان ۋە ھېكايە ـ قىسسىلەرنى كۈيلىشىدۇ. سازەندىلەر مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ. بىر تەرەپتە چەۋەندازلار ئوغلاق تارتىدۇ، ئات بەيگىسى ئۆتكۈزىدۇ، دارۋازلار ئېگىز دار ئۈستىدە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، مىڭلىغان كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ، قىزلار مەجنۇنتاللارغا ئىلەنگۈچ سېلىپ لەرزان پەرۋاز قىلىدۇ، بىر تەرەپتە ئولتۇرۇش قىزىپ « ئون ئىككى مۇقام » داستانلىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. قىسقىسى، ھەر كىم ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا ماھارەت كۆرسىتىپ، بايرام خۇشاللىقىنى نامايان قىلىدۇ. « نورۇز » مۇراسىملىرىغا مەكتەپ بالىلىرىمۇ كۈلۈپ ـ كۆكلەپ ھالدا قاتنىشىدۇ. ئۇلار مۇئەللىملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە سەپ ـ سەپ بولۇپ، گۈللۈك تاختىلارغا يېزىلغان « نورۇزنامە » لىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئۈنلۈك دېكلاماتسىيە قىلىشىدۇ.

« نورۇز » مۇراسىملىرىدا جامائەتتىن ئىختىيارىي يىغىش قىلىپ، مەخسۇس نورۇز ئېشى تەييارلىنىدۇ (ئابىسىنىن ). نورۇز ئېشى ئەنئەنە بويىچە يەتتە ياكى توققۇز خىل ماتېرىيالدىن تەييارلىنىدىغان كۆجە بولۇپ، بۇغداي، ئارپا، گۈرۈچ، تېرىق، گۆش، سۈت، سۇ قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرىدۇ. بەزىدە گۆش ئورنىغا كاللا ـ پاقالچاق ۋە زاسۋىلەرنى قوشىدۇ. « نورۇز » مۇراسىمىغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى « نورۇز ئېشى » غا ئېغىز تەگكۈزۈش شەرت قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھەممە كىشى « نورۇز » بايرىمىدا قانغۇچە كۆڭۈل ئېچىپ، ياخشى تىلەك ـ ئارزۇلار بىلەن ئۆيلىرىگە قايتىشىدۇ ۋە بايرامنى تەبرىكلەپ ئۆزئارا پەتىلىشىدۇ.

تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن « نورۇز » بايرىمىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش ۋاقتى ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى مۇمكىن. لېكىن قەدىمكى ئەنئەنىلەردىن قارىغاندا، بۇ بايرامنىڭ ۋاقتى ئىككى ھەپتە، يەنى ئون بەش كۈن قىلىپ بەلگىلەنگەن. ھازىر كۆپرەك رايونلاردا « نورۇز » بايرىمى ئۈچ كۈن قىلىپ خاتىرىلىنىدۇ.

« نورۇز » بايرىمىدا ئوينىلىدىغان ھەر خىل پائالىيەتلەر ھەمدە ئۇنىڭغا بېغىشلانغان « نورۇزنامە » لەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، قىش ـ زىمىستاننى قوغلاش، ئاسايىشلىق يېڭى باھارنى كۈتۈۋېلىش، يېڭى

يىلنىڭ يېڭىچە خۇشاللىق ئەكىلىشىنى تىلەش ، يېشىللىقتا پۈركەنگەن تەبىئەتنى كۆيلەش ، كىشلەرنى ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئۈندەش ، ئىتتىپاق ۋە ئىناقلىقنى تەشەببۇس قىلىش ، ساخاۋەتلىك ۋە دىيانەتلىك بولۇش قاتارلىق ئىلغار ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ . مەسە- لەن :

ئېترا قىلدۇق نورۇزدىن ياخشى كۈننى باشلىدۇق،
كۆڭلىمىزنىڭ خۇشلۇقىدىن بىر ئويۇننى باشلىدۇق،
شاتاۋادا تون كىيىپ ، جۇۋا ـ تۇماقنى تاشلىدۇق،
سايىلەردە ئولتۇرۇپ ، نەغمە ـ ناۋانى باشلىدۇق،
ئات مىنىپ ، ئوغلاق ئالىپ ، مەشرەپ قىلۇر كۈندۇز
بۇگۈن.

كەلدى نوزۇر يىل باشى ، كەتتى كۆڭۈلنىڭ چىركىنى ،
نورۇز دىبان كېلۇرلەر خاتۇنلارنىڭ تۈركىنى .
گۈللەر قىسۇر قىز ـ ئوغۇل ، ئەگرى قويار بۆركىنى ،
مەجلىس قىلىپ ئويناشۇر ، ئاچۇر كۆڭۈل مۈلكىنى ،
قايغۇ ـ مېھنەتلەر كېتىپ ئويناشۇر كۈندۇر بۇگۈن .

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا « نورۇز » بايرىمىنىڭ قاچاندىن باشلانغانلىقى ھەققىدە ئېنىقچىلىك تارىخىي ما- تېرىياللارغا ئىگە ئەمەسمىز . لېكىن « نورۇز » بايرىمى ھەققىدىكى كۆپلىگەن گۈزەل ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا ، « نورۇز » بايرىمىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇنقى كۆكتەڭرىگە چوقۇنغان دەۋرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . كۆكتەڭرىگە ئېتىقاد قىلغان ئاشۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلار كۆكتە جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ ئورۇنلىشىشىغا قاراپ ، ئۇلارنى ئوخشاشمىغان سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلەشكەن . ئۇلارنىڭ تونۇشىچە ، ئاققۇزا ( نائورۇز ، توقتى ) يۇلتۇزىنى ئىنسانلارغا بەخت ئاتا قىلغۇچى ئىلاھ ، قوش ، بېلىق ( ئەرەبچە ھۇت ) يۇلتۇزىنىڭ يوقى- لىپ ، ئاققۇزا ( ئەرەبچە ھەمەل ) ئىلاھىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىققان كۈنى بولغاچقا ، بۇ كۈن ئىنسانلارغا بەخت ۋە تەلەي ئەكېلىدۇ ، دېگەن ئەقىدە بويىچە ، ئاققۇزا ئېيىنىڭ باشلانغان كۈنى ( ھازىرقى كالېندار بو- يىچە 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ) « نورۇز » بايرىمى قىلىپ بەلگىلەنگەن . كۆپلىگەن تارىخىي مەنبەلەردىمۇ « نورۇز » بايرىمىنىڭ ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ خەلق ئارىسىدا تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان . ( ئا )

## ھېيت

ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن ، بۇ دىنغا مۇناسىۋەتلىك بىرمۇنچە بايراملار بارلىققا كەلدى . روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيتلار شۇلارنىڭ جۈم- لىسىدىندۇر . بۇ بايراملارنىڭ دىنىي تۈسى ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلاپ ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئەنئەنىۋى مىللىي بايرامغا ئايلىنىپ كەتتى . زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ بايراملارغا دائىر بىر مۇنچە ئادەت ـ قائىدە يوسۇنلار شە- كىللەنگەن .

1 ) روزا ھېيت ـــ مۇسۇلمانلار ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا ئوتتۇز كۈن روزا تۇتقاندىن كېيىن ، ئۆتكۈزۈلى- دىغان بايرام . « روزا تۇتۇش » مۇسۇلمانلار قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بەش پەرزنىڭ بىرى . روزا تۇتقان كۈنلەردە روزا تۇتقۇچى تاڭ سەھەردە ( تاڭ يورۇماستا ) تاماق يەيدۇ . بۇ تاماق « زولۇق » دەپ ئاتىلىدۇ. كەچتە نامازشام ۋاقتىدا « ئىپتار » قىلىنىدۇ . بۇ « ئېغىز ئېچىش » دەپ ئاتىلىدۇ . روزا تۇتقۇچى « زولۇق » تىن « ئىپتار » غا قەدەر بولغان ئارىلىقتا ھېچ نەرسە يېمەيدۇ ، ئىچمەيدۇ . ھەتتا تاماكا چېكىدىغانلار تاماكىمۇ چەكمەيدۇ . بۇنىڭغا رىئايە قىلمىغاندا روزا بۇزۇلىدۇ ، « گۇناھ » بولىدۇ. «زولۇق » تا قۇۋۋەتلىك تاماقلار يې- يىلىدۇ . « ئىپتار » دا بولسا سۇيۇق ـ سەلەڭ نەرسىلەر يېيىلىدۇ .

ئوتتۇز كۈن روزا تۇتۇلغاندىن كېيىن ئۈچ كۈن بايرام قىلىنىدۇ . بايرامنىڭ بىرىنچى كۈنى ئەرلەر جامەگە يىغىلىپ ھېيت نامىزى ئوقۇيدۇ . نامازدىن يانغاندىن كېيىن ، قەبرىستانلىقتا چىقىپ قەبرە يوقلايدۇ . قەبرىس- تاندىن قايتىپ ، كىچىكلەر ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلايدۇ . ئاندىن ئۇلارنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلىشىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۆزئارا ھېيتلىشىش باشلىنىپ كېتىدۇ .

روزا تۇتۇۋاتقان مەزگىلدە ياشلار ۋە باللار ئارىسىدا « رامىزان ئېيتىش » ئادىتى شەكىللەنگەن .

بۇلار ئىپتار ۋاقتىدا مەھەللە ئارىلاپ يۈرۈپ، ھەربىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ «رامىزان قوشاقلىرى» ئېيتىدۇ. ئۆي ئىگىسى ئۇلارغا ھەر خىل يېمەكلىك بېرىدۇ. «رامىزان قوشاقلىرى» نىڭ مەزمۇنى كىشىلەرنى روزا تۇتۇشقا ۋە سادىغا بېرىشكە دالالەت قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

2) قۇربان ھېيت ـــ بۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەرنىڭ ئەڭ زور ئەنئەنىۋى بايرىمى بولۇپ، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. رىۋايەت قىلىنىشىچە، قۇربانلىق قىلىش ئادىتى مىلادىدىن ئىلگىرىكى X Ⅱ ئەسىردە ياشىغان پەيغەمبەر ئىبراھىمنىڭ ئۆز ئوغلى ئىسمايىلنى مىنا تېغىدا قۇربانلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاللاغا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ھەرىكىتىدىن كەلگەن. قۇربانلىق قىلىش ھىجرىيە كالېندارى بويىچە زۇلھەججەنىڭ ئونىنچى كۈنى بولىدۇ. شۇ كۈنى كىشىلەر جامەگە يىغىلىپ ھېيت نامىزى ئۆتەيدۇ. نامازدىن كېيىن ئۆيلىرىگە قايتىشىپ قۇربانلىق ئۈچۈن ھازىرلىغان ماللىرىنى سويىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قولۇم ـ قوشنا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنىلەر ئۆزئارا ھېيتلىشىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ھېيت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىرمۇنچە ياخشى ئادەتلەر شەكىللەنگەن. مەسىلەن:

① ھېيتتىن بۇرۇن چوڭ تازىلىق قىلىنىدۇ. ئۆينىڭ تام ـ تورۇسلىرىنى سۈپۈرۈپ، ئۆينى تازىلايدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا ئۆينى ھاك بىلەن ئاقارتىدۇ. ئۆينى كۆتۈرۈپ قاقىدۇ، كىر يۇيىدۇ. ئائىلىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئەزالىرى يۇيۇنۇپ تارىنىدۇ.

② ئائىلە ئەزالىرى ھېيتلىق بىرەر قۇردىن يېڭى كىيىم كىيىدۇ، بولۇپمۇ كىچىك بالىلارغا يېڭى كىيىم قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنى چىرايلىق ياساندۇرۇپ قويىدۇ.

③ ئاياللار ھېيتتىن بۇرۇن ھېيت ئۈچۈن ساڭزا، قېيىقچە ۋە تۈرلۈك پېچىنە ـ پىرەنىك قاتارلىقلارنى پىشۇرىدۇ. ھېيت كۈنى داستىخان ناھايىتى مول راسلىنىدۇ.

④ ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ھېيتلاپ كەلسە، كىچىك بالىلارغا ھېيتلىق پۇل تۇتقۇزۇپ قويىدۇ.

⑤ ھېيت نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن جامەگە بارغۇچىلار غېرىب ـ غۇرۋالارغا ئالاھىدە سادىغا بېرىدۇ. شۇنداقلا بايلار رامىزان ئېيىدا ئۆز تەئەللۇقاتىنىڭ قىرىقتىن بىرىنى ئايرىپ، كەمبەغەللەرگە زاكات بېرىدۇ.

⑥ ھېيت ـ بايراملارنىڭ ئەڭ ئېسىل خاسىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنە ۋە قولۇم ـ قوشنىلار ئارىسىدا ئارازلىشىپ يۈرگۈچىلەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ ئائىلىسىگە ھېيتلاپ كىرىپ، ئوتتۇرىدىكى ئاداۋەتنى يۇيۇپ تاشلايدۇ ھەمدە ياخشى بولۇشۇپ قالىدۇ.

⑦ ھېيتتا ئاياللار مېھمان كۈتۈش بىلەن بولۇپ باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ھېيتلاپ كىرەلمىگىنى ئۈچۈن ئۈچ كۈن ھېيت تۈگىگەندىن كېيىن، ئاياللار ئارا ھېيتلىشىش باشلىنىپ كېتىدۇ ۋە ھېيت چېيى ئۇيۇشتۇرىدۇ. بۇ چاي ھېيت ئېيى تۈگىگىچە داۋاملىشىدۇ. (ر)

## قارلىق ئويۇنى

قارلىق ئويۇنى ئۇيغۇرلاردا ئالاھىدە خاراكتېرلىك تۇر. ئۇيغۇر خەلقى قارنى «خۇدانىڭ رەھمىتى» دەپ بىلىدۇ. شۇڭا تۇنجى ياغقان قار خۇشاللىقىدا «قارلىق ئويۇنى» نى باشلايدۇ. بەزىلەر تۇنجى قار يېغىشتىن بۇرۇنلا «قارلىق» تاشلىنىدىغان ئۆينى نىشانلاپ قويىدۇ. تۇنجى يېغىۋاتقان ياكى تۇنجى قار يېغىپ توختىغان ھامان:

قاردا قارلىق تاشلىدۇق،
بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.
يېڭى قارنىڭ خۇشلۇقىدا،
سىزگە قارلىق تاشلىدۇق.

دەپ باشلانغان ۋە:

قارلىق ئاپارغان كىشىنى،
پەم بىلەن تۇتسىلا.
يۈزلىرىگە قارا سۈركەپ،
ئالدىمىزغا كەلسىلە.

دەپ ئاخىرلاشقان قارلىقنى يېزىپ، نىشانلانغان ئۆيگە

يېقىن بولسا پىيادە، يىراق بولسا ئۇلاغلىق بېرىپ، قارلىقنى ئۆيىنىڭ بەلگىلىك بىر يېرىگە تىقىپ قويۇپ، ئۆيدىن چىقىۋېتىپ « پالان يەرگە قارلىق قويۇپ قويدۇم » دەپلا قاچىدۇ. قارلىق تاشلانغان ئۆيدىن بىر ئادەم ئۇنى قوغلايدۇ. ئەگەر ئۇنى تۇتۇۋالسا، ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزىنى بوياپ، جۇۋىنى تەتۈر كىيگۈزۈپ مەھەللىمۇ مەھەللە ئايلاندۇرىدۇ. تۇتۇلۇپ قالغان تەرەپ ئالاھىدە مېھمان چاقىرىپ « قارلىق چېيى » ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئەگەر قارلىق ئەكەلگۈچى تۇتۇلماي قېچىپ كەتسە، قارلىق تاشلانغان ئۆي قارلىق چېيى بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ مەھەللىدە قىش بويى « قارلىق چېيى » ئۈزۈلمەيدۇ.

« قارلىق ئويۇنى » ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەتكە سىغىنىش ۋە ئاقنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت قەدىمكى ئېتىقادىدىن كېلىپ چىققان. ( ر )

## مايسا بايرىمى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى دېھقانچىلىقتىن ئىبارەت. دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ۋاقىت ـ پەسىل خاراكتېرى كۈچلۈك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىز ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن يىل ـ پەسىللىرىدىكى تەبىئەت ئۆزگىرىشلىرىگە ۋە ھەر خىل تەبىئەت ھادىسىلىرىگە زور ئېتىبار بىلەن قاراپ كەلگەن، ئۆزلىرىنىڭ مول ھوسۇلغا بولغان ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى تەبىئەتكە باغلاپ، ئۇنىڭغا سىغىنغان، تەبىئەتنى ئۇلۇغلاش ۋە سىغىنىش ئاساسىدا، باھار بېشى ( دىنىي ماھ )، ياز بېشى ( پەرۋەردىن ماھ )، كۈز بېشى ( تىرماھ )، قىش بېشى (مېھىر ماھ ) قاتارلىق پەسىل ـ مەۋسۇملارنى خاتىرىلەيدىغان خىلمۇخىل بايرام ـ مۇراسىملارنى ئىجاد قىلغان. ئەنە شۇنداق مۇراسىملارنىڭ بىرى — مايسا بايرىمىدۇر.

مايسا بايرىمى مەزمۇن خاراكتېرى جەھەتتىن «كۆك مەشرىپى » گە ئوخشاشسىمۇ، شەكىل جەھەتتىن بەلگىلىك پەرقلەرگە ئىگە. بۇ بايرام ئاساسەن ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلىنىشتىن ئاۋۋال نىشانلىنىپ باھار خۇشاللىقى تەنتەنە قىلىنىدۇ. بۇ بايرامدا بىرقانچە پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭ بىرى كۆجە ( سۈمۈلەك ) ئېشى تەييارلاش. كۆجە ئېشى ئۈچۈن مەھەللىلەر بويىچە ھەرقايسى ئائىلىلەردىن بىر تاۋاقتىن ئۇرۇقلۇق بۇغداي يىغىۋېلىنىدۇ. يىغىلغان بۇغداينى داشقازانغا سېلىپ، ئۇزاق قاينىتىپ، كۆجە ئېشى قىلىنىدۇ. كۆجە ئېشىغا چامغۇر، گۆلە سېلىنىدۇ. كۆجە ئېشىنى ئاساسەن ئاياللار تەييارلىغاچقا، ئۇلار داش قازان ئەتراپىغا يىغىلىپ، ئاش پىشقىچە ھېكايە ـ چۆچەك، لەتىپە ۋە تېپىشماق ئېيتىشىدۇ، ئۆزئارا كۈلكە ـ چاقچاق قىلىشىدۇ. كۆجە ئېشى تەييار بولغاندىن كېيىن مەھەللىدىكى چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال يىغىلىپ ئاشقا ئېغىز تېگىدۇ ۋە دۇئا ـ تەكبىر قىلىدۇ. ئۇرۇقلۇق بۇغدايدىن كۆجە ئېشى تەييارلاش « ھوسۇلىمىز مول بولسۇن » دېگەن ئارزۇنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

مايسا بايرىمىدىكى يەنە بىر پائالىيەت: تولۇق ئېرىپ، كۆكاتلار ياشىرىشقا باشلىغاندا، چوكانتالغا سۇ يۈگۈرۈپ بىخلىنىشقا باشلىغاندا، باللار ئېرىق بويلىرى ۋە كۈزگى بۇغداي ئېتىزلىرىنى ئارىلاپ، قىشلىق ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، تۇپراقنى يېرىپ چىقىشقا باشلىغان كۆكاتلارنى تېرىۋېلىپ، ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە ئۇستازلىرىغا سوۋغا قىلىدۇ، بۇ « يېڭىلىق » بەدىلىگە ئاتا ـ ئانىلار باللارنى ھەر خىل مۇكاپاتلار بىلەن خۇشال قىلىدۇ. بەزى جايلاردا مايسا بايرىمى مەزگىلىدە مۇئەللىملەر مەكتەپ باللىرىنى تەشكىللەپ، چوكانتاللار قويۇق ئۆسىدىغان مەنزىرىلىك جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرىدۇ. باللار تولۇپ ـ تاشقان خۇشاللىق بىلەن يېڭى ئويغانغان باھارنى تەبرىكلەپ ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ.

باھارنى مەدھىيىلەيدىغان شېئىر ـ قوشاقلارنى يازىدۇ، بەزىلىرى مەجنۇنتالنىڭ بىخلانغان چىۋىقلىرىنى «ئات » قىلىپ مىنىپ ئوينىشىدۇ، يەنە بەزىلىرى تال نوتىلىرىدىن « فى ـ فى »، « ئىسقىرت » ياساپ، « ئېغىز گارمونى » ئورنىدا چېلىشىپ، مەيداننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدۇ. مايسا بايرىمىدا بولىدىغان يۇقىرىقىدەك پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى باھار كەلگەنلى-

كىدىن خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلغان. (ئا)

## ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ھەرقايسى يەرلىك مەشرەپلەر ئىچىدە تارقىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ مولluقى، تەشكىلىي تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەللىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغىنى «ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى» دىن ئىبارەت.

«ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى» ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك مەشرىپى بولۇپ، ئۇ قاتنىشىش دائىرىسى پەقەت ئەرلەر بىلەنلا چەكلىنىدىغان مەشرەپنىڭ نامى ھەم توي ـ تۆكۈن مەشرەپلىرى ۋە باشقا ھەر خىل ئاممىۋى مۇراسىملارنى تەشكىللەپ باشقۇرىدىغان ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ نامى. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى» تارقالغان ھەر بىر يېزا، كەنت ـ مەھەللىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا «ئوتتۇز ئوغۇل مەشرەپ تەشكىلى» بولغان.

«ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى» نىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ئاساسەن مەشرەپ بېگى ( قاز بەگ )، يىگىتبېشى، دارىگەي بېگى، كۆلبېگى، پاششاپ قاتارلىق ئەمەلدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ۋەزىپىلىرى بولغان.

مەشرەپ بېگى (قازبەگ) — «ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى» دىكى ئەڭ يۇقىرى مەنسەپ نامى بولۇپ، ئۇ ئاساسەن مەشرەپنىڭ پۈتۈن جەريانلىرىغا نازارەت قىلغۇچى، مەشرەپتىكى دەۋا ـ دەستۇر ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغۇچىدۇر.

يىگىتبېشى — مەشرەپنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىسى بولۇپ، مەشرەپ پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

دارىگەي بېگى ( دارا بېگى ) — ئاساسەن مەشرەپنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ۋە ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا قاتارلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. شۇڭا دارىگەي بېگى شۇ يېزا ـ كەنتتىكى ناخشا ـ مۇزىكىغا ماھىر سەنئەتكارلار ئارىسىدىن سايلاش ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ.

كۆلبېگى — مەشرەپنىڭ پۈتكۈل مالىيە ـ ئىقتىسادىي ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى بولۇپ، ئادەتتە مەشرەپكە لازىم بولىدىغان بارلىق يېمەك ـ ئىچمەك قاتارلىقلارنى كۆلبېگى ھەل قىلىدۇ. مەشرەپنىڭ كۈتكۈچىلىرى كۆلبېگىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىش بېجىرىدۇ.

پاششاپ — مەشرەپنىڭ ئىنتىزام باشقۇرغۇچىسى بولۇپ، ئادەتتە «ساقچى» ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدۇ. مەشرەپنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە خىلاپ ئىشلار كۆرۈلسە، پاششاپ دەرھال مەشرەپ بېگى ھەم يىگىتبېشىغا مەلۇم قىلىپ، بېرىلگەن جازانى ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. مەشرەپ قاتناشچىلىرى شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە پاششاپنىڭ باشقۇرۇشىغا شەرتسىز بويسۇنىدۇ. پاششاپنىڭ قولىدا ئادەتتە «گۈل تاياق» دەپ ئاتىلىدىغان دەررە بولىدۇ. «گۈل تاياق» يۇمشاق تال چىۋىقلىرى ياكى تېۋىلغىدىن ياسىلىدىغان بولۇپ، ئېلاستىكلىقى ناھايىتى يۇقىرى. جازا ئىجرا قىلىشقا توغرا كەلسە پاششاپ جازالانغۇچىلارنى ئەنە شۇ «گۈل تاياق» بىلەن يەڭگىل دەررىلەيدۇ.

«ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى» گە ئەزا بولغۇچىلارنىڭ سانى چەكلەنمەيدۇ. ئەمما بىر مەشرەپ تەشكىلى ئوتتۇز ـ قىرىق كىشىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. «ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى» گە ئەزا بولۇش تۈزۈملىرى مۇكەممەل بولۇپ، مەشرەپكە ئەزا بولغۇچى بەلگىلىك شەرتلەرنى ئورۇنداش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئالدى بىلەن مەشرەپكە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلغۇچى يىگىتنى دادىسى يېتىلەپ مەشرەپ سورۇنىغا ئەكېلىدۇ. پاششاپ بۇ ئەھۋالنى مەشرەپ بېگى ھەم يىگىتبېشىغا خەۋەر قىلىدۇ. ئۇلار رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن يىگىتنىڭ دادىسى مەشرەپ ئەزالىرىنىڭ ئالدىدا ئوغلىنى مەشرەپكە ئەزا قىلىش ھەققىدە ئىلتىماس قىلىدۇ. مەشرەپ بېگى ھەم يىگىتبېشىغا: «بالىنىڭ ئۇستىخىنى بىزنىڭ، گۆشى سىلەرنىڭ، ئەدەب ـ ئەخلاق ئۆگەنسۇن، دەپ مەشرەپكە ئەكەلدىم» دەيدۇ. يىگىتبېشى بالىغا: «بۇ مەشرەپنىڭ تاتلىق چېيى، ئاچچىق تايىقى بار. چىدىسىڭىز كىرىشكە رۇخسەت»

دەيدۇ . بالا : « چىدايمەن » دەپ جاۋاب بەرگەندىن كې‌يىن ، ئۇنىڭ مەشرەپكە قېتىلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ . بۇ چاغدا مەشرەپ ئەھلى بۇ بالىنىڭ سورۇنغا قانداق سوۋغىلارنى ئەكەلگەنلىكىنى سورايدۇ . بالىنىڭ دادىسى « ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ گۈللىرى » گە ئاتاپ ، نەچچە تۆگە ، نەچچە ئات ، كالا ، قوي ئەكەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىدۇ . ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە دېيىلگەن ھايۋان ناملىرى مەشرەپتە ئومۇملاشقان سىمۋوللۇقناملار بولۇپ ، تۆگە دېگىنى قوغۇن ـ تاۋۇزنى ، ئات دېگىنى تۇخۇمنى ، كالا ياكى قوي دېگىنى ئالمىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ سوۋغىلارنى پاش‌شاپ جامائەتكە كۆرسەتكەندىن كېيىن ، كۆلبېگىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن مەشرەپكە قوبۇل قىلىنماقچى بولغان بۇ يىگىت ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر ئارتۇقچىلىقىنى « ئوتتۇز ئوغۇل » نىڭ ئالدىدا كۆرسە‌تىپ بېرىشى شەرت . ئەگەر ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى بولمىسا مەلۇم بىر ھايۋان ياكى بىرەر قۇشنىڭ سايرىشىنى دوراپ بەرسىمۇ بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ دادىسى ئوغلىنىڭ مەشرەپكە قېتىلغانلىقى شەرىپىگە « ئوتتۇز ئوغۇل » نى ئۆيىگە مەشرەپكە تەكلىپ قىلىدۇ .

يىگىتبېشى مەشرەپكە قوشۇلغان بۇ يېڭى ئەزاغا «ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى » نىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى تەپسىلىي ئۇقتۇرىدۇ . مەشرەپكە ئەزا بولۇپ كىرگەن كىشى « مەشرەپ» كوللېكتىپىنىڭ رۇخسىتىسىز مەشرەپتىن چىقىپ كېتىشكە ياكى سەۋەبسىز قاتناشماسلىققا رۇخسەت قىلىنمايدۇ . ئەگەر مەشرەپتىن چېكىنمەكچى بولسا ، سەۋەبلىرىنى « ئوتتۇز ئوغۇل » نى قايىل قىلغۇدەك بايان قىلىپ ، ئۆزىنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق دەپ قارىغان بىرەر ياشنى تونۇشتۇرۇپ مەشرەپكە قوشقاندىن كېيىن ئاندىن چېكىنىشكە رۇخسەت قىلىنى‌دۇ .

« ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى » مۇ باشقا يەرلىك مەشرەپلەرگە ئوخشاش ناخشا ـ ساز ۋە ئۇسسۇل ، چاقچاق ۋە لاپ ئۇرۇش ، مەشرەپ ئويۇنلىرى ۋە جازادىن ئىبارەت تۆت باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ . ھەر بىر باسقۇچنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ ، قويۇق سەنئەت تۈسىگە ئىگە .

« ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى » نىڭ قائىدە ـ تۈزۈم‌لىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازا ئىككى خىل بولۇپ ، بىرى ، ئىقتىسادىي جازا ، يەنە بىرى سەۋەنلىك جازاسىدىن ئىبارەت . ئىقتىسادىي جازا ئەيىبلەنگۈچىنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ بېرىلىدىغان بولۇپ ، ئەڭ ئېغىر ئىقتىسادىي جازا « ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ گۈللىرى » ئۈچۈن ئۆز ئۆيىدىن سىرت بىر قېتىملىق « ناماقۇللۇق مەشرىپى » ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىبارەت . يېنىكلىرىگە كېلەر قېتىملىق مەشرەپ ئۈچۈن مېۋە ـ چېۋە ، قەنت ـ گېزەك قاتارلىقلارنى ئەكېلىش بۇيرۇلىدۇ .

سەۋەنلىك جازاسى كۆپ خىل بولۇپ ، « سامسا يېقىش » ، « جۇۋازغا قېتىش » ، « ئۆپكە قۇيۇش » ، «سۈرىتىنى تامغا تارتىش » ، « مونەك تۈگۈش » ، «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش»، «كاككۇك سايرىتىش»، « پاختەك ئۇچۇرۇش » ، « توشقان تەپتى » ، « كاۋا چاقتى » ، « دەررىگە بېسىش » ، « سازايى قىلىش » ، «سوغا چۆمۈلدۈرۈش » ، « پىر ئوينىتىش » ، « ئەنجۈر يېگۈزۈش » ، « يۈزىگە كۈيە سۈركەش » ، « باغدىن ئالما ئۈزۈش » قاتارلىق كۈلكىلىك ، ھەجۋىي ئويۇنلاردىن ئىبارەت . بۇ جازالار پاششاپ تەرىپىدىن ھەرىكەتلىك ئىجرا قىلىنىدۇ .

« ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى » ئاساسەن كۈزلۈك ھوسۇل يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن باشلىنىپ ، كېلەر يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلانغۇچە داۋاملىشىدۇ .

« ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى » دە يۇقىرىقىدەك تۆت باسقۇچلۇق ئويۇندىن باشقا ، يەنە ھەر قېتىملىق يىغىلىشتا مەشرەپ ئەزالىرىنىڭ بەزى مۇھىم ئىشلىرى مۇزاكىرە قىلىنىپ ، مەسلىھەت بېرىلىدۇ ، شۇ يۇرتتىكى جامائەت ئىشلىرى ھەققىدە كېڭەش ئېلىپ بېرىلىدۇ . توي ـ تۆكۈن ۋە ئۆلۈم ـ يېتىم بولغان ئائىلىلەردىن ھال سوراش ۋە ياردەم بېرىش قارارلاشتۇرۇلىدۇ . شۇڭلاشقا « ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى » نىڭ يۇرت ـ جامائەت ئىچىدىكى ئىناۋىتى ۋە ئابرويى يۇقىرى بولۇپ ، شۇ يۇرت كىشىلىرى مۇشۇ مەشرەپ كوللېكتىپى ئەتراپىغا زىچ ئۇ‌يۇشقان .

قىسقىسى، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ «ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى» خەلقنىڭ «سەنئەت مەكتىپى» ۋە «ئەدەب ـ ئەخلاق بۆشۈكى»، شۇنداقلا باشقا خىلدىكى ئاممىۋى مەشرەپ، مۇراسىملارنىڭ تەشكىللىگۈچىسى ۋە قانات يايدۇرغۇچىسىدۇر. (ئا)

## مەشرەپ ئويۇنلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ مەشرەپ پائالىيەتلىرى كۆپ خىل مەزمۇنلارنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن ئۇنىۋېرسال سەنئەت ئادىتى بولۇپ، ئۇنىڭدا ناخشا ـ ئۇسسۇلدىن تاشقىرى، مەشرەپكە «جان كىرگۈزىدىغان» خىلمۇ خىل خەلق ئويۇنلىرى بولىدۇ. بۇ خىل ئويۇنلار شەرتلىك ھالدا مەشرەپ پائالىيەتلىرىدىلا ئوينالغاچقا، ئۇلار «مەشرەپ ئويۇنلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

مەشرەپ ئويۇنلىرى ئاساسەن ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ: بىرى، مەشرەپنىڭ بەلگىلىك باسقۇچىدا ئوينىلىدىغان مەشرەپ مەزمۇنى دائىرىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئويۇنلار. ھەر قانداق مەشرەپلەر (بولۇپمۇ دولان مەشرەپلىرى) دە بىرنەچچە دۆرە نەغمە ـ ئۇسسۇل قىلىنغاندىن كېيىن، سازەندىلەر ۋە ئۇسسۇلچىلارنىڭ ھېرىپ ـ چارچاشلىرىغا ئارام بېرىش يۈزىسىدىن ھەم مەشرەپنىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش ئۈچۈن «يىگىتبېشى» تەرىپىدىن «دەررە ئويۇنى»، «پوتا ئويۇنى»، «چاي تۇتۇش ئويۇنى»، «بېيت ـ قوشاق ئېيتىش» قاتارلىق ئويۇنلارنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ ئويۇنلارنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدىسى بولۇپ، مەشرەپ ئەھلىدىن بىرى باشلاپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن باشلىغۇچى كىمنى خالىسا شۇ كىشى مەيدانغا چۈشۈپ ئويۇننى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئالايلۇق، «چاي تۇتۇش ئويۇنى» دا A كىشى بىر پىيالە سىنچاينى ئوڭ قولىغا ئېلىپ ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن ئۈچ يۈز ئاتمىش گرادۇس ئايلاندۇرۇپ (پىيالىدىكى چايدىن بىرەر تېمىممۇ تۆكۈلمەسلىكى شەرت) چىققاندىن كېيىن، بىرەر كۇپلېت بېيت بىلەن قولىدىكى چاينى كۆڭلى خالىغان B كىشىگە تۇتىدۇ. ئۇ كىشى تەزىم بىلەن پىيالىنى قوبۇل قىلىپ، مەيدانغا چۈشىدۇ ھەمدە A كىشى بېجىرگەن تەرتىپ بويىچە پىيالىنى پىرقىرىتىپ بولۇپ، بېيت بىلەن ئۈچىنچى بىر كىشىگە سۇنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئويۇن داۋاملىشىۋېرىدۇ. يىگىتبېشى ۋە مەشرەپ ئەھلى ئويۇنغا نازارەتچىلىك قىلىدۇ. ناۋادا كىمكى ئالدىنقىدىكى پىيالىنى پىرقىرىتىش جەريانىدا چاينى تۆكۈۋەتسە، يېڭىلگەن ھېسابلىنىپ «جازالىنىدۇ». بۇ «جازا» مەشرەپ ئەھلى تەلەپ قىلغان نەرسىنى ئورۇنداپ بېرىش ياكى ئۆزىنىڭ چامى يېتىشىچە بىرەر نومۇر (ناخشا ئېيتىپ بېرىش، بىرەر ھايۋاننى دوراپ بېرىش، باشقىلارنى تەبئىي كۈلدۈرەلەيدىغان بىرەر قىزىقچىلىق قىلىپ بېرىش ئويۇنلىرى قاتارلىقلار) نى ئورۇنداپ بېرىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. شۇڭا مەشرەپكە قاتناشقانلار «قۇرۇق قول» كەلمەستىن، مۇشۇنداق ئېھتىماللىقلارغا ئىدىيىۋى ھازىرلىق كۆرۈپ قويىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا دولان مەشرەپلىرىدە دراما خاراكتېرىنى ئالغان ھەر خىل كۈلكىلىك ئويۇنلارمۇ ئوينىلىدۇ. مەسىلەن، ئوغرىلىقنى ئەيىبلەيدىغان «ساندۇق ئوغرىسى» ئويۇنى، سودا كارۋانلىرىنى دورايدىغان «تۆگە ئويۇنى»، مۈلكىي ئەمەلدارلارنى ھەجۋىي قىلىدىغان «ئامبال ئويۇنى»، ئەخلاقسىزلارنى مەسخىرە قىلىدىغان «بوۋا»، «شىر»، «ئىككى مۈشۈكنىڭ بەز تالىشىشى» قاتارلىق كومېدىيىلىك ئېپىزوتلارمۇ ئوينىلىدۇ.

مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ ئىككىنچى تۈركۈمى «جازا ئويۇنلىرى» دىن ئىبارەت. مەشرەپ گەرچە ئىختىيارىي ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاممىۋى پائالىيەت بولسىمۇ، قەدىمدىن باشلاپ ئۇنىڭ بىر يۈرۈش ئەنئەنىۋى قائىدە ـ نىزاملىرى بولغان. بۇ قائىدە ـ نىزاملار مەشرەپنىڭ نورمال ۋە تەرتىپلىك بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان «مەشرەپ ئاساسىي قانۇنى» بولۇپ، تەرتىپنى بۇزغانلار، «يىگىتبېشى» نىڭ ھۆكۈمىگە بويسۇنمىغانلار ۋە ئاياللارغا ئەدەبسىزلىك قىلغانلار «جازاغا تارتىلغان»، بۇ جازا مەشرەپ ئەھلىنى ھەم كۈلكىگە سالىدىغان، ھەم قاتتىق ئىبرەتكە ئىگە قىلىدىغان «سامسا يېقىش»، «تامغا سۈرىتىنى تارتىش»، «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش»، «جۇۋازغا قېتىش»، «ئۆپكە قۇيۇش»، «مونەك تۈگۈش»، «باش چۈشۈرۈش» دەپ ئاتىلىدىغان جازا خاراكتېرلىك ھەجۋىي ئويۇنلاردىن ئىبارەت. بۇ جازا مەشرەپنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلغانلار سېزىلسە، پاششاپ (مەشرەپنىڭ تەرتىپ ـ ئىنتىزامىغا مەسئۇل بولغۇچى) نەق مەيداندا «يىگىتبېشى» غا دوكلات قىلغاندىن كېيىن، يىگىتبېشى تەرىپىدىن ئىجرا

قىلىنىدۇ . ئەگەر قىلمىشى ئېغىر بولسا مەشرەپتىن قوغلاپ چىقىرىدۇ . مەشرەپ جازاسىغا ئۇچرىغانلار جامائەت تەرىپىدىن ئەيىبلىنىدىغان بولغاچقا ، ھەممە كىشى مەشرەپنىڭ ئەنئەنىۋى قائىدە ـ نىزاملىرىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىدۇ . مانا بۇ ، ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئۈزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى .

دېمەك ، ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ھەم مىللىي سەنئىتىمىزنى راۋاجلاندۇرىدىغان ، ھەم خەلقىمىزنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان ، ھەم ئەدەب ـ ئەخلاق ئۆگىتىدىغان ئۇنىۋېرسال مەكتەپتۇر . (ئا)

## قېيىت مەشرىپى

قېيىت مەشرىپى ـــ شەرقىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان مەشرەپلەرنىڭ بىرى. «قېيىت»ـــ ئەسلىدە « قەيت » سۆزىنىڭ جانلىق تىلدا بۇزۇلغان شەكلى بولۇپ ، « ھۆكۈم قىلىش » ، « بېكىتىش » دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بېرىدۇ .

دېمەك ، « قېيىت مەشرىپى » ماھىيەتتە « ھۆكۈم چىقىرىش مەشرىپى» دېمەكتۇر . خەلق ئارىسىدا « قېيىت مەشرىپى » ئەسلىدە « قەتىل قىلىش مەشرىپى » ( ئۆلۈم جازاسى بېرىش ) نىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى دېگۈچىلەرمۇ بار ، ھەر ئىككى خىل چۈشەندۈرۈش مەشرەپنىڭ خاراكتېر جەريانلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ .

قېيىت مەشرىپى ئىككى خىل شەكىلدە ئۆتكۈزۈلىدۇ : بىرى ، دائىرىسى تارراق بولغان قاتار مەشرەپ شەكلى . يەنە بىرى ، توي ـ تۆكۈنلەردە قىزنى كۆچۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن توي ئاخشىمىدىن تارتىپ ئەتىسى بىر كۈن كەچقۇرۇنغىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان قېيىت مەشرىپى . توي شەرىپىگە بېغىشلانغان بۇ مەشرەپنىڭ دائىرىسى كەڭ ، مەزمۇنى مول بولۇپ ، بىر يۈز ـ ئىككى يۈزدەك كىشى قاتنىشىدۇ . بۇ مەشرەپكە پەقەت تويى بولغان يىگىت ۋە قىزنىڭ تەڭتۇش دوستلىرى تەكلىپ قىلىنىدۇ . مېھمانلارنىڭ ئولتۇرىدىغان ئورۇنلىرىغا گىلەم ، كىگىز قاتارلىق بىسات سېلىنىدۇ . ئاندىن ھەر ئۈچ يىگىتنىڭ ئالدىغا بىردىن پاكار شىرە قويۇلىدۇ . مەشرەپ سورۇنىنىڭ تۆرىگە مەشرەپكە « پادىشاھ » بولغۇچى ئۈچۈن بىر يوغان يۇمىلاق شىرە قويۇلىدۇ . سورۇننىڭ ئوڭ قول تەرىپىگە يەنە بىر يۇمىلاق شىرە قويۇلىدۇ . بۇ «قازى » بولغۇچى ئۈچۈن تەييارلانغان ئورۇن بولىدۇ . قائىدە بويىچە « پادىشاھ » يىگىت تەرەپ مەھەللىسىدىن ، « قازى » بولغۇچى قىز تەرەپ مەھەللىسىدىن تەيىنلىنىدۇ .

يىگىت باشلىقى مېھمانلارنى ئۆز لايىقىدىكى ئورۇنلارغا تەرتىپلىك ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن ، مەشرەپ ئەھلىگە بۇگۈنكى مەشرەپنى باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئىسىم نامزاتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ .

كۆپچىلىك كېڭىشىپ ، خەلقچىل ئۇسۇل بىلەن مەشرەپكە ئومۇميۈزلۈك يېتەكچىلىك قىلالايدىغانلاردىن پادىشاھ ، ۋەزىر ، قازى ، مۇپتى ، بازار بېگى ، كۆلبېگى (خەزىنە بېگى ) ، ئەنگىزە (قوزغاتقۇچى ) ، چايچى ، ئۆرۈمچى ( پەتنۇس ئۆرۈگۈچى ) ، قىقاسچى قاتارلىقلار سايلاپ چىقىلىدۇ . ئاندىن كېيىن كۆلبېگى توي ئىگىسى تەييارلاپ قويغان قەنت ـ گېزەكلەردىن ھەر بىر شىرەگە يەتتە ـ توققۇز تەخسىگىچە تىزىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن مەشرەپنىڭ قائىدە ـ نىزامى توغرىسىدىكى « پادىشاھ » نىڭ پەرمانى بازاربېگى ياكى ئەنگىزە تەرىپىدىن جاكارلىنىدۇ . قىزلار بولسا مەشرەپ سورۇنىنىڭ چېتىگىرەك تەييارلاپ قويۇلغان جايدا توپلىشىپ ئولتۇرىدۇ . ياشانغانلار ئەتراپتا قاراپ مەشرەپنى نازارەت قىلىدۇ .

قېيىت مەشرىپى تۆت باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ :

بىرىنچى باسقۇچ ، پادىشاھنىڭ پەرمانى جاكارلانغاندىن كېيىن ناغرا ـ سۇنايچىلار بىرەر مۇقامنى باشلاپ ، ئۇنىڭ بىرىنچى ، ئىككىنچى ، ئۈچىنچى ، تۆتىنچى مەشرەپلىرىنى ئورۇندايدۇ . ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدۇ . ئاخىرى جولا ، نازىركوم ۋە مۇقام چۈشۈرگۈسى بىلەن بىر باسقۇچ ئويۇن تاماملىنىدۇ .

ئىككىنچى باسقۇچ ، بىر دۆرە داۋا ـ دەستۇر ، ھەر خىل كۇلدۇرگە ئويۇنلار باشلىنىدۇ . ئالدىنقى بىر دۆرە ئويۇن جەريانىدا پادىشاھنىڭ پەرمانىغا خىلاپ ئىشلارنى سەزگەن مەشرەپ ئەھلى پادىشاھقا داد ئېيتىپ ، ئەرز ـ

شىكايەت قىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن مەشرەپ قازىسى
«گۇناھكار » نى نەق مەيداندا سوراق قىلىدۇ . سوراق
نەتىجىسىنى پادىشاھقا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن ، پادىشاھـ
نىڭ ئەمرى بىلەن « گۇناھكار » غا قەتل قىلىش جازاسى
ياكى باشقا خىلدىكى جازا بېرىلىدۇ . قازى بولغۇچى
«گۇناھكار » نىڭ بوكىنى ئېلىپ ، ئۆلۈم جازاسى ئىجرا
قىلىندى ، دەپ جاكارلايدۇ . ئاندىن جازالانغۇچى مەشـ
رەپكە تەكلىپ قىلىنغان سېتىقچىدىن ئۈچ ـ تۆت تەخسە
قەنت ـ گېزەك ئېلىپ ، پەتنۇسقا سېلىپ ، ئەدەب ۋە
ھۆرمەت بىلەن پادىشاھقا سۇنىدۇ . تۆۋە قىلىپ ،
گۇناھىنى تىلەيدۇ . پادىشاھ گۇناھىدىن ئۆتسە ، ئەنگىزە
بۇنىڭدىن كېيىن گۇناھ ئۆتكۈزمەسلىككە نەسىھەت قىلىپ
بوكىنى بېرىدۇ . جازاغا كۆنمەي تەتۈرلۈك قىلغانلارنى
مەشرەپتىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ . بەزىلىرىگە « تېرىسىنى
تەتۈر سويۇش » ، « سۆرىتىنى تامغا تارتىش » ، « سامسا
يېگۈزۈش » ، « پاختەك ئۇچۇرۇش » ، « بىر ئاپقۇر
سوغۇق سۇ ئىچكۈزۈش »، «چىلان توقماق » قاتارلىق
جازالار بېرىلىدۇ ياكى كۆپچىلىكنى كۈلدۈرگۈدەك بىرەر
قىزىقچىلىق قىلىپ بېرىش بۇيرۇلىدۇ. بۇ خىل «جازا»
لارنىڭ ھەممىسى مەشرەپكە قىزىق تۈس بېرىدىغان
كۈلدۈرگە ئويۇنلىرىدىن ئىبارەت . بۇ باسقۇچنىڭ ئاخىـ
رىدا يەنە بىر دۆرە ناغرا ـ سۇناي چېلىنىش بىلەن ناخشا
ـ ئۇسسۇل ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ ۋە مۇقام چۈشۈرگۈسى
بىلەن ئاخىرلىشىدۇ .

ئۈچىنچى باسقۇچ ، قىزىقچىلار ۋە لاپچى
(پوچى ) لار ئوتتۇرىغا چىقىپ ، ھەرىكەتلىك لاپ ئۇرۇپ
مەشرەپ ئەھلىنى كۈلدۈرىدۇ . يەنە بەزى
قىزىقچىلار «قىرىق بىر يالغان » قاتارلىق كۈلدۈرگە
ھېكايىلەرنى ئېيتىدۇ . بۇ باسقۇچ ناھايىتى قىزىقارلىق
بولۇپ ، يەنە ناغرا ـ سۇنايغا تەڭكەش قىلىنغان ناخشا ـ
ئۇسسۇل بىلەن ئاخىرلىشىدۇ .

تۆتىنچى باسقۇچ ، پادىشاھ ۋە قازىنىڭ ئىجازەت
بېرىشى بىلەن ئەنگىزە تەرىپىدىن سوئال سوراش باشلانـ
غانلىقى جاكارلىنىدۇ . سوئال سورىماقچى بولغان كىشى
ئالدى بىلەن توققۇز تەخسە قەنت ـ گېزەك كۆتۈرۈپ
كىرىپ ، قازىنىڭ ئالدىغا قويغاندىن كېيىن ، سوئال
سوراشنى باشلايدۇ . سورالغان سوئالغا قازى ۋە مۇپتى
بولغۇچىلار كېڭىشىپ جاۋاب بېرىدۇ . جاۋابى توغرا
بولسا ، مەشرەپ ئەھلى چاۋاك بىلەن ئېتىراپ قىلىدۇ .
ئەگەر جاۋاب توغرا بولمىسا قازى بولغۇچى كىشى سوئال
سورىغۇچى ئەكەلگەن توققۇز تەخسە قەنت ـ گېزەكـ
نىڭ ھەر بىرىگە ئون ھەسسە قوشۇپ ، جەمئىي توقسان
توققۇز تەخسە قەنت ـ گېزەك قايتۇرىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ
قازىلىق ئورنىنى سوئال سورىغۇچىغا بېرىپ مەشرەپتىن
چىقىپ كېتىدۇ . ئۇنىڭ يەنە قايتا ئىككىنچى قېتىم قازى
بولۇش سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلىنىدۇ . شۇڭا « قېيىت
مەشرىپى » گە قازى بولغۇچى شۇ يۇرت ـ مەھەللىدىكى
ئۇقۇمۇشلۇق ، ھوشيار ۋە بىلەرمەن ياشلار ئىچىدىن
تاللىنىدۇ . سورىلىدىغان سوئاللارنىڭ مەزمۇنى خەلق ئاـ
رىسىدىكى ئىلىم ـ پەن ، ھېساب ، تېپىشماق ۋە سۆز
ئويۇنلىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ ، كۆپرەك تېپىشماقنىڭ
جاۋابىنى تېپىش نۇقتا قىلىنىدۇ .

سوئال ـ جاۋاب ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يەنە بىر
دۆرە ئويۇن ئوينىلىپ ، ئاخىرى « نازىر كوم»، «چاققاق ـ
جۇمبۇرچاق » دېگەن قىزىقارلىق مۇزىكا ـ ئۇسسۇللار
بىلەن چۈشۈرگۈسى چۈشۈرۈلىدۇ . پادىشاھ بولغۇچى
مەشرەپنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى پەرمان ئارقىلىق
كۆپچىلىككە ئېلان قىلىپ مەشرەپنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ .
«قېيىت مەشرىپى » نىڭ باشقا مەشرەپلەردىن ئالاھىدـ
لىكى ، ئۇنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا ئىلىم ـ پەنگە ئائىت
ھەر خىل مەزمۇنلارنى سوئال ـ جاۋاب شەكلى بىلەن
تەبىئىي ھالدا ئامما ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت .
( ئا )

## كۆك مەشرىپى

شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا دېھقانچىلىق
زىرائەتلىرى يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان قەـ
دىمكى بايرام ۋە مۇراسىملاردىن بىرى ـــ « مايسا
مەشرىپى » ( ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىگە
دائىر مەنبەلەردە « مىلىس بايرىمى » دېيىلگەن ) بولۇپ ،
ئۇ قۇمۇل ، پىچان ، تۇرپان قاتارلىق شەرقىي شىنجاڭ
ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن . بۇ

مۇراسىم ھازىر قۇمۇلدا « كۆك مەشرىپى » دەپ ئاتالسا ،
پىچان رايونىدا بۇرۇنقى نامى بىلەن « مىلىس مەشرىپى »،
« مايسا ئويۇنى » دەپ ئاتالغان .

« كۆك مەشرىپى » پەسىل خاراكتېرىگە ئىگە
بولۇپ ، بۇ ھەر يىلى 11 ـ ئايدا باشلىنىپ ، كېلەر يىلى
ئەتىيازغىچە داۋاملىشىدۇ ۋە مۇئەييەن ۋاقىت
مۆلچەرلەنگەن مۇراسىم كۈنى بىلەن چەكلەنمەيدۇ .
«كۆك مەشرىپى » بىۋاسىتە دېھقانلار تۇرمۇشىدىن ئېلىنـ
غان بولۇپ ، كۆك ( مايسا ) كە بولغان سېغىنىش
ئاساسىدا مول ھوسۇلنى نامايەندە قىلىدىغان قۇمۇل خەلق
مەشرەپلىرىنىڭ بىر تۈرىدۇر .

« كۆك مەشرىپى» نىڭ بىر قەدەر بۇرۇنقى ئادەت ـ
يوسۇنلىرى مۇنداق بولغان : ئۆزىبېقىنىڭ بېشىنى ئېلىۋېـ
تىپ گۈل تەشتىكىدەك يۇمىلاق ھالغا كەلتۈرۈپ ، ئۇنىڭ
ئىچىگە توپا سېلىپ بىر ـ ئىككى سىقىم بۇغداي ياكى
ئارپىنى تېرىغان . بۇغداي ئۈنۈپ مايسا بولغاندىن
كېيىن ، ھەر خىل بېزەكلەر بىلەن ئۇنى كاتتا جابدۇپ ،
خۇددى ساھىبجامال قىزغا ئوخشاتقان . بۇ « كۆك » دەپ
ئاتالغان . كۆكنى تەييارلىغۇچى ساھىبخان يەنە قورۇق
ئۈزۈم ، ئۆرۈك قېقى ( گۈلە ) ، شاپتۇل قېقى ، چىلان ،
جىگدە ، گازىر ، ئالما قېقى ، قوغۇن قېقى ، دادۇر قاتارلىق
توققۇز خىل قورۇق مېۋە ـ چېۋىلەردىن بىر تەخسىدىن
تەييارلاپ ھال ـ ئوقىتىگە يارىشا تاماق راسلاپ، مەھەللەـ
كويلىرىنى ۋە يېقىنلىرىنى چىللاپ كەچلىكى مەشرەپ
ئۇيۇشتۇرغان . مەشرەپ ئاياغلاشقاندا كۆكنى كۆكلى
تارتقان بىرىگە « كۆك بېيتلىرى » نى ئوقۇپ تۇتقان .
شۇنىڭ بىلەن كۆكنى تاپشۇرۇۋالغان كىشى تەييارلىق
قىلىپ يۇقىرىقى ئۇسۇلدا « كۆك مەشرىپى » ئۆتكۈزۈپ
بېرىدۇ . شۇنداق قىلىپ « كۆك » ئۇ قولدىن بۇ قولغا
ئۆتۈپ ، دەۋرىي ھالدا ئايلىنىپ ، تاكى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ
باشلانغۇچە « كۆك مەشرىپى » ئۈزۈلمەي داۋاملىشىدۇ .
كۆكنى تاپشۇرۇۋالغۇچى كىشى ئۇنىڭ شەرىپىگە چوقۇم
مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىشى ۋە بۇ مەشرەپنى تەشكىلـ
لەۋاتقان « كۆك » نى ياخشى پەرۋىش قىلىپ ، قۇرۇۋتۇپ
قويماسلىقى شەرت . كۆك مەشرىپىگە قاتناشقۇچىلار
خۇشال ـ خۇرام ، كۈلكە ـ تاماشا ئىچىدە « مەن بىر ئوق
ئاتتىم » دېسە ، يەنە بىرى «مەن بىر ئوق ئاتتىم » ...
«مەن ئۈچ ئوق ئاتتىم » ... دېيىشىپ ، كېيىنكى قېتىملىق
كۆك مەشرىپىنى ئۆتكۈزۈش نۆۋىتىنى بەلگىلەشكەن . بىر
ئوق ئاتقىنى ئەتە ئاخشىمى ، ئىككى ئوق ئاتقىنى ئۆگۈن
ئاخشىمى ، ... شۇنداق قىلىپ كۆك قىشچە ئايلىنىپ ، ئۆز
ئىگىسىگە قايتىپ كەلگۈچە ئەتىياز كېلىپ قالىدۇ . دېـ
مەك ، كۆك مەشرىپىنى كىم ئۇيۇشتۇرغان بولسا، قائىدەـ
يوسۇنى بىلەن يەنە ئۆز ئىگىسىگە قايتىپ كېلىدۇ . كۆك
مەشرىپى قاتناشقۇچىلارنىڭ سانىغا قاراپ ، يىگىرمە ،
ئوتتۇز ، ئەللىك ... ئوقىچە بارىدۇ .

« كۆك مەشرىپى » ئۆتكۈزۈش ئەۋلادتىن ـ
ئەۋلادقا داۋاملىشىش جەريانىدا ئۇنىڭ قائىدە ـ
يوسۇنلىرى بېيىپ تېخىمۇ مۇقىملاشقان . ھازىرمۇ ئاساـ
سەن قەدىمكى ئەنئەنىۋى شەكلىنى يوقاتمىغان . ھازىرقى
شەكلىدە بۇغداي مايسىسىنى قىش كۈنى ئۆيدە ساپال ،
تۆمۈر ياكى چىنە ـ قاچىلارغا ئۈندۈرۈپ ، خوراز ـ
مېكىياننىڭ شەكلىنى چىرايلىق قىزىل قەغەزدىن ئويۇپ ،
ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە قارىتىپ مايسا ئىچىگە سانجىپ
قويىدۇ . ئۇنىڭ ئەتراپىغا يەنە قىزىل چېچەكلەر سانجىـ
غاندىن باشقا ، قوناقنى ئېتىلدۈرۈپ تىكەنلىك چىتقا
سانجىپ ، قار شەكلىگە كەلتۈرۈپ ئۇنىمۇ مايسا ئەتراپىغا
قويۇشىدۇ . ئاندىن كۆكنى قىزىل ، يېشىل تاۋارلار بىلەن
بېزەپ ، ئۈستىنى ياغلىق بىلەن يېپىپ قويىدۇ . كۆك
ئۈندۈرگۈچى ساھىبخان بىر كىيىملىك رەخت ، تاماق ۋە
توققۇز تەخسە قورۇق مېۋە ـ چېۋە تەييارلايدۇ . شۇنىڭ
بىلەن ئون بەش ـ يىگىرمە جۈپ ئەر ـ ئايالنى چاـ
قىرىپ «كۆك مەشرىپى » نى باشلىۋېتىدۇ . مەشرەپكە
بېيىتچى ، نەزمىچى ، قىقاسچى ( ھاي ـ ھاي سالغۇچى )
قاتارلىقلارنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىدۇ . غېجەكچى ،
راۋاپچى ، داپچى قاتارلىق سازەندىلەر بەلگىلەنگەن ئوـ
رۇندا ئولتۇرىدۇ ، باشقىلار ياش قۇرامىغا قاراپ تۆردىن
باشلاپ ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇشىدۇ . مەشرەپ كېچىچە
داۋاملىشىپ ئاخىرلىشاي دېگەندە يۈزى يېپىلغان كۆك
مايىسنى ۋە بىر كىيىملىك رەخت ، توققۇز تەخسە قورۇق
مېۋە ـ چېۋىنى ساھىبخان ئەر ـ ئايال ئىككىنچى بىر
جۈپ ئەر ـ ئايال نەزمىچىگە ئىككى قوللاپ سۇنىدۇ . بۇ

مەزگىلدە سازەندىلەر سازنى توختىتىدۇ، مەشرەپ ئەھلىنىڭ دىققىتى ئۇلارغا مەركەزلىشىدۇ. كۆكنى سوڭغۇچى ساھىبخانلار قىزىق گەپلەر بىلەن بېيىت باشلايدۇ. ئەر ساھىبخان: «قىش ـ زىمىستاندا ئۈنگەن سەۋزە، باھارنىڭ ئاۋۋىلى. ياخشىلارنىڭ ھېيلىسىدىن چېچەك ئۈندى قىشلىقى ... بۇ چېچەكنىڭ تەرىپىنى مەي بىلەن نام ئەيلىدۇق، ھەم چېچەكنىڭ تەرىپىنى ھەممىلىرىگە تۆھپە ئەيلىدۇق. بۇ چېچەكنىڭ سايىسىدە ئولتۇرسىلا كۆڭۈللىرى ئاچىلۇر، بۇ چېچەكنى ئالغان كىشىنىڭ بېشىغا گۈللەر ساچىلۇر ... بۇ چېچەكنى تەربىيىلەپ ياخشى ئوبدان كۆرسىلە، ھەر كۈنى خىيال قىلىپ، ئىگىسىنى سۆيسىلە» دېسە، ئايال ساھىبخان: «ئۇل خۇدانىڭ قۇدرىتىدىن بىرلا كۆكەردى شۇ كۆكلۇم، شارى مەڭلىك غۇنچە رەڭلىك دەر مەھەل يەتكىل كۆكلۇم. گۈل تېۋەڭە، ئولتۇرادۇر بويلىرى ئالتۇن كۆكلۇم. بويلىرى ئالتۇن كۆكلۇمنىڭ سۆلىتى سۇلتانچە بار، ئاي يۈزىگە نۇر چۈشۈپتۇ يېڭى ئۈزگەن گۈلچە بار. .. قىشلىقى كۆك ئۈندۈرمەك بىزگىمۇ ئاسان ئەمەس، بۇ ئويۇنلارنى ئوينىماق بىزگە ھەم مەنۇر ئەمەس، بۇ سۆزلەرنى يالغان دېمىسىلە، بىرىمۇ يالغان ئەمەس. كۆكنى تۇتتۇق خوش ئالسىلا، جىم بولۇپ قالمىسىلا، ئېگىزگىنە تاختىبېشىغا ئەپ قويۇپ، خاتىرجەم ياتمىسىلا، ئېگىز ـ ئېگىز ئۆيلىرىنى پىشقىن بىلەن ئاقلىسىلا، كۆكنى تۇتقان بىز ئىدۇق، بىزنى خاتىرىدە ساقلىسىلا، دۇنيا ـ جاھاننىڭ كارىنى يىراقىنا تاشلىسىلا، غازنى ئوتتۇز، قوينى توققۇز، ھەممىگە تەڭ راسلىسىلا، تېشى ياقۇت، ئىچى مارجان بىر جۈپ جۇۋاننى راسلىسىلا، چالغىلى پەرباپ، راۋاب، قالۇن، ساتارنى راسلىسىلا ... » دەيدۇ. مەشرەپ ئەھلى «ۋاي رەھمەت»، «خۇدا نېسىپ قىلسۇن» دېيىشىپ، كۆكنى تاپشۇرۇۋالغان كىشىنى تەبرىكلىشىدۇ. مايىسنى تاپشۇرۇۋالغۇچى ئەر ـ ئايال مەشرەپ ئەھلىگە ئېگىلىپ تەزىم قىلىدۇ ۋە سورۇندىكىلەرنى ئەتە ئاخشاملىقتا ئۆز ئۆيىگە مەشرەپكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئاندىن ئەر ـ ئايال ئىككىسى كۆكنى قولىدا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. قىقاسچى تەخسە ـ تېۋەڭدە مېۋە ـ چېۋە كۆتۈرۈپ چىقىپ، سورۇندا ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلارنىڭ بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ: «قاقشالمۇ ـ قاقشال، چارۋاغدا قاقشال، بىر ئائىلىلىك ئۇسسۇل ئويناپتۇ، گۈلزەپەرگە ئوخشار ... » دەپ قىقاس سالىدۇ.

ساھىبخان بىر تېۋەڭدە ئەتلەس ـ شايى كۆتۈرۈپ چىقىپ، چوڭ ـ كىچىك مېھمانلارنىڭ، ھاپىز (ھېپىز) لارنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ: «جوۋاپتۇ، جوۋاپتۇ، ھەي يىگىتلەر باركاللا قىقاس!» دەيدۇ. كۆپچىلىك ئەگىشىپ «باركاللا قىقاس!» دەپ جور بولىدۇ. خۇشاللىق ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. مەشرەپ ئەھلى كۆكنى كۆك ئالغۇچىنىڭ ئۆيىگە ناخشا ـ ساز بىلەن كۆچۈرۈپ قويىدۇ. (ئا)

## ئۇرۇق سېلىش مۇراسىمى

«مايىسا بايرىمى» كىشىلەرگە باھارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بەرگەندىن كېيىن، ھەر بىر دېھقان ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ جىددىي تەييارلىقىغا چۈشىدۇ. ئۇيغۇرلار خەير ـ ساخاۋەتلىك، ئۆزئارا كۆيۈمچان خەلق بولغاچقا، تېرىلغۇ مەزگىلىدە قولۇم ـ قوشنىلار مەسلىھەتلىشىپ لاپقۇتلىشىش گۇرۇپپىلىرىنى تۈزىدۇ. ھەر بىر ئائىلە تېرىلغۇ تەييارلىقى سۈپىتىدە ئۇلاغلىرىنى تېخىمۇ ياخشى بېقىشقا باشلايدۇ، تېرىلغۇ سايمانلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بۇزۇلغانلىرىنى رېمونت قىلىدۇ، ئۇرۇقلۇق بۇغدايىنى نەمدەپ تەييارلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىرەر مويسىپىت دېھقاننىڭ تەييار بولغان ئېتىزلىقىغا يىغىلىپ، تەجرىبىلىك، ئاقيوللۇق بىر دېھقان قوش ھەيدەپ، ئۇرۇق سېلىشنى باشلاپ بېرىدۇ. بۇ ئېتىزغا قوش چىقىرىش، ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى باشلاش مۇراسىمى دەپ ئاتىلىدۇ. مۇشۇ مۇراسىمدىن كېيىنلا تەرەپ ـ تەرەپتە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلىنىپ كېتىدۇ. ئېتىزلار قوش ئاۋازى، ناخشا ئاۋازى بىلەن جانلىنىپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھەر بىر ئەمگەك تۈرىنىڭ ئۆزىگە خاس ناخشا ـ قوشاقلىرى بولغىنىدەك، ئۆزىگە خاس ئاھاڭ بىلەن قوش ھەيدەش ئەمگىكىنىڭ رىتىمىغا ماس ھالدا قوشچى تەرىپىدىن تۆۋەن ئاۋازدا ئېيتىلىدىغان «قوشچى ناخشىسى» بار. ئۇنىڭدا قوش مەۋسۇمىنىڭ خاسىيىتى، كىشىلەرنىڭ تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىغا بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەزمۇنلار تەسۋىرلەنگەن. (ئا)

# ئۈچىنچى قىسىم

# مەنىۋى ئادەتلەر

# IX ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىك ئادەتلىرى

## شەخسىي تازىلىق ئادەتلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى يېزا ـ قىشلاقلاردا ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن ياشاپ كەلگەچكە ، ئۇلارنىڭ شەخسىي تازىلىق شارائىتى زامانىۋىلاشقان شەھەر خەلقلىرىنىڭ تازىلىق شارائىتىغا سېلىشتۇرغاندا ناچار . لېكىن شارائىتنىڭ ناچار بولۇشىغا قارىماي ، ئۇلاردا شەخسىي تازىلىق ئېلىپ بېرىشنىڭ بىر يۈرۈش مىللىي ، ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى شەكىللەنگەن . بۇ ئادەتلەرنىڭ بەزىلىرى دىنىي ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك . بولسا ، بەزىلىرى شۇ خەلقنىڭ پسىخىك تەبىئىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ؛ ئالايلۇق :

1 ) تەرەت ئېلىش : ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ . ئىسلام دىنىدا ھەر كۈنى بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن « پەرز » دەپ بېكىتىلگەن ھەمدە تەرەتسىز ناماز ئوقۇشقا بولمايدىغانلىقى ، تەرەت ئېلىشنىڭ شەرتلىرى تەپسىلىي كۆرسىتىلگەن .

تەرەت ئېلىش ئالدى بىلەن ئىستىنجا (مەقئەتنى سۇ بىلەن پاكىز يۇيۇش ) قىلىشتىن باشلىنىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى قولنى جەينەككىچە ئۈچ قېتىم يۇيىدۇ ، ئېغىزغا سۇ ئېلىپ ئۈچ قېتىم غارغىراتما قىلىپ چايقايدۇ ، يۈزنى پېشانە ۋە قۇلاقنىڭ ئارقىسىغىچە قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇيىدۇ ، ئىككى پۇتنى ئوشۇققىچە ئۈچ قېتىم يۇيىدۇ . شۇنىڭ بىلەن تەرەتنىڭ شەرتى ئادا بولىدۇ . تەرەت ئۈچۈن پاكىز ۋە سۈزۈك سۇ ئىشلىتىلىدۇ . ئەگەر شارائىت يار بەرسە پۈتۈن بەدەننى يۇيۇشمۇ ( ئۇيغۇرلاردا غۇسۇل قىلىش ، بويىنىنى سۇغا سېلىش دېيىلىدۇ ) تەرەت ئالغانلىق ھېسابلىنىدۇ . دېمەك ، ناماز ئوقۇشنىڭ شەرتى قىلىنغان تەرەت ئېلىش شەخسىي تازىلىقنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە ئۈنۈملۈك ئەنئەنىۋى شەكلىدۇر . دەرۋەقە ، بۈگۈنكى بەش ۋاخ ناماز ئۈچۈن بەش قېتىم تەرەت ئېلىش ئادىتى شەخسىي تازىلىقنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك كاپالىتى بولغاچقا ، شەخسىي بەدەن تازىلىقى بىۋاسىتە ئالاقىدار بولغان گېمورروي كېسەللىكلىرى يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئارىسىدا ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ . گەرچە خەلقىمىز تەرەت ئېلىشنى ئاڭلىق ھالدا «تازىلىق» دەپ قارىمىسىمۇ ، تەرەتسىز يۈرۈشنى «پاسسىقلىق » دەپ ئەيىبلەپ ، بالا ـ چاقىلىرىنى كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا تەرەتلىك يۈرۈشكە ئۈگدەيدۇ . «تەرەتسىز ئۆيدە بەرىكەت بولمايدۇ» دەپ قارايدۇ .

2 ) بويىنى سۇغا سېلىش : سەرراپ (مۇنچا ) پەقەت شەھەرلەردىلا ئومۇملاشقان بولۇپ ، يېزا ـ قىشلاقلاردا بۇنداق شارائىت يوق . شۇ سەۋەبتىن كۆپچىلىك ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى بىرى ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە يۇيۇنۇشنى ، يەنە بىرى ئۆز ئۆيىدە « بويىنىنى سۇغا سېلىش » نى ئادەت قىلغان . ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي قۇرۇلمىسىدا ياتاق ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا « قازناق » دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىچىك قات ئۆي قوشۇپ ياسىلىدۇ . بۇ قازناقنىڭ ئوتتۇرىسىغا « ئەۋرەز » كولىنىپ ، ئۈستى پىششىق كېسەك ياكى تاش بىلەن يېپىلىدۇ . ئەۋرەزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۆشۈك بولىدۇ . مۇۋاپىق پەيتتە ئائىلە ئەزالىرى مۇشۇ قازناققا كىرىپ «بويىنى سۇغا سالىدۇ » . يۇيۇنغان سۇ ئەۋرەز ئىچىگە سىڭىپ كېتىدۇ . بۇ مۇنچا شارائىتى بولمىغان

ئەھۋال ئاستىدىكى يۈيۈنۈش شەكلى بولۇپ، ئەر - ئاياللار بىر ئورۇندا بولغاندىن كېيىن چوقۇم «بويىنى سۇغا سېلىش»؛ ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا كەم بولغاندا ھەپتىسىگە بىر قېتىم ئاشۇ يەرلىك «مۇنچا»دا «بويىنى سۇغا سېلىش» — مۇسۇلمانچىلىقنىڭ شەرتى قىلىنىپ ئەنئەنىۋى نىزامغا ئايلاندۇرۇلغان.

3) يۈز - قولنى يۇيۇش: ئۇيغۇرلار يېمەك - ئىچمەك تازىلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەندىن تاشقىرى، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا قولنى يۇماي تۇرۇپ داستىخان ئالدىغا كەلمەيدۇ. مەيلى ئۆز ئۆيىدە بولسۇن، ياكى مېھماندارچىلىققا بارسۇن، ئۆي ئىگىسى مېھماننىڭ قولىغا سۇ بېرىشنى ھەم ھۆرمەت، ھەم ساۋاب دەپ بىلىدۇ. ھەتتا مېھماندارچىلىقتا ھەربىر تاماق ئالدىدا مېھماننىڭ قولىغا بىر قېتىم سۇ بېرىدۇ. مېھماننىڭ قولىغا سۇ بېرىشنى بىر خىل ئەخلاق دەپ قارىغاچقا، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىگە باشقىلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىشنىڭ قائىدە - نىزاملىرىنى ئالاھىدە ئۆگىتىدۇ. مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىشتە مۇتلەق كۆپچىلىك ئائىلىلەر ئاپتۇۋا، چىلاپچا ئىشلىتىدۇ. چۈنكى ئاپتۇۋا - چىلاپچا يۇندا چاچرىمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئۇيغۇرلار يۈز - قول يۇغاندا داستىكى سۇ بىلەن يۇيۇشقا ئادەتلەنمىگەن. ئۇلار داستىكى سۇ بىلەن يۈز - قولنى يۇيۇشنى بىر خىل غەيرىيلىك ھېس قىلىپ، ئېغىر ئالىدۇ. (ئا)

## گۈل خۇمار ئۇيغۇرلار

سىز مەيلى ئۇيغۇر خەلق ناخشا - قوشاقلىرىنى ئاڭلاڭ، ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىملىرىنى تەكشۈرۈڭ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ گۈلگە باغلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىسىز. گۈل — ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىك قارىشىدا خۇشاللىق ۋە بەخت - سائادەتنىڭ ۋە گۈزەللىك نازاكەتنىڭ سىمۋولى. شۇ سەۋەبتىن گۈل سۆيۈش ۋە ئاسراش ئۇلارنىڭ بىر خىل ئەنئەنىۋى ئادىتىگە ئايلانغان. مەيلى شەھەر، مەيلى يېزىلاردا بولسۇن ھەرقانداق ئۇيغۇر ئائىلىلىرى ھويلىسىغا ياكى بېغىنىڭ كۆرۈنەرلىك يېرىگە گۈل تېرىيدۇ. ئۇلارنىڭ گۈل ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، تەشتەكتە گۈل ئۆستۈرىدۇ. بىرەر تەشتەك گۈل ئۆستۈرمىگەن ئائىلىلەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەم تېپىلىدۇ. تەشتەكتە ئۆستۈرۈلىدىغان گۈللەر تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىگە مۇۋاپىقلاشقان بولۇپ، قىش - ياز دېگۈدەك پورەكلەپ ئېچىلىپ، خۇش پۇراق ھىدى بىلەن ھەممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. يەنە بىرى، گۈل ئېتىزلىرىدا ئۆستۈرىدۇ. كۆپىنچە يېزىلاردا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ ھويلىسى ياكى بېغىدا مەخسۇس گۈل ئېتىزلىرى بولىدۇ. بۇنداق گۈل ئېتىزلىرى ناھايىتى تەكشى بولۇپ، ھەر خىل گۈللەر ئۆز رېتى بويىچە تېرىلىدۇ. ئېتىز گۈللىرى باھار بىلەن تەڭ ھۆپپىدە ئېچىلىپ، كىشىلەرنىڭ زوقىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. ئېتىزدا ئۆستۈرىدىغان گۈللەر ئىچىدە قىزىلگۈل (گۈلسۈرۈخ) ھەر خىل رەڭدە ئېچىلىدىغان ئەتىرگۈللەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلار قىزىلگۈلنى ھەققەتەن ئەتىۋارلايدۇ ۋە ئۇلۇغلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «قىزىلگۈل دېگەن نەرسە، بېھىشتىن چىققان نەرسە» دېگەن ناخشا ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ئۇلار قىزىلگۈل ۋە ئەتىرگۈلنى ياۋا جىنغانغا ئۇلاش ئارقىلىق يېتىشتۈرىدۇ. قىش كۈنلىرى بۇنداق گۈللەرنى پاخال بىلەن چۈمكەپ يەڭگىل كۆمۈپ قويىدۇ. يەرنىڭ توڭى كۆتۈرۈلگەن مەزگىلدە ئېچىۋېتىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرى چېكىسىگە ياكى «مەيدىسىگە گۈل تاقاش»نى ياخشى كۆرىدۇ. ياش ئاياللار ۋە قىزلار گۈل ئېچىلغان پەسىللەردە قۇلىقىغا ياكى چېچىنىڭ ئارىسىغا، يىگىتلەر ۋە بالىلار مەيدىسىگە ياكى قۇلىقىغا پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەرنى قىستۇرۇپ، بەخت ۋە خۇشاللىق ئىستىكىنى ئىزھار

قىلىشىدۇ. ئۇششاق تىجارەتچىلەر دۇكىنىغا ياكى ئۇقەت غالتىكىنىڭ ئۈستىگە ھۇپپىدە ئېچىلغان دەستە گۈللەرنى قاداپ خېرىدارلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ھازىرمۇ شەھەرلەردە تىجارەت قىلىۋاتقان كاۋاپچىلار، لەڭپۇڭچىلار، دوغاپچىلار ۋە ھۆل يېمىش، قۇرۇق يېمىش ساتقۇچىلارنىڭ غالتەكلىرىدە، ئاشپۇزۇللارنىڭ پەشخۇنلىرىدا كۆرۈنەرلىك ھالدا قاداپ قويغان گۈل دەستىلىرىنى ئۇچرىتىسىز.

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئەنئەنىسىدە مەخسۇس گۈل ئۆستۈرۈشنى كەسىپ قىلغان «گۈلچى» لار بولغان. قەدىمكى خانلارنىڭ ئوردىلىرىغا مۇشۇنداق «گۈلچى» لار تەكلىپ قىلىنىپ، ئۇلار گۈل ئۆستۈرۈش ۋە گۈل دەستە تىزىشقا مەسئۇل بولغان. قەشقەر شەھىرىدە گۈلچىلىك كەسپى بىلەن داڭق كۆتۈرگەن ھەزرەتلىك مەرھۇم پايامەت سوپىنىڭ نەچچە ئەۋلادى گۈلچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ خەلق ئارىسىدا يۇكسەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان.

گۈل — ئۇيغۇرلارنىڭ كۆڭۈل ھەمراھى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىدە بىر - بىرىگە گۈل سوۋغا قىلىش ئۆزئارا كۆڭۈل ئىزھار قىلىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى قىلىنغان. «غېرىپ - سەنەم» داستانىدا غېرىپنىڭ ئىشقى - پىراقىدا دەردكە مۇپتىلا بولۇپ، ساماندەك سارغىيىپ كۆل بولغان سەنەمجان، گۈلچى موماي ئارقىلىق غېرىپ يوللىغان بىر دەستە گۈلنى پۇراپ قايتىدىن ھوشىغا كەلگەنلىكى ۋە يار ۋىسالىغا ئېرىشمەككە ئىشەنچ باغلىغانلىقى ... دەك مىساللار ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە گۈلنىڭ قانچىلىك قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر يىگىتلىرى ياخشى كۆرۈپ قالغان قىزىغا گۈل سوۋغا قىلىش ئارقىلىق مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشتەك ئادەتلەرمۇ يېزا - قىشلاقلاردا كەڭ ئومۇملاشقان. ئۇيغۇرلار ئۆستۈرىدىغان گۈلنىڭ تۈرلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ گۈل تۈرلىرى قىزىلگۈل، ئەتىرگۈل، چىمەنگۈل، سەبدەگۈل، تاجىگۈل، ئانارگۈل، خىنەگۈل، رەيھانگۈل، كېپەزگۈل، تۇخۇمگۈل، تىللاگۈل، سۆگەتگۈل، قاراگۈل، لەيلىقازاقگۈل، مودەنگۈل، قوناقگۈل، لالەگۈل، نامازشامگۈل، سېرىق زەپەر، سېرىنگۈل، تاۋاگۈل، تالگۈل، گۈلسۇرۇخ ... قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ گۈلخۇمار خەلق ئىكەنلىكىنى ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا ياكى بېشىغا «گۈل» نامىنى قوشۇپ ئادەم ئىسىملىرى قاتارىدا قوللىنىش ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىگەن. بۇ ھال كۆپرەك ئاياللارنىڭ ئىسمىدا گەۋدىلەنگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تاجىگۈل، رەيھانگۈل، چىمەنگۈل، ئايىمگۈل، گۈلنىسا، گۈلدۆلەت، گۈلئايىم، مىرزىگۈل، گۈلناز، مېھرىگۈل، ھاۋاگۈل، ھەمراگۈل، ئايشەمگۈل ... قاتارلىق ئىسىملار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق رايونلاردا ئاتمىش پىرسەنتتىن كۆپرەك ئاياللارنىڭ ئىسىملىرىغا «گۈل» قوشۇپ ئاتىلىدۇ. ھەتتا بەزى ئەرلەرنىڭ ئىسىملىرىغىمۇ «گۈل» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن، سەيدىگۈل، ئابدۇگۈل دېگەنگە ئوخشاش.

گۈلگە بولغان ئەقىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كەشتىچىلىك قول - ھۈنەر سەنئىتىدىمۇ تولۇق نامايان بولغان، ئۇيغۇر كەشتىچىلىك سەنئىتىدە ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرىنى نەقىش قىلىپ ئويۇش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلار قول ۋە باش ياقلىقنىڭ بۇرجەكلىرىگە پۇرەكلەپ ئېچىلىۋاتقان رەڭدار گۈل - چېچەكلەرنىڭ نۇسخىلىرىنى كەشتىلەشتىن باشقا، يەنە ئۆي - ئىمارەتنىڭ تاملىرى ۋە تۈۋرۈكلىرىگە، جاۋەن، ساندۇق قاتارلىق ئۆي جاھازلىرىغا كۆركەم گۈل نۇسخىلىرىنى سىزىدۇ. ئۇلار، گۈل ئەڭ گۈزەل نەرسە، ئۇ بىزگە بەخت ۋە شاد - خۇراملىق ئەكېلىدۇ، دەپ قارايدۇ. (ئا)

## قۇش سۆيەر ئۇيغۇرلار

شىنجاڭ ئەزەلدىن تارتىپ قۇش تۆرىدىكى ئۇچار قانات هايۋانلارنىڭ ئەركىن پەرۋاز قىلىدىغان ئانا ماكانلىرىدىن بىرى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا شىنجاڭدا قۇش تۆرىدىكى ئۇچار قاناتلار ئۈچ يۈز ئەللىك خىلدىن ئاشىدۇ، بۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى قۇش تۆرىنىڭ ئوتتۇز پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. شىنجاڭ ئەنە شۇنداق قۇشلارغا باي رايون بولغاچقا، ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن باشلاپ قۇشلارنى سۆيۈش ۋە ئاسراشتەك ياخشى ئادەت شەكىللەنگەن. ئۇلارنىڭ ئىدىيۋى ئېتىقادىدا قۇشلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە خارلاش ئېغىر گۇناھ دەپ قارالغان. قۇشلارغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزمەسلىك بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنى ئەقىدىسى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك، چۈنكى ئىسلام دىنىدا «سەۋەبسىز بىرەر جانلىقنىڭ جېنىغا زامىن بولساڭ، ئاخىرەتكە بارغاندا ئۇ سەندىن جان تەلەپ قىلىدۇ. خۇدا سېنى سوراققا تارتىدۇ» دەپ قارىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرلار ئاساسەن قۇشلارنىڭ گۆشىنى يېيىشكە ئادەتلەنمىگەن. ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنى كىچىك ۋاقىتىدىن باشلاپلا قۇشلارنى سۆيۈش ۋە ئاسراش روھىدا تەربىيىلەيدۇ. بالىلار قۇشقا ئامراق بولغاچقا، ئۇۋىسىدىن قۇشلارنىڭ بالىلىرىنى تۇتۇپ كەلسە، ئۇنى ناهايىتى ئاۋايلاپ بېقىپ چوڭ قىلىشقا، هەرگىز ئۆلتۈرۈپ قويماسلىققا دالالەت قىلىدۇ، قولدا بېقىپ چوڭ قىلىنغان قۇش بالىلىرى ئۇچۇرما بولغان مەزگىلدە ئۇنى قەپەستىن بوشىتىپ ئەركىنلىك ئالىمىگە قويۇۋېتىدۇ. بۇنى بىر ساۋابلىق ئىش دەپ هېسابلايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە كەپتەر، قارلىغاچ، بۇلبۇل، تۇمۇچۇق، كاككۇك، شاتۇتى، قارا قۇشقاچ (قارىغوجا)، پاختەك قاتارلىق قۇشلارنى ئالاھىدە ئەتىۋارلايدۇ ۋە ئۇلۇغلايدۇ. بۇ قۇشلارنىڭ بەزىلىرىنى تۇتۇپ قەپەستە ئەتىۋارلاپ باقىدۇ. بۇ قۇشلارنىڭ ئاۋازى ناهايىتى يېقىملىق بولغاچقا ئۇنىڭدىن روھىي قۇۋۋەت ئالىدۇ. بەزى قۇشلارنىڭ ئەركىن كۆپىيىشى ئۈچۈن ئۆيىگە ياكى هويلا ـ ئاراملارغا مەخسۇس ئۇۋا ياساپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ قارلىغاچ بىلەن كەپتەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ياخشى دوستى بولۇپ، ئۇلار ئالاھىدە «ئىمتىياز» غا ئىگە. كۆپچىلىك ئائىلىلەردە قارلىغاچ ئۈچۈن ئۆينىڭ تورۇسىغا ياكى هويلا پېشايۋانلىرىغا مەخسۇس ئۇۋا ياساپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئادەملەر ئارىسىدا ئۇۋىلىشىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈش قەتئىي مەنئى قىلىنغان. ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىدە «قارلىغاچ ئۇۋىلىغان ئۆيدە بالا ـ قازا بولمايدۇ. قارلىغاچ بەخت، خۇشاللىقنىڭ ئەلچىسى، ئىنسانىيەتنىڭ ساداقەتمەن دوستى» دەپ قارىلىدۇ. بۇ ئەقىدە نوھ ئەلەيهىسسالامنىڭ هاياتلىق كېمىسىدە قارلىغاچنىڭ ئادەمنى توپان بالاسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنلىكى ئېنىق. مۇشۇ ئەقىدە تۈپەيلىدىن ئائىلىلەرگە ئۆگەنگەن قارلىغاچلار تاسادىپىي سەۋەبلەر بىلەن ئىككىنچى باهاردا كەلمەي ئۇۋىسىدىن تېزىپ كەتسە، قارلىغاچقا ئاتاپ ئىسرىق سېلىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدۇ، ئۇۋىسىنى هەرگىز بۇزمايدۇ. ئۆيگە ئۆگىنىلگەن كەپتەرلەرگىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ. قاراقۇشقاچ ئۈچۈن ئىشىك ئالدىدىكى قېرى دەرەخلەرنىڭ ئۇچىغا بوران ـ چاپقۇن ۋە باشقا خەۋپ ـ خەتەردىن دالدا بولىدىغان قاپاقلارنى ئېسىپ بىخەتەر ئۇۋا ياساپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قۇشلار هەققىدە ناهايىتى نۇرغۇن قىزىقارلىق ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر بار. بۇلارنىڭ هەممىسىدە قۇشلارغا سېغىنىش ۋە ئۇلارنى ئۇلۇغلاش ئىدىيىسى ئالغا سۈرۈلگەن. خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى قاراشلاردا «بۇلبۇل ياخشى روھلارنىڭ سىمۋولى»، «كاككۇك بىلەن زەينەپ مۇرادىغا يېتەلمىگەن ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ سىمۋولى»، «قارلىغاچ — خۇدانىڭ ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى، دوستلۇقنىڭ، مېهرىبانلىقنىڭ سىمۋولى ...» دېيىلگەن. شۇ سەۋەبتىن «قارلىغاچنى تۇتسا قولى تىترەيدىغان بولۇپ قالىدۇ» دەيدىغان ئەقىدە بارلىققا كەلگەن.

ئۇيغۇرلار يەنە بەزى قۇشلارغا ئادەتتىن تاشقىرى سىرلىق مۇئامىلە قىلىدۇ. مەسىلەن، سېغىزخان سايرىسا ئۆيگە مېهمان كېلىدىكەن، دەپ ئىشىنىدۇ، هۇقۇش هۇۋۇلىسا، بىرەر شۇملۇقنىڭ بېشارىتى، دەپ بىلىپ هۇقۇشنى دەرهال قوغلىۋېتىدۇ هەتتا هۇقۇش قونغان

دەرەخنى كېسۋېتىدۇ . هۆپۇپنىڭ بېشىدىكى تاجىسىنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋەررۇكى دەپ بىلىپ ، هۆپۇپنىڭ ئۇۋىسىغا ھەرگىز تەگمەيدۇ ، هۆپۇپ كۆپىنچە قارىياغاچ ( سىدە ) نىڭ كاۋىكىدا ئۇۋىلىغاچقا ، قارىياغاچ دەرىخىنى سىرلىق ئېرەملىك دەرەخ ھېسابلايدۇ .

ئۇيغۇرلاردا ئوۋچىلىق دەۋرىدىن باشلاپ بەزى يىرتقۇچ گۆشخور قۇشلارنى قولغا ئۆگىتىدىغان ئادەت بارلىققا كەلگەن . شۇنىڭ بىلەن كەسپىي قۇشچىلار يېتىشىپ چىقىپ ، قۇش بېقىش ۋە كۆندۈرۈشنىڭ بىر يۈرۈش ئادەتلىرى شەكىللەنگەن . قۇشچىلار كۆپرەك باقىدىغان قۇشلار بۈركۈت ، قارچىغا ، لاچىن قاتارلىق يىرتقۇچ قۇشلاردىن ئىبارەت . بۇ قۇشلار ئارقار ، كېيىك ، قىرغاۋۇل ، توشقان قاتارلىق ئاسانلىقچە تۇتقىلى بولمايدىغان هايۋانلارنى ئوۋلاش مەقسىتىدە مەخسۇس ئۆگىتىلىدۇ . ئۆتمۈشكە ئائىت خاتىرىلەردىن قارىغاندا ، بۇرۇنقى خان ـ پادىشاھلارنىڭ ئوردىسىدا مەخسۇس قۇشچىلار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ خىزمىتى قۇشلارنى قولغا كۆندۈرۈش ۋە ئوۋغا سېلىش ئىدى . خانلار ۋە شاھزادىلەر ئوردا قۇشچىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا چەت جايلارغا بېرىپ قۇش سېلىشنى ئەڭ كۆڭۈللۈك سەيلە ـ ساياھەت ھېسابلايتتى . ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قۇش بېقىش ۋە قۇشلاش ئادىتى توغرىسىدا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ « تۈر-كىي تىللار دىۋانى » ناملىق ئەسىرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ « قۇتادغۇبىلىك » داستانىدىمۇ بەزى مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ .

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قۇشلارنى مەدھىيىلەيدىغان ناخشا ـ قوشاقلارنىڭ كۆپ بولۇشىمۇ ئۇلارنىڭ قۇشلارغا بولغان ھېرىسمەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر . ( ئا )

## كەپتەر بېقىش

ئۇيغۇرلار كەپتەرنى ۋاپادار قۇش دەپ بىلىدۇ . جۈملىدىن بېقىپ ئۆگىتىپ ، ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۈك پايدىلىنىدۇ .

ئۇيغۇر خەلقى يىراق ئۆتمۈش زامانلاردىن باشلاپ ، كەپتەردىن خەۋەرچى سۈپىتىدە پايدىلىنىشقا ئادەتلەنگەن . ئۇلار يىراق ، خەتەرلىك جايلارغا سەپەر قىلغاندا كەپتەر ئېلىۋالىدۇ . ئائىلىسىگە ۋە يۇرتىغا خەۋەر بېرىشكە توغرا كەلسە ، ئۆگىتىلگەن كەپتىرىنى قارار جايىدىن قويۇۋېتىدۇ . كەپتەرنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە قايتىپ كېلىشى ، ئۇنىڭ سالامەت بارغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ .

قەدىمكى زامان ئۇرۇشلىرىدا ، ئەجدادلىرىمىز كەپتەرنى ھەربىي ئىشلاردا يوشۇرۇن خەۋەرچى قىلىپ ئىشلەتكەن . مەسىلەن ، ھۇجۇمغا ئۆتۈشتە كەپتەرگە قوش ئاۋازلىق غوڭ قاپاق ئېسىپ قويۇپ بەرسە ، قىسىملارنى يىغىش ياكى چېكىنىشتە تاق ئاۋازلىق غوڭ قاپاق ئېسىپ قويۇپ بەرگەن . قىسىملار غوڭ قاپاق ئاۋازىغا قاراپ ھەرىكەتلەنگەن .

ئۇيغۇرلار كەپتەرنى چىرايلىق ، ياۋاش ، ئاۋازى يېقىملىق ، ئىنسانلار بىلەن بىللە ياشىيالايدىغان ۋاپادار قۇش دەپ ئائىلىدە بېقىپ ئۆگىتىدۇ . ئۇلار ، ئويۇنچى كەپتەرگە غوڭ قاپاق ئېسىپ قويىدۇ . كەپتەرلەر غوڭ قاپاق ئاۋازى بىلەن توپلىشىپ ئۇچىدۇ . كەپتەر باققۇچى قاپاقنى شالدىرلىتىپ « يەھ ـ يەھ » دەپ توۋلاپ كەپتەرنى ئالدىغا چۈشۈرىدۇ . بەزى كەپتەرلەر كەپتەر ئىگىسىنىڭ باش ، مۈرە ، قوللىرىغا قونۇپ ، دان ئىزلەپ بوقۇلداپ سايرايدۇ . كەپتەرباز بۇنىڭدىن پەخىرلىك ھوزۇرلىنىدۇ . كەپتەرباز ئۆي كۆچسە ياكى ئۆيلىرى ۋەيران بولسا كەپتەر ئەسلى ئۇۋىسىدىن زادى كەتمەيدۇ . غار ، خارابىلەردە مىڭ يىللاپ ياشىغان نەچچە مىڭ ئەۋلاد كەپتەر بۇنىڭ دەلىلى .

ئۇيغۇر مويسىپىتلىرى كەپتەرنىڭ تاڭ سەھەردە بۇقۇلداپ مۇڭ ئاۋازدا سايرىشىنى ئاڭلاشقا ئاشىق ، ئۇلار كەپتەرنىڭ سەھەردىكى سايرىشىنى ئىبادەت ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن قىلىنغان تىلاۋەت دەپ بىلىپ ، بۇنداق كەپتەرلەرگە پېشايۋان ئاستىغا مەخسۇس ئۇۋا ياساپ بېرىدۇ .

كەپتەر ـــ ئوزۇقلۇق قىممىتى ئۈستۈن ، گۆشى ھالال ، قۇۋۋەتلىك ، دورىلىق ، شىپالىق قۇش . ئۇيغۇرلار كەپتەر گۆشى بىلەن بەدەن ئاجىزلىق ، ئاشقازان ئاغرىقى قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالىسا ، رېماتىزم قاتارلىق يەللىك ئاغرىقلارغا بەدەننىڭ سىرتىدىن ئۇنىڭ قېنىنى ئېقىتىپ

داۋالايدۇ . بەزى يىرىڭلىق كېسەللەرگە كەپتەرنىڭ قارنىنى يېرىپ تېڭىپ ، ئېغىز ئالدۇرۇپ داۋالايدۇ .

كەپتەرنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىمۇ ئۈستۈن بولۇپ ، ياخشى كەپتەرلەرنى بىر قوينىڭ پۇلىغا سېتىۋالىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا كەپتەر مايىقىنى شال ئېتىزىغا سالسا ، بىر جىڭى ئادەتتىكى قىرىق جىڭ قىغنىڭ رولىنى ئوينايدۇ . كەپتەر مايىقى يەنە ، كۆنچىلىك كەسپىدە يەرلىك ئېچىتقۇ ( كىسلاتا ) رولىنىمۇ ئوينايدۇ . يەنە ، يەرلىك ئېچىتقۇلۇق ئىچىملىك ، مەسىلەن ، مۇسەللەس قاتارلىقلارغا ئۇنىڭ باچكىسىنى سالسا ئېچىشنى تېزلىتىدۇ ، سۈپىتىنى ياخشىلايدۇ . ( ش )

## سۇمبۇل چاچلىق قىزلار

سۇمبۇل چاچ ـــ ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ گۈزەللىك سىمۋولىدۇر . دەرۋەقە ، ئۇيغۇر قىزلىرى قەدىمدىن باشلاپ ئۇزۇن چاچ قويۇشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ ، چاچ قويۇشتا بىر يۈرۈش ئادەتلەر شەكىللەنگەن .

ئۇيغۇرلاردا ياتلىق بولمىغان قىزلارنىڭ چېچى ئون بەش ، ئون يەتتە ، يىگىرمە بىر ھەتتا قىرىق بىر تال قىلىپ تاق ئۆرۈلىدۇ ، ھەرگىز جۈپ ئۆرۈلمەيدۇ ھەمدە بۇنداق توي قىلمىغان قىزنىڭ پېشانىسىدە كوكۇل چېچى بولىدۇ . ئۇنىڭ پاتتاڭ (شىللا ) قىسمىدىكى سۇمبۇل چاچنىڭ ئاستى قىسمى ئۈستىرا بىلەن چۈشۈرۈپ تۇرۇلىدۇ . قىزنىڭ تويى بولىدىغان كۈنى ئۇنىڭ شىللا قىسمى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم چۈشۈرۈلىدۇ .

توي قىلىپ ئەتىسى ياكى بىر قانچە كۈندىن كېيىن ياتلىق قىلىنغان بۇ قىزنىڭ كوكۇل چېچى ئىككى تەرىپىگە قايرىلىدۇ . ئۇزۇن سۇمبۇل چېچى جۈپ ئۆرۈلىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ياڭاق سېكىلەك چاچ قويۇلىدۇ . چاچنى جۈپ ئۆرۈش ياتلىق بولغانلىقنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ . چاچنى بەدىلىگە « چاچ قوشاق تويى » ئۆتكۈزۈلىدۇ .

ياتلىق قىلىنغان ئايال باللىق بولغاندا ، بالچۇق چاچ ( كىچىك ئۆرۈمە چاچ ) قويۇلىدۇ ، ياڭاق چاچمۇ بولىدۇ .

ئېرىدىن ئايرىلغان ياش ئاياللار جۇۋان دېيىلىپ ، ئۇلار ياڭاق چاچ قويۇش بىلەن بىرگە چېچىنى بەش ، يەتتە توققۇز ... تال قىلىپ تاق ئۆرۈۋالىدۇ . بۇ تۇللۇق بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ .

نەۋرىلىك بولغان ئاياللارنىڭ بالچۇق ، ياڭاق چاچلىرى بولمايدۇ ، ئۇزۇن چېچىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ ئۇنى چاچتەڭگە بىلەن جۈپلىۋالىدۇ .

چېچىنى بىر تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان ئاياللار باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئۆزىگە ئەر تەلەپ قىلىپ يۈرگەن ئايال دەپ قارىلىدۇ ۋە ئۇنداق ئاياللارنى يامان كۆرىدۇ .

دېمەك ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچ تۈرىگە ۋە سۇمبۇل چېچىنىڭ جۈپ ياكى تاق ئۆرۈلگەنلىكىگە قاراپلا ئۇنىڭ قىز ، چوكان ، جۇۋان ، نەۋرىلىك بولغان ئايال ، ياشانغان ئايال ۋە ئەخلاقسىز تۇل ئايال ... ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈۋالغىلى بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاياللارنىڭ چېچىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارايدۇ . ( ئا )

## ئاياللارنىڭ گىرىم قىلىش ئادىتى

ئۇيغۇر ئاياللىرى گۈزەللىكنى سۆيىدۇ ، گۈزەللىككە ئىنتىلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇيغۇر ئاياللىرى گۈزەللىك يارىتىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆزىگە خاس مىللىي گىرىم قىلىش ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن . مەسىلەن :

ئوسما : ئوسما قويۇش ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدە ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان گىرىم قىلىش ئادىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، كۆپ ئائىلىلەر ھويلا ـ ئاراملىرىغا مەخسۇس ئوسما تېرىيدۇ ، ھەتتا قىش كۈنلىرىمۇ گۈل تەشتەكلىرىدە ئوسما ئۆستۈرىدۇ . ئوسما قولاق بولغاندا ئۇنى سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ ، پىلتەكۈچ بىلەن قېشىغا قويىدۇ . قىشلىق ئوسما ئۈچۈن ياز كۈنلىرى كۆك ئوسمىنى سىقىپ ، سۈيىنى ئۆچكە يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ، ئوسما قاتمىسى ( تاش ئوسما دەپ ئاتىلىدۇ ) تەييارلىۋالىدۇ . ئوسما قاشقا سىڭىپ قۇرۇغاندىن كېيىن ، سوغۇق سۇ بىلەن بىر قېتىم يەڭگىل يۇيۇۋېتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن قاش تەبىئىي كۆرۈنىدۇ . بەزى جايلاردا كۆپرەك قىزلار ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسى

( قوشۇمىسى ) غا ئۇسمىدا خال ( مەڭ ) چېكىۋالىدۇ . ئۇسما قويۇشتا ھېچقانداق ياش چەكلىمىسى يوق . ھەتتا يېڭى تۇغۇلغان قىز بوۋاقلارنىڭ قېشىغىمۇ ئۇسما قويۇش ئادىتى بار . ئۇسمىنىڭ تەبىئىتىدىن قارىغاندا ، ئۇ يالغۇز قاشنى قارايتىش رولىنى ئويناپلا قالماستىن ، يەنە تۈك بەزلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ قاشنى قويۇقلاشتۇرۇش رولىنىمۇ ئوينايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قېشى ھەم قارا ، ھەم قويۇق بولىدۇ .

سۈرمە : سۈرمە ـ پامىر تاغ تىزمىلىرىنىڭ قەشقەرگە تۇتاش بىر قىسىم جايلىرىدىن چىقىدىغان تەبىئىي كان بايلىقلىرىدىن بىرى بولۇپ ، ئۇيغۇر ئاياللىرى قەدىمدىن تارتىپ ئۇنىڭدىن گىرىم بۇيۇمى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلگەن . ئۇلار كۆزلىرىنى يوغان ، نۇرلۇق كۆرسىتىش ئۈچۈن كىرپىك ۋە قاپىقىغا سۈرمە تارتىشقا ئادەتلەنگەن . سۈرمە يالغۇز گۈزەللىك رولىنى ئويناپلا قالماستىن ، ئەڭ مۇھىمى كۆزنىڭ روشەن ۋە نۇرلۇق بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ . شۇ سەۋەبتىن بەزى ئەرلەرمۇ كۆزىگە سۈرمە تارتىدۇ ( ئەرلەر كېچىسى ئۇخلاش مەزگىلىدە ئىشلىتىدۇ ) . ھازىر ئۇيغۇر تىبابىتىدىمۇ سۈرمە كۆز ياشاڭغىراش ، ئاغرىش ، كۆز تورلىشىش ، يىراقنى كۆرەلمەسلىك قاتارلىق كۆز كېسەللىكلىرىگە دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ .

خېنە : قولغا خېنە قويۇش ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەللىك ئادەتلىرىدىن بىرى . خېنە بىر خىل ئالاھىدە گۈل بولۇپ ، كۆپچىلىك ئائىلىلەر خېنىگۈلنى ئەتىۋارلاپ ئۆستۈرىدۇ . گۈل ئېچىلىشتىن بۇرۇن ، خېنىنىڭ غولىنى ئۇششاق چاناپ ياكى سوقۇپ ، زەمچە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ، قولنىڭ ئالقىنىغا قويۇپ ، ئۈستىدىن ياغلىق بىلەن مەھكەم چىگىپ قويۇلىدۇ . بۇ خېنە قويۇش دېيىلىدۇ ، خېنە كۆپىنچە كېچىسى ئۇخلاشتىن بۇرۇن قويۇلىدۇ . بىر كېچە تۇرغاندىن كېيىن ، ئەتىسى ئورنىدىن تۇرغاندا ياغلىقنى يېشىپ ، قولنى سوغۇق سۇدا يۇيۇۋېتىدۇ . خېنە ئېچكەندىن كېيىن قول ، تىرناقلارنىڭ رەڭگى قىزىل ياكى قىزغۇچ سېرىق ھالغا كىرىدۇ . خېنىنىڭ رەڭگى قولدا خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ساقلىنىدۇ . خېنە قويۇش ئۇيغۇرلارنىڭ قىزىل رەڭنى ئالاھىدە ياخشى كۆرۈش ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . خېنە بىر تەرەپتىن ، قول ۋە تىرناقلارنى تەبىئىي قىزارتىپ گۈزەللەشتۈرۈش رولىنى ئوينىسا ، يەنە بىر تەرەپتىن قول تەرلەش ۋە يېرىلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ . قولنى سىلىقلاشتۇرۇپ تىرناقنى پارقىرىتىدۇ .

ئۇپا ـ ئەڭلىك : مەھمۇت قەشقەرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا « ئەڭلىك » ( I توم ، 156 ـ بەت ) كە « خوتۇنلارنىڭ مەڭزىگە سۈرتىدىغان ئاچ قىزىل بوياق » ، « ئۇپا ـــ يۈزىگە سۈرتۈلىدىغان ئۇنسىمان ئاق نەرسە » ( « تۈركىي تىللار داۋانى » I توم، 117ـ بەت ) دەپ ئىزاھلايدۇ . « تۈركىي تىللار دىۋانى » دىكى بۇ مەلۇماتتىن قارىغاندا ، ئەڭلىك بىر خىل مەڭزىنى قىزارتىدىغان بوياق ، ئۇپا يۈزنى سىلىقلاشتۇرىدىغان « گىرشەن » دەپ ئاتىلىدىغان ئۇنسىمان نەرسە بولۇپ ، بۇ مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرتۈش تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ .

چاچ پەردازلىرى : چاچ ـ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ گۈزەللىك ئۆلچەملىرىدىن بىرى . شۇڭا ئۇلار چاچلىرىنىڭ كۆپ ۋە ئۇزۇنلۇقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ . چاچلىرىنى ئاسراشقا ھەممىدىن كۆپ ئەھمىيەت بېرىدۇ . شۇ سەۋەبتىن ، ئۇلار چاچنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان بىر يۈرۈش يەرلىك ئادەتلەرنى ياراتقان . ئاياللار چاچنى كۆپەيتىش ۋە قارايتىش ئۈچۈن ، بادام مېغىزى ۋە شاپتۇل مېغىزىنى چالا كۆيدۈرۈپ « ياغلىقار » ياساپ ، ئۇنى چېچىغا سۈرىدۇ . ئادەتتە ، قاشنى قارايتىش ۋە قويۇقلىتىش ئۈچۈنمۇ ئاشۇ « ياغلىقار » نى ئىشلىتىدۇ . چېچىنى تېز ئۆستۈرۈش ئۈچۈن زەيتۇن يېغىنى سۈرىدۇ . چاچنى پارقىرىتىش ، چاچنىڭ چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە توملۇقنى ساقلاش ئۈچۈن ، جىگدە يېلىمىنى سۇيۇق مەلھەم قىلىپ چاچقا چاپىدۇ . جىگدە يېلىمى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان تەبىئىي « چاچ مېيى » دۇر . ئۇنىڭدىن باشقا ، چېچى شالاڭ ۋە قىسقا ئاياللار جالا چاچ ( سۈنئىي چاچ ) سالىدۇ . « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا سۈنئىي چاچ سېلىشنىڭ مۇنداق ئىككى تۈرى تونۇشتۇرۇلغان : بىرى ،

ئۇزۇن چاچ سېلىش ، يەنە بىرى ، ماڭلاي چاچ سېلىش . مەھمۇت قەشقەرى ئاياللار سالىدىغان مۇنداق سۇنئىي چاچلارنىڭ چۇپۇردىن ياسىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن .

يۈزنى سىلىقلاش شەكلىدىكى پەردازمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدا خېلى كەڭ ئومۇملاشقان . بۇنداق پەرداز ئاساسەن يۈزدىكى سېرىق تۈكلەرنى يىپلاپ تېرىشنى ۋە تەكشى ئۆسمىگەن قاشلارنى تېرىپ تەكشىلەشنى كۆرسىتىدۇ . « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بۇنداق پەرداز ئادىتىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق مەلۇمات بەرگەن : مەڭدەشتى - يىپ سېلىشتى . ئىككى خوتۇن يىپ سېلىشتى . يەنى يىپ بىلەن بىر - بىرىنىڭ يۈزىدىكى تۈكلەرنى ئېلىشتى . بۇ ئادەت ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ ، بەزى جايلاردا ھەتتا «يىپلاش تويى » ئۆتكۈزۈلۈپ ، بەلگىلىك دەرىجىدە مۇراسىم تۈسىنى ئالغان .

ئۇيغۇر ئاياللىرى يۈزىدىكى تۇغۇتتىن قېپقالغان داغنى چۇشۇرۇش ئۈچۈن ، كاۋاش سۇمۇق ( زەمچە ) قا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئېزىپ يۈزىگە سۈرتىدۇ . بۇ ئارقىلىق داغنى يوقىتىپ يۈزنى پارقىرىتىدۇ .

ئۇيغۇر ئاياللىرى خۇش پۇراقلىق نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئەتىۋارلايدۇ . ئىپار ، سەندەل ، ئەمبەرلەرنى يېنىدا ساقلايدۇ . بۇ دورىلار مەززىلىك پۇراپ ، ئادەم بەدىنىدىكى سېسىق پۇراقلارنى يوقىتىدۇ ، شۇنداقلا نەسلىنى ياخشىلايدۇ .

دېمەك ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك بىر يۈرۈش تەبىئىي پەرداز بۇيۇملىرى نوقۇل ھالدا گۈزەللىك ئۈچۈنلا ئەمەس ، شۇنداقلا يەنە ساغلاملىق ۋە سالامەتلىك ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلغان . (ئا)

## تازىلىق ۋە ساغلاملىق ئادەتلىرى

خوتۇن - قىزلارنىڭ سەھەردىكى ئەنئەنىۋى تازىلىق ئادەتلىرى :

تازىلىق — ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزۈكى ، ئىنسانلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلىش دەرىجىسىنىڭ ئىپادىسى ، مەنىۋى گۈزەللىكنىڭ رېئاللىقتا ئايلىنىشى ، ساغلاملىق ۋە روھلۇق بولۇشنىڭ كاپالىتى .

تازىلىق — ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى بەلگىلەيدىغان تۈپ ئامىللارنىڭ بىرى .

« ساغلام تەندە ساغلام ئەقىل » دېگەن ماقال ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن باشلاپ تازىلىققا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مىللىي پسىخىكىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ .

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان شەكىللەندۈرگەن ئەنئەنىۋى ئىش تەقسىماتى نەتىجىسىدە خوتۇن - قىزلار بالا بېقىش ، تاماق ئېتىش ، كىر يۇيۇش ، ئائىلە تازىلىقى ۋە مۇھىت تازىلىقى قاتارلىق ئۆي ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ ، ھەممىسىدە تازىلىق مەركىزىي نۇقتا قىلىنغان . شۇڭا ئۇلار كۈندىلىك ئائىلە ئىشلىرىنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى سەھەردىكى ئامىۋى تازىلىق پائالىيىتىدىن باشلايدۇ .

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا « بۇ ئايالنىڭ قېشىغا قاراڭ ، قاچىسىنىڭ تېشىغا ( قاراڭ ) » ، « ئىشچان خوتۇن سەھەر تۇرۇپ چېچىنى تارايدۇ ، ھورۇن خوتۇن ئۇخلاپ تۇرۇپ كولۇڭ كولايدۇ » دېگەن تەمسىلنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ سەۋەبسىز ئەمەس . دەرۋەقە ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا تازىلىقنى ئاياللارنى باھالايدىغان ئاساسىي ئۆلچەم قىلىنغان . كۈندىلىك تۇرمۇشتىمۇ ئەرنىڭ ياقىسىنىڭ كىر ياكى پاكىزلىقىغا قاراپ ، ئايالنىڭ قانداق تەبىئەتلىك كىشى ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەيدۇ . شۇ سەۋەبتىن ئانا بولغۇچى قىزنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئائىلە ئىشلىرىغا بولۇپمۇ تازىلىق قىلىشقا ئۆگىتىدۇ . ھەمىشە ئۆز پەرزەنتلىرىگە « سەھەر تۇرۇپ تازىلىق قىلساڭ ساۋاب بولىدۇ ، ھويلا — ئارام ۋە يوللارنى سۈپۈرسەڭ بەختىڭ ئېچىلىدۇ » دەپ تەربىيە بېرىدۇ . مۇشۇنداق ئەنئەنىۋى تەلىم - تەربىيە نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان يېزا - قىشلاق ، شەھەر — بازارلاردا ھەر كۈنى تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن تەڭلا ھەممىدىن بۇرۇن ئۇيغۇر ئايال — قىزلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز — كۆزىنى يۇيۇپتىن ئىلگىرى ئۆيىچى ، ھويلا — ئاراملىرىنى ۋە ئۆي ئەتراپىدىكى چوڭ - كىچىك كوچىلارنى پاكىز سۈپۈرۈپ سۇ سېپىدۇ ، تەرەتخانىلارنى پاكىز تازىلايدۇ ، ھويلا — ئارامدىكى گۈللۈكلەرگە ۋە گۈل تەشتەكلىرىگە سۇ

قۇيىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئائىلىلەر ۋە يۇرت ـ مەھەللىلەر ئادەمگە بىر خىل جۇشقۇن كەيپىيات بېغىشلايدۇ ، بىر كۈنلۈك ھاياتنىڭ مۇقەددىمىسى ئەنە شۇنداق پاكىز مۇھىت ۋە ساپ ھاۋا بىلەن ئېچىلىدۇ .

شەھەرلەردىكى ھازىرقى زامان قەۋەتلىك ئۆيلەردە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىمۇ ئەنە شۇ ئەنئەنىۋى تازىلىق ئادىتى بويىچە ئۆزى ئولتۇرغان قەۋەتلىك بىنانىڭ پەلەمپەيلىرىدىن تارتىپ شۇ قەۋەتنىڭ ئالدى ھەتتا كەينىگىچە پاكىز سۈپۈرۈپ تازىلايدۇ ، ئاممۇى دېرىزىلەرنى پىداكارلىق بىلەن سۈرتىدۇ . بۇنداق ئادەت بىر خىل ئەنئەنىگە ئايلانغاچقا ، بۇ خىزمەتكە ھېچقانداق ئائىلە مەجبۇرلانمايدۇ . بەلكى قوشنىلار ئارا ئىختىيارىي ۋە تەبىئىي ھالدا ھەممىدىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ ئاممۇى تازىلىق قىلىشنى شەرەپ ھېس قىلىشىدۇ . بۇنداق تازىلىق ئادىتى قانداقتۇر بىر كوللېكتىپ ياكى مەلۇم تەشكىل ئورۇنلاشتۇرغان مەجبۇرىي پائالىيەت بولماستىن ، بەلكى ئۇزۇن يىللار داۋاملىشىش نەتىجىسىدە پىسخىك ئەنئەنىگە ئايلانغان مەنىۋى گۈزەللىك پائالىيىتىدۇر . بۇنىڭ خاسىيىتىدىن بارلىققا كەلگەن ئائىلە ۋە مۇھىت گۈزەللىكى ھەر كۈنى سەھەردە ئىشقا ئاتلانغان ئەمگەكچىلەرنى كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئىگە قىلىپ ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا ھاياتلىققا مۇھەببەت ئويغىتىدۇ ، ئۆزئارا ئىناقلىقنى كۈچەيتىپ ، كوللېكتىۋىزملىق روھنى مۇستەھكەملەيدۇ . شۇنداق قىلىپ سەھەردە باشلىنىدىغان ئاممۇى تازىلىق ئارقىلىق بەرىكەت ۋە نۇسرەتكە يول ئاچىدۇ ، ئائىلىسىنىڭ روناق تېپىشىنى تىلەيدۇ ، كېسەللىكنىڭ مەنبەسىنى يوقىتىشقا تىرىشىدۇ . (ئا)

## سىمۋوللۇق رەڭ چۈشەنچىلىرى

رەڭ ـ ماددىي دۇنيانىڭ قۇياش نۇرىنى قوبۇل قىلىشتىكى ئاكتىپچانلىقى ياكى پاسسىپلىقى بىلەن ئىنسان سەزگۈسىدە ئىپادىلەنگەن خىلمۇ خىل كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇ ماددىي دۇنيادا ئوبيېكتىپلىققا ، سەزگۈ دۇنياسىدا سۇبيېكتىپلىققا ئىگە . بىز بۇ يەردە رەڭدىن ئىبارەت ئاشۇ كونكرېت نەرسىگە ئىنسان ئۆز سەزگۈسى ئارقىلىق مەلۇم سىمۋوللۇق مەنە بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت ئادەت خاراكتېرىنى شەرھلەيمىز .

ئۇيغۇرلار ھەر خىل رەڭدىن ئۆزگىچە ئېستېتىك لەززەت ئېلىپلا قالماستىن ، رەڭدىكى كىشىگە بېرىدىغان ئوخشاشمىغان تۇيغۇنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدىكى تۈرلۈك پائالىيەت ۋە چۈشەنچىلىرىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ ، تۇرمۇشىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ سىمۋوللۇق بېشارىتى سۈپىتىدە قوللىنىپ ئىشلەتكەن . ھەر خىل رەڭلەرنىڭ ئىچىدە ئاق ، كۆك ، قىزىل ، سېرىق رەڭلەر ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىك پائالىيىتى ۋە دىنىي ئەقىدىسىگە زىچ ماسلاشقان ھالدا ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادىتىدە بىر قەدەر گەۋدىلىك رەڭ رول ئوينىغان بولۇپ ، ئۇ قەدىمىيلىكى ۋە ئىزچىللىقى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك بولۇپ شەكىللەنگەن .

### ئاق رەڭ

ئاق رەڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېڭىدا بەخت ـ ئامەت ، ياخشىلىق ، پاكلىق ، ئالىيجانابلىق چۈشەنچىسىنى بەرگەن . بۇ خىل چۈشەنچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد دەۋرلىرىدىن تارتىپ ، تاكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە . مەسىلەن ، سەپەرگە چىققانلارنى ئۇزىتىشتا « ئاقيول بولسۇن !» دەپ ياخشى تىلەكتە بولۇش ، سۈتنى ئۇلۇغلاش ، قارنى بەخت ـ ئامەتنىڭ بەلگىسى دەپ بىلىش ، قىزلار تويى بولغان كۈنى ئاق رەڭلىك كۆڭلەك كىيىش ، ھازىدا ئەرلەر بېلىگە ئاق باغلاش ، ئاياللار ئاق ياغلىق سېلىش ، ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى ئاقارتىش ... قاتارلىق ئادەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاق رەڭ ئۇلۇغلانغان .

بۇنىڭدىن باشقا ئاق رەڭگە ئائىت چۈشەنچىلەر ناھايىتى نۇرغۇن بولۇپ ، ئۇنى بىر قەدەر قەدىمىيرەك بولغان نەمۇنىلەردىن ئىزدىگەندە مەشھۇر داستان «ئوغۇزنامە » گە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . داستاندا ، ئوغۇز خاقاننىڭ ھەربىي يۈرۈشتە قولغا كەلتۈرگەن بۇيۇك غەلىبىسىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە ، قىرىق غۇلاچلىق ئاق خادا ئاستىغا ئاق قوينى باغلىشى بەخت ۋە ئامەتنىڭ مەڭگۈلۈك نېسىپ بولۇشىغا قارىتا ئىشەنچىنىڭ سىمۋولى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزم ئېتىقادى دەۋرىدىمۇ ئاق رەڭ ئوخشاشلا ياخشىلىق ۋە ئامەتنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. « ئىككى تېكىننىڭ هېكايىسى » دىكى ئاق نىيەت تېكىننىڭ ياخشىلىق قىلغۇچى ۋە خەير - ساخاۋەت ئۈچۈن ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىشتىن باش تارتمايدىغان ئېسىل روهى ئاق سۆزى بىلەن سۈپەتلەنگەن. « ئېرىق پۈتۈك » تىمۇ ئاق رەڭگە مۇناسىۋەتلىك بولغان چۈشەنچىلەرنىڭ هەممىسى ياخشىلىق ۋە بەخت - ئامەتنىڭ بېشارىتى سۈپىتىدە بايان قىلىنغان. ئاق رەڭنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى هازىرمۇ مەۋجۇت بولۇپ، دوختۇر، سېستىرالارنىڭ ئاق خالات كىيىشى، بىمارلارنىڭ نىجاتكارىغا سىمۋول قىلىنغان. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىمۇ ئاق رەڭ يۇقىرىقىدەك ئۆزگىچە سىمۋوللۇق مەنە بىلەن ئىپادىلەنگەن.

## كۆك رەڭ

كۆك رەڭمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادى بىلەن باغلانغان هالدا ياخشىلىق ۋە ئامەتنىڭ شۇنداقلا ئىلاهىي تۇسنىڭ سىمۋوللۇق بېشارىتى سۈپىتىدە گەۋدىلەنگەن.

كۆك سۆزىنىڭ بىر نەچچە تۈرلۈك مەنىسى بار: مەسىلەن، كۆك — تەڭرى، ئاسمان، كۆك رەڭ، ئەسلى (كۆكلۈك قايسى)، كۆكلە (ياشا، ياشارماق)، كۆك (كۆكتات، ئوت - چۆپ) قاتارلىقلار. بىزنىڭ بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىمىز، كۆك سۆزىنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بولۇپ، بىرى، تەڭرى، يەنى خۇدا مەنىسى؛ يەنە بىرى، رەڭ پەرقىدىكى كۆك مەنىسى. تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا، كۆك رەڭنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېڭىدا مۇقەددەس رەڭ چۈشەنچىسىگە كۆتۈرۈلۈشى، ئۇنىڭ خەلق ئېڭىدىكى تەسىرى قاتارلىقلار.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقىدىسىدە كۆك رەڭنىڭ بۈيۈكلۈك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئىلاهىي قۇدرەتنىڭ سۈپىتى ياكى ئىسمى ئورنىدا قوللىنىلىشىنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي ئاساسى بار. ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قەدەر ئۇزۇن تارىختا ئىگە بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرى ئۈچۈن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغانىدى. چارۋىچىلىق هايات ئاساسەن يېشىللىقنى مەركەز قىلغان، يايلاقنى ماكان قىلاتتى. يايلاق مەدەنىيىتىدە يېشىللىق هاياتنىڭ ئاساسى، دەپ قارىلىپ، ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاسمەنلىك كۈچەيگەنىدى. بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى « تېلى قوشىقى » نى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ يېشىللىققا باغلانغان هاياتلىق پائالىيىتى ناهايىتى ئوبرازلىق هالدا بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا « ئوغۇزنامە » داستانىدا كۆك رەڭگە ئائىت بايانلار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئوغۇزخاننىڭ ئۆڭ - چىرايىنىڭ كۆك بولۇشى، ئۇنىڭ تەڭرىگە سېغىنىۋاتقاندا ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ، ئاسماندىن بىر كۆك نۇرنىڭ چۈشۈشى، ئۇنىڭ ئىچىدىن كۆزلىرى كۆك، گۈزەل بىر قىزنىڭ پەيدا بولۇشى كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق ئەركەك بۆرىنىڭ ئوغۇزخانغا يول باشلىشى ... قاتارلىق بايانلار قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا كۆك رەڭنىڭ ئېتىقاد ئاساسى بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنىڭ روشەن دەلىلىدۇر.

شامانىزم ئېتىقادى دەۋرىدە تەبىئەت ئىلاهچىلىقنى مەركەز قىلغان ئاسمان، قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، شامال، يامغۇر، چاقماق قاتارلىق هادىساتلارنىڭ يۈز بېرىشىدە كۆك سۆزى تەڭرىگە تەققاسلىنىپ بۈيۈكلۈك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن كۆك (ئىلاه) چۈشەنچىسىدىن ئالەمنى بىنا قىلغۇچى «ئاللاه» ئۇقۇمى پەيدا بولۇپ، ئۇ، كۆك تەڭرى چۈشەنچىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىدى. لېكىن كۆكنىڭ خەلق ئېڭىدىكى سىمۋوللۇق مەنىسى (ئېستېتىك مەنىسى) ئۆزگەرمىدى، بەلكى ئادەت سۈپىتىدە خەلق ئارىسىدا هازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، قايغۇ - ھەسرەتكە دۇچار بولغاندا كۆككە قاراپ ئىلتىجا قىلىش، يېشىللىقنى قەدىرلەش، تەبىئەتنىڭ تۇنجى مېۋىسى (كۆكنى) گە بولغان ھېرىسمەنلىك، بېدە كۆكىدە كۆك چۆچۈرىسى ئېتىپ، ئۇرۇق - تۇغقان ياكى قولۇم - قوشنىلارغا يېگىلىق تۇتۇش ئۇدۇمى، كۆك مەشرىپى قاتارلىقلار شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. (ئا)

## قىزىل رەڭ ۋە سېرىق رەڭ چۈشەنچىسى

ئۇيغۇرلار قىزىل رەڭنى ياخشىلىقنىڭ، خۇشاللىقنىڭ، بەخت - سائادەتنىڭ، گۈزەللىكنىڭ، جەڭگىۋارلىقنىڭ، غەلىبىنىڭ سىمۋوللۇق بېشارىتى، دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇرلاردا قىزىل رەڭنىڭ يۇقىرىقىدەك مەنىلەرگە ئىگە بولۇشى ئۇلارنىڭ ياشىغان جۇغراپىيىلىك شارائىتى، ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلىرى ۋە تارىخىي كەچۈرمىشلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تەدرىجىي هالدا، نىسپىي مۇقىم مەنىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىدە ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە توي - تۆكۈن بولسا «ئاشسۈيى» هېسابىدا قىز تەرەپكە ئاپىرىدىغان قوينىڭ بېشىغا قىزىل رەخت باغلاپ قويۇلىدۇ، توي كۆچۈرۈش هارۋىسىغا قوشۇلغان ئاتلارغا ياكى هازىرقى زاماندىكى توي كۆچۈرۈش ماشىنىلىرىنىڭ ئالدىغا قىزىل رەخت باغلىنىدۇ. هەتتا توينىڭ ناغرا - سۇنايلىرىغىمۇ قىزىل رەخت باغلاپ قويۇلىدۇ. سۈننەت توي مۇراسىمىدا سۈننىتى قىلىنغان بالىنىڭ بېلىگە گۈل چېقىرىلغان قىزىل پوتا باغلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يېڭى تۇغۇتلۇق ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىگە قىزىل رەخت ئېسىپ قويۇلىدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەسۋىرى ۋاستىلىرىدە قىزلارنى قىزىلگۈلگە ئوخشىتىدۇ. قىزلار، ياش چوكانلار قىزىل رەڭلىك كۆڭلەك كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. قىزىل رەڭنى — ياشلىقنىڭ بەلگىسى، دەپ قارايدۇ.

قىزىل رەڭگە بولغان مۇشۇنداق ھېرىسمەنلىك تۇپەيلىدىن شەرقىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا قىزىل دوپپا كىيىش ئادىتى تارىختىن بۇيان ساقلىنىپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ تۇرپان ئۇيغۇرلىرى قىزىل رەڭگە تېخىمۇ ئالاهىدە مۇئامىلە قىلىدۇ، قەدىمكى زەردۇشت دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوتقا چوقۇنغان تۇرپان ئۇيغۇرلىرى يىراقتىن قارىسا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان، ئوتقا ئوخشىشىدىغان قىزىل توپىلىق يالقۇنتاغنى «قۇتتاغ» (بەخت بەرگۈچى تاغ) دەپ ئاتاپ، ئۇنى ئۇلۇغلىغان ۋە چوقۇنغان. هەمدە «قۇتتاغ» نىڭ قىزىل رەڭ هالىتىنى قىزىل دوپپا كىيىش ئادىتى ئارقىلىق نامايان قىلغان.

سېرىق رەڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىك ئادىتىدە قۇياشقا، مول هوسۇلغا، ئالىيجانابلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار سېرىق رەڭنى ئالتۇن رەڭ دەپ ئاتايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇرىدا قۇياشنىڭ نۇرلانغان مەزگىلى «ئالتۇندەك پارلىغان قۇياش» دەپ تەرىپلىسە، مول هوسۇللۇق بۇغدايلارنى «ئالتۇن باشاقلىق بۇغدايلار» دەپ سۈرەتلەيدۇ. يەنە ئەدەب - ئەخلاقلىق، ياخشى باللارنى «ئالتۇندەك بالا - دە» ياكى «ئالتۇندەك قىز» دەپ ئالتۇنغا ئوخشىتىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «ئالتۇن» ماددا هالىتىدىكى مېتال ئۇقۇمى بولماستىن، بەلكى ئالتۇن رەڭ — سېرىق رەڭ چۈشەنچىسىنى بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنىڭ رەڭگىمۇ ئالتۇن رەڭنى ئاساس قىلىدۇ. ئەنئەنىۋى نەققاشچىلىق سەنئىتىدە هەشەمەتلىك ئىمارەتلەرنىڭ گىرۋەك نەقىشلىرىگە ئالتۇن رەڭدە هەل بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ چۈشەنچىسىدە سېرىق رەڭنى ياخشى كۆرۈش ئادىتى ئۇلارنىڭ قەدىمكى قۇياش تەڭرىسىگە سېغىنىشتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي ئېڭى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

لېكىن بەزىدە سېرىق رەڭ چۈشكۈنلۈككە، روهسىزلىققا، پەرىشانلىققا سىمۋول قىلىنىغان ئەهۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. بۇنداق زىددىيەتلىك مەنە كۆپرەك ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى تەسۋىرى ۋاستىلەردە كۆزگە چېلىقىدۇ. (ئا)

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد ئادەتلىرى x

## يېزىقسىز ۋاقىت كالېندارى

ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق ھالدا، تەبىئەتنىڭ سىرىنى بىلىش ئىستىكىنى ئاسمان جىسىملىرى ھەققىدىكى كوسمولوگىيىلىك ۋە مېترو-لوگىيىلىك چۈشەنچىلەرگە تەتبىقلىدى. ئۇلار كۈن بىلەن تۈننىڭ، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ، كۈن، ئاي، پەسىللەرنىڭ دەۋرى ھالدا ئالمىشىپ، ئايلىنىپ تۇرۇش سەۋەبلىرىنى ئاسمان جىسىم-لىرى (قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، پلانېتلار) دىكى ئۆزگىرىشلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى. قۇياشنىڭ شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ، غەربكە پېتىشى؛ ئاينىڭ تۇغۇلۇشى، تولۇشى ۋە ئاخىرىدا يوقىلىپ قايتىدىن يېڭىلىنىشى؛ پلانېتلار ۋە سانسىزلىغان يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ سىرلىق ھەرىكەتلىرى ۋە ئۆزگىرىشلىرى، ئۇلارنىڭ كائىناتقا بولغان تەسىرى... قاتارلىقلارنى ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە تەكرار كۆزىتىپ، پلانېتلارنىڭ بۇرچلۇق ۋاقتى (يىللىق ھەرىكەت دەۋرى) نى مەلۇم ئېنىقلىق بىلەن ھېسابلاپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. نەتىجىدە ئەڭ دەسلەپكى «يېزىقسىز ۋاقىت كالېندارى» (يۇلتۇز كالېندارىمۇ دېيىلىدۇ) پەيدا بولدى. دېھ-قانلار ۋە مال چارۋىچىلار مۇشۇ «كالېندار» بويىچە ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەزگىلىنى بەلگىلىدى ھەمدە كېيىنچە ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى ئاساسىدا تۈزۈلگەن «شەمسىيە كالېندارى»، «قەمە-رىيە كالېندارى» ۋە مۇچەللىك كالېندارلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس سالدى.

خەلقىمىز مېترولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەرنى سۈپەتلەيدىغان «يۇلتۇز كالېندارى» نى يارىتىش جەريانىدا ئاساسىي پلانېتلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئېپ-تىدائىي ھالدا بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن قۇياشنى مەركەز قىلغان پلانېتلارنىڭ سۈپەتلىرىنى پەرقلىق ھالدا تەرىپلىدى ۋە ئۇلارنى ئۆزىگە خاس مىللىي ناملار بىلەن ئاتىدى. مەسىلەن، ھەم ئاسترونومىيىلىك، ھەم مېترولوگىيىلىك مەنىگە ئىگە بولغان ئۈركەر يۇلتۇزىنى «ulkər» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭدىن كېچىسى يول يۆرگەندە نىشان كۆرسىتىپ بېرىدىغان «كومپاس» سۈپىتىدە پايدىلاندى. «يۇلتۇز كالېندارى» دىكى مەزگىل (پەسىل) ئۆزگىرىشلىرىنىمۇ ئەنە شۇ ئۈركەرگە قاراپ بەلگىلىدى. خەلقىمىز: «ئۈركەر يۇلتۇزىنىڭ كۆپىي-يىشى بىلەن ھاۋا رايى ئۆزگىرىدۇ، ئەگەر ئۈركەر ئايغا يېقىنلاشسا، بوران - چاپقۇن ئاز بولىدۇ. يەرگە يېقىنلاشسا، بۇ باھار (كۆكلەم) نىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنىڭ بېشارىتى؛ ئەگەر ئۈركەر سۇغا يې-قىنلاشسا ھۆل - يېغىن كۆپ بولىدۇ؛ تاغقا يېقىنلاشسا پىژ - پىژ ئىسسىق بولىدۇ» دەپ قارى-دى. «ئۈركەر يانغا ئۆتسە يازغا تەۋە، قوماق گەدەنگە چۈشسە تازغا تەۋە» دېگەن تەمسىل خەل-قىمىزنىڭ ئەنە شۇ ئۈركەر يۇلتۇزى ھەققىدىكى قاراشلىرىدىن كېلىپ چىققان (كىشىلەر ئۈركەر يۇل-تۇزى كۆرۈنمەيدىغان 6 - ئاينىڭ بېشىنى «ئۈركەر يانغا ئۆتتى» دەپ ھېسابلىغان).

ئۇيغۇرلار يەنە ئورنىدىن مىدىرلىمايدىغان قۇ-تۇپ يۇلتۇزىنى «تۆمۈرقوزۇق» دەپ ئاتاپ، دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىنى ئۇنىڭغا قاراپ بەلگىلىدى. «تۆمۈرقوزۇق» نىڭ يېنىدىكى ئىككى يۇلتۇز تۈر-كۈمىنى «بېلىق» (بالىق) يۇلتۇز ۋە «قوزى يۇلتۇز» دەپ ئاتاپ، «بېلىق» — قىشنىڭ ئاخىرقى ئېيى، «قوزى» — باھارنىڭ باشلانغۇچ ئېيى (يىل

بېشى ) دەپ چۈشەندۇردى . ئۆزىنىڭ رەڭگى بىلەن بىر تامچە قانغا ئوخشىشىدىغان قىزغۇچ مارس تۇركۇمىگە «يەتتىكەن » (يەتتە قاراقچى ، قاراقۇش ) دەپ نام بېرىپ ، ئۇنى بالايىئاپەتكە سىمۋول قىلدى . خەلق ئارىسىدا «يەتتىكەن » يۇلتۇز تۇركۇمىنىڭ يەنە « چۆمۈچ يۇلتۇزى » ، « چوڭ ئېيىق يۇلتۇزى » دېگەن ناملىرىمۇ بار .

ھەممىدىن روشەن ھەم چىرايلىق ۋېنېرا يۇلتۇزىنى « چولپان » دەپ ئاتاپ ، ئۇنى خۇشاللىق ، بەخت خاراكتېرىستىكىسى بىلەن گەۋدىلەندۇردى . ئەڭ ئۈستۈن تۇرىدىغان زۇھەل (ساتۇرن ) يۇلتۇز تۇركۇمىنى «ئاقار يۇلتۇز » ، «تارازا يۇلتۇز » دەپ ئاتاپ ، ئۇنىڭغا باشقىچە ئەھمىيەت بەردى . «چىللە » (ئىيۇل ) نىڭ ئاخىرى « تارازا يۇلتۇز » نىڭ كۆرۈنۈش مەزگىلى بولۇپ ، ئۇ تومۇزنىڭ قايتىشىغا باشلىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ ، دېيىشتى ھەمدە « تارازا تۇغسا تاڭ سالقىن ، بۇغداي ، ئارپا پىشىدۇ » دەپ قاراشتى .

ئاتارۇت ( مېركۇرىي ) يۇلتۇز تۇركۇمىنى «سۈنبۈلە» (بۇغداي بېشى ) دەپ ئاتاپ ، «سۈنبۈلە» تۇغقاندىن كېيىن ياز ئاياغلىشىدۇ ، دەپ قارىدى . خەلق ئارىسىدىكى « سۈنبۈلە يىمى — قىشنىڭ غېمى » ، « سۈنبۈلىدە سۇسال ، مىزاندا تېرى ، مىزاندا تېرىمىساڭ قوي نېرى » دېگەنگە ئوخشاش ماقال - تەمسىللەرنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ ئەنە شۇ يۇلتۇزنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك .

خەلقىمىز يەنە مۇشتىرى ( يۇپىتېر ) يۇلتۇز تۇركۇمىنى « ئوت يۇلتۇز» (مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى » دا « ئەرەن تۈز» دەپ ئاتىغان ) دەپ ئاتاپ ، ئۇنى ياخشىلىق ۋە بەخت - سائادەتكە سىمۋول قىلدى . مېرىخ يۇلتۇز تۇركۇمىنى « شامال يۇلتۇز » ( باقىرسوقىم ) دەپ ئاتاپ ، ئۇنى پالاكەت ۋە مالامەتكە سىمۋول قىلدى . زۇھەل يۇلتۇز تۇركۇمىنى « تۇپراق يۇلتۇز » دەپ ئاتاپ ، ئۇنى نىسپىي ياخشىلىق ۋە نىسپىي خۇشاللىققا سىمۋول قىلدى ۋە باشقىلار .

ئۇيغۇرلار « ئاسمان گۈمبىزى » دە جىمىرلاپ تۇرغان ئەنە شۇنداق يۇلتۇز تۇركۇملىرىنىڭ ئىچىدىكى ئون ئىككى يۇلتۇز تۇركۇمىنى ئايرىم - ئايرىم مىللىي ناملار بىلەن ئاتاپ ، ئۇنى بىر يىل ئىچىدىكى ئون ئىككى ئاينىڭ نامى قىلىپ قوللانغان . خەلقىمىز ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە « قوزى » نى يىل بېشى ( يېڭى يىل ) قىلغان ھالدا ، ئۇد ( ئۇي ) ، ئاراندېز (جەۋزا) ، قوچقىق ( سەراتان ) ، ئارسلان (ئەسەد) ، سۈنبۈلە (بۇغداي بېشى ) ، ئۈلكۈ (تارازا ، مىزان ) ، چازان ( چايان ، ئەقرەب)، ياي (ئوقيا ، قەۋس)، ئوغلاق (جەددى ) ، كۈنەك (دەلۋە ، سوغا) ، بالىق (بېلىق ھۇت ) دەپ ئاتاپ ، ئون ئىككى ئاينى رەتكە تۇرغۇزغان . ھەر ئۈچ ئاينى بىر توقسان ( بىر پەسىل) غا بۆلۈپ ، نورۇز (يېڭى ئاي ) ، ئوغلاق ئاي ، ئۇلۇغ ئوغلاق ئاي ، ئۇلۇغ ئاي دەپ تۆت پەسىلنى پەرقلەندۈرۈپ ئاتىغان . يەنە بىر ئاينى ئىككى مەۋسۇمگە ، بىر كېچە - كۈندۈزنى ئون ئىككى چاغ ، يىگىرمە تۆت ۋاقىت (سائەت ) قا ، ئون ئىككى يىلنى بىر مۇچەلگە ، بەش مۇچەلنى بىر دەۋرگە بۆلگەن .

خەلقىمىزنىڭ قەدىمكى « يېزىقسىز ۋاقىت كالېندارى » دا يەنە يەتتە كۈننى زۇھەل (سەكەنتىر ياكى ساتۇرن ) ، مۇشتىرى (ئوگاي ياكى يۇپىتېر) ، مېرىخ (كورۇد ياكى مارس ) ، شەمس (يەشىق ياكى قۇياش ) ، زۆھرە ( سەۋت ياكى چولپان ) ، ئاتارۇت (ئارزۇ ياكى مېركۇرىي ) ، قەمەر ( ئاي ياكى يالچىق ) قاتارلىق كۆكتىكى يەتتە سەييارە يۇلتۇزغا تەقلىد قىلىپ ئاتىغان . ھازىرقى «ھەپتە » ۋە كۈن ناملىرى ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا سىڭىپ كىرگەن .

«شەمسىيە كالېندارى » بويىچە ھەرقايسى ئايلارنى ھەمەل (1 - ئاي ) ، سەۋر ( 2 - ئاي ) ، جەۋزا (3 - ئاي) ، سەرەتان (4 - ئاي )، ئەسەد (5- ئاي )، سۈنبۈلە (6- ئاي)، مىزان (7- ئاي)، ئەقرەپ ( 8 - ئاي ) ، قەۋس ( 9 - ئاي ) ، جەددى (10 - ئاي ) ، دەلۋە ( 11 - ئاي ) ، ھۇت (12 - ئاي)،

شۇنداقلا ئەرەب «قەمەرىيە كالېندارى» بويىچە مۇھەررەم، سەپەر، رەبىيەلئەۋۋەل، رەبىيەلئاخىر، جامادىيەلئەۋۋەل، جامادىيەلئاخىر، رەجەپ، شەئبان، رامىزان، شەۋۋال، زۇلقەئىدە، زۇلھەججە دەپ ئاتاشمۇ شىنجاڭغا ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىنكى ئىشلاردۇر.

دېمەك، ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى «يېزىقسىز ۋاقىت كالېندارى» دا «يەر مەركەز» لىك چۈشەنچىسى ئالغا سۈرۈلگەن بولۇپ، ئاسماندىكى بارلىق پلانېتلار ئوخشاشمىغان ئوربىتىلارنى بويلاپ يەرنى ئەگىپ ھەرىكەتچان ھالەتتە تۇرىدىغانلىقى، قۇياش بارلىق پلانېتلار ئىچىدە ئۆزىدىن يورۇقلۇق چىقىرىدىغان ئىسسىقلىقنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكى، بۇ مەنبە بولمىغاندا ھاياتلىقنىڭ بولمايدىغانلىقى، ئاي قۇياشتىن يورۇقلۇق ئالغۇچى «يەرنىڭ ھەمراھى» ئىكەنلىكى ... قاتارلىق كۆز قاراشلار ئەكس ئېتىلگەن. (ئا)

## ئەنئەنىۋى ئۆلچەم بىرلىكلىرى

ئۇيغۇرلار بۇرۇنراق شەھەرلەشكەن، بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويغان خەلقلەرنىڭ بىرى. بازار سودىسىنىڭ جانلىنىشى تەبىئىي ھالدا تاۋار ئالماشتۇرۇشتىكى ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئۆلچەملەر ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلانغان ھالدا روشەن مىللىيلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مېترولوگىيىلىك ناملارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس سالغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تۇرمۇشىدىكى ئەنئەنىۋى ئۆلچەملەرنى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى، ئېغىرلىق ئۆلچىمى، سۇيۇقلۇق ئۆلچىمى، چېچىلىپ - تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان نەرسىلەرنى ئۆلچەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئۆلچەملەر، كۆلەم بىلەن ھەجىمگە ئائىت ئۆلچەملەر، ۋاقىت ئۆلچىمى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمىنىڭ چوڭ بىر قىسمى ئادەم ئەزالىرىنىڭ نامى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە تەققاس قىلىنىدۇ. ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى لېكسىكا - سېمانتىكىلىق جەھەتتە بىرەر نەرسىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچەش، مۇساپە ۋە ئارىلىقنى ئۆلچەش بولۇپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچىسى، ئادەمنىڭ بىرەر ئەزالىرىنىڭ نامى ئارقىلىق ياسالغان. مەسىلەن، غېرىچ ( بويى بىر غېرىچ )، غۇلاچ ( بىر غۇلاچ ئارغامچا )، چامدام ( بىر چامدام يەر )، سويام ( بىر سويام رەخت )، ئادەم بويى ( قوناق ئادەم بويى ئۆستى )، تىرناق ( تىرناقچىلىك جاي )، تۇتام ( بىر تۇتام چۆپ )، تاپان ( بىر تاپان يەر ) دېگەنگە ئوخشاش. ئىككىنچىسى، ئۆلچەم سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغان نەرسىنىڭ نامى بىلەن ئاتاش ئارقىلىق ھاسىل بولغان ئاتالغۇلار بولۇپ، ئۇ ئاساسەن، مەلۇم بىر ۋاقىت كەسمىسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنىڭ ئىشتىراك قىلىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن، ئارغامچا بوي، نەيزە بوي، دەرەخ بوي، گەز، بىر باغلام، بىر قۇچاق، بىر كاپام، بىر ئورام، بىر كەتمەن، بىر گۈرجەك دېگەنگە ئوخشاش.

خەلق ئارىسىدىكى مۇساپىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلارمۇ ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى دائىرىسىگە كىرىدۇ. مەسىلەن، چاقىرىم، بىر ياغاچ يەر، كۆز يېتىم يەر، ئوق يېتىم يەر، بىر رابات يەر، بىر بېكەت يەر، ئات چاپتۇرۇم يەر، ئېگەك ئاستى يەر، بىر كۈنلۈك يول، بىر پوتەي يول، بىر ئاش پىشىم يەر، بىر ئۇن يېتىم يەر ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇرلار ئېغىرلىق ئۆلچىمى سۈپىتىدە، كۈرە، پاتمان، چارەك، يېرىم چارەك، ئىششەك، نىمشەك، جىڭ، سەر، مىسقال، فۇڭ قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئاتالغۇلارنى ئىشلەتكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىرلىق ئۆلچەيدىغان جىڭمۇ مۇشۇ ئۆلچەم بىرلىكلىرىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن.

ئۇيغۇرلار سۇيۇقلۇق ۋە چېچىلىپ - تۆكۈلىدىغان نەرسىلەرنى ئۆلچەش ئۈچۈن، تۇرمۇشتىكى ھەر خىل كۆلەم، ھەجىم ياكى مۆلچەردىكى نەرسىلەردىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان

ئۆلچەم بىرلىكىگە ئايلاندۇرغان . مەسىلەن ، بىر هارۋا
يۈك ، بىر قاپ ئۇن ، بىر قاپاق سۇ ، بىر شىشە
ياغ ، بىر قاچا تېرىق ، بىر ئېرىق سۇ دېيىلسە ،
ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ قانچىلىك مىقدارنى كۆرسىتىدىـ
غانلىقى ۋە قانچىلىك ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە
ئىكەنلىكى كىشىلەر كۆڭلىگە ئايان ئىدى .

ۋاقىت ئۆلچىمىمۇ يۇقىرىقى ئۆلچەم بىرلىكلىـ
رىگە ئوخشاش بىرەر هەرىكەت نامى بىلەن ئاتالغان .
مەسىلەن ، بىر ئاش پىشىم ، كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ،
هەش - پەش دېگۈچە ، ... دېگەنگە ئوخشاش .

بۇ خىل ئۆلچەم بىرلىكلىرىنىڭ ئىپادىلەنگەن
مەزمۇنىنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى گەرچە مۇتلەق
بولمىسىمۇ ، لېكىن خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىدە
بۇ ئۆلچەم بىرلىكلىرى نىسپىي تۇراقلىق مەنەگە ئىگە
بولغان . شۇ سەۋەبتىن ، ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە
قوللىنىلىپ ئادەتكە ئايلانغان بۇنداق ئۆلچەم بىرلىكى
ناملىرى خەلقىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا خېلى
قويۇق ئىز قالدۇرغاچقا ، هەتتا ئۇلارنىڭ ئاغزاكى
ئىجادىيەتلىرىگىمۇ سىڭىپ كىرگەن . بولۇپمۇ ئۇيغۇر
خەلق قوشاقلىرى ، ماقال - تەمسىللىرى ۋە هېكايە ،
چۆچەكلىرىدە بۇنداق ئەنئەنىۋى ئۆلچەم بىرلىكى ئا-
تالغۇلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ . بۇلارنى خەلقىمىزنىڭ
ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي ئادەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ
تەكشۈرۈش هەمدە هازىرقى زامان مېترولوگىيىلىك
ناملار بىلەن سېلىشتۇرۇش تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە
بولغان مۇهىم تېما هېسابلىنىدۇ .

هازىر ئۇيغۇرلارمۇ باشقا خەلقلەرگە ئوخشاش
ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئۈچۈن خەلقئارا بىرلىككە كەلگەن
مېترولوگىيىلىك ناملار ( كىلومېتر ، مېتر ، سانتىـ
مېتر ، تونna ، كىلوگرام ، لىتر قاتارلىقلار ) نى
قوللىنىدۇ . لېكىن يۇقىرىقى ناملارنىڭ بەزىلىرى
خەلق ئارىسىدا هازىرمۇ ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتىدۇ . (ئا)

## تاق سان

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە تاق سانلار
ئۇلۇغلىنىدۇ . شۇڭا ئۇلارنىڭ بەزى تۇرمۇش ئادەتـ
لىرىدە تاق سانلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ . مەسىلەن ،
ئۇلار هەر كۈنى بەش قېتىم ( بەش ۋاخ ) ناماز ئو-
قۇيدۇ ؛ هەر هەپتىنىڭ بەشىنچى كۈنى بىر قېتىم
جۈماگە يىغىلىپ جۈمە نامىزىغا داخىل بولىدۇ ؛ بىر
هەپتە يەتتە كۈن بولىدۇ ؛ مەسچىتلەرنىڭ پەشتاق
پەلەمپىيى تاق بولىدۇ ؛ ئاپتۇۋا بىلەن مېهمانلارنىڭ
قولىغا سۇ بەرگەندە ئۈچ مەرتە قۇيىدۇ ؛ قىزلارنىڭ
چېچى تاق ئۆرۈلىدۇ ؛ ئۆي ياپقاندا ئىشلىتىدىغان
جەگە ياغاچ ( لىم ) ۋە تۈۋرۈكلەرمۇ تاق بولىدۇ ؛
ئاخۇنۇم توي نىكاهىنى ئوقۇغاندا قىز ۋە يىگىتنىڭ
نىكاهنى قوبۇل قىلغان - قىلمىغانلىقىنى پەقەت ئۈچ
قېتىملا سورايدۇ ؛ ئەر ئۆزىنىڭ ئايالىنى ئۈچ قېتىم
«تالاق » قىلسا ، نىكاهتىن ئاجراشقانلىق هېسابلىـ
نىدۇ ، بالىلارنىڭ سۈننىتىنى قىلىشقا توغرا
كەلگەندە ، تاق كۈن تاللىنىدۇ هەمدە سۈننەت قىـ
لىش يېشىمۇ تاق بولىدۇ . كىشى ئۆلگەندە مېيىتنى
سۇغا ئالغاندىن كېيىن ، ئەگەر ئەر كىشى بولسا كېـ
پەنلىكى ئۈچ قەۋەت ، ئايال بولسا بەش قەۋەت
تىكىلىدۇ ؛ يول - كوچىلاردا بىرەر كىشىنىڭ ئالدىغا
غايىبتىن نەرسە ئۇچراپ قالسا، يۇقىرى ئاۋازدا «بۇ
نەرسە كىمنىڭ؟» دەپ ئۈچ قېتىم توۋلاش شەرت .
ئىگىسى چىقمىسا ئاندىن ئۇ كىشى ئۇچرىغان نەرسىنى
قولىغا ئالسا بولىدۇ ؛ تۆگە كارۋانلىرىدىكى تۆگىنىڭ
سانىمۇ تاق بولىدۇ ؛ ئومۇمەن بۇ خىل تاق سانلار
ئەقىدىسى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ناهايىتى
كۆپ ئۇچرايدۇ . ئۇيغۇرلاردىكى بۇنداق ئادەت
ئاساسەن ئىسلام دىنى ئەقىدىسىدىن كېلىپ چىققان .
ئىسلام دىنىدا خۇدا مۇتلەق بىر ، يېگانە دەپ قارىـ
لىدۇ . مۇشۇ ئېتىقاد ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە
سىڭىپ ، ئىستىخىيىلىك هالدا تاق سانلارنى ئۇ-
لۇغلاش ئەقىدىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان . يەنە بىر
تەرەپتىن تاق سانلار ئەقىدىسى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى
ئەنئەنىۋى ئېڭىدا شەكىللەنگەن مۇقەددەس سانلار
چۈشەنچىسى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن .
تۆۋەندە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى مۇقەددەس سانلار
هەققىدە ئايرىم توختىلىمىز . (ئا)

## مۇقەددەس سان — «توققۇز»

ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش كاتېگورىيىسىگە تەئەللۇق سانلارنىڭ ئەسلى ماتېماتىكىلىق مەنىسى ئۆزگىرىپ، مەنىۋى تۈس ئېلىشى بىر قەدەر ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. بەزى سانلار سىرلىق تۈس ئېلىپ «خاسىيەتلىك سان» غا ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى مۇرەككەپ؛ ئەينى ۋاقىتتا بۇ سانلار ئىنسان تەپەككۇرىدىكى مەۋھۇم ھادىسىلەرنىڭ كونكرېت بەلگىسى بولۇش رولىنى ئوينىغانىدى. مانا شۇ ئاساستا بۇنداق سانلار بارغانسېرى قېلىپلىشىپ، ئەقىدە ۋە ئېتىقادتا، تۇرمۇش ئادەتلىرىدە، ئاغزاكى ئەدەبىيات ئىجادىيەتلىرىدە ئۆز ئەكسىنى تاپتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىدا تاق سانلار، بولۇپمۇ ھەممىدىن كۆپ ئۇچرايدىغان « 7 »، « 9 »، « 40 » قاتارلىق سانلار ئۇزاق زامانلار مابەينىدە شۇ خەلقنىڭ ئېڭى ۋە ئەقىدىسىگە ماس ھالدا خاسىيەتلىك تۈس ئالغان. ئالايلۇق، « تويغان يەرگە توققۇز تەزىم »، « توققۇز قىزنىڭ تولغىقى بىر كۈندە تۇتۇپتۇ »، « مەن قىلارمەن ئوتتۇز، خۇدايىم قىلار توققۇز »، « توققۇزى تەل » قاتارلىق ماقال - تەمسىل ۋە ئىدىئوملار؛ « ئوغۇزنامە » داستانىدىكى «...ئوغۇزخاننىڭ ئېتى مۇز تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئوغۇزخان ئۇزۇنغىچە ئازاب چەكتى، توققۇز كۈندىن كېيىن ئوغۇزخاننىڭ ئايغىرىنى ھازىر قىلدى » («ئوغۇزنامە» 54 - بەت). «گۆر ئوغلى » داستانىدىكى « گۆر ئوغلى پەرىزات ۋە ئادەمزاتتىن بولۇپ، ئارقا - ئارقىدىن توققۇز خوتۇن ئالدى»، «توققۇز قات شاھ كىيىم كىيدى»، «مىنگەن ئېتى توققۇز كۆكنى كۆزلەيدۇ »، «ئۇنىڭ يېنىدا توققۇز تۇمارى بار »، « كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى » دىكى « كۆلتېكىن ئىلگىرى - كېيىن توققۇز قېتىم باشقا - باشقا ئاتقا مىنىپ جەڭگە كىردى »، « كۆلتېكىن توققۇز ئەسكەرنى نەيزىلىدى، توققۇز ئەسكەرنى ئايلاندۇرۇپ سالدى»... دېگەنگە ئوخشاش تارىخىي بايانلار؛ « خان تەختكە يېڭى چىققاندا ئۇ مەھرەملىرى بىلەن بىللە كىگىزدە ئولتۇرىدۇ، خان كۈنگە قاراپ ئۇلارنى توققۇز قېتىم ئايلىنىدۇ » («جونام » 50 - جىلد) دېيىلىدۇ. قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئارىسىدىكى « كۆك مەشرىپى » نىڭ قوشاقلىرىدا «غازنى ئوتتۇز، قوينى توققۇز ھەممىنى تەڭ راستلىدۇق » دېگەن مىسرا ئۈچ خىل ۋارىيانتىنىڭ ھەممىسىدە ئۇچرايدۇ. «يۈز ئاچقۇ بېيىتى » نىڭ بايانىدا «... توققۇز قېتىم تەزىمگە باردۇ»، «... توققۇز غېرىچلىق قوي بەرگەندىلا يول ئېچىلىدۇ »، «... قىزنى ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ ئۈچ يەرگە يېقىلغان ئوت ئۈستىدىن توققۇز قېتىم چۆگىلىتىدۇ »، « تويىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە سالامغا بارىدۇ. » («قۇمۇل نەزمىلىرى » دىن )، « ... ئوغۇل تەرەپ تويلۇق ئۈچۈن توققۇز كىيىملىك رەخت، توققۇز تۇياق قوي، توققۇز كۈرە بۇغداي، توققۇز شىلىڭ گۈرۈچ، توققۇز جىڭ ياغ، توققۇز شىرە مېۋە - چېۋە قاتارلىق نەرسىلەرنى قىز تەرەپكە داغدۇغا بىلەن ئاپىرىپ بېرىدۇ » («ئىز» رومانىدىن ) ۋە باشقىلار.

كۆرۈپ تۇرۇپتۇمىزكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەت ۋە مۇراسىملىرىدا كۆپ تىلغا ئېلىنغان «توققۇز» تاسادىپىي ھادىسە بولماستىن، بەلكى ناھايىتى چوڭقۇر تارىخىي ئاساسقا ۋە يىراق ئەنئەنىۋى مەنبەگە ئىگە بولغان بىر خىل مەنىۋى ئادەت ھادىسىسىدىن ئىبارەت. دەرۋەقە، يۇقىرىقى بايانلارنىڭ ھەممىسى « توققۇز » نىڭ ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد ئادىتىدە خاسىيەتلىك سان تۈسىنى ئالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ خاسىيەتلىك سان ئېتىقادى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا كىرگەن قەبىلە ناملىرىمۇ «توققۇز ئۇيغۇر » (ئىچكى توققۇز ) ۋە « توققۇز ئوغۇز » (تاشقى توققۇز ) دەپ ئاتالغان. مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ « تۈركىي

تىللار دىۋانى » ناملىق ئەسىرىنىڭ III توم، 175 — 176 - بەتلىرىدە : « خاننىڭ قول ئاستىدىكى ۋىلايەتلەر ھەرقانچە كۆپىيىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلسىمۇ تۇغلىرى توققۇزدىن ئاشمايدۇ ، چۈنكى توققۇز سانى خاسىيەتلىك ھېسابلىنىدۇ » دەپ كۆرسەتكەن . ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەپنە قىلىش ئادەتلىرىدە نوپۇزلۇق ئەربابلار ئۆلسە قەبرە توپىسىنىڭ ئۈستىگە توققۇز دانە تاشنى تىزىپ قويىدىغانلىقىمۇ مەلۇم .

كۆپلىگەن مەلۇماتلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە ، « توققۇز » نىڭ خاسىيەتلىك سان بولۇپ قېلىشى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزملىق ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . قەدىمكى ئۇيغۇر شامانىستلىرىنىڭ ئېپتىدائىي تەسەۋۋۇرىدىكى كۆكتەڭرى ئېتىقادىدىن « يەتتە يۇلتۇز ئىلاھى » چۈشەنچىسى كېلىپ چىققان ۋە بۇ يەتتە يۇلتۇز (يەتتە سەييارە ) ئايرىم - ئايرىم ناملار بىلەن ئاتىلىپ يەتتە ئىلاھ سۈپىتىدە ئۇلۇغلانغان . بۇ يەتتە « ئىلاھ » نىڭ ھەر بىرى بىر ھاياتلىق ئالىمى ھېسابلىنىپ ، ئۇنىڭغا يەنە پانىي ئالەم ( تۇپراق ) ۋە يەر ئاستى ئالەم ( روھىناتلار ماكانى ) قوشۇلۇپ ، پۈتۈن ئالەم توققۇز ھاياتلىق مەنبەسىدىن قۇرۇلغان دېگەن ئىپتىدائىي چۈشەنچە بارلىققا كەلگەن . شۇنداق قىلىپ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۈپ ئالەم قارىشى «توققۇز» غا مۇجەسسەملەشكەن .

دېمەك ، ھېسابلاش جەھەتتىن قارىغاندا «توققۇز » سان چەكسىز ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان ئەڭ چوڭ سانىنىڭ ئاخىرقى چېكى دەپ قارالغان ۋە ئېتىقاد جەھەتتىن « كۆپلۈك » ، « ئۇلۇغلۇق » ، «بۈيۈكلۈك» مەنبەسىگە سىمۋول بولغان . ئۇ «يەتتە » ، « قىرىق » ، « ئۈچ » قاتارلىق خاسىيەتلىك سانلارنىڭ پەيدا بولۇش خاراكتېرىگە ئوخشاشمىغان ھالدا ئېتنىك مەنبە جەھەتتىن بىۋاستە ھالدا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزملىق ئېتىقادىغا باغلىنىدۇ . مۇشۇ جەھەتتىن ئۇ ھەم قەدىمىلىككە ، ھەم قويۇق مىللىي خاراكتېرگە ئىگە . (ئا)

## خاسىيەتلىك سان «يەتتە» ۋە «قىرىق»

خاسىيەتلىك سان « يەتتە » چۈشەنچىسى «9» سانىنىڭ سىرلىق خاراكتېرىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ ، « يەتتە » بىلەن باغلىنىشلىق ئادەتلەرمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان . ئۇيغۇرلاردا « يەتتە » سانىنى مۇقەددەسلەشتۈرۈش ئەتراپتىكى باشقا دىنىي مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىدىن بارلىققا كەلگەنلىكى مەلۇم . بولۇپمۇ ئۇ ئاساسەن ئىسلام دىنى مۇراسىملىرى ۋە ئادەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . چۈنكى ، ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن بۇرۇنقى خاتىرىلەردە «يەتتە» نىڭ سىرلىق خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئۇچرىمايدۇ . مەسىلەن ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتىدە يەتتە كۈندە بىر قېتىم مەسچىتكە يىغىلىپ جۈمە نامىزى ئوقۇيدۇ ؛ روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت نامىزىنىڭ مەدھىيە نامىسى يەتتە سۈرىدىن تەركىب تاپقان ؛ ئادەتتە ، ئوغۇل باللار يەتتە ياشقا كىرگەندە سۈننەت تويى ئۆتكۈزۈلىدۇ ؛ ئادەم ئۆلۈپ يەتتە كۈندىن كېيىن چوڭ نەزىرسى (يەتتە نەزىر) ئۆتكۈزۈلىدۇ ؛ مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋاپات بولۇپ ئون يىلدىن كېيىن ، 644 - يىلى خەلىپە بولغان ئوسمان تارقىلىپ يۈرگەن سۈرىلەرنى توپلاپ «قۇرئان» ھالىتىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن ، ئۇنى يەتتە نۇسخا كۆچۈرۈپ تارقاتقان . دېمەك ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىۋاستە ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى بىلەن باغلانغان .

سىرلىق سان « يەتتە » ئالدى بىلەن پارسلارنىڭ زارۇئاستى (ئاتەشپەرەسلىك ) دىنى مەدەنىيىتىدە بارلىققا كەلگەن ، مانى دىنى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ئارىسىغا سىڭىپ كىرگەنلىكى ۋە ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ، مۇئەييەن بىر ئادەت تۈسىنى ئالغانلىقى مەلۇم .

ھىندى مەدەنىيىتىدىمۇ « يەتتە » سانى ئۇلۇغلىنىدۇ. ھىندىلارنىڭ ئادىتىدىكى «يەتتە» سانىنى

مۇقەددەس بىلىش چۈشەنچىسى ئۇلارنىڭ يەتتە يۇلتۇز تۈركۈمىنى بىلىشى ۋە ئۇنى ئىلاھىيلاشتۇرۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك .

دېمەك ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى « يەتتە » سانىنىڭ سىرلىق خاراكتېرگە كىرىشى گەرچە ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ، دەپ قارالسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ يىراق ئېتىنىك مەنبەسى ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنقى زارۇ ئاستى دىنى ۋە بۇددا دىنى مەدەنىيەتلىرىگە تۇتىشىدۇ . بۇ قەدىمكى دىنىي مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەممىسى مىلادىنىڭ ئالدى - كەينىدە شىنجاڭغا ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا سىڭىپ كىرىپ ، خەلقىمىزنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن .

سىرلىق سان « قىرىق » چۈشەنچىسى بىرەر دىنىي ئېتىقاد بىلەن باغلانمايدۇ . ئۇ پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىگە تەئەللۇق . «ئوغۇزنامە» داستانىدا «قىرىق كۈندىن كېيىن چوڭ بولدى » ، « قىرىق شىرە ، قىرىق بەندىڭ ياساتتى » ، «قىرىق كۈندىن كېيىن مۇز تاغ دېگەن تاغنىڭ باغرىغا يېتىپ باردى » ، « قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتۇردى » ، « قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلدى » . («ئوغۇزنامە » داستانىغا قاراڭ ) دېگەنگە ئوخشاش « قىرىق » بىلەن مۇناسىۋەتلىك بايانلار كۆپ يەردە ئۇچرايدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش ئادەتلىرىدىمۇ بالا تۇغۇلۇپ قىرىق كۈنگە توشقاندا بۆشۈك توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ، « قىرىق نەزىر » قاتارلىق خاتىرىلەش مۇراسىملىرى بولۇپ ، ھەممىسى « قىرىق » نىڭ سىرلىق خاراكتېرگە باغلىنىدۇ .

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى چۈشەنچىسىدە «قىرىق» سانى « ئەڭ كۆپ » ، « چەكسىز » دېگەن مەنەگە ئىگە بولۇپ ، ئۇ خەلقىمىزنىڭ ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرىدىكى ئەڭ چوڭ سانىنىڭ چېكى ، دەپ قارالغان « ئون » سانىنىڭ ئالەمنىڭ تەرىپىگە تەكرار قوشۇلۇشى ياكى كۆپەيتىلىشى ئارقىلىق كېلىپ چىققان . ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي چۈشەنچىسىدىكى تۆت تەرەپ قارشى ئالەمنىڭ چەكسىزلىكىنى ئىپادىلەيدىغان بىر خىل سىرلىق چۈشەنچە بولۇپ ، « قىرىق » سانى پۈتۈن ئالەم « كائىنات » مەنىسىنى بىلدۈرەتتى .

دېمەك ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ساناق ئادىتىدە ئاخىرقى چەك ۋە « ئەڭ چوڭ » سان ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان « 10 » بىلەن تەرەپنى كۆرسىتىدىغان « 4 » نىڭ قوشۇلۇشى ۋە كۆپەيتمىسى (40 =(تەرەپ) 4 × 10 ) بىلەن ئالەمنىڭ چەكسىزلىكىنى بىلدۈرىدىغان « قىرىق » سانى سىرلىق سان كاتېگورىيىسىگە كىرگەن ھەمدە خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ئەكس ئېتىلگەن . (ئا)

## تەبىئەت قاراشلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى ھەر خىل قاراشلىرى ئۇلارنىڭ قەدىمكى مىفولوگىيىلىرىدە، ھېكايە- چۆچەكلىرىدە ، تۇرمۇشتىن يەكۈنلەنگەن ماقال - تەمسىل ۋە شېئىرى - قوشاقلىرىدا ، شۇنداقلا كۈندىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ئۆز ئەكسىنى تاپقان .

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي تەبىئەت كۆزقارىشى ۋە «تەبىئەتنىڭ ئۆزى تەڭرى » دېيىلىدىغان دېئىزملىق سادda قاراشلىرىدا پۈتۈن كائىنات تۇپراق (توپۇ) ، ھاۋا ( يەل ) ، ئوت (ئاتەش ) ، سۇ (سۇپ ) دىن ئىبارەت تۆت ئېلېمېنتتىن يارالغان ، دەپ قارالغان .

ئادەتتە ، كۈندۈزلىرىنى كەڭ تەبىئەت قوينىدىكى ئېتىز - ئېرىق ، قىرلاردا ، كېچىلىرىنى كۆك ئاسمان ئاستىدىكى خامانلاردا خامان تېپىش ، يايلاقلاردا مال كۆزىتىش بىلەن ئۆتكۈزگەن ئەمگەكچان ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى ئۇزاق ئەسىرلىك سادda چۈشەنچىلىرىنى يەكۈنلەپ ، تۆت ئېلېمېنت (تۆت زات ، تۆت ئاناسىر ، تۆت ماددا دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) نى ئىلاھىيلاشتۇرىدىغان ئاجايىپ قىزىقارلىق قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئۇنى كۈچلۈك ئىدىيىۋى ئىشەنچ ۋە ئېتىقاد مەزمۇنىغا ئايلاندۇرغان .

ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆپ خۇدالىق قەدىمكى ئىپتىدائىي قارىشىدا كۆكتەڭرى (ئاسمان ، ھاۋا ئىلاھى)، يەر - سۇپ ئىلاھى (ئوماي ئىلاھى)، سۇ تەڭرىسى (سۇ ئىلاھى ) ۋە ئوت ئىلاھى ( ئاتەش ئىلاھى ) ھەممىدىن بۈيۈك ئىلاھلار ھېسابلىنىپ ، ئۇنىڭغا چوقۇنغان ۋە ئېتىقاد قىلغان . ئۇلارنىڭ « ئادەم زاتىنىڭ يارىلىشى »

ھەققىدىكى ئەپسانىلىرىدە ، ئادەمئاتام بىلەن ھاۋائانامدىن ئادەم زاتى پەيدا بولغان دەپ ھېكايە قىلىپ ، ئادەمئاتام (ئادەم ئەلەيھىسسالام ) نى كۆك ( ئاسمان ) كە، ھاۋائانامنى يەر (تۇپراق ) گە تەڭلەشتۇرىدۇ ھەمدە ھاۋا ئانامنى ئانا تەڭرى ــ ئۇماي دەپمۇ قارايدۇ . مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا « ئۇمايغا تاپىنسا ئوغۇل بولۇر » ( I توم ، 167 ـ بەت ) دېگەن ماقالمۇ بار . خەلقىمىز ئارىسىدا كۆككە چوقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان « يامغۇر تىلەش مۇراسىمى » دا « كۆكتىن تامدۇق ، يەردىن ئۈندۇق » دەپ ئاسمانغا قاراپ خۇداغا ئىلتىجا قىلىش ئادىتى ھازىرغىچە داۋاملاشماقتا . تۇپراق (يەر ) نى ئانىغا تەڭلەشتۇرۈپ ئۇنى ئۇلۇغلاش (ئانا يەر ، ئانا تۇپراق ، ئانا ۋەتەن دېگەنگە ئوخشاش ) ئادىتىمۇ ئەنە شۇ ئىپتىدائىي « يەر ـ سۇپ تەڭرىسى » ئېتىقادىدىن كېلىپ چىققان .

ئۇماي ئانا قەدىمكى زامانلاردا ئادەمزات ئۈچۈن تۇپراق ۋە سۇ مەنبەلىرىنى ئاتا قىلغۇچى بەخت ئىلاھى (idog) دەپ ئاتالغان . ئەنە شۇ « بەخت ئىلاھى » شەرىپىگە تۇرپاننىڭ قەدىمكى نامى ئىدىقۇت (ئىدى ـ ئىلاھ، خۇدا ؛ قۇت ــ بەخت، يەنى بەخت بەرگۈچى خۇدا ، دېھەكتۇر ) دەپ ئاتالغان .

خەلقىمىزنىڭ « تۆت ئېلېمېنت » نى ئۇلۇغلاش ۋە مۇقەددەسلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي تەبىئەت قاراشلىرىنىڭ ئىزلىرى بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ، كېسەللەرنى داۋالاشتىكى ئەم ـ ئىرىم قائىدىلىرىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە . ئادەتتە داۋاملىق دېيىلىدىغان « تۆت پەسىل » (باھار ، ياز ، كۈز ، قىش ) ، «تۆت تەرەپ » (شىمال ، جەنۇب ، شەرق ، غەرب ) ، «ھاياتلىقنىڭ تۆت دەۋرى » (بالىلىق ، ياشلىق ، ئوتتۇرا ياشلىق ، قېرىلىق)، «تۆت سۇپەت» ياكى «تۆت مىزاج»ــ ( ئىسسىق ، سوغۇق ، ھۆل ، قۇرۇق ) « تۆت خىلت » (سەپرا ، قان ، بەلغەم ، سەۋدا) قاتارلىق «تۆتلۈكلەر گۇرۇپپىسى » نىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ ئالەمنىڭ ئۇلى بولغان « تۆت ئېلېمېنت » قارىشىنىڭ سىڭدۈرۈلۈشى ئىپادە قىلىنىشىدۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت قاراشلىرىنىڭ يادروسى (مەركىزى ) قەدىمكى ئىپتىدائىي دەۋرلەردە شەكىللەنگەن « تۆت ئېلېمېنت » قارىشىدىن ئىبارەت ، دەپ ئېيتالايمىز . (ئا)

## ئۇيغۇرلاردا « قۇش باخشى »

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قۇشچىلىق قەدىمكى دەۋرىدىن باشلاپ مەخسۇس بىر خىل كەسىپ بولۇپ ، ئوۋچىلىق ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئېھتىياجى ئۈچۈن ياۋايى قۇشلارنى قولغا كۆندۈرۈشتىن تاشقىرى ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تاغلىق يېزىلىرى (قارغىلىق ناھىيىسىنىڭ چۇپان ، ئۆششاقباش ، كۆكيار قاتارلىق تاغلىق يېزىلىرى ۋە يەكەن ناھىيىسىنىڭ قوشراپ قاتارلىق جايلىرى )دا قۇش ئارقىلىق كېسەل داۋالاشتىن ئىبارەت ئۆزگىچە ، قىزىقارلىق ئادەت تاكى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە . بۇ «كەسىپ » بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى ئادەتتە «قۇش باخشى » دېيىلىدۇ . مەلۇمكى ، «باخشى » قەدىمكى ئالتايلىقلار ئېتىقادىغا مەنسۇپ ئۇقۇم بولۇپ ، «شامان دىنىنىڭ ئۇستازى » ، «دىن ئادىمى » دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ ئۇزۇن مەزگىل ئېتىقاد قىلغان دىنى ــ شامان دىنى بولۇپ ، ئەنە شۇ شامانىزم دەۋرىدە باخشىلىق ۋە پېرىخونلۇق ناھايىتى تەرەققىي قىلغان . باخشىلار « ھەممىگە قادىر ۋە قابىل » دىن مۇئەككىلى سۈپىتىدە ، شامان دۆمبىقىغا تەڭكەش قىلغان ھالدا شامانىزمنىڭ دۇرۇتلىرىنى مۇناجات قىلىپ شامان مۇراسىملىرىنى تەشكىللىگەن ۋە باشقۇرغان ، مۇشۇ يول بىلەن « يامان روھ » لارنى قوغلاپ ، بىمارلارنى داۋالىغان . شۇ سەۋەبتىن باخشىلار ئەينى زامانلاردا ئالاھىدە ھۆرمەتلىنىپ ، ئىلاھىي تۇس ئالغان . دېمەك ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا داۋاملىشىپ كەلگەن « قۇش باخشى » ئەنە شۇ شامانىزم دەۋرى بىلەن چېتىلىدىغان قەدىمكى ئادەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ . لېكىن «قۇش باخشى » دېيىدىغان بۇنداق نامنى ۋە قۇش ئارقىلىق كېسەل داۋالاش ئۇسۇلىنى بىز ھازىرغىچە شامانىزمغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللاردا ياكى باشقا مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئۇچراتمىدۇق .

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يۇقىرىقى تاغلىق رايونلىرىدا قۇش ئارقىلىق كېسەل داۋالاشنىڭ ئاساسىي

ئوبيېكتى ــــ تۇغۇتلۇق ئاياللاردىن ئىبارەت. كۆپىنچە تۇنجى تۇغۇتتا ئاياللاردا كۆرۈلىدىغان ئال كېسەللىكى ئېغىر قانسىراش ۋە ھالسىراشتىن كېلىپ چىقىدىغان كېسەل) دىن ئىبارەت. ئادەتتە، «ئال كېسەللىكى» نىڭ ئىپادىسى ھەر خىل بولۇپ، نېرۋىنىڭ نورماللىقى بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن چىشلىرى كىرىشىپ، قالايمىقان جۆيلۈيدىغان، كۆزنىڭ ئىقى چوڭىيىپ كۆزىگە غايىبانە، جىن - ئالۋاستىلار كۆرۈنىدىغان، پۈتۈن بەدىنى توختىماي تىترەيدىغان، ھوشىنى بىلمەي ۋەھىمىلىك ۋارقىراپ - جارقىرايدىغان غەيرىي ئادىمىلىك ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. يۇقىرىقىدەك ئالامەتلەر كۆرۈلگەن تۇغۇتلۇق ئاياللارنى يەرلىك خەلقلەر «ئالداپ قاپتۇ» دېيىشىدۇ. «ئال كېسەللىكى» نىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى كۆپ خىل ئامىللارغا باغلىق بولۇپ، مۇھىمى تۇنجى تۇغۇتنىڭ ئالدى - كەينىدە بەدەندىن كۆپ قان كېتىش، ھامىلىدار مەزگىلىدە ياخشى كۈتۈلمىگەنلىكى، تۇغۇت ۋە داۋالاش شارائىتىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقى شۇنداقلا ئەنئەنىۋى پىسخىك ئېتىقاد قاتارلىق ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنداق كېسەلگە يولۇققانلارنىڭ بەزىلىرى ئۆلۈپمۇ كېتىدۇ، يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا، بۇنداق كېسەللەرگە «قۇش باخشى» دىن باشقا ھەرقانداق دوختۇرنىڭ دورىلىرىمۇ ئۈنۈم بەرمەيدۇ، دەپ قارىشىدۇ (ھازىرقى زامان مېدىتسىناسى بۇنداق كېسەللەرنى تولۇق داۋالاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە).

ئادەتتە خەلق تىلىدا «قۇش» دەپ ئاتالغىنى ھەممىدىن يىرتقۇچ بۈركۈت بولۇپ، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى سەككىزدىن ئون ئىككى جىڭغىچە كېلىدۇ. «ئال كېسەللىكى» نى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدىغان بۇنداق قۇش تاپ يېمىگەن ياكى ئۆلۈپ قالغان ھارام ھايۋانلارنىڭ گۆشنى يېمىگەن بولۇشى شەرت.

داۋالاش ئۇسۇلى: «قۇش باخشى» (قۇشچى) قۇشنىڭ بېشىغا تۇماق كىيدۈرۈپ ئاغرىق ئايال ياتقان ئۆيگە ئەكىرىدۇ. ئاغرىق ئايالنى دۈم ياتقۇزۇپ، باش - كۆزىدىن تارتىپ پۈتۈن بەدىنىنى يوتقان ياكى كىگىز بىلەن مەھكەم ئوراپ قويىدۇ. ئاندىن ئۆيدىكى باشقا كىشىلەر ئاغرىق ئايالنىڭ يېنىدىن يىراقلاپ تۇرىدۇ. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن قۇشچى قۇشنىڭ بېشىدىكى تۇماقنى ۋە تىرنىقىدىكى چېتىلنى ئېلىۋېتىپ، چەبدەسلىك بىلەن «ئال» دەپ ئېرەم قىلىپ قۇشنى قويۇۋېتىدۇ. قۇش بىلگەندەك ئۆزلۈكىدىن شۇڭغۇپ بېرىپ كېسەل ئايالنىڭ گەجگىسىگە قونىدۇ ۋە مەھكەم ئوراپ قويۇلغان كېسەل ئايالنى باشتىن - ئاياغ ئۆتكۈر چاڭگىلى بىلەن مۇجۇپ، مەھكەم قىسىدۇ، كېسەلنى قانىتى بىلەن ئۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئايلىنىدۇ. قۇش گاھىدا قانات كېرىپ تام ۋە تورۇسقا ئۆزىنى ئۇرۇپ، يەنە كېسەلگە ئېتىلىپ كېلىپ مۇجۇشنى باشلايدۇ. قۇش يېرىم سائەت گاھىدا بىرەر سائەت مۇشۇ ئۇسۇلدا كېسەلنىڭ غولىنى قاتتىق مۇجۇغاندىن كېيىن، كېسەلدىن يىراقلاپ ھالسىز ھالەتتە، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ شۈك تۇرىدۇ. قۇشچى شۇ ھامان قۇشنىڭ تۇمىقىنى كىيگۈزۈپ، پۇتىغا چېتىل سېلىپ ئاچىقىپ كېتىدۇ. يوتقانغا چىلىڭ ئورالغان كېسەل ئايال قورقۇپ، چىلىق - چىلىق تەر بولۇپ كېتىدۇ. شۇ ھالەتتە بىر كېچە - كۈندۈز مىدىرلىماي ئۇخلايدۇ - دە، ئەتىسىدىن باشلاپ، ئاغرىق ئايال يېنىكلەپ ئال كېسىلىنىڭ خەۋپىدىن قۇتۇلىدۇ.

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، گويا قۇشتا بىر خىل تەبىئىي سېزىم باردەك، ئۆيدىكى ئاشكارا تۇرغان باشقا كىشىلەرگە تەگمەي، ئۇدۇل ئاغرىق ئايالغىلا ئېتىلىدۇ، ئىگىسى (قۇش باخشى) دىن ئوبيېكتىنى كۆرسىتىپ قويۇشنىمۇ تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رايوندىكى يەرلىك خەلقلەر قۇش ئارقىلىق كېسەل داۋالاشنىڭ ئۈنۈمىگە شەكسىز ئىشىنىدۇ.

تەكشۈرۈش ئەھۋالىمىزغا قارىغاندا، كۆپ ھاللاردا قۇشچى كېسەل داۋالاش ئۇسۇلىنى قۇشقا ئالدىن ئۆگىتىدىكەن، بەزىدە تېخى ئۆگەتمىگەن قۇشلارنىمۇ بۇ خىل كېسەلنى داۋالاشقا ئىشلىتىدىكەن. قۇش ئارقىلىق داۋالاش پەقەت ئال كېسىلى بىلەنلا چەكلىنىدىكەن.

بۇنىڭدىكى ھېكمەت ۋە سىرنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ، ئەلۋەتتە. (ئا)

## ئەنئەنىۋى داۋالاش ئادەتلىرى (ئەم - ئېرىم)

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئۆزىنى داۋالاشنىڭ تۈرلۈك ئادەتلىرى بولۇپ، بۇ ئادەتلەرنىڭ بەزىلىرى كۈچىتىن قالغان ياكى قېلىۋاتقان بولسىمۇ، بەزىلىرى يەنىلا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

1) كۆك چۆچۈرىسى يېيىش — ئۇيغۇر خەلقى ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچە قېتىم كۆك چۆچۈرىسى يېسە، ئادەمنىڭ ئىچى تازىلىنىپ، سالامەتلىككە پايدىلىق، دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار ھەر يىلى ئەتىيازدا يېڭى ئۈنگەن بېدە بىلەن چۆچۈرە ئېتىپ يېيىش ئادەتكە ئايلانغان. ھەر يىلى ئەتىيازدا يېزىلىقلار بازاردا ئولتۇرۇشلۇق تۇغقانلىرىغا بېدە تېرىپ كىرگۈزىدۇ؛ شۇنداقلا شۇ كۈنلىرىدە بېدە تېرىپ كېلىپ سېتىپ پۇل قىلغۇچىلارمۇ بولىدۇ.

2) تېرىگە كىرىش — ئەنگىزى ئېشىپ كەتكەن ئادەملەر قارا ئەركەك قوي ياكى قىرقىلمىغان ئوغلاقنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ ئىسسىق تېرىسىگە ئىسسىقلىق دورا - دەرمان سېپىپ، ئىسسىق پېتىچە تېرىگە كىرىپ تەرلىنىدۇ. بۇ ئۇيغۇرلاردا ئۇزۇندىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن ئادەتتۇر.

3) ئىنىگە كىرىش — پۇتى رېماتىزم بولۇپ قالغان، شۇ سەۋەبتىن ماگالماس بولۇپ قالغان ئادەملەر ئۆلتۈرۈلگەن قوي ياكى كالىنىڭ ئىسسىق ئىنىگە پۇتىنى تىقىپ داۋالىنىش هازىرمۇ داۋاملىشىۋاتقان ئادەتلەردىندۇر.

4) باشنى تەڭلەش — بوۋاق باللار يىقىلىپ چۈشۈپ بېشى چايقىلىپ كەتسە ئۇيغۇر خەلقى بۇنى «بېشى تەڭ بولۇپ قالماق» دەيدۇ. ئۇيغۇرلار تۇخۇمنىڭ سېرىقىنى ماتاغا سۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ بېشىنى چۆگىلىتىپ تېڭىپ قويىدۇ. بۇنى ئۇيغۇرلار « تەڭلەش » دەپ ئاتايدۇ. مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن بالىنىڭ بېشى ئەسلىگە كېلىپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلار كىچىك بالىنىڭ ئەنگىزى ئېشىپ كەتسە تۇخۇمنىڭ سېرىقىدىن ياغ چىقىرىپ بالىنىڭ چېكىسىگە ۋە ئۆگىلىرىگە سۈرۈپ داۋالايدىغان ياكى كۆيدۈرۈلگەن خەس قوي ماي (كۆيدۈرۈلمىگەن بولسىمۇ بولىدۇ) بىلەن بالىنى مايلاش يولى بىلەن داۋالايدىغان ئادەت هازىرمۇ داۋام قىلىپ كەلمەكتە. ئەگەر بالا سوغۇقتىن يۆتەل بولۇپ قالسا، قوي مېيىنى قىزىتىپ گېلىنى مايلاپ قويىدىغان ياكى ھەسەلنى گالغا سۈرۈپ ئۈستىدىن ياغلىق بىلەن تېڭىپ قويىدىغان ئادەتمۇ بار.

5) ئىسسىقلىق ۋە سوغۇقلۇق قىلىش — ئۇيغۇر خەلقى سوغۇقى ئېشىپ كەتسە، ئىسسىقلىق قىلىش بىلەن مىجەزىنى تەڭشەپ تۇرۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. ئېيتايلى، ئىسسىقى ئېشىپ كەتكەنلەر قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇق كۈنلىرىدە تاۋۇز يەيدۇ، ياكى تاۋۇزنى سىقىپ سۈيىنى ئىچىدۇ، ياكى گۈرۈچ، ماش قاتارلىقلار بىلەن ماشخوردا قىلىپ ئىچىدۇ. يۇقىرىقى سەۋەبلەر ئىسسىقلىقنى قايتۇرۇپ مىجەزنى تەڭشەيدۇ. سوغۇقى ئېشىپ كەتكەنلەر سېمىز قوي گۆشى بىلەن شورپىلىنىشتىن تاشقىرى، يەنە پىلپىل، قەلەمپۇر، قوۋزاقدارچىن، لاچىندانە، مىقدارچىن قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان «چاي دورىسى» ئىچىپ مىجەزنى تەڭشەيدۇ.

6) قان قىلىش ۋە ئۆپكە قىلىش — بىراۋنىڭ غولى ئاغرىسا ياكى پۇتۇن ئەزايىنى قوقاق بېسىپ كەتسە، ياۋا كەپتەرنى بوغۇزلاپ، ئىسسىق قېنىنى ئاغرىغان يەرگە ئاققۇزۇش، ئۆلتۈرۈلگەن قوي ياكى ئۆچكىنىڭ ئۆپكىسىنى ئاغرىغان يەرگە قېقىش — ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى داۋالاش ئادەتلىرىدۇر.

يۇقىرىقىلارنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىرمۇنچە ئىلمىي ئاساسى بولمىغان ئۆزىنى داۋالاش ئادەتلىرى بولغان. مەسىلەن، بىراۋنىڭ گۆرىنى ئىششىپ قالسا، پىچاق ۋە باشقا تىغنى بىلەپ، ئۇنىڭدىن چىققان لايىنى گۆرەنگە سۈرىدىغان ئادەت هازىرمۇ بار.

بىر ئادەم (تولىراق باللار) نىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ تولا ئەسنىسە، كۆزىدىن ياش ئاقسا ياكى پۈتۈن ئەزايى كىرىشسە، بۇنى « ئاش كىرىپ قالدى »، دەپ ياشانغان قېرى ئاياللارغا « ئاشلىتىدىغان » ئادەت داۋاملىشىپ كەلمەكتە. « ئاشلىغۇچى » بىر قاچىغا ئىسسىق كۈل ياكى كېپەك ئېلىپ، ئۈستىنى يېپىپ بىمارنىڭ قورساق تەرىپىگە يوناش ئارقىلىق «ئاش كىرىپ

قالغۇچى » نى ئاشلايدۇ . « ئاشلاش » جەريانىدا ئاشلىغۇچى ۋە ئاشلانغۇچى قانچە كۆپ ئەنسىسە ۋە چىنىدىكى كېپەك ياكى كۆل يىمىرىلسە « ئاش چىقتى » دەپ بىلىندۇ .

بىرى ئاغىنا بولۇپ قالسا « تامىقى چۈشۈپ قاپتۇ » دەپ بىگىز قولىنى قازاننىڭ قارىسىغا سۈركەپ تاماقنى كۆتۈرۈپ قويىدىغان ئادەتمۇ بار .

بوۋاق تولا يىغلىغانلىق سەۋەبىدىن غولىغا يەل تۇرۇپ قالسا « پاقا بولۇپ قاپتۇ » دەپ ، پاقا بارماقلىق قېرى ئايالغا ئۇنىڭ غولىنى ئۇۋۇلىتىدىغان ۋە قارا كىگىزنى پاقا شەكلىدە كېسىپ بالىنىڭ غولىغا توغرىلاپ ، كېيىمگە تىكىپ قويىدىغان ئادەت داۋاملىشىپ كەلمەكتە .

بىراۋنىڭ كۆزىگە ئاق چۈشۈپ قالسا ، بۇغداي قاتارلىق دان بىلەن كۆزنى « بۇرغىلايدىغان » ئادەتمۇ ساقلانماقتا .

ئۇيغۇرلاردا يەنە بىرى ئۆت كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بولسا « كۆزىدىكى سېرىقنى ئالدۇ » دەپ بوينىغا سېرىق قەھرىۋا ئېسىۋالدىغان ياكى سۇدىكى بېلىقلارغا قارايدىغان ئادەتلەرمۇ بولغان . بولۇپمۇ ، بالىلار بىر يەردىن يىقىلىپ قاتتىق قورقۇپ ، «شۈك » بولۇپ قالسا ، « روھى چىقىپ كەتتى » دەپ ، ئۇنىڭ كىيىمىنى سۆرەپ يۈرۈپ ، ئىسمىنى ئاتاپ « روھ چاقىرىدىغان » ئادەتلەرمۇ بولغان .

بىر ئادەم روھى كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالسا « جىن چاپلاشتى » دەپ ، پېرىخونلارغا پېرە ئوينىتىدىغان ، بۇت قەلەندەرلىرىگە ئوقۇتىدىغان ئادەتلەر هازىرمۇ بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا داۋاملاشماقتا .

بىراۋنىڭ ، بولۇپمۇ بالىلارنىڭ يۈز - كۆزىنى يارا بېسىپ كەتسە ئۇدۇملۇق تەقۋا ئايال تەكلىپ قىلىپ ، ئۇنىڭغا «چاچراتقۇ» سالدۇرىدۇ. بۇنىڭ جەريانى مۇنداق: ئاق ئۇن بىلەن خېمىر يۇغۇرۇلۇپ ، ياغاچ چوگلۇقىدا كۆمىلاچ قىلىنىدۇ . كۆمىلاچ قازاندىكى ياغقا سېلىنىدۇ ياكى قوقاس ئوتتا كۆمۈلىدۇ . ئايال ئەپسۇن ئوقۇپ قازانغا ياكى قوقاسقا « سۈپكۈچ » قىلىپ تۇرىدۇ . خېمىر قىزىغانسېرى ئېتىلىشقا باشلايدۇ . خېمىر ئېتىلسا يارا تۆكۈلىدۇ ، دەپ قارايدۇ .بۇ « چاچراتقۇ سېلىش » دەپ ئاتىلىدۇ .

بەزى بالىلار تۇرۇپلا تاماق يېمەس بولۇپ قېلىپ ، كۈندىن - كۈنگە جۇدەپ كېتىدۇ . بۇ خىل ئەھۋالنى «جىن چاپلىشىۋالغان » دەپ بىلىدۇ . بۇ كېسەلنى باشقا يوللار بىلەن داۋالىيالمىغاندا « ئاۋاق ئېشى » بىلەن داۋالىماقچى بولىدۇ . بۇنىڭ جەريانى مۇنداق : يەتتە ئۆيدىن ئۇن تىلەيدۇ ، ئۇ ئۇن بىلەن خېمىر يۇغۇرۇپ يايدۇ . خېمىرنى ئۇششاق كېسىپ سۇيۇقئاش ئېتىلىدۇ . ئاش پىشقاندا ئاۋاق بالىنى يالىڭاچلاپ ، پۈتۈن ئەزايىنى يۆركەپ ، هور چىقىۋاتقان قازانغا مىندۈرۈپ هورلاندۇرۇلىدۇ . ئاندىن ئاشتىن بالىغا بىر قاچا ئىچكۈزىدۇ . قالغان ئاشنى تۈتۈلمىغان قاچىغا قويۇپ ، تۈتۈلمىغان قوشۇقنى سېلىپ يولنىڭ دوقمۇشىغا قويۇپ ئارقىغا قارىماي يېنىپ كېلىدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە ، بالىغا چاپلىشىۋالغان « جىن » ، « ئاۋاق ئېشى » ئىچىمەن دەپ بالىنىڭ تېنىدىن ئاجرىلارئىمىش . شۇنىڭ بىلەن بالا كېسەلدىن خالاس بولارئىمىش . (ر)

## تۇپراققا بولغان ئېتىقاد

ئۇيغۇر خەلقى توپىغا ئېتىقاد قىلىدۇ . بۇ ئېتىقاد «ئادەمئاتا توپىدىن يارالغان » دېگەن چۈشەنچىدىن كېلىپ چىققان .

ئۇيغۇرلاردا توپىغا بولغان ئېتىقادنىڭ ئىپادىلىرى خىلمۇ خىل .

1) جەسەت يەرلىككە قويۇلۇپ گۆرنىڭ ئاغزى ئېتىلگەندىن كېيىن ، يەتتە كەتمەن توپا تاشلىنىدۇ . ئاندىن قۇرئان - تىلاۋىتى باشلىنىدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە ، يەتتە كەتمەن توپا تاشلىغاندىن كېيىن ، ئۆلۈك تىرىلىپ ئورنىدىن تۇرارئىمىش . جەسەت يەرلىككە قويۇلۇۋاتقاندا قەبرە بېشىدا هازىر بولغۇچىلار قولىغا بىر سىقىم توپا ئېلىپ ، دۇرۇت ئوقۇپ ئۇنىڭغا هۈرۈيدۇ . بۇ توپىلار تۈپلىنىپ ، مۇردا ئۈستىگە سېپىلىدۇ . بۇ «ئىخلاس توپىسى » دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ توپا مۇنكىر - نەكىرلەرنىڭ ئۆلگۈچىگە قىلىدىغان ئازابلىرىدىن ساقلاپ قالارئىمىش .

2 ) ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇش

ئۆچۈن پاك سۇ بىلەن تەرەت ئېلىشى شەرت . تەرەت ئېلىشقا سۇ تاپالمىغاندا (ناماز ۋاقتى قىستاپ كېلىپ قالسا ) تەيەممۇم قىلىدۇ (توپا بىلەن تەرەت ئېلىش ) . سەۋەبى ، ئۇلار توپىنى سۇغا ئوخشاش پاك ، دەپ قارايدۇ .

3 ) هۈنەرۋەن - كاسىپلار ۋە سودىگەرلەر دەسلەپ قىلغان سودىسىنىڭ پۇلىنى توپىغا مىلەپ قويۇپ يانچۇقىغا ياكى غەللىگە سالىدۇ . بۇ « سودامغا بەرىكەت بەرسۇن » دېگەنلىك بولىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ئات ، كالا قاتارلىق چوڭ مال سودىسى قىلغانلار باهادا پۈتۈشكەندىن كېيىن ، ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچى قولىنى توپىغا سۈركەپ « قۇتاتسۇن » دېيىشىدۇ .

بۇ خىل ئادەتلەرنىڭ هەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تۇپراق (توپا ) نى ئۇلۇغلاش ، تۇپراققا ئېتىقاد قىلىش ئەقىدىسىدىن كېلىپ چىققان . (ئا)

## سۇنى ئۇلۇغلاش

سۇنى ئۇلۇغلاش چوڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇشنىڭ ئومۇملاشقان ئىپتىدائىي شەكىللىرىدىن بىرىدۇر .

سۇنىڭ ئىنسان تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇهىم ئورنى ۋە ئۇنىڭ مەنبەسىنىڭ سىرلىق بولۇشى ئىپتىدائىي ئىنسان چۈشەنچىسىدە « سۇ ئىلاهى » نىڭ كارامىتى ، دەپ قارالغان . نەتىجىدە ، سۇنى مۇقەددەس بىلىپ ، دېڭىز ، دەريا ، كۆل ، بۇلاق ، يامغۇر قاتارلىقلارنى ئىلاهىيلاشتۇرغان . بۇنداق ئەهۋال قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قويۇق ئەكس ئەتكەن . ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى تارىخىي قەهرىمانلىق داستانى «ئوغۇزنامە » دە ئوغۇزخاقاننىڭ سۇ ئىلاهىنىڭ قىزى بىلەن نىكاهلىنىپ ، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان بىر ئوغلىغا «تېڭىز » دەپ ئات قويغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن رىۋايەت - چۆچەكلەردە « سىرلىق سۇ » ئېتىقادى تۆپەيلىدىن ، « سىرلىق سۇ » نى ئىچىپ قويۇپ هايۋان سىياقىغا كىرىپ قالغانلىقدەك سىرلىق هادىسىلەر هېكايە قىلىنىدۇ . ياكى هالقىلىق مىنۇتلاردا « سۇ ئىلاهى » نىڭ ياردىمىدە خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ .

شىنجاڭ قۇرغاقچىلىق رايون بولغاچقا ، قەدىمدىن باشلاپ سۇنى ئۇلۇغلاش هەر خىل ئەنئەنىۋى ئادەتلەر ۋە ئەقىدىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن . ئۇيغۇرلار ئارىسىدا دىنىي شەكىل بىلەن داۋاملىشىپ كەلگەن « زاراخەتمە » ئۆتكۈزۈش ئادىتىمۇ « سۇ ئىلاهى » دىن مەدەت تىلەشنى مەزمۇن قىلغان . بەزى رايونلاردا تۇيۇقسىز قۇرغاقچىلىق ئاپەتتى يۈز بېرىپ ، زىرائەتلەر سۇسىراپ كەتكەن مەزگىللەردە يۇرت جامائەتلىرى قۇرۇپ كەتكەن دەريا - كۆللەرنىڭ بويىغا توپلىنىپ بىرەر مالنى قان قىلىدۇ هەمدە ئاللادىن سۇ تىلەپ دۇئا - تەكبىر ئۆتكۈزىدۇ . بۇ «زاراخەتمە » دەپ ئاتىلىدۇ . ئۆتمۈشتە دىنىي خۇراپاتلىق تۈپەيلىدىن ، بەزى جايلاردا كەلكۈن ئاپەتتى يۈز بېرىپ دەريا تۇغانلىرىنى ئېتەلمىسە ، يۇرت - مەهەللە بويىچە يىغىلىپ « توختى » ياكى « تۇرسۇن » ئىسىملىك بىرسىنى تۇغانغا بېسىپ « قۇربانلىق » قىلىشتەك ئېچىنىشلىق ئادەتلەرمۇ يۈز بەرگەن . تۇغانغا بېسىلىدىغان بۇنداق « توختى » ، « تۇرسۇن » ئىسىملىكلەر ئاساسەن نامرات ، كەمبەغەللەر ئارىسىدىن تاللانغان . بۇ ناهايىتى ئاز ئۇچرايدىغان خۇراپىي ئادەت بولۇپ ، كېيىنچە پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالغان .

ئۇيغۇرلار يەنە ، سۇ ئۇزۇلۇپ چۈش كۆرسە ، شۇ ئادەمنىڭ گۇناهى يۇيۇلىدۇ ۋە بەختلىك بولىدۇ ، «سۇ يەتتە يۇمىلانسا هالال » ، « سۇغا تۈكۈرسە گۇناه بولىدۇ » ، « سۇغا تەرەت قىلىش ئەڭ ئېغىر گۇناه » ، «ئايىغى چىقمايدىغان توختام سۇنى ئىچكىلى بولمايدۇ »، «هالال هايۋانلاردىن كالا ، قوي ، ئۆچكە قاتارلىقلار قىش ۋاقىتلىرىدا دەريا - كۆللەرگە چۆكۈپ كېتىپ ، مۇز ئېرىگەندىن كېيىن تېپىلىپ قالسا ، گېلىغا پىچاق سۈرگەندىن كېيىن قان چىقسىلا يېيىشكە بولىدۇ » ، «ئېرىق - ئۆستەڭ، كۆللەردە كىر يۇيۇش گۇناه بولىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن پەرهىزلەر بولۇپ ، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان . سۇنى ئۇلۇغلاش ئېتىقادى تۈپەيلىدىن ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا ئۆتكەن كۆپلىگەن خانلار ۋە قەهرىمانلار ئۆزلىرىنى « سۇ ئىلاهىنىڭ پەرزەنتلىرى » دەپ بىلىپ ، ئىسمىنىڭ بېشىغا « كۆل » ( سۇ ) سۆزىنى

قوشۇپ ئاتاشقانىدى. مەسىلەن، « كۆل ئەركىن »، «ئۇيغۇر قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان »، « كۆلتېكىن »، «بىلگە كۆل قىدىرخان »، «كۆل تارقان » قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا، « يېتتىمبۇلاق »، «ئويمانبۇلاق »، «شوربۇلاق »، «يانبۇلاق »، «باينبۇلاق»، «مارجانبۇلاق»، «نورۇزبۇلاق»، «قىزىلسۇ »، « ئاقسۇ »، « توقسۇ »، «يەتتىسۇ »، «ئونسۇ »، «يامانسۇ » قاتارلىق يەر - جاي ناملىرى ئەنە شۇ سۇ ئېتىقادىنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى ئىنكاسلىرىدۇر. (ئا)

## ئوتنى ئۇلۇغلاش

ئوتقا بولغان سېغىنىش ئىنسانلار ئارىسىدا نىسبەتەن كەڭ يېيىلغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ بىرى. مەلۇمكى، ئوتنىڭ ئىنسان تۇرمۇشى بىلەن زىچ ئالاقىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانلارنىڭ ياۋايىلىق باسقۇچتىن مەدەنىيلىك باسقۇچقا كىرگەنلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. ئوتنىڭ دەسلەپكى بايقىلىشى ئىنسان ئۈچۈن ناھايىتى سىرلىق تۇيۇلغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي ساددا چۈشەنچىسىدە ئوتمۇ مۇئەييەن بىر ئىلاھىي كۈچنىڭ قۇدرىتى، دەپ قارالغان. شۇنىڭ بىلەن ئوتقا چوقۇنۇشنى تۈپ مەزمۇن قىلغان ئوتپەرەسلىك دىنى (زارۇئاستىر دىنى) بارلىققا كەلگەن. قەدىمكى دەۋلەردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ بۇ دىنىنىڭ تەسىرى قويۇق بولغان. ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئوت ئېتىقادىنىڭ بەزى تەسىرلىرى ئادەتكە ئايلىنىپ ھازىرغىچە داۋاملاشقان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ توي - تۆكۈن ئادەتلىرىدە قىزنى كۆچۈرۈش ۋاقتىدا ھويلىغا ياكى ئىشىك ئالدىغا ئوت يېقىلىدۇ، قىزنى كۆرپىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ، ئىككى كىشى كۆرپىنىڭ ئىككى بېشىنى تۇتۇپ ئوت ئۈستىدىن ئايلاندۇرىدۇ، قىزنى كۆچۈرۈپ ماڭىدىغان يولغىمۇ بىر قانچە ئورۇندا گۈلخان يېقىلىدۇ، گۈلخان ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنى ياققان كىشىگە قىز تەرەپ بەزى سوۋغا - سالاملارنى بېرىپ، قىزنى گۈلخاندىن ئاتلىتىپ ئۆتكۈزۈش شەرت قىلىنىدۇ. قىزنى يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئەكەلگەندە، ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا قىزىل تاۋاردىن پاياندار سېلىپ، قىزنى شۇ پاياندازغا دەسسىتىپ ئۆيگە ئەكىرىدۇ ۋە بۇ تاۋارنى تويغا قاتناشقان يىگىت - قىزلار تەرەپ - تەرەپتىن تارتىشىپ، پارچە - پارچە يىرتىپ ئېلىشىدۇ. قولىغا چىققان بۇ پارچە تاۋارنى توي تەۋەررۈكى قىلىپ ساقلايدۇ ياكى قولىنىڭ بېغىشىغا چىگىۋالىدۇ. بۇ قىزىل تاۋار ئەنە شۇ ئوتنىڭ بەلگىسىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ قىزىل رەڭنى ئەتىۋارلىشىمۇ ئوتقا بولغان ئەقىدە بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بەزى رايونلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپلەر (دولان مەشرىپى، قۇمۇل تاغلىقلار مەشرىپى قاتارلىقلار) دىمۇ ئوچۇق سورۇنغا گۈلخان يېقىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا چەمبەر ياساپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئادەتلەر بار؛ بارات ئېيىدا ئۈزۈن ياغاچنىڭ ئۇچىغا ياغ قاپىقىنى ئورنىتىپ ئۇنىڭغا ئوت ياققاندىن كېيىن ئېگىز تام ياكى ئۆگزىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ناخشا - قوشاقلار بىلەن «ۋەششەمسى » توۋلاش (بۇ ئادەتتە «قاپاق كۆيدۈرۈش مۇراسىمى » دەپ ئاتىلىدۇ ) ئادىتىمۇ ئوتقا بولغان ئېتىقادنىڭ بىر خىل ئالامىتىدۇر. بەزى چەت رايونلاردا ۋە يېزا - قىشلاقلاردا « ئوت كۆچۈرۈش » دەپ ئاتىلىدىغان دىنىي خۇراپىي ئادەتلەرمۇ ساقلانغان. بۇ بىر خىل ئېرىملىك ئادەت بولۇپ، يەتتە ئۆيدىن يورۇك (پاختا ) تىلەپ ئۇنى كۆيدۈرۈپ، تاسادىپىي قورسىقى ئاغرىپ قالغان ياكى سانجىق تۇتۇپ قالغان باللارنىڭ بېشىدىن ئۆرۈيدۇ. بۇنى «ئوت كۆچۈرۈش » نى ئادەت قىلغان ئۇدۇملۇق موماي لار ئىشلەيدۇ.

ئوت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇنىڭغا ئوخشاش ئادەتلەر خەلق ئارىسىدا خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوتنى ئۇلۇغلاش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان. (ئا)

## دەل - دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش

دەل - دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش ئادىتىمۇ تەبىئەتكە چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ بىر مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېڭىدا دەل - دەرەخلەردىمۇ باشقا مەۋجۇداتلارغا ئوخشاش روھ بولىدۇ، دەپ قارالغان. شۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دەل - دەرەخلەرگە ئېتىقاد قىلىدىغان ئۆرپ - ئادەتلەر بارلىققا كەلگەن، جۈملىدىن قەدىمكى

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ دەل ـ دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش ئېتىقادى كەڭ ئومۇملاشقان، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ ـ چىقىشىنى دەرەخ بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرگەن. «ئىدىقۇت قوچۇ خانلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» دا مۇنداق بىر ئەپسانە خاتىرىلەنگەن: « ... ئۇيغۇرلار يۇرتىدا خېلىن دېگەن بىر تاغ بولۇپ، ئۇ يۇرتتىكى ئىككى دەريا ئەنە شۇ تاغنى مەنبە قىلغان. ئۇنىڭ بىرى، توخۇسى دەرياسى، يەنە بىرى، شولىڭگا (سېلىڭگا) دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. بىر كۈنى كەچتە ئاسماندىن دەرەخكە شولا چۈشۈپتۇ. ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى خەلقلەر ئۇنى كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ. بۇ دەرەخ خۇددى ئادەم قورساق كۆتۈرگەندەك قورساق سېلىپ قاپتۇ، بۇ شولا دەرەخكە ئۇدا توققۇز ئاي ئون كۈن چۈشكەندىن كېيىن ھېلىقى دەرەخنىڭ قورسىقى يېرىلىپتۇ. ئۇنىڭدىن بەش بالا چىقىپتۇ، بۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ئەردەن بۆگۈ خاقان ئىكەن. قەددى ـ قامەتلىك ئىكەن، ئۇ خەلقنى ئاينىتىپتۇ ۋە يۇرتنى گۈللەندۈرۈپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاقساقال بوپتۇ.» (قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 ـ يىل نەشرى. «مۇقەددىمە» 12 ـ بەت) بۇ خىل مەزمۇندىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ئۇيغۇرلارغا ئائىت كۆپلىگەن تارىخىي مەنبەلەردە ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دەل ـ دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش ۋە ئىلاھىيلاشتۇرۇش قەدىمكى دەۋرلەردە خەلقىمىز ئارىسىدا خېلى كەڭ ئەۋج ئالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھازىرمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەنە شۇ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ تەسىرى بىلەن بەزى دەرەخلەرنى ئالاھىدە ئەتىۋارلاپ، ئۇنىڭغا سېغىنىش ئادىتى ساقلانماقتا.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى پېرىخۇنلۇق ئادىتىدە، تۇغ باغلىغاندا ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر تال ئالما شېخى ئېسىپ قويۇلىدۇ. پېرىخۇننىڭ قولىدىمۇ ئالما شېخى بولىدۇ. چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىدا، ئالما، «يامان روھ» لاردىن خالىي بولغان خاسىيەتلىك دەرەخ، دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا تەگسۇن، دەپ ئالما پوستى ياكى ئالما قېقى بىلەن ئىسرىق سالىدۇ.

ئۇيغۇرلار قەبرى، يالغۇز دەرەخلەرنى تىلسىملىق دەرەخ دەپ قاراپ، كەسمەيدۇ. ھەتتا بۇنداق دەرەخلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەندە، ئۇلاغلىق بولسا ئۇلاغدىن چۈشۈپ دۇئا قىلىش ئارقىلىق شۇ دەرەخكە بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

خەلقىمىز ئۈجمە دەرىخىنىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. كىشىلەر ئارىسىدىكى « ئۈجمە قويۇش ساۋابلىق » دېگەن ئەنئەنىۋى ئەقىدە بولغاچقا، ھەربىر ئائىلىدە دېگۈدەك ئۈجمە دەرىخى ئۆستۈرۈش ئادەت بولۇپ كەلگەن. ئادەتتە ياشقا چوڭ كىشىلەر ئوتتۇرنىڭ ئۇۋۇقىنى ناننىڭ ئۇۋۇقى بىلەن باراۋەر دەپ قارايدۇ، بالا تۇغۇلۇپ قىرىق كۈنگە توشقاندا مەخسۇس مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ بۆشۈككە سېلىش ئادىتىنىڭ ئېتىنىك مەنبەسى ۋە پەيدا بولۇش سەۋەبى دەل ـ دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت قەدىمكى ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە دەل ـ دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاشقا ئائىت مىساللار كۆپ تېپىلىدۇ. (ئا)

## تۈزنى ئۇلۇغلاش

ئوتنىڭ كەشپ قىلىنىشى بىلەن ئىنسانىيەت پىششىق يېمەكلىكلەر دەۋرىگە قەدەم قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يەنە ئىنسانلار تۇزدىن ئىبارەت بۇ تەبىئىي كىسلاتالىق ماددىنىڭ خاسىيىتىنى بايقىدى. تۇزنىڭ بايقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ھاياتلىق ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلۇشى ھەققىدە ھەرقايسى خەلقلەر ئارىسىدا خىلمۇ خىل رىۋايەتلەرنىڭ پەيدا بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ بۇ خاسىيەتلىك ماددىنى ئۇلۇغلايدىغان ۋە مۇقەددەسلەشتۈرىدىغان قىزىقارلىق ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر بارلىققا كەلگەن. بۇنداق ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە تۇزنىڭ بايقىلىشىنى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرىنچى ئوغلى يافەسكە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. قىسقىسى، تېخى تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئىلمىي ھالدا بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشمىگەن قەدىمكى ئىنسانلار تەبىئەتتىكى بارلىق نەرسىلەرنى سىرلىقلاشتۇرۇپ ئىلاھىي تۈس بەرگىنىگە ئوخشاش، تۇزغىمۇ بىر خىل ئىلاھىي تۈس بېرىپ ئۇلۇغلىغان ۋە قەدىرلىگەن.

قوشۇپ ئاتاشقانىدى. مەسىلەن، «كۆل ئەركىن»، «ئۇيغۇر قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان»، «كۆلتېكىن»، «بىلگە كۆل قىدىرخان»، «كۆل تارقان» قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا، «يېتىمبۇلاق»، «ئويمانبۇلاق»، «شوربۇلاق»، «يانبۇلاق»، «بايىنبۇلاق»، «مارجانبۇلاق»، «نورۇزبۇلاق»، «قىزىلسۇ»، «ئاقسۇ»، «توقسۇ»، «يەتتىسۇ»، «ئۇنسۇ»، «يامانسۇ» قاتارلىق يەر - جاي نامىلىرى ئەنە شۇ سۇ ئېتىقادىنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى ئىنكاسلىرىدۇر. (ئا)

## ئوتنى ئۇلۇغلاش

ئوتقا بولغان سىغىنىش ئىنسانلار ئارىسىدا نىسبەتەن كەڭ يېيىلغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ بىرى. مەلۇمكى، ئوتنىڭ ئىنسان تۇرمۇشى بىلەن زىچ ئالاقىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانلارنىڭ ياۋايىلىق باسقۇچتىن مەدەنىيلىك باسقۇچقا كىرگەنلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. ئوتنىڭ دەسلەپكى بايقىلىشى ئىنسان ئۈچۈن ناھايىتى سىرلىق تۇيۇلغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي ساددا چۈشەنچىسىدە ئوتمۇ مۇئەييەن بىر ئىلاھىي كۈچنىڭ قۇدرىتى، دەپ قارالغان. شۇنىڭ بىلەن ئوتقا چوقۇنۇشنى تۈپ مەزمۇن قىلغان ئوتپەرەسلىك دىنى (زارۇئاستىر دىنى) بارلىققا كەلگەن. قەدىمكى دەۋلەردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ بۇ دىنىنىڭ تەسىرى قويۇق بولغان. ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئوت ئېتىقادىنىڭ بەزى تەسىرلىرى ئادەتكە ئايلىنىپ ھازىرغىچە داۋاملاشقان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ توي - تۆكۈن ئادەتلىرىدە قىزنى كۆچۈرۈش ۋاقتىدا ھويلىغا ياكى ئىشىك ئالدىغا ئوت يېقىلىدۇ، قىزنى كۆرپىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ، ئىككى كىشى كۆرپىنىڭ ئىككى بېشىنى تۇتۇپ ئوت ئۈستىدىن ئايلاندۇرىدۇ، قىزنى كۆچۈرۈپ ماڭىدىغان يولغىمۇ بىر قانچە ئورۇندا گۈلخان يېقىلىدۇ، گۈلخان ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنى ياققان كىشىگە قىز تەرەپ بەزى سوۋغا - سالاملارنى بېرىپ، قىزنى گۈلخاندىن ئاتلىتىپ ئۆتكۈزۈش شەرت قىلىنىدۇ. قىزنى يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئەكەلگەندە، ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا قىزىل تاۋاردىن پايانداز سېلىپ، قىزنى شۇ پايандازغا دەسسىتىپ ئۆيگە ئەكىرىدۇ ۋە بۇ تاۋارنى تويغا قاتناشقان يىگىت - قىزلار تەرەپ - تەرەپتىن تارتىشىپ، پارچە - پارچە يىرتىپ ئېلىشىدۇ. قولىغا چىققان بۇ پارچە تاۋارنى توي تەۋەرۈكى قىلىپ ساقلايدۇ ياكى قولىنىڭ بېغىشىغا چىگىۋالىدۇ. بۇ قىزىل تاۋار ئەنە شۇ ئوتنىڭ بەلگىسىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ قىزىل رەڭنى ئەتىۋارلىشىمۇ ئوتقا بولغان ئەقىدە بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بەزى رايونلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپلەر (دولان مەشرىپى، قۇمۇل تاغلىقلار مەشرىپى قاتارلىقلار) دىمۇ ئوچۇق سورۇنغا گۈلخان يېقىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا چەمبەر ياساپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئادەتلەر بار؛ بارات ئېيىدا ئۈزۈن ياغاچنىڭ ئۇچىغا ياغ قاپىقىنى ئورنىتىپ ئۇنىڭغا ئوت ياققاندىن كېيىن ئېگىز تام ياكى ئۆگزىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ناخشا - قوشاقلار بىلەن «ۋەششەمسى» توۋلاش (بۇ ئادەتتە «قاپاق كۆيدۈرۈش مۇراسىمى» دەپ ئاتىلىدۇ) ئادىتىمۇ ئوتقا بولغان ئېتىقادنىڭ بىر خىل ئالامىتىدۇر. بەزى چەت رايونلاردا ۋە يېزا - قىشلاقلاردا «ئوت كۆچۈرۈش» دەپ ئاتىلىدىغان دىنىي خۇراپىي ئادەتلەرمۇ ساقلانغان. بۇ بىر خىل ئىرىملىك ئادەت بولۇپ، يەتتە ئۆيدىن يۈرۈك (پاختا) تىلەپ ئۇنى كۆيدۈرۈپ، تاسادىپىي قورسىقى ئاغرىپ قالغان ياكى سانجىق تۇتۇپ قالغان بالىلارنىڭ بېشىدىن ئۆرۈيدۇ. بۇنى «ئوت كۆچۈرۈش» نى ئادەت قىلغان ئۇدۇملۇق مومايلار ئىشلەيدۇ.

ئوت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇنىڭغا ئوخشاش ئادەتلەر خەلق ئارىسىدا خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوتنى ئۇلۇغلاش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان. (ئا)

## دەل - دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش

دەل - دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش ئادىتىمۇ تەبىئەتكە چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ بىر مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېڭىدا دەل - دەرەخلەردىمۇ باشقا مەۋجۇداتلارغا ئوخشاش روھ بولىدۇ، دەپ قارالغان. شۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دەل - دەرەخلەرگە ئېتىقاد قىلىدىغان ئۆرپ - ئادەتلەر بارلىققا كەلگەن، جۈملىدىن قەدىمكى

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ دەل - دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش ئېتىقادى كەڭ ئومۇملاشقان، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ - چىقىشىنى دەرەخ بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرگەن. «ئىدىقۇت قوچۇ خانلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» دا مۇنداق بىر ئەپسانە خاتىرىلەنگەن: «... ئۇيغۇرلار يۇرتىدا خېلىن دېگەن بىر تاغ بولۇپ، ئۇ يۇرتتىكى ئىككى دەريا ئەنە شۇ تاغنى مەنبە قىلغان. ئۇنىڭ بىرى، توخۇسى دەرياسى، يەنە بىرى، شولىڭگا (سېلىڭگا) دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. بىر كۈنى كەچتە ئاسماندىن دەرەخكە شولا چۈشۈپتۇ. ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى خەلقلەر ئۇنى كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ. بۇ دەرەخ خۇددى ئادەم قورساق كۆتۈرگەندەك قورساق سېلىپ قاپتۇ، بۇ شولا دەرەخكە ئۇدا توققۇز ئاي ئون كۈن چۈشكەندىن كېيىن ھېلىقى دەرەخنىڭ قورسىقى يېرىلىپتۇ. ئۇنىڭدىن بەش بالا چىقىپتۇ، بۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ئەردەن بۆگۈ خاقان ئىكەن. قەددى ـ قامەتلىك ئىكەن، ئۇ خەلقنى ئايىنتىپتۇ ۋە يۇرتنى گۈللەندۈرۈپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاقساقال بوپتۇ.» (قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى. «مۇقەددىمە» 12 - بەت) بۇ خىل مەزمۇندىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر ئۇيغۇرلارغا ئائىت كۆپلىگەن تارىخىي مەنبەلەردە ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دەل - دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش ۋە ئىلاھىيلاشتۇرۇش قەدىمكى دەۋرلەردە خەلقىمىز ئارىسىدا خېلى كەڭ ئەۋج ئالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھازىرمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەنە شۇ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ تەسىرى بىلەن بەزى دەرەخلەرنى ئالاھىدە ئەتىۋارلاپ، ئۇنىڭغا سېغىنىش ئادىتى ساقلانماقتا.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى پېرىخۇنلۇق ئادىتىدە، تۇغ باغلىغاندا ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر تال ئالما شېخى ئېسىپ قويۇلىدۇ. پېرىخۇننىڭ قولىدىمۇ ئالما شېخى بولىدۇ. چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىدا، ئالما، «يامان روھ»لاردىن خالىي بولغان خاسىيەتلىك دەرەخ، دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا تەگسۇن، دەپ ئالما پوستى ياكى ئالما قېقى بىلەن ئىسرىق سالىدۇ.

ئۇيغۇرلار قېرى، يالغۇز دەرەخلەرنى تىلسىملىق دەرەخ دەپ قاراپ، كەسمەيدۇ. ھەتتا بۇنداق دەرەخلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەندە، ئۇلاغلىق بولسا ئۇلاغدىن چۈشۈپ دۇئا قىلىش ئارقىلىق شۇ دەرەخكە بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

خەلقىمىز ئۈجمە دەرىخىنىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. كىشىلەر ئارىسىدىكى «ئۈجمە قويۇش ساۋابلىق» دېگەن ئەنئەنىۋى ئەقىدە بولغاچقا، ھەربىر ئائىلىدە دېگۈدەك ئۈجمە دەرىخى ئۆستۈرۈش ئادەت بولۇپ كەلگەن. ئادەتتە ياشقا چوڭ كىشىلەر ئوتۇننىڭ ئۈۋۈقىنى ناننىڭ ئۈۋۈقى بىلەن باراۋەر دەپ قارايدۇ، بالا تۇغۇلۇپ قىرىق كۈنگە توشقاندا مەخسۇس مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ بۆشۈككە سېلىش ئادىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە پەيدا بولۇش سەۋەبى دەل - دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت قەدىمكى ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە دەل - دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاشقا ئائىت مىساللار كۆپ تېپىلىدۇ. (ئا)

## تۇزنى ئۇلۇغلاش

ئوتنىڭ كەشپ قىلىنىشى بىلەن ئىنسانىيەت پىششىق يېمەكلىكلەر دەۋرىگە قەدەم قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يەنە ئىنسانلار تۇزدىن ئىبارەت بۇ تەبىئىي كىسلاتالىق ماددىنىڭ خاسىيىتىنى بايقىدى. تۇزنىڭ بايقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ھاياتلىق ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلۇشى ھەققىدە ھەرقايسى خەلقلەر ئارىسىدا خىلمۇ خىل رىۋايەتلەرنىڭ پەيدا بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ بۇ خاسىيەتلىك ماددىنى ئۇلۇغلايدىغان ۋە مۇقەددەسلەشتۈرىدىغان قىزىقارلىق ئەپسانە - رىۋايەتلەر بارلىققا كەلگەن. بۇنداق ئەپسانە - رىۋايەتلەردە تۇزنىڭ بايقىلىشىنى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرىنچى ئوغلى يافەسكە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. قىسقىسى، تېخى تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئىلمىي ھالدا بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشمىگەن قەدىمكى ئىنسانلار تەبىئەتتىكى بارلىق نەرسىلەرنى سىرلىقلاشتۇرۇپ ئىلاھىي تۈس بەرگىنىگە ئوخشاش، تۇزغىمۇ بىر خىل ئىلاھىي تۈس بېرىپ ئۇلۇغلىغان ۋە قەدىرلىگەن.

خەلقىمىز ئارىسىدىكى تۇزغا بولغان ئەقىدىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇنىڭ ئىنسانلار تۇرمۇشىدا ناھايىتى كەڭ قوللىنىدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئۇيغۇرلار تۇزنى تاماققا تەم كىرگۈزۈش ئۈچۈنلا ئىشلىتىپ قالماستىن، يەنە تۇرمۇشنىڭ باشقا تەرەپلىرىدىمۇ ئۇنىڭدىن كۆپ تەرەپلىمە پايدىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار باقما ھايۋانلارنىڭ يەم-خەشەكلىرىگىمۇ مۇۋاپىق مىقداردا تۇز ئارىلاشتۇرۇپ بېرىشكە ئادەتلەنگەن. شىنجاڭ چارۋىلىرىنىڭ گۆشىنىڭ تەملىك بولۇشى ئەنە شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلار تۇز ئارقىلىق ئادەملەر ۋە ھايۋانلاردا بولىدىغان بەزى كېسەللىكلەرنى داۋالاشنىڭ بىر يۈرۈش يەرلىك ئۇسۇللىرىنىمۇ ئىجاد قىلغان. ئادەتتە ماغدۇرسىز، كۆپ تەرلەيدىغان كىشىلەرگە تۇزنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. بەل ئاغرىقى، سانجىق، قورساق ئاغرىقى قاتارلىق سوغۇق يەلدىن پەيدا بولغان ئاغرىقلارغا شور تۇز پارچىلىرىنى ئوتتا قىزىتىپ لاتىغا ئوراپ ئاغرىغان يەرگە تېڭىپ كېسەلنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان داۋالاش ئادەتلىرى كەڭ تارقالغان. ئۇنىڭدىن باشقا بەزى تېرە كېسەللىكلىرىنى تۇز بىلەن داۋالاشتىن تاشقىرى، ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىش، ھايۋانلاردىكى ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىمۇ تۇزدىن پايدىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار تۇزنىڭ ھەر خىل چىرىتكۈچى مىكروبلارنى يوقىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن گۆش قۇرۇتۇش (سۈرلەش)، مېۋە قاقلىرىنى تەييارلاش، پەمدۇر، لازا ۋە باشقا كۆكتاتلارنى قۇرۇتۇپ ساقلاش قاتارلىقلاردىمۇ تۇزغا تايىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كىشىلەرنى قاقشاتقان، بوزەك قىلغان نائەھلىلەرنى، ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان يۈزسىزلارنى «تۇزكور قىلسۇن» دەپ قارغايدىغان ئادەت بار. قارغاش يۈزىسىدىن ئېيتىلىدىغان بۇ تۇراقلىق ئىبارىگە تۇزنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت ئەقىدە سىڭگەن. بۇ ئەقىدە ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ تويى رەسمىيەتلىرىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. توي قىلغان قىز-يىگىتلەرنىڭ نىكاھى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن يىگىت بىلەن قىزغا شاكراب (تۇز سۈيى) قا چىلانغان نان بۇردىسى يېگۈزۈلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە، تۇز ئىككى ياشنىڭ مۇھەببىتىنى چىڭىتارمىش، ئائىلە تۇرمۇشى تۇزى تەگشەلگەن تاماقتەك لەززەتلىك بولارمىش.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئۇيغۇرلاردا تويدىن بۇرۇنقى «چوڭ چاي» دا قىز تەرەپكە ئېلىپ بېرىلىدىغان تويلۇق سوۋغا-سالاملىرى ئىچىدە تۇز بولۇشى شەرت قىلىنغان، توي داستىخىنىنى ئاچىدىغان كىشىمۇ ئالدى بىلەن تۇزنى داستىخانغا تىزىپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن باشقا سوۋغا-سالاملارنى تونۇشتۇرىدۇ. ئاتا-ئانىلار توي قىلغان بالىلىرىنىڭ ئۆيىنى تۇنجى قېتىم مۇبارەكلەپ بارغاندىمۇ تۇز ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئادەتلەرنىڭ ھەممىسىگە تۇزنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت ئەقىدە سىڭگەن. (ئا)

## ناننى ئۇلۇغلاش

ئۇيغۇر خەلقى ناننى قەدىرلەيدۇ ۋە ئۇلۇغلايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن داستىخانغا چېچىلىپ كەتكەن نان ئۇۋاقلىرىنى تېرىۋېلىپ ئاغزىغا سالىدۇ. چېچىلىپ كەتكەن نان ئۇۋاقلىرىنى «يامان بولىدۇ» دەپ ھەرگىز دەسسىمەيدۇ. چېچىلغان نان ئۇۋاقلىرىنى كۆرسە تېرىۋېلىپ، ئادەم دەسسىمەيدىغان يەرگە قويۇپ قويىدۇ. يالغۇز بۇلا ئەمەس، يەنە:

1) بىراۋ ئۇزاق يەرگە سەپەرگە چىقماقچى بولغاندا، ئۇرۇق-تۇغقان ۋە باشقىلار ئۇنى ئۇزىتىپ ئۇنىڭغا ئاقىۋول تىلەيدۇ ۋە نان يوللۇق تۇتىدۇ؛ بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشى ئادەتلىرىدىن بىرى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قارىشىچە: نان يۇملاق بولغىنى ئۈچۈن ئۇ دىدارنىڭ تىمسالى. نان يوللۇق تۇتۇش «دىدار كۆرۈشۈش نېسىپ بولسۇن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

2) بىر ئادەم چۈشىدە نان چۈشكەن بولسا، بۇنى ئايرىلىپ كەتكىلى ئۇزۇن بولغان يىراقتىكى ئۇرۇق-تۇغقانلار يۈز كۆرۈشمىز، دەپ قارايدۇ.

3) تويى بولغان قىزنى يىگىتنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ مېڭىش ئالدىدا قىز ئاتا-ئانىسى بىلەن خوشلىشىدۇ. ئاتا-ئانا قىبلىگە قاراپ تۇرۇپ قول كۆتۈرۈپ

دۇئا قىلىپ قىزنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلەيدۇ ھەمدە قىزنىڭ بېشىدىن نان، سۇپىرا قاتارلىقلارنى ئۆرۈيدۇ.

4) ئۇيغۇرلار ھالقىلىق پەيتلەردە ئەڭ قاتتىق، ئەڭ ئىشەنچلىك قەسەم ئورنىدا «نان ئۇرسۇن»، «نان دەسسەپ بېرەي» دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىدۇ. «ۋاپاغا جاپا» قىلىدىغان نائىنساپ كىشىلەرنى «نانكورلۇق قىلىدىغان» دەپ قارغايدۇ. بۇ خىل تۇراقلىق ئىبارىلەر- نىڭ ھەممىسىدە ناننى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ئەقىدە ئىپادىلەنگەن. (ر)

## تۇمارغا ئەقىدە

«سەن قاياقتىن كېلىسەن.
چىرايلىقىم كۆزى خۇمار
ساڭا تىلىم تەگمىسۇن.
بوينۇڭغا ئاسقىن تىلتۇمار.»

دېگەن بۇ بىر كۇپلېت قوشاق ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تۇمارغا بولغان ئېتىقادنىڭ بىر خىل ئەنئەنىۋى ئەقىدىگە ئايلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

تۇمار پۈتۈش ئەسلىدە شامان ئەقىدىسىدىكى ئەم- ئىرەملىك سېھرىي ئادەتلەرنىڭ بىر خىلى بولۇپ، شاما- نىزم دەۋرىدە ئۇ مەخسۇس «كاھىن»، «قام» دەپ ئاتىلىدىغان دىن ئادىمى — شامان تەرىپىدىن پۈتۈلەتتى. كېيىنچە بۇ ئادەت خەلق ئارىسىدا داۋاملىشىپ قانداقتۇر كىشىگە روھىي خاتىرجەملىك بەخش ئېتىش خاسىيىتىگە ئىگە بولغان مەنىۋى ئەقىدىگە ئايلىنىپ كەتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەقىدىسىدە تۇمار «تىل تېگىش»، «كۆز تېگىش» تىن ساقلايدۇ، دەپ قارى- لىدۇ. شۇڭا ئۇلار سېرىق ئىتنىڭ تۈكى، قېرى سۆگەتنىڭ پورى، كونا چاپاننىڭ مېزى، ئادراسماننىڭ بەرگى، ئاتا - ئانىسىنىڭ كىرپىكى، ... قاتارلىق ئىرەملىك نەرسىلەرنى كىچىككىنە رەخت پارچىسىغا ئوراپ، ئۇنى ئۈچ بۇرجەك قىلىپ تىكىپ ئۇدۇملۇق كىشىلەر «كۆزى يامانىڭ كۆزىدىن، تىلى يامانىڭ سۆزىدىن، ئىچى يامانىڭ ئىچىدىن ساقلىغايسەن خۇدايىم!» دەپ دۇئا قىلىپ ھۆرگەندىن كېيىن بۇ «كۆز تۇمار» نى ئارزۇلۇق پەرزەنتلىرىنىڭ بوينىغا ياكى قولتۇقىغا ئېسىپ قويىدۇ. بۇنداق «كۆز تۇمار» كىرلە- شىپ، قاسماق بولۇپ كەتسىمۇ ئالدىراپ ئېلىۋەتمەيدۇ. «كۆز تۇمار» يەنە يۇمىلاق، تۆت بۇرجەك ۋە ئالتە بۇرجەك شەكىلدىمۇ ياسىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا قارا ياكى ئالا — بۇلىماچ يۇملاق مارجانغا يىپ ئۆتكۈزۈپ بالىلار- نىڭ بوينىغا ياكى بۆشۈككە ئېسىپ قويىدىغان ئادەتمۇ بار. بۇمۇ تۇمارنىڭ بىر خىلى بولۇپ «كۆز مونچاق» دەپ ئاتىلىدۇ.

خەلق ئارىسىدا يەنە بولۇق ئۆسكەن ھەر خىل زىرائەت ئېتىزلىرىغا، ئازادە ياسالغان گۈل - گۈلىستانلىق ھويلا - ئاراملىرىغا، ئۈزۈمى ئوخشىغان تال بېدىشلىرىگە، مەي باغلاپ پىشۋاتقان ئەنجۈر ۋە باشقا مېۋىزارلىقلارغا ... «كۆز تېگىش» تىن ساقلاش ئۈچۈن ئىتنىڭ بېشى، ئېشەكنىڭ كاللىسى، قارا قاغىنىڭ ئۆلۈكى قاتارلىقلارنى ياكى كۆرۈمسىز «جىن قورچاق» لىرىنى ئېسىپ قويىدۇ. بۇمۇ بىر خىل تۇمار بولۇپ، ئۇنىڭدىمۇ گۈزەل- لىكنىڭ يارقىنلىقىنى خىرەلەشتۈرگۈچى «كۆز تۇمار» لىق خاسىيەت بار، دەپ قارايدۇ.

تۇمار مەيلى قايسى خىل شەكىلدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خەلقنىڭ نەزەرىدىكى ئارزۇلۇق ۋە قەدىرلىك نەرسىلەرنى «يامان كۆز»، «يامان تىل» لاردىن ساقلاپ قېلىش مەزمۇنى سىڭدۈرۈلگەن. (ئا)

## «ئوڭ» ۋە «سول»

ئۇيغۇر خەلقى «ئوڭ» بىلەن «سول» غا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇ مۇئامىلە كۈچ ۋە ئەپچىللىك جەھەتتىن پەرقى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، مۇ- ھىمى، بۇنىڭغا بەزىبىر دىنىي ئەقىدە سىڭگەنلىكى ئۈچۈندۇر. بۇنى «قۇتادغۇبىلىك» تىكى مۇنۇ قۇرلار بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ:

917. ئېرۇر ياخشىلىق ئوڭ، يامانلىق ئۇ، سول،
جەھەننەم سولۇڭدا، بېھىش ئوڭدا ئول.

بۇ مىسال ئۇيغۇرلاردا «ئوڭ» بىلەن «سول» غا

بولغان ئەقىدىسىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ .

ئۇيغۇرلاردا « ئوڭ » بىلەن « سول » غا بولغان مۇئامىلە نۇرغۇن جەھەتتە كۆرۈلىدۇ .

1) ئۇيغۇرلار ئوڭ قاپاق تارتسا ياخشىلىقتىن بېشارەت ، سول قاپاق تارتسا پېشكەللىكتىن بېشارەت ، دەپ قارايدۇ . شۇڭا تارتىۋاتقان سول قاپاقنى داۋاملىق تارتقۇزماسلىق ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا سامان پارچىسى چاپلاپ قويىدۇ ياكى تۈكۈرۈك بىلەن قولنى ھۆلدەپ ، تارتىۋاتقان سول قاپاقنى سىيلاپ قويىدۇ .

2) ياشانغان ئادەملەر مەسچىت قاتارلىق مۇقەددەس يەرلەرگە ياكى بىراۋنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە «بىسمىللا»نى تىلغا ئېلىپ ، بوسۇغىدىن ئوڭ پۇتىنى ئېلىپ كىرىدۇ . بۇ ھەقتە يۈسۈپخاس ھاجىپ مۇنداق يازىدۇ :

4057 . ئىشكىتىن كىروردە كىر ئوڭ پۇت بىلەن ،
ئەمىر قىلسا ئاڭلا ، پاراسەت بىلەن .

3) ئۇيغۇرلاردا مېھمانغا ياكى ھۆرمەتلىك ئادەملەرگە چاي ، تاماق ياكى باشقا نەرسە سۇنۇش توغرا كەلگەندە ئوڭ قولنى ئىشلىتىدۇ . سول قولنى ئىشلىتىش تولىمۇ ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ . بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنۇلارنى يازىدۇ :

4797 . سۇنۇلغاي بىسمىللا بىلەن ئوڭ قولۇڭ
بولۇپ بەرىكەت يېمەكتە ، بېيىسەن ئۆزۈڭ .

4) ئۇيغۇر خەلقى بىراۋ بىلەن كۆرۈشكەندە ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ « ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم » دەپ سالام بېرىدۇ ياكى ئوڭ قولى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ .

5) ئۇيغۇرلار كېچىسى ياتقاندا سول يانىنى بېسىپ ياتسا « يامان بولىدۇ » ، دەپ ئوڭ يانىنى بېسىپ ياتىدۇ . سول يانىنى بېسىپ يېتىپ كېچىسى قارا بېسىپ قېلىپ مىجەزى چۈشلىشىپ قالسا ، باشقىلار ئۇنى «بۈگۈن ئوڭ يېنىدىن قوپماي سول يېنىدىن قوپقان ئوخشايدۇ » دەيدۇ .

6) ئۇيغۇرلار بىرەر ئامەتكە ياكى ئوڭۇشلۇققا يولۇقسا « ئىشىم ئوڭدىن كەلدى » ياكى « ئىشىم ئوڭغا تارتتى » دېگەندەك ئىبارىلەرنى قوللىنىدۇ . « مېلىڭ ئونغا يەتكۈچە ، يولۇڭ ئوڭ بولسۇن » دېگەن تەمسىلمۇ مۇشۇنىڭغا قارىتىلغان . (ر)

## «قىبلە» نى ئۇلۇغلاش

پۈتۈن مۇسۇلمانلاردا ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردا «قىبلە» تولىمۇ مۇقەددەس ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى بەيتۇللا-مەككە قىبلە تەرەپتە بولغىنى ئۈچۈن ، شۇڭا ئۇيغۇرلار ھەرگىز قىبلىگە قاراپ تۇرۇپ چوڭ - كىچىك تەرەت قىلمايدۇ . ھاجەتخانىلارمۇ شىمال ۋە جەنۇب تەرەپكە قاراپ ئولتۇرۇشقا ماسلاشقان . ئاخشىمى ياتقاندا پۇتىنى ھەرگىز قىبلە تەرەپكە قىلىپ ياتمايدۇ . باشنى قىبلە تەرەپكە قىلىپ ياتىدۇ . شۇنداقلا مۇردا گۆرگە قويۇلغاندىن كېيىن يۈزىنى قىبلە تەرەپكە قىلىپ قويىدۇ . مال بوغۇزلىغاندىمۇ مالنىڭ بېشى قىبلە تەرەپكە توغرىلاپ بوغۇزلايدۇ .

خۇددى مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىت ، خانىقا مېھرابلىرىغا ئوخشاش ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي قۇرۇلمىسىدىكى مېھمانخانا ئۆيىنىڭ قىبلە تەرىپىگە ئورۇن - كۆرپىلەرنى تىزىپ قويىدىغان مېھراب ئويۇلىدۇ . ئۆيدە ناماز ئوقۇشقا توغرا كەلگەندە ئەنە شۇ مېھرابقا قاراپ ناماز ئوقۇلىدۇ . ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى قىبلە تەرەپكە قارىتىلمايدۇ ، بەلكى ئىشىك شەرق تەرەپكە قارىتىپ قويۇلىدۇ . بۇلارنىڭ ھەممىسى «قىبلە» نى ئۇلۇغلىغانلىقىنىڭ ئىپادىلىرىدۇر .

«قىبلە » نى ئۇلۇغلاش نوقۇل ئىسلام دىنىدىن كېيىن پەيدا بولغان دىنىي ئادەت ئەمەس . ئۇيغۇرلار تەبىئەتكە چوقۇنغان ئىپتىدائىي دەۋرلەردە تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىنى چۈشىنەلمىگەچكە ، ئۇنى «ئىلاھىيلاشتۇرۇپ » تەسەۋۋۇر قىلغان . كۆك (ئاسمان ) كە چوقۇنۇش ئەۋج ئالغان ئاشۇ ئىپتىدائىي دەۋردە بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز كۆككە بولغان ئېتىقادىنى كۈن (قۇياش ) گە مەركەزلەشتۈرۈپ ، قۇياشنى پۈتكۈل كائىـ

ناتقا يورۇقلۇق بەرگۈچى باش «تەگرى» دەپ، ئۇنىڭغا يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قارىغان. قۇياشنىڭ شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ غەربكە پېتىشىنى ئۇلار «تەڭرىنىڭ قۇدرىتى» دەپ بىلگەچكە، بۇ ساددا چۈشەنچىدىن تۆت تەرەپنىڭ «خاسىيىتى» ھەققىدە سىرلىق قاراشلار شەكىللەنگەن، يەنى قۇياش پاتقان غەرب تەرەپنى «تەڭرىنىڭ ئۆيى» دەپ قاراپ، «قۇياش تەڭرىسى» گە بولغان يۈكسەك ئېتىقادى تۈپەيلىدىن غەرب (قىبلە تەرەپ) ئالاھىدە ئۇلۇغلانغان، مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن. مۇشۇ ئېتىقادىي ئېتىقاد ئادەتلىرى كېيىنچە ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ «قىبلە» نى ئۇلۇغلاش بىر خىل ئادەت شەكلىدە داۋاملىشىپ كەلگەن. (ر)

## جۇمە

مۇسۇلمانلاردا، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردىمۇ جۇمە كۈنى ئارام ئېلىش ئادەت بولۇپ قالغاچقا، شۇ كۈنى ھۈنەرۋەن - كاسىپ، تىجارەتچى ۋە باشقىلار ئۆز ئىشىنى توختىتىدۇ. ھەرقايسى مەھەللىنىڭ كىچىك مەسچىتىنىڭ جامائىتى چوڭ جامەگە يىغىلىپ جۇمە نامىزى ئوقۇيدۇ. بىر ھەپتە ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ بىر - بىرى بىلەن يۈز كۆرۈشمىگەن ئادەملەر مۇشۇ مۇناسىۋەت ئارقىلىق بىر - بىرى بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن جۇمە كۈنى يول ( سەپەر ) غا چىقمايدۇ. مۇسۇلمانلار جۇمەنى ئۇلۇغ بىلگىنى ئۈچۈن، بىراۋ شۇ كۈنى ۋاپات قىلسا ياكى يەرلىككە قويۇلسا، ناھايىتى خۇش بولۇشىدۇ. جۇمە نامىزىغا كېلىدىغان جامائەت كۆپ بولغىنى ئۈچۈن، ۋاپات بولغۇچىنىڭ جىنازىسى جامەدە ئوقۇلىدۇ. ھازىدارلار «ناماز تاپتى» دەپ، خۇرسەن بولۇشىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ياش كېلىنلەر جۇمە كۈنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە، يا ئۇلاغلىق، يا ھارۋا بىلەن جۇمەلەپ بېرىپ ئاتا - ئانىسىنى كۆرۈپ كېلىدۇ. (ر)

## تۇغۇتنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئىشلار

ئۇيغۇرلاردا تۇغۇت ئىشلىرىغا دائىر بىرمۇنچە قاراش ۋە ئەقىدىلەر ساقلانغان. بۇلارغا ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا ئېتىقاد قىلغان دىنلارنىڭ ئەقىدىلىرى سىڭگەن. مەسىلەن، ئاياللارنىڭ ھامىلدارلىق مەزگىلىدە ھامىلدارنىڭ فىزىئونومىيىسىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلى بىر نەرسە تارتىدىغان ھالىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ھالەت « سېزىكلىك » دەپ ئاتىلىدۇ. سېزىك كۆپىنچە يېمەك - ئىچمەكتە ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار ھامىلدارنىڭ سېزىك بولغان نەرسىگە قاراپ ئۇنىڭ ئوغۇل ياكى قىز تۇغىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشىدۇ. ھامىلدار چۈچۈمەل نەرسىگە سېزىك بولغان بولسا ئوغۇل تۇغىدۇ، ئاچچىق نەرسىگە سېزىك بولغان بولسا قىز تۇغىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. ھامىلدار سېزىكلىك مەزگىلىدە نۇرغۇن نەرسىلەردىن پەرھىز تۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ھامىلدار چىرايلىق نەرسىگە قارىسا تۇغۇلغان بالا چىرايلىق، سەت نەرسىگە قارىسا تۇغۇلغان بالا سەت بولۇپ تۇغۇلارمىش. سېزىكلىك مەزگىلىدە تۆگە گۆشى يېسە، تۇغۇت ۋاقتى ئۇزىراپ كېتەرمىش (تۆگە ئون ئىككى ئايدا تۇغىدۇ)، توشقانغا قارىسا تۇغۇلغان بالا توشقان كالپۇك بولۇپ قالارمىش. ئىشقىلىپ ھامىلدارلىق مەزگىلىدە ھامىلدار نېمىگە كۆپرەك قارىسا، ئۇنىڭ ئەكسى ھامىلىدە ئەكس ئېتەرمىش.

ئۇيغۇرلاردا، بولۇپمۇ تۇنجى تۇغۇت ئۆز ئانىنىڭ ئۆيىدە بولىدۇ. ھامىلدار يەڭگىشتىن بىرەر ئاي بۇرۇن، ئۇنىڭ ئانىسى بىرقانچە ئايالنى ئېلىپ ئالاھىدە داستىخان قىلىپ، قىزنى ئۆز ئۆيىدە يەڭگىتىش ئۈچۈن سوراپ كېلىدۇ. بۇلار ئوبدان مېھمان قىلىنىدۇ. كۈيئوغۇل تەرەپ رازىلىق بىلدۈرىدۇ.

ھامىلدار مېڭىش ئالدىدا قېيىن ئاتا ئالاھىدە ئىسرىق سېلىپ كېلىننىڭ بېشىدىن ئۆرۈيدۇ ھەم قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ، كېلىنگە ئوڭايلىق تىلەيدۇ. ھامىلدارنىڭ ۋاقتى - سائىتى توشۇپ كۆز يورۇغاندىن كېيىن، مەخسۇس بىر ئادەم بوۋاقنىڭ ئاتىسى تەرەپكە خۇش خەۋەر يەتكۈزىدۇ. خەۋەر يەتكۈزگۈچىلەرگە سۆيۈنچە بېرىلىدۇ. تۇغۇتلۇق ئۆيگە تۇغقۇچىنىڭ ئانىسىدىن باشقا ئادەم كىرمەيدۇ. شۇڭا تۇغۇتلۇق ئۆي ئىشىكىگە قىزىل لاتا پارچىسى ئېسىپ قويۇش ئادىتى شەكىللەنگەن. بۇنداق ئۆيگە يىراق - يېقىندىن ھېرىپ -

ئېچىپ كەلگەنلەر ئالدىراپ كىرمەيدۇ . بىر ئاز دەم ئې-
لىۋالغاندىن كېيىن ، شۇنداقلا ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىغا
ئىسرىق سېلىنغاندىن كېيىن كىرىلىدۇ . ئۇنداق
قىلمىغاندا ئۆيگە كىرگۈچى بىلەن يامان روھلار
ئەگىشىپ كىرىۋېلىپ بوۋاققا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ
قويىدۇ ، دەپ قارايدۇ .

بوۋاقنىڭ كىندىكى چۈشكەندىن كېيىن ، بالا
بۆشۈككە سېلىنىدۇ . بالىنى بۆشۈككە ۋاقتىدا سالماي
كېچىكتۈرگەندە ، بالىنىڭ بۆشۈككە ئۈگەنمىكى تەس
بولىدۇ . بالىنى بۆشۈككە سالغاندا ، ياشانغان ئۇدۇملۇق
ئايال تەكلىپ قىلىنىدۇ . بۇ ئايال بۆشۈكنى راسلايدۇ ۋە
بۆشۈككە ئىسرىق سالىدۇ . قولۇم - قوشنىلارنىڭ بالىلى-
رىدىن تۆت — بەش ئۇششاق بالا چاقىرتىلىدۇ . بۇ بالىلار
بۆشۈكنىڭ بىر يېنىدا ، بۆشۈككە سالغۇچى ئايال يەنە بىر
يېنىدا ئولتۇرىدۇ . بالىلار نۆۋەت بىلەن « ئىگگە موما »
دەپ بۆشۈك ئاستىدىن قول سۇنىدۇ ، «بۆشۈك ئانا »
ئالدىن راسلاپ قويغان بوغۇرساق ، كەمپۈت ، قۇرۇق مې-
ۋىلەردىن «مانا ساڭا » دەپ بىر ئۇچۇمدىن بېرىدۇ .
«بۆشۈك ئانا » بالىنى بۆلەپ بولغاندىن كېيىن يامان
روھلار ( جىن - ئالۋاستىلار ) نىڭ زىيانكەشلىك قىلىپ
قويۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بوۋاق ئوغۇل بولسا ،
بېشىغا پىچاق قاتارلىق تىغ قويۇپ قويىدۇ . ئەگەر قىز
بولسا يامان روھلار ئەكس ئېتىدۇ ، دەپ ئەينەك قويۇپ
قويىدۇ . بالا چوڭ قىلىشتا بۆشۈكنىڭ رولى ناھايىتى
زور .① بۆشۈكنىڭ ئورۇندىسى ، تىزلىق ، پۇت ياستۇقى ،
كۈلتۈك ، شۈمەك قاتارلىقلار ئاپتاپقا سېلىنىپ تۇرغاچقا ،
بالىنىڭ ئورنى پاكىز بولىدۇ . ② بالا بۆشۈككە زاكا ،
يۆگەكلەرگە ئوراپ بۆلەنگەنلىكتىن شامال تېگىپ زۇ-
كامداپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ . ③ بالا بۆشۈككە
راۋۇرۇس تېڭىلغانلىقتىن جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام
ئۆسىدۇ . باشلىرى مايماق - سايماق ، پۇتلىرى ئەگرى -
توقاي بولمايدۇ .

بالا تۇغۇلۇپ قىرىق كۈن بولغاندا ، بالا «قىرىقى
سۈيى » بىلەن يۇيۇندۇرۇلىدۇ . بالىنى يۇيۇندۇرۇش
ئۈچۈنمۇ تەجرىبىلىك ، ئۇدۇملۇق ئايال تەكلىپ قىلى-
نىدۇ . «قىرىقى سۈيى » توقىچى ۋە ھالۋا تەييارلىنىدۇ .
«قىرىقى سۈيى » گە تۇز سېلىنىدۇ ۋە سۇغا ئالتۇن
تاشلاپ قويۇلىدۇ . « قىرىقى سۈيى » نى قۇيۇپ بېرىش
ئۈچۈن كىچىك بالا چاقىرتىلىدۇ . «قىرىقى سۈيى »
قوشۇق ياكى نوگاي بىلەن قۇيۇلىدۇ . سۇنى ئالدى بىلەن
ياشانغان ئاياللار بوۋاقنىڭ بېشىدىن قۇيۇپ بەدىنىنى يۇ-
يىدۇ . ئۇلار «ياۋاش بولۇڭ » ، «ئالىم بولۇڭ »،
«دۆلەتمەن بولۇڭ » دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىدۇ . ئاندىن
كىچىك بالىلار سۇ قۇيۇشقا باشلايدۇ . سۇ قۇيغان ھەربىر
بالىغا ئۇستىگە ھالۋا سېلىنغان توقاچ بېرىلىدۇ . بوۋاقنى
« قىرىقى سۈيى » گە ئالماستىن بۇرۇن قولى يەڭگىل
ساتىراش تەكلىپ قىلىنىپ بالىنىڭ « قىرىقى چېچى »
ئالدۇرۇلىدۇ . «قىرىقى چاچ » تۈگۈچ قىلىنىپ ساقلاپ
قويۇلىدۇ . (ر)

## ھەرقايسى دىن ۋە ئۇنىڭغا دائىر ئادەتلەر

ئۇيغۇر خەلقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن
بۇرۇن تۇتېم ، شامان ، زەردۇشت ، مانىي ، خرىستىئان ،
بۇددا قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن .
يۇقىرىقىدەك دىنلارنىڭ بەزى ئادەتلىرى ئىسلام ئەقىدى-
لىرى بىلەن بىرلىشىپ ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئوخشاشمىغان
دەرىجىدە ساقلىنىپ كەلدى . مەسىلەن ، تۇتېم ئىپتىدائىي
دىنىي ئېتىقاد بولۇپ ، ئۇنىڭدا مەلۇم بىر ھايۋانغا ياكى
ئۆسۈملۈك ، دەل - دەرەخلەرگە چوقۇنغان ۋەئۇنى ئۆز
ئەجدادى سۈپىتىدە ئۇلۇغلىغان . ئەنە شۇ تۇتېم دەۋرىدە
ئۇيغۇرلار ۋە تۈركىي خەلقلەردە ئۆزىنى ئۇلۇغلاش ئادىتى
كېلىپ چىققان . شۇڭا ئۇيغۇرلار ھەمراھ بولىدۇ ، دەپ
بۆرە ئوشۇقىنى ئۆز يېنىدا ساقلىشى ، يىراق بىر يەرگە
سەپەرگە چىققان ئادەم سەپىرىدە ئالدىغا بۆرە ئۇچرىسا
«سەپىرىم ئاقىۋەتلىك بولىدىغان بولدى » دەپ سەپىرىنى
داۋاملاشتۇرۇشى ، ئەگەر تۈلكە ئۇچرىسا «سەپىرىمدە
بىرەر كۆڭۈلسىز ئەھۋال يۈز بېرىدىغان بولدى »دەپ ،
يولىنى داۋاملاشتۇرماي قايتىپ كېلىشى ئەنە شۇ تۇتېم
ئەقىدىسىگە كىرىدۇ . ئەگەر بىر ئايالنىڭ كۆزى يورۇغان
بولسا ، تۇغۇت ئانىسىدىن ئوغۇلمۇ ياكى قىزمۇ ؟ دەپ
سوراشنىڭ ئورنىغا « بۆرىمۇ ياكى تۈلكىمۇ » دەپ
سوراشمۇ تۇتېم ئەقىدىسى جۈملىسىگە كىرىدۇ . بۆرە

تۇتېمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇنداق ئادەتلەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى كۆپ.

شامان دىنىدا ئازايىم (ئەپسۇن) ئوقۇپ، جىن - ئالۋاستى (يامان روھ) لارنى قوغلايدۇ. ئۇيغۇر خەلقىدىكى پېرىخۇنلۇق، داخانلىق ئەنە شۇ شامان دىنىنىڭ ئەنئەنىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرغىچە بۆشۈكتىكى بوۋاقلارغا جىن - ئالۋاستىلارنىڭ زىيان يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بوۋاقنىڭ بېشىغا پىچاق ياكى تىغ قويۇپ قويۇشى، جىن - ئالۋاستىلارنىڭ بۆشۈككە يولاتماسلىق ئۈچۈن بۆشۈككە ئىسرىق سېلىشى قاتارلىق نۇرغۇن ئادەتلەر شامان دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئۇيغۇر خەلقى بۇرۇن زەردۇشت (ئوتقا چوقۇنۇش) دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. بۇ دىندا ئوتتىن مەدەت تىلىنىدۇ. بۇ دىنىنىڭ بەزى تەسىرلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھېلىمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، بىر ئادەم ساقسىز بولۇپ قالسا، كوچا دوقمۇشلىرىدىن ئەخلەت - چاۋار تېرىپ كېلىپ، گېسەل بولغۇچىنىڭ بېشىنى بىر نەرسە بىلەن پۈركەپ قويۇپ، زاۋال ۋاقتىدا ئۇچۇقداش؛ يېڭى تويى بولغان قىزنى يىگىتنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ كەلگەندە قىزنى كۆيۈۋاتقان ئوت دۆۋىسىدىن ئايلاندۇرۇش ئادىتى قاتارلىقلار زەردۇشت دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى بولۇپ، ئوتتىن مەدەت تىلىگەنلىكنىڭ ئىپادىسى.

ئۇيغۇرلار بۇددا دىنى بىلەن بىر ۋاقىتتا مانىي دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. بۇ دىن يورۇقلۇقنى مۇقەددەس بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۈن، ئاي قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرى ئۇلۇغلىناتتى، ئۇلاردىن مەدەت تىلىنەتتى. قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېڭى چىقىۋاتقان كۈنگە قاراپ تەزىم قىلىشى بۇنىڭ مىسالى. بۇرۇن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۈن ياكى ئاي كۆيسە يىغا - زار قىلىشىپ دۇئا - تەكبىر ئۆتكۈزۈش ئادىتى بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا كۈنگە قاراپ تۇرۇپ چوڭ - كىچىك تەرەت قىلماسلىق (ھازىرمۇ ياشانغانلار ئارىسىدا ساقلانماقتا)، تەرەتخانىلارنىڭ شۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ سېلىنىشى، يۈزنى يۇماي تۇرۇپ، بولۇپمۇ ناپاك (جۇنۇپ) تۇرۇپ كۈنگە قارىماسلىق — بۇلار ئاسمان جىسىملىرىنى ئۇلۇغلىغانلىقنىڭ ئىپادىسى. ئۇيغۇرلارنىڭ «ئاي، يۇلتۇز، چولپان، يەشىن ...» دېگەندەك ئاسمان جىسىملىرىنىڭ نامىنى ئۆزلىرىگە ئىسىم قىلىپ قويۇشىمۇ مانىي دىنىنىڭ ئەقىدىسىدۇر.

يۇقىرىقىلار ئېستېتىك مەنە جەھەتتىن گەرچە مۇئەييەن بىر دىنىي ئېتىقادقا باغلانسىمۇ، ئەمما بۈگۈنكى كۈندە ئۇ خەلق ئارىسىدا بىر خىل ئادەت شەكلىدىلا مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. (ر)

## «ئوردام» ۋە ئۇنى تاۋاپ قىلىش

ئۇيغۇرلار مىلادىيە 998 - يىلىدىن ھازىرغىچە ھەر يىلى مۇھەررەم ئېيىدا، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە جايلاشقان «ئوردام» نى تاۋاپ قىلىدۇ. تاۋاپچىلارنىڭ سانى ھەر يىلى نەچچە تۈمەن، بەزىدە ھەتتا نەچچە يۈز مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە يۈز ياشلىقتىن ئون ياشقىچە بولغان ئەر - ئايال، قېرى - ياشلار بار.

ئۇيغۇرلارنىڭ «ئوردام» نى شۇنچە ئۇزاق يىللاردىن بېرى تاۋاپ قىلىشىدا مۇنداق سەۋەبلەر بار:

ئەجدادلىرىمىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىلگىرى شامان (كۆك تەڭرىچىلىك)، ئاتەشپەرەسلىك، بۇددا، مانىي قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان، قاراخانىلار شاھزادىلىرىدىن بولغان سۇتۇق بۇغراخان، ئەبۇنەسىر سامانىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بۇددا دىنىدىن يېنىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن باشلاپ، بۇددىستە ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئىسلام دىنى ئومۇملىشىشقا باشلىغان. لېكىن خوتەندىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا ئۇنىماي، تىبەت بۇددىستلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن قاراخانىلار تەۋەلىكىدىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن مىلادى 974 - يىلىدىن 998 - يىلىغىچە ئۇرۇشقان. ئۇلار ئارىسىدىكى ھالقىلىق قاتتىق جەڭلەرنىڭ بىرى ئەنە شۇ «ئوردام» چۆلىدە بولغان.

بۇ جەڭدە قاراخانىلارنىڭ خاقانى ئەلى ئارسلانخان شېھىت بولغان. ئۇيغۇر خەلقى ئەلى ئارسلانخان شېھىت بولغان ۋە ئۇيغۇر سەركەردىلىرىنىڭ جەسىتى دەپنە قىلىنغان، كوللېكتىپ قەبرىستانلىق «ئوردام» نى مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، ئۈزۈل-

دۇرمەي تاۋاپ قىلىپ ، ئۇلارنىڭ پاك روھىغا سېغىنىپ كەلدى .

بۇ يەرگە ھەر يىلى كەلگەن تاۋاپچىلار ، ناغرا - سۇناي ، ساتار - تەمبۇر ، راۋابلىرى بىلەن يىل بويى ئۇن ئىككى مۇقامغا نەغمە قىلىپ ، شادلىق ئىچىگە يوشۇرۇنغان مۇسىبەتنى ئىزھار قىلىشىدۇ . جاي - جايلارنىڭ مۇقامچىلىرى ، سازەندىلىرى ، ناغرا - سۇنايچىلىرى ماھارەت كۆرسىتىدۇ . دېمەك ، مۇشۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق مۇقامچىلىقنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قالدۇرىدۇ .

«ئوردام » دىكى پائالىيەتلەر ئەجدادلار روھىغا ئاتاپ ئەكېلىنگەن نەزىر - سادىغلىرىنى يوقسۇللارغا بېرىدۇ ياكى كۆپچىلىك ئوزۇقى ئۈچۈن داش قازانغا سالىدۇ . ھەر بىر كىشى تۇغ (شەددە) باغلايدۇ . قەدىمكى يادىكارلىقلارنى تاۋاپ قىلىپ ئەجدادلار روھىغا ئاتاپ قۇرئان ـ تىلاۋەت قىلىدۇ .

«ئوردام » نى تاۋاپ قىلىش پائالىيىتى ئۈچ كۈن داۋاملىشىدۇ . ئاندىن توپ - توپ بولۇپ قەشقەرگە كېلىپ تاربوغۇزدىكى ئەلى ئارسلانخان قەبرىسىنى (ئارسلانخان جەسىتى بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان ) تاۋاپ قىلىدۇ . ئاندىن ئاتۇش مەشئەتكە بېرىپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمان ، ئەقىللىك خاقانى ، ئەلى ئارسلانخاننىڭ بوۋىسى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان «ھەزرىتى سۇلتانىم » مازىرىنى تاۋاپ قىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان «ئوردام » سەيلىسى ئاخىرلىشىدۇ .

«ئوردام سەيلىسى » گەرچە بىر خىل دىنىي ئادەت بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئاممىۋىلىقى ناھايىتى كەڭ . تاۋاپ جەريانىدا ھەر بىر يۇرت ـ مەھەللە ، ھەر بىر كىشى ئۆزلىرىنىڭ پۈتكۈل ماھارىتىنى جارى قىلدۇرىدۇ . بىر تەرەپتە مەدداھلار قەدىمكى جەڭنامە ، قىسسەلەر ۋە خەلق داستانلىرىنى راۋابقا تەڭكەش قىلىپ زىكرى - سۆھبەت قۇرسا ، يەنە بىر تەرەپتە ناغرا - سۇناينىڭ ياڭراق ساداسىغا تەڭكەش قىلىپ مىڭلىغان كىشى «ساما » ئوينايدۇ . بىر تەرەپتە ئاياللار ساپايى بىلەن تەلقىن ياساپ ئەجدادلار روھىغا سېغىنىپ زىكرى قىلسا ، يەنە بىر تەرەپتە ياشلار ۋە باللار ئۆزلىرى خالىغان ھەر خىل ئەنئەنىۋى ئويۇنلارنى ئوينىشىدۇ . بەزىدە دارۋازلار دار باغلاپ ئاجايىپ ماھارىتى بىلەن ئۇن مىڭلىغان كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ .

گەرچە «ئوردام سەيلىسى » دە تاۋاپچىلارنىڭ سانى شۇنچە كۆپ بولسىمۇ ، ناشايان ئىشلار يۈز بەرمەيدۇ . ھەربىر كىشى ئەجدادلار روھىغا بولغان يۈكسەك ھۆرمىتى بىلەن ئۆزىنى يامان ئىشلاردىن چەكلەيدۇ . (ش)

## مەۋلۇت ئوقۇش

ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە ئەگىشىپ ، ئۇنىڭ ھېيت - بايرام مۇراسىملىرىمۇ بىزگە سىڭىپ كىردى . ئەنە شۇنداق دىنىي مۇراسىملارنىڭ بىرى مەۋلۇت ئوقۇش مۇراسىمىدۇر . ئادەتتە ، ھەر يىلى رەبىئۇل ئەۋۋال ئېيى (ئىسلام كالېندارىدا 3 - ئاي ) نىڭ ئۇن ئىككىنچى كۈنى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولۇپ ، بۇ خاتىرە ئېيىغا بېغىشلاپ ، «مەۋلۇت مۇراسىمى » ئۆتكۈزۈلىدۇ . بۇ كۈنى كىشىلەر ئۆي - ئۆيىگە يىغىلىپ مۇھەممەت پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ئانىسى ئامىنەنىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان - تىلاۋەت ، خەير - ساخاۋەت قىلىدۇ . شائىرلار پەيغەمبەرلەرگە بېغىشلانغان مەدھىيە نامىلىرىنى ئوقۇيدۇ . ھاپىزلار جەم بولۇپ ھۆكمەت ئېيتىدۇ .

رەبىيەلئاۋۋال ئېيى ئادەتتە «مەۋلۇت ئېيى » دەپمۇ ئاتىلىدۇ . مۇشۇ ئاي ئىچىدە بەزى ئائىلىلەردە مەخسۇس مەۋلۇتچى موللىلارنى چاقىرىپ ئۇرۇق - تۇغقان ، قولۇم - قوشنىلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن «مەۋلۇت چېيى » ئۆتكۈزۈلىدۇ . مۇراسىم ئۈچۈن ئالاھىدە داستىخان تەييارلاپ ، پوشكال ، قەنت - گېزەك ۋە مېۋە - چېۋىلەرنى تىزىدۇ ھەمدە بىر تەخسىگە ئەتىر چېچىلغان يېڭى پاختا پارچىلىرىنى تىزىپ قويىدۇ . موللىلار مەۋلۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەممە كىشى دۇئا - تەكبىر قىلىدۇ . مەۋلۇتكە قاتناشقان ھەر بىر كىشى «دەمدە » قىلىنغان پاختا پارچىلىرىنى بىر تالدىن ئېلىپ پۇرايدۇ ۋە ئاۋايلاپ خاس يانچۇقلىرىغا سېلىۋالىدۇ ، داستىخاندىكى قەنت - گېزەكلەردىنمۇ ئىككى ـ ئۈچ تالدىن ئېلىشىدۇ . ئۆيلىرىگە قايتقاندىن كېيىن بالا - چاقىلىرىغا بۇ خاسىيەتلىك «دەمدە » نى ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدۇ .

مەۋلۇت ئوقۇغان موللىلارنى چاقىرغۇچى كىشى مەۋلۇتنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە پۇل ياكى باشقا سوۋغا - سالاملار بىلەن ئۇزىتىدۇ. مەۋلۇت ئوقۇش بىر خىل دىنىي ئادەت بولۇپ، ئۇنى ھەممە كىشىنىڭ ئۆتكۈزۈشى شەرت ئەمەس. (ئا)

## بارات كېچىسى

بۇ دىنىي مۇراسىم ھەر يىلى رامىزان ئېيىدىن ئىلگىرى (شەئبانىنىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى كېچىسى) ئۆتكۈزۈلىدۇ. شۇڭا ئۇ « بارائەت كېچىسى » ياكى خەلقىنىڭ جانلىق تىلىدا «بارات كېچىسى » دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ كۈنى كىشىلەر ئۆي - ئۆيدىن ياغلىقاپاق، قوغاچ (تېرەك دەرىخىنىڭ قوۋزىقىنى سويۇۋېلىپ، كاناي شەكلىدە قۇرۇتۇلغان يېقىلغۇ) لاردىن يېقىلغان مەشئەللەرنى كۆتۈرۈپ، قەبرىستانلىقلارغا توپلىنىپ، ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا دۇئا - تىلاۋەت قىلىدۇ، مۇقام ۋە ھۆكمەتلەرنى ئوقۇپ ساما سالىدۇ، ھېكايە - چۆچەك ۋە قىسسە ئېيتىشىدۇ. شۇنداقلا مەھەللىدىكى ياشلار - باللار جەم بولۇپ، ياغلىقاپاقنى ئۇزۇن بادىرىنىڭ ئۇچىغا بېكىتىپ مەسچىتنىڭ ئۆگزىسى ياكى مەھەللىدىكى ھەممە كىشى كۆرەلەيدىغان ئېگىزلىككە چىقىپ مەشئەل يېقىپ:

بارات كەلدى تۇيدۇڭلارمۇ،
قازانغا ياغنى قۇيدۇڭلارمۇ؟

دەپ باشلىنىدىغان «بارات قوشىقى » نى يۇقىرى ئاۋازدا ئۆزگىچە خاس ئاھاڭ بىلەن توۋلاپ ھەممە كىشىنى «بارات كېچىسى » نىڭ كىرگەنلىكىدىن خەۋەردار قىلىدۇ. بۇنى « ۋەششەمەسى توۋلاش » دەپ ئاتايدۇ. «ۋەششەمەسى » توۋلىغانلارغا كىشىلەر ئۆيلىرىدە پىشۇرۇلغان پوشكال - قۇيماقلارنى ھەدىيە قىلىشىدۇ. «بارات كېچىسى » ئەرۋاھلارنى يوقلاش مۇراسىمى بولۇپ، كونا بارات، يېڭى بارات دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئەجدادلارنىڭ روھىغا سېغىنىش كونا بارات، شۇ يىلى ئىچىدە ئۆلگەنلەرنىڭ روھىنى يوقلاش يېڭى بارات دېيىلىدۇ.

«بارات كېچىسى » گەرچە ئىسلام دىنىي مۇراسىمى دەپ قارالسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەزمۇنىغا «ئەجدادلار روھىغا سېغىنىش » تىن ئىبارەت ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ روھى سىڭگەن. ( ئا )

## ئىددەت

ئەردىن ئاجرىغان ياكى ئېرى ئۆلگەن ئايالنىڭ ھامىلىدارلىقى ئېنىقلانغۇچە شەرىئەت قانۇنى بويىچە ئەرگە تېگىش مەنئى قىلىنغان يۈز كۈنلۈك مۇددەت ئىددەت تۇتۇش دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەردىن ئاجرىغان ياكى ئېرى ئۆلگەن بىر ئايال شەرىئەت قانۇنىغا ئاساسەن ئۈچ ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەگەر بىر ئايال شەرىئەتنىڭ بۇ قانۇنىغا رىئايە قىلماي ئەرگە تەگسە، قورساقتىكى بالىنىڭ ئاۋۋالقى ئەرگە ياكى كېيىن تەگكەن ئەرگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئاجرىتىش قىيىن. پەقەت ئىددەت ئارقىلىقلا ئېنىقلىغىلى بولىدۇ. «ئىددەت » كۆرۈنۈشتە خۇراپىي ئادەتتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن مەلۇم قانۇنىي ۋە ئىلمىي ئاساسقا ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلقى شەرىئەتنىڭ بۇ قانۇنىغا قاتتىق رىئايە قىلىپ كەلگەن ۋە ئىددەت تۇتۇشنى ئادەت قىلغان. ( ر )

## غوسۇل

مۇسۇلمانلاردا جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردا ناماز ئوقۇش ئۈچۈن بەدەننىڭ پاك بولۇشى، كىيىم - كېچەكنىڭ پاك بولۇشى ۋە ناماز ئوقۇلىدىغان يەرنىڭ پاك بولۇشى شەرت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھەر قېتىملىق نامازدا يېڭىدىن تەرەت ئالىدۇ. ئەرلەر سۈيدۈك چاچراپ كېتىپ كىيىمنى بۇلغاپ قويىدۇ، دەپ ئۆرە تۇرۇپ سىيمەيدۇ. شۇنداقلا كىچىك تەرەتتىن كېيىن، سۈيدۈك تېمىپ كېتىپ ئىشتاننى پاسكىنا قىلىپ قويىدۇ، دەپ چالما تۇتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ناماز ئوقۇيدىغان ئاياللار بولسا تەرەت لاتىسى تۇتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئەر - خوتۇن بىر ئورۇندا بولغاندا، شۇنداقلا كېچىسى ئېھتىلام بولغاندا غوسۇل قىلىپ (پۈتۈن بەدەننى باشتىن - ئاياغ يۇيۇپ تازىلىشى ) پاك بولۇشى شەرت. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ناپاك جۇنۇپ تۇرۇپ كۈنگە قارىسا «گۇناھ» بولىدۇ؛ ناپاك

تۇرۇپ تاماق يېسە يېگەن تامىقى هارام بولىدۇ ، بالا ئەمگۈزۈۋاتقان ئايالىلار بالا ئەمگۈزسە يامان بولىدۇ ، دەپ بىلىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ئاياللار ھەيز كۆرگەندە ھەيز توختىغان ھامان بويىنى سۇغا سېلىپ پاكلىنىدۇ . غوسۇل قىلىشقا گەرچە بەزى دىنىي ئەقىدىلەر سىڭىپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ تازىلىق ۋە ساغلاملىق جەھەتلەردىكى رولى ناھايىتى زور . دەرۋەقە ، غوسۇلغا ئەمەل قىلغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا گېموزوي ، ھەر خىل جىنسىي كېسەللىكلەرنىڭ كۆرۈلمەسلىكى ياكى ئاز كۆرۈلۈشى ئەنە شۇ غوسۇل بىلەن مۇناسىۋەتلىك .(ر)

## تۈنەك كېچىسى

قەمەرىيە يىل ھېسابىدا سەككىزىنچى ئاي — بارات ئېيىنىڭ ئون بەشىنچى كۈنى كېچىسى مۇھەممەت پەيغەمبەرگە «پەيغەمبەرلىك ۋەھيي كەلگەن » كېچە ، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار بۇ كۈنىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن «تۈنەك كېچىسى » ئۆتكۈزىدۇ . ئۇلار تۈن بويى ئىبادەت قىلىدۇ . بۇنى «سۈننەت » دەپ قارايدۇ . بۇ كېچىدە مەسچىت ، خانىقالاردا ئىبادەتتە بولغۇچىلار كۆپ بولىدۇ . ئاياللار بولسا ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپ خەتمە ئۆتكۈزىدۇ . كىشىلەر يەنە ياغلىقاپاق (بىر نەچچە يىل ياغ ئالغان قاپاق ) نى كۆيدۈرۈپ بادرا ئۈچىغا ئېلىپ ، مەشئەل ئورنىدا ئېگىز كۆتۈرۈپ قەبرىستان ، مازار - ماشايىقلارغا بېرىپ ئەرۋاھلارنى يوقلايدۇ . شۇ كېچىسى مەخسۇس تاماق قىلىپ يېگۈچىلەرمۇ بولىدۇ . بۇ بارغانسېرى كۈچىدىن قېلىۋاتقان دىنىي ئادەتلەرنىڭ بىرى . ( ئا )

## چۈش ۋە چۈشكە تەبىر بېرىش

ئۇيغۇر خەلقى چۈشكە قاتتىق ئىشىنىدۇ . ئۇلار كۆرگەن چۈشنى تەقۋادار ئادەمگە ئۆرۈگۈزىدۇ . بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەيدۇ :

5955 . بىلمىسىزگە چۈشنى ئېچىپ دېمىگىن ،
كېچىكتۈرمەي ئۇنى بىلگەنگە دېگىن .

5998 . ئۆزۈڭچە ئۆرۈمە كۆرگەن چۈشۈڭنى ،
ھەم ئېيتما كۆرۈنگەن كىشىگە ئۇنى .

چۈش ئۆرۈگۈچى بەزى چۈشلەرگە «ياخشىلىقتىن بېشارەت » دەپ تەبىر بەرسە ، بەزى چۈشلىرىنى ئۆرۈمەستىن «سادىغا بېرىۋېتىڭ » دەپلا قويىدۇ . بۇ ھەقتە يۈسۈپخاس ھاجىپ مۇنداق يازىدۇ :

4369 . بىمەنە بولسا چۈش ۋە يا بەك يامان ،
بېرىپ سەدىقە ئۆزىن ، كۆزەتسۇن شۇئان .

بىر ئادەم كۆرگەن چۈشىدە ئويناپ - كۈلۈپ يۈرگەن بولسا بۇنى بىرەر پېشكەللىك ۋە كۆڭۈلسىزلىككە ؛ يىغلاپ يۈرگەن بولسا بۇنى ياخشىلىق ۋە خۇشاللىققا جورۇيدۇ . يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ :

6022 . ئەگەر غەم چۈشىسە بولار خۇشاللىق ،
خۇشاللىق چۈشىسە كېلۇر قايغۇ بىل .

ئەگەر بىراۋ قورقۇنچلۇق چۈش كۆرگەن بولسا ، قول - ئىلىكىدە بارلار بىرەر مال ئۆلتۈرۈپ ، سادىغا ئۆرنىدا گۆشىنى خامتالاش قىلىۋېتىدۇ . قول - ئىلكىدە يوقلار بولسا گادايلارغا ئاز - تولا نەرسە سادىغا بېرىدۇ . ئەگەر كۆرگەن چۈشىدە ئوتتۇرا چىشى چۈشۈپ كەتسە ياكى تام بېسىۋالغان بولسا ، بۇنى يېقىن تۇغقانلاردىن بىرەرى ئۆلۈپ كېتىدۇ ، دەپ بىلىدۇ .

ئەگەر بىراۋ چۈشىدە نان كۆرگەن بولسا ، چۈش ئۆرۈگۈچى ئايرىلىپ كەتكىلى ئۇزۇن بولغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىز بىلەن كۆرۈشىدىكەنسىز دەپ تەبىر بېرىدۇ .

ئەگەر ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا - ئانا ياكى بىۋاستە تۇغقانلاردىن بىرەرى چۈشىگە كىرىپ قالسا ، بۇنى «روھى ئاجىزلاپ كېتىپتۇ. بىزدىن مەدەت تىلەپتۇ» دەپ بىلىدۇ- دە ، ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ ئالاھىدە ياغ پۇرىتىپ دۇئا - تەكبىر ئۆتكۈزىدۇ .

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چۈشكە تەبىر بېرىش — قەدىمدىن كېلىۋاتقان پالچىلىقنىڭ بىر خىل مەزمۇنى بولۇپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى پالچىلىق كىتابى — «ئىرق بىتۈك » بۇنىڭ جانلىق مىسالى . ( ر )

## سېھرىي ئادەتلەر

خەلق ئارىسىدىكى ھەر خىل سېھرىي ئادەتلەر ئىپتىدائىي دىنىنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئېڭى ۋە ئېتىقادىدىن ئىبارەتتۇر. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىكى «بىلگىلى ۋە چۈشەنگىلى» بولمايدىغان بۇ بىپايان دۇنيادا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئاجايىپ - غارايىپ ئوبيېكتىپ ھادىسىلەر بۇ سېھرىي ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ماددىي ئاساسىدۇر. مەنىۋى ئاساس بولسا، ئىپتىدائىي ئىنسانلارغا خاس ئالاھىدە تەپەككۇر شەكلى ۋە ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلار سىستېمىسىدىن ئىبارەت. مانا شۇ ماددىي ئاساس بىلەن مەنىۋى ئاساس ئۆزئارا بىرىكىپ، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا «تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ» كە سېغىنىش، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق تەبىئەتتىن تاشقىرى تۇرىدىغان كۈچلەرگە تەسىر كۆرسىتىش روھىنى تۇرغۇزغان. بۇ خىيالىي روھ سېھرىگەرلىكنى بارلىققا كەلتۈرگەن. سېھرىگەرلىك قەدىمكى شامانىزم دەۋرىدە ناھايىتى تەرەققىي قىلغان ھەمدە شامان دىنىنىڭ توپ ئەقىدىسىگە ئايلانغان.

قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىمۇ سېھىرلەشنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ خىل بولغان. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە «قۇلباق سېھرىگەرلىكى» ( I توم، 620-بەتكە قاراڭ)، «ياداتاش» ( III توم، 2-بەتكە قاراڭ)، «ئىسرىق»، «قارانچۇق» ( I توم، 134-، 184-بەتلەرگە قاراڭ) قاتارلىق بىرقانچە خىل سېھرىي ئادەتلەرنى تونۇشتۇرىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن بۇ سېھرىي ئادەتلەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە ئوخشاشمىغان دەرىجىدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

خەلق ئارىسىدا ئىپتىدائىي سېھرىگەرلىك ئادەتلىرىنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرلىرى بار:

1) تىلاۋەت سېھرىگەرلىكى: تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا مول ھوسۇل ئېلىش ۋە ئامانلىقنى تىلەش بۇ خىل سېھرىگەرلىكنىڭ نىشانلىغان مەقسىتى. «ياداتاش» سېھرىگەرلىكى» تىلاۋەت سېھرىگەرلىكنىڭ بىر كونكرېت مەزمۇنى، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «يادا تاش ئەپسۇنى ئاساسىدا ئەل - يۇرت بويىچە «زاراخەتمە» نامى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان «يامغۇر تىلەش» ئادىتى بارلىققا كەلگەن. باللارنى جىن - ئالۋاستىلاردىن ۋە يامان كۆزدىن ساقلاش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان «ئىسرىق سېلىش» ( كۆچ - كۆچ )؛ ئوخشاشمىغان مېۋە ۋە كۆكتاتلارغا كۆز تەگمىسۇن، دەپ قاداپ قويۇلىدىغان قارانچۇق ( قەدىمكى ئۇيغۇرچە نامى ئاباقى بولۇپ، ئېرەملىك ھايۋانلارنىڭ كاللىسى، قۇراق رەختلەردىن ياسالغان بەھەيۋەت قورچاق قاتارلىقلارنى بادرىنىڭ ئۇچىغا بېكىتىپ قاداپ قويۇش ) قاتارلىقلارمۇ تىلاۋەت سېھرىگەرلىكنىڭ ئوخشاشمىغان شەكىللىرىدۇر.

2) جادۇگەرلىك سېھرىگەرلىكى: بەلگىلىك نەرسىلەرگە سېھىر قىلىش ئارقىلىق رەقىبلىرىدىن ئۆچ ئېلىشقا ئۇرۇنۇش ئادىتى.

3) قوغلاش سېھرىگەرلىكى: خەلق ئارىسىدىكى ئاتالمىش داخان، باخشى، پېرىخون دېگەنلەر ئەنە شۇ قوغلاش سېھرىگەرلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «كەسپىي سېھرىگەر» لەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەدەنگە چاپلىشىۋالغان جىن - شەيتان ( يامان روھ ) لارنى «قوغلىۋېتىش» ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان « ياندۇرۇش »، « تۈزلاندۇرۇش »، «ئاۋاق ئېشى»، « چاچراتقۇ سېلىش »، «ئاشلاش »، «يۈرۈك تىلەش »، «ئۇت كۆچۈرۈش »، «تېرىگە تارتىش »، « كەتمەنگە بېسىش »، «تۇغ باغلاش »، « قان قىلىش » قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللىرى بار.

4) ئەپسۇن ئوقۇش ۋە تىلتۇمار سېھرىگەرلىكى: بۇ ئادەتتە تىل سېھرىگەرلىكى دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ «قاغاش »، « تىلتۇمار پۈكۈش »، « قەسەم » قاتارلىق شەكىللىرى بار.

5) بېشارەت سېھرىگەرلىكى: تەبىئەت دۇنياسىدىكى مەۋجۇداتلاردا يۈز بېرىدىغان خىلمۇ خىل ئۆزگىرىشلەر ياخشىلىق ياكى يامانلىقتىن ئالدىنئالا بېشارەت بېرەلەيدۇ، دېگەن ئىپتىدائىي قاراش ئاساسىدا

شەكىللەنگەن پەرھىزلەر ( تابۇ ) بېشارەت سېھىرگەرلىكنىڭ كونكرېت مەزمۇنىدۇر .

6 ) پالچىلىق ( رەمباللىق ) سېھىرگەرلىكى : پالچىلىق — قەدىمكى دەۋرلەردە ناھايىتى كەڭ ئەۋج ئالغان بىر خىل خۇراپىي ئادەت بولۇپ ، ھەتتا خان ئوردىلىرىدىمۇ مەخسۇس پالچىلىق مەھكىمىلىرى تەسىس قىلىنغان . پالچىلىق — پال ئېچىش ۋە چۈشكە تەبىر بېرىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلگە بۆلۈنىدۇ . ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەدىمدىن باشلاپ پالچىلىقنىڭ ئۆزىگە خاس رىسالىسى ( پالنامە ) بولغان . IX ئەسىرگە تەئەللۇق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى « ئىرق بىتىك » ئەڭ بۇرۇنقى پال كىتابى بولۇپ ، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ئەزلۈك ۋە يامانلىق ئالامەتلىرىنىڭ بىرمۇنچە تەرىپى مۇشۇ كۈنگىچە خەلق ئارىسىدا شۇ پېتى ساقلىنىپ كەلمەكتە .

ئومۇمەن ، پالچىلىقنىڭ دىنىي خۇراپاتلىق خاراكتېرى كۈچلۈك بولۇپ ، ئۇ مەنىۋى جەھەتتىن بىر قىسىم كىشىلەرنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالغان ، خەلق ئارىسىدىكى « پالغا ئىشەنمە ، پالسىز يۈرمە » دېگەن ماقال ھەم ئۇنىڭ ئىلىم ـ پەنگە زىت ماھىيىتىنى ، ھەم ئۇنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت كۈچىنى يەكۈنلەپ بەرگەن . ( ئا )

## پەرھىز تۇتۇش ئادەتلىرى

ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي چۈشەنچىسىدىكى تەبىئەت مەۋجۇداتلىرىنى رەنجىتمەسلىك ۋە ئۇلارنىڭ جازاسىغا ئۇچرىماسلىق مەقسىتىدە ئۆزلىرىنىڭ بەزى ھەرىكەتلىرىنى مەنئى قىلىشى ۋە چەكلەپ تۇرۇش ئادىتى پەرھىز تۇتۇش دەپ ئاتىلىدۇ . پەرھىز كۆپىنچە مۇئەييەن بىر دىنىي ئېتىقاد ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك رېئال تۇرمۇش ئادىتىدە ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن پەرھىز قويۇق ئۆرپ ـ ئادەت تۈسىگە ئىگە .

ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى كۆپلىگەن پەرھىزلەر بار . مەسىلەن ، يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتە : ئۆزى ئۆلۈپ قالغان مالنىڭ گۆشىنى يېمەسلىك ، بوغۇزلىغاندا قان چىقمىغان مالنىڭ گۆشىنى يېمەسلىك ، ئاللادىن غەيرىينىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى يېيىش ھارام ، ئېگىزدىن غۇلاپ چۈشۈپ ئۆلگەن ھايۋاننىڭ گۆشى ھارام ، كۆشمەيدىغان ھايۋاننىڭ گۆشى ھارام ، چوشقا ، ئىت ، ئېشەك ، قېچىر قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ گۆشى ھارام ... دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن پەرھىزلەر بەلگىلەنگەن . بۇ يەردىكى «ھارام » سۆزى دىنىي ئاتالغۇ بولۇپ ، پەرھىز مەنىسىنى بېرىدۇ . ئۇيغۇرلاربۇ بەلگىلەنگەن پەرھىزگە قەتئىي ئەمەل قىلىشقا ئادەتلەنگەن . يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتىكى بۇ پەرھىزلەر «قۇرئان كەرىم »دە بەلگىلەنگەچكە ، ئۇنىڭغا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئەمەل قىلىدۇ .

شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىدە يەنە ، نانغا دەسسەسەڭ كۆزۈڭ كور بولۇپ قالىدۇ ؛ تاماقنى پاكىز يېمىسەڭ بالاڭ سەت بولۇپ قالىدۇ ، دېگەندەك پەرھىزلەرمۇ بار . شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرلار داستىخان ياكى جوزا ئۈستىگە چېچىلىپ قالغان ناننىڭ ئۇۋاقلىرىنى كۆرسە ، ئۇنى تېرىۋېلىپ « بىسمىللا » دەپ ئاغزىغا سالىدۇ . يوللاردا تاشلىنىپ قالغان نان ياكى تاماق ئۇچراتسا « خۇدايا توۋا !» دەپ ، ئۇنى يولنىڭ چېتىگە ياكى خالىي يەرگە ئېلىپ قويىدۇ . ئومۇمەن ، يېمەك ـ ئىچمەكنى ئىسراپ قىلىش ۋە خارلاشنى ناھايىتى ئېغىر گۇناھ دەپ بىلىدۇ .

خەلق ئارىسىدا يەنە ئاسمانغا قاراپ تۈكۈرمەسلىك ، سۇغا تەرەت قىلماسلىق ، يالغۇز دەرەخنى كەسمەسلىك ، مۈشۈكنى ئۆلتۈرمەسلىك ، قارلىغاچنى تۇتماسلىق ، ئۆينىڭ ئىشىكىنى شەرققە قاراتماسلىق ، قىبلە تەرەپكە پۇتنى سوزۇپ ياتماسلىق ، جۈمە كۈندە سەپەرگە چىقماسلىق ... قاتارلىق دىنىي ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك پەرھىزلەر بولۇپ ، ئۇنىڭ بەزىلىرى ئىپتىدائىي دەۋردىكى تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئېتىقادىغا باغلانغان ، بەزىلىرى ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى ئاساسىدا پەيدا بولغان .

« كېيىمنى تەتۈر كىيسە ئىش تەتۈرىگە چۆرۈلىدۇ » ، «سۈپۈرگىنى تىكلەپ قويسا ، شۇ ئۆيگە بالا ـ قازا كېلىدۇ » ، « سۈپۈرگىنى بالىنىڭ بېشىدىن ئارتىلدۇرسا ، شۇ بالا پاكار بولۇپ قالىدۇ » ، «قازاندىن ئاتلىسا

قارا گەپكە يولۇقىدۇ » ، « ئەخلەت بىلەن كۆلنى بىرگە ئالسا شۇ ئۆيدە توي بىلەن ئۆلۈم بىرگە بولىدۇ » ، «قوشۇقنى بىر ـ بىرىگە ئۇرسا ئۇرۇش ـ ماجىرا بولىدۇ » ، « تولغاق بار ئۆيگە كىرسە ، بوۋاق بالايى ـ خەتەرگە يولۇقىدۇ » ، «بالا دۈم يېتىپ يىغلىسا ، ئاتا ـ ئانىسى بۇرۇن ئۆلىدۇ » ، « قايچىدا تىرناق ئالسا بالا يۈزى كۆرمەيدۇ » ، «ھۇقۇش قونغان جاي ۋەيران بولىدۇ » ، «مېكىيان قىچقارسا بالا ـ قازا ياغىدۇ » ، «ئېگەكنى تۇتۇپ ئولتۇرسا بەختسىز بولۇپ قالىدۇ » دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن پەرھىزلەر ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپ بولۇپ قالغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى چۈشكە تەبىر بېرىش ، قارغاش ، تىلتۇمار يۈكۈش ، قەسەم قىلىش ، پال ئېچىش قاتارلىق ئادەتلەردىمۇ ھەر خىل پەرھىزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ ، كۆپچىلىكتە خۇراپىي قاراشلار ئىپادىلەنگەن .

ئادەتتىكى تۇرمۇش پەرھىزلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى خەلقنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاق قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ ، بەلگىلىك ئىجابىي رولغا ئىگە . ئالايلۇق ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە ھاراق ئىچىش ، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش ، قىمار ئويناش ، ئوغرىلىق قىلىش ، زىنا قىلىش ، يالغان گەپ قىلىش ، چېقىمچىلىق ، غەيۋەت قىلىش ... قاتارلىق ئىللەتلەر ئېغىر گۇناھ ھېسابلىنىپ ، بۇ قىلمىشلاردىن پەرھىز تۇتۇشقا دەۋەت قىلىنغان . يىغىپ ئېيتقاندا ، پەرھىز ـ خەلقنىڭ ئىدىيۋى چۈشەنچىسىدە چەكلەشكە تېگىشلىك ئىشلارنى مۇئەييەن دىنىي ئېتىقاد بىلەن باغلاپ كۆرسىتىش دېمەكتۇر . شۇڭا ئۇ تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە كەڭ ئۇچرايدۇ . ( ئا )

# تۆتىنچى قىسىم

# تىل سەنئىتى، تەنتەربىيە ۋە ئويۇنلار

# XI ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئەت ۋە ئاغزاكى تىل ئادەتلىرى

## ئۇيغۇر سەنئەت ئادىتىنىڭ مۇجەسسەمى — «ئون ئىككى مۇقام»

«ئۇيغۇر بار يەردە 〈 ئون ئىككى مۇقام 〉 بار، 〈 ئون ئىككى مۇقام 〉 بار يەردە ئۇيغۇر بار» دېگەن بۇ ھېكمەتلىك سۆز چىن ھەقىقەتتۇر. ھەقىقەتەن «ئون ئىككى مۇقام» ئۇيغۇر فولكلورىغا مەنسۇپ بولغان بىر خىل سەنئەت ئۆرپ ـ ئادەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، ئۇيغۇر روھىنىڭ ئەڭ كەڭ ئاممىۋىلاشقان تىپىك بەدىئىي كۆرۈنۈشى. سەنئەت ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ سىستېمىلاشقان مۇجەسسەمى، شۇنىڭ ئۈچۈن «ئون ئىككى مۇقام» ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ كۈندىلىك ھاياتىغا ھەمراھ بولۇپ، زىمىستان كۈنلەر، ئاچچىق تۈنلەر ئىز قالدۇرغان خەستە كۆڭۈللەرگە شادلىق تۇيغۇسى ئاتا قىلىدىغان روھىي مەئبۇت بولۇپ كەلدى، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىق كۈنلىرىدىمۇ، قايغۇ ـ ھەسرەتلىك ئاچچىق تۈنلىرىدىمۇ «ئون ئىككى مۇقام» غا ئىلتىجا قىلدى. خۇددى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى پەلسەپىلىك قارىشىدا پۈتۈن كائىناتقا ھاياتلىق بەخش ئەتكۈچى ئاسمان بوشلۇقىدىكى يورۇقلۇق سىستېمىسىنى «ئون ئىككى بۇرج» قا تەتبىقلىغىنىغا ئوخشاش، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇرى بويىچە «ئون ئىككى مۇقام» تىمسالىدا ئوبرازلاشتۇرۇپ، يۈكسەك مەنىۋى تۈۋرۈككە ئايلاندۇردى. شۇڭا «ئون ئىككى مۇقام» نوقۇل سەنئەت ھادىسىسى بولماستىن، بەلكى ئالدى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئانا تەبىئەت قوينىدا قوزغالغان بەدىئىي تەسەۋۋۇرلىرى ۋە سەنئەت ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ مۇزىكىلىق يىغىندىسى دېيىشكە ھەقلىقمىز.

ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكا سەنئىتىنىڭ ئانىسى بولغان « ئون ئىككى مۇقام » بىر ۋاقىتتىلا بىر يەردە، بىرەر شەخس تەرىپىدىن بىر يوللا پەيدا بولغان ئەمەس، بەلكى ھەر يەردە، ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەر جەريانىدا كوللېكتىپ تەرىپىدىن بىر ـ بىرلەپ ئىجاد قىلىنغان ئەنئەنىۋى ئون ئىككى سىكىلدىن ئىبارەت ئۇيغۇر مېلودىيىسىنىڭ تىمسالىدۇر. شۇڭا «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ پەيدا بولۇشىنى مۇئەييەن بىر تارىخىي دەۋر بىلەن چەكلەپ قويغىلى بولمايدۇ. تارىخ سەھنىسىدە ئۈزۈلمەس دولقۇندەك ئۆزئارا ئىز بېسىپ كەلگەن ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق تۇرمۇشى بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا چۆل ـ باياۋان، تاغ ـ دالا، دەريا ـ ئۆستەڭ، يايلاق ۋە ئېتىز ـ ئېرىق كۈيلىرىنى، ئۇنىڭغا مۇناسىپ ناخشا ـ قوشاقلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. بۇ كۈيلەر ئۆزىنىڭ مېلودىيە ئالاھىدىلىكى بويىچە تۈركۈملىشىپ تەدرىجىي يۈرۈشلەشكەن مۇقام گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىل قىلغان.

«مۇقام» سۆزى ئېتىمولوگىيىلىك جەھەتتە قەدىمكى ئۇيغۇر كۇسەن — تۇخار تىلىدىكى «مەقەۋمە» — maka — yame سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇپ، «چوڭ نەغمە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ «ئورۇن»، «دەرىجە» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئەرەبچە «مەقام» سۆزى بىلەن ئاھاڭداش بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىغا «مۇقام» بولۇپ ئۆزلەشكەن ۋە چوڭ ھەجىمدىكى يۈرۈشلەشكەن ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق مۇزىكا چۈشەنچىسىنى بېرىدىغان خاس ئىسىمغا ئايلىنىپ كەتكەن.

ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ قېزىلىپ ـ رەتلىنىپ بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلىشىدە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ئەبۇ سەئىدخاننىڭ

ئوغلى ئابدۇرېشتخاننىڭ هامىيلىقىدا ۋە مەدەتكارلىقىدا مەشھۇر مۇقامشۇناس، شائىر قىدىرخان ۋە خانىش ئامانىساخانلار ئۈچمەس تۆھپە قوشقان. ئەنە شۇ ئامانىساخان باشچىلىقىدا رەتلىنىپ مەشھۇر مۇقامشۇناس تۇرداخۇن ئاكا ۋارىسلىق قىلىپ ساقلىغان ۋە 1956 - يىلى نوتىغا ئېلىنغان «ئون ئىككى مۇقام» تىزىملىكلىرى تۆۋەندىكىچە :

| | | |
|---|---|---|
| 1 . راك مۇقامى | 23 نەغمە | 205 مىسرا |
| 2 . چەبىيات مۇقامى | 23 نەغمە | 251 مىسرا |
| 3 . مۇشاۋرەك مۇقامى | 31 نەغمە | 363 مىسرا |
| 4 . چارىگاھ مۇقامى | 18 نەغمە | 212 مىسرا |
| 5 . پەنجىگاھ مۇقامى | 25 نەغمە | 240 مىسرا |
| 6 . ئۇزهال مۇقامى | 29 نەغمە | 224 مىسرا |
| 7 . ئەجەم مۇقامى | 17 نەغمە | 143 مىسرا |
| 8 . ئوشاق مۇقامى | 23 نەغمە | 286 مىسرا |
| 9 . بايات مۇقامى | 19 نەغمە | 119 مىسرا |
| 10 . ناۋا مۇقامى | 20 نەغمە | 209 مىسرا |
| 11 . سىگاھ مۇقامى | 6 نەغمە | 72 مىسرا |
| 12 . ئىراق مۇقامى | 8 نەغمە | 102 مىسرا |

جەمئىي «ئون ئىككى مۇقام» ، ئىككى يۈز قىرىق ئىككى نەغمە ( مۇزىكا ) ، ئىككى مىڭ تۆت يۈز يەتمىش مىسرا ، بۇنىڭغا «ئەبۇچەشمە» مۇقامىدىكى ئون ئۈچ نەغمە ، ئىككى يۈز ئوتتۇز ئىككى مىسرانى قوشقاندا ، تۇرداخۇن ئاكىنىڭ ساقلاپ قالغىنى ئىككى يۈز ئەللىك بەش نەغمە ، ئىككى مىڭ يەتتە يۈز ئىككى مۇزىكىلىق مىسرا بولىدۇ .

لېكىن ، «ئون ئىككى مۇقام » باشتىن ـ ئاياغ بىردەك ئون ئىككى بىلەن چەكلەنگەنمۇ ئەمەس . مۇقام ئۆز تارىخىدا كۆپ قېتىم كېمىيىش ، كۆپىيىش ، قوشۇلۇپ ئىخچاملىنىش ، ئوخشاشمىغان يەرلىك ۋارىيانتلارنى پەيدا قىلىش تارىخىنى بېشىدىن كەچۈرگەن .

«ئون ئىككى مۇقام » دا ناخشا ـ مۇزىكا شەكلى بىلەن ئىنسانىي مۇھەببەت ، گۈزەل ئارزۇ ـ تىلەكلەر ، كىشىلىك هاياتتىكى شاد ـ خۇراملىق ، ھەسرەت ـ نادامەت ، جۇدالىق ، بىرلىك ـ ئىناقلىق ، كۆڭۈل ئازادىلىك ، مۇڭ ـ پىغان ، غەزەپ ـ نەپرەت ، زۇلۇم ـ كۈلپەت قاتارلىق ئۆتمۈشنىڭ تۇرمۇش مەنزىرىلىرى بايان قىلىنغان .

قىسقىسى ، «ئون ئىككى مۇقام » ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلب تۆرىدىكى مۇقەددەس سەنئەت «ئىلاهى » سۈپىتىدە كىشلەرگە مەنىۋى قۇۋۋەت ۋە ئېستېتىك زوق بەخش ئېتىپ كەلگەن . تىل بىلەن ئىزهار قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە يۇرەك تارلىرىمىزنى تىترىتىپ ، پىسخىك هالىتىمىز بىلەن ئورگانىك هالدا بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن . «ئون ئىككى مۇقام » نىڭ مۇزىكىلىق سىزىمگە ھەقىقىي هالدا مەپتۇن بولغۇچى «ساتارنىڭ تارىغا جان رىشتىسىدىن تار ئېشىپ » چېلىشنى ۋە ئۇنىڭ ساداسىدىن « بىناۋانىڭ كۆڭلىنى ئېلىش » نى تەلەپ قىلغۇچىلار ، شۈبهىسىزكى ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ھەقداسى ــ ئۇيغۇر خەلقىدۇر. (ئا)

## دولان مەشرىپى ۋە دولان ئۇسسۇلى

دولان مەشرىپى ئاساسەن مەكىت ، مارالبېشى ، يوپۇرغا ( تېرىم يېزىسى ) ، ئاقسۇ ئاۋات ، شايارنىڭ تارىم بويىدىكى يېزىلىرى قاتارلىق ناهىيە ـ رايونلاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئەنئەنىۋى سەنئەت پائالىيىتىنىڭ ئومۇمىي نامى . دولان مەشرىپى ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى ، تارقىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ، پائالىيەت مەزمۇنىنىڭ كۆپ خىللىقلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن باشقا رايونلاردىكى ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ .

دولان مەشرىپى ئومۇمەن دولان مۇقاملىرىنىڭ شەنىگە ئاتاپ ئۇيۇشتۇرۇلغان ئاممىۋى سەنئەت پائالىيىتى بولۇپ ، ئۇنىڭدا مۇزىكا ، ناخشا ـ ئۇسسۇل ، هەر خىل ئەدەبىي ئويۇن ۋە قىزىقچىلىقلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ كېتىدۇ . شۇڭا ئۇ « خەلقنىڭ سەنئەت مەكتىپى » دەپ ئاتالغان .

دولان مەشرىپىنىڭ پائالىيەتلىرى ئىچىدە ھەممىدىن قىزىقارلىق ۋە ئەھمىيەتلىك بولغىنى — دولان مۇقامىغا تەڭكەش قىلىپ ئوينىلىدىغان كوللېكتىپ ئۇسسۇل ھەرىكىتىدىن ئىبارەت . دولان مەشرىپىدىكى كوللېكتىپ ئۇسسۇل ھەرىكىتى قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق دەۋرىدىكى ئەمگەك جەريانىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بولۇپ ، ئاساسەن تۆت باسقۇچلۇق ئۇسسۇل ھەرىكىتىدىن تەركىب تاپقان : بىرىنچى باسقۇچ «چېكىتمە» بولۇپ باش مۇقام ( پرولوگ ) ئاخىرلاشقان ھامان مەشرەپ ئەھلى ئەر - ئايال جۈپ - جۈپ بولۇپ لەرزان مۇزىكا ساداسى ئىچىدە مەردانە ھالدا سالماق قەدەم بىلەن ئاستا ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ . ئەرلەر قولىنى نۆۋەت بىلەن ئوڭ - سولغا تاشلاپ ، ئوڭغا يېرىم ، سولغا يېرىم ئايلىنىدۇ . ئوڭغا يېرىم ئايلىنىش ۋاقتىدا ، ئالدى بىلەن ئوڭ پۇتىدىن باشلاپ ئۈچ قەدەم تاشلىنىدۇ . ئۈچىنچى قەدەمدە ئوڭ پۇت يېرىم بۇرۇلۇپ سول پۇتنىڭ ئۈچىغا كېلىپ توغرىسىغا توختايدۇ - دە ، سول پۇت دەرھال يۆتكىلىپ ، ئوڭ پۇتنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشى بويىچە تەكرار داۋاملىشىدۇ . بۇ باسقۇچتىكى ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى گوياكى ئوۋچىلارنىڭ بۈك - باراقسان ئورمانلار ، قېلىن چاتقاللارنى ئىككى قولى بىلەن ئاستا قايرىپ تۇرۇپ ، ئوۋ ھايۋانلىرىنى ئىزدەۋاتقانلىقىدەك جانلىق مەنزىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ .

دولان ئۇسسۇلى «چېكىتمە»دىن ئىككىنچى باسقۇچ — «سەنەم»گە كۆچكەندە ، ئۇسسۇل رىتىمى ئۆزگىرىپ ، ھەرىكەت تېزلىشىدۇ . ئۇسسۇلچىلارنىڭ سېپىمۇ بارغانسېرى كېڭىيىدۇ . ئەر - ئاياللار قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، بىر - بىرىگە بېقىشىپ ، چەبدەسلىك بىلەن ئوڭ ۋە سولغا ماس قەدەم بىلەن تولۇق ئايلىنىدۇ . بۇ باسقۇچ ناھايىتى تېز ، ئەمما تەرتىپلىك ئۇسسۇل ھەرىكىتىنى تەلەپ قىلىدۇ . ئۇسسۇلچىلارنىڭ چەبدەسلىك بىلەن ئالدى - ئارقىغا مېڭىش ، ئوڭ - سولغا ئايلىنىش ، قولىنى ئالدىغا شىلتىش ھەرىكەتلىرى ئوۋچىلارنىڭ ھايۋانلار بىلەن كەسكىن ئېلىشىۋاتقانلىقىدەك مەنزىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ .

دولان ئۇسسۇلىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى — «سەلىقە» بولۇپ ، بۇ باسقۇچتا ئۇسسۇلغا چۈشكەن ھەممە كىشى ئاستا - ئاستا چوڭ بىر چەمبىرەك ھاسىل قىلىپ ، ئۇسسۇل ئەنە شۇ چەمبىرەك شەكلىدىكى دائىرىدە سىزىقنى بويلاپ داۋاملىشىدۇ . بۇ ھال ئوۋچىلارنىڭ كوللېكتىپ ھالدا ھايۋاننى قورشىۋالغانلىقىدەك مەنزىرىنى سۈرەتلەيدۇ .

تۆتىنچى باسقۇچ « سىيرىلما» بولۇپ ، بۇ باسقۇچتا مۇزىكا رىتىمىغا ئەگىشىپ چوڭ يۇملاق دائىرە بىر - بىرلەپ پارچىلىنىشقا باشلايدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئۇسسۇلچىلار ئۆز ئالدىغا ئەركىن پىرقىراپ چۆگىلەپ ، خۇشاللىقنى ئىپادىلەيدۇ . بۇنداق پىرقىراش سۈرئىتى بارغانسېرى تېزلىشىپ ، مەشرەپ سورۇنى شادىيانە كەيپىياتقا تولىدۇ . مانا بۇ ئۇسسۇل ھەرىكىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلغان بىر مەيدان ئوۋچىلىق جېڭىنىڭ غەلىبە تەنتەنىسىنى ئىپادە قىلىپ بېرىدۇ .

دېمەك ، دولان مەشرىپىدە ئوينىلىدىغان دولان ئۇسسۇلى ئۇسسۇل ھەرىكىتىنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە نەپىسلىكى ، مۇزىكا رىتىمى بىلەن بىردەكلىكى ، ئۇسسۇل مەزمۇنىنىڭ ئېنىقلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ .

دولان ئۇسسۇلى كوللېكتىپ ئۇسسۇل بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئۇسسۇلچىلارنىڭ سانى چەكلەنمەيدۇ . مەشرەپ مەيدانىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ ، بىرلا ۋاقىتتا بەش - ئالتە جۈپتىن يىگىرمە - ئوتتۇز جۈپ ئەر - ئايال ياش ، قېرى دېمەي ، كىم خالىسا مەيدانغا چۈشۈپ ئۇسسۇل ئويناۋېرىدۇ . ناۋادا بىر يۈرۈش ئۇسسۇل ئاخىرلاشقۇچە ھېرىپ قالغانلار سەپتىن ئايرىلىپ ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇشقىمۇ رۇخسەت قىلىنىدۇ . دولان مەشرىپى ۋە دولان ئۇسسۇلى ھەقىقەتەن «شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇلىنىڭ ماكانى» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ .

( ئا )

## ھېيتگاھدىكى ساما ئۇسسۇلى

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ھەيۋەتلىك ۋە سەلتەنەتلىك ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئالدىدىكى كەڭ كەتكەن مەيدان ھەر يىلى قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيت كۈنلىرى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ. بۇ مەيداندا قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە بولغان ساما ئۇسسۇلىنى ئويناش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تولۇپ تاشقان خۇشاللىق ھېسسىياتلىرىنى نامايان قىلىدۇ.

ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى سەھەردە نەچچە ئون مىڭ كىشى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا سەپ - سەپ بولۇپ ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، جامە دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان پىشىق كېسەكلىك ئېگىز پەشتاق ئۈستىدە ناغرا بىلەن سۇنايىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ياڭرايدۇ. پەشتاق ئالدىدىكى ئازادە، كەڭ مەيدانغا ھېيت نامىزىدىن يانغان جامائەت توپلىشىپ مىڭلىغان كىشى ئارقا - ئارقىدىن ساما ئويناشقا باشلايدۇ. ھەش - پەش دېگۈچە بۇ جايغا ساما كۆرگۈچىلەر توپلىشىپ نەچچە رەت چەمبەر ھاسىل قىلىدۇ. ھەتتا پەشتاقنىڭ ئىككى يېنىدا قەد كۆتۈرگەن ئوتتۇز نەچچە مېتر ئېگىزلىكتىكى مۇنارنىڭ ئۈستىمۇ ئادەم بىلەن لىق تولىدۇ.

ساما ئاساسەن ئەرلەر تەرىپىدىن ئوينىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ۋە ئەنئەنىۋى ئۇسسۇلى بولۇپ، چوڭ كىشىلەردىن تارتىپ بالىلارغىچە ھەممىسى ئىشتىراك قىلىنىدۇ. كىم ئويناشنى خالىسا مەيدانغا چۈشۈپ ئويناۋېرىدۇ. ساماچىلارنىڭ سانى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. ھەتتا بىر قېتىمدا نەچچە يۈز كىشى ساما ئوينايدۇ. ساماغا چۈشكەن ئادەملەرنىڭ كۆپ بولۇشىغا قارىماي، چېلىنىۋاتقان ناغرا - سۇنايىنىڭ رىتىمىگە ماس ھالدا ناھايىتى رەتلىك ۋە قائىدىلىك ئوينىلىدۇ.

ساما ئۇسسۇلى باشقا ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىغا ئوخشاشمىغان ھالدا ئەڭ زور كوللېكتىپچانلىققا ۋە ئۆزىگە خاس ئۇسسۇل ھەرىكىتىگە ئىگە بولغاچقا، ئادەتتىكى ئۇسسۇلچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوينىيالىشى ناتايىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساما ئۇسسۇلى مەردانىلىك ۋە باتۇرلۇقنى ئىپادىلەيدىغان سىرلىق مەزمۇنغا ئىگە.

ساما ئۇسسۇلى ئۇچۇن ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىچىدىكى بايرام تەنتەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان ناخشا - كۈيلەر تاللىۋېلىنغان بولغاچقا، بۇ ئۇسسۇلنىڭ مۇزىكىدارلىقى ۋە تەنتەنىنى ئىپادىلەش خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى ناغرا - سۇنايىنىڭ ياڭراق ئاۋازىغا ماس ھالدا ساماچىلارنىڭ پۇت ۋە قوللىرى بىر خىل تەرتىپلىك ۋە رىتىملىك ھەرىكەت قىلىدۇ. ئايلىنىش ھەرىكەتلىرىمۇ تەكشى ۋە قائىدىلىك بولغاچقا، بىرلا ۋاقىتتا يۈزلىگەن كىشى ساما سالسىمۇ بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ كېتىدىغان قوپال ھەرىكەتلەر كۆرۈلمەيدۇ. باشقا جايلاردىن كېلىپ قالغان ساياھەتچىلەر بۇنداق ھەيۋەتلىك ئۇسسۇل مەنزىرىسىنى كۆرۈپ «بۇنداق چوڭ كوللېكتىپ ئۇسسۇلنى قانچە ۋاقىت مەشق قىلىپ بىرلىككە كەلتۈرگەندۇ؟» دەپ ھەيران قېلىشلىرى مۇمكىن. لېكىن ساما ئۇسسۇلى ئۇچۇن ئالدىنئالا تەييارلىق مەشقى قىلمايدۇ. ئۇ پەقەت خەلقنىڭ بىر خىل ئەنئەنىۋى پائالىيىتى بولۇپ، بايرام تەنتەنىسى ھەممە كىشىنى ئىختىيارسىز ساما سېلىشقا ئۈندەيدۇ.

ساما ھېيت كۈنلىرى ئەتىگەندىن كەچكىچە كۈن بويى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىدۇ. ساماچىلار قانچىلىك ۋاقىت ئوينىسا ئۆزىنىڭ ئىختىيارى. ناغرا - سۇنايچىلار ئادەتتە بىرەر سائەت ئەتراپىدا بىر خىل ئاھاڭغا ئۆزگەرتىپ ھارماي چالىدۇ. بىرەر مۇقام ئاخىرلاشقاندا ئون - ئون بەش مىنۇت دەم ئېلىۋېلىپ يەنە باشلايدۇ. ساماچىلار ھېرىپ - چارچىسا ئۆزلۈكىدىن توختاپ، تاماشىچىلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلىدۇ، لېكىن ساما مۇزىكا توختىمىغۇچە زادى توختاپ قالمايدۇ، بەلكى بەس - بەستە بىرىنىڭ ئورنىغا بىرى مەيدانغا چۈشۈپ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىۋېرىدۇ. بەزى ساما مەستانىلىرى ئۇسسۇلنى كۆپ ئويناپ ھېرىپ - ھارچىغانلىقتىن ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىدۇ. قىسقىسى، ساما سېلىش قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنى

بىر خىل تىلسىملىق كۈچ بىلەن ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ .

ساما ئۇسسۇلىنىڭ خاراكتېرىدىن قارىغاندا ئۇنىڭدا غەلىبىنى ۋە شاد ـ خۇراملىقنى تەنتەنە قىلىش مەزمۇن قىلىنغان .

ساما ئۇسسۇلىنىڭ تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن . قەدىمكى كوللېكتىپ ئوۋچىلىق دەۋرلىرىدىلا ئوۋدىن غەلىبىلىك قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر بويىچە بىر يەرگە جەم بولۇپ ، ئوۋ غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ كوللېكتىپ ئۇسسۇل ئويناش ئادىتى بار ئىدى . شامانىزم دەۋرىدە ساما ( كۆك ) غا چوقۇنۇش ئاساسىي ئورۇندا تۇرغاچقا ، غەلىبە تەنتەنىسى بەدىلىگە ئوينىلىدىغان بۇنداق كوللېكتىپ ئۇسسۇل ساما ئۇسسۇلى ( خەلق تىلىدا ساما سېلىش ) دەپ ئاتالغانلىقى مەلۇم . ئېيتىلىشىچە ، ئىسلام دىنىنىڭ غازات ئۇرۇشلىرىدا جەڭگە ئاتلىنىش ئالدىدا ناغرا بىلەن سۇناي چېلىنىدىكەن ، جەڭدە غەلىبە قىلسا غەلىبىنى تەنتەنە قىلىش يۈزىسىدىن ناغرا بىلەن سۇناينىڭ ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ كوللېكتىپ ئۇسسۇل ئوينالغان . ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پەقەت قۇربان ھېيت بىلەن روزا ھېيت كۈنلىرىدىلا مۇشۇنداق كوللېكتىپ ساما ئۇسسۇلى ئارقىلىق ھېيت خۇشاللىقىنى تەنتەنە قىلىش ئادىتى شۇ قەدىمكى ئەنئەنە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك . مەيلى ئۇنىڭ قايسى تارىخىي ئەنئەنىگە باغلىنىشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ساما ئۇسسۇلى شىنجاڭدىن ئىبارەت ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانىنىڭ سىمۋولىدۇر . ( ئا )

## ئەنئەنىۋى تەسۋىرىي ۋاسىتىلەر

ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ مەنىۋى ئادىتىدە ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلىرى ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ بەلگىلىك دەرىجىدە قېلىپلاشقان تەسۋىرىي ۋاسىتىلىرى بولىدۇ . سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولغان بۇ تەسۋىرىي ۋاسىتىلەر خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئادىتى بىلەن ماسلىشىپ ، مىللىي ئاڭنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە ، ئۇلارنىڭ ئاغزاكى نۇتۇقلىرىدا ، پوئېتىك ئىجادىيەتلىرىدە ، ئېستېتىك قاراشلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . شۇنداقلا نىسپىي مۇقىم مەنىسى بىلەن خەلقنىڭ تىل سەنئىتىگە سىڭىپ كىرىپ ، فرازېئولوگىيىلىك بەدىئىي ئامىل بولۇپ قالغان .

دەرۋەقە ، ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىدا قوللىنىلغان تەسۋىرىي ( مەجازى ) ۋاسىتىلەر ناھايىتى كۆپ ۋە خىلمۇ خىلدۇر . لېكىن بىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىمىز ، پەقەت خەلقنىڭ تىل ئۆرپ ـ ئادەتلىرى شەكلىدە قېلىپلىشىپ ، ئېتىقاد دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بەزى ئەنئەنىۋى تەسۋىرىي ۋاسىتىلەردۇر . مەسىلەن :

بۇلبۇل ۋە قىزىلگۈل : ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەللىك ئادىتىدە ۋە پسىخىك ئېڭىدا قىزىلگۈل دائىم سۆيۈملۈك يارنىڭ ، ئەركىن مۇھەببەتنىڭ ، گۈزەللىك ۋە ساپلىقنىڭ ؛ بۇلبۇل بولسا ساداقەتمەن ئاشىقنىڭ ، يار ۋىسالىدا پەرياد چەككۈچىنىڭ سىمۋولى بولۇپ كەلگەن . بۇ ۋاسىتىنىڭ قېلىپلىشىشىغا بۇلبۇلنىڭ قىزىلگۈل ئىشقىدا خەندان ئۇرۇشى مەزمۇن قىلىنغان «بۇلبۇل ئۇيقۇسى» ناملىق رىۋايەتلەر سەۋەب بولغان .

كاككۇك بىلەن زەينەپ : ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇرادىغا يېتەلمىگەن ئاشىق ـ مەشۇقلارنى كاككۇك بىلەن زەينەپكە ئوخشىتىش ئادىتى شەكىللەنگەن . ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى «كاككۇك ئاشىقى زەينەپ ، بىرى باغدا ، بىرى تاغدا» دېگەن مىسرالارمۇ كاككۇك بىلەن زەينەپنىڭ خەلقىمىز ئەقىدىسىدىكى سىمۋوللۇق مەنىسىنى ئىپادىلىگەن . كۈن ، ئاي ، يۇلتۇز ، چولپان : خەلقىمىزنىڭ گۈزەللىك ئادىتىدە بۇ ئاسمان جىسىملىرى ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ تۇراقلىق سىمۋولى بولۇپ كەلگەن ھەمدە خەلقنىڭ ئاغزاكى تىل ئادىتىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ئىجابىي مەنىدىكى تەسۋىرىي ۋاسىتىلەردۇر . بۇ

ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئايلىنىشى كۆككە چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك .

بۇلاق : كۆزنى بۇلاققا ئوخشىتىپ سۈرەتلەش ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئەنئەنە .

ھەممىگە مەلۇمكى ، كۆز بىلەن سۇ ئىنسانلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئىككى ئامىل ، سۇ بىلەن كۆزنىڭ قىممەت ۋە ماھىيەت جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى ، شۇنداقلا كۆز بىلەن بۇلاقنىڭ شەكىل جەھەتتىكى مەلۇم ئوخشاشلىقى خەلقىمىزنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرىدا ئەكس ئېتىپ كۆزنى بۇلاققا ئوخشىتىش ئەنئەنىسىنى ھەمدە بۇلاقنى ئۇلۇغلاش ئادىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان .

يارنىڭ يۈزىنى ئالمىغا ئوخشىتىش ، چىنارنى باتۇرلۇققا ، جاسارەت ۋە ئىرادىگە سىمۋول قىلىش ، قارىياغاچنى يەكلەنگەن ئەمما چىداملىق مۇھەببەتكە سىمۋول قىلىش ، ئەجدىھا ، يىلاننى ۋەھشىيلىك ۋە ياۋۇزلۇقنىڭ سىمۋولى قىلىش قاتارلىق تەسۋىرىي ۋاستىلەرنىڭ قېلىپلىشىش سەۋەبلىرىمۇ بەلگىلىك بىر ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر .

ئۇنىڭدىن باشقا «لەيلى ــ مەجنۇن » ، «پەرھاد ــ شېرىن » ، «تاھىر ــ زۆھرە »، «غېرىپ ــ سەنەم » قاتارلىق ناملارمۇ ھەم خەلق ئارىسىدىكى شۇ خىل داستاننىڭ ئىسمى ، ھەم سىمۋوللۇق مەنىدىكى تەسۋىرىي ۋاستە ھېسابلىنىدۇ .

خەلقنىڭ گۈزەللىك ئادەتلىرىدىن كېلىپ چىققان مۇنداق ئەنئەنىۋى تەسۋىرىي ۋاستىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، ئۇ نوقۇل ئەدەبىي ھادىسىلا ئەمەس ، بەلكى مۇئەييەن ئېتىقاد تەسىرىدە شەكىللەنگەن تىل ئادىتىدۇر . ( ئا )

## ئىرسالنامە

ئىرسالنامە ــ «يوللانما»، «پۈتۈكنامە » دېمەكتۇر . ئىرسالنامە ئەۋەتىش ( دوستلىرىغا ، سۆيگەن يارىغا سالام خەت يوللاش ) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزئارا خەت يېزىدە كۆڭۈل ئىزھار قىلىشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ئادىتى بولۇپ ، ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان . ئىرسالنامىنىڭ تۈرى كۆپ خىل بولۇپ ، كۆپرەك بېيىت شەكلىدە ھەم نەسرىي شېئىر شەكلىدە يېزىلىدۇ . بەزىدە ئىرسالنامە ئورنىدا قىزىلگۈل دەستىلىرىنى ياكى گۈل دەستىلەر بىلەن قوشۇپ بۇغداي سامانلىرىنىمۇ ئەۋەتىدىغان ئادەتلەر بار . بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆڭۈلنى سىمۋوللۇق ئىزھار قىلىش شەكلى بولۇپ ، مۇئەييەن مەزمۇنغا ئىگە . ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېستېتىك ئېڭىدا پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەردىن تەييارلانغان گۈل دەستىلەر ئومۇمەن مۇھەببەتكە سىمۋول قىلىنغان . شۇڭا گۈل دەستە سۇنۇش قىز ــ يىگىتلەرنىڭ ئۆزئارا مۇھەببەت ئىزھار قىلىش ۋاستىسى . گۈل دەستىنىڭ ئارىسىغا سامانىنى قوشۇپ ئەۋەتىش « سېنىڭ دەردىڭدە ياكى سېنى سېغىنىپ چىرايىم سامانىدەك سارغىيىپ كەتتى » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .

ئىرسالنامە مەزمۇن جەھەتتە كۆپىنچە مۇھەببەتنى ، مۇھەببەت جۇدالىقىنى ، يارىغا ۋە دوستلىرىغا بولغان سېغىنىشنى ئىپادىلەيدۇ .

ئىرسالنامە ئەۋەتىش ئاساسەن كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت ئەركىنلىكى بوغۇلغان ، ئىنسانىي ئەركىنلىككە يول قويۇلمىغان فېئودالىزم دەۋرىدە پەيدا بولغان بىر خىل ئادەت ھېسابلىنىدۇ . قىزلارنىڭ ياخشى كۆرگەن يىگىتكە قول ياغلىق ۋە تاماكا خالتىسى سوۋغا قىلىشىمۇ ئىرسالنامە دائىرىسىگە كىرىدۇ . بۇنداق قول ياغلىق ۋە تاماكا خالتىسىغا خەت ئورنىدا پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان گۈللەرنىڭ نۇسخىسى ، گۈل شېخىدا سايراۋاتقان بۇلبۇل ياكى كاككۇكنىڭ سۈرىتى يار ئىشقىدا كۆيۈپ‌لەپ سوقۇۋاتقان يۈرەكنىڭ شەكلى مەشۇت يىپ بىلەن كەشتىلىنىدۇ . قەغەزگە پۈتۈلىدىغان ئىرسالنامىلەر ناھايىتى تەسىرلىك ، جانلىق ۋە ھېسسىياتلىق بولىدۇ . ئۆز زامانىسىدا ئىرسالنامە يېزىشنى كەسىپ قىلغان خەتتات ۋە رەسساملار بولغان . ئۇلار پاتلانغان «خوتەن قەغىزى »گە بېيىت ياكى نەسرىي شېئىر شەكلىدىكى پۈتۈكنامىلەرنى ھۆسنخەت شەكلىدە پۈتۈپ ، ئۇنىڭ گىرۋەكلىرىگە تەشنالىق ۋە جۇدالىقنى ئىپادىلەيدىغان ياكى مۇھەببەت غايىسىنى سۈرەتلەيدىغان رەسىملەرنى سىزىپ تەييارلىغان . ئىر-

سالنامە ئەۋەتىشكە ھاجىتى بار كىشىلەر ئۇلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىپ ئۆزلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرىنى تاللاپ سېتىۋالغان ۋە ئۇنى قىممەتلىك مۈلۈك سۈپىتىدە ساقلىغان.

ئىرسالنامە كۆپىنچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەسۋىرىي ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، پاساھەتلىك تىل، ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، سىمۋول، مېتافورا، مۇبالىغە قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلاردا روشەن ئېستېتىك زوق قوزغايدۇ. مەسىلەن:

يۈتۈكنامە ئەۋەردىم قاشلىرىغا،
تىلەپ دۆلەتنى ئالتۇن باشلىرىغا،
قانات بەرسە ئۇچۇپ بارسام قاشلىرىغا،
قارا قۇشقاچ بولۇپ قونسام باشلىرىغا.

قارا قۇشقاچ بولۇپ چىقسام ھاۋاغا،
خۇدا سالدى مېنى بۇنداق بالاغا.
سېغىندۇق بىناھايەت ئۆزلىرىنى،
تولاشىرىن مۇبارەك سۆزلىرىنى.

نى سائەتتە نېسىپ بولۇر كۆرۈشكە،
تولۇن ئايدەك نۇر چاقنىغان يۈزلىرىنى.
ئۇشبۇ نامە ئۆزلىرىگە تەئەللۇقتۇر —
ئوقۇغايلا يوغان ئېچىپ كۆزلىرىنى.
(ئا)

## مەدداھلىق

مەدداھلىق — ئاغزاكى تىل ئادەتلىرىنىڭ كەڭ تۈردە ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى شەكىللىرىدىن بىرى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەدداھلىق ناھايىتى تەرەققىي قىلغان ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى «مەدداھ» (ۋائىز) دەپ ئاتىلىدۇ. مەدداھلار خەلق ئارىسىدىكى تالانتلىق ۋە ئىقتىدارلىق سۆز سەنئەتكارلىرى بولۇپ، ئۇيغۇر ئەلنەغمە سەنئىتى ئەنە شۇ مەدداھلىق ئادىتىدىن ئۆسۈپ چىققان.

مەدداھلىق — ناخشا، مۇزىكا ۋە دراماتىك ھەرىكەتنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغان ئۇنىۋېرسال سەنئەت ئادىتى بولۇپ، ئۇنىڭ كىشىلەرنى جەلپ قىلىش كۈچى ناھايىتى زور. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان مەدداھلار خەلق ئارىسىدا زور ئىناۋەتكە ئىگە بولۇپ كەلگەن. مەدداھلىق ئادىتى بولۇپمۇ خوتەن، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق شەھەرلەردە كەڭ ئەۋج ئالغان. بازار كۈنلىرى ئاتاقلىق مەدداھلار تەرەپ - تەرەپتىن بۇ شەھەرلەرگە يىغىلىپ مۇۋاپىق سورۇنلاردا بەس - بەس بىلەن مەدداھلىق قىلغان. چوڭ سورۇنلاردا مەدداھلىق قىلغۇچى بىرقانچە مەدداھتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىرى ئاساسلىق رول ئالغۇچى باش مەدداھ، بىر ياكى ئىككىسى «دوست تارتىپ بېرىدىغان» قوشۇمچە مەدداھ ھېسابلىنىدۇ. بەزىدە مۇزىكا تەڭكەش قىلىپ بەرگۈچى سازەندە ئايرىم بولسا، بەزىدە باش مەدداھ ئۆزى ھەم مۇزىكا چالىدۇ، ھەم ناخشا ئېيتىدۇ، ھەم سۆزلەيدۇ. مەدداھنىڭ سۆزلەيدىغانلىرى كۆپىنچە قەدىمكى تارىخىي قىسسەلەر، ئاتاقلىق خەلق داستانلىرى، ئەپسانە - رىۋايەتلەر، قىزىقارلىق ھېكايە - چۆچەكلەر، جەڭنامىلەر ۋە بەزى داڭلىق كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ھېكايە قىلغاندا خۇددى دراما ئارتىسلىرىدەك يالغۇز ئۆزى بىرقانچە پېرسوناژنىڭ ئوبرازىنى جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا مەدداھ سورۇن تۈزمەكچى بولۇپ چاقىرىش دۇمبىقىنى ياكى ناغرىسىنى چالغان ھامان مەدداھقا ئادەتلىنىپ قالغان خەلق توپى ئۇنىڭ ئەتراپىغا دەرھال يىغىلىپ، ئۆزلۈكىدىن چەمبەر شەكلىدە مەيدان ھازىرلايدۇ. مەدداھنىڭ سەنئەت ماھارىتىگە مەپتۇن بولغان خەلق ئۇنىڭ مەدداھلىق پائالىيىتى ئاخىرلاشقىچە بىرقانچە سائەت مىدىرلىماي ئولتۇرىدۇ ياكى ئۆرە تۇرۇپ ئاڭلايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يۇقىرىقىدەك كەسىپلەشكەن مەدداھلىقتىن باشقا، يەنە بەزى رايونلاردا ياشانغانلار بىرەر ئۆيگە توپلىشىپ ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە قىسسە ياكى ھېكايە ئېيتىشىدىغان، قىزىقارلىق قەدىمكى كىتاب - رىسالىلەرنى ئوقۇپ ئاڭلايدىغان ئادەتمۇ بار. مەسىلەن، تۇرپان رايونىدىكى ياشانغانلار ئارىسىدا قەرەللىك ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان «دادۇر مەشرىپى» ئەنە شۇنداق خاراكتېرگە ئىگە. بۇمۇ مەزمۇن ماھىيىتىدىن ئېلىپ

ئېيتقاندا، مەدداھلىقنىڭ بىر خىل تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

مەدداھلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاممىۋى مۇراسىم ۋە ھەر خىل سەيلە پائالىيەتلىرىدە ناھايىتى قىزىپ كېتىدۇ. قەشقەرنىڭ «ھەزرەت سەيلىسى»، ئوپالدىكى «نورۇز — بۇلاق سەيلىسى»، يېڭىساردىكى «ئودىخېنىم سەيلىسى»، خوتەندىكى «كوھمارىم سەيلىسى» قاتارلىق كۆلىمى چوڭ مۇراسىم پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىدىن بىرى مەدداھلىق بولۇپ، مۇشۇ سەيلە مەزگىللىرىدە يۇرت-يۇرتلاردىن كەلگەن مەدداھلار تەرەپ-تەرەپتە سورۇن تۈزۈپ، مىڭلىغان سەيلىچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

مەدداھلىق ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنى ئىچىدە گەرچە ساغلام بولمىغان بەزى دىنىي تەركىبلەرنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ خەلق سەنئىتىنى يۈكسەلدۈرۈش، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تارقىتىش ۋە بېيىتىش، خەلقنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىنى ساقلاپ قېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئوينىغان رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. (ئا)

## چاقچاق

چاقچاق — ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىنىڭ ھەجۋىي تۈرىگە خاس ئاممىۋى ژانىرىدۇر. چاقچاق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شۇنچىلىك كەڭ ئومۇملاشقانكى، ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى چاقچاقسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۆزىنىڭ شەكلى بويىچە، چاقچاق ئالاھىدە بىر خىل دىئالوگ بولۇپ، ئۇ، ئادەتتە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بىر توپ ئادەملەر ئارىسىدا قانات يايىدۇ. ئەمما چاقچاقنىڭ خاراكتېر جەھەتتىن كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى سۆھبىتى ئەمەس. چاقچاقنىڭ يادروسى جاراڭلىق كۈلكە بولغاچقا، ئۇ كىشىلەردە ئىختىيارسىز تەبىئىي كۈلكە قوزغاشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئىنسان كۈلكىگە موھتاج. شۇڭا كىشىلەر «بىر قېتىم كۈلسەڭ ئون يىل ياشىرىسەن» دېيىشىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدا چاقچاق بىر خىل مەنىۋى كۈچ سۈپىتىدە، ئىنسان قەلبىگە ئېستېتىك تۇيغۇ بېغىشلاپ روھنى ئۇرغۇتىدۇ، ھايات مەئىشەتلىرىدىن ھوزۇرلاندۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلار خۇش چاقچاق، يۇمۇرغا باي خەلق. شۇڭا ئۇلار قەدىمدىن تارتىپ چاقچاقنى ئۆز تۇرمۇشىغا ھەمراھ قىلىپ كەلگەن. ئۇلار ئۆزئارا بىر — بىرى بىلەن كۆرۈشكەندە گېپىنى چاقچاق بىلەن باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى توي — تۆكۈن ۋە باشقا مۇراسىملار، خىلمۇ خىل سەيلە پائالىيەتلىرى، ئاممىۋى مەشرەپلەر، مېھماندارچىلىق ۋە سۆھبەتلەر ... نىڭ ھەممىسى چاقچاقسىز ئۆتمەيدۇ. شۇڭا كۈلكە — چاقچىقى بولمىغان ئولتۇرۇشلارنى «راھىبلارنىڭ بۇتخانىدىكى تىلاۋىتى» گە ئوخشىتىپ، ئۇنىڭدىن رازى بولمايدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»، «سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرى»، «موللازەيدىن لەتىپىلىرى» دىن تارتىپ تاكى بۈگۈنكى رېئال تۇرمۇشىمىزغا كۈلكە بېغىشلاۋاتقان ھېسام قاتارلىق لەتىپىچىلەرنىڭ خۇش خۇي ئوبرازلىرى ئۇيغۇرلاردىكى ئەنە شۇ چاقچاق ئادىتىنىڭ جانلىق سىماسى. ئۇيغۇر سۆز سەنئىتىدە چاقچاق ژانىرىنىڭ شۇنچىلىك ئەۋج ئېلىشى ئۇلارنىڭ مىللىي پسىخىكىسىدىكى يۇمۇرلۇق خاراكتېر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ خىل خاراكتېرنىڭ يېتىلىشىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك شارائىتى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي شارائىتى، تارىخىي شارائىتى، مەدەنىيەت قاتلىمى قاتارلىق ئىچكى — تاشقى ئامىللارنىڭ مىللىي خاسلىقى سەۋەب بولغان.

ئۇيغۇر چاقچاقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى كۆپ تەرەپلىملىك بولۇپ، ھازىر جاۋابلىق، مەنتىقىلىقلىق، دەلمۇدەللىك، قاراتمىلىقلىق، يوشۇرۇن مەنىدارلىق، ئوبيېكتىپلىق (پىكىر مەزمۇنىنىڭ بىر — بىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىشى) قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە مەركەزلىشىدۇ. ھەرقانداق ۋاقىتتا چاقچاق بىرەر تېمىغا، بىرەر نىشان (ئوبيېكت) غا مەركەزلىشىدۇ، ئۇنىڭدىن چەتنەپ كەتسە چاقچاقنىڭ كۈچى بولمايدۇ ھەمدە كۈلكە پەيدا قىلالمايدۇ.

ئۇيغۇرلاردا چاقچاقنىڭ تۈرلىرى سورۇنغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. مەسىلەن:

«ئۇچۇم قىلىش» خاراكتېرىدىكى چاقچاقلار،

يەنى كونكرېت بىر ماۋزۇ ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرغان چەمبەر ئىچىدە چاقچاقلىشىش. چاقچاقنىڭ بۇ خىل شەكلىدە مەلۇم بىر شەخسنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ھەربىر ئېپىزوت ۋە قىزىق پەيتلىرىنى، خاراكتېرىدىكى ئۆزگىچىلىكلەرنى كۈلكىلىك تەسۋىرلەش، مۇبالىغىلەشتۈرۈش ئارقىلىق غەيرىي «ئادەم» ياساپ چىقىش — «ئۇچۇم قىلىش» دېيىلىدۇ. چاقچاقچىلار ئاجايىپ ماھارەت بىلەن ئۆز ئوبيېكتىنى «ئۇچۇم» قىلغاندىن كېيىن، ئاخىرىدا ئەپچىل ئۇسۇل بىلەن ئۇنى قايتۇرۇپ قاتارغا قوشۇۋالىدۇ. نەتىجىدە چاقچاق ئوبيېكتى جۈملىدىن باشقىلارمۇ بۇنىڭدىن ھېچقانداق غەيرىيلىك ھېس قىلمايدۇ.

«لەقەملىك چاقچاق» — چاقچاقنىڭ ئەڭ كەڭ تارقالغان شەكلى. ئۇيغۇرلاردا شەخسلەرنىڭ خاس ئىسمىغا قانداقتۇر بىر لەقەمنى قوشۇپ ئاتاش ئادەتكە ئايلانغان. خەلقتە «لەقەمسىز كىشى بولماس» دېگەن ئىبارە بار. دەرۋەقە، ئۇيغۇرلاردا شەخسىي لەقەمدىن باشقا ئاتىدىن بالىغا، بالىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان ئەۋلادلار لەقىمى ھەتتا يۇرت — مەھەللىلەرگە ئورتاق يۇرت لەقەملىرى بولىدۇ. لەقەملىك چاقچاقتا چاقچاق ئوبيېكتىنىڭ لەقىمىنى توغرىدىن توغرا تىلغا ئالماي، خىلمۇ خىل بوياق بىلەن پەردازلاپ ئىشارىلىك سۈرەتلەش ئارقىلىق كۈلكە پەيدا قىلىدۇ. لەقەملىك چاقچاقتا چاقچاقچىنىڭ ھازىر جاۋاب بولۇشى، تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ماقال — تەمسىللىك چاقچاقلار: چاقچاقنىڭ بۇ تۈرى كۆپ ھاللاردا لەقەملىك چاقچاقلار بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، بىر كىشىنىڭ لەقىمى «تۆگە» بولۇپ، ئۇ بىر ئولتۇرۇشتا قوپال، قاملاشمىغان ئىش قىلىپ قويسا، بۇنى بايقىغان چاقچاقچى «تۆگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق» دېگەن ماقالدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق چاقچاق باشلايدۇ. چۈنكى ھەرقانداق ماقال — تەمسىل پەيدا بولۇش جەھەتتىن قاراتمىلىققا ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن چاقچاقچىلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىكى ماقال — تەمسىللەردىن، ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن، خەلقنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىشتا ماھىر بولۇشى كېرەك.

چاقچاقنىڭ «ئوخشىتىش» شەكلىدە ئوبيېكت قىلىنغان شەخسنىڭ قىياپىتىدە، خۇلق — مىجەزىدە كۆزگە چېلىقىدىغان غەلىتە كۆرۈنۈش ۋە غەيرىي ھالەتلىرىنى خۇددى شۇنىڭغا ئوخشىشىدىغان تۈرلۈك نەرسىلەرگە — ھايۋانات، ئۇچار قانات ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئوخشىتىش، تەڭلەشتۈرۈش ۋە تەقلىد قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق چاقچاقنى راۋاجلاندۇرىدۇ.

قاپىيىلىك چاقچاق: چاقچاقنىڭ بۇ شەكلى شېئىرىي شەكلىدە قاپىيە قوغلىشىش ئۇسۇلى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. قاپىيىلىك چاقچاق ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھىتىنى نامايان قىلىش بىلەن بىرلىكتە، كىشىلەرگە بەدىئىي لەززەت بېرىدۇ. خەلق ئارىسىدىكى «قاپىيىگە كەلگەندە ئاتاڭدىن قايتما» دېگەن ئىبارە بار، بۇ قاپىيىلىك چاقچاق شەكلىنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدا ئالاھىدە ئېتىبارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

« سۆز ئويۇنى » مۇ چاقچاقنىڭ ئۆزىگە خاس بىر تۈرى بولۇپ، ئۇ، ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇبالىغە، ئوخشىتىش، سىمۋول، مېتافورا قاتارلىق ستىلىستىك ۋاستىلەرگە تايىنىدۇ.

دېمەك، خەلق دانىشمەنلىكىنىڭ يۈكسەك بىر ئىپادىسى بولغان چاقچاقتا خەلق تىلىنىڭ ھەقىقىي بايلىقى، رەڭمۇ رەڭلىكى، ئەۋرىشىملىكى، مەنىدارلىقى، تەسىرىي قۇۋۋىتى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى نامايان قىلىنىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھەقىقىي مەنىدىكى چاقچاق بىلەن ئادەتتىكى مازاق قىلىش ماھىيەت جەھەتتە ئوخشاشمايدۇ. چۈنكى مازاق قىلىشتا بىرىنچىدىن، مەنتىقە يوق، ئىككىنچىدىن، ئىجابىي مەزمۇندىن كۆرە، ئۇنىڭدا تەنە ۋە دوق قىلىش ئىپادىسى ياكى بىراۋنىڭ زىتىغا — غۇرۇرىغا تېگىش، شەخسنى كەمسىتىش، مەسخىرە قىلىش ئوخشاش سەلبىي مەزمۇندىكى پىكىرلەر ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئەكسىچە، چاقچاق ئىلمىي بولىدۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ۋە ئەدەب — ئەخلاق مىزانلىرىغا قاتتىق رىئايە قىلىدۇ، كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئېچىپ دىلىنى رەنجىتىشتىن ساقلىنىدۇ. شۇڭا

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چاقچاق سورۇنغا ۋە ئۇبيېكتقا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. كىچىكلەر چوڭلارغا، ئەرلەر ئاياللارغا چاقچاق قىلىشتىن ساقلىنىدۇ. قىسقىسى، چاقچاق تۇرمۇشقا خۇش خۇي مەزمۇن بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ( ئا )

## خەتتاتلىق

خەتتاتلىق — ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ سەنئەت تۈرلىرى ئىچىدە ئۇزاق تارىخقا، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان يېزىق سەنئىتى. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى، تەرەققىياتى يېزىق بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخي جەريانىدا تۈرك يېزىقى يەنى ئورخۇن – يەنسەي يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب يېزىقى، چاغاتاي يېزىقى، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر كونا يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارنى قوللىنىشتىن باشقا، تارىختا براخمان يېزىقى، مانىي يېزىقى، قەدىمكى سۇرىيە يېزىقى قاتارلىق يېزىقلاردىن پايدىلىنىپ، ھەممە ساھەدىن قىممەتلىك يادىكارلىقلار قالدۇرغان. يەنە ئۇزاق تارىخي دەۋرلەردىن يېتىلىپ چىققان يۈكسەك ماھارەتكە ئىگە خەتتاتلارنىڭ ئورخۇن – يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدىن تارتىپ، تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلاردىن تېپىلغان ھەر خىل يېزىقتىكى بېغىشلىما مەزمۇنىدىكى ھۆسن خەتلەر ۋە ئىسلامىيەتتىن بۇيانقى كلاسسىك قول يازمىلار، دىيارىمىزدىكى قەدىمكى مەسچىت، مازار ۋە ئىمارەتلەرنىڭ ۋاسا، كاھىشلىرى، مېھراب ۋە تامغا ئويۇپ ھەل بېرىلگەن ھۆسن خەتلەردىن قارىغاندا ئۇيغۇر خەتتاتلىقى بىناكارلىق سەنئىتىمىزدىمۇ ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتكەن.

ئۇيغۇرلاردا ئۇزۇندىن قوللىنىپ كېلىۋاتقان تۈزخەت نۇسخىسى، روقئى خەت نۇسخىسى، تەئلىق خەت نۇسخىسى، ئەسلىيە خەت نۇسخىسى، سۇلۇس خەت نۇسخىسى بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا ئۆز ئالدىغا ئايرىم ھەرپ شەكلىگە ئىگە نەسخى خەت نۇسخىسى، كۇفى خەت نۇسخىسى، شەتەرەنجى كوفى خەت نۇسخىسى، رەيھانى خەت نۇسخىسى، ئىجازەت خەت نۇسخىسى، دىۋانى خەت نۇسخىسى ۋە چەللى دىۋانى خەت نۇسخىسى قاتارلىقلار ۋە تۆۋئەم، تەسۋىرىي، كۈرگۈل، جەللى خەت نۇسخىلىرى بار. ئۇيغۇر خەتتاتلىرى بۇ نۇسخىلاردىن ئاجايىپ گۈزەل خەتلەرنى يازىدۇ. ئۇلارنىڭ خەتلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۆركەشلەپ تۇرغان دېڭىز دولقۇنلىرىدەك جۇلالاپ كىشىگە ئۈمىد ۋە جاسارەت ئاتا قىلسا، بەزىلىرى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان بۇلاق سۈلىرىنى، خۇش ناۋا سايراۋاتقان بۇلبۇللارنى ئەسلىتىپ كىشى قەلبىگە شادلىق، خاتىرجەملىك بېغىشلايدۇ. بەزى خەتلەر ساھىبجامالارنىڭ ھۆسنىنى ئەكس ئەتتۈرسە، يەنە بەزىلىرى ئۇچار قۇشلارنى، گۈل – گىياھلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەتتاتلىقى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قەلەم، قەغەز، سىياھلارنى ئىشلىتىدۇ. ئۇيغۇر يېزىقى ئېلىپبەلىك يېزىق بولۇپ، ھەرپلىرى ئۇلىنىپ يېزىلىدىغان بولغاچقا، خەتتاتلار خەتنىڭ تەكشى، كۆركەم، چىرايلىق يېزىلىشى ئۈچۈن قومۇش ( بامبۇك )، ئىرغاي ياغىچى، قارىغاي ياغىچى قاتارلىقلاردا مەلۇم كەڭلىككە، مۇقىم ئۆلچەمگە، ئېلاستىكلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە، سىياھ راۋان چىقىدىغان، ياپىلاق ئۇچلۇق قەلەملەرنى ياساپ ئىشلىتىدۇ. قەلەم ئۇچى ئىككى – ئۈچ سانتىمېتر ياپىلاق ئۇچلىنىپ بىرئاز ئېلاستىكلىق ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇچىنىڭ ئىككى قىرلىق تەرىپى زۆرۈر بولغان كەڭلىكتە ئۆلچەمگە ئاساسەن سىلىقلىنىدۇ ۋە ئۇچىنى ئون بەش گرادۇستىن ئوتتۇز بەش گرادۇسقىچە تەكشىلەپ كېسىپ ئۇچىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن تەخمىنەن بىر سانتىمېتىردىن بىر يېرىم سانتىمېتىرغىچە جىراق ئېچىپ قويىدۇ.

قەغەز: ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىختىن بۇيان كەندىر، ئۈجمە دەرىخى قوۋزىقىدىن قەغەز ( خوتەن قەغىزى ) ياساپ، قەغەزنى تاختاي ئۈستىدە قويۇپ، قاشتېشى ياكى سىلىق تاش بىلەن سۈرۈپ چىڭداپ – سىلىقلىتىپ پىششىقلايدۇ.

سىياھ: قارا سىياھ ئىشلىتىدىغان بولۇپ سىياھقا ناۋات ئارىلاشتۇرىدۇ. بۇنداق سىياھ يېپىشمايدۇ، ئاسان تۆزۈلمايدۇ. قەدىمدىن باشلاپ راۋاج تاپقان ئۇيغۇر خەتتاتلىق ئەنئەنىسى بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققەت – ئېتىبارىنى قوزغايدىغان ئالاھىدە بىر سەنئەت تۈرىگە ئايلاندى. (ش)

# XIX ئۇيغۇرلارنىڭ تەنتەربىيە ۋە ئويۇنلىرى

## پۇتبول

ئۇيغۇرلاردا ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ھەر خىل تەنتەربىيە تۈرلىرى بار. بۇنىڭ ئىچىدە پۇتبول ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. بەزى تارىخىي مەلۇماتلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي قوۋملەرنىڭ قوزىنى تۇلۇمچىلاپ سويۇپ ئىچىگە يەل (ھاۋا) تولدۇرۇپ ئىشلەنگەن توپنى تېپىش ئۇسۇلى بىلەن قارىمۇ قارشى قەلئەلەرنىڭ ئىچىگە كىرگۈزىدىغان «تەپۈك» تېپىش ناملىق بىر ئويۇنى بار ئىدى، دېيىلگەن («تۈرك قامۇسى»، 29-توم، 384-بەت). يەنە «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى» دېگەن كىتابنىڭ 276-بېتىدە پۇتبول، چەۋگەن ئويۇنلىرى ھون دەۋرىدىن بۇيان «تۈركىي قوۋملەر ئارىسىدا ئوينالغان» دېگەن ئىبارىلەر بار.

تارىخىي پاكىتلاردىن قارىغاندا، پۇتبول ياكى توپ تۈركىي قوۋملەر تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. دەرۋەقە، ئۇ چاغلاردىكى توپ ھازىرقى زاماندىكى توپقا ئوخشاشماستىن «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا كۆرسىتىلگەندەك، تۇلۇمچە سويۇلغان قوزا تېرىسىگە يەل قاچىلاپ تېپىش، يىپ توپ تېپىش، يۇمشاق نەرسىلەردىن ياسالغان توپنى تېپىش شەكلىدە بولغان.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ پۇتبول ئويناش ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئادەت بولغان. ئۇيغۇر باللىرى ئورما ۋاقتىدا بۇغداي ئېگىزى، كۈزدە قوناق ئېگىزى ۋە خامانلاردا ئېشەك مىنىپ ئوغلاق (تۇلۇمچە سويۇلغان قوزا تېرىسىگە سامان تىقىپ ياكى يەل بېرىپ)، چەۋگەن، ۋاللەي ئويناشتىن تاشقىرى، يىپتىن ياسالغان ياكى ئىككى كونا تۇماق ئىچىگە يۇڭ ياكى پاختا تىقىپ توپ قىلىپ، چاپاندىن قاپقا (قەلئە) ياساپ پۇتبول ئوينايدۇ.

XIX ئەسىرنىڭ 70-يىللىرى مەشھۇر سودىگەر، مەرىپەتچى زات باۋۇدۇن مۇسابايوۋ شىنجاڭدىكى دىنىي مەكتەپلەردە پەننىي دەرس قوشۇپ ئوقۇشنى يولغا قويىدۇ. 1883-يىلى ئاتۇش ئىكساقتا دەسلەپ ئۈچ سىنىپلىق مەخسۇس پەننىي مەكتەپ، 1885-يىلغا كەلگەندە زامانىۋى سەككىز سىنىپلىق پەننىي مەكتەپ سېلىپ، ئالتە مو يەردە تەنتەربىيە مەيدانى ياسايدۇ. ئوقۇغۇچىلار بۇ مەيداندا يۈگۈرۈش، سەكرەش، مېڭىش، تۇرۇش قاتارلىق ئاددىي تەنتەربىيە مەشغۇلاتلىرىنى ئېلىپ بېرىشتىن سىرت، چامباش، پۇتبول، تارتىشماق (ئارقان ۋە كالتەك)، «ئەسىر ئېلىش»، «تاش كەلدى - تاش كەتتى» قاتارلىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان.

1902-يىلى باۋۇدۇنباي ئۆز خىراجىتى بىلەن روسىيە، تۈركىيىگە ئوقۇغۇچى چىقىرىدۇ، ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتقاندىن كېيىن باشقا تەنتەربىيە تۈرلىرى قاتارىدا پۇتبولمۇ زامانىۋىلىشىدۇ، نەتىجىدە ئۇيغۇر تۇنجى زامانىۋى پۇتبول كوماندىسى قۇرۇلىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي پۇتبول پۈتۈن شىنجاڭغا تارقىلىدۇ.

1927-يىلى 7-ئايدا، ئاتۇش ئىكساقتا قۇرۇلغان ئۇيغۇر پۇتبولچىلار كوماندىسى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ پۇتبول كوماندىسى بىلەن مۇسابىقىلىشىپ، ئۇلارنى بىرگە قارشى ئىككى نەتىجە بىلەن، شۋېتسارىيىنىڭ ئىشتىن سىرتقى پۇتبول كوماندىسىنى نۆلگە قارشى يەتتە نەتىجە بىلەن يېڭىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەينى ۋاقىتتا ئىكساقتا قۇرۇلغان پۇتبول كوماندىسىنىڭ ئەزالىرى گەرچە يېشى يەتمىشتىن ئاشقان بولسىمۇ، يېڭى زامان پۇتبول مەيدانىدىن ئورۇن ئالىدۇ. كېيىن (1951-

يىلى ) ياشانغان دېھقانلاردىن تەركىب تاپقان بۇ ئۇيغۇر پۇتبول كوماندىسى غەربىي شىمال رايونى بويىچە چېمپىيون بولدۇ .

بۇ ئەھۋاللار بىزگە پۇتبول ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي تەنتەربىيە تۈرلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدا خېلى بۇرۇنلا كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . ( ش )

## دارۋازلىق

دارۋازلىق — ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىختا ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇنىڭ تارىخىي مەنبەسى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى كۆك تەڭرىگە ئېتىقاد قىلغان دەۋرلىرىگە تۇتىشىدۇ . قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز كۆك تەڭرىگە بولغان سىغىنىش ۋە يۈكسەك ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن يەردىن مۇئەللەق تۇرىدىغان ئېگىز دارلارنى باغلاپ ئۆزلىرىنىڭ كۆككە ئىنتىلىش روھىنى ئىپادىلىگەن . ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي قارىشىدا دار ئۇستى ( تەختىراۋان ) گە چىقىش گوياكى تەڭرى ماكانىغا چىققانلىق ھېسابلىناتتى . شۇڭا خەلقنىڭ ئارىسىدا دارغا چىقىدىغان دارۋاز ئالاھىدە ئۇلۇغلانغان ۋە مۇقەددەسلەشتۇرۇلگەن ھەمدە دارغا چىقىش تەنتەنىلىك مۇراسىم شەكلىدە ئۆتكۈزۈلگەن .

مەيدان ۋە دارنىڭ تىكلىنىشى : دار ئۇزۇنلۇقى يۈز مېتىر ، كەڭلىكى ئاتمىش مېتىر كېلىدىغان جايغا تىكلىدۇ . دار تۈۋىدىكى ئون مېتىردىن ئۇزۇن ئۈچ ئوق ياغاچتىن ئۇلىنىش بىلەن ئوتتۇز مېتىردىن ئېگىز تەييارلىنىدۇ . دار ئۇستىگە تاختا پەردە ئورنىتىپ ئۇستىنى قىزىل شەلپە رەڭ بىلەن گۈمبەز شەكلىدە ياسايدۇ . ئۇنىڭ ئۈچ بايرىقى بولىدۇ . تاختا پەردە ئاستىغا ئۈچ مېتىرلىق ياغاچ توغرىسىغا باغلىنىپ ئىككى بېشىغا يالاڭ چىغىرىق ، ئۇچىغا چىغرىق بېكىتىدۇ . ئوڭ تەرەپكە گۈلەڭگۈچ شەكلىدە ئارغامچا تېڭىپ ، ئىككى ئۇچىنى تاختاينىڭ ئىككى بېشىدىن چىگىپ قويىدۇ . سول تەرەپكە يەنە ئارغامچا چىگىپ دىئامېتىرى ئوتتۇز سانتىمېتىر تۆمۈر ھالقا بېكىتىدۇ . دار ئارغامچىسى سەكسەن ئىككى مېتىر بولۇپ ، ئوق ئارغامچا دېيىلىدۇ . ئۇنىڭ بىر ئۇچى تاختا پەردىنىڭ ئاستىغا ، تۆۋەن ئۇچىنى ئوتتۇز- قىرىق بەش گرادۇسلۇق قىلىپ يەرگە قوزۇق قېقىپ باغلايدۇ . ئارقا تام ئارغامچىسىنى دار تۈۋرۈكىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان قىلىپ ، ئۇنى تۈۋرۈكنىڭ قارشى تەرىپىگە باغلايدۇ . يەنە دار ئارغامچىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان توققۇز - ئون ئىككى مېتىرلىق ئىككى ئاچا ياغاچ بولىدۇ . بۇنى ھاۋاز ياغىچى دەپ ئاتايدۇ . ئارغامچىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلايدىغان ، ئىككى تەرەپكە تارتىپ تۇرىدىغان پەردە ئارغامچا بولىدۇ .

لەنگەر چوپ ( تەڭشەك ياغاچ ) ئالتە مېتىر ۋە توققۇز مېتىرلىق بولۇپ ياپىلاق ياغاچتىن ياسىلىدۇ . ئۇ ھاۋا قارشىلىقىنى پەسەيتىدۇ ، دارۋازنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى تەڭشەيدۇ .

دارۋازنىڭ خاس كىيىمى بولۇپ ، پاپاق ، سەللە ، كەشتىلەنگەن گۈللۈك پۇچقاقلىق زەر تۇتقان شىم ، بەلباغ ، ئالما ئۇرۇقى دۇخاۋا كالتە چاپاندىن ئىبارەت . دار ياسىغۇچىلار ، مۇزىكانتلارمۇ مىللىي ئۇسلۇبتا كىيىنىدۇ . دارۋاز مەيدانغا كولدۇرما ئاسقان يوپۇقلۇق ئات مىنىپ كىرىدۇ . قارشى ئېلىش مۇزىكىسى چېلىنىدۇ .

دار ئۇستى ماھارىتى ، ئارقان ئۈستىدە يالىڭاياغ مېڭىش ، ئولتۇرۇپ قوپۇش ، ئارقانغا مىنىش ، ئارقاندا موللاق ئېتىش ، كۆزىنى تېڭىپ مېڭىش ، پۇتىغا تەخسە تېڭىپ مېڭىش ، تاقلاپ مېڭىش ، ياغاچ ئاياغ بىلەن مېڭىش ، داردىن سىيرىلىپ چۈشۈش قاتارلىقلار .

چىغرىق ئويۇنى يالاڭ چىغرىقتا پىرقىراش ، بەلنى چىغرىقتا قويۇپ ئۆزىنى تۆۋەنگە ئېتىش ، چىغرىقتا قولتۇقتا قىسىپ تۇرۇش ، چىغرىقتا ئولتۇرۇپ ئۆزىنى ئارقىغا ئېتىش ، چىغرىق ياغىچىغا پۇتىنىڭ ئۇچىنى ئېلىپ تۇرۇش ، بىر قولتۇقتا چىغرىقتا تۇرۇش ، بوشلۇقتا شۇڭغۇش ھالىتىدە تۇرۇش، چىغرىق ھالقىسىغا بىر پۇتىنى بىر تەرىپىگە قويۇپ پىرقىراش ، ئىككى ھالقىغا پۇتىنى سېلىپ ئۆزىنى تۆۋەنگە تاشلاش قاتارلىقلار .

دار رىتىملىك ساز - مۇزىكا ساداسى بىلەن ئوينىلىدۇ . دارۋازلار يالغۇزلا دار ئويناپلا قالماستىن ، جانبازلىق ، چەۋەندازلىق ، سېركىچىلىكنى بىرگە ئوينايدۇ .

دارغا چىقىش بىر خىل ئالاھىدە مۇراسىم تۈسىنى ئالغان بولۇپ، مىڭلىغان تاماشىبىنلار دارنى چۆرىدەپ، دار باشقۇرغۇچىغا ئەگىشىپ دارۋازنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىنى تىلەپ دۇئا - تەكبىر قىلىشىدۇ. ئۇيغۇر دارۋازلىرى بىلىگە ھېچقانداق «بىخەتەرلىك تاسمىسى» باغلىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر دارۋازلىرىنىڭ چەبدەسلىكى ۋە ھېچنېمىدىن قورقماس باتۇرانە روھى ھەرقانداق تاماشىبىنلارنى ھەيران قالدۇرىدۇ. (ش)

## چېلىشىش

چېلىشىش — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىنىڭ بىرى. قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ ھېيت - ئايەم، سەيلە، توي - تۆكۈن قاتارلىق ھەرخىل ئاممىۋى پائالىيەتلەردە ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر ئارا چېلىشىش مۇسابىقىلىرى ئېلىپ بېرىپ، پالۋانلارنىڭ غەيرەت - شىجائىتىنى سىناش ئادەتكە ئايلانغان.

چېلىشىشنىڭ ئالدى بىلەن قاچان، قەيەردە، قايسى خەلقلەر تەرىپىدىن كەشپ قىلىنغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات يوق. ئەمما، ئۇنىڭ ئۇۋچىلىق ئەمگىكىنىڭ ئېھتىياجى ئاساسىدا ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە پەيدا بولغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن.

ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا 1983 - يىلى بارچۇق (مارالبېشى) نىڭ چوڭ تىم خارابىلىقىدىن تېپىلغان بىر قىزىل ساپال ھەيكەل ساقلانماقتا. بۇ ھەيكەلدە ئىككى چېلىشچى راسا گىرەلىشىپ كەتكەن. بىر چېلىشچى قارشى تەرەپنى سول يانپېشىغا ئالغان، يانپاشقا چىقىپ قالغان چېلىشچى بولسا، پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، قارشى تەرەپنىڭ سول تىقىمى بىلەن ئوڭ مۈرىسىگە گىرە سالغان. بۇ كۆرۈنۈش بىزگە ئۇيغۇرچە چېلىشىش شەكلىنى ئەسلىتىدۇ.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دا «قىز بىلەن چېلىشما، تۇغمىغان بايتال بىلەن چېپىشما» (I توم، 619 - بەت) دېگەن ماقال ئۇچرايدۇ. يۇقىرىقىدەك تارىخىي پاكىتلار چېلىشىش ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

دۇنيادىكى كۆپچىلىك مىللەتلەرنىڭ ئادىتىدە چېلىشىش ئاممىۋى تەنتەربىيىنىڭ بىر خىل ئەنئەنىۋى شەكلى سۈپىتىدە مەۋجۇت. ئەمما چېلىشىش ئۇسلۇبى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. جۈملىدىن ئۇيغۇرچە چېلىشىشمۇ باشقا خەلقلەرنىڭ چېلىشىش شەكلىدىن پەرقلىق ھالدا ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە

قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا پەقەت بەل تۇتۇپ چېلىشىش شەكلى ئاساس قىلىنغان. بەلدىن باشقا ئەزالارنى تۇتۇشقا، چەمەك سېلىشقا، چاپۇتلاپ يىقىتىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

چېلىشىش مەيدانىغا چۈشكەن ئىككى پالۋان بېلىگە بەلباغ (پوتا) باغلايدۇ. A تەرەپ B تەرەپنىڭ، B تەرەپ A تەرەپنىڭ بەلبېغىدىن تۇتىدۇ. رېپىرى (نازارەتچى) ئۆزئارا بەل تۇتۇشۇش قائىدىگە ئۇيغۇن بولسا، چېلىششقا كوماندا بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسابىقە باشلىنىدۇ. كىم يانپاشقا ئېلىپ قارشى تەرەپنى يەرگە يىقىتالىسا، شۇ كىشى غەلىبە قىلغان ھېسابلىنىدۇ. ئۇتقان كىشى مەيداندا قالىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىشنى خالايدىغان پالۋانلار ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا چۈشىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ بىلەن بەل سىنىشىدىغان ئادەم چىقمىسا، ئۇ شۇ مەيداننىڭ چېلىشىش پالۋانى بولۇپ قالىدۇ. قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق شەرقىي شىنجاڭ رايونلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چېلىشىش شەكلى قەشقەرچە چېلىشىش شەكلىدىن ئاز - تولا پەرق قىلىدۇ. بۇ رايونلاردىكى چېلىشىش شەكلى بىر قەدەر قەدىمىلىك ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالغان.

ئومۇمەن، چېلىشىش ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شۇنچىلىك كەڭ ئومۇملاشقانكى، يېزا - كەنتلەردە چېلىشىش ئويۇنى قىش - يازدىكىدەك ئېتىز - ئېرىق بېشىدا، ئەمگەك مەيدانلىرىدا خالىغان پەيتتە ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرۇشتىن تاشقىرى، ھەرخىل ئاممىۋى مۇراسىملاردا كۆلىمى چوڭ بولغان چېلىشىش پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. چېلىشىشنى باللىق دەۋرىدىن باشلاپ مەشق قىلىدۇ. ئادەتتە ھەر بىر يۇرتنىڭ بىر قانچە نەپەر چېلىشىش پالۋانلىرى بولۇپ، يۇرت جامائىتى ئۇلارنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيدۇ ۋە مۇشۇ ماھىرلىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

ئەگەر بىرەر جايدا چېلىشىش بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپسا، ھەرقايسى يۇرت جامائەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ چېلىشچىلىرىنى ئېلىپ، شۇ سورۇنغا ھازىر بولىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرچە چېلىشىش شەكلى مىللىي تەنتەربىيىنىڭ مۇھىم تۈرلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، خەلقئارا مۇسابىقىلەردە ئۆز ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلماقتا. (ئا)

## ئوغلاق تارتىشىش

ئوغلاق تارتىشىش — ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى ئات ئۈستى ئويۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» دەۋرىنىڭ يالدامىسى. بۇ ئويۇن ئادەملەرنىڭ باتۇرلۇق ۋە جەڭگىۋارلىق خىسلىتىنى نامايان قىلىدىغان ئات ئۈستى مەشقى بولۇپ، ئاتنى ئەڭ بۇرۇن قولغا كۆندۈرگەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا بارلىققا كەلگەنلىكى مۆئەييەنلەشتۈرۈلمەكتە.

ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنىمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇسابىقە شەكلىدە توي - تۆكۈن، ھېيت - مۇراسىم پائالىيەتلىرىدە ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. ئوغلاق تارتىشىش كۆپرەك چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە شەھەردىن چەترەك يېزا - قىشلاقلاردا كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇنداق يۇرتلارنىڭ كۆپچىلىكىدە مەخسۇس ئوغلاق تارتىشىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرگەن چەۋەندازلار بولىدۇ. ئۇلار ئوغلاق تارتىش خەۋىرىنى ئاڭلىغان ھامان ئالاھىدە تەربىيىلىگەن ئاتلىرىنى مىنىپ، يۇرت - مەھەللىلەر بويىچە سەپ تارتىپ بەلگىلەنگەن ئوغلاق تارتىش مەيدانىغا ھازىر بولىدۇ. ئوغلاق تارتىشىشقا قاتنىشىدىغان چەۋەندازلارنىڭ سانى چەكلەنمەيدۇ. ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان ئىككى تەرەپ تەييار بولغاندىن كېيىن، مۇسابىقىنى تەشكىللىگۈچى شەخس ئالدىن تەييارلىغان ئوغلاقنى بەلگىلەنگەن ئورۇنغا تاشلاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسابىقە باشلىنىدۇ. ئېتى يۈگۈرۈك ماھىر چەۋەندازلار بەس - بەس بىلەن ئات چاپتۇرۇپ، ئوغلاقنى بۇرۇن ئېلىۋېلىشقا تىرىشىدۇ. ئوغلاقنى يەردىن ئېلىپ ئۆزەڭگە ئاستىغا ياكى تېقىمىغا بېسىۋالغۇچى ئوغلاقنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن نىشانغا قاراپ قويۇندەك چاپىدۇ. قارشى تەرەپ ئۇنى قوغلايدۇ. يېتىشىۋالغان چەۋەندازلار ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئوغلاقنى تالىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان ئوغلاق تارتىشىش جېڭى باشلىنىدۇ. ئوغلاقچىلارنىڭ بىر قىسمى ئوغلاقنى ئېلىپ قېچىش يۆنىلىشىنى توسىدۇ، ئېتى كۈچلۈك، قاۋۇل چەۋەندازلار غۇژمەك بولۇۋېلىپ ئوغلاق تالىشىۋاتقان جەڭ سورۇنىغا بۆسۈپ كىرىپ ئوغلاقنى تارتىپ چىقىشقا مەسئۇل بولىدۇ. مۇشۇنداق قايتا - قايتا تالىشىش، تارتىشىش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرىدا كىم ئوغلاقچىلار توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئوغلاقنى بەلگىلەنگەن پەللىگە تاشلىيالىسا (ئوغلاق تاشلاش نىشانى كۆپىنچە ئوغلاق تارتىشىش مەيدانىدىن يىراقراق بولغان مەلۇم يۇرت ئىچىدىكى ئابرويلۇق بىر ئادەمنىڭ ئۆيى ياكى چەترەك بىر جايغا نىشانلاپ سىزىلغان چەمبەر قىلىپ بەلگىلىنىدۇ) شۇ تەرەپ غەلىبە قىلغان بولىدۇ. ئوغلاق تارتىشتا غالىب كەلگەن تەرەپ ئوغلاق تارتىشىشنى تەشكىللىگۈچىلەر تەرىپىدىن ئالاھىدە مۇكاپاتلىنىدۇ. ئوغلاق تاشلىغان ئۆي ئىگىسى بۇ ئويۇن شەرىپىگە زىياپەت بېرىدۇ ۋە مەشرەپ ئۇيۇشتۇرىدۇ. ئۇتۇپ چىققان ئاتلارنىڭ بېشىغا قىزىل تاۋار باغلايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يۇرت - مەھەللىلەر بويىچە كوللېكتىپ ئىككى سەپ بولۇپ ئوغلاق تارتىشتىن باشقا يەنە ئىككى چەۋەنداز ئارىسىدا يەككىمۇ يەككە ئوغلاق تارتىشىش ئۇسۇلىمۇ بار. ئۆز يۇرتلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىككى چەۋەنداز مەيدانغا چۈشكەندىن كېيىن، تەييارلانغان ئوغلاق مەيدانغا تاشلىنىدۇ. ئۇلار يەردىكى ئوغلاقنى تارتىشىشقا باشلايدۇ. كىمنىڭ كۈچى ئارتۇق، ئېتى كۈچلۈك بولسا، شۇ كىشى ئوغلاقنى تارتىۋالىدۇ. يەككە تىركىشىش ناھايىتى جىددىي بولىدۇ. تىركىشىش نەتىجىسىدە ئوغلاقنى قولدىن بەرمىگىنى غەلىبە قىلغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق يەككە ئوغلاق تارتىشىش كىچىكرەك دائىرە ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئات ئۈستىدە ئوينىلىدىغان ئويۇنلار ئىچىدە ئوغلاق تارتىشىشتىن باشقا يەنە «ئات بەيگىسى»، «تەڭگە ئېلىش»، «قىز قوغلاش»، «ئات ئۈستىدە كۈچ سىنىشىش»، «يەردىن ياغلىق ئېلىش» قاتارلىق ئەنئە-

نىۋى ئويۇنلارمۇ بار. بۇ ئويۇنلار كۈچلۈك جەڭگىۋارلىقنى تەلەپ قىلىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن بۈگۈنكى كۈندە مىللىي تەنتەربىيە پائالىيىتىنىڭ مۇھىم تۈرلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. ( ئا )

## جانبازلىق، چەۋەندازلىق

ئۇيغۇرلاردا جانبازلىق ( چامباشچىلىق ) ۋە چەۋەندازلىق ( ئات ئۈستى ماھارىتى ) خېلى تەرەققىي قىلغان.

ئۇيغۇر جانبازلىقى ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئەنئەنىۋى يەرلىك ئۇسلۇبى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باتۇر، قەيسەر، مەردانە خاراكتېرى ۋە جاسارىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلار مۇشت ماھارىتى، پەشۋا ماھارىتى، ئالىقان ماھارىتى، يەل ( چىگۇك ) ماھارىتى، قان ماھارىتى، يانپاش ماھارىتى، يوشۇرۇن، ئاشكارا تېز ھۇجۇم قىلىش ماھارىتى، تاش چېقىش، تۆمۈر ئېگىش، پىچاق ئېتىش، زەربىنى توسۇش ۋە قارشى تەرەپنىڭ تىغىنى تۇتۇش ماھارىتى، قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق، ئومۇتبازلىق، كالتەكبازلىق، موللاق ئېتىش، ئېگىزگە سەكرەش، توسۇقلاردىن ئۆتۈش، ئوت چەمبىرىكىدىن ئۆتۈش، كۆز باغلاش، ئاتەشپەرەسلىك قاتارلىق جانبازلىقنىڭ خىلمۇ خىل ماھارەتلىرىگە ماھىر. ئۇزاقتىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر جانبازلىقى ھازىر تەرەققىي قىلىپ، ئۇيغۇر جانبازلىق كوماندىسى قۇرۇش بىلەن يىگىرمە نەچچە ئورۇندا مەشىق مەيدانى، نەچچە يۈزلىگەن مەكتەپ، جامائەت تەشكىلاتلىرىدا كوللېكتىپ - يەككە مەشىق قىلىش پائالىيەت ئورۇنلىرى بارلىققا كەلدى.

چەۋەندازلىق: ئۇيغۇرلار ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق ھاياتىدىن باشلاپ ئات مىنىپ ئادەتلەنگەن خەلق بولۇپ، ئات ئۈستىدە ياۋايى ھايۋانلار بىلەن ئېلىشىش، ئوقيا ئېتىش قاتارلىق كۆپ خىل ئات ئۈستى پائالىيەتلىرىگە ماھىر.

ئۇيغۇرلار شەھەرلەشكەندىن كېيىن ئات مىنىشنى ئۆزلىرىنىڭ سەلتەنىتى دەپ بىلگەن. ھەرقايسى خانلىقلار دەۋرىدە، ئات مىنىش ماھىرلىرى ئەسكەرلىككە، ئوردا خىزمەتچىلىككە تاللانغان. ھەتتا قىز - يىگىتلەرنىڭ ئۆزلىرىگە لايىق تاللىشىمۇ چەۋەندازلىقنى شەرت قىلغان. شۇنداقلا چەۋەندازلىق ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ ھېيت - بايرام، توي - تۆكۈن، سەيلە - ساياھەت كۈنلىرىنىڭ قىزىقارلىق ۋە جەلپ قىلارلىق كۆڭۈل ئېچىش نومۇرلىرى بولۇپ قالغان. مەسىلەن، ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، ئات توپى ( چەۋگەن )، ئات ئۈستىدە تەڭگە ئېلىش، ئات ئۈستىدە كۈچ سىنىشىش قاتارلىق مۇسابىقە شەكلىدىكى پائالىيەتتىن باشقا ھەرقايسى چەۋەندازلار ئات ئۈستىدە قىلىچ ئوينىتىش، چۆگۈن چېپىش، ئات ئۈستىدە نەيزە، ئومۇت، قالقان ئىشلىتىش، قارىغا ئېتىش، ئات چاپتۇرۇپ ئاتنىڭ ئوڭ - سول يېنىغا ئۆزىنى تاشلاش، ئات ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇش، تورنىك ئويناش، ئاتنىڭ ئوڭ - سول يېنىغا ئۆزىنى يوشۇرۇپ بۆسۈپ ئۆتۈش، چېكىنىپ زەربە بېرىش قاتارلىق كۆپ خىل ئات ئۈستى ماھارەتلىرىنى نامايان قىلغان. ( ش )

## ئوردىكام ئويۇنى

ئوردىكام ئويۇنى — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى ئويۇن تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئوينىلىپ كەلمەكتە.

ئوردىكام ئويۇنى تۈزلەڭ يەرلەردە، مال باقىدىغان يايلاق - جاڭگاللاردا، يېزا - مەھەللىلەردە ئوينىلىدۇ. بۇ ئويۇن ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئادەم سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ چەمبەر شەكلىدە مەيدان سىزىلىدۇ. ئاندىن شۇ سىزىق ئايلانمىسى بويىچە تەخمىنەن ھەربىر - ئىككى مېتر ئارىلىقتا بىردىن كىچىك ئورەك كولىنىدۇ (ئورەكنىڭ ھەجمى چاي پىيالىسى چوڭلۇقىدا ). كولانغان ئورەكنىڭ سانى قاتنىشىدىغان ئادەمنىڭ سانىدىن بىرى كەم بولىدۇ. چەمبەر شەكلىدىكى بۇ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا بالىچۇق ( توپ ) ھەيدەپ كىرگۈزۈلىدىغان بىر ئانا ( مەركىزىي ) ئورەك ( ئوردا دېيىلىدۇ ) كولىنىدۇ. ئويۇنغا قاتنىشىدىغانلار ئۆزىنىڭ بوي ئېگىزلىكىگە ئاساسەن ئۆزلىرى تاللاپ ياراتقان نوغۇچ شەكلىدىكى بىردىن كالتەك تاياق ھەمدە يۇمىلاق

ياكى ئۇزۇنچاق (باشمالداقتىن سەل چوڭراق) ھالەتتىكى بىردانە ياغاچ بالچۇق تەييارلايدۇ. ئويۇنغا قاتنىشىدىغانلار تەخ بولغاندىن كېيىن بىر كوماندا بىلەن تەڭ چاقماق تېزلىكىدە ھەر بىرى بىردىن ئورەكنى ئىگىلەپ ئانچۇق تاياق ( توپ ئۇرىدىغان كالتەك ) نى ئورەككە سولاپ تۇرىدۇ. ئورەك ئىگىلەش ھوشيارلىق ۋە چەبدەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر كىم ئورەك ئىگىلىيەلمىگەن بولسا شۇ كىشى توپقا مەسئۇل بولۇپ، بالچۇقنى مەيدان سىرتىدىن توپ ئۇرۇش كالتىكى بىلەن مەيدان ئىچىگە ھەيدەپ ئەكىرىپ، پەم بىلەن مەيدان ئوتتۇرىسىدىكى مەركىزىي ئورەككە سولاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. قالغان ئويۇنچىلار ھەم ئۆزىنىڭ ئورىكىنى، ھەم مەركىزىي ئورەكنى قوغدايدۇ. ھەربىر ئورەكنىڭ ئىگىلىرى توپنى مەركىزىي ئورەكتىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئورەككە كىرىش ئېھتىمالى بولغان توپنى كالتەك تايىقى بىلەن ئۇرۇپ يىراققا ھەيدىۋېتىشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئورەك باققۇچى مۇشۇ مەقسەتتە تايىقنى ئورەكتىن چىقارغان ھامان ئورەككە ئىگە بولالمىغان توپ ھەيدىگۈچى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چاققانلىق بىلەن تايىقنى ھېلىقى بوش ئورەككە تىقىۋالسا، بۇ ئورەكنىڭ ئىگىسى ئورىدىسىدىن مەھرۇم قالىدۇ - دە، ئورىكى ( ئورىدىسى ) نى ئىگىلىۋالغان كىشى ئورنىدا مەيداننىڭ سىرتىغا چىقىپ قايتىدىن توپ ھەيدەشكە مەسئۇل بولىدۇ. ئويۇن مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا دەۋرىسىمان داۋاملىشىۋېرىدۇ. ئارىلىقتا ئويۇننى تېخىمۇ قىزىتىش ۋە ئەۋجىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئويۇن باشلىقىنىڭ « كۆچ - كۆچ » دېگەن كوماندىسى بىلەن تەڭ، ئورەك ئىگىلىرى تايىقنى كۆتۈرۈپ، ئۆزئارا ئورەك ئالماشتۇرىدۇ. ئەگەر مۇشۇ « كۆچ - كۆچ » پەيتىدە ئورىكى يوق توپ ھەيدىگۈچى چاققانلىق بىلەن بىرەر بوش ئورەككە تايىقنى سېلىۋالسا، ئۇ ئورەك شۇنىڭغا مەنسۇپ بولۇپ، بىخەستەلىك قىلىپ كىم ئورەك ئىگىلىيەلمىگەن بولسا، شۇ داۋاملىق توپ ھەيدەشكە مەسئۇل بولىدۇ. ئەگەر توپ ھەيدىگۈچى بالچۇقنى باشقىلارنىڭ ئۇرۇپ يىراقلاشتۇرۇشىغا يول قويماي، ئەپچىللىك بىلەن توپنى مەركىزىي ئورەككە كىرگۈزۈۋالسا، شۇ ھامان بىر قېتىملىق ئورەك كۆچۈش ( كۆچ - كۆچ ) بولىدۇ. شۇ جەرياندا ھەركىم چاققانلىق بىلەن ئورەك ئىگىلىشى شەرت. ناۋادا ئورەك ئىگىلىيەلمەي سىرتتا قالغىنى يەنە توپ ھەيدەپ كېلىشكە مەسئۇل بولىدۇ. ئەگەر ئىككى كىشىنىڭ تايىقى بىر ئورەككە سېلىنىپ قالسا، كىمنىڭ تايىقى ئورەككە بالدۇر سېلىنغان بولسا، ئورەك شۇ كىشىگە مەنسۇپ بولىدۇ. كىم بۇرۇن ئىگىلىگەنلىكى ئايرىلماي ئورەك تالىشىش يۈز بەرسە ئويۇن باشلىقى ھۆكۈمى بىلەن يەنە بىر قېتىم « كۆچ - كۆچ » قىلىنىدۇ. بۇ ئويۇننى ئويناشتا ئوينىغۇچىلارنىڭ توپ كالتىكى بىلەن بىر - بىرىنىڭ پۇتىغا ياكى باشقا جايلىرىغا ئۇرۇشقا، بالچۇقنى قولى بىلەن تۇتۇپ ئويناشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئويۇن تەرتىپىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار سېزىلسە، ئۇ كىشى ئويناشتىن مەھرۇم قىلىنىدۇ ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن تەنبىھ بېرىلىدۇ.

ئورىدىكام ئويۇنى ئىنتايىن قىزىقارلىق بولۇپ، چەبدەسلىكنى، ھوشيارلىقنى، پەملىك بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئويۇن كىشىنىڭ غەيرىتىنى، ئىرادىسىنى كۈچەيتىپ، ئىتتىپاقلىق ئېڭىنى ئۆستۈرىدۇ. ( ئا )

## « قاچ - قاچ » ( كويلا توپ ) ئويۇنى

« قاچ - قاچ » ئويۇنى — ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي، ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ئويۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ ئۇ ئادەمدىن تاشقىرى تېزلىك، چىۋەرلىك، قەيسەرلىك ۋە ھوشيارلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇ ئويۇنمۇ ئىككى تەرەپ بولۇپ، مۇسابىقىلىشىش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئويۇنغا قاتنىشىدىغانلار كۆپىرەك باللار ۋە ياشلار بولۇپ، ئالدى بىلەن ئۇلار ئىككى سەپكە ئايرىلىدۇ. ئادەم سانى چەكلەنمەيدۇ، ئەمما ھەربىر سەپكە قاتنىشىدىغانلارنىڭ سانى توققۇزدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

« قاچ - قاچ » ئويۇنى ئۈچۈن يۈگۈرۈشكە ئەپلىك تۈزلەڭ يەر ياكى ئېتىزلىق مەيدان قىلىنىدۇ. ئويۇن مەيداننىڭ چوڭ - كىچىكلىكى قاتناشقۇچىلارنىڭ سانىغا قاراپ سىزىلىدۇ ( ئادەتتە بۇ خىل ئويۇن ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان مەيداننىڭ ئۇزۇنلۇقى ئاتمىش — سەكسەن

مېتر ، كەڭلىكى قىرىق ــ ئاتمىش مېتر ئەتراپىدا بولىدۇ ) . مەيداننىڭ ئىككى تەرىپىگە چەمبەر شەكلىدە سىزىلغان توپ ئۇرۇش ئورنى ۋە قېچىپ بارىدىغان ئوردا ئادەتتە « كويلا » دەپ ئاتىلىدۇ .

« قاچ ـ قاچ » ئويۇنى ئۈچۈن بىر دانە توپ (شاپتۇل ياكى ئۆرۈك ئۇرۇقچىسىغا خام يىپنى ئوراپ ، ئالمىدەك چوڭلۇقتا قىلغاندىن كېيىن ، ئۇنى تۆت ياكى سەككىز كۆزلۈك قىلىپ ، ئوخشاشمىغان رەڭلىك يىپ بىلەن ئۇستىدىن كەشتىلەپ چىرايلىق ۋە چىداملىق قىلىپ بۆجەپ يۇملاق توپ شەكلىگە كىرگۈزىدۇ ) ۋە ئۇزۇنلۇقى توقسان سانتىمېتىر ئەتراپىدا ، توملۇقى كەتمەن سېپىدەك ، توپ ئۇرۇش قىسمى ( بىر تەرىپى ) ياپىلاق شەكىلدىكى توپ ئۇرۇش كالتىكى تەييارلىنىدۇ . ئەگەر مەيدان كىچىكرەك بولۇپ توپ ئۇرۇش كالتىكى بولمىسا ، كالتەك ئورنىدا قول بىلەن توپنى ئۇرۇپ ئوينىسىمۇ بولىدۇ .

ئويۇن باشلاشتا ئىككى تەرەپنىڭ كوماندا باشلىقلىرى ئالدى بىلەن توپ ئۇرۇش ھوقۇقىنى تالىشىدۇ . توپ ئۇرۇش ھوقۇقى ئايرىلغاندىن كېيىن ، توپ ئۇرغۇچى تەرەپ ئەزالىرى توپ ئۇرۇش كويلىسى ئىچىدە رەتلىك تىزىلىپ تۇرىدۇ . قارشى تەرەپ ئەزالىرى مەيداندا توپنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئەپلىك جاي تاللاپ ، خۇددى ۋالىبولچىلاردەك ئورۇن ئىگىلەيدۇ . توپ ئۇرغۇچى تەرەپكە مۇداپىئە كۆرگۈچى قارشى تەرەپنىڭ كوماندا باشلىقى توپنى كالتەككە توغرىلاپ تاشلاپ بېرىدۇ . كوماندا ئەزالىرىنىڭ بىر قېتىم ، كوماندا باشلىقى ( رامباتچى ) نىڭ ئىككى قېتىم توپ ئۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ . توپ ئۇرغۇچى ئۇرۇلغان توپ بىلەن تەڭ مەيداننىڭ قارشى تەرىپىدىكى بەلگىلەنگەن كويلا (ئوردا ) ئىچىگە قاراپ يۈگۈرىدۇ . ئەگەر ئۇ كىشى كويلا ئىچىگە كىرىۋالغۇچە قارشى تەرەپ توپنى تۇتۇۋېلىپ ، توپ بىلەن ئۇنى ئۇرۇۋالسا ، مۇداپىئەدە تۇرغان قارشى تەرەپ ئەزالىرى ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن گۇررىدە يۈگۈرۈپ بېرىپ توپ ئۇرۇش كويلىسى ئىچىگە كىرىۋېلىشى شەرت . ئەگەر بەلگىلەنگەن مەيدانغا كىرگۈچە ئارىلىقتا قارشى تەرەپ توپ بىلەن ئۇلارنىڭ بىرەر ئەزاسىنى ئۇرۇۋالسا ، ئۇلار توپ ئۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولالمايدۇ .

توپ ئۇرۇش ھوقۇقى باز تەرەپنىڭ ئەزالىرىدىن بىرسى توپ ئۇرغاندا كالتىكى توپقا تەگمەي ياكى يىراققا ماڭماي ، قېچىشنى لايىق كۆرمىسە ، كويلىغا كىرىپ تۇرۇپ ، ئىككىنچى ئەزا ئۇرغاندىن كېيىن شۇ كىشى بىلەن بىرگە قاچسىمۇ بولىدۇ ياكى كېيىنكى ئۈچىنچى ، تۆتىنچى توپ ئۇرغۇچى بىلەن بىللە قاچسىمۇ بولىدۇ . ئىشقىلىپ توپ ئۇرغان كىشى چوقۇم بەلگىلەنگەن رايونغا قېچىپ بېرىۋېلىشى شەرت . ئۇ يەنە پۇرسەت كۈتۈپ ، ئۆزىنىڭ كوماندىسىدىكى باشقا بىرى توپ ئۇرغان زامان توپ ئۇرۇش كويلىسىغا قايتا قېچىپ كېلىۋالسا ، « ئەسىر » لىكتىن قۇتۇلۇپ ، توپ ئۇرۇش ھوقۇقىغا قايتا ئىگە بولىدۇ . توپ ئۇرغۇچى تەرەپ ئەزالىرى توپنى بەلگىلەنگەن مەيدان ئىچىدە خالىغان يىراقلىققا ئۇرسا بولۇۋېرىدۇ . لېكىن ئارقا تەرەپكە ئۇرسا ياكى مەيدان سىزىقىدىن چىقىپ كەتسە « كۆيگەن توپ » ( « سېسىق توپ » ) ھېسابلىنىپ توپ ئۇرۇش ھوقۇقى ئالمىشىدۇ . مۇسابىقە جەريانىدا توپ ئۇرغۇچى تەرەپنىڭ توپ ئۇرۇش نۆۋىتى تۈگەپ ، ھەممىسى قاچالماي قامىلىپ قالسا ، ئۇ ھالدا مۇداپىئە قىلغۇچى قارشى تەرەپنىڭ ئىككى ئەزاسى مەيدان ئىچىدە ئۆزئارا توپ پاسلىشىپ ، توپ ئۇرغۇچى تەرەپنىڭ بەلگىلەنگەن رايونغا قېچىپ بېرىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ . بۇ پۇرسەت ئىچىدىمۇ قېچىپ بېرىۋالالمىسا ياكى قېچىش جەريانىدا قارشى تەرەپ توپ بىلەن ئۇرۇۋالسا ، يېڭىلگەن بولۇپ ، توپ ئۇرۇش ھوقۇقى ئالمىشىدۇ .

دېمەك ، « قاچ ـ قاچ » ئويۇنى ئەنە شۇنداق جىددىي تىركىشىش ، دەۋر ئالمىشىش ئىچىدە داۋاملىشىدىغان ئىنتايىن قىزىقارلىق ئويۇندۇر . ( ئا )

## سارغايدى ( چاقپەلەك )

سارغايدى ــ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان مىللىي ، ئەنئەنىۋى ئويۇنلارنىڭ بىرى . بۇ ئويۇن قەدىمدىن باشلاپ ھەرخىل ھېيت ـ بايرام ، مۇراسىملاردا ، شۇنداقلا دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال پەيتلى-

رىدە ، كۆپرەك قىش كۈنلىرى ئويۇشتۇرۇلغان بولىدۇ .
چاقپەلەك ياغاچ ۋە ياغاچ چاقنى مىخانىكىلىق
ئۇسۇل بىلەن گىرەلەشتۇرۇپ ياسالغان بولۇپ ، تەخمىـ
نەن ئون بەش ـ يىگىرمە مېتر ئېگىزلىكتىكى موما ياغاچقا
هارۋا چاقىنى كىيگۈزۈپ ، چاقنىڭ ئۈستىگە يەنە ئىككى
تال بادرا ياغاچ بىرگە جۈپلىنىپ باغلىنىدۇ . بۇ چاقنىڭ
موما ئۈستىدە مەزمۇت تۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرىدۇ .
ئويۇنچىلار ئۇچىدىغان ئىلەڭگۈچ ( ئارغامچا ) لار چاقپە-
لەك ئۈستىدىكى جۈپلىمە ياغاچقا مۇقىم بېكىتىلگەن
بولىدۇ . چاقنى ئايلاندۇرىدىغان يەنە بىر تال ياغاچ موما
( ئوق ياغاچ ) ياغاچنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە توغرىسىغا قى-
لىپ مۇقىم ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ ، بۇ توغرا ياغاچنىڭ
ئىككى تەرىپىدە تۆتتىن سەككىز ئادەم تۇرۇپ ، بىر خىل
تېزلىك بىلەن ئوڭ يۆنىلىشكە قاراپ ئىتتىرىدۇ . شۇنىڭ
بىلەن چاقمۇ بىللە ئايلىنىپ ، چاققا باغلانغان
ئىلەڭگۈچتىكى ئىككى « ئۇچقۇچى » ئاستا ـ ئاستا
كۆككە كۆتۈرۈلىدۇ . چاق قانچىلىك تېز ئايلانغانسېرى
ئىلەڭگۈچمۇ شۇنچە تېزلىكتە بارغانسېرى ئېگىزلەيدۇ .
ئەگەر تېنى ئاجىز ياكى بېشى قايىدىغان كىشىلەر ئۇچسا ،
ئىلەڭگۈچ هاۋاغا كۆتۈرۈلگەنسېرى كۆڭلى ئاينىپ ،
چىرايلىرى ساغىرىپ كېتىشى مۇمكىن . بۇ ئويۇننىڭ
مۇشۇنداق ئالاهىدىلىكىگە ئاساسەن ، ئۇنىڭغا «
سارغايدى » دەپ نام بېرىلگەن .
بۇ ئويۇننىڭ ئۆزىگە خاس قائىدە ـ يوسۇنى بو-
لۇپ ، مەخسۇس ئادەم تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ .
چاقپەلەك ئويۇننىڭ يۇقىرىقىغا ئوخشاشمايدىغان
يەنە بىر خىل شەكلىمۇ بار . بۇ خىل چاقپەلەكنىڭ مو-
مىسى تەخمىنەن سەككىز ـ ئون مېتر غىچە ئېگىزلىكتە
بولۇپ ، بۇ موما يەرگە تىك قىلىپ مەهكەم ، مىدىرلىماي-
دىغان هالەتتە كۆمۈلىدۇ . بۇ مومىنىڭ ئۇچىغا يەنىلا هارۋا
چاقى ياكى شارىكلىق چاق كىيگۈزۈلىدۇ . چاقنىڭ
ئۈستىگە پىلوس ( « + » ) شەكىللىك ئىككى باسۇرۇق
ياغاچ مەهكەم باغلىنىدۇ . بۇ چاقنىڭ تاسادىپىي هالدا
موما ياغاچتىن چىقىپ كەتمەسلىكىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ .
چاقنىڭ چەمبىرىكىگە گېئومېترىك تەڭپۇڭلۇقى
تەڭشەلگەن تۆت دانە هالقا مۇستەهكەم بېكىتىلىپ ، بۇ
هالقىلاردىن تۆت تال هەرىكەتلىنىش ئارغامچىسى
چۈشۈرۈلىدۇ . بۇ ئارغامچا يۈز كىلوگراملىقتىن ئارتۇق
كۈچنىشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇپ ، ئادەتتە موما
ياغاچنىڭ ئېگىزلىكىدىن ئوتتۇز ـ ئەللىك سانتىمېتر كالتە
بولىدۇ . شۇڭا ئۇ بوشلۇقتا مۇئەللەق هالەتتە تۇرىدۇ .
ئارغامچىنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن ئۇچى ئادەمنىڭ
پۇتى ئەركىن پاتقۇدەك ئىلمەك قىلىپ چىگىلىدۇ .
ئۇچقۇچىلار تۆت كىشىدىن ئاشمايدۇ . ئۇلار سول پۇتىنى
ئارقاننىڭ ئىلمىكى ئىچىگە سېلىپ سول قولىدا ئارغامچىنى
مەهكەم تۇتىدۇ . ئۇچۇش تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن
ئۇچۇش قوماندىسى بېرىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن تۆت
«ئۇچقۇچى » تەكشى رىتىم بىلەن ئوڭ پۇتىنى يەرگە تې-
پىپ ، چاقپەلەكنى هەرىكەتلەندۈرىدۇ . بۇنىڭ بىلەن
ئۇچۇش دائىرىسى قوش قانىتىدەك كېرىلىپ ، ئۇچقۇ-
چىلار ئاستا ـ ئاستا يۇقىرىغا كۆتۈرۈلىدۇ ۋە
چاقپەلەكنىڭ ئايلىنىش ئوقىغا ماس هالدا هاۋادا ئايلىنىش
هاسىل قىلىدۇ . ئۇچقۇچىلار ئېگىزرەك ئۇچۇشنى خالاپ
ئۇچۇش ماهارىتىنى نامايان قىلماقچى بولسا ، ئۇلار ئوڭ
پۇتى بىلەن يەرنى تېپىش سۈرئىتىنى تەكشى تېزلىتىش
ۋە ئۆزئارا هەرىكەت جەهەتتە ماسلىشىش زۆرۈر ، ئەگەر
ئۇچۇشتىن توختاشقا توغرا كەلگەندە ، ئۇچۇش سۈرئە-
تىنى ئاستىلىتىپ ، يەنە شۇ ئوڭ پۇتى بىلەن بىردەك يەر
« تورمۇز » قىلىنىدۇ .
بۇ ئويۇنمۇ مىللىي تەنتەربىيە تۈرىگە مەنسۇپ
بولۇپ ، يۈرەك ۋە ئۆپكىنى چېنىقتۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك
رول ئوينايدۇ . ( ئا )

## ياڭاق ئويۇنى

ياڭاق ئويۇنى ــ نىشانغا تەگكۈزۈشنى مەقسەت
قىلغان ئەنئەنىۋى ئويۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ ، ياڭاق كۆپ
چىقىدىغان قەشقەر، خوتەن ، ئاقسۇ قاتارلىق رايونلاردىكى
ئۇيغۇر ياشلىرى ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان .
بۇ ئويۇن ئادەتتە هېيت ـ بايرام ۋە هەرخىل
سەيلە پائالىيەتلىرىدە ئوينىلىدۇ . بۇ بىر قەدەر ئاددىي
ئويۇن بولۇپ ، قاتنىشىدىغانلارنىڭ سانى چەكلەنمەيدۇ .
كىمنىڭ ياڭىقى بولسا ئىختىيارىي ئويناۋېرىدۇ . بۇ ئويۇن

ئۇچۇن تامنىڭ تۈۋىگە ياكى تۈزلەڭ يەرگە ئون — يىگرمە ياغاچ سىغقۇدەك بىر ئورەك كولىنىدۇ. ئويىنغۇچىلار ئۆزئارا كېلىشىپ، ئورەككە ياغاچ ئاتىدىغان چېگرا سىزىقى بەلگىلىۋالىدۇ ياكى تامغا بىر پارچە تاختاينى يانتۇ تىكلەپ، تاختاينىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن پەسكە قارىتىپ بىر ياغاچنى دومىلىتىدۇ. شۇ ياغاچنىڭ دومىلاپ بېرىپ توختىغان يېرى ياغاچ ئېتىش چېگرا سىزىقى قىلىنىدۇ.

قاتناشقۇچىلار مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن كېلىشىپ ئورەككە ياغاچ ئېتىش نۆۋىتىنى بەلگىلەيدۇ. شۇ رەت بويىچە بىرىنچى بولۇپ ياغاچ ئاتقۇچىغا ئويۇنغا قاتنىشىدىغان ھەر بىر كىشى ئوخشاش ساندىكى ياغاچنى بېرىدۇ. ياغاچ ئاتقۇچى قولىدىكى پاي قىلىپ قوشۇلغان ياغاچنى « جۇپ » ياكى « تاق » دەپ ئاشكارا جاكارلاپ چېگرا سىزىقنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئورەككە تاشلايدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئورەك بىلەن چېگرا سىزىقنىڭ ئارىلىقى تۆت - بەش مېتر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئەگەر ياغاچ ئاتقۇچى « جۇپ » دەپ توۋلىغان بولسا، ئورەككە چۈشكەن ياغاچنىڭ سانى جۇپ بولسا ئۇتقان ھېسابلىنىپ. باشقىلار پاي قىلىپ قوشقان ياغاچ شۇ كىشىگە تەۋە بولىدۇ. ئورەككە چۈشكەن ياغاچنىڭ سانى تاق بولسا ئۇتتۇرغان بولىدۇ ۋە ئويۇنغا قاتناشقانلار قانچە ياغاچ پاي قوشقان بولسا، شۇنچە ياغاچ تۆلەم تۆلەيدۇ. ئۇتقۇچىدا ئارقا - ئارقىدىن ياغاچ ئېتىش ھوقۇقى بولىدۇ. ئۇتتۇرۇپ قويسا ياغاچ ئېتىش نۆۋىتى ئالمىشىدۇ. ھەر قېتىم ئورەككە ياغاچ ئاتقاندا ئويۇنغا قاتناشقانلار يۇقىرىقىدەك ئوخشاش ساندىكى ياغاچنى ئالدىن پاي قىلىپ تاپشۇرىدۇ. ياغىقى تۈگەپ ئويناشنى خالىمىسا مەجبۇرلانمايدۇ. بىر ئورەكتە ئوينايدىغانلار ئادەتتە ئۈچ - تۆت ئادەمدىن ئاشمايدۇ. ( ئا )

## «قوشماق ئاداش » ۋە توپۇق ئويۇنى

قوشماق ئاداش ئويۇنى بىلەن توپۇق ئويۇنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا دوستلۇق، ۋاپادارلىق، ساداقەتمەنلىكنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئويۇن.

قوشماق ئاداش ئويۇنى — خەلقىمىز ئىچىدە كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئىككى ياشنىڭ ساداقىتىنى ئىپادىلەشنىڭ سىمۋولى قىلىنغان. ئويۇن ئۇچۇن ئۆرۈك ئۈچكىسىدىن جۇپ ( قوشماق ) چىققان مېغىز تاللىنىپ قوشماق ئوينىغۇچى ئىككى تەرەپ بىردىن يەيدۇ. يېيىش ۋاقتىدا، ۋاقىت بەلگىلەپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتدا كىم بالدۇر « ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قوشماق ئاداش » دېۋالسا شۇ ئۇتقان بولىدۇ. ئۇتقۇزغۇچى ۋەدىلەشكەن نەرسىنى ئۇتقۇچىغا بېرىدۇ. بۇ ئويۇن كۆرۈنۈشتە ئاددىي بولغان بىلەن ئىككى دوستنىڭ بىر ئۈچكە ئىچىگە سىغقان قوشماق مېغىزدەك ھېم دوستلۇقنى ئىپادىلەيدۇ.

توپۇق ئويۇنى — شەرتى ئېغىر، مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، مۇددىتى ئۇزۇن، ئەر - ئايال، قېرى - ياش ھەممىگە تەڭ ئومۇملاشقان ئويۇن. بۇ ئويۇنمۇ دوستلۇقنىڭ مۇستەھكەم بولۇشىنى، دوستىنىڭ ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ئۇنتۇلماس، ساداقەتمەن دوستلۇقنى سىناش ئويۇنى، بۇ ئويۇن ئۇچۇن قوي ياكى ئۆچكىنىڭ توپۇقى لازىم. توپۇق قوي ياكى ئۆچكىنىڭ ئارقا پۇت سېنىدىن چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇستەھكەم ئۇيۇللۇقا ئىگە. گۆش بىلەن توپۇق سۆڭىكى ئارىسىدىكى ئۇيۇللۇقنى پىچاق بىلەن ئاجرىتىشمۇ خېلى قىيىن. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ دوستلۇق غايىسىنى ئەنە شۇ گۆش بىلەن توپۇق سۆڭىكى ئارىسىدىكى ئۇيۇللۇقا سىمۋول قىلغان.

توپۇق ئويۇنىنىڭ ئوينىلىشى : توپۇق ئوينىغۇچى ئىككى كىشى بىر يەردە تۇرغان بولسۇن ياكى يىراق يەردە بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ دوستلۇق سەممىيىتىنى بىلدۈرۈش ئۇچۇن، بىرى يەنە بىرىگە پاكىزلەنگەن توپۇقنى تېپىشىپ يىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. توپۇقنى قوبۇل قىلغان دوستى ئۇنى ئېلىپ يېنىدا ساقلايدۇ. توپۇق بەرگۈچى خالىغان مەزگىلدە تۇيۇقسىز توپۇقنى سورايدۇ، توپۇق ئالغۇچى دەرھال چىقىرىپ بېرىشى لازىم، شۇنداق قىلالىسا، ئۇ ئۇتقان بولىدۇ. بۇ چاغدا توپۇق بەرگۈچى قوي، كالا، ھەتتا تۆگە سويۇپ چاي ( مەشرەپ ) بېرىپ دوستىنىڭ ساداقىتىگە رەھمەت ئېيتىدۇ. مۇبادا دېگەن ۋاقىتدا توپۇقنى چىقىرىپ

بېرەلمىسە، توپۇق ئالغۇچى ئۇتتۇرغان بولۇپ، ئۇتقۇچى تەرەپكە مەشرەپ ـ چاي بېرىدۇ.

توپۇق ئويۇنى ئۆزئارا دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىكنى سىنايدىغان، ھوشيارلىقنى ئاشۇرىدىغان ئەنئەنىۋى ئويۇن بولۇپ، ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ( ش )

## توپ ئويۇنى

توپ ـــ ئۇيغۇرلاردا ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى ئويۇن تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنى ئاساسەن قىزلار ئوينايدۇ.

ئۇيغۇر قىزلىرى توپنى ئۆزلىرى ياسايدۇ. ئۇلار قۇرۇغان شاپتۇل ئۇچكىسىگە پاختا يىپنى يۆگەپ ئالمىدەك بولغاندا ئۈستىنى ھەر خىل گۈللۈك يىپلار بىلەن تورلاپ بېزەيدۇ. بۇنداق توپ يەرگە ئۇرۇلغاندا تېز ئۆرلەيدۇ ۋە توپ ئىچىدىكى شاپتۇل ئۇچكە مېغىزى شىرىقلىغان بىر خىل ئاۋاز چىقىرىپ دىققەتنى جەلپ قىلىدۇ.

توپ ئويناش ئۇيغۇرلاردا، بالا ئۆملىگەندىن باشلىنىدۇ. ① بالا ئۆملىگەندە ئاتا ـ ئانىلار توپنى دومىلىتىپ بالىنىڭ ئەكىلىشىنى بۇيرۇيدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ كۆرۈش سېزىمى ئاشىدۇ، ئۆملەش ھەرىكىتى تېزلىشىدۇ. ② بالا تۇرالىغاندا، ئۆزى مېڭىشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن توپنى دومىلىتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بالا توپقا قىزىقىپ تېز مېڭىشقا ئادەتلىنىدۇ. ③ بالىنىڭ تىلى سۆزگە راۋانلاشقاندا، چوڭلاردىن بىرى « بىر، ئىككى، ئۈچ » دەپ توپنى يەرگە ئۇرۇپ سانايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالا ساناقتا ئۆگىنىدۇ ۋە توپنىڭ يۇقىرى، تۆۋەن ئۆرلىشىگە قاراپ كۆزى چېنىقىدۇ. بۇلار ھەممە ئۇيغۇر ئائىلىسىگە ئومۇملاشقان ئادەت، يۇقىرىقىلار بىلەن چېنىققان بالا مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە، مۇستەقىل توپ ئويناش باسقۇچىغا كۆچىدۇ. بۇ چاغدا بىر قانچە قىز بالا بىرلىشىپ شەرتلىك توپ ئوينايدۇ. ئۇنىڭ قوشاقلىرى مۇنداق:

ئىككى سەككىز ئون ئالتە،
ئون ئالتىنى كىم يازدى،
ئاكام بىلەن مەن يازدىم،
ئىشەنمىسەڭ سوراپ باق،
ھەسەل ئېلىپ يالاپ باق.

ئۇنىڭدىن كېيىن « لام ـ جىم » دەپ توپ ئوينىغۇچى توپنى تۇتۇۋېلىپ جىم تۇرىدۇ. باشقىلارمۇ گەپ ـ سۆزسىز مىدىر قىلماي تۇرۇشى شەرت. كىم خىلاپلىق قىلسا ئويۇندىن قالىدۇ ياكى ئالقىنىغا بىر ـ ئىككى شاپىلاق يەيدۇ. تېخى ياتلىق بولۇش يېشىغا يەتمىگەن قىزلار ئارىسىدا بۇ خىل توپنى ناخشا ـ قوشاقنىڭ رىتىمىگە ماسلاشتۇرۇپ ئويناش ئادىتى ئومۇملاشقان. ئويۇننىڭ شەرتى سۇپىتىدە، توپنى قاچۇرماسلىق، قوشاق ئۇ قۇغاندا دۇدۇقلىماسلىق، قوشاق توپنىڭ ئۆرلەش ـ چۈشۈشىگە ماسلىشىش، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئويناش نۆۋىتىدىن قالىدۇ. توپ ئويناش ماھىرلىرى قوشاقنى ياخشى ئېيتىش بىلەن، توپنى ئالقان بىلەن يەرگە ئۇرۇپ ئۆرلىگەندە قول دۈمبىسىدە توختىتىپ سىيرىلدۇرۇپ ئالقانغا چۈشۈرۈپ قايتا يەرگە ئۇرىدۇ. خەلق ئارىسىدا « توپ قوشىقى »نىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، بىر قەدەر ئومۇملاشقانلىرى مۇنداق ئېيتىلىدۇ:

چىگىچى، بۇغدايچى،
خەمكى دوغدايچى.
كېچىلەپ زوۋانى قوي،
زوۋنىنىڭ قايسى قىزى.
ئەڭ كىچىك ۋاپا قىزى،
ۋوپىنى ۋاپا دېمەڭلار،
ۋوپا يالغانچى بولۇر.
ۋوپىدىن كۆرە بوۋاڭنى تاپ
بوۋا بەك ياخشى بولۇر.
......

( ش )

## تاشتەرمەك

تاشتەرمەك ( چاكوم ) ئويۇنى، ئۇيغۇر قىز ـ چوكانلىرى ئارىسىدىكى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى ئويۇنلارنىڭ بىرى.

بۇ ئويۇننى ئىككى ـ ئۈچ قىز سىلىقلىتىلغان بەش دانە شاپتۇل ئۇچكىسى ياكى بەش تاش بىلەن ئوينايدۇ. تاشلارنىڭ بىرى يوغانىراق بولۇپ، ئۇ ئانىچۇق، كىچىكرەك تۆتى بالىچۇق بولىدۇ. بۇ ئويۇن ئالتە باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقى بەش باسقۇچتا تاشلارنى بىر قولدا سىقىمداپ تۇرۇپ، ئانىچۇقنى بارماقنىڭ ئۇچى بىلەن يۇقىرى ئېتىپ بالىچۇق تاشلارنى يەرگە چاچىدۇ. يۇقىرى ئاتقان ئانىچۇق تاشنى يەرگە چۈشۈرمەي تۇتۇۋېلىش كېرەك. ئانىچۇق تاش يەرگە چۈشۈپ كەتسە، ياكى بالىچۇق تاشنى يەردىن ئالغۇچە مىدىرلىتىۋەتسە، ياكى قولغا ئالغان بالىچۇق تاش ئانىچۇق تاشنى تۇتقۇچە چۈشۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئويناش نۆۋىتى باشقىلارغا ئالمىشىدۇ. ئىككىنچى قېتىم نۆۋىتى كەلگەندە، توختاپ قالغان يېرىدىن داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ ئويۇندا ھەر بىر باسقۇچنىڭ ھەرىكەتكە ماسلاشتۇرۇپ ئېيتىلىدىغان قوشىقى بولىدۇ.

بىرىنچى باسقۇچتا بەش تاشنى ئوڭ قولدا سىقىمداپ تۇرۇپ، ئانىچۇقنى بارماق ئۇچى بىلەن يۇقىرى ئېتىپ تۆت بالىچۇقنى يەرگە چاچىدۇ ۋە ئانىچۇق تاشنى يەرگە چۈشۈرمەي تۇتۇۋالىدۇ. ئاندىن ئانىچۇق تاشنى يۇقىرى ئېتىپ، چۈشكىچە بالىچۇق تاشتىن بىرنى يەردىن چىمدىپ ئېلىپ ئانىچۇق تاشنى يەرگە چۈشۈرمەي تۇتۇۋالىدۇ. باشقا تاشلارمۇ مۇشۇنداق ئوينىلىدۇ. بۇنىڭ قوشىقى مۇنداق:

چاكوم ـ تاماكوم،
كىچىكى ـ كېلىنچىكى،
كۈمىكى، كۈمۈچىكى
بۆلىكى بىلەزۈكى.

ئىككىنچى باسقۇچتا بىرىنچى باسقۇچتەك باشلىنىپ، بالىچۇق تاش ئىككىدىن ئېلىنىدۇ ۋە بۇ ھەرىكەتكە ماس قوشاق ئېيتىلىدۇ:

چوڭ ئۆزۈم، چولپان كۆزۈم،
چوڭ خاتا قىلغان ئۆزۈم.
چوڭ بولاي چوكان بولاي،
ياخشى يارغا يار بولاي.

ئۈچىنچى باسقۇچتا يەردىكى چېچىلغان تاشنى بىرىنچى قېتىم ئۈچنى، ئىككىنچى قېتىم ئاخىرقى بىرىنى ئالىدۇ. بۇنىڭ قوشىقى مۇنداق:

ئۈچ ئۆزۈم،
ئۈچنى مەن تولدۇرىمەن.
ئۈچنى مەن تولدۇرغىچە،
سىزىپ كېتەر قارا كۆزۈم.

تۆتىنچى باسقۇچتا بالىچۇق تاشنى يەرگە توپ قويۇپ توپ ئالىدۇ. بۇنىڭ قوشىقى مۇنداق:

توك ـ توك، قوش توك ـ توك،
بۇ ئويۇندا ئۇتتۇرۇپ، باشقىدىن ئويناشقا يوق.

بەشىنچى باسقۇچتا بەش تاشنى بىراقلا چاچىدۇ ۋە ئانىچۇق تاشنى ئايرىۋالىدۇ ـ دە، ئۇنى يۇقىرى ئاتىدۇ. چۈشكىچە بالىچۇق تاشتىن بىرنى سول قول ئاستىغا كىرگۈزىۋالىدۇ ـ دە، ئانىچۇق تاشنى تۇتۇۋالىدۇ. سول قول ئاستىغا بىر تاشنى ئېلىش، باشقا تاشنى مىدىرلاتماسلىق شەرت. قالغان ئۈچ تاشمۇ سول قول ئاستىغا بىردىن كىرگۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ قوشىقى مۇنداق:

ھويلا، ھويلا بىر ھويلا،
ھويلا، ھويلا ئىككى ھويلا.
ھويلا، ھويلا ئۈچ ھويلا،
ھويلا، ھويلا تۆت ھويلا.

دەپ تۆت تاشنى يەردىن سالامەت سىيرىۋالىدۇ ـ دە، چىككا ـ چىككاڭ بىر شە ( شەھەر) دەيدۇ. بۇ ئۇتقانلىق ـــ شەھەر ئالغانلىق بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن

ئالتىنچى باسقۇچى ئاياغلىشىدۇ .

تاشتەرمەك ئويۇنى بالىلارنىڭ كۆزىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىپلا قالماستىن ، چاققان ۋە پەم ـ پاراسەتلىك بولۇشقا يېتەكلەيدۇ . ( ش )

## ۋاللەي ئويۇنى

« ۋاللەي » ـــ ئۇيغۇر تىلىدا بەلگىلىك مەنەگە ئىگە بولمىغان ، مۇئەييەن ئاھاڭ ياكى رىتىمنىڭ ئىشارىلىك بەلگىسى بولۇپ ، ئۇ كىشىلەرنىڭ چەللەش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدىغان ، قول ۋە پۇت قاتارلىق بەدەن ئەزالىرىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرىدىغان ، ئۆپكىنىڭ ئىشلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدىغان ۋە يۈرەكنى تاۋلايدىغان بىر خىل ئەنئەنىۋى ئويۇننىڭ نامىدىن ئىبارەت .

بۇ ئويۇندا مەخسۇس مەيدان ۋە ئالاھىدە قورال تەلەپ قىلىنمايدۇ ، قاتنىشىدىغان ئادەم سانىمۇ چەكلەنمەيدۇ . ئىككى كىشى قارىمۇ قارشى ئوينىسىمۇ ، ياكى بىر قانچە كىشى ئىككى سەپكە بۆلۈنۈپ ئوينىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ .

ۋاللەي ئويۇنى ئۈچۈن ئادەتتە تۈز كەتكەن ئوچۇق مەيداننىڭ بىر چېتىگە رادىئۇسى ئەللىك سانتىمېتر كېلىدىغان بىر چەمبەر سىزىلىدۇ . بۇ چەمبەرنىڭ مەركىزىگە ئانا ياغاچ ( بالچۇق ئۇرىدىغان كالتەك ) نىڭ ئۇچى پاتقۇدەك يىگىرمە ـــ يىگىرمە بەش سانتىمېتر ئەتراپىدا بىر ئۇزۇنچاق ئورەك كولىنىدۇ . ئويۇنغا قاتناشقۇچىلار ئەگەر بالچۇقنى ئانا ياغاچنىڭ ئۇچىدا توختىتىپ ئۇرۇشنى شەرتلەشكەن بولسا ، ئورەك كولانمىسىمۇ بولىدۇ . ئانا ياغاچنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن سەكسەن سانتىمېتر ، توملۇقى ئالتە پۇڭ ئەتراپىدا كېلىدىغان قاتتىق ياغاچتىن سىلىق قىلىپ ياسىلىدۇ . بالچۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون ـــ ئون بەش سانتىمېتر ، توملۇقى باشمالتاق قولدەك بولۇپ ، قارىياغاچ ياكى يۇلغۇنغا ئوخشاش قاتتىق ياغاچتىن ئىككى بېشى ئوق شەكلىدە ياسىلىدۇ .

ئويۇنغا قاتناشقۇچىلار ئىككى سەپكە بۆلۈنگەندىن كېيىن ، ئىككى تەرەپتىن بىردىن كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئويۇن باشلاش هوقۇقى تالىشىدۇ . ئاخىرىدا ئويۇن باشلاش هوقۇقىغا ئېرىشكەن تەرەپنىڭ ئەزالىرى رەت ـ رېتى بىلەن بالچۇق ئۇرىدۇ . قارشى تەرەپ ئەزالىرى مەيدانغا تارقىلىپ ئۇرۇلغان بالچۇقنى هاۋادىن يەرگە چۈشكىچە ئارىلىقتا تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىدۇ . ئەگەر تۇتۇۋالسا بالچۇق ئۇرغۇچى تەرەپنىڭ توپ ئۇرۇش هوقۇقى « كۆيگەن » هېسابلىنىپ ، بالچۇق ئۇرۇش هوقۇقى قارشى تەرەپكە ئۆتىدۇ . ئەگەر بالچۇقنى هاۋادىن تۇتۇۋالالمىسا ، ئۇ هالدا بالچۇق چۈشكەن يەردە تۇرۇپ ، بالچۇقنى ئورەككە توغرا قويۇلغان ئانا ياغاچقا نىشانلاپ ئاتىدۇ . بالچۇق بەلگىلەنگەن چەمبەر ئىچىگە چۈشسە ياكى چەمبەر مەركىزىدىكى ئورەككە توغرا قويۇلغان ئانا ياغاچنى سوقۇپ چىقىپ كەتسە ، « ئۇتقان » بولۇپ ، بالچۇق ئۇرۇش هوقۇقى ئالمىشىدۇ . ئەگەر بالچۇقنى چەمبەر ئىچىگە چۈشۈرەلمىسە ياكى ئانا ياغاچنى سوقالمىسا ، ئۇ هالدا بالچۇق ئۇرغۇچى تەرەپ بالچۇقنىڭ چۈشكەن يېرىدىن ئانا ياغاچ بىلەن بالچۇقنى چېكىپ ئۆرلىتىپ قايتا ـ قايتا ئۈچ قېتىم يىراققا ئۇرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بالچۇق قەيەرگە بېرىپ چۈشسە شۇ يەردىن بىر خىل ئۆلچەم بىلەن چامداپ بالچۇق ئۇرۇش چەمبىرىگىچە سانايدۇ . بىر تەرەپنىڭ ئېرىشكەن نومۇرى ( چامدام سانى ) قاچانكى ئىككى قارىمۇ قارشى تەرەپ ئالدىن كېلىشىپ بېكىتكەن نومۇرغا يەتسە ، شۇ تەرەپ غەلىبە قىلغان هېسابلىنىدۇ . بۇنىڭ بىلەن يەڭگەن تەرەپنىڭ هەربىر ئەزاسى بالچۇق ئۇرۇش مەركىزىدىن باشلاپ ئۇدا ئۈچ قېتىمدىن بالچۇق ئۇرىدۇ . بۇ چاغدا ئۇرۇلغان بالچۇقنى قارشى تەرەپ توسۇۋېلىشقا ياكى تۇتۇۋېلىشقا بولمايدۇ . شۇنداق قىلىپ بالچۇقنىڭ چۈشكەن ئارىلىقى چەمبەردىن بارغانسېرى يىراقلىشىدۇ . يېڭىلگەن تەرەپنىڭ ئەزالىرى بۇنىڭ بەدىلىگە بالچۇقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىسىدىن چەمبەرگە قاراپ تىنماي « ۋاللەي ... ۋاللەي ... ۋاللەي ... » دەپ ۋارقىراپ يۈگۈرىدۇ . ئارىلىقتا تىنماي ( دەم ئېلىۋالماي ) نىشانغا يېتىپ كېلەلىگەن بولسا مەجبۇرىيەتتىن خالاس بولىدۇ . ئەگەر « ۋاللەي » توۋلاپ نىشانغا يېتىپ كەلگۈچە تىنىۋالغانلىقى سېزىلسە ، يەڭگەن تەرەپ بالچۇقنى تىنغان يەردىن باشلاپ يەنە بىر قېتىم ئۇرىدۇ . يېڭىلگەن تەرەپ يەنە شۇ

بالىچۇق چۈشكەن ئاخىرقى چەكتىن باشلاپ « ۋاللەي » توۋلاشقا مەجبۇر بولىدۇ . ئۆپكە ۋە يۈرىكى چىداملىق كىشىلەر ئەلۋەتتە « ۋاللەي » توۋلاش مەجبۇرىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىدۇ ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا مەجبۇرىيەت بارغانسىرى ئېغىرلىشىدۇ . قائىدە بويىچە ۋاللەي توۋلاش شەرتى بېجىرىلىپ بولغاندىن كېيىن بىر قېتىملىق ئويۇن ئاخىرلىشىدۇ . « ۋاللەي » ئويۇنىنىڭ جەريانىدىن قارىغاندا ، ئۇ ھەم قىزىقارلىق ، ھەم ئەھمىيەتلىك ئويۇن بولۇپ ، ئۇنىڭدا بەدەننى چېنىقتۇرۇشقا ۋە ئەقىل ـ پاراسەتنى ئۆستۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئامىللار ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن . ( ئا )

## « قارا ـ قارا قۇشلارىم » ئويۇنى

بۇ ئويۇن بالىلاردا كوللېكتىپنى سۆيۈش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشنى نىشان قىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا « ئايرىلغاننى بۆرە يەر » دېگەن ئىدىيە ئەكس ئېتىلگەن . بۇ ئويۇن مۇنداق ئوينىلىدۇ : بالىلار ئارىسىدىن چوڭراق بىرى «ئانا » بولىدۇ ، قالغانلىرى « بالا » بولىدۇ . بالىلار « ئانا » نىڭ ئارقىسىغا تىزىلىپ ، بىر ـ بىرىنىڭ چاپىنى ياكى كۆڭلىكىنىڭ ئارقا پېشىنى مەھكەم تۇتۇپ ، زەنجىرسىمان سەپ ھاسىل قىلىدۇ . بالىلار ئارىسىدىن چاققانراق بىرىئاسماندىكى تۇرنىلارنىڭ سېپىدەك رەتلىك تىزىلغان بالىلار سېپىنى يېرىپ پارچىلىۋېتىدىغان « لاچىن » ياكى « قۇرغۇي » بولىدۇ . « ئانا » بىلەن « لاچىن » بولغان بالا ئوتتۇرىسىدا سوئال ـ جاۋابلىق ئېيتىشىش باشلىنىدۇ :

بالا : قارا ـ قارا قۇشلارىم
ئارقاڭدىكى نېمەلەرىڭ ؟

ئانا :
ئۇششاق ـ ئۇششاق بالىلارىم

بالا :
ماڭا بىرنى بەرسەڭچۇ ،

ئانا :
كۈچۈڭ يەتسە ئالساڭچۇ ؟

بۇنىڭ بىلەن « لاچىن » بالا قاتار تىزىلغان سەپكە « ھۇجۇم » باشلايدۇ . ئانا بالىلىرىنى جان تىكىپ قوغدايدۇ . ئانا قايسى تەرەپكە قانات قاقسا بالىلىرىمۇ سەپتىن ئۈزۈلمەي ئانىغا ئەگىشىدۇ . ناۋادا بالىلاردىن بىرى بىخەستەلىك قىلىپ سەپتىن ئۈزۈلۈپ قالسا ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان « لاچىن » بالا ئۇنى « ئولجا » قىلىۋالىدۇ . نەتىجىدە « لاچىن » غەلىبە قىلغان بولىدۇ . ئەگەر « ئولجا » ئالالمىسا يېڭىلگەن ھېسابلىنىدۇ . بۇ ئويۇن مۇشۇ شەكىلدە داۋاملىشىدۇ . (ئا)

## « ئاق تېرەك ، كۆك تېرەك » ئويۇنى

« ئاق تېرەك ، كۆك تېرەك » ئويۇنى خاراكتېر جەھەتتىن يۇقىرىقى ئويۇنغا ئاساسەن ئوخشىشىدۇ . پەرقى بۇ ئويۇنغا قاتنىشىدىغان بالىلار ئىككى قارىمۇ قارشى سەپ بولۇپ تىزىلىپ ، بىر ـ بىرىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇشىدۇ ۋە بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى ھالدا قوشاق ئېيتىشىدۇ :

1 ـ رەت :
ئاق تېرەك ، كۆك تېرەك
بىزدىن سىزگە كىم كېرەك ؟
2 ـ رەت :
باتۇر ـ باتۇر قىز كېرەك
1 ـ رەت : باتۇر قىزنىڭ ئىسمى كىم ؟
2 ـ رەت : ئىسمى ئۇنىڭ مەلىكەم .
1 ـ رەت : كۈچۈڭ يەتسە ئال كېلىپ
سېپىمىزنى سەن يېرىپ .
2 ـ رەت :
چۈشۈق بىلەن ئۇرىمىز ،
كەمپۈت بېرىپ ئالدايمىز .
1 ـ رەت :
ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمايمىز
كۈچۈڭنىمۇ سىنايمىز .

بۇنىڭ بىلەن تارتىشماق باشلىنىدۇ . 2 ـ رەت 1 ـ رەتنىڭ ئارىسىدىن بۆسۈپ ئۆتمەكچى بولىدۇ . ئۇنىڭغا 1 ـ رەتتىكى بالىلار يول قويمايدۇ . نەتىجىدە سەپ

بويىچە ئۆزئارا كۈچ سىنىشىش باشلىنىدۇ. ناۋادا قايسى تەرەپ سەپنى يېرىپ ئۆتۈپ كېتەلىسە، قولى ئايرىلىپ كەتكەن بالىنى «ئولجا» ئالغان ھېسابتا شۇ تەرەپ ئۆز سېپىگە قوشۇۋالىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ سېپىدىكى بالىلار «ئولجا» ئېلىنىپ تۈگىسە، ئۇ تەرەپ غەلىبە قىلغان بولۇپ بىر دۆرە ئويۇن ئاخىرلىشىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن بالىلار ئويۇنلىرىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. (ئا)

## تەپكۈچ

تەپكۈچ — ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ ئوموملاشقان بالىلار ئويۇنلىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» (I توم، 501 ـ بەت) ناملىق ئەسىرىدە: «تەپكۈچ — دۈگىلەك قوغۇشۇننىڭ تۆشۈكىگە ئۆچكە چۇپۇرىنى ئۆتكۈزۈپ، بالىلار تېپىپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇق»، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. تەپكۈچنى كۆپرەك قىزلار، بەزىدە ئوغۇل بالىلارمۇ ئوينايدۇ.

تەپكۈچ ئادەتتە چوگراق داچەن، يارماق تۆشۈكىگە ئۆچكە چۇپۇرى ياكى خورازنىڭ رەڭلىك بويۇن پېيى ئۆتكۈزۈلۈپ ياسىلىدۇ. تەپكۈچنىڭ تۈۋى تەرىپى (داچەن قىسمى) ئېغىرراق بولۇش كېرەك. شۇنداق بولغاندا، تەپكۈچ ھاۋاغا قاڭقىپ پۇتقا چۈشكەندە داچەن قىسمى تېپىشكە ماس كېلىدۇ.

تەپكۈچمۇ باشقا ئويۇنلارغا ئوخشاش مۇسابىقە شەكلىدە بىرنەچچە بالا بىر تەرەپ بولۇپ كوللېكتىپ ياكى يەككە ھالدا ئوينىلىدۇ.

تەپكۈچ ئاساسەن پۇت ئارقىلىق ماھارەت كۆرسىتىش ئويۇنى، بۇ ئويۇن ئۆزلۈكسىز ئالدىچە تېپىش، ئارقىچە تېپىش، بىر پۇتنى يەرگە تىرەپ يەنە بىر پۇتنىڭ يۈزى بىلەن تېپىش، ئوڭ پۇتتىن سول پۇتقا ئېلىپ تېپىش، پۇتنىڭ ئىچ يېنى بىلەن تېپىش، سەكرەپ چىقىپ پۇتنى ئالماشتۇرۇپ تېپىش، پۇتنىڭ تاشقى يېنى بىلەن تېپىش، ئۆزئارا ئۇدۇل تۇرۇپ نۆۋەت بىلەن تېپىش قاتارلىق كۆپ خىل تېپىش شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەپكۈچ قاچان تەپكۈچىنىڭ پۇتىدىن ئايرىلىپ يەرگە چۈشۈپ كەتسە، تېپىش نۆۋىتى قارشى تەرەپكە ئۆتىدۇ. تەپكۈچ گەرچە پۇت ماھارىتىنى ئاساس قىلسىمۇ، لېكىن ئۇ پۈتۈن بەدەننى ماس ھەرىكەتلەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن تەپكۈچ كۆزنىڭ كۆرۈش سېزىمچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئويۇن ھازىر مىللىي تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ قالدى. (ر)

## قوچقار سوقۇشتۇرۇش

قوچقار سوقۇشتۇرۇش — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىدىن بىرى. بۇ ئويۇن كۆپىنچە ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇز بايرىمى قاتارلىق مىللىي ئەنئەنىۋى بايراملىرىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ ئويۇن ناھايىتى قىزىقارلىق ھەم كۆڭۈللۈك بولىدۇ. بۇ ئويۇن ئۈچۈن ئالاھىدە سورۇن تۈزۈلىدۇ. تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ئادەم يىغىلىدۇ. سوقۇشتۇرۇلىدىغان قوچقار ئومۇمەن مۈڭگۈزلۈك بولىدۇ. قېرى قوچقار بىلەن ياش قوچقارنى سوقۇشتۇرۇشقا بولمايدۇ. قېرى قوچقار بىلەن قېرى قوچقار، ياش قوچقار بىلەن ياش قوچقار سوقۇشتۇرۇلىدۇ. سوقۇشتۇرۇلىدىغان قوچقارلار ئومۇمەن يەرلىك قوچقارلاردىن بولىدۇ. قوچقار سوقۇشتۇرغۇچىلار نەسلى ياخشى قوزىنى پىچماي كىچىكىدىنلا بېقىپ تەربىيىلەيدۇ.

قوچقارلارنى سورۇنغا ئەكىرىپ مەلۇم ئارىلىقتا بىر- بىرىگە قارىتىپ قويۇپ بەرگەن ھامان، بىر ـ بىرىگە قاراپ ئېتىلىپ كېلىپ ئۇسۇشۇشنى باشلايدۇ. ھەر قېتىم ئۇسۇشۇپ بولغاندىن كېيىن ھەر ئىككى قوچقار يەنە ئارقىغا بىر نەچچە مېتىر شوخشۇپ، يەنە ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ كاللا ئۇرىدۇ، كاللا ئۇرغاندا مۈڭگۈزلەردىن چىققان ئاۋاز قۇلاقنى يارغۇدەك دەرىجىدە بولىدۇ. قوچقارلار بىر ـ بىرىنى يېڭەلمەي «جەڭ» بىر ـ ئىككى سائەت داۋام قىلىدۇ. بەزىدە قوچقارنىڭ مۈڭگۈزلىرى سۇنۇپ كېتىدۇ. ئاخىرى بەرداشلىق بېرەلمىگەن قوچقار قاچىدۇ. بۇ يېڭىلگەنلىك بولىدۇ. يېڭىش- يېڭىلىش مۇقىملاشقاندىن كېيىن، قوچقارلارنى ئىگىلىرى تۇتۇۋالىدۇ. سورۇندا قىقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلىدۇ. (ر)

## توخۇ سوقۇشتۇرۇش

توخۇ سوقۇشتۇرۇش — ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئويۇنلاردىن بىرى. بۇ ئويۇن ئادەتتىكى كۈنلەردە ئوينىلىشتىن تاشقىرى، يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى بايراملىرىدا ئوينىلىدۇ.

توخۇ سوقۇشتۇرغۇچىلار ئالدى بىلەن خوراز تاللايدۇ، ئۇنى ئۆگىتىدۇ. بەزىلەر كەپتەر بېسىپ چىقارغان چۆجە سوقۇشقاق بولىدۇ، دەپ توخۇ تۇخۇمىنى كەپتەرگە بېسىپ بېرىپ چۆجە چىقارتىپ ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلىدۇ. تۇرپان، پىچاننىڭ «لوڭ توخۇ» دەپ ئاتىلىدىغان توخۇسىنىڭ خورىزى ناھايىتى داڭلىق. ئۇلار تۇغما ئۇرۇشقاق بولىدۇ. بۇ خىل خورازلارنىڭ بېشى يىلاننىڭ بېشىغا ئوخشىشىدۇ، تاجىسى كىچىك بولىدۇ. تۇمشۇقى قۇشنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشاش ئىلمەك بولىدۇ. ئۇنىڭ پۇتى توم، دوكورلىرى چوڭ، كۆكرىكى كەڭ، ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ خىل خورازنىڭ ئېگىزلىكى ئەللىك ـ ئاتمىش سانتىمېتر، ئېغىرلىقى تۆت ـ بەش كىلوگرام كېلىدۇ. شۇڭا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تۇرپان، پىچانغا كېلىپ، بۇ خىل توخۇنىڭ چۆجىلىرىنى سېتىۋېلىپ يۇرتلىرىغا ئاپىرىپ چوڭ قىلىپ توخۇ سوقۇشتۇرۇشقا سالىدۇ.

توخۇ سوقۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئالاھىدە سورۇن تۈزۈلىدۇ:

ئادەملەر سورۇننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ تاماشا كۆرىدۇ. خورازلار مەيدانغا قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن سوقۇشتۇرۇش باشلىنىدۇ. خورازلار بىر ـ بىرىنى پۇت بىلەن تېپىدۇ، تۇمشۇقى بىلەن چوقۇيدۇ، قانىتى بىلەن ئۇرىدۇ. ھەر ئىككى خورازنىڭ باش ـ كۆزى قانغا بويىلىدۇ. يۇلۇنغان پەيلەر مەيداننى بىر ئالىدۇ. مەيداندىن سۈرەن ـ چۇقان كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئاخىرى بەرداشلىق بېرەلمىگەن خوراز يا يېتىۋالىدۇ، يا قاچىدۇ، بۇ يېڭىلگەنلىك بولىدۇ.

توخۇ ئىگىلىرى، تاماشا كۆرگۈچىلەر ئالاھىدە پۇل تىكىشىدۇ ياكى سوقۇشتۇرۇلغان خورازنى باشمۇ باش تىكىشىدۇ. (ر)

# قوشۇمچە

## ئۇيغۇرلاردا يەر ـ جايناملىرى

يەر ناملىرىنى تەتقىق قىلىش مەخسۇس يەر ناملىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم — توپونومىيىنىڭ ۋەزىپىسى. توپونومىيە يەر ناملىرىنىڭ قانداق مەنبەدىن كەلگەنلىكىنى، يەر ناملىرىنىڭ مەنىسىنى، تارىخىي ئۆزگىرىشىنى، يەر ناملىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى، يەر ناملىرىدىكى تۈرلۈك گرامماتىكىلىق (فونېتىكىلىق) ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلىرىنى تەتقىق قىلىپ، يورۇتۇپ بېرىدۇ. يەر ناملىرىنىڭ قانداق مەنبەدىن كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى ئېنىقلاش، يەر ناملىرى تەتقىقاتىدا مۇھىم ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يەر ناملىرى تەتقىقاتى ناھايىتى كەڭ ساھە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئېتنوگرافىيە، تارىخ، جۇغراپىيە، تىلشۇناسلىق قاتارلىق ناھايىتى كەڭ ساھەلەرگە چېتىلىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۇيغۇرلاردىن باشقا كۆپ مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايون. شۇڭا بۇ رايوندىكى يەر ناملىرى ئىچىدە ئۇيغۇرچە سۆز بىلەن ياسالغان ناملاردىن باشقا، يەنە قازاقچە، موڭغۇلچە، خەنزۇچە ۋە باشقا تىللاردىكى سۆزلەر بىلەن ياسالغان يەر ناملىرى خېلى ئۇچرايدۇ. بىز تۆۋەندە پەقەت فولكلور نۇقتىسىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ يەر ـ جاي ناملىرى ئادىتىدىكى ئوخشاشمىغان ئالاھىدىلىكلەرنى قىسقىچە ئىزاھلاپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى، بەزى يەر جاي ناملىرى شۇ جاينىڭ تەبىئىي شارائىتى ياكى تارىخىي ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدىغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەردىن ياسالغان بولۇپ، كېيىنچە بۇ ئىسىملارنىڭ تەركىبىدىكى بەزى تاۋۇشلاردا ئورۇن ئالمىشىش ھادىسىسى يۈز بەرگەن. بۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىدە ئۇچرايدىغان نورمال ھادىسىدۇر. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى (بۇيرۇق) دېگەن سۆز، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا (بۇريۇق) شەكلىدە ئىدى. بۇ سۆزدە (ر) تاۋۇشى بىلەن (ي) تاۋۇشى ئورۇن ئالماشتۇرغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى (يالپۇز) سۆزى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا (يارپۇز) شەكلىدە ئىدى. بۇ سۆزدىكى (ر) تاۋۇشى (ل) تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن. بۇ خىل فونېتىكىلىق ھادىسە بەزى يەر ناملىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

(1) ئايغىربۇلاق — توقسۇن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭغا ماڭىدىغان كونا تاغ يولىدا بىر بۇلاق بار. بۇ يەرنى بەزىلەر (ئايغىربۇلاق) دەپ ئاتىسا، بەزىلەر (ئارغى بۇلاق) دەپ ئاتايدۇ. بۇ بۇلاق ئەسلىدە ئىككى تاغ ئارىسىدا بولغىنى ئۈچۈن (ئارغۇ بۇلاق) دەپ ئاتالسا مۇۋاپىق بولغان بولاتتى «(ئارغۇ) سۆزىگە قاراڭ» مەيلى (ئايغىر بۇلاق) بولسۇن، ياكى (ئارغى بۇلاق) بولسۇن، ھەر ئىككىلىسى دەل (ئارغۇ بۇلاق) سۆزىنىڭ بۇزۇلغان شەكلىدۇر.

(2) بۇيلۇق — تۇرپان شەھىرىگە قاراشلىق ئۈزۈمچىلىك رايونى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «تۇرپان تېكىستلىرى» قاتارلىق قەدىمكى يازما يادىكارلىقلاردا (بور)، (بورچى)، (بورلۇق) دېگەندەك سۆزلەر ئۇچرايدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا (بور) سۆزى (شاراب ـ ئۈزۈم) مەنىسىنى، (بورچى) سۆزى (باغۋەن) مەنىسىنى، (بورلۇق) سۆزى (ئۈزۈملۈك، مېۋىلىك باغ) مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، (بۇيلۇق) دېگەن سۆز (بورلۇق) سۆزىنىڭ بۇزۇلغان شەكلى بولۇپ، (ر) تاۋۇشى (ي) تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن.

(3) تاشمىلىق — قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى بىر يېزا. بۇ سۆز ئەسلىدە (تاش) سۆزى بىلەن (بالىق) سۆزى بىرىكىپ ياسالغان (تاشبالىق) شەكلىدىكى سۆز بولۇپ، (تاش قەلئە، تاش قورغان، تاش شەھەر) مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ئىدى. بۇ يەر ئېھتىمال، قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدە ياكى ئۇنىڭ

دىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە بىر قەلئە بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەسلىدىكى ( تاشبالىق ) سۆزىدىكى ( ب ) تاۋۇشى ( م ) تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ ( تاشملىق ) شەكلىگە كەلگەن. ئۇيغۇر تىلىدا ( ب ) تاۋۇشىنىڭ ( م ) تاۋۇشىغا ئالمىشىش ھادىسىسى نورمال ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ.

(4) قاراقاش — خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق چوڭ بىر ناھىيە. مەھمۇت قەشقەرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » 3 ـ توم، 208 ـ بەت ) دا ( قاش ) سۆزى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: « قاش: بىر خىل سۈزۈك تاش بولۇپ، ئاق ۋە قارا رەڭلەردە كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىنى گۈلدۈرمامىدىن، ئۇسسۇزلۇقتىن ۋە چاقماق چۈشۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۈزۈككە كۆز قىلىنىدۇ » ، « قاش ئۆگۈز. خوتەن شەھىرىنىڭ ئىككى يېنىدىن ئاقىدىغان ئىككى دەريا، بىرى «ئۈرۈڭقاش ئۆگۈز » ( يۇرۇڭقاش دەرياسى ) دېيىلىدۇ. بۇ يەردىن سۈزۈك ئاق تاش چىققاچقا، دەريا مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. يەنە بىرى، « قاراقاش ئۆگۈز » ( قاراقاش دەرياسى ) دېيىلىدۇ. بۇ يەردىن سۈزۈك قارا تاش چىقىدۇ، بۇ تاشلار دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن چىقمايدۇ. پەقەت مۇشۇ يەردىنلا چىقىدۇ ) . دېمەك، يۇقىرىقى بايانلاردىن ( قاراقاش ) ۋە ( يۇرۇڭقاش ) دېگەن ناملارنىڭ قانداق مەنىدىن كەلگەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ( يۇرۇڭقاش ) سۆزى قەدىمكى (ئۈرۈڭقاش ) سۆزىنىڭ بۇزۇلغان شەكلى. بۇنىڭدىن باشقا، سۇيى ئېلى دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان ( قاش دەرياسى ) دىكى ( قاش ) سۆزى يۇقىرىدىكى قاش سۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ( سۇيى سۈزۈك دەريا ) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

(5) كورلا — ئۇيغۇر تىلىدا « توگمەننىڭ كويلىسىدىن پۇتۇن چىقىدىغان » دېيىدىغان تۇراقلىق ئىبارە بار. ( كويلا ) سۇ توگمەنلىرىدە نو ئارقىلىق يۇقىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن سۇ قۇيۇلىدىغان كۆلچەك. مەھمۇت قەشقەرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » ، ( III توم، 599 ـ بەت ) دا، ( كەۋلى ) دېگەن سۆزنى « كويلا، دەريا ئېغىزى » دەپ چۈشەندۈرگەن. باغراش كۆلىدىن ئېقىپ چىققان سۇ، خۇددى سۇ توگمەنلىرىدە سۇنىڭ نو (قوش ) ئارقىلىق ئېگىزدىن كۆلچەككە ئېقىپ چۈشكىنىگە ئوخشاش، باش ئەگىم ئارقىلىق كورلىغا كىرىدۇ. دېمەك، ( كورلا ) سۆزى ئوخشىتىش يولى بىلەن كەلگەن نام بولۇپ ( كويلا ) سۆزىدىكى ( ي ) تاۋۇشى (ر ) تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ، ( كورلا ) شەكلىگە كەلگەن.

ئىككىنچى، تارىخىي ۋەقە ـ ھادىسىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى. بۇلار تارىختا يۈز بەرگەن بەزىبىر ۋەقە، ھادىسىلەرنىڭ قاچان، قەيەردە ۋە قانداق يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىشكە ياردەم بېرىدۇ.

(1) ئەسكى ھىسار — قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قىزىل دەرياسى بويىدا قاراخانىلارنىڭ ( ھىسار ) دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەلئە شەھىرى بولغان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ يەردە خان ئەۋلادلىرى ۋە قوغدىغۇچى قوشۇنلار تۇرغانىكەن. XI ئەسىردە يۈز بەرگەن يەر تەۋرەش ۋە سۇ ئاپىتىدە بۇ يەر خاراب بولغان. قەشقەر خەلقى ھازىرغىچە ( ئەسكى ھىسار ) نىڭ قەدىمكى ئورنىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرنى قوشۇپ ( ئەسكىسا ) دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

(2) يېڭى ھىسار — رىۋايەتلەرگە قارىغاندا «ئەسكى ھىسار » ( قەدىمكى قەلئە ) خاراب بولغاندىن كېيىن، خوتەن يولىدا مۇنتىزىم « يېڭى ھىسار » ( يېڭى قەلئە ) قۇرۇلۇپ، بۇ يەرگە « ئەسكى ھىسار » خەلقى كۆچۈرۈلگەنىكەن. قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق ھازىرقى يېڭىسار خەلقى، ئېتنىك ئالامەتلەردىن قارىغاندا ئۇلار قاراخانىلارنىڭ تايانچ قوشۇنى خان ئەۋلادى ئىكەنلىكى ئېنىقلانماقتا.

(3) ئۈچ — مەھمۇت قەشقەرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » ( I توم، 49 ـ بەت ) دا: « ئۈچ — مەشھۇر بىر شەھەرنىڭ نامى » دەپ يازىدۇ « ئۈچ » ھازىرقى ئۈچتۇرپاننىڭ قەدىمكى نامى. « ئۈچتۇرپان » دېگەن بۇ نام ( ئۈچ ) سۆزى بىلەن ( تۇرپان ) سۆزىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان خاس ئىسىم. ( ئۈچتۇرپان ) دېگەنلىك « ئۈچتىكى تۇرپانلىقلار » دېگەنلىك بولۇپ، بۇ نامنىڭ كېلىش مەنبەسى مۇنداق: ئۈچتا يۈز بەرگەن « جېگدە يېغىلىقى » دىن كېيىن، ئۈچ خەلقى قىرغىن قىلىنغان ۋە تاغنىڭ شىمالىدىكى ئېلى قاتارلىق جايلارغا

سۇرگۈن قىلىنىپ، تارقاقلاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئورنىغا تۇرپاندىن ئاھالە كۆچۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر (ئۈچتۇرپان) دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. ھازىرقى ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدىكى (پىچان كەنتى، تۇيۇق كەنتى، خاندۇ كەنتى، قاراغوجا كەنتى، ياڭخىي كەنتى) دېگەن يەر نامىلىرى تۇرپان، پىچانلاردىكى يەر ناملىرىغا ئوخشاش بولۇشى بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

(4) ھازىرقى غۇلجا ناھىيىسىگە قاراشلىق (تاھىرىيۈزى، تۇردىيۈزى، جېلىلىيۈزى، خۇدىيارىيۈزى، روزىمەتيۈزى، ساقىيۈزى، سامىيۈزى، كېپەكيۈزى، ھاسانىيۈزى، ئىسلامىيۈزى) دېگەندەك يۈز سۆزى بىلەن ياسالغان بىر مۇنچە يۇرت ـ مەھەللە ناملىرى بار. بۇ يۇرتلارنىڭ نامى مۇنداق بارلىققا كەلگەن: مەنچىڭ دەۋرىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، دېھقانچىلىق قىلىپ، ئىلى رايونىدىكى مانجۇ ئەسكەرلىرىنى بېقىش ئۈچۈن، ئالتە شەھەر ۋە تۇرپاندىن (يۈز ئۆيلۈك) تىن قىلىپ، ئىلىغا بىر قانچە قېتىم دېھقان كۆچۈرۈلگەندى. بۇلار كېيىن «تارانچى» (تېرىقچى) دەپ ئاتالغان. يۇقىرىدىكى بىر ـ قانچە (يۈز) بىلەن كەلگەن يۇرت ناملىرى، كۆچۈرۈپ كېلىنگەن يۈز ئۆيلۈك دېھقانغا باش بولغان (تاھىر، تۇردى، جېلىل، خۇديار، روزىمەت، ساقى، سامى، كېپەك، ھاسان، ئىسلام) دېگەن ئادەملەرنىڭ نامىغا قويۇلغان.

(5) مەشەت — ئاتۇش شەھىرىگە قاراشلىق بىر كەنتنىڭ نامى. ھازىر (مەشەت، مەشەت) دەپ يېزىلىۋاتقان ۋە تەلەپپۇز قىلىنىۋاتقان بۇ سۆز ئەسلىدە (مەشھەت) بولۇپ، مەنىسى (بىر ئادەمنىڭ شېھىت بولغان يېرى ياكى شېھىتلەر كۆمۈلگەن يەر) دېگەندىن ئىبارەت. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن بۇددىست ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قاتتىق جەڭلەر بولغانىدى. مۇسۇلمان ئۇيغۇرلاردىن جەڭدە شېھىت بولغانلار مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. شۇڭا بۇ يەر (مەشھەت) دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. ئابدۇلكېرىم سۇتۇق بۇغراخانمۇ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ قەبرىسىمۇ مۇشۇ يەردە. شۇڭا بۇ جاي مۇھىم زىيارەتگاھ بولۇپ قالغان.

ئۈچىنچى، قەبىلە ۋە مىللەت نامىغا قويۇلغان يەر ـ جاي ناملىرى:

(1) قارلۇق — تۈركىي قەبىلىلەر ئىچىدىكى مەشھۇر بىر ئۇرۇقنىڭ نامى. بۇ نام بىلەن ئاتالغان جايلار شىنجاڭ رايونىدا خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «قارلۇق ئۆستەڭ» (كېرىيىدە)، قارلۇق غول، قارلۇق كارىز، قارلۇقلار مەھەللىسى، قارلۇق تۈگمەن (بۇ جايلار قۇمۇلدا) قاتارلىقلار.

(2) ئارغۇ — تۈركىي قەبىلىلەردىن بىرى. مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (I توم، 172 ـ بەت) دا: «ئارغۇ، ئىككى تاغ ئارىسى، بۇنىڭدىن ئېلىنىپ تىراز (تالاس) بىلەن بالاساغۇن ئارىسىدىكى شەھەرلەرمۇ ‹ئارغۇ› دېيىلىدۇ، چۈنكى ئۇ يەرلەر ئىككى تاغ ئارىسىدا» دەپ ئىزاھلايدۇ. ھازىرقى ئاتۇش شەھىرىگە قارايدىغان «ئاغۇ» (بۇ سۆزدە ‹ر› تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان) يېزىسىمۇ ئىككى تاغ ئارىسىدا. دېمەك، بۇ نامنىڭ مەنبەسىنى ئاسانلا بايقىيالايمىز.

(3) قاڭقا — تۇرپان، توقسۇنلاردا «قاڭقا» دەپ ئاتىلىدىغان يۇرتلار بار. بۇ نام تارىختا تۇرپان ئويمانلىقىدا خانلىق قۇرغان «قاڭقا ياكى قاڭقىل» قەبىلىسىنىڭ نامىدىن كەلگەن. «قاڭقا» نىڭ قانداق بارلىققا كەلگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، تارىخىي داستان «ئوغۇزنامە» گە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. داستاندا مۇنداق بىر ۋەقە بايان قىلىنىدۇ: ئوغۇزخان بىر قېتىملىق جەڭدە، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، نۇرغۇن غەنىيمەت ئالىدۇ. بۇ غەنىيمەتلەرنى توشۇپ كېتىشكە ئامالسىز قالغاندا، ئوغۇزخاننىڭ قوشۇنىدىكى بارماق يوسۇن بىلىگ دېگەن ئەقىللىك بىر ئادەم بىر ھارۋا ياسايدۇ. باشقىلار بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشۇپ، ئۇلارمۇ ھارۋا ياسايدۇ. شۇنىڭ بىلەن غەنىيمەتلەرنى ھارۋىغا بېسىپ توشۇپ كېتىدۇ. ھارۋا ماڭغاندا (قاڭق، قاڭق) دەپ ئاۋاز چىقارغانلىقى ئۈچۈن ھارۋىغا «قانقا» دەپ نام بېرىشىدۇ. ھارۋىنى ياسىغان ئادەمنى «قاڭقىلى» دەپ ئاتايدۇ. پۈتۈن قاڭقىللىقلار دەل شۇ كىشىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن. «قاڭقا» سۆزى ماتېرىياللاردا «قاڭقا»، «قانقا»، «قاڭلى» ۋە «قاڭ-

قىلى » دېگەندەك شەكىللەردە ئۇچرايدۇ .

( 4 ) تاۋغاچ — توقسۇن ناھىيىسىدە «تاۋغاچلار مەھەللىسى » دېيىدىغان بىر مەھەللە بار. «تاۋغاچ » سۆزى « تۈركىي تىللار دىۋانى » ( I توم ، 38 ـ بەت ) دا :« تاۋغاچ ، بۇ — ماچىن دېمەكتۇر . بۇ قەبىلىلەر جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدا ياشايدۇ » دەپ ئىزاھلايدۇ . « قۇتادغۇ بىلىك » نىڭ تۈركچە «ئىندېكس » ( 429 ـ بەت ) تە : « تاۋغاچ — تۈركلەر- نىڭ بىر بۆلىكى » دەپ ئىزاھلايدۇ . تۈرك تارىخچىسى باھائىددىن ئۆگەلنىڭ « تۈرك مەدەنىيەت تارىخىغا كىرىش » دېگەن ئەسىرىدە « تاۋغاچ » سۆزىنى «جۇڭگولۇق » دېگەن مەنىدە قوللانغان . قانداق بولۇ- شىدىن قەتئىينەزەر تاۋغاچلارنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى ئېنىق .

( 5 ) يوپۇرغا — ھازىرقى يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ قەدىمكى ئورنى « ياباقۇ » چېگرىسى بولغىنى ئۈچۈن ، خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن بولغان جەڭدە شېھىت بول- غان ئارسلان تېكىننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ، كىشىلەر بۇ يەرنى « يوپۇرغا » دەپ ئاتاشقان بولۇشى مۇمكىن ، دەپ قارىغۇچىلار بار . خەنزۇ تىلىدا بۇ يەر ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە « 兵普湖 » دېيىلىدۇ . ياباقۇ — تۈركىي قەبىلە- لەردىن بىرى .

(6) توققۇزاق ( قەشقەر كوناشەھەرنىڭ نامى ) ، ئىكىساق ( ئاتۇشتىكى قاراشلىق بىر يېزىنىڭ نامى ) . بۇ ناملار ئەسلىدە ( توققۇزساق ) ، ( ئىككى ساق ) بولۇپ ، قەدىمكى ساك قەبىلىلىرى ئولتۇراقلاشقان يۇرت ناملىرىنى كۆرستىدۇ .

( 7 ) يەر ـ جاي ناملىرى ئىچىدە مىللەت نامى بىلەن ئاتالغان يەر ـ جاي نامىلىرىمۇ بار . مەسىلەن ، ئۇيغۇر شەھىرى ، ئۇيغۇر غول ، ئۇيغۇر چوققا ( قۇمۇل تاغلىرىدا ) . تاتار مەھەللىسى ( يەكەندە ) ، تۇڭگانمازار ( مارالبېشىدا ) ، تۇڭگان مەھەللە ( نىلقىدا ) ، قازاق مەھەللە ( ئاقسۇ شەھىرىدە) ، قىرغىز مەھەللىسى ( قەشقەر يېڭىشەھەردە ) ، سالار كەنتى ( غۇلجىدا ) ، موڭغۇل كەنتى ( چاپچالدا ) قاتارلىقلار . بۇ نامالارنىڭ بەزىلىرى بىرقانچە يۇرتتا ئۇچرايدۇ . بۇ نامىلار بۇنداق بارلىققا كەلگەن : بىرەر مىللەت ئادەملىرى مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن بىرەر يۇرتقا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقتىن شۇنداق نام بىلەن ئاتالغان . لېكىن ھازىر شۇ يۇرتتا شۇ مىللەت ئادەملىرىنىڭ بولۇشى ناتايىن .

تۆتىنچى ، يۇرت نامى بىلەن ئاتالغان يەر نام- لىرى . مەسىلەن ، ئالمۇتا كەنتى ( غۇلجا شەھىرىدە ) ، ئاۋات كەنتى ( قاراقاشتا ) ، ئەنجان كارىزى ( تۇرپاندا ) ، ئەنجان ئېرىقى ( پەيزاۋاتتا ) ، بارچۇق كەنتى ( قاراقاش- تا ) ، پەيزاۋات كەنتى ( كۇچادا ) ، پوسكام كەنتى (مەكىتتە ) ، تاشكەنت كەنتى ( غۇلجىدا ) ، توقسۇن كەنتى ( بايدا ) ، تۇرپانيۈزى ( غۇلجىدا ) ، تۇرپان كەنتى ( چارقىلىقتا )، چارقىلىق كەنتى (قەشقەر يېڭىشەھەردە)، خوتەن مەھەللىسى ( قاغىلىقتا ) ، دولان مەھەل- لىسى (گومىدا ) ، قاراقاش كەنتى ( پەيزاۋاتتا ) . قاغىلىق كەنتى ( كېرىيىدە ) ، قەشقەر مەھەللىسى (مارالبېشىدا) ، قوقان كەنتى ( قاراقاشتا ) ، قۇمۇل كەنتى (گومىدا)، كەلپىن كەنتى ( يېڭىساردا ) ، لوپ كەنتى (چارقىلىقتا ) ، مەكىت كەنتى ( ئۈچتۇرپاندا ) ، ئۈچ كەنتى ( ئاقچىدا ) ، يەكەن مەھەللىسى ( خوتەندە ) ، يېڭىسار كەنتى ( ئۈچتۇرپاندا ) ... قاتارلىقلار .

بەشىنچى ، كىشى ئىسىملىرى ۋە لەقەملىرىگە قو- يۇلغان يەر نامىلىرى . مەسىلەن ، ئابلاخۇن كارىزى ، ئاقئايلاساي ، ئارسلانخان كەنتى ، بارات مەھەللىسى ، جالالباغ ، مامۇتلەنگەر ، مىرسالى مەھەللىسى ، سەلەيچوڭ ئېرىق ، نۇراخۇنبۇلاق ، ھېلىمھاجى مەھەللىسى ، تورغايلار مەھەللىسى ، جوجەكىلەر مەھەللىسى ، خورازلار مەھەللىسى ، قوچقارلار مەھەللىسى ، چەكمەنكارىزى ، قودايلار مەھەللىسى ... قاتارلىقلار . شىنجاڭدا-كىشى ئىسمى ۋە لەقىمى بىلەن ياسالغان يەر جاي نامىلىرى خېلى نۇرغۇن . كىشى ئىسمى بىلەن كەلگەن يەر ـ جاي نام- لىرى يۇرت ئىچىدە يۈز ـ ئابرويى بار ئادەملەر نامىغا قويۇلغان .

ئالتىنچى ، كەسىپ نامىلىرى بىلەن ئاتالغان يەر ـ جاي نامىلىرى : بۇ خىل يەر ـ جاي نامىلىرى شۇ يۇرت ئادەملىرىنىڭ نېمە كەسىپ بىلەن تىرىكچىلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى بىلىشكە ياردەم بېرىدۇ .

مەسىلەن ئەلگەكچى، بوياقچى مەھەللىسى، تاۋاقچى مەھەللىسى، تاغارچى كەنتى، تەڭلىچى مەھەللىسى، تۆگمەنچى مەھەللىسى،تونۇرچى مەھەللىسى، تۆگىچى مەھەللە، چويۇنچى كەنت، خۇمدان كەنتى، سېۋەتچى مەھەللە، شامچى كوچا، چايچى مەھەللە، قايماقچى كەنت، كۆنچى مەھەللە، ئوۋچى مەھەللە، ياغاچچى كەنت، قەغەزچىلەر مەھەللىسى، يىكچى كەنت، قاسساپ مەھەللىسى ... قاتارلىقلار.

يەتتىنچى، هايۋانات ۋە ئۇچار قۇشلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان يەر ـ جاي نامىلىرى. مەسىلەن، ئاقساقمارال، بۆرىكۆل، بۆرەبۇلاق، پاختەكلە، پاقابۇلاق، توڭگۇزلۇق، قۇشقاچباغ، كەكلىكچۆل، هۇقۇشدۆڭ، جەرەنبۇلاق، ئىلانلىق ... قاتارلىقلار.

سەككىزىنچى، دەل ـ دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەر نامى بىلەن ئاتالغان يەر ـ جاي نامىلىرى، مەسىلەن ئازغانبۇلاق، ئالمىلىق، ئەمەنلىك، توغراقلىق، قالغايلىق، تىكەنلىك، ئۈزۈمچىلىك، شوتابۇلاق، جىگدىلىك، چىغلىق، چىغىرتماقلىق، چىلانلىق قۇشتېرەك، زاغۇنلۇق، سۆكسۆكلۈك، ئۆرۈكلۈك، يۇلغۇنلۇق، يانتاقلىق، قۇمۇشچۆل ... قاتارلىقلار.

توققۇزىنچى، جۇغراپىيىلىك جايلىشىشىغا قاراپ قويۇلغان يەر ـ جاي نامىلىرى، مەسىلەن ئويمانتۇر، دۆشتۇر، دۆڭمەھەللە، دۆڭكۆۋرۈك، دۆڭمازار، قاتارچوققا، يالاڭكارىز، ئويبازار، ئاقساي، سەككىزكۆتەل، ئويئېرىق، سايباغ، سايتۈگمەن، سايئۆستەڭ، سايئېرىق، قۇمباغ، قۇمئېرىق، يۇلغۇندۆڭ، شوربۇلاق، بەلساي، يېكەنكۆل، قومۇشكۆل ... قاتارلىقلار.

ئونىنچى، دىنىي ئاتالغۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر ـ جاي نامىلىرى، مەسىلەن ئاخۇنمەھەللە، ئاخۇنئېرىق، ئازنامەسچىت، ئەۋلىيا كەنتى، باخشى كەنتى، بېھىشباغ، خانىقا مەھەللىسى، خاتىپكارىزى، داخانلار كەنتى، رەمبال مەھەللىسى، سوپىلار مەھەللىسى، كۆھمارىم، شېھىتلىرىم كەنتى، قازىخانا كەنتى، مازارغوجام، شىڭشىڭشىيا غوجام، مەدرىس كەنتى، ئوقۇرمازار، ۋەخپە كەنتى، ئىماملىرىم، ئىسلامئاۋات كەنتى دېگەندەك يەر ـ جاي نامىلىرى شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

بۇ خىل ناملارغا بەزى ئەپسانىلەر سىڭىپ كەتكەن ۋە بىر خىل سىرلىق تۈسنى ئىپادىلەيدىغان ناملارغا ئايلىنىپ كەتكەن.

ئون بىرىنچى، قەدىمكى ھەربىي ئاتالغۇلار بىلەن باغلانغان يەر ـ جاي نامىلىرى، بۇ خىل يەر نەملىرى بىۋاسىتە ھالدا پوتەي، تۇر (تۇرا)، تىم، قاراۋۇل، قورغان، قەلئە، هاسار، (هىسار) دېگەندەك سۆزلەر بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، بەشقورغان (تاشقورغاندا)، پالۋانتۇر، چۆلتۇر، قۇمتۇر، چوڭتۇر، دۆشتۇر، چوقايتۇر، چاشقانتۇر (بۇ يەرلەر قۇمۇلدا)، پوتەي كەنتى (توقسۇندا)، تۇرا كەنتى (كەلپىندە)، تۇر كارىز (پىچاندا)، تۇركەنت (بايدا)، تىم كەنتى (شاياردا)، چولاقتۇر (توقسۇدا)، قاراۋۇل (ئاقتۇدا)، قاغىتۇر كەنتى (ئۇچتۇرپاندا)، قورغان كەنت (يەكەندە)، قىزىلتۇر كەنتى، قۇشتۇر كەنتى (تۇرپاندا)، كونا تۇر كەنتى (بايدا)، هاسار كەنتى (گۇمىدا)، ئويتۇر كەنتى (ئۇچتۇرپاندا) قاتارلىقلار.

ئون ئىككىنچى، قەدىمكى ھاكىمىيەت نامىلىرى بىلەن ئاتالغان يەر ـ جاي نامىلىرى. مەسىلەن بەشبەگ (قاغىلىقتا)، خانلىق ۋەخپىسى كەنتى (خوتەندە)، خانئېرىق كەنتى (قەشقەر يېڭىشەھەردە)، خانكۆۋرۈك كەنتى (يوپۇرغىدا)، خانكۆل كەنتى (مەكىتتە)، خانلەڭگەر (پوسكامدا)، ئورداكارىز، ئورداقوۋۇق (قۇمۇلدا)، ئورداڭېرىق (ئاقتۇدا) ... قاتارلىقلار.

ئون ئۈچىنچى، ھەپتە ئىچىدىكى ھەر قايسى كۈنلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان يەر ـ جاي نامىلىرى، مەسىلەن، دۈشەنبە بازار، سەيشەنبە بازار، چارشەنبە ـ بازار، پەيشەنبە بازار، ئازنا بازار، شەنبە بازار، يەكشەنبە بازار دېگەن ناملار ئاستىدا ھەرقايسى يۇرتلاردا نۆۋەت بىلەن بازار بولۇپ تۇرغان. بۇ بازار نامىلىرى دەسلەپ، سودا ـ سېتىق ئورنىنى بىلدۈرگەن بولسا، كېيىنچە بىرەر يۇرت ياكى مەھەللىنىڭ نامى بولۇپ قالغان.

ئون تۆتىنچى، مېتال ـ مەدەن نامى بىلەن ئاتالغان يەر ـ جاي نامىلىرى، مەسىلەن كۈمۈشبېكىتى،

ئالتۇنبۇلاق، ئالتۇنتاغ، تۆمۈرتى، زەرگەر كەنت، مىسبۇلاق، مىسكەنت، قەلەيچى مەھەللىسى قاتارلىقلار.

ئون بەشىنچى، رەڭ بىلەن سۈپەتلەنگەن يەر - جاي ناملىرى. مەسىلەن ئاقساي، ئاقتاغ، ئاقدۆڭ، ئاقئۆستەڭ، ئاقسۇ، ئالاقاغا، بوزدۆڭ، سېرىقبۇيا، قاراتاغ، قارادۆڭ، قاراسۇ، قارا يۇلغۇن، قاراقاش، قىزىلبۇلاق، قىزىلتاغ، قىزىلقۇم، قىزىلسۇ، قىزىليار، قىزىليۇلغۇن، كۆككۈمبەز، كۆكتۇمشۇق، كۆكبوقچا قاتارلىقلار.

ئون ئالتىنچى، سان بىلەن ياسالغان يەر - جاي ناملىرى. بۇ خىلدىكى يەر نامىلىرىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئەللىككەتمەن كەنتى، بەشبۇلاق كەنتى، بەشتام كەنتى، بەشتوغراق كەنتى، بەشتۈگمەن، بەشتېرەك، بەشدۆڭ، بەشكارىز، بەشكېرەم، بەشگۈمبەز، بەشئېرىق، توققۇز بۇلاق، توققۇز توما كەنتى، سەككىزكۆتەل، ئۈچدەرۋازا، ئۈچكۆۋرۈك، ئۈچئۆستەڭ، يەتتەقۇدۇق، يەتتەقىزلىرىم، توققۇزئەگىم ... قاتارلىقلار.

ئون يەتتىنچى، مۇھىت ئالاھىدىلىكى بىلەن باغلانغان يەر - جاي نامىلىرى. مەسىلەن، بوستان كەنتى، چېچەكلىك كەنتى، چىمەن كەنتى، گۈلچى كەنتى، بورانلىق، چىمەنزار، گۈلچىمەن كەنتى، گۈللۈكھويلا، گۈلمەھەللە ... قاتارلىقلار. ئۇيغۇر خەلقى گۈزەللىكنى سۆيىدۇ. يۇقىرىقىدەك يۇرت نامىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ گۈزەللىك قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

بىز يۇقىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ يەر - جاي نامىلىرى ئادىتىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق، تولۇقسىز ستاتىستىكىلارغا قارىغاندا، شىنجاڭدا تەخمىنەن يىگىرمە مىڭدىن ئارتۇق يەر - جاي نامىلىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم. بۇ يەر نامىلىرىنىڭ ئېتمولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىش ناھايىتى چوڭ تېما. ئىشىنىمىزكى، يېقىن كەلگۈسىدە بۇ تېما كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغۇسى. (ر)

## ئۇيغۇرلاردا كىشى ئىسىملىرى

ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپ ئادەمگە ئىسىم قويۇش بىر خىل مۇراسىم تۈسىنى ئالغان بولۇپ، بۇ مۇراسىم قەدىمكى زامانلاردا «كۆدەن» ① دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان ئىسىم قويۇش ئادىتى بويىچە بالا تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈنگىچە (هازىر بەزى رايونلاردا يەتتە كۈنگىچە) ئىسىم قويۇش رەسمىيىتى بېجىرىلىدۇ. ئىسىم قويۇشتا ئومۇمەن بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆيىگە يۇرت - مەھەللە ئاقساقاللىرى ياكى ئىمام - مەزىنلەرنى، ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئىچىدىكى پېشقەدەملەرنى تەكلىپ قىلىدۇ. ئىسىم قويۇشتا تەكلىپ قىلىنغۇچى كىشى بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ رازىلىقى بويىچە بالىنىڭ قۇلىقىغا ئەزان چىللاپ «ئىسمىڭىز ××× بولسۇن» دەپ، بوۋاقنى جايناماز ئۈستىگە دومىلىتىدۇ، ئاندىن يەنە قولىغا ئېلىپ ئىسمىنى مۇبارەكلىگەندىن كېيىن دادىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ. ئىسىم قويۇش رەسمىيىتىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ئۇرۇق - تۇغقان ۋە قولۇم - قوشنىلاردىن بىر قانچە كىشى چاقىرىلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردىكى ئادەم ئىسىملىرىنى شۇ ئىسىملار بارلىققا كەلگەن تارىخىي دەۋرلەرگە ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇنقى ئادەم ئىسىملىرى. بۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن ئىسىملار مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە: بىرىنچىدىن، قەدىمكى تۈركىي (ئۇيغۇر) تىلىنىڭ لۇغەت فوندىدىكى پېئىل ۋە نەرسىلەر ناملىرى ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئاساسى قىلىنغان بولۇپ، ھەممىسى بەلگىلىك مەنىگە ئىگە. مەسىلەن، «ئەردەن بۆكو» ② كۆلتېكىن، پانتېكىن، ئارسلان، تاش، تۆمۈر، سۈپۈرگە، چاۋا دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملار. ئىككىنچىدىن، قەدىمكى تەبىئەت ئېتىقادى ۋە تۇتېم ئېتىقادى ئاساسىدا ئىسىم قويۇش. مەسىلەن، كۈن (كۈنتۇغدى)، ئاي (ئايتولدى)، يۇلتۇز، دېڭىز، كۆك («ئوغۇزنامە» گە قاراڭ) تاغ، قۇت (بەخت)، چولپان، بۆكە، يولۋاس ... دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملار بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرىغا «بەگ»، «خان» (خاقان)، «تېكىن» قاتارلىق قوشۇمچىلار ئۇلانغان. ئۈچىنچىدىن، ئىسىم قويۇلغۇچىنىڭ كەلگۈسىدە باتۇر، ئىرادىلىك، قەيسەر بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن شۇ خىل خۇسۇسىيەتلىك نەرسىلەرگە تەققاسلاپ ئىسىم قويۇش. مەسىلەن، چىنتۆمۈر، قىلىچ، لاچىن، قاپلان، بۇغرا، ئالپ (ئالپ تېكىن)، توڭا (ئالپ ئەرتوڭا — يولۋاسنى يەڭگۈچى باتۇر) قاتارلىقلار. تۆتىنچىدىن، بالا تۇغۇلغان مەزگىلدە كۆزگە چېلىققان ۋە ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېرىشكەن نەرسىلەرنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن شۇ نەرسىنىڭ ئېتىنى ئادەمگە قويۇش. مەسىلەن، تىكەن (تىكەنباي)، ئىتباي، دەريا، قوتازباي، ئورمان (ئورمانبەك، ئورمانجان)، تاي (نۇرتاي)، سامساق، تۇر، ئالتۇن، كۈمۈش، كېپەك، پالتا، كەكە، ... قاتارلىقلار. ئومۇمەن بۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن ئىسىملار ئاددىي، چۈشىنىشلىك ۋە مەنىلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان.

2) ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىنكى ئادەم ئىسىملىرى. بۇ دەۋردىكى ئادەم ئىسىملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئىسىم قويۇش ئادىتىدىن پۈتۈنلەي چەتنەپ كەتكىنى يوق، بەلكى قەدىمكى ئىسىم قويۇش ئەنئەنىسى ئاساسىدا ئادەم ئىسىملىرى تېخىمۇ كۆپ خىل بولۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلدى. بۇ دەۋردىكى ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا مەركەزلەشتۈرۈش مۇمكىن.

---

① كۆدەن — «بالىغا ئات قويۇش زىياپىتى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە، I توم، 525 - بەتكە قاراڭ.

② «قۇچۇ ئىدىقۇتلىرىنىڭ مەڭگۈ تېشى» دا، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇنجى خاقانىنىڭ ئىسمى «ئەردەن بۆكو» دەپ خاتىرىلەنگەن، «ئەردەن» سۆزىگە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «چولڭ مەرۋايىت» دەپ ئىزاھ بېرىلگەن.

بىرىنچى ، ئىسلام دىنى كىرىشتىن ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن ئىسىملار يەنىلا تۈپ ئىسىملىك رولىنى يوقاتمىدى . مەسىلەن ، تۇغ (تۇغلۇق ) ، ئوغۇز (ئوغۇزخان ) ، ئاي ( ئايخان ) ، تۇر ( تۇران ) ، تۇراق ، توختى ( توختاش ) ، بوساق ، تارخان دېگەنلەردەك .

ئىككىنچى ، قەدىمكى تۈپ ئىسىملارغا باشقا تىللاردىن كىرگەن ئىسىملار ياكى ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ ، قوش ئىسىمغا ئايلىنىش هادىسىسى بارلىققا كەلدى . مەسىلەن ، تۇرسۇنمۇھەممەت ، مۇھەممەتتۇردى ( جانلىق تىلدا مەتتۇردى ) ، مۇھەممەتروزى ( مەتروزى ) ، توختىغازى ، خۇدابەردى ، ئىگەمبەردى ، تۇرسۇنپاشا ، پەخرىنۇر ، قەلبىنۇر ، مېھرىنىسا ، مېھرىئاي ، ئاينۇر ، نۇرلان ... دېگەنلەردەك .

ئۈچىنچى ، بۇ دەۋردە ئۇيغۇر تىلى لۇغەت فوندىغا كۆپلەپ سىڭىپ كىرگەن ئەرەب ، پارس ئاتالغۇلىرىغا ئەگىشىپ ، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىدىن ئېلىنغان ئادەم ئىسىملىرى كۆپىيىشكە باشلىدى . بۇنىڭ بىلەن ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنى ئۆزىگە ئىسىم قىلىپ قويۇش . مەسىلەن ، خالىق ( ياراتقۇچى ) ، سەمى ( ئىشىتكۈچى ) ، غوپۇر ( ئەپۇ قىلىش ) ، قادىر (قۇدرەت ئىگىسى ) ، ئابدۇلقادىر ( هەممىگە قادىر خۇدانىڭ قۇلى ) ، ئابدۇلكېرىم ( خۇدانىڭ بەندىسى ، قۇلى ) ، نەجمىدىن ( دىننى يورۇتقۇچى يۇلتۇز ) ، پەيزۇللا (خۇدانىڭ پەزىلەتلىك بەندىسى ) ، نايىپ ( نامازغا دالالەت قىلغۇچى ) . مالائىكىلەر ( پەرىشتىلەر ) نىڭ ئىسىملىرىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش (مىكائىل ، ئىسراپىل ...)؛ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتلىرىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش (مەسىلەن ، داۋۇت ، ئىدرىس ، مۇسا ، ياقۇپ ، ئەيسا ، ئىلياس ، يۈسۈپ ، سۇلايمان ، ئىبراھىم ، ئىسمايىل ، ئىسھاق ، مۇھەممەت ... قاتارلىقلار ) ؛ چاھاريارلارنىڭ ئىسمىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش (مەسىلەن ، ئابابەكرى ، ئۆمەر ، ئوسمان ، ئېلى ... قاتارلىقلار ) ؛ مۇقەددەس ئانىلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش ( مەسىلەن ، هاۋا ( هاۋا ئانام ) ، خەدىچە (بۈۋىخەدىچە)، سارە ، مەريەم ، پاتىمە ( بۈۋىپاتىمە ) ، بۈئايشەم... قاتارلىقلار)؛ دىنىي مەزھەپ ۋە دەرىجە ناملىرىنى ھەمدە «قۇرئان كەرىم » دىكى سۈرە ( ئايەت ) ناملىرىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش ( موللا ، داموللا ، ئىشان ، سوپى ، بۈۋى ، ئاغىچا ، ئىمام ، قازى ، ياسىن ... دېگەنلەردەك ) ؛ ئىسلام كالېندارىدىكى ئاي ، پەسىللەر ۋە يۇلتۇز ناملىرىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش ( مەسىلەن ، شەمسىيە ، قەمەرىيە ، قەمەرىدىن ، رامىزان ، رەجەپ ، سەپەر ، قەمەر ، زۆلھەججە ، مۇھەررەم ، ماھى ( ماھىگۈل ) ، نىسا ، چولپان ، باھار ، نورۇز ، روزى ، ھېيت ( ھېيتاخۇن ) ، شەيبان (شەئبان ) ، ئارزۇ ( ئاتارۇت ) ، قۇربان ، ھوشۇر ، بارات ... قاتارلىقلار ) ؛ تارىختا ئۆتكەن قەھرىمانلار ، تارىخىي شەخسلەر ۋە فولكلوردا يارىتىلغان تىپىك ئوبرازلارنىڭ ئاتلىرىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش (مەسىلەن ، ئىسكەندەر ، هارون ، پەرىدون ، ئارسلان ، تاھىر ، زۆھرە ، غېرىپ ، سەنەم ، پەرھات ، شېرىن ، لەيلى ، هۆرلىقا ، زەينەپ ، زۇلەيخا ، يۈسۈپ ، ئەھمەت ، تومارىس ، ئابۇموسلىم ، سەئىد ، خىزىر ... قاتارلىقلار)؛ مۇقەددەس جايلارنىڭ نامىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش (مەسىلەن ، مەدىنە ، مەككە ، قۇددۇس ، ئېھرام ، مىسىر ، ئىسلامبۇل (ئىستامبۇل ) ، بوغدا ... قاتارلىقلار ) ؛ دىنىي پائالىيەت ناملىرىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش ( مەسىلەن ، ئىبادەت ، ئىمانەم ، ئىسلام ، هاپىز ، تالىپ ، مۇخلىس ، رازى ، غازى ، جۈمە ، ئازنا ، جەننەت ، ۋەلى ، غايىپ ، ۋاجىت ، هىدايەت ، ۋارىس ، ئىشان ، سۈننەت ، ئىنايەت . .. قاتارلىقلار ) قاتارلىق كۆپ خىل ئىسىم قويۇش ئادەتلىرى شەكىللەندى .

3 ) هازىرقى زامان ئادەم ئىسىملىرى . بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قەدىمكى ساپ ئۇيغۇر ئىسىملىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ، نوقۇل ئەرەبچە ، پارسچە ئىسىملارنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن يۇغۇرۇپ ئىسلاھ قىلىش ، دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يېڭى ئىسىملارنى ئىجاد قىلىش ، ئىخچام ۋە روشەن مەنىدارلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن . مەسىلەن ، شىرئەلى ، شىرمەممەت ( شىرمۇھەممەت ) ، ئىقبالەم ، يارمۇھەممەت ، ئوغلەم ، ئوغۇلنىسا ، شەھرىبانۇم ، قۇتلۇق ، ئاينۇر ، روشەنگۈل ، نۇرلان ، ئۈمىد ، يالقۇن ،

دولقۇن، غەيرەت، غالىپ، ئازات، بەختىيار، ئەركىن، ھۆررىيەت، پەزىلەت، جۈرئەت، سائادەت، سالامەت، كۈرەش، دىلشات، مۇرات، غەلىبە، ئادىل، سادىق، يادىكار، خالىس، ئەلا، مۇنەۋۋەر، ئۆتكۈر، يارقىن، ياشار، نادىر، گۈزەل، دېموكرات ... دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئىسىملىرىدا ئاسمان جىسىملىرى، جاي ئىسمى، مېتال، قورال ـ ئەسۋابلار ناملىرىدىن ئېلىنغان ئىسىملار (ئايگۈل، يۇلتۇز، ھاۋاخان، ھەسەن، ھۆسەن، ئالتۇنگۈل، كۈمۈشئاي، زۇمرەت، گۆھەر، ياقۇت، ئالماس، تاشپولات، دىنار، تىللاخان، شەمشەر، پالتاخۇن ... قاتارلىقلار)؛ ئۇچار قۇش ۋە ھايۋانات نامىدىن ئېلىنغان ئىسىملار (شۇڭقار، سۆسەر، قۇندۇز، بۇلبۇل، ئارسلان، يولۋاس، شىر... قاتارلىقلار)؛ يېمەك ـ ئىچمەك، گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخلەر نامىدىن ئېلىنغان ئىسىملار (ھەسەلخان، ناۋاتگۈل، توقاچخان، مايسىگۈل، ياسەمەن، غۇنچەم، تاجىگۈل، چىمەن، چۇغلۇق، جىدەستە، بادام، زەيتۇنە، يانتاق، نىلۇپەر، ئېپارخان ... قاتارلىقلار)؛ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەر ۋە زور تارىخىي ئۆزگىرىشلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئىسىملار (ئىسلاھات، كاممۇنا، مەدەنىيەت، پىدا، غالىبىيەت، مەملىكەت، دۆلەت ... قاتارلىقلار)؛ ھەر خىل فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن قويۇلغان ئىسىملار (مەڭلىك، مەڭلەشخان، خالىدەم، خالمۇھەممەت، سۇنبۇلقىز، خالبۇۋى، مايمۇنە ... قاتارلىقلار) قاتارلىق ئىسىملارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئەر ـ ئايال ئىسىملىرى سۆزلەرنىڭ ئۇرغۇسى ۋە ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلار ئارقىلىق روشەن پەرقلىنىدۇ. ئادەتتە ئەرلەرگە قويۇلىدىغان ئىسىملار جاراڭلىق، كەسكىن، ئۇرغۇلۇق، نوقۇل مەنىگە ئىگە بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەر بىلەن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا خاسلىشىپ نىسپىي ھالدا مۇقىملاشقان. مەسىلەن، پولات، تۆمۈر، ئالماس، قادىر، قابىل، ئۆتكۈر، باتۇر، غەيرەت، ئېلشات، دىلشات، سەمەت، ئىدرىس، ئوسمان، ھابىل، مامۇت، ۋاھاب، ئوبۇل ... دېگەنلەردەك. قىزلارغا قويۇلىدىغان ئىسىملار نەپىس، يېقىملىق، رەڭدار، سىمۋوللۇق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا قىزلارغا خاس ئىسىم بولۇپ مۇقىملاشقان. مەسىلەن، گۈلشەن، مېھرىبان، قۇندۇز، سەييارە، مودەنگۈل، غۇنچەم، دىلبەر، گۈلئايىم، گۈلچەھرە، نەبىرە، نەسىمە، ھۆرلىقا، گۈلباھار، مەلىكە، قەلبىنۇر، ئاسىمە، ھۆرمەم، نۇرگۈل ... دېگەنلەردەك. ئەرلەر ئىسمىغا كۆپرەك ئاخۇن، خان، جان، باي، بەگ، ۋاي، تاي، قۇل قاتارلىق سۈپەت قوشۇمچىلىرى؛ قىزلار ئىسمىغا كۆپرەك گۈل (تۈپ ئىسىمنىڭ ھەم بېشىغا، ھەم ئايىغىغا ئۇلىنىدۇ)، خان (خېنىم)، قىز، بانۇم، نىسا، بۇۋى، نۇر، ئاي قاتارلىق سۈپەت قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۆمەراخۇن (ئۆمەر + ئاخۇن)، تۇرسۇنجان، ئابدۇرەشىتخان، موساباي، پاساربەگ، چىنەۋاي، نۇرتاي، تۇرسۇنتاي (ئەرلەر ئىسىملىرى)، ئايىمخان، ئازىنخان، مەريەمخېنىم، ئامانگۈل، مېھرىبانۇم، بەختىنىسا، ئەمبەرنىسا، ئايقىز، گۈلقىز، پەخرىنۇر، خالبۇۋى، جەننەتبۇۋى، مېھرىئاي، مەلىكەئاي ... قاتارلىقلار. بۇ جىنسىيەت قوشۇمچىلىرى بەزىدە ئەرلەرگە خاس ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇش ئارقىلىق قىزلار ئىسمى ياسىلىدۇ (مەسىلەن، توختى دېگەن ئەرنىڭ ئىسمىغا قىزلارنىڭ ئىسمىنى ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئۇلانسا، ئۇ قىزلار ئىسمىغا ئۆزگىرىدۇ. توختىگۈل، توختىخان، توختىقىز، تۇرسۇن (ئەرلەر ئىسمى) گۈل، تۇرسۇنئاي، تۇرسۇنقىز دېگەنلەرگە ئوخشاش.

يەنە بەزى ئەرلەر ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «ئە»، «ئەم» تاۋۇشلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ئوغۇللارغا خاس ئىسىم قىزلارغا خاس ئىسمىغا ئايلىنىپ كېتىش ھادىسىسىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، رەخىم — رەخىمە، كەرىم — كەرىمە، رەشىت — رەشىدە، ئابىت — ئابىدە، ئادىل — ئادىلە، سەلىم — سەلىمە، خەمىت — خەمىدە، زاھىت — زاھىدە، سابىر — سابىرە، ئېلدان — ئېلدانە ... قاتارلىقلار.

ئۇيغۇر ئادەم ئىسىملىرىدىكى تۈپ سۆز بىلەن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپمۇ يېڭى ئىسىم ياسىغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، پاشاخان —

خانپاشا ، نۇرمۇھەممەت ــ مەھەممەتنۇر ، نازىگۈل ــ گۈلناز ، گۈلباھار ــ باھارگۈل ، گۈلنۇر ــ نۇرگۈل ، نىساگۈل ــ گۈلنىسا ... دېگەنلەردەك . شۇنداقلا ، بەزىدە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئۆزئارا بىرىكىپ مۇقىملاشقان خاس ئىسىمغا ئايلىنىدۇ . مەسىلەن ، ئىسىم ئاي + خان = ئايخان ، خان + ئاي = خانئاي ، گۈل + قىز = گۈلقىز ، گۈل + بانۇم = گۈلبانۇم ، بۈۋى + خان = بۈۋىخان ، ئاخۇن + جان = ئاخۇنجان ، جان + بېك = جانبېك ، ئاخۇن + باي = ئاخۇنباي ، خان + قىز = خانقىز ، گۈل + نىسا = گۈلنىسا ... ۋە باشقىلار .

يەنە بەزى ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا « ەك » « ەم » قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىش بىلەن ئەركىلىتىش ، كىچىكلىتىش ، كەمسىتىش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا ئايلىنىدۇ . مەسىلەن ، توختى ــ توختەك ، غوجى ــ غوجەك ، بەختى ــ بەختەك ، خەلچەم ــ خەلچەك ، موللا ــ موللەك ، قادىر ــ قادىرەم ، غوپۇر ــ غوپۇرەم ، ناسىر ــ ناسىرەم ، گايىت ــ گايىتەم ... دېگەنلەرگە ئوخشاش .

ئۇيغۇرلاردا نەسەب قوغلىشىپ ، ئەجداد ــ ئەۋلادلىرىنىڭ نامىنى ئەسلەپ تۇرۇش ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىزىنى ئۆچۈرمەسلىك مەقسىتىدە ۋاپات بولغان دادىسى ياكى بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى ئوغۇل نەۋرىسىگە ، مومىسىنىڭ ئىسمىنى قىز نەۋرىسىگە ياكى ئۆلۈپ كەتكەن بىر تۇغقانلىرىنىڭ نامىنى كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا ئىسىم قىلىپ قويۇش ئادىتى كۈچلۈكرەك ، بۇ ئوغۇلنى چاقىرغاندا بوۋىسىنى ، قىزنى چاقىرغاندا مومىسىنى ئەسلەيدىغان تۇرمۇش ئادىتى شەكلىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ . قويۇلغان ئىسمىنى ئاتاشتىمۇ باللىق ، ياشلىق ، قىرانلىق ( ئوتتۇرا ياشلىق ) ، قېرىلىق دەۋرلىرى بويىچە ئاللىبۇرۇن ئىسىم ياكى ھەر خىل ئىسىم ياسىغۇچى سۈپەت قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش شەكلى بىلەن پەرقلىق ئاتاش ئادىتىمۇ بار . مەسىلەن ، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق باللارنى ئوغۇل بولسا « پاقلىنىم » ، « قوزام » ، « غوجام » ، «قۇرغۇيۇم » ، « سۇلتىنىم » ؛ قىز بولسا « مونچىقىم » ، «گۈلۈم » ، « ئالتۇنۇم » ، « ئايپاشا » ، « خانئايىم » ... دەپ ئەسلى ئىسمىنى ئاتىماي ، ئەركىلەتمە نام بىلەن ئاتايدىغان ، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ئىسىم ياسىغۇچى سۈپەت قوشۇمچىلىرىنى قوشماي ، تۈپ ئىسمى بويىچە كېرەم ، مەھەممەت ، سەمەت ، قادىر ، ناسىر ... دەپ بىۋاسىتە ئاتايدىغان ( قىزلار ئىسمىدىمۇ مۇشۇنداق ) ئادەت بار . پەقەت ئوتتۇرا ياش ۋە قېرىلىق مەزگىلىگە كىرگەندىن كېيىنلا ھۆرمەت مەنىسىدە يۇقىرىقى سۈپەت قوشۇمچىلىرى ( ئاخۇن ، ئاخۇنۇم ، بەگ ، بېگىم ، خان ، خېنىم ، بۈۋى ... ) قوشۇپ ئاتىلىدۇ ھەمدە ياشلىق دەۋرىدە ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلىدىغان « گۈل » ، «قىز » قوشۇمچىلىرى « خان » ياكى « خېنىم » ، « ئاچا » قاتارلىقلارغا ئالمىشىدۇ .

ئۇيغۇرلاردا ئۆز ئىسمىنىڭ ئالدىغا ئاتا ــ بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ئاتايدىغان ھازىرقى زامان فامىلىچىلىك ئادىتى ئومۇملاشمىغان ، پەقەت ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا دادىسىنىڭ ئىسمى قوشۇلۇپ ئىسىم ــ فامىلە ياسىلىدۇ . جانلىق تىلدا فامىلە ئورنىغا لەقىمى ياكى تەخەللۇسنى قوشۇپ ئېيتىش كۆپرەك ئۇچرايدۇ .

لەقەم ۋە تەخەللۇس كىشىلەرگە باشقىلار ۋە ئۆزى تەرىپىدىن قويۇلغان قوشۇمچە نام بولۇپ ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان .

لەقەم كىشىلەرنىڭ مىجەز ، خۇلقى ، پىسخىك ئالاھىدىلىكى ، فىزىئولوگىيىلىك بەلگىلىرى ، كەسپىي خۇسۇسىيىتى قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن قويۇلىدۇ . مەسىلەن ، تۇراق تاگىگا ، ھەمرا قويچى ، مامۇت قاساپ ، سىدىق موزدۇز ، غوپۇر قاسقان ، ئابلا سوپۇنچى ، تۇرسۇن پەشمەت ، ھىمىت باخشى ، ھەسەن مىزگان ، تۇراپ دېھقان ، ياقۇپ ئاشلەگپۇڭ ، ھوشۇر قەندال ، داۋۇت دەللال ، ھامىت مەزىن ، بائىز باپكار ، قەييۇم سەيپۇڭ ، ئايۇپ قاسقان ، ئابلەت قەندەل ( كەسپىي لەقەم ) ، تۇردىيار قوگغۇز ، ھەمرا قاقباش ، غولام كۆك ( ئۇششۇق ) ، روزى تۇقىناق ، ھەمدۇل قاۋان ، تۇراپ شاتىراق ، مۇختەر كاۋا ، تىللا يورغا ، جامال سەتەڭ ، ئابلىز گاچا ، سىدىق كېكەچ (پىسخىك لەقەملەر ) ، ئەمەت سېرىق ، قاسىم داگازا ، روزى تۆگە ، قاسىم پىستە ، ھاشىم قارىلاق ، ئېلاخۇن كۆككۆز ، مەمتىمىن قارىقاش ، تۇرسۇن قۇشقاچ ، سا-

دىرخاگىرۇق، سېپىت موزاي، تۇران قورچاق (فىزىئولوگىيىلىك لەقەملەر)، سېپىت نوچى، سادىر پالۋان، تۆمۈر باتۇر، ھىسام دەلدۈش، خېلىل لەقۋا، ھاشىر تۈلكە (جەسۇرلۇق ياكى نۇقسان ـ سەۋەنلىكلىرىگە ئاساسلىنىپ قويۇلغان لەقەملەر) قاتارلىقلار. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شەخس لەقەمدىن باشقا يەنە، يۇرت ـ مەھەللىلەرنىڭ ئورتاق لەقىمى بولۇپ، ئۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە شۇ يۇرت ـ مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ شەخسىي لەقىمى سۈپىتىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. يۇرت لەقەملىرى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كېلىۋاتقاچقا، ھېچقانداق كىشى ئۇنىڭدىن غەيرىيلىك ھېس قىلمايدۇ. مەسىلەن، قارا قۇرۇم ئازغانسال ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ نەسەب تەزكىرىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلار تارىختىن بۇيان «غازىلەر»، «كاللەكىلەر»، «قوڭغۇزلار»، «بورداقلار»، «توخۇلار»، «لاتىلار»، «پورلار»، «كوشاڭلار»، «توقۇناقلار»، «قارنى يورۇقلار» دېگەنگە ئوخشاش ئون خىل لەقەم تۈركۈمى بويىچە ئاتىلىپ، ھەرقانداق زامان، ئورۇن، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت جەھەتلەردە ئەجدادىنى پەرق ئېتىشنىڭ بىر خىل بىرلىك بۆلۈنمىلىرىنى ھاسىل قىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى شەھىدانە خوتەن، غېرىبانە يەكەن، ئەزىزانە قەشقەر، غازىيانە ئاقسۇ، ۋەلىيانە كۇچار، غەلىيانە تۇرپان دېگەنگە ئوخشاش شۇ رايونلارنىڭ تارىخىي خاراكتېرىستىكىسىمۇ يۇرت لەقىمى كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ.

لەقەمنىڭ يەنە بىر خىلى ــ تەخەللۇس بولۇپ، ئۇ سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئىگە. تەخەللۇس كۆپ ھاللاردا ئەسلى ئىسمىنىڭ ئورنىدا قوللىنىلىدۇ ياكى ئەسلى ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا تەخەللۇس كۆپرەك ئارزۇ ـ ئىستەك غايىۋى مەزمۇن ياكى يۇرت تەۋەلىكىنى بىلدۈرىدۇ. غايىۋى مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان سىمۋوللۇق (مىتافورىلىق) تەخەللۇسلار كۆپ ھاللاردا ئەسلى ئىسىم ئورنىغا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، لۇتفى، جامى، ناۋائى، ساكاكى، زەلىلى، خىرقىتى، گۇمنام، نەفسى (ئامانىنىسا خېنىم)، نىزارى، غېرىبى، سەبۇرى، قايىنام ئۆركىشى ۋە باشقىلار. بۇنداق تەخەللۇسنى كۆپرەك يازغۇچى ـ شائىرلار، ئالىملار ۋە سەنئەتكارلار قوللىنىدۇ. تەۋەلىكنى ئىپادىلەيدىغان تەخەللۇسلار ئاساسەن ئەسلى ئىسمىغا ئۇلىنىپ، شۇ كىشىنىڭ تۇغۇلغان يۇرت ـ ماكانىنى ئىشارە قىلىدۇ. مەسىلەن، مەھمۇت قەشقەرى، ئەھمەد يۈكنەكى، ئەبۇنەسىر فارابى، يۈسۈپ بالاساغۇنى، قېدىرخان يەكەندى، موللامۇسا سايرامى، مۇھەممەت ئىۋەز، قارىقاش ۋە باشقىلار.

ئومۇمەن، ئۇيغۇر ئادەم ئىسىملىرى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك كۆپ خىللىقتا، رەڭدارلىقتا ۋە مەنىدارلىقتا ئىگە بولۇپ، ئۇنى تەتقىق قىلىش «ئانتروپونومىيە» ئىلمىدا مۇھىم قىممەتكە ئىگە. شۇنداقلا ئۇ يەنە ئېتنوگراپىيە، تارىخ، فولكلور، پسىخولوگىيە، توپونومىيە (يەر ـ جاي ئاتلىرى ئىلمى)، دىنشۇناسلىق ... قاتارلىق پەنلەر بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. (ئا)

# ھەرقايسى يۇرت ئادەملىرىنىڭ مىجەز ـ خۇلقى توغرىسىدا

## قەشقەر ئۇيغۇرلىرى

قەشقەر ئۇيغۇرلىرى يۇمىلاق باش ( براخىكىفال ) ، ئوتتۇرا بوي ، بۇغداي ئۆڭلۈك ، يۈزى سوقىچاقراق ( ئات يۈز ) ، بۇرنى ئوتتۇراھال كەڭ ، لېكىن ئېگىز ( قۇش تۇمشۇق بۇرۇن بىلەن تۈز بۇرۇن ئارىسىدا ) ، چاچلىرى قارا قوڭغۇررەڭ ، قوي كۆزلۈك ، ساقال ـ بۇرۇتلىرى قويۇق ، ئەگىم قاشلىق ، تېرىسى سۇزۇك ۋە سىلىق بولۇپ ، ئومۇمەن چىرايلىق كېلىدۇ . ئۇلار چىرايلىق كىيىنىپ سالاپەتلىك يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ ، تازىلىققا ۋە گىرىمگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ ، ئۆلىما ۋە كاسىپ كىشىلەرگە دوست ۋە ئامراق كېلىدۇ ، ئىلىم ـ پەننى قەدىرلەيدۇ ، ھەمسۆھبەتنى ياخشى كۆرىدۇ .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرى خەيرى ـ ساخاۋەتلىك ، مېھماندوست ، دانا ھەم مۇلايىم سۆزلۈك بولۇپ ، خۇشناۋاز ، سەنئەتخۇمار كېلىدۇ . تۇرمۇشتا تىرىشچان ھەم ئەمگەكچان بولۇپ ، سودا ـ سېتىق ۋە تىجارەتكە ماھىر ، ساياھەت ۋە سەپەرگە ھەۋەس قىلىدۇ . ئەھلى كەسىپ ۋە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ، قول ھۈنەر ماھارىتى جەھەتتە باشقا شەھەرنىڭ ئادەملىرىگە قارىغاندا ئۈستۈن ۋە زىيادە تۇرىدۇ . شۇڭا قەشقەر قەدىمدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت ۋە سودا مەركىزى بولۇپ كەلگەن .

## خوتەن ئۇيغۇرلىرى

خوتەن ئۇيغۇرلىرى بەستلىك ، ئاقپىشماق ، ھال تەنلىك بولۇپ ، يۇمىلاق باش ( بروخىكىفاللىقى گەۋدىلىك ) ، ئوتتۇرا بوي ، بۇرنى ئىنچىكە ، لېكىن ئېگىز ، يۈزى سوقىچاقراق ( ئات يۈز ) ، چاچلىرى قارا ياكى قارامتۇل دولقۇنسىمان ، ساقال ـ بۇرۇتلىرى قويۇق ، قارا كۆز ، قاش ـ كىرپىكلىرى تولۇق ، تەبەسسۇم چىراي كېلىدۇ . خوتەن ئۇيغۇرلىرى بىر سۆزلۈك ، بىر قوللۇق ، بىر نىيەتلىك ۋە ئىتتىپاق بولۇپ ، مۇلايىم ۋە كەمتەر ، ئىشچان كېلىدۇ . خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئۆز ئىشىغا ناھايىتى پۇختا ، دوستلۇق ئەقىدىسى كۈچلۈك ، ئاغزى مەھكەم بولۇپ ، سىر ساقلىيالايدۇ . خوتەن ئۇيغۇرلىرى كاسىپ ـ ھۈنەرۋەن ، تەبىئەت ئىدرىكى پاكىز ، زېھنى ئۆتكۈر بولۇپ ، ئۆتكەن ئىشلاردىن خاتىرە قالدۇرۇشقا ئادەتلەنگەن .

خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئاددىي ـ ساددا ياشايدۇ ، ھەشەمەتچىلىكنى ياقتۇرمايدۇ . ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە تىبابەتچىلىككە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ ، ئۆلىما ۋە ئالىملارنى قەدىرلەيدۇ .

خوتەن ئۇيغۇرلىرى ھەرقانداق ھۈنەرنى ئۆز كامالىغا يەتكۈزۈپ ، خېرىدارلارنى رازى قىلىدۇ . شۇڭا بۇ جاي ئەزەلدىن يىپەك يولى توقۇمىچىلىقى ۋە قاشتېشى ئويمىكارلىقى بىلەن مەشھۇر .

## ئاتۇش ئۇيغۇرلىرى

تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە ، ئاتۇش ئۇيغۇرلىرى ئىتتىنىك جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلەر

ئىتتىپاقى ئىچىدىكى ئاساسلىق قەبىلىلەرنىڭ بىرى بولغان ياغمىلارنىڭ ئۇرۇغ - ئەۋلادلىرى دەپ قارىلىدۇ .

بۇگۈنكى ئاتۇش ئۇيغۇرلىرىنىڭ قىياپەت تەسۋىرى قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ قىياپەت تەسۋىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ . يەنى باش سۆڭىكى يۇمىلاقراق ، چاچ ۋە ساقاللىرى قويۇق ۋە قارا ، بۇرنى ئىنچىكە ، لېكىن ئېگىزرەك ( قاڭشالىق ) ، بۇغداي ئۆڭلۈك ، قوي كۆزلۈك ، ئوتتۇرا بوي ، بەدەن مۇسكۇللىرى چىڭ ، يۈزى سوقىچاقراق ( ئات يۈز ) ، كۆز قارچۇقى ئۆتكۈر ، ئەگمە قاش ، قاپىقىنىڭ قېتى كەڭرەك كېلىدۇ .

ئاتۇش ئۇيغۇرلىرى ئىشچان ۋە پەم - پاراسەتلىك بولۇپ ، ئىلىم - مەرىپەتنى قەدىرلەيدۇ ۋە ھۆرمەتلەيدۇ ، يېڭىلىققا ئىنتىلىدۇ ، جاپا - مۇشەققەتتىن زارلانمايدۇ ، بەلكى ئۆز ئەقىل پاراستى ۋە كۈچىگە تايىنىپ بەختلىك تۇرمۇش يارىتىش روھى ئۈستۈن .

ئاتۇش ئۇيغۇرلىرى ئۆزئارا ئىناق ۋە ئىتتىپاق ياشايدۇ . قەيەردە ئولتۇراقلىشىشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزئارا ئىزدىشىپ بىر - بىرىگە ياردەم بېرىدۇ ۋە ئەقىل كۆرسىتىدۇ . يوقسۇللىرىغا خەيرى - خاھلىق قىلىدۇ .

تىجارەت ۋە سودا سېتىققا كامىللىقى ، سۆزدە مۇلايىم ۋە چىۋەرلىكى ، ئۆز ئىشىغا پۇختىلىقى ، كەمتەرلىكى ۋە سىڭىشچانلىقى ، ئالدىن كۆرەرلىكى قاتارلىق ئالامەتلەر ئاتۇش ئۇيغۇرلىرىنى خاراكتېرلەيدىغان تۈپ ئالامەتلەردۇر .

## ئاقسۇ ئۇيغۇرلىرى

ئاقسۇ ئۇيغۇرلىرى ئاقپىشماق ، ئەمما سەل - پەل بۇغداي ئۆڭلۈك كېلىدۇ ھەمدە بېشى يۇمىلاق ، يۈزى كەڭ ۋە گۆشلۈك ، چاچلىرى قارامتۇق ۋە دولقۇنسىمان ، قوي كۆزلۈك ۋە ئارىلاشما كۆزلۈك ، لېكىن يۇقىرى قاپىقىنىڭ قېتى چوڭ ، ساقال - بۇرۇتلىرى ئوتتۇراھال ، بۇرنى ئادەتتە كەڭرەك ۋە تۈز ، پېشانىسى كەڭ بولىدۇ .

ئاقسۇ ئۇيغۇرلىرى خاراكتېر جەھەتتىن توغرا (تۈز) ، ئاددىي - ساددا ، يۇۋاش ، مۇلايىم ، كەمتەر ، شۈكرىچان خەلقتۇر . دېھقانلىرى كۆپ ، ھۈنەرۋەر كاسىپلىرى ئاز ، سودا تىجارەتكە ئانچە قىزىقمايدۇ . ھۈنەر - كەسىپ ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ كۆپچىلىكىنى باشقا شەھەرلەردىن كەلگەنلەر تەشكىل قىلىدۇ . دېھقانلىرى ئاقكۆڭۈل ۋە مېھماندوست بولۇپ ، پۇلغا ئانچە ھېرىسمەن ئەمەس . ئۇلار سەنئەتخۇمار بولۇپ ، ئەر - ئايال توپلىشىپ مەشرەپ ئويناشقا ئادەتلەنگەن .

ئاقسۇ ئۇيغۇرلىرى باغۋەنچىلىككە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ . شۇڭا ئاقسۇ مۇھىتى گۈزەل ، بۈكباراقسان شەھەر بولۇپ ، ئېلىمىز بويىچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مانا شۇ ئاقسۇ تەۋەسىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلاردۇر .

## تۇرپان ئۇيغۇرلىرى

تۇرپان قەدىمىي شەھەر بولۇپ ، قەدىمكى « ئىدىقۇت » ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدۇ . تۇرپان ئۇيغۇرلىرى قىياپەت جەھەتتىن سارغۇچ ئۆڭلۈك ، باش سۆڭىكى يۇمىلاققا مايىل ، ئېگىز بوي ، گەۋدىلىك ، بۇرنى ياپىلاقراق ھەم قېلىنراق ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى سەل چوڭراق كۆندىلەڭ شەكىلدە ، يۈزلىرى كەڭ ، يۈزىنىڭ داس سۆڭىكى كۆرۈنەرلىك . كۆزلىرى قارامتۇل ، ئەمما كىچىكرەك (چېقىر كۆز) ، قاپىقى گۆشلۈك ،

چاچلىرى تۈز ۋە قارا، ساقال ـ بۇرۇتلىرى شالاڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

تۇرپان ئۇيغۇرلىرى راست قوللۇق، راست سۆزلۈك، تۈز كۆڭۈل، ھىيلە ـ مىكرى ۋە خىيانىتى يوق، ئەقىدە ـ ئىخلاسلىرى ساپ، سۆزلىرى قوپاللراق بولسىمۇ، كۆكسى ـ قارنى كەڭ، ئۆزئارا ئاداۋەت ساقلىمايدىغان، ئارتۇقچە تەكەللۇپنى خالىمايدىغان، ئەقىدىسى كۈچلۈك خوشپېئىل خەلقتۇر.

تۇرپاننىڭ ھاۋاسى ئىسسىق، كىلىماتى قۇرغاق، سۈيى كەم بولغاچقا تۇرپان ئۇيغۇرلىرى كارىز سۈيىگە تايىنىپ دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك بىلەن ھايات كەچۈرىدۇ.

تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئەمگەكچان ۋە باتۇر خەلق بولۇپ، قىيىنچىلىقتىن قورقمايدۇ. ئەمما دېھقانچىلىقتىن باشقا ھۈنەر ـ كەسىپكە ئانچە كامىل ئەمەس، سودا ـ تىجارەتكىمۇ ئانچە قىزىقمايدۇ.

## كورلا ئۇيغۇرلىرى

كورلا ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىتنىك تەركىبى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى يەرلىك ئىرقى ئالاھىدىلىك جەھەتتىن ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە. ئۇلار سارغۇچ ئۆڭلۈك، بېشى يۇمىلاقراق، بويى ئوتتۇراھال، بەستلىك، يۈزىنىڭ داس سۆڭىكى چوڭراق، بۇرنى تۈز، قېلىنراق، بۇرۇن تۆشۈكلىرى سەل چوڭراق، يۈزلىرى قىسقا، كەڭ، چاچلىرى تۈز ۋە قويۇق، كۆز قارىچۇقى قارا، قاپقى تار ئەمما قېلىنراق، ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئوتتۇراھال بولۇشتەك ئالاھىدىلىك بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. كورلا شەھىرى ۋە ئۇنىڭغا يېقىن رايونلاردىكى ئۇيغۇرلار قىياپەت جەھەتتىن ئاقسۇ، كۇچار ئۇيغۇرلىرىغا ئاساسەن ئوخشايدۇ.

كورلا ئۇيغۇرلىرى ئاقكۆڭۈل، راست سۆزلۈك، مۆلايىم، كۆكسى ـ قارنى كەڭ، ھىيلە ـ مىكىرسىز، ئىززەت ـ ئىكراملىق بولۇپ، دېھقانچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. لوپنۇر ئەتراپىدىكىلەر چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىقنى ئاساس قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئاددىي ـ ساددا ياشاشقا ئادەتلەنگەن، ھۈنەر ـ كەسىپ، سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانمىغان.

## قومۇل ئۇيغۇرلىرى

قۇمۇل تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئانا يۇرتلىرىدىن بىرى.

قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئەمگەكچان، باتۇر، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ئاقكۆڭۈل، كەمتەر، خۇشپېئىل، سىلىق ـ سىپايە، ئۆم ـ ئىناق، مېھماندوست، ئويۇن ـ چاقچاق، ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ھېرىسمەن بولۇشتەك خاراكتېرگە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ رايون «بىرى بۇلىقى، بىرى خۇلقى ياخشى» دەپ تەرىپلىنىدۇ.

قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى قىياپەت جەھەتتىن ئاق ئەمما سەل ـ پەل بۇغداي ئۆڭلۈك، ئوتتۇرا بويلۇقتىن تۆۋەنرەك، بۇرنى ئادەتتە كەڭرەك ۋە تۈز، ياڭاق سۆڭىكى كەڭ، چاچلىرى سەل تۈز، قوڭۇر، ئانچە قويۇق ئەمەس، قوي كۆزلۈك ۋە ئارىلاشما كۆزلۈك، لېكىن يۇقىرى قاپىقىنىڭ قېتى چوڭ، كۆز ئوقلىرى سەل ـ پەل چېقىر، پېشانىسى سەل تارراق، ساقال ـ بۇرۇتى شالاڭ (كوسا)، بېشى سەل سوقىچاقراق (خروكفال) بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەر بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

# ئىلى ئۇيغۇرلىرى

ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئاساسەن تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ رايون شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئامبارلىرىدىن بىرى سانىلىدۇ.

ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئەمگەكچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، باتۇر، روھلۇق، تېتىك، خۇش چاقچاق، كەڭ قورساق، سۆزمەن، يۇمۇرغا باي، پاكىز تەبىئەتلىك، ئىلىم ـ بىرىمگە ماھىر، مېھماندوست، سالام ـ سائەتلىك، يۈرۈش ـ تۇرۇشى رەتلىك ۋە سالاپەتلىك، ناخشا ـ مۇزىكىغا ھېرىسمەن، مەدەنىيەت سۆيەر بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەر بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

تارىختا ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ قوشنا ئەللەر بىلەن باردى ـ كەلدى مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان. شۇ سەۋەبتىن ئىلى ئۇيغۇرلىرى مەدەنىيەت جەھەتتە باشقا رايونلارغا قارىغاندا بۇرۇنراق ئويغانغان. بۇ رايون بەلگىلىك ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئىگە بولغاچقا تۈرلۈك خەلقلەر ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان تىپىك بىر رايونغا ئايلانغان. ئەسلى يەرلىك ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك تىپى تۈركىيدلار ئىرقىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ ياۋروئىدلىق بىلەن موڭغۇلوئىدلىقنىڭ ئوخشىمىغان نىسبەتتىكى ئارىلاشمىسىدىن شەكىللەنگەن. جۇڭغار خانلىقى دەۋرىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلى رايونىغا كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار كۆچۈپ بارغان بولۇپ، ئۇلار تەبىئىيكى قەشقەر، خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ قىياپەت خاراكتېرىگە ئىگە.

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئابدۇراخمان ئەبەي

مەسئۇل كوررېكتورلىرى : ئابلىز ئابباس
مەريەم ئابدۇرېھىم

تېخرېداكتورى : مۇھەممەتئېلى لېتىپ

# ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى

ئاپتورى : ئابدۇكېرىم راخمان ، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا ، شېرىپ خۇشتار

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 ـ قورۇ ، پ : 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى
سىچۈەن شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى : 880×1230 م م ، 16 كەسلەم ، رەڭلىك بەت : 3 باسما تاۋاق ، باسما تاۋىقى : 15
1996 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1996 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN7 —5371 —2309 —8/Z • 28
سانى : 5000 — 1
باھاسى : 42.00 يۈەن

责任编辑：阿布都热合曼·艾拜
责任校对：阿布列孜·阿巴斯　马丽亚木·阿布都热衣木
技术编辑：买买提艾力·里提甫
美术编辑：夏迪娅·阿西木
摄　　影：梁风、亚里坤

**维吾尔族习俗**(维吾尔文)
著：阿布都克里木·热合曼，热外都拉，西热甫·胡西塔尔

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路 100 号　邮编：830001)
新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂排版
四川新华印刷厂印刷
880×1230 毫米　16 开　15 印张彩图 3 印张
1996 年 8 月第 1 版　1996 年 8 月第 1 次印刷
印数：1—5,000

ISBN7－5371－2309－8/Z·28　定价：42.00 元

ئاپتورى : ئابدۇكېرىم راخمان ، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا ، شېرىپ خۇشتار

# ئۇيغۇر ئادەتلىرى

شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئاپتورى : ئابدۇكېرىم راخمان ، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا ، شېرىپ خۇشتار

# ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى